215

I291.547.5/37

پەرھات تۇرسۇن

# ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى

( رومان )

21500008153

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەمتىمىن ئەلا
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۇچى : گو شىن

# ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى

پەرھات تۇرسۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مىللىمېتىر 32/1
باسما تاۋىقى : 16.25 قىستۇرما ۋارىقى : 2
1999 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 5,000
ISBN7—228—05258—7/I • 1947
باھاسى : 18.50 يۈەن

**ئۆلۈۋېلىش ــ بىر تۈرلۈك سەنئەت .**

ـ سىلۋىيە پلاس « لەزەراس خانىم » دىن

**مەن بۇرۇن قانداق ياشاشنى ئۆگىنىۋاتىمەن دەپ ئويلىغانىكەنمەن ، ئەمەلىيەتتە ئۆگەنگىنىم قانداق ئۆلۈش ئىكەن .**

ــ دا ۋىنچى

# مۇندەرىجە

ئازاب دەرۋازىسى ........................................................ 1
ۋۇجۇد دەرۋازىسى .................................................... 179
ئەبەدىيلىك دەرۋازىسى ............................................. 379

## 1- قىسىم

# ئازاب دەرۋازىسى

ئاغرىنمايلى مەنىسىز دەپ ھاياتنى ،
تەنھالىقمۇ يېتەر بىركۈن چېكىگە .
تەشنالىققا ئامالىمىز بولمىسا ،
ئامال بارغۇ جىمجىت كۆز ياش تۆكۈشكە .

ياش تۆكەيلى ، بەلكىم گۈزەل كۆز ياشمۇ ،
تۆكۈلگەندە سۆيگۈ ئۈچۈن پىنھانە .
مەيلى دائىم بەختسىزلىك ئىزدەيلى ،
بەخت ھەر تاڭ ئايلانغاندا بىر چۈشكە .

ئىزدىمەيلى گۈزەللىكنى گۈلدىنلا ،
بەكرەك گۈزەل تىكەندىكى قان ئىزى .
قان ئۇرغان شۇ يۈرەكنى ئەسلىسەك ،
گويا شېرىن ناخشا ئۈنلۈك ئۆكسۈشى .

— شېئىرلىرىمدىن

رەشىدە خۇددى قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغىنىپ ، تىپخىچىلا رىئال-لىققا قايتىپ كېلەلمەيۋاتقاندەك خۇدىنى يوقىتىپلا قويغانىدى . بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن ئۇ تاھىرنىڭ يازغان خاتىرە دەپتەرلىرىنى تېپىۋالغا-نىدى . بۇ خاتىرىلەر كۈندىلىك خاتىرىگە ئوخشىمايتتى ، چۈنكى ئۇ چىسلا قويۇلۇپ ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلمىغانىدى . بۇ خۇددى تا-ھىرنىڭ ھاياتىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چىقارغان تولۇق بىر خۇلاسە دوكلاتىدەكلا ئىدى . ئۇ بۇلارنى زادى نېمىشقا يېزىپ قالدۇرغان بول-غىيتتى ؟ بۇنى چۈشەنگىلى بولمايتتى . رەشىدەنىڭ قالايمىقان خىياللار دەستىدىن مېڭىسى ئېلىشىپ كەتكەچكە ، بۇلارنى خىيال قىلىپ بىر باشقا ئېلىپ چىققۇدەك ماجالى قالمىغانىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار ئىشلارنىڭ ئىنكار قىلىش ( يۈز بەرگەن ئىشلار ئەمەس دەپ كۆزنى يۇمۇۋېلىش ) مۇمكىن بولمايدىغان پاكىت ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . ئۇ نازۇك بارماقلىرى بىلەن خاتىرىنى ۋاراقلاپ ئوقۇشقا باشلىدى :

ئاھ ! سۆيۈش قىيىن بولغان قۇياش ...
ئۇپۇققا قاراپ چەكسىز سوزۇلغان يول ...

پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە يەر سانسىزلىغان يوللار ئارقىلىق تۇتى-شىپ تۇرىدۇ . بۇ يوللار ئىنسانلارنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ مەھسۇلى . پەقەت قۇياش چەكسىز بوشلۇقتا نۇر چېچىپلا تۇرىدىكەن ، ئىنسانلار ھامان مۇشۇ يوللاردا مېڭىشقا ، ئۆزلىرىنىڭ قېنىپ بولماس ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ . بىراق ، ھەممە يولنىڭ ئەڭ ئاخىرى كىچىك بىر چىغىر يولغا تۇتىشىدۇ . بۇ چىغىر يول ھەر قانداق ئادەمنى بىر قەبرىگە ئېلىپ بارىدۇ .

. . . . .

ھەر بىر ئادەمنىڭ « ئىگە ! » دەپ تۇغۇلغان ئاشۇ بىر دەقىقىسى ئۆلۈمگە قاراپ تاشلانغان تۇنجى قەدەم . . .

قۇياشمۇ ئۆلىدۇ ، يەر شارىمۇ ئۆلىدۇ . بۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قا-

نۇنىيەت !

تاھىرنىڭ خاتىرىسى ئەنە شۇنداق باشلانغانىدى :

« يول بويىدا ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن . نېمىشقا بۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرگىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن . بۇ يول مېنىڭ پۈتكۈل ھايا- تىمدا ئەڭ چوڭ رول ئويناپ كەلگەن يول . شەرققە قاراپ سوزۇلغان بۇ چوڭ تاشيول مېنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىدەك جىمجىت ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ توققۇزىنچى بىنانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغان يول . ماڭا ھايات يەنى ئازاب ئاتا قىلغان يول . ھاياتنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلىش مۇشۇ يەردىن باشلانغان .

دەرھال ئۆلۈۋېلىشىم كېرەك ! . . .

مەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆلۈم مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ مېڭىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم . ئۇلارنىڭ ئۆلۈم دەھشىتىدە تاتىرىپ ، ئۆزگىرىپ كەتكەن چىرايلىرىنى كۆرۈپ ، ئۆزۈمنىڭمۇ كۆڭ- لەردىن بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىمنى ئويلاپ ، گويا ئۆزۈم يالاپ ئېلىپ مېڭىلغاندەك قاتتىق چۆچۈپ ، قورقۇپ كەتكەنىدىم . ئۇنىڭ پۈتۈن دۇن- ياغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قانماي قاراشلىرىنى ، خۇددى يوقاتقان ھالدا سۆزلەپ مېڭىشلىرىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ قانچىلىك دەھشەتلىك تۇردە جان تالىشىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالماي ، ماشىنا كەينىدىن يۈ- گۈرگىنىچە كېتىشىۋاتقان ئاغىنىلىرىم ئارىسىدىن چۈشۈپ قالغانىدىم . شۇ چاغدا ھاياتنىڭ قانچىلىك شېرىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم . ساقال- لىرى ئۆسۈپ كەتكەن ھېلىقى ئادەمنىڭ كىشىنى ئەيمەندۇرىدىغان چىرايى نەچچە كۈنگىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىگەنىدى . ئۇ ئادەم ئۆل- تۈرگەنلىك جىنايىتى ئۈچۈن مەجبۇرىي ھالدا ئۆلۈم مەيدانىغا ئېلىپ كېتىلىۋاتاتتى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئاشۇ قۇتۇلۇش مۇمكىن بول- مىغان مەجبۇرلاش دەستىدىن قانچىلىك بىمەنە خىياللار ئورىۋالغاندۇ ـ ھە ! كىچىك بىر قۇشقا ئايلىنىپ ، قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولۇشلارنى قانچىلىك ئارزۇ قىلىپ كەتكەندۇ . ئەمدى بولسا مەن ئۆزۈملا تەلۋىلىك بىلەن « ئۆلۈۋېلىشىم كېرەك ، ئۆلۈپلا تۇ-

گىشىش كېرەك ! » دەپ ئويلاۋاتىمەن . مەن شۇ تاپتا ھېچقانداق مەجبۇرلاشسىز ، ئۆزۈملا ئۆلۈۋالماقچى . . .

ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ . بۇ قانۇنىيەت . ئادەم ئۆلۈپ چىرىپ توپىغا ئايلىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھىي پائالىيىتىمۇ تامامەن ئاياغلىشىدۇ . يەنى روھىمۇ ئۆلىدۇ . دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشى بويىچە بۇ مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت ! ھېچقانداق ئادەم بۇ قانۇنىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ . بۇ كۆز قاراش شۇ قەدەر دەھشەتكى ، ئەگەر ھەممە ئادەم بۇنىڭغا تامامەن ئىشىنىدىغان بولسا ، ئادەملەر پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كېتىدۇ . بىراق ، بۇ پەقەت بىر نەزەرىيىدىنلا ئىبارەت . چۈنكى ، ھېچقانداق ئادەم بۇنى ئۆلۈش ئارقىلىق سىناپ باقمىغان . نۇرغۇنلىغان كىشىلەر « بۇنىڭغا تامامەن ئىشىنىمىز » دېيىشىدۇ ، بىراق ھېچ كىشى مەڭگۈلۈك ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن . ئەگەر ئىشەنگەن بولسا ، راستىنىلا ، شەكسىز ئىشەنگەن بولسا ئۇلار چوقۇم ئۆلۈۋالاتتى . ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولاتتى . كىشىلەر شۇنچە جاپا ــ مۇشەققەت ۋە ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ نېمىشقا تۈگىمەس تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن جان جەھلى بىلەن تىرىشىپ ــ تىرمىشىپ ياشاپ يۈرىدۇ ؟ ئەگەر ئۇ ئەنە شۇنداق زور تەتقىقاتلار ئارقىلىق دۇنيادا شۆھرەت قازانماقچى بولسا ، ئۇنىڭغا شۆھرەتنىڭ نېمە كېرىكى ؟ ئۇمۇ ھەممە ئادەمگە ئوخشاش ئۆلۈپ تۈگەيدۇ . ئۇنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە بولغاندا ئۇنىڭ ئۆزىگە ياغدۇرۇلىۋاتقان بارلىق ئالقىش ، ماختاشلارنى ھېس قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس . ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن ھەممە بەرىبىر . ئەگەر يوقسۇللارنىڭ خورلۇقى ، باراۋەرلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولسا ، خورلۇق ، باراۋەرلىك دېگەنلەرنىڭ كىشىلەرگە نېمە كېرىكى ؛ كۈرەش قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى ؟ ھەممە ئادەم ئۆلۈپ ، چىرىپ يوقىلىدىغان ، مەڭگۈلۈككە تۈگەيدىغان تۇرسا ! . . . ئۆلگەندە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى باراۋەر بولىدۇ . ئۇنداقتا نېمىشقا كىشىلەرنى ئۆلۈشكىلا سەپەرۋەر قىلمايمىز ؟! . . . ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن ھېچكىم جاپا چەكمەيدۇ . بىرى دوزاخقا بىرى جەننەتكە كىرمەيدۇ . بىر كىمنى بىر كىم بوزەك قىلمايدۇ .

ئادەملەر پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھەم قاندۇرۇپ بولغۇسىز ئارزۇ ـ ھەۋەس قوينىدا ئازابلانمايدۇ . بۇ مۇتلەق ھەقىقەت ! بۇ ماركسىزمنىڭ ئەمەس ، پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەقىقىتى . . .

— دەرھال ئۆلۈۋېلىش كېرەك !

بۇ خىيالنىڭ قاچاندىن تارتىپ كاللامغا كىرىۋالغىنىنى بىلمەيـ مەن . بۇ ئادەتتىكىدەكلا بىر خىيالدەك كاللامدا پەيدا بولغاندا قىلچىمۇ ئېرەڭ قىلمىغانىكەنمەن . پەقەت ئۇنىڭ بىردىنلا ئەڭ غالجىر قىياپەتكە كىرىپ ، قاچاندىن باشلاپ يۈرىكىمگە دەھشەتلىك ھۇجۇملارنى باشلىـ غانلىقىنىلا بىلىمەن . ئاشۇ كۈنلەرنى ئويلىسام يۈرىكىم ھېلىمۇ پىچاق بىـ لـەن تىلغاندەك ئېچىشىپ ، گاللىرىمنىڭ ئاچچىق قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى سېزىمەن . لەۋلىرىم ئاشۇ كۈندىكىگە ئوخشاش تەشنالىق دەستىدىن قو- رۇلۇپ كېتىدۇ . . . ئاشۇ كۈننى مەڭگۈ ئۇنتالمايمەن !

ئادەم — دۇنيانىڭ يۈرىكى !

چەكسىز كائىناتتا ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە پەقەتلا ئادەم . بىر ئادەمگە پەقەت يەنە بىر ئادەملا ھېسسىيات ، مۇھەببەت ، بەخت ۋە ئازاب ئاتـا قىلالايدۇ . پەقەت ئادەملا ئادەمگە ئىنسان ھاياتىنى ئاتا قىلالايدۇ . كىيىم ـ كېچەك ، يېمەك ـ ئىچمەك دېگەنلەرنىڭ ئىنسانغا ئۇ نەرسىلەرنى بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى ، ئۇ جانسىز نەرسىلەر . ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغۋار مەقسىتى — ئادەملەردىن لەززەتلىنىش . شۇڭا ئەرلـەر ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس بولغىنى پەقەتلا ئايال ! ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس بولغىنى پەقەتلا ئەر . شۇڭا ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنسـ تىتۇتىغا كېلىشىم بىلەنلا توققۇزىنچى بىنا مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس ، ئەڭ سۆيـۈملۈك جايغا ئايلىنىپ قالدى . شۇ سەۋەبتىنمىكىن ، دائىم ئۇ- نـىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە قەدەملىرىم ئىختىيارسىز قولاشماي ، ھەرىكەتلىـ رىـم قاملاشماي قالغاندەكلا ھېس قىلىمەن . بۇ بىنانىڭ بىرىنچى قەۋەتىـ نىـڭ ئەڭ بۇلۇڭىدىكى ، تۆت كوچا ئېغىزىغا قاراپ تۇرىدىغان دېرىزە مەن ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزى . ئاشۇ دېرىزىگە پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن تەلپۈنۈپ تۇرسامۇ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە

زادىلا جۈرئەت قىلالمايمەن. بۇ كۆز شۇ قەدەر سىرلىقكى ئۇنىڭ ئالدىدا ئىختىيارسىز ئەركىنلىكىمنى يوقىتىپ، ۋۇجۇدۇم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك ھېس قىلىمەن.

بۇ بىناغا پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق گۈزەللىك، بارلىق لەززەت ۋە بارلىق شېرىنلىك جەم بولغان. چۈنكى، بۇ بىنا قىزلارنىڭ ياتاق بىناسى. بۇ جايغا مېنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىمنىڭ شېرىن كۈيلىرى سىڭىپ كەتكەن. ئۇ — مېنىڭ مۇھەببىتىمدىن بىنا بولغان خىيالىي قەسىر.

ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەندە بەكمۇ كىچىك ئىدىم. باشقىلار مېنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقانىدى. دەسلەپ مەكتەپنىڭ تارقىتىپ بەرگەن ئوقۇغۇچىلىق ئىزنىكىنى مەيدەمگە پەخىرلىنىش بىلەن تاقاپ يۈرگەنىدىم. بىراق، كىشىلەر سىرتقا چىقسام ئىزناكقا قاراپ ھەيران قېلىشىپ، مەندەك كىچىك بىر بالىنىڭ ئۇنى تاقىۋېلىپ يۈرگىنىگە ئەشەنگۈسى كەلمەي مەندىن ئۇنى - بۇنى سوراپ كېتىشەتتى. شۇڭا، خىجىل بولۇپ، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىزناكنى ئېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولغانىدىم. ئۇ چاغلاردا بەكمۇ سەبىي ئىكەنمەن. ھازىر ئويلاپ باقسام كۆڭلۈمدە كىتابنى كۆپ ئوقۇش، ھاراق ئىچمەسلىك، ئۇلۇغ رەسسام بولۇش، مىللەت ئۈچۈن سەنئەت يارىتىش دېگەنلەردىن باشقا ھېچقانداق خىيال يوق ئىكەن. تېخى ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن بىر بالىدىن يەنە قانداق ۋايىغا يەتكەن ئوي - پىكىرلەرنى كۈتۈش مۇمكىن؟ ئۇ چاغلاردا مېنىڭ قەلبىمدە ھېچقانداق مۇقەددەس جاي يوق ئىدى. توققۇزىنچى بىنامۇ ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيتتى. بىراق، كېيىن بۇ ھېسسىياتلار تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى.

مەن ئۆزۈمنى قىزلارغا بولغان ھېسسىياتى بەكمۇ بالدۇر ئويغانغان دەپ ھېسابلايتتىم. چۈنكى، قىزلارغا بەكمۇ ئامراق ئىدىم. ئەمدى ئويلىسام بۇ ئامراقلىقىم ئىچىدە ئەركىلىكتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىكەن. كىچىك بولغانلىقىم ئۈچۈن قىزلارنىڭ ئامراقلىقى كېلىپ، ئەركىلىتىپ قويسىلا بۇنى مۇھەببەت دەپ چۈشىنىپ، پەخىرلىنىپ يۈرۈپتىمەن. ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك قىزلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسىگە، ساغرىلى-

رىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ، ئۇنىڭدىن قانداقتۇر سىرلىق ۋە ئازابلىق لەززەتلەرنى ئېلىشنى زادىلا بىلمەيدىكەنمەن.

بۇ جاينىڭ قەلبىمدىكى ئەڭ مۇقەددەس ۋە سىرلىق جايغا ئايلىنىشى بىلەن بەلكىم «ئۆلۈۋېلىش كېرەك» دېگەن خىيال مېنىڭ كاللامدا بىرلا ۋاقىتتا تەڭلا پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۆلۈۋېلىش ئارزۇسى بىلەن پۈتمەس - تۈگىمەس تەلپۈنۈش ئاشۇ چاغلاردا مېنىڭ روھىي دۇنيارىمدا ئەڭ پاجىئەلىك ھالدا بىرلەشكەنىدى.

بۇ بىر شەنبە كۈنى ئىدى.

مەن ئۇنىڭغا كىنو بېلىتى ئېلىپ بەرگەنىدىم، ئۇنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ئەمەس، كىنو بېلىتى ئېلىۋاتسام ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇمۇ كىنوغا بېلەت ئالماقچى ئىكەن، بېلەت سېتىۋاتقان يەردە ئادەملەر بەك كۆپ بولغاچقا مەن ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردىم.

بىر ھەپتە ئىچىدە مەكتەپ زالىدا قويۇلىدىغان كىنولارنىڭ بېلىتى بىراقلا سېتىلاتتى. زالنىڭ ئالدىغا بېلەت ئالاي دەپ بېرىشىمغىلا ئۇنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، يۈرىكىم شىددەت بىلەن سېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىمنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن دەررۇ كەينىمنى قىلىۋالدىم. بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە قايسى كىنولارنىڭ قويۇلىدىغانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ بولغان بولساممۇ كىنو ئېلانىنى ئوقۇغان قىياپەتكە كىرىۋالدىم ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالىتىنى چاندۇرماستىن كۆزىتىپ تۇردۇم. قاتتىق ھودۇقۇپ كەتكىنىمدىن ئۇنىڭغا سالام قىلىشنىمۇ ئۇنتۇغانىدىم. شۇڭا، سالاملاشماي تۇرۇۋېرىشتىن ئوڭايسىزلىنىپ قالدىمۇ قانداق يېنىمدىن كېتىپ، باشقا بىر چەتكە بېرىپ تۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق ئىپادىنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. ئۇ ئالدىنقى كۈنى تاپشۇرۇۋالغان ئىسىمسىز خەتنى مېنىڭ يازغىنىمنى بىلمىگەندەك قىلاتتى. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم قىزلارغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ خەت يېزىشىم ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. كۆپىنچە «ياخشى كۆرۈپ كەتمىسەم كېرەك» دەپ ئويلايتتىم.

ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى رەت ئۇچراشقان چاغدىكى ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى ھېلىغىچە يادىمدا :

بىز تەتىلدىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەنىدۇق . ئاپتوبۇستا تەتىلدىن قايتىش سەپىرىدە مانا مۇشۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا يۈرىكىم ئېيىتىپ تۈگەتكۈسىز قىيماسلىق ئوتىدا پۇچىلىناتتى . ئارقىدا قېلىپ ـ قېلىۋاتقان يۇرتۇمغا قىيماسلىق بىلەن تىكىلگەنىدىم . يول بويىدا ۋېلىسىپىتلىك ياكى پىيادە ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈۋاتقان قىزلارنى كۆرگەندە بولسا تېخىمۇ قاتتىق ئازابلىنىپ كېتەتتىم . ياشاش بىلەن ياشىماسلىقنىڭ پەرقى يوق ئەھمىيەتسىز بىر دۇنياغا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم . ئاپتوبۇس كەينىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق چاڭ ـ توزاڭ ماڭا ياشاش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان شېرىن ئىستەكلىرىمنى گويا غايەت زور كېپەنگە ئوخشاش يۆگەپ ئېلىپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

يول بويى تەتىل كۈنلىرىدىكى ئازابلىق ئەسلىمىلەرنى خىجىللىق ۋە شادلىق ئىچىدە قايتىدىن بىر ـ بىرلەپ ئەسلەپ ماڭدىم . مەن قانداق ئۆتكۈزۈشنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمىغان ئاشۇ ۋەھىمىلىك تەتىل كۈنلىرى ئەمدى ماڭا ئۆمرۈمدىكى ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ رومانتىك كەچۈرمىشلەر بىلەن تولغان شېرىن كۈنلەر بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى .

ھودۇقۇپ كەتكەن ئاسىيەنىڭ مېنى كۆرۈپلا ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن چىرايى پەقەت چۈشلەردىلا بولىدىغان شېرىن كۆرۈنۈشلەرنى جەم قىلغان ۋېناسنىڭ مۇكەممەل ھەيكىلىگە ئوخشاپ قالغانىدى . ۋېناسنىڭ ئىككى بىلىكى كەمتۈك بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى مۇكەممەل گۈزەللىككە ئىگە قىلغان ھەيكەلدەك خاتىرەمدىكى ئاشۇ مۇكەممەل بولمىغان كۆرۈنۈش پەقەت مۇكەممەل بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا چەكسىزلىككە ئىگە ئىدى . بۇ كۆرۈنۈشلەر يۈرىكىمگە تۇيدۇرماي بۆسۈپ كىرگەن « ئايال » توغرىسىدىكى مۇكەممەل بولمىغان بىراق چەكسىزلىككە ئىگە ئۇقۇم شېرىن كۈيدەك جاراڭلاپ مېنى مەستخۇش قىلاتتى . مەن « ئايال » توغرىسىدىكى ئوينىڭ قەلبىمگە سىڭىپ كىرىپ شىددەتلىك زىلزىلىلەرنى پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى ئەمدىلا سېزىپ يەتكەنىدىم .

دەسلەپتە ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايى ــ ئاشۇ گۈزەل ۋە دەردلىك مەنزىرە مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى . ئاشۇ ھالەت دائىم كۆز ئال- دىمدىن كەتمەي مېنى قىينايدىغان بولۇۋالدى . بۇ مۇكەممەل بولمىغان كۆرۈنۈش مېنى كەمتۈكلۈكى بىلەن چەكسىز تەسەۋۋۇر ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى .

قورقۇنچلۇق خىياللار ، مەن تولىمۇ دەھشەتلىك دەپ ئويلىغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى . قانداق چىداشنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئىشلارغىمۇ چىدىدىم . ھەممە ئىش كىشى ئاۋۋال پەرەز قىل- غاندەك ئانچە دەھشەتلىك بولمىسا كېرەك .

ئاھ ، ئاسىيە ! سۆكۈت ئىچىدە تەلمۈرۈپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلە- رىنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغىنىدى ؟ قانداقتۇر ، ئېپادىلەش قىيىن بول- غان شېرىن بىر نەرسىنى تەسۋىرلەشكە ئۇمتىلىپ ، سىرلىق تىترىگەن لەۋلىرىڭ نېمىلەرنى پىچىرلىماقچى ئىدىكىن ـ تاڭ ؟ دېگەن بۇ خىياللار يۈرىكىمدە خىرە بىر خىل گۈزەل ئەسلىمە بولۇپ قالغانىدى . تەتىل كۈنلىرىنى قاچان ئاياغلاشتۇرارمەن دەپ كۆزلىرىم تۆت بولغان تۇرۇق- لۇق ئەمدى بىردىنلا بۇنداق قىيماسلىقىم مېنى ھەيران قالدۇردى . . .

ئاھ ، ئەمدى مېنى زېرىكىشلىك ، مەنىسىز كۈنلەر يەنىلا سوغۇق ۋە جىمغۇرلۇقى بىلەن كۈتمەكتە .

ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەندە بەكمۇ كىچىك بولسامىمۇ ، ئۆزۈمنى نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سالاپەتلىك ، ئۆزىنى تونۇتتۇۋالغان ئادەمدەك كۆرسىتىشكە بەكمۇ ئامراق ئىدىم . شۇڭا ، كى- شىلەرنىڭ ئۇششاق ــ چۈششەك پاراڭلىرىغا ۋە باشقا ئىشلىرىغا ئانچە ئا- رىلاشمايتتىم . يەنە بىر تەرەپتىن بىرەر ئېغىز ئارتۇقچە گەپ قىلىپ تاشلاشتىن ياكى مۇناسىۋەتسىز بىر سۆزلەرنى دەپ سېلىپ باشقىلارنىڭ پارىڭىنى بۇلۇۋېتىشتىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلاتتىم . ئەگەر شۇنداق ئەھۋال كۆرۈلۈپ قالسا ، بىر نەچچە كۈنگىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدا خىجىللىقتىن بې- شىمنى كۆتۈرەلمەي قالاتتىم . ئولتۇرۇشلاردا بەلكىم بالىلىق قەلبىمگە سىڭىپ كەتكەن دىنىي ئەقىدە ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىم-

نىڭ ھاراق ئىچمەسلىك ھەققىدىكى پەندى ـ نەسىھەتلىرىنىڭ تەسىرى-
دىن بولسا كېرەك ، ھاراقنىمۇ پەقەت ئىچمەيتتىم . مېنىڭ نەزەرىمدە ھاراق
ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىش دۇنيادىكى ئەڭ رەسۋا بىر ئىش ئىدى . مې-
نىڭ تۇغۇلغان يېرىم چەت بىر يېزا بولۇپ ھاراق ئىچكەن ئادەمنى ھەممە
ئادەم ئەيىبلىشەتتى ، ئادەم قاتارىدا كۆرمەيتتى . ھەتتا ئۆلسە نامىزىنىمۇ
چۈشۈرمەيتتى . شۇنداق تۇرۇقلۇق بىردىنلا ھاراق ئىچىپ كۆرۈپ بېقىشقا
قىزىقىپ قالغانىدىم . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى نېمىشقا ئۆزىنى
تو-ختىتىۋالالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى ھەر قانچە ئويلاپمۇ
تېگىگە يېتەلمەيتتىم . بىر نەچچە يۇتۇم جانسىز سۇيۇق نەرسىنىڭ بۇنچە
قۇدرىتى پەقەتلا ئەقلىمگە سىغماي ، مېنى سىناپ بېقىشقا قىستايتتى . بىر
كۈنى دۇكاندىن بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ قوينۇمغا سالدىم ـ دە ، مەك-
تەپنىڭ بۇلۇڭىدىكى ھېچ كىشى كۆرمەيدىغان جايغا بېرىپ ئوغرىلىقچە
ئىچىپ باقماقچى بولدۇم . بۇ كېچە بولغاچقا ، ھاراق ئىچكىنىمنى ھېچ
كىشى كۆرمەيتتى . مەن بوتۇلكىنى قوينۇمغا سېلىپ ، خۇددى ئوغرىلار-
دەك ئۇيان دوقۇرۇپ ، بۇيان دوقۇرۇپ ئاخىرى مەكتەپنىڭ ئەڭ چېتى-
دىكى بىر چۆپلۈككە باردىم . ھاراقنى قولۇمغا ئېلىپ قارىغىنىمچە بىر ھازا
تۇرۇپ قالدىم . كۆز ئالدىمدا ئاتا ـ ئانىلىرىمنىڭ : « بالام ئالىي مەكتەپ
دېگەندە ھاراق ئىچىدىغان ئوقۇغۇچىلار كۆپ . سەنمۇ ئارىلىشىپ ئىچىپ
سالما ، ھاراق دېگەن قاملاشمىغان نەرسە » دەۋاتقان سىماسى ۋە كىچىك
چاغلىرىمدا كۆرگەن ئىشتىنى تىزىغىچە سىيرىلگەن بىر مەست ئادەمنىڭ
پاتقاققا مىلەنگەن ھالدا ياتقان يىرگىنچلىك قىياپىتى پەيدا بولۇپ مېنى
توسايتتى . قەلبىمدىكى قىزىقىش بولسا مېنى ئىچىپ بېقىشقا مەج-
بۇرلايتتى . ئاخىرى مېنىڭ قىزىقىشىم كۈچلۈك كەلدى . بوتۇلكا ئاغزىنى
ئېچىپلا كۆزۈمنى يۇمۇپ ، سۇنى يۇتقاندەك بىر يۇتۇشۇمغا خۇددى قىپ-
قىزىل چوغقا ئايلىنىپ ئېرىگەن مېتال ئېرىتمىسى گېلىمغا كىرىپ كەت-
كەندەك قاتتىق ھاراق بوغۇزىمنى كۆيدۈرۈپ ، يۆتەلگىنىمچە ئاچچىق
تولغىنىپ كەتتىم . كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى . مەن ھاراقنىڭ
بۇنداق ئاچچىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن . مەندە ھېچ-

قانداق ئۆزگىرىش كۆرۈلمىگەندىن كېيىن يەنە ئىچىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. بىر ھازادىن كېيىن چىداپ تۇرۇپ يەنە بىر نەچچە يۇتۇم ئىچىۋەتتىم. بارا - بارا پۈتۈن بەدىنىمگە ئاجايىپ ئىللىق بىر سىزىم تارقاپ، پۇت - قولۇمنىڭ بوششىپ، راھەتلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدۇم... بوتۇلكىغا قارىسام خېلى ئىچىۋېتىپتىمەن، يەنە بىر نەچچە يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن ياتاققا قاراپ ماڭدىم. پۇتلىرىم ئالمىشىپ، دەلدەڭشىپ ماڭاتتىم... ياتاققا كىرسەم ساۋاقداشلىرىمنىڭ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراشقانلىرى خىرە ئېسىمدە قاپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە تەستە ئويغىنىپ ئېسىمگە كەلسەم بېشىم خۇددى ئىچىگە يوغان تاشتىن بىرنى سېلىپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى ۋە ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى. ياتاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى دەرسكە چىقىپ كېتىپ يالغۇز مەنلا قالغانىدىم. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار كىرىشتى، خىجىللىقتىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي دەرھال يوتقانغا پۈركىنىۋېلىپ بېشىمنى كۆتەرمەي ياتتىم.

— تېخى ئويغانماپتىغۇ ماۋۇ مەست! — دېدى بىرەيلەن تەنە قىلىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— چۈشىدە مەشۇقىنىڭ ئالدىدا دەردىنى تۆكۈپ ميغلاۋاتقاندۇ بەلكىم، — دېدى يەنە بىرەيلەن كۈلۈپ.

خىجىللىقتىن پۈتۈن بەدىنىم ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك چىپىلداپ تەر قۇيۇلدى. يوتقانمۇ تونۇردەك بىلىنىپ كەتتى. مەستلىكتە قىلغان بىر قالايمىقان ئىشلار خۇددى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىكى خىرە بىر چۈشتەك كۆز ئالدىمغا كەلدى. بىرەرسىنىڭ مېنى ئويغىتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرسام، بىرەيلەن مېنى ئويغىتىش ئۈچۈن تۇرتتى. مەن يوتقان ئىچىگە تېخىمۇ تۈگۈلۈپ كەتتىم.

— ئۇ قىزغا مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ھەجەپ كۆيۈپتىكەن.

— مېنىڭ قەلبىمنى سۇندۇرۇۋەتكەنلىرىچۇ. «قەلەم دېگەن جانسىز نەرسە، بۇنىڭ بىلەن چىن مۇھەببەتكە تولغان قەلب ساداسىنى ئىپادىلىگىلى بولامدۇ؟» دېيىشلىرىچۇ تېخى، — دېدى بىرەيلەن خى-

رىلداپ كۈلۈپ .

ئۇلار ئاخشام كىشىلەر ئالدىدا كۆرسەتكەن تاماشىلىرىم توغرىسىدا بىر ھازا پاراڭلاشتى . مەستلىكتە : « ئاسىيە ! » دەپ يىغلاپتىمەن . ياتاق بىناسىنىڭ كارىدورىغا چىقىپ ، ئۇچرىغانلا ئادەمگە ئېسىلىپ يىغلاپتىمەن . ئاسىيەگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ خەت يېزىپتىمەن . . .

ھەر دائىم ئاشۇ ئىش يادىمغا كەلسىلا پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ ، سەسكىنىپ كېتىمەن . ئاسىيەنىڭ ماڭا يازىدىغان جاۋاب خېتى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ سۆز ـ چۆچەك بولۇپ ساۋاقداشلىرىم ۋە ئاتا ـ ئانىلىرىمنىڭ قۇلىقىغا يېتىشىنى ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىسام ، ئۆچمەس بىر نۇمۇس گويا قاپقارا ، تىرناقلىرى پىچاق بىسىدەك ئۆتكۈر ، كۆرۈنمەس بىر دەھشەتلىك قولدەك ، ھامان بوينۇمغا سوزۇلۇپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ .

ئاخىر ئاسىيەدىن خەت كەلدى . شۇ كۈنى سىنىپتا ئېڭىكىمنى ئىككى ئالقىنىمدا تىرىگىنىمچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام ، تۇيۇقسىز بىر قول مەن كۈتۈپ تۇرغان ئاشۇ قورقۇنچلۇق ۋە تونۇش پوچۇركىنى ئالدىمغا تاشلىدى . « ئاھ ، خۇدا ! » قاتتىق قارا بېسىۋاتقان ئادەمدەك ئىڭراپ تاشلىدىم . يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك دەھشەتلىك سېلىپ ، مىجىلىپ ھېلىلا پارتلايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . تىترەپ تۇرغان قوللىرىم ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەچكە ، بىر ھازا ھەپىلىشىپ كونۋېرتنى ئاران يىرتىپ ئاچتىم .

خەتتىكى سۆزلەردىن ئاسىيەنىڭ خەتنى ھېسسىياتلىق قىلىپ يېزىشقا تىرىشقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى . خەتتە مەن كۈتكەندەك ئۇنچە دەھشەتلىك ئىبارىلەرمۇ يوق ئىدى . پەقەت خېتىمنىڭ « سۆيۈملۈك ئاسىيە » دەپ باشلىغىنىمغا يارىشا ئۇمۇ « قەدىرلىك تاھىر » دەپ باشلاپتۇ . ئاندىن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئاشۇ شېرىن ۋە غەمسىز ھاياتىمىزنى دائىم ئەسلەيدىغانلىقىنى ، ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىمىزنى ، بولۇپمۇ شوخ ، ئوماق ۋە خۇش چاقچاق بولغان مېنى دائىم سېغىنىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ .

مەن ئىختىيارسىز خەتنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا قارىدىم. ئۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا جاۋاب يازغانىدى. ھەتتا كەچلىك ئۆگىنىش ۋاقتىدا يازغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇپتۇ.

ئاشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىمدا ئاسىيەنىڭ قاپقارا كۆزلىرى قەغەز يۈزىدە پەيدا بولۇپ، ماڭا گۇمان ۋە مەسخىرە بىلەن قاراپ تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. گويا ئۇنىڭ بىلەن راستىنلا يۈزمۇ يۈز تۇرغاندەك، ئۇ ھېلىلا مېنىڭ ئىشلىرىمنى يۈزۈمگە سېلىپ مېنى ئوسال قىلىدىغاندەك، چىرايلىق ئېغىزلىرى مىدىرلاشقا تەييارلا تۇرغاندەك چۆچۈپ، باشقا ياققا قارىۋالدىم.

«كەچلىك ئۆگىنىش ۋاقتى» دېگەن سۆزلەر شېرىن بىراق مەن خىيال قىلىشتىن قورقىدىغان گۈزەل ئەسلىمىلەرنى ئەسلەتتى. بىر كۈنى كەچتە ئۆگىنىشتىن چۈشكەندە پايلاپ تۇرۇپ، سىنىپنىڭ چىرىغى ئۆچۈشى بىلەن تەڭلا ئىشىكتىن باشقىلار بىلەن قىستىلىشىپ چىقىۋاتقان ئاسىيەنى بىرنى سويۇپلا قاچقانىدىم. شۇ كۈنى گەرچە ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ، ئادەمنى تونىغىلى بولمىسىمۇ بىراق مەن يەنىلا قاتتىق ئەندىشە بىلەن ئەتىسى دەرسكە قاتنىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا پېتىنالمىغاندەك مەكتەپكە بارمىدىم. ئوقۇتقۇچى «دەرس تاشلاۋەرسەڭ مەكتەپتىن ھەيدىلىسەن» دېگەندىن كېيىنلا ئاران تەستە مەكتەپكە باردىم. ئۇنى پەقەت باشقا بالىلاردىن قىزلارنى سۆيۈش توغرىسىدىكى ھەر خىل گەپلەرنى ئاڭلاپ قىزىقسىنىپ سۆيۈۋالغانىدىم. ئۇنى سۆيۈۋالغاندا لەۋلىرىمنىڭ قەيىرىگە تەگكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدىم. چۈنكى، بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەچكە بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. پەقەت يۇمشاقلا بىر تەننى لەۋلىرىم بىلەن ھۆل قىلىۋەتتىم. بۇنىڭدىن كىشىلەر دائىم سۆيۈشۈش ھەققىدە توختالغاندا تىلغا ئالىدىغان ئاجايىپ شېرىن لەززەتلەرنى قىلچىمۇ ھېس قىلمىغانىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاسىيە ماڭا نېمىشقىدۇر بەكمۇ سىرلىق تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغان بولسام كېرەك دەپ ئويلايتتىم. بىراق، مەندە كلاسسىك داستان ۋە رىۋايەتلەردە

ئېيتىلغاندەك كېچىلىرى سۆيگەن يارىنى ئويلاپ ئۇخلىيالماسلىق ، يۈرىكى پىژىلداپ ئىشق ئوتىدا كۆيۈش دېگەندەك روھى ھالەتلەر يوق ئىدى ؛ شۇنىڭ بىلەن بالىلىق قەلبىمدە شەكىللەنگەن بۇ ساددا ۋە كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ھېسسىياتنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالغانىدىم .

مەن ئاسىيەنىڭ خېتىنى يەنە بىر نەچچە رەت ئوقۇۋەتتىم . مېڭەمنى « تەنلىدە قانداق قىلىش كېرەك ، ئاسىيە بىلەن قانداقمۇ ئۇچرىششقا پېتىنالارمەن ؟ ئۇ نېمە دەر ؟ » دېگەن ئەندىشىلەر چۇلغىۋېلىپ مېنى قىينايتتى . بەلكىم ئۇ مېنى خىجىل قىلىشنى خالىمىغاچقا خەتتە ھېلىقى ئىشلارنى يۈزۈمگە سالمىغاندۇ ؟

ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇۋېتىپ ، بىردىنلا ئۇ شوخ ۋە ئوماق دەپ تەسۋىرلىگەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ھالىتىم بىلەن ھازىرقى ھالىتىمنى سېلىشتۇرۇپ ھەيران قالدىم . مەندە ئۇ تەرىپلىگەن ئاشۇ خاراكتېرلارنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىغانلىقىنى ئەمدىلا سېزىپ ، چۆچۈپ كېتىۋاتاتتىم . مەن ناھايىتى ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماس بولۇپ قالغانىكەنمەن . تەنھالىق ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ ياشاش ئۇسۇلۇمغا ئايلىنىپ ، مەندە مۇكەممەل ۋە ئۆزگىچە خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە باشلىغانىكەن .

— ھەي ! ... تاھىر ، سەنزە نېمە بولۇپ كېتىۋاتىسەن ، نېمىشقا دائىملا قاپىقىڭنى ئاچمايسەن ؟ چىرايىڭ نېمىشقا بۇنچە سولغۇن ؟ — دەپ ساۋاقداشلىرىمنىڭ نېمىشقا دائىم مەندىن سورايدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندىم . دەسلەپ بۇ سۆزلەردىن نارازى بولاتتىم . چۈنكى ، بۇ سۆز مېنى قاتتىق خىجىل قىلاتتى . چۈنكى ، گويا باشقىلار مېنى دەردمەن دەپ ھېلىقى ئىشلارنى يادىمغا سېلىپ چىشىمغا تېگىۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى . مەن ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنى يەنىلا شوخ بىر بالا دەپ ئويلايتتىم . پەقەت داۋاملىق باشقىلار ئارىغا ئالماي ، يەكلىنىپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ، بارا - بارا ھەممە كىشىگە ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ كەتكەنىدىم . نەزەرىمدە ھەممە ئادەم مېنى كەمسىتىۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى . بەزىدە بىر يۈرتلۇق بالىلار ئارىسىدىن ئۆزۈمنى توختىتىۋې-

لىش ، كىچىكلىك قىلىپ ئاغزىمغا كەلگەننى دەۋېرىپ باشقىلار ئالدىدا
يۈرتىنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكمەسلىك توغرىسىدىكى سەممىي نەسىھەتلەرنى
تولا ئاڭلاۋېرىپ ، بارغانسېرى كىشىلەر توپلىشىپ پاراڭلىشىۋاتقان يەر-
لەردە تۇرمايدىغان ، كىشىلەرگە ئارتۇقچە گەپ قىلمايدىغان بولۇپ ،
چاقچاقلىرىمنى يىغىشتۇرۇۋەتكەنىدىم . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ بالىلارچە سە-
بىي قىلىقلىرىمنى ئەيىبلەپ قىلغان نەسىھەتلىرى جېنىمدىن ئۆتۈپ
كەتكەنىدى . مەن بولسام بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ بىر قېتىملىق مەست-
لىككە باغلاپ چۈشىنەتتىم . ئىككىنچى ھاراق ئىچمەسلىككە قەسەم قىلى-
ۋەتكەنىدىم . ھەتتا كېيىنچە باشقىلارغا چاقچاق قىلماسلىققىمۇ قەسەم قى-
لىۋەتتىم . مېنىڭ شۇنداق بىر خۇسۇسىيىتىم باركى ، ئۆزۈمگە قىلغان
قەسىمىمنى ئاقلاش ئۈچۈن جان بېرىشكىمۇ رازى ئىدىم .
بىر ئۆتكەلدىن ھەر ھالدا ئۆتۈپ كەتتىم . بىراق ، بىردىنلا ھام-
ماچامنىڭ ئوغلى ئىمىندىن كەلگەن خەت تۇيۇقسىز تەگكەن كالتەكتەك
مېنى قاتتىق چۆچۈتۈپ ساراسىمىگە سېلىۋەتتى . ئۇنىڭ رەھىمسىز سۆز-
لىرى ھەممىنى ئېچىپ تاشلىغانىدى . ئۇ خېتىنى پۈرلىشىپ كەتكەن
مەينەت بىر پارچە يىرتىق قەغەزگە قالايمىقان يازغانىدى . خېتىدە ئېيتى-
شىچە ئۇ مېنى پەسلەشتۈرۈش ئۈچۈن خەتنى مانا شۇنداق ئەسكى قە-
غەزگە يېزىپتۇ . پۈرلىشىپ كەتكەن قەغەز يۈزىدىكى ئەگرى - بوگرى
سىزىقلار گويا چۈمۈلىلەردەك بۆسۈپ كىرىپ ، يۈرىكىمنى چاقماقتا
ئىدى :
« ... سەن قايسى ئاغزىڭ بىلەن ئاسىيەگە تەلەپ قويدۇڭ ؟ سەن
مېنىڭ ئىككىنچى ئىنىم بىلەن تەڭ ... مەن ئۇنىڭ بىلەن يۈرمىگەن ...
بىراق ئۇ بىر بۇزۇق نەرسە ... » .
ئالىقىنىم بىلەن پېشانەمنى تۇتقىنىمچە خەتكە بىچارىلەرچە قاراپ
ئولتۇرۇپ كەتكىنىمنى ئويلىسام ھېلىمۇ ئىچىم سىيرىلىپ كېتىدۇ . ئەت-
گەندە ئىككى سائەتلىك دەرستىن كېيىن ئولتۇرغىنىمچە كەچكىچە ئول-
تۇرۇپ كېتىپتىمەن . ھېلىمۇ كۆزۈمنى يۇمۇپ خىيال قىلسام ، گويا ئاشۇ
خەت ئالدىمدا تېخىچە تۇرغاندەك ، مەن يەنىلا پېشانەمنى تۇتقىنىمچە

ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىمەن
مەن ئۇنىڭغا ئوتتۇز بەتلىك خەتتىن بىرنى يازدىم . تولا تەستە ئۇنىداق ئىشلارنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىسپاتلاپ چىقتىم . بىراق ، ئاسىيە بىلەن قانداق ھالەتتە ئۇچرىششىنى شۇنچە كۆز ئالدىمغا ئەكىلىشكە تىرىشساممۇ كۆز ئالدىمغا ئەپكىلەلمەيتتىم . ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشسام زادى قانداق ھالەتتە كۆرەرمەن ؟ بۇ قورقۇنچلۇق لىبىكىن ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق مەسىلە بولۇپ قالغانىدى .
تاتارغان چىراي ... ماڭا قاراشقا پېتىنالمىغاندەك يەر تېگىدىن ئوغرىلىقچە قارىغان ، قاپقارا ۋە چوڭ يۇپيۇمىلاق كۆزلەر ، ئۇ ئېڭىشىپ تۇرغاندا كەڭ قاپاقلىرى ئۇستىگە يېپىلغانچە ماڭا بەتلەنگەن ۋە ئۇنىڭ كۆز نۇرلىرىنى ماڭا ئۇزىتىپ بېرىۋاتقان قويۇق ۋە ئۇزۇن كىرپىكلەر .
مەن قورقۇنچتىن قانداق بولۇشنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغان چىراي ئەنە شۇ ئىدى . دېمەك ، مەن ئاشۇ ئۇچرىششىنى ئۆتكۈزگەنىدىم ! بۇ ئۇچرىشىش گويا يالغاندەك ، ھەقىقىي ئۇچرىشىش بۇ ئەمەستەك ، تېخى ئالدىمدا باردەك مېنى بەزىدە يەنە شۇ چۈشىنىكسىز قورقۇنچ ئىلكىگە ئېلىۋالاتتى . خۇددى ئىككىمىزنىڭ قانداق قىياپەتتە ئۇچرىششىمىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولغاندەك تەتىلدە ئىمىن بىلەن كۆرىشىمىگىلا ، ئۇ مېنى دەرھال ئاسىيەنىڭ مەكتىپىگە باشلاپ باردى . مەن شۇ يەردىلا ئاياللاردا بولىدىغان ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ ساپ ۋە شېرىن ھالەتنى ـــ يەر تېگىدىن مۆلدۈرلەپ قارىغان قاپقارا كۆزلەرنى ... تاتارغان يۈز ۋە تىترىگەن لەۋ ... لەرنى كۆردۈم .
بۇ ھالەتلەرگە مەن نۇرغۇن قېتىملاپ كۆرگەن ھاياسىز چۈشلىرىمدىكى ۋە شېرىن خىياللىرىمدىكى ئاياللارنىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرى جەم بولغانىدى .
بىزنىڭ مەكتەپتە ، بىزنىڭ سىنىپتا ئۇيغۇر قىزلار بەكمۇ ئاز ئىدى . بىزنىڭ سىنىپىمىزدا ئاران تۆت قىز بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكىمۇ مەندىن ئۇچ ، تۆت ياش چوڭ ئىدى . شۇڭا ، توققۇزىنچى بىنا ئۇ چاغدا مەن ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئورۇن ئەمەس ئىدى .

نېمىشقىدۇر قەلبىمدە خىرە ـ شىرە بىر خىل پەخىرلىنىش بار ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ دەردمەنلىكىمدىن ۋە يۈرىكىمنىڭ دائىم ئاجايىپ رومانتىك خىياللارغا چۆمۈلىشىدىن پەخىرلەنسەم كېرەك. بىر كۈنى قايسىدۇر بىر كىتابتىن شائىر يېسېنىننىڭ ئۆزىدىن ئون يەتتە ياش چوڭ بولغان مەشھۇر كىنو چولپىنى دونكان بىلەن توي قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئوقۇپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئىشىمدىن ئاشكارىلا پەخىرلىنىدىغان بولدۇم. دەسلەپ نومۇس ئىچىدە خىرە پەخىرلەنەتتىم. بىراق، ئىمىنغا يازغان جاۋاب خېتىمدە «ئۇنىڭ مەندىن ئۈچ، تۆت ياش چوڭ ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈمنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى» باھانە قىلىپلا ئۆزۈمنى ئاران تەستە ئاقلىدىم. ھېلىقى مەست بولۇپ قېلىش توغرىسىدا گەپ قىلمىدىم. بۇنىڭدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن شۇ قەدەر كۆپ كۈچ سەرپ قىلدىمكى، خەتنى بەش كۈندە تولا ئويلاپ ئاران يېزىپ بولدۇم.

ئەمدى ئويلىسام ئاشۇ قېتىمقى يازلىق تەتىلدە بولغان ئىشلار تولىمۇ ئاددىي ئىشلار ئىكەن. بىراق، بۇ مەن ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ھاياجانلىق كۈنلەر ئىدى.

تەتىل ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن يۈرىكىم سەل ئارام تاپقاندەك بولدى. بىراق، بۇ ئارام تېپىش گويا ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكىنىدەك، سوقۇشتىن توختاپ قالغىنىدەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. مەن شۇندىلا يۈرەكنىڭ سوقۇپ، قان ئايلاندۇرۇپ تۇرۇشىنىڭلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە تىنىمسىز ئۆركەشلەشىنىڭمۇ ھەقىقىي مەنبەئى ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتتىم. مەن تەتىلدە ئۆزۈمنىڭ ئاسىيەگە قىلچىمۇ ئاشىق ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مېنى ئۇنىڭغا ئاشىق ئىكەنسەن، تەلەپ قويساڭ ئۇنىماپتۇ دېگەنلەرگە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قايتا ئالاقە قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەنلىكىمنى ئېيتقانىدىم.

«تەلەپ قويۇش» دېگەن بۇ سۆز قۇلىقىمغا شۇ قەدەر يېرگىنىشلىك ئاڭلىنىدىغان بولۇپ كەتتىكى، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قاملاشمىغان گەپتەك، پەقەت مەن ئۈچۈنلا توقۇلۇپ قالغاندەك ياكى مېنىڭ لەقىمە-

دەكلا ھېس قىلىپ كېتەتتىم . بۇ سۆز قانداقتۇر تىلەمچىلەرگە — قولنى سوزۇپ كىشىلەردىن نان تەلەپ قىلىدىغان تىلەمچىلەرنىڭ تىلەمچىلىكىنى تەسۋىرلەشكە ئىشلىتىلىدىغان سۆزدەك خۇددى ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرپلىرىگە كىشىنىڭ ئىززەت - نەپسىنى دەپسەندە قىلىدىغان يوشۇرۇن بىر نەرسە سىڭىپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتىم . باشقىلارنىڭ مەن بىلەن قىلىچە مۇناسىۋەتسىز پاراڭلىرىدىمۇ مۇشۇ سۆزلەر ئۇچراپ قالسا گويا بۇ سۆز ماڭىلا قارىتىلىۋاتقاندەك كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالاتتى .

ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقىغان ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇ ئىشلارنى بىلىپ بوپتۇ . ئۇلار ماڭا پەقەت « تەلەپ قويۇش » توغرىسىدىلا ئېغىز ئېچىشتى لېكىن ھېچكىم مەستلىكتە قىلىپ يۈرگەن ساراڭلىقلىرىم توغرىسىدا گەپ ئېچىشمىدى . گويا ئۇلار پەقەت ئاسىيەگە يازغان خېتىمدىن باشقىنى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى . بىراق ، ھەر بىر ساۋاقدىشىم بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ يېنىدىن تېزرەك كېتىشكە ئالدىرايتتىم . ئۇلارنىڭ يېقىملىق تۇستە كۈلۈمسىرەشلىرى كەينىگە قانداقتۇر دەھشەتلىك بىر نەرسە يوشۇرۇنغاندەك ، دوستلۇق يېغىپ تۇرغان كۆزلەر كەينىنى قانداقتۇر بىر رەھىمسىزلىك ۋە نۇمۇسلۇق ئەيىبلەش چاقچىقى قاپلاپ تۇرغاندەك ، ئاشۇ لەۋلەرنىڭ يەنە بىر قېتىم مىدىرلىشىنى ، ئاشۇ كۆزلەرنىڭ يەنە بىر قېتىم قارىشىنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغاندەك ، دەرھال باشقا ياققا قارىۋالاتتىم . ئۇلار مەستلىكتە يىغلاپ يۈرگىنىمنى ھېلىلا يۈزۈمگە سالىدىغاندەك قېچىپ كەتكۈم كېلەتتى .

كوچىدا يول يۈرسەممۇ خۇددى بۇ ئىشنى ھەممە ئادەم بىلىدىغاندەك ، ماڭا قارىغانلا ئادەم ئاشۇ ئىشنى يادىغا ئېلىپ قاراۋاتقاندەك قورۇنۇپ ، بېشىمنى كۆتۈرەلمەي ، ئازادە يۈرەلمەيتتىم .

تەتىلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاسىيەگە خەت يازمىدىم . پەقەت ئىنىستىتۇتقا بۇ يىل يېڭى كېلىدىغان باللارنى كۈتتۈم . ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەن بىلەن تەڭتۇش بىرەر قىزنىڭ بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم .

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن دوستۇم ئەركىن ياتىقىمغا كىرىپ

كەلدى. ئۇ ماڭا ئۆزى بىلەن بىللە پويىز ئىستانسىسىغا يېڭى بالىلارنى كۈتۈشكە چىقىش تەكلىپىنى بەردى.

— بىرەرسىدىن تېلېگرامما كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ تىكەندەك سانچىلىپ تۇرغان ئۆسۈك ساقاللىرىغا قاراپ، نېمىشقىدۇر سەل ھاياجانلىنىپ كەتكىنىمنى ھېس قىلىپ چاندۇرماسلىق ئۈچۈن باشقا ياققا قارىۋالدىم.

— مەكتەپكە يېڭى قوبۇل قىلىنغانلار ئىچىدە چىرايلىق قىزلار بارمىكىن دېمىسەك، ئالدىغا چىقىپ نېمە قىلىمىز شۇنچە كېچىدە...

ئۇ قولىنى دولۇمغا قويۇپ شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ كەتتى.

پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىكى قان يۈزلىرىمگە ئۇرۇلغاندەك بولۇپ ئىتتىك باشقا ياققا قارىۋالدىم. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا دارىتمىلاپ ئېيتىلغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

يېڭى كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بىزنىڭ مەھەللىدىن بىر بالا كەلمەكچىدى. شۇنداق بولسىمۇ شۇ كۈنى مەن پويىز ئىستانسىسىغا چىقمىدىم. بەكمۇ بارغۇم بار ئىدى.

ئەتىسى ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدا تۇرسام ئەركىن ئۇچراپ قالدى. ئۇ قولىدا گازىر - پۇرچاق قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

— يۈر، يېڭى كەلگەن بالىلارنى كۆرۈپ چىقىمىز، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ، — خېلى چىرايلىق قىزلار بارئىكەن.

«قىزلار» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكىم جىغىغىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ قوللىرىغا پاتماي قالغان نەرسە - كېرەكلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ماڭا بېرىپ، ئۆزۈك سېلىۋالغان بىر قولى بىلەن دولۇمدىن تارتتى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن گەپ قىلماي ماڭدىم. قىزلار ياتىقىنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىمنىڭ سېلىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. نېمە بولدۇم؟ مەن ئۆزۈمگە قاتتىق كايىدىم ۋە ئاشۇ جىددىيلەشكەن ھالىم بىلەن كىرىشتىن خىجىل بولۇپ ئىشىك ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ قالدىم.

بۇ ھالىم مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىم ئۈچۈن قىزلارنىڭ

قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

ئۇ «كىرگىنە!» دەپ ئىتتىرگەندىن كېيىنلا ياتاققا كىردىم. قاتتىق ھودۇقۇپ كەتكىنىمدىن يېڭى كەلگەنلەر بىلەن سالاملىشىشنىمۇ قاملاشتۇرالماي قالدىم.

ياتاقتا يېڭى كەلگەن قىزلاردىن ئۈچ - تۆتى ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ قىياپىتىدىن يېتىرقاش چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ھاياجىنىم تېزلا بېسىلىپ قالدى. چۈنكى، بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالغۇدەك پەرىزاتلار بۇلارنىڭ ئىچىدە يوق ئىدى. مەن ئۇلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىۋېتىپ پەردىنى ئەنە شۇ يەردە تۇنجى قېتىم كۆردۈم... شۇ چاغدا ئۇنىڭ مەندە پەيدا قىلغان تەسىراتى ھازىرغىچە ئېنىقلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايىنى كىملەرگىدۇر ئوخشاتقانىدىم. شۇ چاغدىكى ئۇنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم ۋە ھازىرقى چىرايى بىلەن سېلىشتۇرسام ئىككىسى ئارىسىدا مۇتلەق ئوخشاشلىق يوقتەك، ئىككىسى باشقا - باشقا ئىككى قىزنىڭ چىرايىدەكلا تۇيۇلىدۇ.

تۇنجى رەت كۆرگىنىمدە ئۇ گويا بويىغا يېتىپ قالغان، خېلى چوڭلا قىزدەك تۇيغۇ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ تولغان ساغرىلىرى ۋە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى ئۇنى ياتلىق قىلىنغان ئايالدەكلا ھېس قىلدۇرغانىدى.

ئۇنىڭ چىرايى ياكى روھىي ھالىتىمۇ ئىشقىلىپ قەيىرىدىندۇر بىر يېرىدىن تونۇشلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلاتتىم. بەلكىم بۇ ئۇنىڭ چىرايىنىڭ سەل - پەل يېقىملىق تۇيۇلغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ھازىر بولسا مەندە ئەسلا ئۇنداق تۇيغۇ يوق، ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ يەككە - يېگانە.... ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ. پەقەت ئۆزىگىلا خاس، دۇنيادا بىرلا...

ئۇ دېرىزىنىڭ تۈۋىدە قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇراتتى. دېرىزىگە قىزغۇچ پەردە تارتىلمىغانلىقى ئېنىق ئېسىمدە، بىراق نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى چىرايى سۇس قىزىل ھالەتتە يادىمدا قاپتۇ.

بۇنىڭ قانداق تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بۇ ھال ئۇنى بەك چىراي-
لىق قىلىۋەتمىسىمۇ ھەر ھالدا يېقىملىق كۆرسىتەتتى. ياكى شۇ چاغدا ئۇ
قىزىل كىيىم كىيىۋالغانمىدىكىن ـ تاڭ.
ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك ھېس قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭ
چىرايىغا تەپسىلىي زەن سېلىپ چىققانىدىم. ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ ھار-
غىن كۆرۈنەتتى. يوغان ـ يوغان بىر جۈپ كۆزلىرى سولغۇن ھالدا دې-
رىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتى. ئۇ گويا ئەنرايتىكىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇ-
قىنى ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك ھېچكىمگە قاراپمۇ قويمايتتى. كىشىگە بۇ ھا-
لەت ئۆزىنى خىيالچان ۋە مەغرۇر كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ
بېغىشلايتتى. ئوڭ كۆزىنىڭ تۆۋىدە كەڭ قاپاقلىرىنىڭ ئۈستىدىكى
چىرايلىق ئەگمە قاشلىرىنىڭ قۇيرۇقىدىن پەسكە قاراپ يېرىلغان گا-
زىرچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر تارتۇق بار بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ چىرايىنى
سەل ئالاھىدىرەك قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ سەل تۈرۈلگەن قاپاقلىرى
ۋە بىر خىل غەمكىنلىك چېقىپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ ئىپادىسىنى كۆ-
چەيتىپ تۇراتتى. يۇمۇلغىنىچە سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، تولغان لەۋ-
لىرى بىر غۇنچىغا ئوخشايتتى.
مەن پەقەت ئۇنىڭ چېھرىدىكى ئالاھىدىرەك جايلارغا دىققەت قى-
لىپلا قويدۇم. ئۇنىڭ چىرايىدا ئالاھىدىلىك كۆپرەك بولغاچقا ھەممە يې-
رىنى كۆزىتىپ چىقتىم دېسەممۇ بولىدۇ. دەسلەپكى بىر قاراشتىلا ئۇ گويا
ئاسىيەدىنمۇ بىر نەچچە ياش چوڭدەك كۆرۈنگەنىدى.
مەن شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ، بىردەم ئولتۇرۇپلا ئەر-
كىنىنىڭ ياتىقىدىن يېنىپ چىقتىم. ھېلىقى قىز ماڭا پەقەتلا يارىمىغان-
دى. بەلكىم ئۇنىڭ سوغ قىياپىتى بىلەن كۆزلىرى تۆۋىدىكى ئاشۇ تار-
تۇقلا ماڭا شۇنداق تۇيغۇ بەرگەن بولسا كېرەك. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر
ئۇنى خېلى كۈنلەرگىچە خىيالىمدىن نېرى قىلالمىدىم.
ئۆلۈم بىلەن سۇغۇرۇلغاندەك جىمجىتقىنا كۈنلەر باشلاندى.
كۈنلىرىم بىردىن بىرى مەنىسىز ۋە زېرىكىشلىك تۈيۈلۈشقا باشلىدى.
ئۇلار كەلگىلى يېرىم ئايدەك بولغاندا بىر كۈنى مەكتەپ بويىچە ئۇيغۇر

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆكۈل ئېچىش يىغىنى ئېچىلدى . شۇ كۈنى ئۈنى يەنە بىر قېتىم كۆردۈم .

يىغىندا تەكلىپ بويىچە مەن بىر پارچە شېئىر ئوقۇپ بەردىم :

مەن بۈگۈن چۈشۈمدە كۆرگەچكە سېنى ،
يۈرەكتە قايتىدىن ياندى پىراقىڭ .
كەتمەي كۆز ئالدىمدىن ، قىينىدى مېنى ،
شېرىن ھەم جىلۋىلىك زىبا سىمايىڭ .

شۇ كۈنى مەن ئۆز قەلبىمدىكى ھېسسىياتىمنى ئىپادىلىۋېلىش پۇرسىتى كەلدى دەپ ئويلىغانىدىم . بىراق ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا بېغىشلاپ شېئىر ئوقۇماستىن باشقا بىر پارچە شېئىرنى ئوقۇپ بەرگەنىدىم . ئاشۇ كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنىلا مەن چۈشۈمدە ئاسىيەنى كۆرگەنىدىم . ئۇنىـــڭ بــــىلــەن يەنىلا بىر سىنىپتا بىر پارتىدا ئولتۇرغۇدەكمەن ، ئۇ يېقىملىققىنا كۈلۈمسىرەپ بىر رومكا ھاراق تەكلىگەنمىش . خىجىللىقتىن يۈزلىرىم چىپىلداپ تەرلەپ كېتىپتۇ ... نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېچىپ كەتكۈدەك بولۇپ تۇرغىنىمدا ئۇ دەلدەڭشىپ كېلىپ « ئاھ ، جېنىم تاھــىر ! » دەپ بوينۇمغا گىرە سېلىپ يىغلىغۇدەكمىش . ئۈنى مەست بولۇپ قاپتۇ دەپ ئويلاپتىمەن ...

چۈش — ئىنسان ئۈچۈن بىردىنبىر تەسەللى . بىراق ، ئەڭ بىچارە ۋە ئەڭ رەھىمسىز تەسەللى ... چۈنكى ئۇ بىر شېرىن خىيال ، بىر پارچە چەكسىز ۋە قۇپقۇرۇق بوشلۇق ...

ئويغىنىپ بۇ مەنزىرىلەرنىڭ بىر چۈش ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە كۆزلىرىمنى قايتىدىن بىچارىلەرچە يۇمۇپ ، چۈشۈمنىڭ داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلغانىدىم . شۇ كۈنى يۈرىكىم ئازابلىق ھاياجان لەززىتىدە تىنىمسىز تېپىرلايتتى . چۈشۈمنىڭ يۈرىكىمدە قالدۇرغان خامۇشلۇقىدا مەستخۇش يۈرۈپ ئاشۇ شېئىرنى يازغانىدىم .

نېمە ئۈچۈندۇر شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆزۈممۇ سەزمەستىن ئۇ تەرەپكە قارىدىم . ئۈمۇ ماڭا قاراپ تۇرغانىكەن ، كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ

قالدى . نېمشقىدۇر يۈرىكىم چۈشىنىكسىز بىر ھاياجان ئىلكىدە لەككىدە قىلىپ كەتتى . خۇددى ئۇنىڭ ئالدىدا بىر خىل جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك خىجىللىق بىلەن بېشىمنى يەرگە سىلىنۋالدىم . شېئىرنى ئوقۇغاندا ئاۋازىم بوغۇلۇپ ، توختاپ قالغىلى تاس قالغانىدى . يازغان شېئىرىم بۇ جايغا قىلچىمۇ ماس كەلمىگەنىكەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەتراپتا ئوقۇتقۇچىلارمۇ بار ئىدى . يازغان شېئىرلىرىمدىن بىرەرسىمۇ ئېنىق يادىمدا قالمىغان بولغاچقا ، ئىلاجىسىز ئاشۇ يىرتىۋېلىنغان گېزىت چۆرىسىگە يېزىپ قويۇپ ، خاتىرە دەپتىرىمگە كۆچۈرۈپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن مۇھەببەت شېئىرىنى ئوقۇپ بەرگەنىدىم .

بېشىمنى سىلىپ ئولتۇرسام مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلاندى ، دەرھال بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدىم ، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ناخشىغا تەييارلىنىۋېتىپتۇ . ھە ! ... ئۇنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيدى ؟ مەن ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغاندا ئىسمىنىڭ نېمە دەپ چاقىرىلغانلىقىغا دىققەت قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمگە كايىدىم . تېخىچە ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتىم . ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ياكى باشقىلاردىن سوراشتىن خىجىل بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقمىغانىدىم . بەلكىم ئۇنىڭ ئىسمىنى مەن ئۈچۈن ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ دەپ ئويلىغاندىمەن ...

ئۇ قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ قوللىرىنى ھەر خىل شەكىلدە ھەر خىل ھېسسىياتقا مايىل قىلىپ ھەرىكەتلەندۈرگىنىچە ناخشىغا چۈشۈپ كەتتى . ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئاۋازىنى يېقىملىق ياكى يېقىمسىز دەپ ئېيتالمايمەن ... ئۇنىڭ ئاۋازىدا تەبىئىيلىك يوق ئىدى . قىپقىزىل لەۋلىرى ناخشىغا ماسلىشىپ ھەر خىل شەكىلگە كىرىپ ، ھەر بىر مىسرانى ئېيتىپ بولغاندا تەبەسسۇم بىلەن يېيىلىپ جىلۋە قىلاتتى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ لەۋلىرى ئەمدىلا ئېچىلغان قىزىل گۈلگە ئوخشاپ قالاتتى . سەدەپتەك چىرايلىق چىشلىرى گويا قىزىل گۈل ئوتتۇرىسىدىكى ئاندىن لىقلاردەك كۆرۈنەتتى . چىرايىدىكى مەن تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغدىكى سولغۇنلۇق ئاللىقاياقلارغا يوقالغان بولۇپ ، كۆزلىرى ئۆتكەنكىدەك

مۇكچلۇق ئەمەس ئىدى . بۇ كۆزلەردىن بىر خىل مەغرۇرلۇق ، شادلىق ۋە پەخىرلىنىش چاقنايتتى . ئوڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىكى گازىرچىلىك چوكچلۇقتىكى ھېلىقى ئويمان ئىز كۈلگەندە ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان چوڭ ــ چوڭ كۆزلىرىنىڭ ئىپادىسىنى ئاشۇرۇپ ، ئۇنى تېخىمۇ يېقىملىق قىلىپ كۆرسەتكەندەك قىلاتتى .

بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇ كۆزۈمگە سىڭىشىپ قېلىۋاتـ قاچقىمىكىن ياكى چىرايىدا ئۆتكەنكىدەك ھارغىنلىق يوقالغاچقىمىكىن ئۇنىڭ چىرايىغا مەن بۇرۇن سېزىۋالالمىغان قانداقتۇر بىر گۈزەللىك يوـ شۇرۇنغاندەك تۇيۇلاتتى .

مەن ئۇنىڭ چىرايىنى ئاسىيە بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتىم . ئۇنىڭ ئاسىيە بىلەن ئوخشايدىغان ھېچ يېرىنى تاپالمىدىم . ئۇنىڭ يۈزلىرى ئاـ سىيەنىڭكىدەك سىلىق ۋە سۇزۇك ئەمەس ، قانداقتۇر سەل يىراقتىن ئېـ نىق كۆرگىلى بولمايدىغان بىر خىل قىزغۇچ داغ بار ئىدى .

دەسلەپكى چاغلاردا مەن ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ خەت يازىمەن دەپ ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدىم . ھەر قېتىم ئۇنى ئۇچراتقاندا يۈرىكىمنىڭ قاتتىق سېلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇردۇم ، بىراق بىرەر قېتىممۇ پاراڭلىـ شىپ باقمىدىم . ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا نېمىشقا قاتتىق ھودۇـ قۇپ كېتىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيتتىم . ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغانلىقىم ئېنىق ئىدى . بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا ئۆزۈمنى پەرۋاسىز كۆرسىتىش ئۈچۈن قەستەن سالاممۇ قىلماي ئۆتۈپ كېتەتتىم . راستىمنى ئېيتسام ئەسلىدە يۈرىكىم شىددەتلىك سېلىپ قاتتىق جىددىيـ لىشىپ كەتكەچكە ، ئاشۇ روھىي ھالىتىمنى چاندۇرۇپ قويۇشتىن ئەنـ سىرەپ ئۇنىڭغا سالام قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم . ئۇنىڭ بىلەن ئاـ رىلاشسام خۇددى ھەممە ئادەم ئاران تۇرۇۋېتىپكەن ــ دە ، دەپ مەسخىرە قىلىدىغاندەك ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا داستىخان سېلىنىشى بىلەنلا تۇزۇت قىلماي ئۆزىنى تاماققا ئاتقان ئاچكۆز كىشىگە ئوخشاپ قالىدىغاندەك ھېس قىلغانىدىم .

بەلكىم بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەركىننىڭ «چىرايلىقراق قىزلار كېلىپ قالارمىكىن دېمىسە كىممۇ يېڭى باللارنىڭ ئالدىغا چىقىپ يۈرىدۇ» دېگەن گېپىنىڭ ماڭا تولىمۇ قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

مەن ئاخىر بىرلا خىل مەزمۇندا تەكرارلىنىپ كېتىۋاتقان كۆڭلىمنىڭ مەنىسىزلىكىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، بۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇھەببەتتىن ئىبارەت يۈكسەك ۋە سىرلىق يولغا قەدەم باستىم. پەقەت مۇھەببەتلا قەلبىمگە ئەڭ گۈزەل، ئەڭ شېرىن ھاياجانلارنى بېغىشلاپ، تۇرمۇشۇمنى ئوتلۇق كۈيگە تولدۇرىدۇ دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ خەت يازغاندا راستىمنى ئېيتسام ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېنىق بىلمەيتتىم. كىشىلىك تۇرمۇشتىن ناھايىتى چەتنەپ كەتكەن، يەككە ـ يېگانە، جىمغۇر ھاياتىم مېنى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېنىقلىۋېلىشتىنمۇ مەھرۇم قىلغانىدى. ئەتىگەندە ئورۇندىن تۇرۇش، يۈگۈرۈپ چىقىپ گىمناستىكا ئويناش، ئەتىگەنلىك تاماق يېيىش، چۈشتىن بۇرۇنقى تۆت سائەتلىك دەرس، چۈشلۈك تاماق، چۈشتىن كېيىنكى ئىككى سائەتلىك دەرس، كەچلىك تاماق، ھاپىلا ـ شاپىلا كۈتۈپخانىغا چېپىش، باشلىرىم ئاغرىپ، كۆزلىرىم خەتلەرنى ئېنىق كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالغىلى تاس قالغاندىلا ئاندىن كۈتۈپخانىدىن چىقىش... مېنىڭ ھاياتىم پەقەت ئەنە شۇلاردىنلا ئىبارەت ئىدى. تۇرمۇشۇمغا يۇقىرىقىلاردىن شۇ قەدەر مۇستەھكەم سېپىل چۆرىۋالغان ئىدىمكى، ھېچ كىشى بۇ سېپىلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تۇرمۇشۇمغا ئارىلىشالمايتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ئىسمىنى نەدىن بىلەي؟! مەن خۇددى ھەرقانچە قىلساممۇ كۆڭلۈمدىكىنى ئىپادىلەپ كېتەلمەيدىغاندەك خەتنى بەكمۇ ئۇزۇن قىلىپ يېزىۋەتكەنىكەنمەن. ئاشۇ چاغدا كۆڭلۈمدىكىنىڭ ھېچبىرىنى يوشۇرماي يېزىپ كەتكىنىمنى ئويلىسام ھازىر خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولىمەن. ئۇنىڭ ئىسمى زادى نېمە بولغىيتتى؟ پەرىزات، پەرىدە، پەزىلەت... ئۇنىڭ ئىسمىنى باشقىلاردىن سوراپ بېقىشقا تېخىمۇ پېتىنالمىدىم.

«مەن ئۈچۈن پۈتۈنلەي ناتونۇش قىزچاق، ياخشىمۇ سىز؟»

خېتىم ئەنە شۇنداق باشلانغانىدى .

« سىزگە توساتتىنلا خەت يازغانلىقىمغا ھەيران بولماڭ . بەلكىم بۇ ئىشىم ئانچە قاملاشمىغاندۇ . راستىمنى ئېيتسام ئۆزۈممۇ بىرەر قىزغا ئۆنىڭ ئۆستىگە ئىسمىنىمۇ ئېنىق بىلمەيدىغان بىر قىزغا مانا مۇشۇنداق ھالدا خەت يازارمەن دەپ ئويلاپ باقمىغانىدىم . دۇنيادىكى ھەممە ئەر جىنىسلىقلارنىڭ ئايال جىنىسلىقلاردىن دەل سىزدىن مەن تەلەپ قىلغىدەك بىر نەرسىنى تەلەپ قىلماي ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ يەتكىنىمدە بىردىنلا ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدىم . بىراق ، دائىم ئويلايدىغىنىم مۇنداق ھالدا تەلەپ قىلىش ئەمەس ئىدى ، قانداق ھالەتتە تەلەپ قويۇشىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىگەنىدىم . بۇ توغرىسىدا خىيال قىلغان ۋاقتىمدا خەت يېزىش دېگەننى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدىم . ئىنسانلاردىكى ئەڭ مۇقەددەس ئاشۇ ھېسسىياتنى خەت ياكى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەشنى ئەسلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم . بۇ توغرۇلۇق ئويلاشنى ئانچە ئەھمىيەتلىك ئەمەس دەپ ئويلىغان بولسام كېرەك . دائىم كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىدىغىنىم ھېچقانداق ئۆرۈنۈشسىزلا ، خۇددى ئالدىن كېلىشىپ قويغاندەك بىر - بىرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش ئىدى . بەلكىم بۇ خىياللىرىم بىر ئەخمەقلىقتۇر .

مەن سىزگە ئۆز قەلبىمنى مانا مۇشۇنداق شەكىلدە ئىپادە قىلىشتىن باشقا ئامالىم يوقلۇقىنى سەزگىنىمدە قەلبىمنى بىردىنلا بىچارىلىك تۇيغۇسى قاپلىۋالدى . بۇ مەندە بولۇپ باقمىغان ئەڭ يامان بىر تۇيغۇ ئىدى ...

سىزگە خەت يېزىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتتىكى روھىي ھالىتىم ، ئىدىيەم يىر نەچچە ئايدىن بۇرۇن مەندە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭدىن بۇرۇن قايسى ئىستەك ، قايسى مەخسەت بىلەن ياشاپ كەلگىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن . ھازىر بولسا ئەسلا ئۇنداق ئەمەس ! يېرىم يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئىدىيەمدە كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى سىزگە خەت يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئېلىۋاتقاندىلا سېزىپ يەتتىم .

بۇرۇن ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايتتىم . مەن ئۇچۇن ھېچ كىشى مۇقەددەس بولالمايتتى . ئالىي مەكتەپكە يېڭىدىن كەلگەندە بەلكىم ياشىـ شىم كىتاب ئوقۇش ، بىر داڭلىق سەنئەتكار بولۇش ئۈچۈنلا دەپ ئويلايدىغان بولسام كېرەك . قەلبىم ياشاشقا بولغان ئىشەنچ ۋە ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ چاغدا نېمە ئۈچۈن ياشايمەن ؟ دەپ ئويلىشىممۇ ھاجەتسىز ئىدى . چۈنكى، كاللامدا بۇ توغرىسىدا قىلـ چىمۇ مۇرەككەپ ئويلار يوق ئىدى . جاۋابىم بەكمۇ ئاددىي ئىدى . كۆپـ لەپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، ئۇلۇغ بىر سەنئەتكار بولىمەن دەپ ئويلايتتىم . بۇ توغرىدا ئويلاپ كەتمىسەممۇ بولاتتى . كۇتۇپخانىلارغا كىرىۋېلىپ مەشھۇر رەسىملەرنى ۋە شېئىرلارنى چوڭقۇر ھېسسىياتىم بىلەن ئوقۇپ كېتەتتىم . ئوقۇيدىغانلىرىم ئىچىدە مۇھەببەت ھەققىدىكىلىرىمۇ بار ، ئەلـ ۋەتتە . بىراق ، مېنىڭ ئۇ شېئىرلاردىن ۋە رەسىملەردىن ئىزدەيدىغىنىم ھەرگىزمۇ مۇھەببەت ھەققىدىكى ئۇقۇم ئەمەس ئىدى . پەقەت مۇھەببەت ھەققىدىكى شېئىرلارنى قانداق يېزىش كېرەك دېگەنىنىلا ئويلايتتىم . ئۆـ زۈممۇ شۇنداق شېئىرلارنى يېزىپ باققان ، بىراق ئۇلاردىكى ھېسسىياتـ نىڭ ھەممىسى پەقەت باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىنى دوراش ئارقىلىق پەيدا بولغان يۈزەكى ھېسسىيات ئىدى . مۇھەببەت ھەققىدە خىيال قىلىشلىـ رىممۇ ئانچە ئاز ئەمەس ئىدى . بىراق ، بۇ خىياللارمۇ دوراش ئارقىلىق پەيدا بولغان ، يەنى مېنىڭ كاللامدىكى باشقىلارنىڭ خىيالى ئىدى . بۇ پەقەتلا مېخانىكىلىق دوراش بولۇپ ، بۇ دوراش قەلبىمنىڭ تەكتىگە قىلـ چىمۇ ئۆزۈمدە بار تەبىئىي ھېسسىياتقا ئايلىنىپ سىڭىپ كىرەلمىگەنىدى .

ئالىي مەكتەپكە يېڭىدىن كەلگەندە ، كېلىپلا مۇقاۋىسى تولىمۇ ئېسىل ئىشلەنگەن ، قېلىن خاتىرە دەپتەردىن بىرنى مەخسۇس كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئۈچۈن سېتىۋالغانلىقىم ھېلىمۇ ئېنىق يادىمدا . ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلاردىمۇ خاتىرە يازاتتىم . ئۇ چاغلاردا ئالىي مەكتەپكە بېرىشنى خىيال قىلسام ئالىي مەكتەپتە چوقۇم كۈندىلىك خاـ تىرەم ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ مەنىلىك ئىشلار بىلەن تولۇپ ، كېيىنكى چاغلاردا ئۇنى ئوقۇپ ، ياشلىقىمنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرى بىلەن

تولغان كۆڭلەرنى ئەسلەپ ھاياجانلانغىنىمدىن كۆزلىرىمدىن ياش تۆكـ‌ـمەن دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. كۆڭدىلىك خاتىرە يېزىشقا بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتىم ۋە ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىشىمدىن پەخىرلىنەتتىم. دەسلەپتە ھاياتىمـ‌ـدىكى مەنىلىك كۈنلىرىم دەپ يازغانلىرىم: ئولتۇرۇشلاردا ھاراق ئىچمەي ۋىـجدانىمنى قانداق ساقلىغانلىقىم، باشقىلارنىڭ مەجبۇرلاشلىرىغا قانداق مەنىلىك ۋە سەلتەنەتلىك سۆزلەر بىلەن رەددىيە بېرىپ كەلگەنلىكلىرىم، مۇھەببەت دېگەن ئازدۇرغۇ شەيتانىنىڭ قىلچىمۇ كەينىگە كىرمەي ئۆزۈمنى بـىلىم ئېلىشقا قانچىلىك دەرىجىدە ئاتىۋەتكەنلىكىم قاتارلىقلار توغرىسىدـ‌ـدىكى سۆزلەر ئىدى. شۇ ئىشلارنى شۇنداق زور پەخىرلىنىش بىلەن يېزىپ كېتەتتىمكى، ھەر ـ بىر كۈنۈمنىڭ خاتىرىسى 20 ـ 30 بەتكە ئاران پاتاتتى. ئۆزۈمنىڭ بىلىمگە بولغان ئېھتىياجىمنى يۈز يىلدەك ياشاپ ئۆمرىدە توي قىلماي ئۆتكەن فارابىلاردەك ئۇلۇغ ئالىملارغا سېلىشتۇرۇپ، خـاتىرە يازغىچە ھېسسىياتلىق سۆزلەر كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، يېزىپ ئۈلگۈرەلمەي قالاتتىم. ئۆتكەندە قايسىدۇر بىر كۈنى ئاشۇ خاتىرە ساندۇقۇمنىڭ ئاستىدىن چىقىپ قالدى. ئوقۇۋېتىپ شۇ قەدەر خىجىل بولۇپ كەتتىمكى، بىر بەتنىمۇ تۈزۈك ئوقۇپ بولماي، ئاخىرىغا قاراپ بـاققۇممۇ كەلمەي يىرتىپ تاشلىۋەتتىم. گويا ھاراق ئىچىش ـ ئىچمەسـ‌ـلىك ھاياتىمىزدىكى ئەڭ زور بىر ئىشتەك، باشقىلار ئالدىدا ھاراق ئىچمەي ئۆتىدىغانلىقىم ۋە مۇھەببەت باغلىمايدىغانلىقىم قاتارلىقلار ھەققىدە قايناپ سۆزلەپ كەتكەنلىرىمنى ئويلاپ، مۇھەببەت باغلاش ياكى ھاراق ئىچىش توغرىسىدىكى گەپلەر بولۇپ قالسىلا باشقىلارنىڭ يېنىدىن خىجىل بولۇپ قـېچىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئويلىسام ئۇ چاغلاردا بەكمۇ كىچىك ئىكەنمەن ...»

يېزىپ ئاشۇ يەرگە كەلگەندە خېتىمنى قايتىدىن بىر رەت ئوقۇپ باقتىم. يۈزلىرىم ئوت ئالغاندەك قىزىپ كەتتى. نېمىدەپ ھاراق ئىچىش قاتارلىقلار توغرىسىدا توختىلىپ كەتتىم؟ خۇدايىم توۋا دەپ ئويلاپ بۇ بەتلەرنى خېتىمدىن چىقىرىۋەتتىم. ئۇ گويا مېنىڭ يېقىن سىردىشىمدەك كـۆڭلۈمدىكى ھەممە گەپنى قويماي تۆكۈپ كەتكىنىمنى قارىمامدىغان.

بۇ خىتىمنى ئوقۇسا ئۇ مېنى قانچىلىك مەسخىرە قىلار بولغىيتتى ـ ھە ! چىقىرىۋېتىش كېرەك ، ھاراق ، كۆندىلىك خاتىرە توغرىسىدىكى ئۇياتلىق ئەسلىمىلەرنى قايتا ئويلاشتىنمۇ خىجىل بولىدىغان تۇرۇپ ، باشقىلارنىڭ ئەسلەپ قىلىشىدىن ياكى شۇ توغرىسىدا سۆز ئېچىپ قىلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان تۇرۇپ يەنە باشقا ئادەمگىمۇ ئەمەس دەل ئۇنىڭغا يېزىپ كەتكىنىمنى قارىمامدىغان ...

مەن ئۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلىرىمدە بارغانسېرى يازغۇدەك نەرسە تېپىلمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى يازماقچىدىم ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، تۇرمۇشۇمدىكى مېنى قىيناۋاتقان ئازابلىق بوشلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بۇلار ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچىدىم ، كۆڭلىرىمنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە زېرىكىشلىك ۋە مەنىسىز بولۇپ كەتكەنلىكىدىن دادلىماقچى ئىدىم . شۇنىڭدىن كېيىنلا ھايات ئادەم ئۈچۈن شۇ قەدەر مەنىسىز بولغاندا ئادەمنىڭ نېمىگە ئەڭ موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىر قىزغا بولۇپمۇ ئىسمىنىمۇ ئېنىق بىلمەيدىغان بىرقىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ خەت يېزىشىمنىڭ پۈتۈنلەي بىنورمال ئىش ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرمەكچىدىم . بىر ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە موھتاج بولۇشىنىڭ تامامەن ئەقىلگە سىغىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بۇنىڭ نورمال ياكى نورمال ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا تامامەن مۇكەممەل بولغان سەۋەب ، نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئۆلچەم قىلىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى شۇ ئارقىلىق تولۇق چۈشەندۈرمەكچىدىم . كېيىن ئويلىسام پەقەت مېنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان بىر قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ سۆيگۈ خېتىنى يېزىشىم ئۆمرۈمدىكى تولىمۇ مەنىلىك ئىش ئىكەن . مەن قاملاشمىغان ئىش دەپ ئويلاپ نۇرغۇن يىللار خىجىل بولۇپ يۈرگەن ئاشۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئۆمرۈمدىكى ئەڭ مەنىلىك ئىشلار ئىكەن .

ئۇنىڭ ئىسمى زادى نېمە بولغىيتتى ، بىراۋنىڭ ئاغزىدىن پەرىزاتمۇ ، پەرىدەمۇ ياكى پەزىلەتمۇ ئىشقىلىپ ئاشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك قىلغانىدىم . ئۇنىڭ ئىسمى مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىسمى ھېچنەرسىگە ۋەكىللىك

قىلالماي‌تتى .
مەن دائىم ئۆلۈمنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم ، شۇ قەدەر ئىنچىكىلىك
بىلەن تەسەۋۋۇر قىلاتتىمكى ، ئۆلۈم توغرىسىدا ھەر قېتىم خىيال سۈر-
گىنىمدە خۇددى راستتىنلا بىر قېتىم ئۆلۈپ سىناپ باققاندەك بولاتتىم ،
بىر تۇرۇپ نەزەرىمدە ئۆلۈم ماڭا ناھايىتىلا تونۇش ئىدى . ئۆلۈمنىڭ
پەيدا قىلغان ھەر بىر تۇيغۇسى ، ھەر بىر سەزگۈسى شۇ قەدەر ئېنىق
ئىدىكى ، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇن بىرەر قېتىم ئۆلۈپ باقمىغىنىمغا ئىشەنگۈم
كەلمەيلا قالاتتى . شۇنىڭ بىلەن سانسارا ① توغرىسىدا ئويلىنىپ قالات-
تىم ، ھاياتلىق تەندىن تەنگە كۆچۈپ راستتىنلا مەڭگۈ ئايلىنىپ تۇرام-
دىغاندۇ ؟ ھاياتلىقنىڭ بۇ خىل مەڭگۈلۈك دەۋر قىلىنىشىدىن تامامەن
قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولىدىغان ، ھەقىقىي ئۆلۈم يەنى نىرۋاناغا يېتىش شۇ
قەدەر تەسمىدۇ ؟ مېنىڭ بۇ قېتىمقى تۇغۇلۇپ قېلىشىم راستتىنلا مېنىڭ
ئاۋۋالقى قېتىم باشقا بىر تەندە ياشىغان چاغدىكى گۇناھلىرىمنىڭ
جازاسى ئۈچۈنمىدۇ ؟ مەن مەڭگۈ بىلەلمەيدىغان ئۇ گۇناھلار ، مەن
مەڭگۈ تونىمايدىغان ئاشۇ كەچۈرمىشلەر زادى قانداق گۇناھ ۋە كەچۈر-
مىشلەردۇر ؟ مەن تاھىر بولۇپ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى بىر يېزىدا بىر
مېھرىبان ھەم جاپاكەش ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن مەن
زادى كىم بولۇپ ياشاپ ، قانداق ئۆلگەن بولغىيتتىم . مەن زادى ئادەم
بولۇپ ياشىغاندىمەنمۇ ، ھايۋان بولۇپ ياشىغاندىمەنمۇ ياكى سانسىز ئە-
سىرلىك قورقۇنچلۇق ئالۋاستىلىق ھاياتىمنى باشتىن كەچۈرۈپ ئۇنىڭدىن
بۇرۇنقى ھاياتىمنىڭ جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىنلا ئاندىن ھازىرقى
تاھىر بولۇپ تۇغۇلغاندىمەنمۇ ؟ ياق ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ،
مەن سانساراغا ئىشەنمەيمەن ، چۈنكى سانسارا بەك قورقۇنچلۇق ، مەن

---

① سانسارا — سانسكرىتچە Samsara دىن كېلىپ چىققان ئاتالغۇ بولۇپ ، بۇددا ئەقى-
دىسى بويىچە ھاياتلىقنىڭ دەۋر قىلىپ تۇرۇشىنى يەنى روھنىڭ تەندىن تەنگە كۆچۈپ يۈرۈ-
شىنى كۆرسىتىدۇ . بۇددا دىنىدا بىر ئادەم ئۆلسە ئۇنىڭ روھى قايتىدىن باشقا بىر جانلىق بو-
لۇپ تۇغۇلۇپ يەنە ياشاۋېرىدۇ ، ئادەم مەڭگۈ ياشاشنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ . بۇ خىل ھا-
ياتلىقنىڭ دەۋر قىلىۋېرىشىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى بۇدداغا يېتىش ، دەپ قارىلىدۇ .

ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك ئىسكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن ، مەن ھاياتنىڭ ئازابىنى
مەڭگۈ تارتىشنى خالىمايمەن . ماڭا كېرىكى ئۆزۈل - كېسىل بولغان ،
تامامەن ، تولۇق قۇتۇلۇش ، ھەممە نەرسىدىن قۇتۇلۇش ، ھاياتنىڭ
مەڭگۈ داۋاملىشىشىدىن قۇتۇلۇش ! تولۇق ، ئۆزۈل - كېسىل ئۆلۈم —
تامامەن يوقۇلۇش ! — نىرۋانا ! ① مەن ئۆزۈمنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىپ
كېتىشىمنى ئارزۇ قىلىمەن . پەقەت تولۇق ۋە ئۆزۈل - كېسىل يوقىلىشلا
مېنى ئازاد قىلالايدۇ . مەن بۇ خىل ئۆزۈل - كېسىل يوقىلىشنى يەنى
روھىمنىڭ ئۆلۈشىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن بېرىلىپ پۈتۈن ئىشتى-
ياقىم بىلەن ، ھەممە ھېس - تۇيغۇلىرىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۇرۇپ
تەسەۋۋۇر قىلىمەن : دۇنيادىكى ، كۆز ئالدىمدىكى ھەممە نەرسىلەر مې-
نىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىم توقۇپ چىقارغان خىيالىي نەرسىلەر . ھەممە
نەرسە مەندىكى ھېس - تۇيغۇنىڭ مەھسۇلى ! مېنىڭ سەزگۈلىرىم ئۆ-
لۈشى بىلەن تەڭلا ھەممە نەرسە ئىزسىز يوقايدۇ . پۈتۈن دۇنيادا ھېچ
نەرسە قالمايدۇ ، ھەتتا قۇپقۇرۇق بوشلۇقمۇ قالمايدۇ . چۈنكى ، ئۇ بوش-
لۇقنى ھېس قىلىدىغان سەزگۈمۇ مەندە مەۋجۇت بولمايدۇ . مەن ئۆلى-
مەن ، مېنىڭ سەزگۈلىرىم ھەممىسى ئۆلىدۇ ، كۆرۈش سەزگۈم بولمىسا
ماڭا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ ، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ شەكلى ۋە
رەڭگى مەن ئۈچۈن مەۋجۇت بولمايدۇ ، پۇراش سەزگۈمۇ ئۆلگەنلىكى
ئۈچۈن ھېچقانداق پۇراقمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ ، تەم سەزگۈم ئۆلگەنلىكى
ئۈچۈن ھېچقانداق تەم مەۋجۇت بولمايدۇ . بەدەننىڭ تېگىشىش سەز-
گۈسى ئۆلگەندە ھەرقانداق ماددىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ئېغىرلىقىنى
ھېس قىلمايمەن ، مەن ئۈچۈن ھېچقانداق ماددا مەۋجۇت بولمايدۇ ، تە-
پەككۇرۇم ئۆلسە مەن بۇرۇن كۆرگەن نەرسىلەرنى تەپەككۇرمۇ قىلالا-
مايمەن ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ . بۇ دۇنيا مەن ئۈچۈن
مەڭگۈ مەۋجۇت بولمايدۇ . مەن ھەممە نەرسىدىن قۇتۇلىمەن . مەن ئۇ-

---

① نىرۋانا — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ ، بۇددا دىنىدىكى يەتكىلى بولىدىغان ئەڭ يۇكسەك ھالەت ، ئادەم سانسارادىن يەنى دۇنيادا مەڭگۈ قايتا- قايتا ياشاۋېرىپ ئازاب تارتىشتىن پەقەت نىرۋاناغا يەتكەندىلا ئاندىن قۇتۇلالايدۇ دەپ قارىلىدۇ .

چۈن ھەممە نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ، ئۇلار گەرچە مېنىڭ ئىچىمنىڭ سىرتىدا بولسىمۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر، مەن ھەممە سەزگۈلىرىم ئۆلۈپ ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى زادىلا سەزمىسەم ھەتتا يوق ئىكەنلىكىنىمۇ سەزمىسەم ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى زادى نېمە ئىسپاتلىيالايدۇ، پۈتكۈل دۇنيانىڭ، پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ، پۈتكۈل ماددىلارنىڭ مېنىڭ سەزگۈلىرىمدىن ھاسىل بولغان ئىزنىتقۇ ئەمەسلىكىنى، پەقەت مەندىكى بىر خىل خىيالىي تۇيغۇ ئەمەسلىكىنى زادى نېمە ماڭا ئىسپاتلىيالايدۇ. مېنىڭ سەزگۈلىرىم يوقىلىشى بىلەن تەڭ ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي نىرۋانا، مانا بۇ ھەقىقىي ۋە ئۈزۈل - كېسىل ئازادلىق.

مەن دائىم ئۆزۈمنىڭ ۋە ئۆز ئەتراپىمدىكى پۈتكۈل كائىناتنىڭ تامامەن يوقىلىشىنى ناھايىتى بېرىلىپ خىيال قىلىمەن، ھەم ئۇنىڭغا چەكسىز ئىشىنىمەن. مەن كىشىلەر بىر - بىرىگە مەھكەم باغلاپ كەلگەن سانسارا بىلەن نىرۋانانى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىمەن، مەن سانساراغا ئىشەنمەيمەن، بىراق نىرۋاناغا ئىشىنىمەن، نىرۋاناغا يېتىشنىڭ زادىلا ئاخىرىغا چىقىپ بولمايدىغان چەكسىز پەرھىزلىرىگە ئىشەنمەيمەن، مەن پەقەت ھەرقانداق ئۆلۈمنىڭ نىرۋانا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئادەمنى تۈرلۈك تۈمەن ۋەسۋەسىلەرگە سېلىپ، ئادەمنى سەرسان قىلىدىغان سەزگۈ ئەزالىرىمنىڭ ئېزىقتۇرۇشىنى ھايات تۇرۇپلا قاتتىق چەكلىۋەتمىسەممۇ نىرۋاناغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمەن، ئادەمدە بۇنداق ئىشەنچ بولمىسا، بۇنداق تەسەللى بولمىسا زادىلا بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇش ۋە خەت يېزىش ھەرگىزمۇ نىرۋاناغا يېتەلمەسلىككە سەۋەب بولالمايدۇ.

مەن ئۇنىڭغا توختىماي خەت يازاتتىم، ھەممىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىمدەك ھېس قىلىپ، باغرىمدىكى ھەممە نەرسىنى تۆكۈپ تۇرۇپ تېخىمۇ قويماي يازغۇم كېلەتتى. بەلكىم بۇ ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىقتۇر. ئۇزاقتىن بۇيان يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا مەن سەۋر قىلىپ، بىر - بىرلەپ ئۈن - تىنسىز سىڭدۈرۈپ كەلگەن ئازابلىرىم يىغىلىپ ئەنە شۇنداق زورىيىپ

كەتكەندى . مەن يېقىندىن بۇيان ئۆزۈمنى ئۈمىدسىزلىكنىڭ قاتتىق چىرمىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندىم . نېمىشقا بۇنچە ئازابلىنىمەن ؟ ئۆزۈممۇ تېگىگە يېتەلمەيتتىم . پەقەت خىيال بىلەن تولغان ھاياتىمدا ، شېرىن چۈشلىرىمدە يۈرەكنى سىقىدىغان ، ئېچىرقاپ تۇرغان بىر بوشلۇقنىڭ بارلىقىنىلا ھېس قىلاتتىم .

— سەن نېمە بولۇپ كېتىۋاتىسەن ؟ نېمىشقا بىرەر قېتىممۇ كۆڭلىڭنى كۆرگىلى بولمايدۇ ؟

بۇ دوستۇم ئەركىنىنىڭ تولا سورايدىغان سوئاللىرى ئىدى . مەن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دەپ بېرەلمەيتتىم . نېمىشقا ئازابلىناتتىم . نېمەم كەم ؟! ئاتا ـ ئانام بار ، ئۇلار ماڭا شۇ قەدەر مېھرىبان ، كىيىم ـ كېچەك ، يېمەك ـ ئىچمەك يېتىشىچە بار . ئويۇن ـ تاماشاغا بېرىلەي دېسەم بېرىلەلەيمەن ، لېكىن خالىمايمەن ! زادى نېمىشقا ئازابلىنىمەن .

ئىلگىرى پەقەت ھايات يۈرۈشتىن باشقا ھېچقانداق مەقسىتىم يوق ھالدا ياشىغانىكەنمەن . كېيىن ھايات توغرىسىدا بىردىنلا چوڭقۇر خىياللارغا پاتىدىغان بولۇپ قالغاندا روھىمدا ئۆزۈمنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان بىر بۆھراننىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ يەتتىم ، ھاياتىم بۇرۇنقىدەك جىمجىت ئۆتىۋەرگەن بولسا ، مۇنۇ سىرلىق رېئاللىقتا ، ھاياتقا كۆز سالماي ، كەلگۈسىنى ئويلىماي كىتابلار ئىچىدىلا ياشاپ كەلگەن بولسام بەلكىم بۇنداق بولماس بولغىيتتىم . چەكسىز خىياللىرىم تۇتامغا چىقمايتتى . پەقەت ئازاب ئىلكىدە چوڭقۇر ـ چوڭقۇر ئويلىناتتىم . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بىر قېتىم مەست بولۇپ قېلىش ۋە قەلبىمنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قاتتىق ھاياجاننىڭ ھاياتىمنىڭ ئۆلۈك ئىشىكىنى قاتتىق ئۇرغانلىقىدىن پەيدا بولغان بولسا كېرەك .

مەن ئەمدىلا مېنىڭ روھىي جەھەتتىن بۇ قەدەر چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىمنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ھاياتىمدىكى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان جىمجىتلىق ، خاتىرجەملىك ۋە خىيالغا قاتتىق بېرىلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم . بەلكىم پەقەت ھەسرەتلا ئادەمنى ھاياتتىن بىزار بولۇشتىن ئىبارەت كۆلپەتلىك تۇيغۇدىن قۇتقۇزۇپ قالالايدىغاندۇ . چۈن-

كى ، سەن دەرد ۋە ھەسرەتكە يولۇققىنىڭدىلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئۇ- رۇنۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىسەن ۋە دائىم ھەسرەتلىك خىياللاردىن باش كۆتۈرمەيسەن ــ دە ، كىشىنى خاراب قىلىدىغان ئاشۇ خىيال ــ نېمە ئۈچۈن ياشاش ۋە ھاياتنىڭ مەنىسى دېگەنلەر توغرۇلۇق ئويلىنىشقا چو- لۇڭ تەگمەيدۇ . ھايات سەندە پەقەت شۇندىلا ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرالايدۇ . ئەنە شۇ ئۇنتۇلماس خاتىرە ۋە قاتتىق ھاياجانلارلا ئۆلۈم ئالدىدا ساڭا بىر پۈتۈن ھايات بولۇپ گەۋدىلىنىپ ، سېنى ھاياتىمنى مە- نىلىك ئۆتكۈزۈۋاتىمەن دېگەن يۈزەكىي ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ . گەرچە بۇلار سېنىڭ ئېڭىڭنىڭ ئۆلۈشى بىلەن تەڭلا ئىزسىز يوقالسىمۇ . . .

ئاھ ! بىراق مەن ھەممىنى ھېس قىلىپ بولدۇم ــ دە ! ئۆزۈمنى خاراب قىلىدىغان ئاشۇ خىيالنى ئاللىقاچان يۈرىكىمگە ئۆچمەس قىلىپ سىغدۇ- رۇپ بولدۇم ــ دە ! ئەمدى ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكى توغرىسىدىكى ئاشۇ قورقۇنچلۇق ھۆكۈمدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايمەن ! بەلكىم ئەمدى ئۆزۈمگە دەرد ــ ھەسرەت ئىزدىسەممۇ ، مۇرەككەپ كەچۈرمىشلەرنى ئىزدىسەممۇ ھامان ئاشۇ خىيالدىن قۇتۇلالمايمەن .

دەرد ــ كۈلپەت ھاياتنى ھەرگىزمۇ مەنىگە ئىگە قىلالمايدۇ . پە- قەت ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكىنى ئۇنتۇشۇم ئۈچۈنلا مەن ئۇنىڭغا ئېھتىياج- لىق . شۇڭا ئەڭ شېرىن ھەسرەت بولغان سۆيگۈگە ئۇرۇنۇپ بېقىشىم ، مېنى بۇ خىياللاردىن قۇتقۇزالايدىغان شىددەتلىك ھاياجان ۋە ئارامسىز تۇرمۇش ئىزدىشىم كېرەك . بۇ پەقەت بىر قېتىملىق ئۇرۇنۇشتىنلا ئىبارەت بولسىمۇ مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىۋاتاتتىم .

ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشكەندىن كېيىنكى كۈنلەرنى كۆز ئال- دىمغا كەلتۈرەلمەيتتىم . بۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشتەكلا تۇيۇلاتتى . مەندە شۇ چاغدا نېمىشقا ئەنە شۇنداق تۇيغۇنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ھازىرمۇ چۈشىنەلمەيمەن . بۇ يازلىق تەتىلدە باشقىلارنىڭ « ئاسىيە تەك- لىپىڭنى رەت قىلىپتۇ » ، « ئەدىبىڭنى بېرىپتۇ » دېگەن سۆزلىرىنىڭ قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىدىنمۇ ، ئۇنى ئانچە تونىمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ، ئۇنى ئانچە ياخشى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭ تەكلىپىمگە

قوشۇلۇشىغا ئانچە تەشنا ئەمەسلىكىمدىنمۇ ۋە ياكى باشقا بىر سەۋەبتىنمۇ بۇنى بىلمەيمەن .

ئۇنىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلماي مېنى راسا ئازابلىشىنى ، مېنىڭ ئۇ-نىڭغا يېلىنىشىمنى شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشۇمنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ۋە رو-مانتىك كەچۈرمىشلەرگە تولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم . گاھىدا ئۆزۈمنىڭ بۇ خىياللىرىم بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى . بۇ ھاياتىمدىكى تولىمۇ بىچارە بىر تەسەللى ئىدى . ئادەمنى قىينايدىغان تەپەككۇر . . . ئادەمنى قىينايدىغان سېزىم . . . كۆرۈش ، ئاڭلاش ، پۇراش ۋە تەم سەزگۈسى . . . سىلەر بولمىغان بولساڭلار بۇنچە ئازابلانماس بولغىيتتىم . . .

بىر كۈنى يېگى يىل ھارپىسىدا سىنىپ بويىچە ئولتۇرۇش قىلىنغا-نىدۇق . مەن ھاراقمۇ ئىچمەي ، تاماكىمۇ چەكمەي ھەم تانسىمۇ ئوينىماي بىر چەتتە جىمجىت ئولتۇراتتىم . ھېچ كىشىنىڭ مەن بىلەن چاتىقى يوق ئىدى . پەقەت جوزا ئۈستىگە قويۇلغان گازىر — پۇرچاقلاردىن ئاز — تولا ئېلىپ ئولتۇرغىنىملا مۇنۇ شادلىق بىلەن تولغان ئولتۇرۇشقا قاتناشقانلى-قىم ئىدى . ساۋاقداشلىرىم ھەممىسى پەقەت تانسا ، ھاراق ۋە چاقچاق بى-لەنلا ئاۋارە . ھەممىسى لەتىپىلەر ۋە شوخ كۈلكىلەر بىلەن سورۇننىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈپ چاقچاقلارنى قىزىتىپ تۇراتتى . ئەنە شۇ چاغدا مەنمۇ بىر چەتتە ئۇلارنىڭ چاقچىقىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتىم . گاھىدا ئۆزۈمنى تۇتىۋالالماي كۈلەتتىم . لېكىن ، يەنىلا ئۆز كۈلكەمنىڭ بىر ئاز سوغۇق ئىكەنلىكىنى ، باشقىلارنىڭكىدەك كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى سېزىپ يېتەتتىم . شۇنداقتىمۇ بۇ مېنىڭ ئەڭ خۇشال چاغلىرىم ئىدى . كۈلىۋېتىپ تۇيۇقسىز كۈلكە توغرىسىدا قاتتىق ئويلاپ قالدىم — دە ، ئاشۇ كۈلكىلىرىم مېنى تۇگىمەس ئازابقا دۇچار قىلدى . ئويلىغىنىم پەقەت « مېنى نېمە ۋە قانداق ئىشلار كۈلدۈرەلەيدۇ ؟ » دېگەندىنلا ئىبا-رەت ئىدى . مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدىكى بارلىق شادلىقىمنىڭ چىن مەنىسىنى ۋە ئەھمىيىتىنى ئۆز كۆڭلۈمدە يىغىنچاقلاپ خۇلاسىلىدىم . بىر چاغلاردا دوستلىرىم بىلەن ھەر خىل قىزىق ئويۇنلارنى ئويناپ ، كۆزلىرىمدىن ياش چىققۇچە قاقاقلاپ كۈلگەنلىرىم ، باشقىلارنى شاخماتتا يېڭىۋېلىپ

شادلىنىپ كەتكەنلىرىم ، شېئىرىمنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىنكى خۇشال كەيپىياتىم . . . قاتارلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم . كۈلگەنلىرىم ئاز ئەمەس ئىدى . بىراق ، بۇلار- دىن شۇنى ئەلەم بىلەن ئېتىراپ قىلدىمكى ، مۇشۇ چاققىچە مېنى كۈل- دۈرۈپ كەلگەن نەرسە پەقەت بىردەملىك قىزىق ئويۇن ـ تاماشا ۋە چاقچاقلارلا ئىكەن . ئۇلاردىن پەيدا بولغان ئەنە شۇنداق تولىمۇ قىسقا ۋە بىر دەملىك بولغان ، ياساپ چىقىلىپ چىن دەپ قوبۇل قىلىنىپ كې- لىۋاتقان شادلىق تامچىلىرى بۇرۇنقى ئۆلۈك روھىي دۇنيارىمغا تېمىپ كىرىپ ، يارغا ئايلانغاندەكلا ئىزسىز غايىب بولۇپ كەلگەنىكەن . ئەمدى بولسا پىردىنلا تىرىلىپ چەكسىز كۆيۈك چۆلدەك ئېچىرقاپ تۇرغان تەشنا روھىمغا بۇ تامچىلار داۋاملىق تېمىپ تۇرسىمۇ چىن شادلىق بولالـ مايدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئاھ خۇدا ، چاقچاق ، ئويۇن ـ تاماشىلارنى هاياتقا ئاتا قىلغىنىڭغا رەھمەت ! بولمىسا بىر ئۆمۈر كۈلەلمەي ئۆتۈپ كەتكۈدەكمەن ! . . .

ئاشۇ كۈندىكى ئاشۇ خىيالىم هاياتىمغا ئىنتايىن كۈچلۈك سوغۇق ئېقىملىق بىر خىل چۈشكۈنلۈكنى بوسۇپ كىرگۈزۈۋەتتى . ئەنە شۇ چاغدا قانداقتۇر پۈتۈن ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ كەتكەندەك ، قاتتىق شۈركۈن- گەندەك بولۇپ خىيالىمنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق تەكتىگە ئىختى- يارسىز شۇڭغۇپ كەتكەنىدىم . ئاشۇ خىياللاردىن كېيىن يەنە نۇرغۇنلى- غان خىياللارنى قىلغانلىقىم هېلىمۇ يادىمدا . ئېسىمدە ئەڭ ئېنىق قالغىنى مۇنداق بىر غەلىتە خىيال ئىدى : ( بۇ خىيالنىڭ باللارچە سەبىيلىكى ، ساددىلىقى ۋە قويۇق ئەخمەقلىق ، غەلىتىلىك بىلەن تولغانلىقى بەلكىم بەكمۇ قاتتىق ئازابلىنىپ ، چىدىيالماي قالغانلىقىمنىڭ مەهسۇلى بولسا كېرەك ) ئالدىمدىكى رېئاللىقنىڭ ھەممىسى بىر چۈش بولۇپ كەتسە ـ دە ، دەرھال ئويغىنىپ كەتسەم . . . بىر كىچىك بالىغا ، ياق . . . بىر بوۋاققا . . . ياق بىر تاشقا ئايلىنىپ كەتسەم . . . هېچ نەرسىنى خىيال قىلالمايدىغان ، كۆرەلمەيدىغان . . . ئويلىيالمايدىغان بولۇپ كەتسەم . . . بەلكىم خىيال قىلغانسېرى خىياللىرىم چىگىشلىشىپ ، كۆز ئالدىمغا كۆ-

رونۇپ تۇرغان مەنزىرىلەر سىرلىقلىشىپ، ئويلىرىم بىمەنىلىشىپ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ بەكمۇ قىينالغانلىقىم ئۈچۈن گويا قەدىمكى كىشىلەر سوغۇق قىشنىڭ ئەجەللىك زەربىلىرى تۈرتكىسى بىلەن رېئاللىقتا بولۇشى مۇمكىن بولمىغان، خىيالىي ئەپسانە پىرومېتى ئەپسانىسىنى توقۇپ چىققاندەك، رېئاللىقتا بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئاشۇنداق خىياللىرىمنى توقۇپ چىقىرىپ، ئۆزۈمگە خىيالىي «قۇتۇلۇش» ئىزدىگەندىمەن...

جىمجىتلىقتا ئولتۇرۇپ سۈرگەن خىيالىمدىن ھېچ كىشى خەۋەرسىز، ساۋاقداشلىرىم تانسا ئوينىدۇق دەپ ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ ئەخمەقلەرچە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرەتتى. مەن بولسام ئالدىمدىكى ئاشۇ رېئاللىقتىن شەكلىنەتتىم. ياڭراق مۇزىكا... قىزلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىشلار، چۈشىنىكسىز، مەنىسىز كۈلكىلەر، ھېچ نىمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر خىل شەكىللەرنى چىقىرىپ، گويا مەجبۇرىيەتتەك ئايلىنىشلار... بۇلارنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. گويا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر چۈش، بىر خىيالدەك، ئۇلارنى پەقەت مېنى ئازابلىغۇچى ئېزىتقۇ سەزگۈلىرىم توقۇپ چىقارغاندەك، دۇنيادا پەقەت مەندىلا يەككە - يېگانە بىر غېرىب روھ باردەك، ئۇ پەيدا قىلغان سەزگۈلىرىم ئۆلسىلا ھەممە كۆز ئالدىمدىن يوقاپ پۈتۈن دۇنيا ھېچ نەرسە يوق ھەتتا بوشلۇقمۇ يوق... مەن مەڭگۈ تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ كېتەتتىم. بەلكىم ئەنە شۇ چاغدىلا ئۆلۈمنى تونجى قېتىم ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەندىمەن. بىراق، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھالەتلەرنى مۇتلەق تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. مانا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بەكمۇ قىينالدىم. قاتتىق كۈلكە ۋە مۇزىكىلارنىڭ توختىشى بىلەن دىققىتىم ئەتراپىمدىكىلەرگە بۇرۇلاتتى. نېمە بولدۇم؟ ھېچنەرسە بولمىدىم... يەنىلا شۇ ئادەتتىكى رېئاللىق. ھاياتىمدا ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش يوق، پەقەت ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپتىمەن... بۇنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بار... بۇ ئادەتتىكى تۇرمۇشقۇ. بولدىلا نېمە خىياللارغا بېرىلىپ كەتتىم؟...

ئادەتتىكى تۇرمۇشقا ئادەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلىپ ، دائىمقىدەك ياشاپ كېتىۋەرسەم بولمىدىمۇ ؟ بىراق ھەش ـ پەش دېگۈچە خىيالىم يەنە ئاشۇ كىشىنى ئازابلايدىغان تېگى يوق ھاڭغا غۇلايتتى . . . ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە ۋە ئـادەمـلـەر غەلىتە، ئەقىلغا سىغمايدىغان چۈشىنىكسىز مەۋ- جۇدىيەت بولۇپ تۇيۇلاتتى . ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ چەكسىز دۇنيادا ھازىرقى- دەك . . . پەقەت مۇشۇنداقلا بىر ھالەتتە پەيدا بولۇپ قالغىنىمغا ھەيران قالاتتىم . . .

ئۇ كۈندىكى چەكسىز خىياللىرىمنى ئەسلەپ بولالمايمەن . ئاشۇ كۈنى خىيالىمغا كىرىۋالغان ئۆلۈپ بېقىش ، ئۆلۈپ سىناپ بېقىش ئارزۇ- يۇمغا بىر ئازدىن كېيىنلا ئۆزۈممۇ ھەيران قالغانىدىم . كۈلكىلىك ـ دە ، بىكاردىن نېمىشقا ئۆلۈۋالىدىكەنمەن ؟! يېنىمدىكى بىرەيلەن بېقىنىمغا نو- قۇپ سوئال سوراپ مېنى خىيالدىن ئويغىتىپ بىردەمدىن كېيىنلا بۇ خى- يالىمغا ھەيران قالغانىدىم . مەن ئۆلۈپ سىناپ باقسام بەلكىم ھاياتنىڭ ، روھنىڭ سىرى چوقۇم ماڭا ئايان بولۇشى مۇمكىن دېگەن خىيالىم ئۆلۈپ بېقىش توغرىسىدىكى ئاشۇ غەلىتە ئوينى كاللامغا كەلتۈرگەنىدى . شۇ- نىسى ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى ، ئاشۇ خىياللارنى قىلغاندا بۇ خىيالىم ئۆزۈمگە قىلچىمۇ غەلىتە بىلىنمىگەنىدى ... ھازىرمۇ شۇنداق ... مـەن شۇ چاغدا ھايات توغرىسىدىكى بۇ مۇرەككەپ تەگسىز ئويلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرگە دەرس قىلىپ ئۆتۈلگەندە ، رەسىم ۋە سەنئەت بىلەن ئالاقىسىز دەپ ئۆگىنىشكە ئانچە ئېتىبار بەرمىگەن دىئالېكتىك ما- تېرىيالىزم پەلسەپىسىنى ئۆگىنىشكە بەل باغلىدىم . . . بىراق ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ دۇنيا توغرىسىدىكى قارىشى ــ ئادەمنىڭ ئاخىرىدا چىرىپ توپىغا ئايلىنىپ ئۆلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قارىشى مېنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىۋات- قان روھىي دۇنيايىمنى بەربات قىلىۋەتتى .

ھايات ــ بىر قېتىملىق ئازابلىق كۆيۈش ! كىشى تۇغۇلغانىكەن ، ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ يەنى كۆيۈشكە مەجبۇر بولىدۇ . دۇنيا ــ ئۆلۈك ۋە جانسىز ماددىدۇر . ئۇنىڭغا جان ئاتا قىلىپ ، ئۇنى سۆيۈملۈك قىيا- پـەتـكە كىرگۈزگەن نەرسە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆيۈشتۇر . كۆيۈش پە-

قەت بىر خىل ماددىنى يەنە بىر خىل ماددىغا ئايلاندۇرالايدۇ. تۇترۇق بىلەن كۆلنىڭ ئارىسىدا نېمە قالدى؟ قالغىنى مەڭگۈ قۇپقۇرۇق بىر بوشلۇقلا بولالايدۇ. ئۇنداقتا ئادەم بىلەن جەسەت ئارىسىدا نېمە قېلىشى مۇمكىن؟ قالغىنى جان تالىشىش! قالغىنى كۆيۈش! مەڭگۈ كۆيۈشكە ئۇرۇنۇش! بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق بوشلۇق!

ئاھ، نېمىشقىمۇ ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە، دۇنيانىڭ قىپيالىڭاچ قىياپىتىنى كۆرۈشكە ئىنتىلىدىغاندىمەن. بەلكىم شۇندا دۇنيا گۈزەل، ئۆلۈك، شەرمەندە جەسەتتۇر. ئۇنىڭدا ياشاش، ئۇنىڭ لەززىتىگە ئىنتىلىش بەلكىم ئۆلگەن بىر ئايالنىڭ سوۋۇپ كەتكەن جەسىتىنى يالىڭاچلاپ ئۇنىڭدىن لەززەتلەنمەكچى بولغانلىقتەك كىشى مەڭگۈ پېتىنالمايدىغان بىر ئىشتۇر. بىراق...

بولدىلا، بۇ توغرىدا خىيال قىلماي! ئاشۇ ئازابلارنى ئۇنتۇش ئۈچۈن چوقۇم ئازابلىق، ئەگرى-توقاي بىر يولغا قەدەم بېسىشىم كېرەك. گەرچە بۇلار ئاشۇ قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ! ھاياتىمدا شىددەتلىك دولقۇن پەيدا قىلىپ، ئاشۇ دولقۇنلار قوينىدا تېپىرلاپ، ھەممىنى ئۇنتۇشۇم مۇمكىن!

مەن ئاشۇ خىياللارنى قىلغاندا ئۆتكەن ئىشلار يادىمغا كەلدى. يۈرىكىمنىڭ شىددەتلىك سېلىشلىرى، ئاسىيە بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى ھودۇقۇشلار... ئۇنىڭ مېنى كۆرگەندىكى چىرايىنىڭ تاتىرىپ، ئاۋازىنىڭ تىترەشلىرىنى تاماشا قىلىشلار... بۇلار مۇشۇ چاققىچىلىك ئۆمرۈمدىكى ئەڭ گۈزەل مەنزىرىلەر، رومانتىك كەچۈرمىشلەر ئىدى. بىراق، ئۇلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئەسلا جۈرئىتىم يوق. چۈنكى ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈم تولىمۇ يىرگىنىشلىك تۇيۇلاتتى. بىراق، كۆڭلۈمدە گۈزەللىككە ھاياسىزلىق قوشۇلسا گۈزەللىك تېخىمۇ شېرىنلىشىدىكەن دېگەن تۇيغۇ بار ئىدى. بۇ تۇيغۇ قانداق تۇيغۇكىن تاڭ! قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزۈم يىرگىنىدىغان ئىشنى قىلىشقا قىلچىمۇ مەيلىم بارمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تەتىلدە ھاماچامنىڭ ئوغلى ساۋاقدىشىم ئىمىنگە ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى ئالاقە قىلماسلىققا ئۇنىڭ تەكلىپىسىزلا ۋەدە

بەرگەنىدىم.

ئىمىن ئاسىيەنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئىككىمىز ئوتتۇرا مەكـتەپتىكى چاغدا بىر ياتاقتا ياتاتتۇق. ياتاق تار بولغاچقا، كارۋىتىمىزمۇ بىر ـ بىرگە جۈپلەكلىك ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن يېرىم كېچەـگىچە مۇڭدىشىپ چىققانىدىم. ئۇ ئاسىيە بىلەن ھەر بىر قېتىم ئۇچراشـقاندىكى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشـقان چاغدىكى ھەر بىر ئىشلىرىنى شۇنچە قىزىقىپ، شۇنچە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئىنچىكە سۆزلەپ كەتكەنىدىكى، ئادەتتىكى كىچىككىنە ئىشلار، ئاددىي چاقچاقلار ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاجايىپ لىرىك ۋە رومانتىك مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى بولۇپ تۇيۇلۇپ كەتكەنىكەن. ئاسىيە ئۇنىڭغا باشقا ساۋاقداشلارغا قىلغانچىلىك يېقىنچىلىق قىلسا قانداق قىلاتتىكىن تاڭ.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغانىدىم. ئاسـىيەنى ئۆزۈمگە لايىق ئەمەس دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىـغاندىن كېيىن بولسا قاراڭغۇدا ئاسىيەنى سۆيۈۋېلىپ قېچىپ كەتكىنىمنى ئويلاپ قاتتىق خىجىل بولغانىدىم. قەلبىمدىكى ئاشۇ خىجىللىق ھېسسىـياتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمىكىن ياكى ئاشۇ كۈنى قىلغان ئىشىمنى تېخىمۇ يوشۇرۇپ، باشقىلارنى مېنى ئۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىمايدىغان قىلىش ئۈچۈنمىكىن مەن ئۇنىڭدىن دەرھال سورىدىم:

— ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلساڭ قانداق؟ ئەگەر ئۆزۈڭ دېـيەلمىسەڭ مەن يەتكۈزۈپ قوياي، بولامدۇ؟

ئۇ گويا مەندىن شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا قىلاتتى. ئۇنىڭ باـياتىنقى ھايات، تۇرمۇش توغرىسىدا مۇكەممەل خۇلاسە چىقارغان، ئۆزـنى توختاتقان قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان چىراي قىياپىتى ئاللىقاـياقلارغا ئىزسىز غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى سەبىي ساپ كۈلكە ئىگىلـلىدى. كۈلكىگە مايىل، قىسقىراق كېلگەن ئۈستۈنكى لەۋلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ماڭا قارىدى:

— شۇنداق قىلايلى! سەن ئۇنىڭ بىلەن بەك يېقىن ئۆتىسەن،

ھەم ئىككىمىز بىر جوزىدا ئولتۇرىسىلەر . شۇڭا ، سەن ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى پۈرىتىپ باقساڭ قانداق ، ياكى بولمىسا سېنىڭ خېلى يېزىقچىلىق قابىلىيىتىڭ بولغاندىكىن مېنىڭ نامىمدا بىر پارچە تەسىرلىك مۇھەببەت خېتى يازماسەن ؟

ئىككىمىز تاپقان چارىمىزدىن شادلىنىپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق . مەن ئەتىسىلا ئۇنىڭ نامىدا خەت يېزىپ ئاسىيەنىڭ سومكىسىغا تۇيدۇرماي سېلىپ قويدۇم . كېيىن ئۇقۇشۇمچە ئاسىيە ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلمىغاندى . بىراق ، ئۇ ماڭا خىجىل بولغان ھالدا « جاۋاب بەرمىدى » دەپلا قويدى . مەنمۇ ئۇنى خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن كوچىلاپ سورىمىدىم . باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە ئۇ ئىمىنغا « بىز ئۈچۈن ھازىر ئەڭ مۇھىمى ئوقۇش ... بىز تېخى كىچىك » دەپتۇ .

ئىمىن بىر نەچچە كۈنگىچە بەكمۇ يۈۋاشلاپ كەتتى . مەن ئۇنىڭغا يوشۇرۇن سەپسېلىپ ئۇنى كۆزىتەتتىم ، ئۇ گاھى ـ گاھىدا بوش ئۇھ تارتىپ قوياتتى . ئۇنىڭ ھەر بىر تارتقان ئۇھلىرى يۈرىكىنىڭ بىر ئوتلام قېنى بىلەن قوشۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك چىرايى ئازابلىق قورۇلۇپ كېتەتتى .

ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان بىر چوڭ ئۆستەڭ بار ئىدى . بىز دائىم ئاشۇ ئۆستەڭ بويىدا دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ دەرس ئۆگىنەتتۇق . ئۇ بىر قېتىم سەللا يىراقتا دەرەخ غولىغا يۆلەنگىنىچە دەرس يادلاۋاتقان ئاسىيەنى كۆرسىتىپ ئەلەم بىلەن : « ئاناڭنى ... چاچلىرى نېمانچە چىرايلىقتۇ بۇ جالاپنىڭ ! » ـــ دەپ ئىختىيارسىز پىچىرلىغانىدى ـــ « ئاشۇ قويۇق چاچلار ئۇنىڭ دۇمبىسىدە ئوينىسا يۈرىكىممۇ خۇددى ئۇنىڭ بىلەن چېتىپ قويۇلغاندەك تىترەپ ، ئويناپ تۇرغان بۇ چاچلار ئىككى تال زەھەرلىك يىلاندەك يۈرىكىمنى چاقىدۇ . »

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ھەيران قالغانىدىم . راستىنى ئېيتسام بۇ سۆز ئاجايىپ چۈشىنىكسىز تۇيۇلغانىدى . ھەي ! چاچنى يىلانغا ئوخشىتىشمۇ گەپ بولدىمۇ ؟ دەپ ئويلىغانىدىم ئەينى چاغدا .

ئاسىيە كىتابتىن كۆزىنى ئۈزمەي بىر نەرسىلەرنى يادلاۋاتاتتى. بۇ بىز ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىل بولغاچقا دەرسىمىز بەكمۇ ئالدىراش ئىدى. دائىم تەكرار قىلمىساق بولمايتتى. ئاسىيە دەرستە بەكمۇ تىرىشچان ئىدى. مەن ئۇنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىنى كۆزەتتىم. ئۇنىڭ قامىتى زىلۋا ھەم گۈزەل ئىدى. كەينىگە چۈشۈپ تۇرغان قويۇق چاچلىرى ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈلگەن بولۇپ، بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن ئەتلەس كۆڭلەكلىرى ئۈستىدە يالتىرايتتى. كاسىسىغا چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنىڭ ئۇچى چۇۋۇلغان بولۇپ مەيىن شامالدا ئاستا يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

ئىمىنىگە قارىدىم. ئۇنىڭ چىشىنى قاتتىق كىرىشتۇرگەنلىكى گۆلچىلىك تومپايغان ئىككى ياڭىقىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. گويا ئىچىدىكى بارلىق دەرد ــ ئەلەملىرىنى سىقىپ چىقارماقچى بولغاندەك ھاۋانى ئىچىگە قاتتىق سۈمۈرۈپ، ئۇنىڭغا تىكىلەتتى. ھەسەت ئوتى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشاش ئەسەبىيلەشكەنىدى.

ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىنى ئۇنتالمايمەن. ھېلىمۇ ئاسىيە توغرۇلۇق خىيال قىلسام، ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بولىمەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى نەملەر كەينىدىن چىقىۋاتقان زەئىپ نۇرلار شۇ تاپتىمۇ ماڭا سانچىلىپ تۇرغاندەك، تېنىم بىردىنلا تىكەنلىشىپ، خىيالىمنى ئاسىيەدىن يۆتكەشكە تىرىشىمەن.

ئاشۇلارنى ئەسلەپ شۇنداق تۇيغۇغا كەلدىمكى، زېرىكىشلىك تۇرمۇش قوينىدا ھاياتنىڭ كىشى قۇتۇلۇپ بولغىلى بولمايدىغان ئەسلى ئازابىنى تارتىپ، جىمجىتلىق ئىلكىدە تۈگەشكىچە ئۆزى خالايدىغان نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمىسىمۇ ئىنتىلىش، گۈزەل ئارزۇلار ئۈچۈن بەختسىزلىككە ئۇچراش مەنىلىك ۋە ھەسرەتسىز ئىكەن. بىمەنىلىككە ئەسىر بولۇپ، ئۈن ـ تىنسىز ئۆرتىنىپ، پۈتۈن دەردنى ئىچىگە يۇتۇپ ياشاشتىن، مۇھەببەت، گۈزەللىك ئۈچۈن ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ قانغۇدەك يىغلاش راھەت ئىكەن. بەختكە ئېرىشەلمەسلىكتىن قورقۇمدىمەن؟ بەختسىزلىك بولسىمۇ ئېرىدىشىم كېرەك. مۇھەببەتنىڭ لەززەتلىك ھەسرىتىدىن بەھرىمەن بولۇشۇم كېرەك. مەن ئاخىر بىرەر قىزغا مۇھەببەت

ئىزھار قىلماقچى بولۇپ كۆڭلۈمدە نىشان تاللىدىم. شۇنداق ئەلۋىلىك بىلەن بۇ يولغا قەدەم باسماقچى بولدۇمكى، پوشكىن ئېيتقاندەك «مەن ئۈچۈن مۇھەببەتنىڭ ئەڭ ئازابلىق يوللىرىمۇ تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئوڭۇشلۇق باشقا يوللىرىدىن پارلاق ۋە شەرەپلىك» ئىدى. مەن دەسلەپتە مېنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان كىنو ئارتىسلىرىغىمۇ مۇھەببەت خېتى يېزىشنى ئويلىدىم. بىراق، ئۇلار مەندەك بىر ئەرزىمەس ئادەمگە ۋاقتىنى ئاۋارە قىلىپ خەتمۇ يازماسلىقى مۇمكىنغۇ! تەكلىپىمنى رەت قىلغان جاۋابقىمۇ ئېرىشەلمىسەم... بۇ ئادەتتە ئەمەلگە ئاشماسلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىدىغان بەزى بىھۇدە خىياللىرىمدىنمۇ بەكرەك ئازابلىق بولمامدۇ؟ مېنىڭ ئىزدىگەن ئازابىم بۇنداق جىمجىت ئازاب ئەمەس ئىدى...

يەنە نۇرغۇنلىغان قىزلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. شۇ چاغدا ئەركىنىنىڭ ياتىقىدا تۇنجى رەت كۆرگەن مۇشۇ قىز يادىمغا يەتكەنىدى. بىراق، ئۇ مېنىڭ غايەمدىكى ئاياللارنىڭ بارلىق گۈزەللىكى ۋە مېھرىنى جەم قىلغان مۇكەممەل ئايالliقا ئىگە قىز ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا خەت يېزىشقا بەل باغلىدىم. ئۇنىڭ ئىسمىنى باشقىلاردىن سوراپ بىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي... ئاشۇنداق ئىسمىنى بىلمەي تۇرۇپ خەت يازغانىدىم.

ئاشۇ چاغدىلا مەندە ھەسرەت تۇيغۇسى بار ئىدى. بۇ يولغا قەدەم بېسىشىمنى نېمىشقا شۇنچە ئازابلىق دەپ ئويلىغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بۇ پەقەت بىر خىل ئازابنى يەنە بىر خىل ئازابقا ئالماشتۇرۇشلا ئىدى خالاس. بۇرۇنقىسى مەڭگۈ ھەل قىلغىلى ۋە قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئازاب ئىدى. بۇ بولسا قۇتۇلغىلى ۋە ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولىدىغان ئازاب. بۇ ئازابنى كۆپلەپ تاپقىلى ۋە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ بىر ـ بىرلەپ يېڭىپ، ھاياتتىكى بەختسىزلىك، ئوڭۇشسىزلىقلىرىمنى يېڭىپ كېتىۋاتىمەن دېگەن بىر خىل سۈنئىي شادلىققا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

خەتتە ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكى ھەممە دەردلىرىمنى تۆككۈم كېلەتتى. كېچىسى ئۇخلىماي ئۇنىڭغا يازىدىغان خەتلىرىمنىڭ ھەر بىر پەش چېكىتلىرى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا قىلىدىغان ئىشلىرىمنىڭ

ھەر بىر ھەرىكەتلىرىگىچە گويا ئەتىلا بىر ـ بىرلەپ يۈز بېرىدىغاندەك ، شۇ ھەرىكەتنى راستىنلا قىلىۋاتقاندەك شۇنچە ئېنچىكىلىك بىلەن ئويلاپ كەتكەنىدىم . بىراق ، خەت يازغۇچە ئويلىغانلىرىمنى تۈزۈكرەك ئىپادىلەپ بولالماي ئۆزۈمنىڭ سۆزگە نائۇستىلىقىمغا كايىيتتىم .

خېتىمنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدىم :

« ئۇزاقتىن بۇيان بەخت ، ئىستىقبال ، مۇھەببەت دېگەنلەرگە ئىشەنمەس بولۇپ قالدىم . بۇلارنىڭ ھەممىسى تەنھالىق ۋە تەشنالىقلارنىڭ مېنى يەتكۈچە قىيىنغانلىقىدىن بولسا كېرەك ، جىمجىت روھىي دۇنيايىم شۇ قەدەر مەنىسىز ، بىچارە جىسمىم بۇ دۇنيادا خۇددى ھەرىكەتلىنىۋاتقان جەسەتتەك ئۇن ـ تىنسىز لەيلەپ يۈرمەكتە . مەن سىزدىن مەن ئۈچۈن ھاياتتا ئەڭ كېرەكلىك بولغان نەرسىنى يەنى ئۇنىڭغا جان ۋە جۇشقۇن روھ ئاتا قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن ... پەقەت ... پەقەتلا ئۈمىد قىلالايمەن . بەلكىم بۇ ئۇلۇغ بىر موھتاجلىق ، ئۇلۇغ بىر بىچارىلىكتۇر . خۇددى قەبرىگە ئوخشاپ قالغان خۇنۇك ۋە سوغۇق يۈرىكىمنى ئىللىتىشىڭىزنى ـــ ئۇنىڭغا يالقۇن ۋە شىددەتلىك ھاياجانلار ئىچىدە گۈزەل تېپىرلاشلارنى تەقدىم قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن . مەن پەقەتلا ئۆتىنەلەيمەن ، شۇنىڭغىلا قادىرمەن . نېمىشقىدۇر مۇھەببەت دەپ ئويلىسام قەلبىمنىڭ تېگى ـ تېگىدىن بىر خىل ھارغىن ئۈمىدسىزلىك ئۇرغۇپ چىقىدۇ . قىزلار مەن ئۈچۈن شۇ قەدەر سىرلىق بىلىنىدۇكى ، ئۇلارغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش دۇنياغا بارلىق كىيىملىرىمنى سېلىۋېتىپ ھەتتا تېرىلىرىمدىن تارتىپ سېلىۋېتىپ نامايان بولۇشتەك نومۇسلۇق ۋە قورقۇنچلۇق تۇيۇلىدۇ . بىر قىزغا ـــ بىر قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ، بىر قىزنىڭ روھىي دۇنياسىغا ، بىر قىزنىڭ رىۋايەتتىكى مەنزىرىلەردەك گۈزەل ۋە قورقۇنچلۇق ، تىلسىماتتەك سېھىرلىك ۋە ئۇلۇغ سۆيگۈسىگە قەدەم باسقىنىمدا ۋۇجۇدۇم جۇغۇلدايدۇ . ئاھ ! دۇنيادا ئىنسان ۋە ئىنسان روھىدىنمۇ سىرلىق نەرسە ، كىشىنىڭ تېنىنى ئەيمەندۈرىدىغان نەرسە بارمىدۇ ـ ھە ! بىلمەيمەن ، مەندە بۇنداق تۇيغۇلارنىڭ بولۇشى بەلكىم خام ـ خىيالغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىپ ، بەكمۇ چوڭقۇر

ئويلاپ ، ئالدىمدىكى ئادەتتىكى نەرسىلەرنىمۇ ئۆزۈمچە سىرلىقلاشتۇرۇۋې-تىپ بارغانلىقىمدىندۇر . دۇنيادا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا مۇھەببەت ئىزهار قىلىشى ئىنسانىيەت تارىخىدا بولۇپ باقمىغاندەك ، پەقەت مېنىڭلا قىلىۋات-قان ئىشىمدەك ، شۇنداق قىلسام‍لا دۇنيادىكى ھەممە ئىنسان ماڭا ھەيران-لىق بىلەن كۆز تىكىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ . تۇرمۇشتا بىر ـ بىرىگە مۇھەب-بەت ئىزهار قىلىش ، توي قىلىش ناھايىتى ئادەتتىكى بىر ئىشقۇ ! بىراق ماڭا يەنىلا شۇنداق تۇيۇلىدۇ . ئاياللار گويا مۇنۇ ماددىي دۇنيانىڭ بىر قىسمى ئەمەستەك ، گۆش بىلەن قاندىن ئىبارەت ماددىلاردىن تۈزۈلمى-گەندەك ، قەلبىمنى سىرلىق بىر ھېسسىيات چۇلغىۋالىدۇ . مەندىكى ئەر-لىك جاسارەت نەگە كەتتى ؟! نېمىشقا گۈزەل تۇيغۇ ، شېرىن ئارزۇلار ئۇچۇن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ياشلىقىمنى سۆيگۈنىڭ مۇ-قەددەس كۈيىگە پۈركىيەلمەيمەن ؟!

بەلكىم جۈرئەتسىزلىكىمدىن بۇ خەتنى سىزگە يەنىلا تاپشۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي ، گويا ئېپپەتلىك قىزلار ئۆزىنىڭ يۈرەك سىرلىرىنى ساقلىغاندەك ساقلاپ يۈرەرمەن . بەلكىم خەت سىزنىڭ قولىڭىزغا چۇ-شۇشىگىلا ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ مەخپىيىتىم باشقا بىراۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىدەك خەتنى سىزگە تاپشۇرغىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلارمەن ...

مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ — دۇنيادىكى ئەڭ غەلىتە خىياللار قىلىدىغان ئادەم ( بەلكىم شۇنداقتۇر ) نىڭ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان يەككە ـ يېگانە قەلبىنى خەت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بولالارمەنمۇ ؟!

خۇددى يېتىم قىز ئۆز ئانىسىنى كۆرۈپ دەرد تۆككەندەك دەرد ـ ھەسرەتلىرىمنى ئېيتىپ كېتىۋاتقىنىمدا ئىسمىمنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇۋاتقانسىز . بىراق ، مەن ھازىر سىزگە ئىسمىمنى ئاشكارىلاشقا ئاجىزمەن ... بەكمۇ ئاجىزمەن . خېتىمدىن مېنىڭ قانداق بىر يىگىت ئى-كەنلىكىمنى بىلگەنسىز . پەقەت شۇنى بىلسىڭىزلا ماڭا مەڭگۈ كۇپايە ... ئىسىم دېگەن نېمىگە ئەرزىيتتى . بولۇپمۇ سىز ئۈچۈن مېنىڭ ئىسمىم ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغاندۇ . مېنىڭ ئىسمىم دۇنيادىكى سانسىزلىغان ئى-

سىملارنىڭ بىرى شۇ، مەنمۇ ھازىر خىجىللىق ئىچىدە شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىمۇ تولۇق بىلمەيمەن ...

مېنىڭ روھىم سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزغا سىڭىپ كىرەلىسە ئىدى، تولىمۇ شادلانغان بولاتتىم ... بىراق بۇ تەسەۋۋۇرۇمغا سىغمايدۇ ... تەنھالىق يۈرىكىمگە بەكمۇ قەھرلىك سانچىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇ مېنىڭ ھازىرقى ھاياتىمدىكى ئەڭ شېرىن ئارمىنىمغا ئايلىنىپ قالدى.

مەن سىزنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيمەن ... مەن ئۈچۈن بىر قىزنىڭ مۇھەببىتى ئىنتايىن مۇھىم، بىراق مەن سىزنىڭ دەرھاللا جاۋاب بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلمايمەن.

مەن سىزگە مۇھەببەتكە سادىق بولىدىغانلىقىم توغرىسىدا بىر ھازا ۋەدە قىلىشنى خالىمايمەن. چۈنكى، ئېغىز دېگەن ئەركىن نەرسە. ئېغىزنى مىدىرلىتىش ھېچقانچىلىك كۈچ تەلەپ قىلمايدۇ. قەلەممۇ شۇنداق. ھەرقانداق سۆزنى دېگىلى ۋە يازغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ۋەدە قىلىش بىھۇدە.

بەلكىم ئۇزاق ئۆتمەي ئىسمىمنى بىلىۋالارسىز ... ... »

خەتنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاخىرىنى قانداق يېزىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئەمدى يەنە نېمىلەرنى يازاي ؟! دەيدىغان گەپلىرىمنى دەپ بولدۇم. بىراق، بىرلا گەپنى يەنى « مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن » ياكى « مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم » دېگەن سۆزنى دېمەپتىمەن. بوپتۇلا بۇنى يېزىپ نېمە قىلىمەن ؟! مەن ئۇنى راستىنلا ياخشى كۆرەمدىم ؟ ئۇ راستىنلا چىرايلىقمۇ ؟!

مەن ئۆمرۈمدە نۇرغۇنلىغان چىرايلىق قىزلارنى، كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ساھىبجاماللارنى ئۇچراتقانىدىم. ئۇلارغا ئاجايىپ غايىۋانە ئىنتىلىشلەردە بولغانىدىم. پۈتۈن ئۆمرۈمدە تەقدىرنىڭ، ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ شېرىن نەرسىلىرىدىن — ئاشۇ گۈزەل بەدەنلەردىن قىلچىمۇ لەززەت ئالالمايمەن دېگەننى خىيال قىلىشقا ئەسلا جۈرئەت قىلالمايتتىم! مەندە شۇنداق غالجىر بىر ئىچتارلىق بار ئىدىكى، ھاياتىمدىكى ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان نەرسەمگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمنى ئېتىراپ

قىلسام مېنىڭ تۆگەشكىنىم شۇ ئىدى . ئۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق تۆگىشىش بولسۇن ؟! ئۇنى ئېتىراپ قىلىشىم ياشىشىمنىڭ بىر مەغلۇبىيەت ، بىر تىراگېدىيە ئىكەنلىكىنى تامامەن ئېتىراپ قىلغانلىقىم ئىدى .

مانا ئەمدى ئۆزۈمگە ئانچىمۇ يارىمايدىغان ئادەتتىكى بىر قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ ، ئاشۇلاردىن كۆتۈشكە تېگىشلىك لەززەتنى كۈتۈۋاتاتتىم . ھەر ھالدا ئۇ خېلى يېقىملىق ئىدى . ئۇنىڭ قامىتى كېشىنى ئاز - تولا ئۆزىگە تارتىيالايتتى . پەقەت ئەتراپىمدا مەن ئالاقىلىشالايدىغان چىرايلىق قىزلار بەكمۇ ئاز بولغاچقا پەقەت ئاشۇنى تاللاشقىلا مەجبۇر بولغانىدىم .

ئاسىيەنىمۇ ئاز - تولا چىرايلىق دەپ ئويلايتتىم . لېكىن ۋاي دېگۈچىلىكى يوق ئىدى . خىيالىمدىكى ، غايەمدىكى ھەممە يېرى چەكسىز گۈزەللىك بىلەن تولغان سەنەتكە ئايالLARنىڭ سىماسىغا ئۇنى تەگلەشتۈرگىلى بولمايتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ئەسلا ئاشىق ئەمەسىدىم . بىراق ، ئاشۇ چاغلاردا قىزلار بىلەن بەك ئاز ئارىلاشقاچقا ، قىزلار بىلەن ئارىلىشىپلا ۋۇجۇدۇمغا قىز مىجەزى سىڭىپ كېتىپ ئالىي مەكتەپكە كەلگەندە قىزلار ئاز مۇھىتتا ، ئوغۇللار بىلەنلا ئارىلىشىپ ، ئانچە ئۇلار بىلەن چىقىشىپ كېتەلمىگەچكە ، دائىم مەن بىلەن مۇڭدىشىدىغان ، چاقچاقلىشىدىغان شوخ قىز ساۋاقدىشىم ئاسىيەنى بەكمۇ سېغىنغانىدىم . بۇ پەقەتلا ساددا سېغىنىش ئىدى .

بۇرۇن قىزلار بىلەن ئولتۇرۇشقا بەكمۇ ئاچچىقىم كېلەتتى . تارتىنىشتىن بولسا كېرەك قىزلاردىن قېچىشقىلا تىرىشاتتىم . باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ، بىرىنچى سىنىپتىلا قىزلار بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدىم تاكى ئالىي مەكتەپكە كەلگۈچە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىزلار بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ كەپتىمەن . ھېلىمۇ يادىمدا ، پەقەت تولۇقسىزنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇغاندىلا بىر مەۋسۇم ئوغۇللار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپتىمەن . بۇ پۇرسەتنىمۇ ئوقۇتقۇچۇم ئالدىغا يىغلاپ كىرىپ ئاران قولغا كەلتۈرگەنىدىم . شۇ چاغدىكى يىغلاڭغۇلۇقۇمنى ئويلىسام ھېلىمۇ خىجىل بولۇپ كېتىمەن . شۇ كۈنى بىزنىڭ سى-

نىپتىكى بىر قىسىم چوڭراق ياشلىق ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ھېجىيىشىپ ، قاملاشمىغان چاقچاقلار بىلەن چىشىمغا تەگكەنىدى .
— ھەي ! قىز بالىدىن پەرقىڭ يوق ئىكەن ! يېنىڭدا ئولتۇرغان قىزلار شۇنچە يېقىنچىلىق قىلسىمۇ جىم ئولتۇرىدىكەنسەن ...
— يېقىنلىرىڭغا نوقۇشلاپ ، قىچىقلاپ ، قۇچاقلىشىۋالسىمۇ جىم ئولتۇرىدىكەنسەن . سەنمۇ ئەمچىكنى مىجىۋالساڭ بولمامدۇ ؟ مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولسام دېگەن ...
— بۇ ئوغۇل بالا ئەمەس ئوخشايدۇ ...
— « ئۇكام ... ئۇكام » دەپ ماڭا شۇنداق چاقچاق قىلىدىغان بولسا « ۋاي ئاچا » دەپلا چوككىدە بىرنى سۆيۈۋالاتتىم ...
...................

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن خىجىل بولۇپ ئۆزۈمنى چەتكە ئالغانسېرى ئۇلار تېخىمۇ ئەزۋەيلىشەتتى . ئاخىر سىنىپ مەسئۇلىمىزنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كىرىپ ، مېنى قىزلارنىڭ يېنىدىن يۆتكىۋېتىشنى تەلەپ قىلدىم . شۇنىڭدىن كېيىنلا قىزلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنىڭ خىجىللىقىدىن قۇتۇلۇپ ئاران تەستە ئوغۇللار بىلەن بىللە ئولتۇرۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەنىدىم . بىراق ، بىر ئايدىن ئۇزاقراق ئۆتە ـ ئۆتمەيلا دادام مېنى بىر ئاغىنىسى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەكتەپكە يۆتكىۋەتتى . ئۇ مەكتەپكە بېرىپلا يەنە شۇ ئەنسىرەيدىغان ئىشىم يۈز بەردى . يەنىلا قىزلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم . چۈنكى ، مەن كىرگەن سىنىپتا ئوغۇللارنىڭ ئارىسىدا بوش ئورۇندۇق يوق بولۇپ ، قىزلارنىڭ ئولتۇرىدىغان پارتىسىدا بىر بوش ئورۇن بار ئىكەن .
ئوقۇتقۇچىمىز دائىملا گويا چوڭ ياشلىق ئوغۇللار قىزلار بىلەن بىللە ئولتۇرسا ئارىسىدا بىرەرئىش يۈز بېرىدىغاندەك « كىچىك بولغاندىكىن » دەپ مېنىلا ئۇ يەردە ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلايتتى .
يېشىم چوڭايغانسېرى قىزلاردىن بىزار بولمايدىغان بولدۇم . ئىنسانلاردىكى بارلىق مېھرىبانلىق ، ئىللىقلىق ۋە گۈزەللىك قىزلارغىلا جەم بولغاندەك ، ئوغۇللار بولسا ئىنتايىن قوپال ۋە بەدقىلىق تۇيۇلىدىغان بو-

لۈپ قالدى. قىزلارمۇ ماڭا بەك ئامراق ئىدى. دائىم مېنى ئەركىلىتىپ قوياتتى. دەرستىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن چاغنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتۈن كۈنۈم قىزلار بىلەنلا ئۆتەتتى. ئويۇندىمۇ، ئۆگىنىشتىمۇ ھەممىدە ئۇلاردىن ئايرىلمايتتىم. ئۇ چاغدا ئۇلار مەن ئۈچۈن ھېچقانچىلىك سىرلىق تۇيۇلمايتتى. ئەتراپىمدا ئولتۇرىدىغان قىزلار مەن ئۈچۈن پەقەت يېقىن دوستلارلا ئىدى. گويا ئۇلارنىڭ مەن بىلەن پەرقى يوقتەك، ئۆز ئارا پەرق جەھەتتە زادىلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن.

ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن بىردىنلا بارلىق يېقىن كىشىلىرىمدىن ئايرىلىپ، يات بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك يېتىمسىراپ قالغاندىم. بۇ يەردە تونۇش قىزلارمۇ بەك ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭىيىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالىدىغان چاغلىرىمنىڭ كەلگەنلىكىنى سېزىپ يەتكەنىدىم. ئەمدى قىزلارغا بالىلىق چاغلىرىمدىكىدەك ئارىلاشقىلى بولمايتتى. شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىردىنلا ئادەملەردىن يىراقلىشىش، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشنى خالىماسلىق قەلبىمدە ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتىۋالغانىدى. ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم بىلەن سەل ـ پەل بىرگە بولساملا بىردەمدىلا ئەرزىمەس ئىشلار سەۋەبىدىن بىر نەچچىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ، قېيىدىشىپ قالاتتىم. شۇنىڭ بىلەن دائىملا تونۇش ـ بىلىشلەر يوق يەرلەردە، مەكتەپنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا ۋە ساۋاقداشلىرىم بارمايدىغان چەت سىنىپلاردا ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولاتتىم. دەرس ۋاقىتلىرىدىمۇ بۇلۇڭغا بېرىۋېلىپ، ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇراتتىم.

قىزلار مەن ئۈچۈن ئاجايىپ سىرلىق تۇيۇلماقتا. چۈنكى، مەن ئەمدى مۇھەببەت يولىغا قەدەم باسقانىدىم. بۈگۈنكى كۈندە «مۇھەببەت» دېگەن بۇ بىر سۆزگە ئۇلۇغلۇق ۋە مۇقەددەسلىكتە دۇنيادىكى ھېچ نەرسىنىڭ تەڭ بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكىنىمدە، «مۇھەببەت» دېگەن ئاشۇ سۆزنى يازغۇچە قوللىرىم تىترەيدىغان، ئاشۇ سۆزنى ئېيتقۇچە گويا مەلۇم سېھرىي كۈچ تەرىپىدىن قاتۇرۇۋېتىلىۋاتقاندەك لەۋلىرىم، تىلىم ۋە بوغۇزۇم بىردىنلا ئۇيۇشۇپ قالىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مەن ناخشىلار ، شېئىرلار ، رومانلار ، كىنولار ، ئۇسسۇللار ، رە-
سىملەر ۋە باشقا سەنئەتكە ۋە ئىنسان ھېسسىياتىغا تەئەللۇق بولغان ھا-
ياتنىڭ ھەممە تەرىپىدە مۇھەببەتنىڭ نەقەدەر زور ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلى-
كىنى سىزىپ يەتكىنىمدە ، مۇھەببەتنىڭ چەكسىز ئۇلۇغلۇقى ، مۇقەد-
دەسلىكى ۋە خاسىيىتى ئالدىدا ئۆمرۈمدىكى ئەڭ چوڭ تەمتىرەش ۋە قات-
تىق ھاياجانغا دۇچ كېلىۋاتاتتىم .
خەتنى يېزىپ بولۇپ ، ئاۋايلاپ قاتلاپ ھېچ كىشىگە كۆرسەت-
مەسلىك ئۈچۈن ئۇنى قەيەرگە يوشۇرۇش توغرىسىدا خىيال سۈرگەن
ھالدا ئۇنى سومكامغا سېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قوينۇمغا سېلىۋالدىم .
بىر نەچچە كۈنگىچە خەتنى ئۇنىڭغا قانداق تاپشۇرۇشنىڭ ئاما-
لىنى ئويلاپ تاپالماي ، خەتنى ھېلىلا بىرسى ئوغرىلاپ ، مېنىڭ پۈتكۈل
ئىچكى سىرلىرىم ھەممە ئادەمگە ئاشكارىلىنىپ ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تو-
گىمەس ئىزاغا قالىدىغاندەك ئۇنى قورقۇنچ بىلەن تىقىپ ساقلاپ يۈردۈم .
دائىم ئۇنىڭ ئوغۇللار بىناسى تەرەپكە كىرىپ كېلىۋاتقىنىنى ياكى ياتاق
بىناسى ئالدىدا بىرەر ئوغۇل بالا بىلەن كۈلكىسىنى بولۇشىچە ئەركىن
قويۇۋېتىپ ، كىشىنى مەست قىلىدىغان شەھلا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇ-
رۇپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ، بارلىق ھېسسىياتى بىلەن بېرىلگىنىچە چاقچاق-
لىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتىم . شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىدىن
دۇنيادىكى بارلىق ئەرلەرگە سەرپ قىلىسىمۇ قىلچىمۇ ئازلىمايدىغان چەك-
سىز چوڭقۇر ھېسسىياتىنى بايقىۋالاتتىم . ئۇنىڭ ئەرلەرگە شۇ قەدەر
ئامراقلىقىغا ھەيران قالاتتىم . ئۇنىڭ ئاشۇ رەھىمسىز كۈلكىلىرى يۈرە-
كىمگە خەنجەردەك سانچىلاتتى . ئۇنى كۆرگەندىن بۇيان ئۇنى كۆلۈپ
تۇرغان چاغدا ئۇچراتساملا ئۇنىڭ ئاشۇ تەبىئىي ، ساپ كۈلكىسىنىڭ
ئەرلەرگە مەنسۇپ بولمىغان بىرەر تامچىسىنىمۇ سېزەلمەيتتىم . مەن ئەر-
لەردىن ئەمەس ئۇنىڭدىن ھەسەت قىلاتتىم . ئۇنىڭ كۈلگىنىنى كۆرسەم
دەرھاللا باشقا ياققا قارىۋالاتتىم . ئۇنى قەيەردىلا كۆرسەم ئوغۇللارنىڭ
يېنىدا كۆرەتتىم . يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ بوغۇزۇمغا قاپلاشقاندەك
بولاتتى . مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىش ئەمەس ئۇنىڭ بىلەن باش لىڭشىتىپ

سالام قىلىشقىنىمۇ جۈرئەت قىلالماي يىراقتىن ئەگىشىپ ئۆتۈپ كېتەتتىم.

مەن ئۈچۈن مەڭگۈ پەقەت بىرلا قېتىم بولىدىغان ياشلىقتا نېمىشقا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، مۇھەببەت، گۈزەللىك ئۈچۈن ئىنتىلەلمەيمەن؟! يۈرىكىمدىكى چەكسىز يالقۇن دېڭىزلىرى ھاياتىمنىڭ سوغۇقلۇقىغا قىلچە تەسىر قىلالماي قاچانغىچە گۆرگە تىرىك دەپنە قىلىنغاندەك سىقىلىپ، بوغۇلۇپ تۇرىۋېرىدۇ؟!

يازغان خەتنى قويۇن يانچۇقۇمغا سېلىۋېلىپ، كۆكسۈمدە خۇددى چوغنى ساقلىغاندەك ھودۇقۇش، تەمتىرەش ۋە تاقەتسىزلىك بىلەن بىر ئايدەك ساقلىدىم.

بۇ مېنىڭ نېمە قىلغىنىم؟! پۈتۈن ھاياتىمدا ھېچ كىشىگە ئېيتىپ باقمىغان، قىزلار مەڭگۈ قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان قىزلىقىنى ساقلاپ كەلگەندەك ساقلاپ كەلگەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق، گۈزەل ۋە مۇقەددەس بولغان «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن 17 ھەرپنىڭ يىغىندىسىنى تۇنجى قېتىم مەن بىلەن ئانچە تونۇشلۇقى يوق ۋە ئانچە كۆڭلۈم خالاپ كەتمىگەن بىرسىگە ئېيتىمەن ـ ھە! بۇ نەقەدەر قورقۇنچلۇق! ئاشۇ سۆزنى ئاڭلىغۇچىنىڭ چىرايى، كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇرلار ئۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئاشۇ مىنۇت، ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپ مەن ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا ۋە ھاياتقا ئايلىنىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ تىكىلىشى پۈتۈن دۇنيانىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىدەك ئۆزىنىڭ سىرلىق نۇرلىرى بىلەن مېنى قۇل قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۇچرىشىش، ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىگە قانداق قاراش مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمغا سىغمايدىغان بولىدۇ ـ دە، ئۇنى كۆرسەملا تېخىمۇ قاچىدىغان بولىمەن.

ئاخىر خەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم. ئۆتكەندە يازغان خېتىمنىڭ ئارقىسىغا مۇنۇلارنى قېتىپ قويدۇم:

«... ئەگەر يۈرگىنىڭىز بولمىسا، بىرەرسى بىلەن يۈرۈشنى خالىسىڭىز ئەتە يەنى سەيشەنبە كۈنى سائەت ئالتىدە مەكتەپنىڭ كىنو زالىنىڭ ئالدىدىكى چىملىقتا كېلىڭ. مەن شۇنىڭدىن جاۋابىڭىزنى بىلە-

مەن ... »

خەتكە ئىسمىنى يازمىدىم . بەلكىم بۇ تازىمۇ ھاماقەتلىكتۇر . شۇنى ئويلىسام ھېلىمۇ قاتتىق خىجىل بولۇپ كېتىمەن . خەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمىسەم بولمايتتى . ئاخىر ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدىم . يازغان خېتىمدە ئۇنىڭ ئىسمىنى خاتا يازغانىدىم . بىراق ، خەتتە قوللانغان ئىسمىنى ئۆزگەرتمىدىم . بۇنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى . ئۇنىڭ مەن خېتىمدە قوللانغان ئاشۇ ئىسمى مېنىڭ تۇنجى قېتىملىق سەبىي ، پاك ۋە ئەخمەقلەرچە قىزغىنلىق بىلەن تولغان سۆيگۈمنىڭ سىمۋولى بولۇپ قەلبىمدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ . بۇ ئىسىم ھامان ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمىدىن نەچچە ھەسسە سۆيۈملۈك بولۇپ تۇيۇلىدۇ . بۇ ئىسىمغا مېنىڭ غۇبارسىز ئەخمەقلىقىم ، گۈزەل ئەخمەقلىقىم سىڭىپ كەتكەن . دائىم تەنھا ئولتۇرۇپ خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقان چاغلاردا دائىملا ئۇنى ئاشۇ ئىسىم بىلەن ئاتايمەن ... ئۇنىڭ كېيىنكى ئىسمىنى ئانچە ئاتاشنى خالىمايمەن . يەنە بىر خىل ئاتاش ئۇنىڭغا خەتنى تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بىر كۈن بۇرۇن قەلبىمدە ئەڭ گۈزەل بىر سۆز بولۇپ قالدى . بۇ سۆز « شاپاقچى » دېگەن سۆز . بۇ سۆزنىڭ ماڭا نېمە ئۈچۈن گويا دۇنيادىكى بارلىق ئاياللارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك تەرەپلىرى جەملەنگەندەك ، ئاجايىپ شېرىن بولۇپ تۇيۇلۇشىغا مۇشۇ چاققىچە ھەيرانمەن .

خەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشتىن بىر كۈن ئاۋۋال ئەركىن تۇيۇقسىز ياتىقىمغا مېنى ئىزدەپ كىرىپ قالدى . بىزنىڭ مەھەللىدىن بىر ئادەم بېيجىڭغا مەلۇم ئىش بىلەن كەلگەنىكەن . ئۇ ئەركىن بىلەن ئىككىمىزگە ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەۋەتكەن خەت ـ خالتىلىرىنى ئالغاچ كەلگەنىكەن ، باشقىلاردىن بىزنى كەلسۇن دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ . ئەركىن سەن ئالغاچ كەلسەڭمۇ بولىدىغۇ دېسەم ئۇنىماي ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قويمىساڭ بولمايدۇ ، دەپ مېنى بىللە ئېلىپ باردى .

يۇرتتىن كەلگەن ھېلىقى كىشى چۈشكەن مېھمانخانىغا بېرىش ئۈچۈن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ يەنە پىيادە خېلى ئۇزاق مېڭىشقا توغرا

كېلەتتى. بىز يولدا پاراڭلاشقاچ ماڭدۇق.

— بەكمۇ دەردمەنلىشىپ كېتىپ بارىسەن، زادى نېمە بولدۇڭ؟! بىرەر قېتىممۇ ئىلگىرىكىدەك خۇشال - خۇرام يۈرگىنىڭنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بىر پارچە سوغۇق مۇزغا ئوخشاش جىمجىتلا بولۇپ قالدىڭ. ياكى بىرەر ئېغىز پارىڭىڭنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ قولىنى مۈرەمگە قويۇپ، گويا مۇزدەك قېتىپ كەتكەن سوغۇق بىر ئۇيقۇدىن ئويغاتماقچى بولغاندەك، قولى بىلەن سىلكىشلىدى.

مەن ئۈندىمەستىن يىراق ئۇپۇققا، لېپىپ كەتكەن كۆلچەكتەك قاپقارا دۇغلىنىپ تۇرغان ئاسمانغا قارىغىنىمچە ماڭىۋەردىم. مەندە ئۇنىڭ سوئالىغا بېرىدىغان جاۋاب يوق ئىدى. ئەگەر ئاشۇ سوئالنى ئۆزۈم ئۆزۈمدىن سورىغان بولساممۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيتتىم. چۈنكى باشقىلارغا ئېيتىپ دەرد تۆككىدەك كۈلپەتلىك تەقدىرلەرگە، بەختسىزلىكلەرگە دۇچ كەلگىنىم يوق. ئەگەر كۆڭلۈمدە دائىم ئويلايدىغان ھەسرەتلىك خىياللىرىمنى ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدىغان بولسا، ئۇ ئاڭلاپ چوقۇم مېنى مەسخىرە قىلىپ، ھەددىدىن ئارتۇق خىيالپەرەسلىكىمگە ھەيران قېلىپ ھارغىنچە كۈلەر...

شۇ كۈنى بېيجىڭنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. كوچا چىراغلىرى ئاستىدا ئاپئاق يالتىراپ كۆرۈنۈپ تۇرغان قار بىزگە قاراپ دوستانىلارچە كۈلۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. بۇ كۈلكە كىشىنىڭ مېڭىسىنى سەگىتىدىغان نەمخۇش كۈلكە ئىدى.

— نېمىشقا سەنئەتكارلارنىڭ ھەممىسى سەندەك غەلىتە؟ گېپىمنى ئاڭلا. بىز بۇنچىۋالامۇ بولۇپ كەتمەيلى. ئىككىمىز بىر يۇرتلۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىن ئاغىنە. دائىم غەمگە پېتىپلا يۈرگىنىڭنى كۆرسەم مېنىڭمۇ يۈرىكىم پېژىلدايدۇ. سەن بىلەن مۇڭدىشىپ دەردىڭگە يەتكۈم كېلىدۇ. سەن بولساڭ ھامان بىزدىن قېچىپلا يۈرىسەن...

— مېنىڭ نېمە دەردىم بولسۇن... پەقەت... پەقەت بەكمۇ زېرىكىپ كېتىۋاتىمەن... قەلبىمدە تولدۇرغۇسىز بىر بوشلۇق بار، ئۇنى زادى قانداق تولدۇرۇشنى بىلەلمىدىم.

— ئۆيدىن ئايرىلغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ .
— ياق ... بۇ سەۋەب ئەمەس .
— بىپىجىڭ ساڭا شۇنچە زېرىكىشلىك تۇيۇلۇۋاتامدۇ ـ يا ؟
— ياق ! بىپىجىڭلا ئەمەس ، پۈتكۈل هايات ...
— هاھ ... هاھ ...

ئۇنىڭ كۆلكىسىنى ئاڭلاپ دەپ سالغان سۆزۈمگە قاتتىق پۇشايمان قىلدىم ۋە خىجىل بولۇپ كەتتىم . ئۇ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە دولۇمغا ئۇرۇپ قويۇپ دېدى :

— ئاجايىپ سىرلىق سۆزلەرنى قىلىدىغان بولۇپ كېتىپسەنغۇ ! سېنىڭ مۇنۇ كاللاڭ رومانتىكىلىقتا چېكىگە يېتىپتۇ . مەن بىلەن شىئىرىيىتىل ئىشلەتمەستىن ئادەتتىكىچە پاراڭلىشۇەر ... كۆنلەرنىڭ بىرىدە يېسىنىڭغا ئوخشاش بىر پارچە شېئىر يېزىپ قويۇپ ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىڭدىن هەممىدىن بەكرەك ئەنسىرەيمەن . مېنىڭچە ئادەتتىن تاشقىرى رومانتىكلىشىپ خىيالپەرەس بولۇپ كېتىشمۇ ئىنسان ئۈچۈن پاجىئە . مەن نۇرغۇنلىغان سەنئەتكارلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان ... بۇلارنىڭ هەممىسى پەقەتلا خىيالپەرەسلىكتىن بولغان ...

ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش دېگەن سۆز مېنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى . شۇ چاغدا نېمىشقا شۇنچە چۆچۈپ كەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن . بەلكىم ماڭا ئۇنىڭ گېپىلا ئەمەس ، يېنىمدىن بىر پىكاپنىڭ سىگنال بېرىپ ئىتتىك يانغا قايرىلغانلىقىمۇ تەسىر قىلغان بولسا كېرەك ، ئىتتىك بۇرۇلۇپ پىكاپقا قارىۋىدىم گويا ئۇنىڭ ئاستىدىكى قار توزۇپ چىقىپ ۋۇجۇدۇمغا بوشلا سىڭىپ كىرىپ كەتكەندەك شۈركىنىپ كەتتىم .

مەن ئەركىنگە قارىدىم . ئۇ تولىمۇ ساپ كۈلكە بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ كىلىشكەن چىرايىغا شوخلۇق ۋە كۈلكە تولىمۇ ياراشاتتى . مېنىڭچۇ ؟! بىر قېتىم ئەينەككە قاراپ ، قانداق كۆلىدىغانلىقىمنى كۆزىتىپ باققىنىمدا مەندە پەيدا بولغان تۇيغۇ هېلىمۇ ئېنىق يادىمدا . ئەيـنـەككە قارىسام دائىم غەمكىن قاراشقا ئۆگىنىپ كەتكەن يوغان ـ يو-

غان سوغۇق كۆزلىرىم چۆرىسى سەل ـ پەل ياغلىشاڭغۇ بولغاچقىمىكىن، كۈلگەندەك ئەمەس ئەمدىلا يىغلاشقا تەمشىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. پەقەت لەۋلىرىم ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ قالغان چىشلىرىم بىلەن يۈزۈمدە پەيدا بولغان زىناقلارلا كۈلگەنلىكىمنى زورۇقۇش ئىچىدە ئىپادىلەشكە تىرىشاتتى. شۇ چاغدا كۈلگەندىكى چىرايىم ماڭا تولىمۇ غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتى ـ دە، دەرھال ئاغزىمنى يۇمۇۋالدىم. گويا كۈلمەي ئۆتۈشۈم كېرەك بولغاندەك، كۈلكە ماڭا قىلچىمۇ ياراشمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

— ياق، — دېدىم بوش ئاۋازدا. ئاۋازىم سوغۇقتا ئۈيۈپ قېلىۋاتقاندەك ئاستا سوزۇلۇپ چىقتى: — مەندە ... راستتىنلا ئەنە شۇنداق تۇيغۇ بار ... قانداق قىلسام ھاياتىم مەنىلىكرەك ئۆتەركىن ـ تاڭ!

— بىر قىز بىلەن يۈرۈپ باق. ئاندىن ئانچە زېرىكمەسلىكىڭ مۇمكىن ...

گويا ئۇ مېنىڭ مەخپىيىتىمنى بىلىۋالغاندەك قاتتىق ئەندىكىپ كەتتىم. بىر ھازاغىچە نېمە دېيىشنى، نېمە دەپ ئۆزۈمنى بۇ سۆزدىن قاچۇرۇشنى بىلەلمەي قالدىم.

— ئۈنۈڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىغۇ. گېپىمنى ئاڭلا، بۇ يىل يېڭى كەلگەن قىزلار ئىچىدە خېلى چىرايلىقلىرى بار ئىكەن، بىرەرسى بىلەن يۈرگىن. سېنىڭغۇ بىرەر قىز ئۆزى ئالداپ يۈرۈپ كەلتۈرۈۋالمىسا مۇشۇ ھالىڭدا بىرەر قىزنى قولغا كەلتۈرەلىشىڭگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. قارا، ھازىر خېلى كۆپ بالىلار ھېلىقى پە ... پەزىدەگە يېپىشىۋېلىپ، قولغا كەلتۈرەلمەي يۈرىشىدۇ. شۇنى ساڭا بىر كەلتۈرەيلىچۇ ...

ئۇنىڭ ئىسمى پەرىدە ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ كەتتى. كۆپۈپ كۆكسۈمگە پاتماي قېلىۋاتقان دېمىمنى سىقىلىپ، نەپەس ئالالماي قالدىم. ئاغزىم گەپكە كەلمەي، قارا بېسىپ ئىڭرىغاندەك ئۇنىڭ ئىسمىنى تەكرارلاپ سالدىم: — پەرىدە! ...

— ھاھ ... ھاھ ... مەن تېخى سېنى خۇدا ئۇقۇشماستىن جان بېرىپ قويغان ھەيكەل دەپ قاراپ يۈرسەم تېخى سەندىمۇ ھېسسىيات، مۇھەببەت بار ئىكەن ـ ھە! تېخى خېلى دەردىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ قېنى

سۆزلە ئۇنىڭغا سەن قاچاندىن تارتىپ ئاشىق !

نەمىسىزلىنىپ ، تاراق ـ تاراق تېرىدەك بولۇپ قالغان ئاغزىمنى ئاران ھەرىكەتكە كەلتۈردۈم ۋە بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ كۈلۈمسىرىدىم . ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىگە قاراپ كۈلكەمنىڭ زادىلا قاملاشماي قالغىنىنى ھېس قىلدىم . شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ دېدىم :

— ئۇنى ... سەن كەينىڭگە سېلىپ يۈرەتتىڭغۇ ؟ ...

— ھەي ، ئۇ دېگەن بىر شاپاقچى ! زېرىكىپ قالغىنىڭدا بۇلۇڭ پۇچقاقلارغا ، دەرەخلەرنىڭ دالدىلىرىغا ئاپىرىپ ، ئىچ ـ پۇشقىنى چىقارساڭ بولىدۇ ! بىرەر ئوغۇل بالا بىلەن ئاپتوبۇسقا چىقىپ قالسىمۇ قىستا ـ قىستاڭدىن پايدىلىنىپ ئادەمگە چىڭ چاپلىشىۋالىدىغان نەرسە ئىكەن . بىزنىڭ ياتاقتىنغۇ ھەر كۈنى چىقمايدۇ ، — دېدى ئەركىن .

مەن ئۇنىڭ « شاپاقچى » دېگەن نامىنى ئەنە شۇ يەردە ئاڭلىغانىدىم . كىشى چۈشىنىپ بولالمايدىغان سىرلىق بىر تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمنى مەھكەم چىرمىۋالدى . پەردەنىڭ ماڭا دەسلەپتە تولىمۇ ئادەتتىكىچە بىلىنگەن سىماسى كۆز ئالدىمدا گويا ۋېناسنىڭ يالىڭاچ ھەيكىلى ، كىنو چولپىنى مېنرۇنىڭ كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان يېرىم يالىڭاچ ، نازلىق كۈلۈپ تۇرغان ، كىشىنى تەشنا قىلىدىغان رەسىمى ، ھېسسىياتقا باي ، گۈزەل ۋە شاللاق خانىملارنىڭ ئېسىل بېزەلگەن گەۋدىسىدەك ياكى بەدىنىگە ھەممە يېرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نېپىز شايى كۆڭلەك كىيىۋالغان ئېسىلزادە نازىنىنلارنىڭ ئوبرازىدەك پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن ھالدا قايتىدىن گەۋدىلىنىپ ، چۈشىنىكسىز بىر جەلپ قىلىش كۈچى قەلبىمنى ئورىۋالدى . ئۇ گويا ماڭا ئادەتتىكى قىزلار ئەمەس گويا چۈشلىرىمدىكى پەقەت ھەۋەس قىلىشقا بولىدىغان ، بىراق ۋەسلىگە مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان ئاياللاردەك ، ئاجايىپ يۈكسەك ، بۈيۈك ۋە ئېسىلزادە تۇيۇلۇشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئوبرازىنى ئۆزگەرتىۋاتقىنى پەقەت مېنىڭ ئەخمەق كاللامدىكى بىمەنە خىياللار ئىدى .

ئەركىن مەلۇم دۇكاندىكى كىتاب ، رەخت ياكى ئاياغنىڭ گېپىنى قىلغاندەك ، سۆزلىرىنىڭ مېنىڭ قەلبىمدە ياڭراتقان ئەكس ساداسىدىن ،

مېنىڭ پۈتكۈل ھايات ۋە روھىي دۇنيايىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش ئەكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ھالدا سۆزلەۋېرەتتى .

مەن پەرىدەنىڭ ئەركىن بىلەن دائىم بىللە يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالاتتىم . تېخى بىر كۈن بۇرۇنلا ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر سىنىپتا ئادەم ئولتۇرمىغان پارتىلار شۇنچە كۆپ تۇرسىمۇ گويا بىكار ئورۇن قالمىغاندەك بىر پارتىغا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىشقىنىنى كۆرگەنىدىم . ئۇلار باشلىرىنى بىر - بىرىگە يۈزلىرى تېگىپ كەتكۈدەك يېقىن ئەكىلىۋېلىپ شىۋىرلاپ ئاللىنېمىلەرنى سۆزلىشەتتى .

ئۇ ماڭا پەرىدەنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىدىمۇ جەمئىيەتتە لاغايلاپ يۈرگەن بىكار تەلەپ بايۋەچچە ، لۈكچەكلەر بىلەن يۈرۈپ ، شاللاقلىقى بىلەن داڭق چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى . بۇلارنى ئاڭلاپ شۇ ھامان خىيالىمدىن بىر ئوي يالتىندە قىلىپ كەچتى : تەتىلدە بىرەيلەن « ھەددىدىن ئارتۇق بۇزۇلۇپ كەتكەن » بىر شاللاق قىزنىڭ بىزنىڭ مەكتەپكە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىغا ھەيران قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى . بەلكىم شۇنى دېگەن بولسا كېرەك . ھە ... توغرا دەل شۇ ... ئەركىن ئېيتقاندەك بىر شوپۇر بىلەن موتىسكلىتى بار ... توغرا ... ئاپتوبۇسىمۇ ھەيدەيدىغان بىر شوپۇر بىلەن بىر كۈنى بىللە ياتسا ئۆيدىكىلەرنىڭ كېلىپ كۆرۈپ قالغانلىقى ... ھە راست ئۇنىڭ سىڭلىسىغا ھەر كۈنى بېلەت ئېلىپ بېرىپ كىنوغا چىقىرىۋېتىپ ئۇنى دائىم ئوينايدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئاڭلىغانىدىم . ئۇنىڭ دېگىنى مۇشۇ پەرىدە بولغىيمىدى ؟ بولدىلا ، بۇلارنى ئويلىماي ، مەن ئۆزۈمنى ئىشەنمەسلىككە مەجبۇرلىدىم . بەلكىم بۇلار ئېقىپ يۈرگەن سۆز - چۆچەكلەردۇر .

— بىر كۈنى ، — دېدى ئەركىن مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلگىنىچە — ئۇنى كىنو كېچىلىكىگە ئېلىپ بارغانىدىم . بېشىنى مەيدەمگە قويۇۋېلىپ باردۇ . قارىسام كۆزۈمگە سەتلا كۆرۈنۈپ كەتتى . ئاغزى سەل ئوماقراقكەن ، بىكار تۇرغانىنىڭ ئورنىغا بوپتۇ دەپ سۆيۈپ قويدۇم ... سۆيۈۋالدىم دېگىنىمگە ئاچچىقلىق تۇتمىسۇن يەنە . خېلى ئاشىق ئوخشايسەن . مۇشۇ كېچىدىمۇ چىرايىڭنىڭ تاتارغانلىقىنى كۆرگەندەك

بولىۋاتىمەن . ئۇ دېگەن بىر شاپاقچى ! كىم سۆيسە بولىۋېرىدۇ ...
مەن ئۇندىمىدىم . بىز بارماقچى بولغان جايغا كېلىپ قالغانىدۇق .
خەتنى ئۇنىڭغا چوقۇم تاپشۇرىمەن ! مەن كۆڭلۈمدە ئەنە شۇنداق مۇقىملاشتۇردۇم . مېنى ۋىجدان ، ئەخلاق ، مۇھەببەت ، شاللاقلىق قاتارلىقلارنىڭ مۇرەككەپ تورى بىلەن سۇغۇرۇلغان ، مەن تەلپۈنۈپ كەلگەن ئاجايىپ ھايات كۈتمەكتە ! ھەيران قالارلىقى شۇكى : ئەركىننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، قەلبىمدە قىلچىمۇ كۈندەشلىك ھېسسىياتى قوزغالمىدى . چۈنكى ئۇ « شاپاقچى » ئىدى . مېنى ئەنسىزلىك ئىلكىدە خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى ، ئەمدى ئۇنى ھېچ كىشى يەككە ـ يېگانە ئىگەللىۋالالمايتتى . ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلگەنىكەنمەن ، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن مەستانىلارچە كۈلۈپ ، چاقچاقلىشىپ يۈرگەنلىرىنى كۆرسەم ئەمدى مېنىڭ قەلبىمدە ئەندىشە پەيدا بولمايدۇ ... ئاھ ! سۆيۈملۈك شاپاقچى !
شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزۈمگە خىجىللىق بىلەن شۇنى ئېتىراپ قىلدىمكى ، « شاپاقچى » دېگەن بۇ سۆز مەن ئۈچۈن تولىمۇ گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىغان سۆز بولۇپ قاپتۇ . چۈنكى ، ھەرقېتىم ئاشۇ سۆزنى ئاڭلىسام گويا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا شېرىن بىر ئوت تۇتىشىپ كەتكەندەك بولىدۇ . مەندىكى بۇ غەلىتە ۋە شاللاق ھېسسىياتقا ھازىرغىچە ھەيرانمەن ...
مەن بۇرۇن دائىم كەلگۈسىدە تازا ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ، مەندىن باشقىلارنى زادىلا ياخشى كۆرمەيدىغان ۋىجدانلىق قىز بىلەن مۇھەببەتلەشسەم دەپلا ئويلايتتىم . لېكىن ، ھازىر دۇنيادىكى ھېچ ئىشقا پەرۋا قىلماس بولۇپ قالغان ، تۈگىشىشكە يۈزلەنگەن يۈرىكىم ئۈچۈن بۇ ھېسسىياتلار كىچىك چاغلىرىمدا ئاپامنىڭ كەينىدىن تويغا ئەگەشكەنلىرىمچىلىكلا ، ئۇنتۇۋېتىشكە تېگىشلىك ئەخمەقلەرچە ھېسسىيات بولۇپ قاپتۇ .
بەلكىم باشقىلار ، مەن بىلمەيدىغان بىر كىملەر ئۇنى سۆيۈپ ، بەدەنلىرىنى مىجىقلاپ يۈرگەندۇ ... ئۇنىڭ لەۋلىرىدە ، بەدەنلىرىدە ھېچكىمنىڭ لەۋلىرى ۋە قوللىرىنىڭ ئىزلىرى قالمىغاندىكىن ... ئوخشاشلا

بەدەن ... ئوخشاشلا ئايال ... مەن ئۈچۈن بەرىبىر ! ...

يازغان خېتىمنى ئۇنىڭغا ئەتىلا تاپشۇرۇشۇم كېرەك . سىرلىق رومانتىك بىر روھىي دۇنياغا يۈرۈش قىلىشىم كېرەك .

ئۆز مەيلىمگە يات غەلىتە بىر خىل ئويىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئ خىر خەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم . خەتنى ئۇنىڭغا قانداق تاپشۇرۇش ھە قىدە كۆپ ئويلاندىم . خەتنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشقا جۈرئەت قىلا مايتتىم . ئاخىر تولا تەستە خەتنى ئۇلارغا كەلگەن خەتلەرنى سالىدىغا خەت ساندۇقىغا تاشلاپ قويۇش ئامالىنى ئويلاپ تاپتىم .

بۇ دەل بىر كۈنى چۈش مەزگىلى ئىدى . ھەممە ئەتراپ قار ب لەن قاپلانغانىدى . قار لەپىلدەپ ياغماقتىدى . بۇ ئەڭ ئاخىرقى قار . ب قار ھايال ئۆتمەي باھارنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ق ئىدى . لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار ئىچىدە كىشىلەرنىڭ گەۋدىلىر؛ خۇددى تەسىراتچىلىق ئېقىمىغا تەۋە رەسساملارنىڭ رەسىملىرىدىكىدە ھەسرەتلىك ، ئېغىر ۋە بىر ئاز غۇۋا كۆرۈنەتتى . مەن ئاستا مېڭىپ پە رىدەنىڭ فاكۇلتېت بىناسىغا كىردىم . ئىشىكنىڭ تۈۋىدىلا ئۇلارنىڭ خە ساندۇقلىرى تۇراتتى . كىچىك ساندۇقلار بىر نەچچە قۇر تىزىلغان بو لۇپ ، سىېرىق سىرلانغان بۇ ساندۇقلارنىڭ ئۈستىگە قىزىل سىر بىلەر ئۇنىڭ قايسى سىنىپقا تەۋە ئىكەنلىكى يېزىپ قويۇلغانىدى . ئىنتايىن ئاد دىي بولغان ئاشۇ خەت ساندۇقلىرى مېنىڭ مەڭگۈ كۆز ئالدىمدىن كەت مەيدۇ . خۇددى مەن تاھازىرغىچە ئۆزۈمنى ئاشۇ ساندۇقلارنىڭ ئالدىد يەنىلا شۇ چەكسىز گاڭگىراش بىلەن تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن مانا بۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك گاڭگىرىشىمنىڭ باشلىنىشى ، مانا بۇ ئۇنىڭ سىنىپىنىڭ خەت ساندۇقى ، كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئاشۇ ئون نەچچە بەد خەتنى تاشلاپلىۋەتسەم ... بۇنىڭغا ھېچقانچىلىك كۈچ كەتمەيدۇ ... مەن خەتنى تۇتۇپ تىترەپ تۇرغان قوللىرىمنى نەچچە قېتىم ئاستا تارتىۋال دىم ... گويا نامەلۇم بىر كۆزلەر مېنى قەيەردىندۇر كۆزىتىپ تۇرغاندەك بېشىمدا ھېچ كىشى بولمىسىمۇ قورۇنۇپ ئەتراپقا قارايتتىم . ئاخىر پۈتۈن غەيرىتىمنى ، كۈچۈمنى يىغىپ خەتنى ساندۇقنىڭ يوچۇقىدىن ئىچىگ

تاشلىۋەتتىم . ئۇ ھېلىلا كېلىپ بىرەر پارچە خەت كەلدىمىكىن دەپ قاراپ باققاندا ناتونۇش بىر خەتنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇ ... ئوقۇيدۇ !

مەن پۈتۈن ھاياتىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مەخپىيەتلىككە ئىگە بولۇۋالغان قارىلىغۇچىغا قارىغان جىنايەتچىدەك بىر ھازا تىكىلىپ قاراپ قالدىم ... ئاندىن ئاستا كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم ...

ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ خۇددى بىرسى بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك ، ھېلىلا مېنىڭ مەڭگۈلۈك ئىچكى سىرىم قېلىپ قالغان جايغا يەنى ئۇلارنىڭ فاكۇلتېت بىناسىغا ئۆرۈلۈپ قارىدىم . بىردىنلا يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ كەتتى . پۈتۈن بەدىنىم ماغدۇرسىزلىنىپ ، يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن بىنانىڭ قىزىل سىرلانغان ئىشىكىگە يۆلىنىۋالدىم . ھوشۇمدىن كەتكۈدەك بولۇپ ، جانسىز ھالدا پەردە قولىدا خەت كۆتۈرۈۋالغىنىچە فاكۇلتېت بىناسى تەرەپتىن چىقىپ كېلىۋاتقان يولغا قاراپ قالدىم ... كۆكرىكىم ھېلىلا ئېتىلىپ ، يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلاتتى .

ئۇ خەتنى ئوقۇغىنىچە ئاستا مېڭىپ ، قىزلار بىناسى تەرەپكە كىرىپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالماستىن كۆزىتىپ قاراپ تۇراتتىم .

پەردە ئاستا قەدەم تاشلاپ قىزلار بىناسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كۆرۈنمەي قالدى :

شۇ كۈنى گېلىمدىن قىلچىمۇ تاماق ئۆتمىدى . ھەرگىزمۇ بۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن ...

دائىم ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئاشىقلارنىڭ بىرەيلەنگە ئاشىق بولۇپ قېلىش بىلەن نەچچە كۈنگىچە گېلىدىن غىزا ئۆتمەي ، كېچىلىرى ئۇخلىيالماي ئازابلىنىپ بىردەمدىلا چىرايلىرى زەپىرەڭدەك سارغىيىپ ، كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرنى ئوقۇسام قاتتىق غىدىقىم كېلىپ مەسخىرە قىلاتتىم . بۇنداق ھالەتلەرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىمۇ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىغا ئەسلا ئىشەنمەيتتىم . يازغۇچىلار ھەممىسى شۇنداق تەسۋىرلىشىدۇ . مەن بۇنى ئەدەبىياتتىكى بىر كېسەل ،

مۇھەببەتنى قەستەن غايىۋىلەشتۈرۈۋېتىش دەپ ئويلايتتىم . . . گەرچ
شۇ تاپ پەرىدەنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قى
مىساممۇ ، بىراق يازغۇچىلارنىڭ تەسۋىرلىرىنىڭ چىنلىقىغا ئىقرار قىلىش
مەجبۇر بولدۇم . مەن بۇنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى زادىلا چۈ
شىنەلمىدىم . ئەمەلىيەتتىمۇ « ئاشىقلىق » دەپ قارىغۇدەك ئۇنىڭ قاپاقلى
رىدىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىنچىكە قەلەم قاشلىرىنى ، شەھلا
كۆزلىرىنىڭ شەھۋانىي ھېسسىيات بىلەن ئەركىلەپ ، نازلىنىپ تىكىلىش
لىرىنى ، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يۇمران كۆكسىلىرىنى ، غۇنچىدەك لەۋلى
رىگە قانماي سۆيۈشنى بىرىلىپ ئويلاپ كېتىش مەندە كۆرۈلمىگەنىدى
مەندە پەقەت بىر خىل چۈشىنىكسىز ھودۇقۇشلا بار ئىدى ، خالاس . مەن
ئۇنى « ئاشىقلىق » دەپ ئويلىمايتتىم .

نەچچە كۈنگىچە يۈرىكىم توختىماي سېلىپ كۆكرىكىمگە سىغ
مايلا قالدى . بىر خىل جىددىيلىك دەستىدىن ماغدۇرسىزلىنىپلا تۇرات
تىم . ھەر كۈنى ئاۋارە بولۇپ تاماققا چىققىنىم بىلەن بىرەر قوشۇق ئاغ
زىمغا سالا ــ سالمايلا يېگۈم كەلمەي ھەممىنى ئەپچىقىپ تاشلىۋېتەتتىم
ئاشخانىغا كىرسەم تاماق پۇرىقى بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇشى بىلەنلا قاتتىق
سەسكىنىپ ، قۇسۇۋەتكىلى تاس قالىمەن . شۇندىمۇ ئۆزۈمنى يەنە مەج
بۇرىي ھالدا تـاماقـقا زورلايمەن . نۇرغۇنلىغان گەۋدىلەر ئارىسىدا بى
رەر يۈز مېتىرچە يىراقتىنمۇ بولسىمۇ ، ئۇنىڭكىدەك كىيىم كىيگەن بىر
گەۋدە غىل ـ پال كۆزۈمگە چېلىقىپ قالسىلا يۈرىكىم ئېتىلىپ كېتىد
غاندەك بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ ، جانسىز جىسمىم ياپراقتەك تىترەپ كې
تەتتى . پەرىدە بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئويلاشنىڭ ئۆزىلا قانچىلىك
دەھشەتلىك تۇيۇلمىسۇن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتىنى بالدۇرراق بىر
ۋاقىتقا بەلگىلىمىگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم ... مۇھەببەتنىڭ يۈرىكىمنى
تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈردە قىيىنىشىنى ، تېخىمۇ لېرىك ، تېخىمۇ روماد
تىك ، تېخىمۇ ھەسرەتلىك خىياللارغا چۆمدۈرۈشىنى قورقۇنچ بىلەن تا
ماشا قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم . تەقەززا بولاتتىم .

مەن شۇ كۈنى كۈندىلىك خاتىرە يازدىم . پەقەت ئاشۇ كۈنلا ھا

ياتىمدا ئەڭ مەنىلىك ، ئەڭ گۈزەل ، مەڭگۈ ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان كۈن ئىدى . چۈنكى ، بۇ مېنىڭ ئادەمگە پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغان ھاياتتا ، تۇنجى قېتىم ، پۈتۈن ئىنسانلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەلۋىلەرچە تەلپۈنىدىغان ئەڭ مۇقەددەس بىر ئىشقا — مۇھەببەتكە تۇنجى قېتىم قەدەم بېسىشىم ئىدى . « مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن » دېگەن بۇ يۈرەكنىڭ ئەڭ گۈزەل ساداسىنى بىر قىزغا تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىدىم . . . تۇنجى قېتىم ، ئاھ ! تۇنجى قېتىم . . . پۈتۈن ھاياتتا بىرلا بولىدىغان تۇنجى قېتىم ! . . . شۇ تاپتا پەرىدە دەپ ئاتالغان ئاشۇ بىر قىز ئۈنى كۆرمەكتە . . . قىزنىڭ روھىدا تۇنجى قېتىم مېنىڭ مۇھەببىتىمنىڭ ئەكس ساداسى ياڭرىماقتا . . . مەڭگۈ قايتىلانماس تۇنجى قېتىم ! . . . بۇ مېنىڭ دۇنياغا ، باشقا بىرەيلەننىڭ روھىي دۇنياسىدا تۇنجى رەت تۇغۇلۇشۇم ئىدى . بۇ مېنىڭ باشقىلارنىڭ تېنىدىن ، باشقىلارنىڭ گۈزەللىكىدىن تۇنجى قېتىم ، ئىنسانغا خاس ھەقىقىي ھايات ئىزدىشىم ئىدى . تۇنجى قېتىم ۋۇجۇدۇمدىكى تەلپۈنۈشلەرنىڭ ، يۈرەكنىڭ ، غۇرۇرنىڭ ئاسارىتىدىن ، قەپىزىدىن قۇتۇلۇشى ئىدى . ئۇ بەلكىم شۇ تاپ مېنىڭ ئاشۇ بالىلىقىمنىڭ ، تارتىنىشىمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان روھىنى ، خېتىم ئارقىلىق تاماشا قىلىۋاتقاندۇ . . . ئۇنىڭ يوغان - يوغان بۇلاقتەك شەھلا كۆزلىرى خېتىمنى كۆرۈپ قانداق نۇرلارنى چاقنىتىدىكىن . غۇنچىدەك لەۋلىرى قانداق شەكىلدە ئۈمچىيىۋاتىدىكىن ؟ ئوتتەك كۆزىنىڭ يېنىدىكى ھېلىقى چىرايلىق ، ئاق ، داغسىز تارتۇق كۆزلىرىگە قانداق شەكىلدە ماسلىشىۋاتىدىكىن .

شۇلارنى ئويلاپ كېچىچە ئۇيقۇسىز تولغاندىم . نېمشقىدۇر ئويلىغانسىرى پەرىدە مەن خېتىمدە ئېيتقان جايغا چىقمايدىغاندەك ، خەتلىرىم ئۇنىڭغا خۇددى ئاق قەغەز ئۈستىدە تەرتىپسىز سىزىلغان ، مەنىسىز سىزىقلار بولۇپ تۇيۇلىدىغاندەك ، ئويلاپ كەتتىم . گاھىدا ئۇ كۆڭلۈمدە مەۋھۇم بىر ئوبرازغا ئايلىنىپ قالاتتى . . . مەن ئۆزۈمنىڭ ئەسەبىي خىياللىرىمغا ھەيران بولاتتىم . يۈرىكىم تىنىمسىز تېپىرلاپ ، ئوتتا كۆيگەندەك پوچۇلانماقتىدى . . .

ئەتىسى سەھەردە ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئاچسام ، پۈتۈن دۇنيا ما
ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل تۇيۇلۇپ كەتتى . ھېلىلا بىر قىزنىڭ ئوتلۇ
لەۋلىرىگە سۆيۈپ ، ئۇنىڭ چۈش ياكى رېئاللىق ئىكەنلىكىنى بىلەلمە
تېڭىرقاپ قالغاندەك كۆزلىرىم پۈتۈن دۇنيادىن نېمىنىدۇر ئىزدەپ ، ش
رىن بىر ئىستەك بىلەن غىدىقلىناتتى . ھودۇقۇش ئىچىدە باشقىلاردى
كۈلكەمنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ ، جىمغىنا يوشۇرۇن كۈلۈمسىرەپ قويا
تتىم : بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم مېنىڭ قەلبىمدىكى مۇھەببەتنى ھېس قى
غان بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۈنۈم !

بۈگۈن ھەر كۈنكىدەك ئەزمىلىك قىلىپ ئولتۇرماستىن چاقما
تېزلىكىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ گىمناستىكا مەيدانىغا چاپتىم ... مەيدان
بالدۇر چىقىۋالغاچقا ، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . . . سەھەرنىڭ سوغۇق
ۋۇجۇدۇمغا ئۇرۇلۇپ دۈگدىيىپ كەتتىم . نېمىشقا بۇنچىۋالا بالدۇر چ
قىۋالدىم ؟ . . . مەن بۈگۈن بىر قىزنىڭ ، مۇشۇ دۇنيادىكى بىر قىزنىڭ
مېنىڭ تۇنجى سۆيگۈ ئىزدىگەن خەتلىرىمنى كۆرگەندىن كېيىنكى ئاش
كۆزلىرىنىڭ ماڭا قاراپ قانداق چاقنىشىنى تۇنجى قېتىم كۆرىمەن ! ئ
خېتىمنى كۆتۈرۈپ بەلكىم ھەممە قىزلارغا كۆرسەتكەندۇ ، ئۇلار
قاھقاھلاپ كۈلگىنىچە ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ بەرگەندۇ . . . ئۆزىگە مۇ
ھەببەت ئىزھار قىلغۇچىدىن يەنە ( بەلكىم شۇنداقتۇر ) بىرسىنىڭ چى
قانلىقىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا قانغۇچە كۆز - كۆز قىلغاندۇ ... كىمنىڭ
ئۆزىگە خەت يازغىنىنى پەرەز قىلالىغانمىدۇ ؟ ئاشۇلارنى خىيالىمدىن
ئۆتكۈزگەچ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام پەرىدە كېلىۋېتىپتۇ . پۈتۈن
ۋۇجۇدۇم تۇيۇقسىز ئۆلۈكنىڭكىدەك سوۋۇپ ، ماغدۇرۇم چېكىلىرىمدىن
مۇزدەك تەر بولۇپ چىقىپ كەتكەندەك بولدى . قانلىرىم بىر پەس ھە
رىكەتتىن توختاپ ، ئۇيۇپ قالغاندەك بولدى . ئۇ ھېچ ئىشتىن خەۋەر
سىزدەك قىلاتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى مېنىڭ خېتىمنى ئەسلا ئوقۇپ باقمى
غاندەك ، ھېسسىياتسىز ھالدا پەقەت يولنى كۆرۈش رولىنى ئۆتەپلا ، ماڭ
قاراپمۇ قويماستىن ، ئۆزىنىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتا
رىغا بېرىپ تۇردى . . .

ئۇ خەتنى مېنىڭ يازغىنىمنى بىلمىگەن بولسا ئىدى !

ئاشۇ كۈندىكى ھەر بىر مىنۇت ، ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكەت مەڭگۈ يادىمدىن چىقمايدۇ . ئاشۇ كۈندىكى ئىشلارنى ئەسلىسەم گويا ئاشۇ كۈندە ياشاپ ، ئەشۇ ئىشلارنى ھېلىمۇ بېشىمدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك يۈ- رىكىم پۇچىلىنىپ كېتىدۇ .

مانا مۇشۇ كۈنى ئۇنىڭغا كىنو بېلىتى ئېلىپ بەرگەنىدىم . بۇ دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش پەيتى ئىدى .

ئۇ ھېلىقى سۆيگۈ خېتىنى مېنىڭ يازغىنىمنى بىلمىگەندەكلا قىلاتتى . مېنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈلمىدى .

ـ بېلەت ئالماقچىمىدىڭىز ؟ ـــ دەپ سورىدىم مەن بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ناھايىتى تەستە . ئاۋازىم تىترەپ كەتتى .

ـــ ھە ، ـــ ئۇ سوغۇقلا جاۋاب قايتۇردى .

ھېلىمۇ ئېنىق يادىمدا . شۇ ھامان ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم . كۆ- زۈم ئۇنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھىمىرىلگەن قاشلىرى ئارىسىغا چۈشتى ـ دە ، يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى . ئاشۇ تۈرۈلگەن قاشلار ئارىسىدىن قانداقتۇر بىر ئېچىنىشلىق كۈلپەتنى سەزگەندەك بولدۇم . بەلكىم مەن ئارتۇقتىن ئارتۇق شۇنداق ئويلىۋالغاندىمەن .

مەن بېلەتنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سۇندۇم . ئۇ سۇس كۈلۈمسىرەپ قويدى . ئۇنىڭ ئۆزى خالىماستىن زورىغا سوغۇق كۈلۈم- سىرىشى يۈرىكىمگە پىچاقتەك سانچىلدى . ئۇنىڭغا نېمىدۇر بىر نەرسىنى دېمەكچى بولۇپ تەمشەلدىم ، بىراق نېمىشقىدۇر گەپ قىلالماي لەۋلىرىمنى چىشلىدىم . قوللىرىم تىترەۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇ قولۇمدىن بېلەتنى ئالدى . مەنمۇ كۈلۈمسىرەپ قويماقچى بولدۇم . بىراق ھەرىكەتلىرىمدە چاندۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىمدىن قاتتىق خىجىل بولۇپ ، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدىم .

ئۇنىڭ « توختاڭ ، پۇلنى بېرەي ! » دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم . بۇ ئاۋاز مېنىڭ ئۇنىڭغا نەقەدەر ناتونۇش ئىكەنلىكىمنى شۇ قەدەر رە- ھىمسىزلىك بىلەن ئىسپاتلاپ تۇراتتىكى ، مەندە ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە

ئىشەنگۈدەك ماغدۇر يوق ئىدى.

مەن ئۈنىڭ بىر نەچچە قېتىم باشقا ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا ئەركلەپ تۇرۇپ «بۈگۈن ياخشى كىنو بار ئىكەن، بېلەت ئېلىپ بەر،» دەۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

— ياق ... بولدى ... — بەلكىم شۇنداق دېگەندىمەن. شۇنداق دېدىمۇ ياكى باشقا بىر نەرسە دېدىمۇ شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە مەنمۇ ئاڭقىرالماي قالدىم. خامۇش ھالدا ئۇدۇل ياتاققا باردىم.

ياتاققا كىرىپ ئۆزۈممۇ سەزمەستىن جوزا ئۈستىدىكى يوغان ئەينەكنى ئېلىپ چىرايىمغا سەپسېلىپ قاراپ كېتىپتىمەن. مەن بۇرۇن ئەينەكتىكى ئەكسىمگە ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ، چىرايىمنىڭ قانداقلىقىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ كەتكىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئەينەككە قارىشىمد چىرايىمنىڭ كېلىشكەن ياكى سەت ئىكەنلىكىنى بىلىش غەرىزىم يوق ئىدى. نېمىشقىدۇر ئۆزۈمگە بۇنداق باھا بېرىشنى ئانچە خالىمايتتىم. بەلكىم بۇ توغرىدا ئويلاشتىن ياكى ئۆزۈمنى چىرايلىق دەپ ئۆزۈم ماختاشتىن خىجىل بولسام كېرەك.

چىرايىمغا باھا بەرگىلى بولمايدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. چۈنكى، شۇ تاپتا چىرايىمنىڭ ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان يەككە - يېگانە چىراي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم.

بۇرۇن ھەرقېتىم ئەينەككە قارىسام كىيىملىرىمنىڭ ياقىلىرىنى ۋە چېچىمنى تۈزەشتۈرۈش ئۈچۈن خوشياقمايلا قاراپ قوياتتىم. ھازىر ئەينەككە قاراپ ئىختىيارسىز خىيالغا پاتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆز خاراكتېرىمنىڭ مەن بىلەن تەڭتۇشلارغا بارغانسېرى ئوخشىماي قېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدىم. باشقىلارنىڭ مېنى «غەمكىنلىشىپ كەتتىڭ، نېمە دەردىڭ بار؟» دەپ سورىشى بىكار ئەمەس ئىكەن. مەن تولىمۇ خىيالچان، ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغىنىمنى ھېس قىلغانىدىم. بىراق، كىشىلەر ئېيتقاندەك ئۈنچىۋالامۇ ھەسرەتلىك دەپ ئويلىمايتتىم.

مەن ئەينەككە قاراپ، ئەينەكتە كۆرۈنگۈچىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمگە ئىشەنگۈم كەلمەي قالدى. مەندە بۇرۇن قىلچىمۇ بۇنداق سېزىم

بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى . مەندەك ھەر بىر ئىشلاردا قاتتىق ئويلىنىدى-
غان ، تەگسىز خىياللاردىن باش كۆتۈرمەيدىغان بىر روھ ئىگىسى بى-
لەن ، ئاشۇ ئەينەكتىكى ئوبرازنى ھەر قانچە قىلىپمۇ بىر يەرگە ئەكىلەل-
مەيتتىم . قاپقارا قاشلار ئاستىدىكى يوغان - يوغان كۆزلەر شۇ قەدەر
سەبىي ئىكەنكى ، ئۇنىڭ مۇڭ ئارىلاش ، غۇبارسىز قارىشى مۇئەللىم ئال-
دىدا ئەيىبكارلارچە باش ئېگىپ تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرغان باشلانغۇچ
مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى ئەسلىتەتتى .
— ۋۇي ! بەكمۇ كىچىك ئىكەنمەن - دە ! — دەپ سالدىم تۇ-
يۇقسىزدىن . مېنى كېچە - كۈندۈز ئازابلاپ كەلگەن دۇنيا ، ھايات ، روھ
توغرىسىدىكى چېكى يوق خىياللارنى ئاشۇ كۆزلەردىن قانداقسىگە تېپىش
مۇمكىن ؟ سەل تومراق كەلگەن لەۋلىرىمچۇ ؟ ئۈستۈنكى لەۋلىرىم سو-
زۇلۇپ چۈشۈپ ، كۈلكە ئىپادىلەشنىڭ ئەپچىل ۋاستىلىرىدىن بىرى
بولغان چىشلىرىمنىلا ئەمەس ، بەلكى ئاستىنقى لەۋلىرىمنىمۇ مېنى مەڭگۈ
ئېچىلىپ - يېپىلىپ كۈلمىسۇن دېگەندەك ھىم يېپىپلا تۇراتتى .
دائىم ئاپئاق تاتىرىپ تۇرىدىغان چىرايىم بۈگۈن سوغۇقتىن سەل
قىزارغان بولۇپ ، لەۋلىرىمنىڭ ئۈستىدىكى سېرىق تۈكلەر تىك تۇرۇپ
كەتكەندى .
ئەتىگەنلىك 2 سائەت دەرستىن كېيىن دەرس يوق ئىدى . شۇڭا
ئەينەككە قاراپ خېلى تۇردۇم .
ئاشۇ بىر كۈننى تېپىرلاش ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم . پۈتۈن ئەس -
يادىم ئۇنىڭدىلا ئىدى . كىنو بېلىتى ئالغاندا ئۇچراتقاندىن كېيىن ئۇنى
ئىزدەپمۇ تاپالماي قالدىم . كەچتە بىر كۈنلۈك ئۆگىنىش پىلانىمنى ئو-
رۇنلاپ بولۇپ غەمكىن ھالدا قايتىپ كېلىۋاتسام ، ئۇنى يولدا ئەركىن
بىلەن بىللە كېتىۋاتقان ھالدا ئۇچرىتىپ قالدىم . ئەركىن ماڭا كۈلۈمسى-
رەپ سالام قىلىپ قويدى ، ئۇ بولسا يىراقلارغا قارىغىنىچە گويا مېنى
كۆرمىگەندەك ، كۆكسىنى مەغرۇرلۇق بىلەن چوقچايتىپ مېڭىۋەردى .
ئۇنىڭ ئاشۇ كۆكسىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان غايەت گۈزەل بىر شاللاقلىق
ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالاتتى . ئۇنىڭ كۆكسى ماڭا گويا يېتىلگەن ئا-

ياللارنىڭكىدەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى . « شاپاقچى » دېگەن ئوي خىيالىمدى
يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى ـ دە ، ئىتتىك باشقا ياققا قارىۋالدىم . ئەمدى
ئويلىسام ئۇ چاغلاردا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەيدىكەنمەن
ئۇ قانداقتۇر بىر چەكسىز گۈزەللىكنىڭ ، ئىسسىقلىقنىڭ سىمۋولىدەك تۇ
يۇلاتتى . ئاشۇ سۆز خىيالىمغا كەلگەن هامان كۆز ئالدىمدا قاش ـ كۆز
لىرىنى بوياپ ئاجايىپ گۈزەل ياسىنىۋالغان ئىپسىل بىر ئايالنىڭ قىسن
يوپكىلىرى ئارىسىدىكى يالىڭاچ پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ، يوتىلىرىنىڭ
مىسلىسىز گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان هالدا ، ناز بىلەن ئولتۇرغان هالد
تىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم .
نېمىشقىدۇر ئۇلارغا ئۆزۈمنى قىلچىمۇ هاياجانلانمىغان ياكى ئۆ
ئىككىسىنىڭ يولدا بىللە كېتىۋاتقىنىغا نىسبەتەن هېچقانداق باشقىچە خى
يالدا بولمىغانلىقىمنى ئىپادىلىگۈم كېلىپ قالدى ـ دە ، ناهايىتى ئاددى
سۆزدىن بىر نەچچىنى قىلىپ قويماقچى بولدۇم . بىراق ، يۈرىكىم قاتتىق
سېلىپ ، ئاۋازىم شۇنچە تۈزىتىشىمگە قارىماستىن ئىڭرىغاندەك ئاجايىپ
تىترەپ چىقاتتى . شۇنداقتىمۇ هەر بىر سۆزۈمگە شۇنچە ئاۋايلايتىمكى ،
گويا بىرلا ئېغىز ئارتۇقچە سۆز مېنى مەڭگۈلۈك بەختسىزلىككە مۇپتىلا
قىلىپ ، تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغاندەك سېزىلەتتى . بىراق ، هەر قانچە ئاۋاي
لىساممۇ ئاغزىمدىن تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك بىمەنە سۆزلەر ، هېچبىر
مۇناسىۋەتسىز ، بىراق سەلتەنەتلىك ياسالما سۆزلەر ، غەلىتە ئەقلىيە
سۆزلەر ، ساراڭلار جۆيلىگەندەك قالايمىقان گەپلەر چىقىپ كېتەتتى .
گەپلىرىم قولاشمايتتى . هەر بىر سۆزنى دەپ بولۇپلا پۇشايمان قىلاتتىم .
بىردەمدىلا بىر مۇنچە قاملاشمىغان گەپلەرنى دەپ سالغانىدىم . گويا بىر
نەچچە كۈن پاراڭلاشقاندەك هېس قىلىپ كەتتىم .
توققۇزىنچى بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇ ئەركىنگە قاراپ ئەركى
لىگەندەك بىر خىل تەلەپپۇز بىلەن :
— كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ، ياخشى چۈش كۆرۈڭ ! —
دەپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى . بىز ئۈچىمىز خېلى
يولنى تەڭ بېسىپ كەلگەنىدۇق ، بىراق ئۇ خوشلاشقاندا پەقەت ئەركىن

بىلەنلا خوشلاشتى. يۈرىكىم يىلان چاققاندەك ئېچىشىپ كەتتى. «كەچلىكىڭلار» ئەمەس، «كەچلىكىڭىز»؛ «ياخشى چۈش كۆرۈڭلار» ئەمەس «ياخشى چۈش كۆرۈڭ». ئاشۇ سۆزلەرنى ماڭىمۇ قارىتىپ ئېيتىپ قويغان بولسا كەچلىكىم خەيرلىك بولۇپ، ياخشى چۈش كۆرۈپ كېتەرمىدىم، ئۇيقۇسىز دەردلىك تىنىپ تولغىنىشلاردىن قۇتۇلۇپ كېتەرمىدىم...

ھەممە ئادەمدە ئۆزىگە خاس بىر چۈش بار، ھەر بىر چۈش مەڭگۈلۈك يېگانە ۋە مەخپىي دۇنيا. ئاھ! بۇ چۈشلەر مەڭگۈ بىر - بىرىگە قېتىلالمايدۇ! ... دۇنيادىكى سانسىزلىغان چۈشلەر ئارىسىدا زادىلا ئۆز ئارا ئۆتۈشۈش بولمايدۇ، شۇڭا دۇنيادا ھەممە ئادەم يالغۇز، يۆلەكسىز، تەنھا ۋە غېرىب. مەن ئۆزۈمنىڭ چۈشلىرىم بىلەن باشقىلارنىڭ چۈشلىرى ئارىسىدا مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان بىر ئۈچرىشىشنى، ئۆز ئارا بىر - بىرىگە كىرىشىشنى ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن، مەن بۇنداق ئۈچرىشىشقا مەڭگۈ ئىگە بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىمەن. بىراق، يەنىلا ئۇنى بېرىلىپ ئىزدىمىسەم بولمايدۇ. ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى ئېرىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ قوغلىشىش، بەلكىم دۇنيادىكى ئەڭ بىمەنە لېكىن بىردىنبىر ئەھمىيەتلىك ئىش بولسا كېرەك...

ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا ھېچ نەرسىسى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. چۈشۈڭدە نېمىلەرنى كۆرۈشۈڭ زادىلا ئۆزۈڭنىڭ ئىلكىڭدىكى ئىش ئەمەس. باشقىلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىرگىلى بولمايدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزىلا ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈ تەنھا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. ئۆلۈۋېلىشمۇ بىر خىل چۈش. ئۇ چۈشلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تەنھا ۋە ئىپادىلەش ئەڭ قىيىن بولغان چۈش.

مەن ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا زادىلا ئويلىنىپ باققىنىم يوق، خۇددى بۇنىڭدا ئەھمىيەت مەسىلىسى زادىلا مەۋجۇت ئەمەستەك. مەن ھامان ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سىقىدىغان مۇشۇ مەسىلىدىن ئەزەلدىنلا ئۆزۈمنى تارتىپ كەلدىم. بۇ خۇددى جىنسىي ئالاقىنىڭ ئەھمىيىتى

توغرىسىدا توختالغاندىكىلا مەنىسىز بىر ئىش ئىدى.

ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، دۇنيادا ئۆلۈۋېلىش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن بولغان دەۋرلەر ئۇرۇش دەۋرلىرى ئىكەن. چۈنكى، ئۇرۇش دەۋرلىرىدە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى، يەنى دۇنيانىڭ ياشاشقا ئەرزىيدىغان ياكى ئەرزىمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىشقا چولى تەگمەيدۇ. ئۇرۇشنىڭ شىددەتلىك ھاياجىنى ئۇلارنىڭ ھاياجانغا تەشنا ۋۇجۇدىنىڭ تەلپىنى قاندۇرالايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنىڭ ئۆزىلا بىر خىل شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدىكى ئۆلۈۋېلىشتىن ئىبارەت، ئۇرۇش كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم ھەۋىسىنى قاندۇرۇپ تۇرغاچقا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۇرۇش دەۋرىدە ئاز كۆرۈلىدۇ.

بۇ چاغلاردا ئۆلۈۋېلىش ئىستىكى ئېڭىمدا تېخى قىپيالىڭاچ ۋە ئەسەبىي ھالدا مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتمىگەنىدى. بەلكىم بۇ ئاڭ ئېڭىمدا ئەزەلدىنلا باردۇر، بەلكىم تا شۇ چاغقىچە يوشۇرۇن ھالدا ساقلىنىپ كەلگەندۇر... مېنىڭ ئۆلۈۋېلىشتىن پەقەتلا قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بولۇپ قالىدىغان چېغىمدىلا ئاندىن بىراقلا ئوتتۇرىغا چىقىش ئۈچۈن يوشۇرۇن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغاندۇ. خۇددى قەدىمكى گرېك تراگېدىيىلىرىدىكىدەك مۇقەررەرلىكنىڭ خىيالىي مۇكەممەللىكىنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ. بىراق، مەن ھامان ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئېزىتقۇدەك چەكسىز بىر خىل جەلپ قىلىش كۈچىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم.

ئاشۇ چاغلاردا ئۆلۈۋېلىش توغرىسىدىكى ئىدىيە مەن ئۈچۈن ھەم كۈلكىلىك ھەم مۇھىم مەسىلە ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ سەۋەبسىزلا ئۆلۈۋالماقچى بولغىنىمدىن كۈلگۈم كېلەتتى، بىراق ئۆلۈۋېلىش مېنىڭ نەزىرىمدە زادىلا كۈلكىلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

مەن ئۆلۈۋېلىشنىڭ سەۋەبسىزلىكى بىلەن ئۆلۈۋېلىشنىڭ چەكسىز مەپتۇن قىلىش كۈچى ئارىسىدا گاڭگىراپ تۇراتتىم. بۇ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمىغان بىر خىل جەلپ قىلىش كۈچى ئىدى. ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمنى قارىغۇلاشتۇرۇپ، ئەسەبىيلەشتۈرەتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا خۇدۇمنى

يوقىتاتتىم ، ئۇنىڭ مەپتۇنكارلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى مېنىڭ بىردىنبىر يولۇم پەقەتلا مەندىكى بۇ خىل ھاياجاننىڭ قىلچە سەۋەبسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئىدى . بۇنداق قىلىش ئارقىلىق پەقەت ئۆلۈۋېلىشقا تولۇق ھەم مۇكەممەل باھانە ـ سەۋەب تاپقۇچە قارشى تۇرغىلى بولىدۇ .

ھېچقانداق سەۋەبسىز ئۆلۈۋالسام كىشىلەر مېنىڭ ئۆلۈۋېلىشىمغا ھامان بىرەر سەۋەب تېپىشقا تىرىشىدۇ ، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۆلۈۋېلىشتەك بۇنداق چوڭ ئىشنىڭ پۈتۈنلەي سەۋەبسىز بولۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ، ئۇلارنىڭ تامامەن نورمال بولغان كاللىلىرىدا بۇ زادىلا ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش . شۇڭا ، ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن بىرەر باھانە بولۇشى كېرەك ، بولمىسا مەن ئۆلۈۋالغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۆلۈۋېلىشىمدىكى سەۋەبلەرنى خالىغانچە تەھلىل قىلىپ ، نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى پەرەز قىلىشىدۇ . نۇرغۇن ئىشلار ئۇلارنىڭ پەرىزى بويىچە توقۇپ چىقىرىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈم بىلەن زادىلا مۇناسىۋەتسىز بولغان ، ھەتتا مېنىڭ زادىلا خەۋىرىم بولمىغان كەچۈرمىشلەرگە ئىگە بولۇپ قالىمەن ، ئۇلار بۇ كەچۈرمىشلەرنى ماڭا تاڭىدۇ ، مېنىڭ زادىلا بېشىمدىن ئۆتمىگەن ئاشۇ كەچۈرمىشلىرىمنى ئىنكار قىلىشقا زادىلا ئامالىم قالمايدۇ . مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مەن توغرىدا ھەر قانداق ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىرىۋېلىشى تامامەن ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى ئىش . مېنىڭ بۇ چاغدا ھېچقانداق تاللاش ھوقۇقۇم قالمايدۇ . ھەر قانداق پەرەزلەر مېنىڭ نامىم تەرىپىدىن شەرتسىز قوبۇل قىلىنىۋېرىدۇ .

تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش ئارىسىدا پەقەتلا كىشىلەرنىڭ نورماللىق يەنى تولۇق سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى ئىزدەپ ئۇرۇنۇشىدىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس . كىشىلەر « ئىگە » دەپ ھاياتقا قەدەم باسقان ئاشۇ كۈندىن باشلاپلا بۇ دۇنيادا پەقەت ئۆلۈۋېلىشقا كىشىلەرنى قايىل قىلالىغۇدەك ، ئەقىلگە سىغقۇدەك ، مۇكەممەل يەنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان ۋە ھېچكىم كۆز يۇمالمايدىغان بىر خىل باھانە ـ سەۋەبنى تېپىش ئۈچۈنلا ياشايدۇ . كىشىلەرنىڭ ياشاشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى پەقەت ئۆلۈمگە تولۇق بىر باھانە ـ سەۋەب تېپىش ئۈچۈندۇر .

مەن ناھايىتى كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپلا ئاشىق - مەشۇقلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ۋە پۈتۈنلەي ئەسەبىيلەرچە جۆيلۈشلەر بىلەن تولغان مەشھۇر داستانلارنى مەستانىلارچە بېرىلىپ ئوقۇيتتىم. كېچە - كېچىلەپ ئوقۇيتتىم، مەن ئاشۇ داستان ۋە رىۋايەتلەردىكى تەلۋە ئاشىق - مەشۇقلارغا بەكمۇ چوقۇناتتىم. ئۆزۈمنىمۇ ئاشۇ ئاشىق - مەشۇقلارغا ئوخشاش كەچۈرمىشلەرگە ئىگە بولسام دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭ نەزەرىمدە ئاشۇ ئاشىقلارلا دۇنيادىكى ئەڭ يۈكسەك ۋە ئەڭ غايىۋى ئادەملەر ئىدى. مېنىڭ ئىسمىممۇ ئاشۇ رىۋايەتلەردىكى بىر ئاشىق شەخسنىڭ ئىسمىغا ئوخشايتتى. مەن پەقەت بىر ئايال ئۈچۈن ئۆز جېنىنى زادىلا ئايىماي قۇربان قىلغان ئاشۇ ئاشىققا ئىسىمداشلىقىمدىن پەخىرلىنەتتىم. خۇشال بولاتتىم، ھاياجانلىناتتىم. مەن ئۆزۈمنى ھەتتا ئاشۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ بىرى دەپ ئويلايتتىم. ئاسىيەنى بولسا مېنىڭ مەشۇقۇم دەپ قارايتتىم. ئۇنىڭ ئىسمى زۆھرە بولغان بولسا قانچىلىك ياخشى بولاتتى - ھە! دەپ ئويلايتتىم، گاھىدا بولسا زۆھرە ئىسىملىك بىرەرسىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق تا ھازىرغىچە ماڭا زۆھرە ئىسىملىك بىرەر قىز بىلەن تونۇشۇپ قېلىش پۇرسىتى بولمىدى.

دۇنيادىكى بارلىق جان پىدا قىلىشلار ئارىسىدا، بارلىق قۇربان بېرىشلەر ئارىسىدا نېمىشقا پەقەت بىر ئايال ئۈچۈن، ئاياللار بىلەن لىق تولغان بۇ دۇنيادا خۇددى ئاشۇ بىرلا ئايالدىن باشقا ئايال يوقتەك، ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىپ، ئۆلۈشنى لايىق تاپقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ۋە باشقا ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن قۇربان بولغان سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىدىن بەكرەك يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئەسىردىن ئەسىرگە يادلىنىلىدۇ؟ ئەجەبا كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئاشۇ بىر ئايال ئۈچۈن ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆلۈمى، ۋەتەن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن قۇربان بولغانلارنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ بۈيۈكرەك ئۆلۈممىدۇ! بىزنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىلمەيدىغانلار يوق، بىراق مىللىي قەھرىمانلارنىڭ ئىسمىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئۇ زادى قانداق بولۇپ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە

مۇقەددەس بولۇپ قالدى ؟ دۇنيادا ئاياللار شۇنچە كۆپ تۇرسا ، ئەگەر ئۇلارنىڭ مەقستى جىنسىي ھەۋەس بولسا ئۇنىڭ ئۈستىگە ، دۇنيادا جالاپلارمۇ شۇنچە كۆپ تۇرسا ، ئۇلارنىڭ ئەخمەقلەرچە ھالدا بىر ئايال ئۈچۈنلا ئۆلۈشى نېمشقا كىشلەرنى شۇنچە ھاياجانغا سېلىپ ، ئەسىر-لەردىن ئەسىرلەرگە كىشلەرنىڭ تىللىرىدا داستان بولۇپ ، مەدھىيلە-نىپ تۈگىمەيدۇ ؟

مەن بۇرۇن ئۆزۈمنى ئاشۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تەسىرلىك ئىشق ـ مۇھەببىتىدىن بەكمۇ تەسىرلىنىمەن دەپ ئويلاپ كەلگەنىدىم . ماڭا تەسىر قىلغىنى ، مېنى ئەڭ مەپتۇن قىلغىنى ئاشۇ داستان ۋە رىۋا-يەتلەردىكى گۈزەل مۇھەببەت ، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان چەكسىز ساداقىتى دەپ ئويلىغانىكەنمەن . ئەمەلىيەتتە ، مېنى چەكسىز مەھلىيا قىلغىنى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئەخمەقلارچە ئۆلۈمى ئىكەن . ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى قانچە ئەخمەقلارچە بولسا ، ئاشۇ رىۋايەتلەردىكى ئەسە-بىي جۆيلۈشلەر قانچىلىك دەرىجىدە مەنىسىز بولسا مەن ئۇنىڭغا شۇنچە-لىك مەھلىيا بولۇپ ، ئۇلارنى كىچە ـ كۈندۈزلەپ يادلاپ ، چۈشەپ چىققان ئىكەنمەن . مېنى رام قىلىۋالغىنى ، مېنىڭ يۈرىكىمنى سانسىز قې-تىملاپ لەرزىگە سالغىنى دەل مانا مۇشۇ ئەقىلگە سىغمىغۇسىز دەرىجىدىكى غەلىتە ئەخمەقلىق ئىكەن . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈشىدىكى سەۋەبلەر بارلىق قۇربان بولۇشلارنىڭ سەۋەبلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل بولمىغان سەۋەبلەر ئىكەن . مانا بۇ كىشلەرنىڭ ئۆلۈۋېلىش ئىستىكىنى باشقا ھەر قانداق ئۆلۈمگە قارىغاندا ئەڭ يالىڭاچ ئىپادىلەپ تۇراتتى . باشقا ئۆلۈم-لەردە كىشلەر سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىگە شۇ قەدەر ئەھمىيەت بې-رىدۇكى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈشىدىكى سەۋەبلەرنى قىل سىغمىغۇسىز دەرىجىدە مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، شەكسىز بىر خىل مۇقەررەرلىك دەرىجە-سىگە يەتكۈزۈۋېتىدۇ . بۇ سەۋەبلەر كىشىنى خۇددى ئۇلارنىڭ ئۆلمەس-لىكى مۇمكىن ئەمەستەك ، پەقەت ئۆلۈشلا ئەقىلگە سىغىدىغان ئىشتەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ . بىراق ، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئۆلۈمى ئۇنداق ئەمەس . ئۇلارنىڭ ئۆلۈشىدىكى سەۋەب ، باشقا ئۆلۈغ ئىشلار ئۈچۈن

ئۆلگەن قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈمدەك ئۇنداق قىل سىغقۇسىز دەرىجىدىكى ،
مۇقەررەرلىك دەرىجىسىگە يەتكەن ، پۈتۈنلەي مۇكەممەل سەۋەبلەر ئە-
مەس . ئۇلار ئەسلىدىنلا ئۆلۈشنى خالايدۇ . ئۇلار بىر ئۆمۈر ئۆزلىرىنىڭ
ئۆلۈۋېلىش ئىستىكىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كەلگەن ، شۇڭا ئەڭ
ئاخىرىدا بۇ ئۇرۇنۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇنداق قاملاشمىغان
باھانىنى تېپىپ چىققان . كىشىلەر قانداقتۇ ساداقەت دېگەنلەرنى ئويدۇ-
رۇپ چىقىرىپ ئۇلارنىڭ باھانىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ ،
بىراق ئۇلارنىڭ بۇ باھانىلىرى ھەقىقىي ئەقىل بىلەن ئويلىغاندا تېخىمۇ
كۈلكىلىك بولۇپ چىقىدۇ . كىشىلەر ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئاشۇ كۈل-
كىلىك تراگېدىيىلىك ئۆلۈشىدىكى قىلچە قاملاشمىغان ئاشۇ باھانىلىرىغا
شۇنىڭ ئۈچۈن ئالقىش ياغدۇرىدۇكى ، ئاشۇ رىۋايەتلەر كىشىلەرگە ئۆلۈم
ئۈچـۈن ئۇنچىۋالا مۇكەممەل باھانە ـ سەۋەب ئىزدەپ يۈرۈشنىڭ ھا-
جىتى يوقلۇقىدىن يوشۇرۇن بېشارەت بەرگەن . بۇ بېشارەت ئۇلارنى ئىل-
ھاملاندۇرىدۇ ، ئۆلۈۋېلىشنىڭ يوللىرىنىڭ ئىنتايىن كەڭ ئىكەنلىكىنى
ھەتتا پۈتۈنلەي سەۋەبسىز ئۆلۈۋالسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ،
ئۇلارنى روھلاندۇرىدۇ . بىراق ، ئىنسانلار يەنىلا لوگىكا ۋە سەۋەب ـ نە-
تىجە ئالدىدا ئاجىز .

مەشھۇر ئاشىق ـ مەشۇقلار رىۋايەتلىرى ــ ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈۋې-
لىش ھەققىدىكى مەڭگۈلۈك گۈزەل چۈشلىرى .

كىشىلەر خۇددى سېرىق سىنئالغۇ فىلىمدە باشقىلارنىڭ جىنسىي
ئالاقىسىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانغاندەك ، باشقىلارنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈپ ھۇ-
زۇرلىنىدۇ . ئۇلار ئاشۇ پۈتۈنلەي قاملاشمىغان ئۆلۈمنى كۆرۈپ ئاچ
كۆزلۈك بىلەن تىلىنى چاكىلدىتىشىدۇ . . . »

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە
سەل توختاپ قالدى . ئۇ تاھىرنىڭ يازغانلىرىنى ھەيران قالغانىدى . ئۇ
تاھىرنىڭ ئۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسىنى پەقەتلا بىردەملىك
ھاياجان دەپ ئويلىغانىدى . بۇنىڭ تاھىردىكى بىر خىل ئۆزلۈكسىز

كەيپىيات ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىلا رە-
شىدە تاھىرغا قىزىقىپ قالغانىدى. گەرچە تاھىرغا يېقىنلىشىش بىر قەدەر
تەس بولسىمۇ، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشقا تىرىشىپ باققانىدى، بىراق
تاھىرنىڭ سوغۇق مىجەزى ھامان ئۇنى نائۇمىد قوياتتى. شۇڭا، ئۇ
ئىلاجىسىز تاھىرنى پەقەت يىراقلاردىن كۆزىتەتتى. ئۇنى بىر چۈشىنىپ
بېقىشقا تىرىشاتتى. تاھىرنىڭ ھەممە ئىشقا ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن
سەپسېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرگىلى
بولىدىغان بىرەر بۆسۈش ئېغىزى تېپىشقا تىرىشاتتى.

ئۇ تاھىرنى ۋۇجۇدى ئەسەبىيلەرچە ھېسسىيات بىلەن تولغان
ھەقىقىي سەنئەتكار دەپ تونۇيتتى، ئۆز كۆڭلىدە غايىۋى ئۇستاز تۇ-
تاتتى. چۈنكى، تاھىرنىڭ سىزغان ماي بوياق رەسىملىرىدىكى ھەر بىر
سىزىق ۋە ھەر بىر بوياقتىن تاھىرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى رەھىمسىز تۇيغۇلار
ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ رەسىملىرىدە خۇددى ئۆلۈمگىلا خاس بول-
غان، كىشىنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىدىغان بىر خىل رەڭ بار ئىدى.
خۇددى قەدىمىي مېتال پۇللاردىكى كۆكىرىپ كەتكەن داتلارنىڭ رەڭ-
گىگە ئوخشاش رەڭلەر ئۇنىڭ رەسىملىرىنى ئاجايىپ بىر خىل ئۆزگىچە-
لىككە ئىگە قىلغانىدى، ئوقۇتقۇچىلار تاھىرنىڭ بۇ خىل خۇنۇك رەڭ
ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى تەنقىد قىلاتتى. بۇ سىنىپتا تاھىرنىڭ ئەسەرلىرى
باشقا ساۋاقداشلار تەرىپىدىنمۇ تەنقىدلىنەتتى. پەقەت رەشىدەلا ئۇنىڭ
رەسىمىنى ماختايتتى، ئۇنىڭ رەسىمىدىن بەھىرلىنەلەيتتى.

تاھىر خاتىرىسىگە ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم پەرىدە بىلەن ئۇچراش-
قان ۋە ئۇنىڭغا خەت يازغان ۋاقىتلىرىنى ئەنە شۇنداق خاتىرىلەپ قويغا-
نىدى. رەشىدە بولسا بۇلارنى تامامەن ئىنكار قىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ
ئەسلىمىسى بويىچە تامامەن باشقىچە ئىدى. بەلكىم بۇلارنى تاھىر كېيىن
قايتا ئەسلەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆزگەرتىپ
تەسەۋۋۇر قىلىۋېرىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىر جەرياندىكى كەچۈر-
مىشلىرىنى ئۆزگەرتىۋالغىنى بويىچە يادىغا ئېلىۋېلىپ، ئۆزىمۇ شۇنى

راست دەپ ئىشىنىدىغان بولۇپ قالغاندۇ ... ياكى تاھىر ئەمەس رەشىدە ئاشۇ جەرياننى ئۆزىنىڭ ئىچىدە قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىپ ، شۇنى راست دەپ ئىشىنىۋالدىمۇ بىلگىلى بولمايتتى . رەشىدەنىڭ ناھايىتى ئىنىق ئېسىدە : ئاشۇ كۈنى ئۇلارغا رەسىم نەزەرىيىسى دەرسى بار ئىدى . رەشىدە ھەتتا مۇئەللىمىنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىنىمۇ شۇ قەدەر ئىنىق ئېسىدە قالغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران ، نېمىشقا شۇنداق بولغىنىنى ئۇ مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ . ئۇ دەرس ۋاقتىدا پات ـ پات تاھىرغا قاراپ قوياتتى .

— فوتو سۈرەت بارلىققا كەلگەندە كىشىلەردە رەسىم سەنئىتىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل كرىزىس تۇيغۇسى شەكىللەنگەنىدى . شۇنىڭ بىلەن رەسساملىق سەنئىتى فوتو سۈرەتنىڭ جەڭ ئېلان قىلىشىغا دۇچ كەلدى . كىشىلەر فوتوئاپپاراتنى رەسساملارنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ دەپ ئويلىغانىدى . . .

مۇئەللىم دەرس سۆزلەۋاتقاندا ، تاھىر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا سولغۇن ، خىيالچان ئولتۇراتتى ، ئۇ پات ـ پات ئالدىدىكى دەپتەرگە بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتاتتى . رەشىدە ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى پارتىدا ئولتۇرۇۋېلىپ بويىنى سوزۇپ تاھىرنىڭ نېمىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى ئوغرىلىقچە كۆرۈۋالدى .

تاھىر دەپتىرىگە مۇنۇ مىسرالارنى يېزىپ قويغانىدى :

« كەچۈر ! مەن سۆيگۈنى ھېس قىلالمايمەن ،
كۆلپەتلىك ۋە سىرلىق قارىما ئەمدى !
يۈرىكىم تەكتىنى تىڭشايمەن جىمجىت ... »

تاھىرنىڭ قەلەم تۇتقان قولى بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن يېزىشنى داۋاملاشتۇردى :

« بار ئۇندا قەھرىتان زۇلمەت دەھشىتى . »

— شۇنىڭ بىلەن رەسساملىق ئۆز ـ ئۆزىنى كەسكىن يېڭىلاپ ،

رەسساملىق ئېستېتىك ئىڭدا غايەت زور بۇرۇلۇش بارلىققا كەلدى. رەسساملار سەنئەتنىڭ ئۆلۈك ھالدا رېئاللىقنى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈش بولۇپ قالماسلىقنى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ چەكسىز روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسساملىق سەنئىتى ئۆزىدىكى باشقا سەنئەت شەكىللىرى مەڭگۈ ئورنىنى باسالمايدىغان غايەت زور كۈچىنى نامايان قىلىپ، ئۆزىنى يېڭىلىدى.

مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى تاھىرنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمىدى، ئاخىرى مۇئەللىم سۆزلەۋېتىپ سائەتكە قاراپ قويۇپ:

— ۋاقىتمۇ توشۇپ قاپتۇ، ئەمسە بۈگۈنكى دەرسىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن دەرستىن چۈشۈڭلار! — دېدى. ئوقۇغۇچىلار ئورنىدىن تۇرۇپ، پارتا ئۈستىگە يېيىلغان ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. تاھىرمۇ ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. رەشىدە ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار ئۇزۇن كەتكەن كارىدوردىن ئۆتتى. رەشىدە تاھىرغا نېمىلەرنىدۇر دېيىشكە ئالدىرايتتى. بىنانىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ، تاھىر قەدىمىنى تېزلىتىپ ئوقۇغۇچىلار توپى ئارىسىدىن ئايرىلىپ چوڭ يولنى بويلاپ كېتىۋاتقاندا، رەشىدە ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كېلىپ ئۇنىڭ باياتىن يازغان شېئىرىنى چاقچاق ئۈچۈن ھېسسىياتلىق قىلىپ دېكلاماتسىيە قىلىپ قويدى. بىراق، تاھىر ئۇنى كۆرمىگەندەك يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

كەچۈر! مەن سۆيگۈنى ھېس قىلالمايمەن،
كۆلپەتلىك ۋە سىرلىق قارىما ئەمدى.
يۈرىكىم تەكتىنى تىنىشايمەن جىمجىت،
بار ئۇندا قەھرىتان زۇلمەت دەھشىتى.

— پاھ، نېمىدېگەن چەكسىز ئازاب بۇ، نەدىن كەلگەن شۇنچۇالا ھەسرەت؟ سىز نېمىشقا دائىملا بۇ قەدەر ئازابلارغا پېتىپ، شۇ قەدەر ئۈمىدسىز ۋە چۈشكۈن يۈرىسىز، — سورىدى رەشىدە تاھىرغا چاقچاق قىلىپ، بىراق تاھىر سوغۇققىلا بىلەن جاۋاب بەردى:

— مەن ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن .

— ھېس قىلىشىمچە ، سىزدە ئازابقا بولغان چەكسىز بىر خىل مەپتۇنلۇق بار .

— ئازاب — سەنئەتنىڭ جېنى . ئادەمدە روھىي ئازاب بولمىسا رېئاللىق قۇپقۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . ئادەم رېئاللىقنىڭ مەنىسىزلىكىگە زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . ئادەمدە پەقەت روھىي ئازاب بولغاندىلا ئاندىن رېئاللىقنىڭ مەنىسىزلىكىنى يېڭىپ چىقالايدۇ ، ئازاب بولمىسا سەنئەت بولمايدۇ . دۇنيادىكى يۈكسەكلىكنىڭ ھېچقايسىسى بولمايدۇ .

— بىر سەنئەتكار بولۇش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئازابلىنىشقا زورلاپ يۈرۈۋېتىپسىز - دە !

تاھىر مەيۈسلۈك بىلەن سوغۇق كۈلۈپ قويدى :

— ياق ، مەن پەقەت مەندە ئازاب بولغاچقىلا سەنئەتكە بېرىلىمەن ، — رەشىدەنىڭ ھېس قىلىشىچە ، بۇ تاھىرنىڭ سەنئەت توغرىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق كۆز قارىشى ئىدى .

رەشىدە شوخلۇق بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ، بۇ كۈلۈش ناھايىتى ياسالما بولۇپ قالدى . ئۇ كۈلۈش ئارقىلىق ئارىلىقتىكى ئېغىر كەيپىياتنى ئۆزگەرتىپ ، ئازادە كەيپىيات يارىتىش ئارقىلىق تاھىر بىلەن بىردەم پاراڭلىشىشنى ئويلىغانىدى . بىراق ، ئارىلىقتىكى ئېغىر كەيپىيات ئۇنىڭ ئېچىلىپ تەبىئىي كۈلۈشىگە تەسىر يەتكۈزدى .

— سىزگىمۇ زادىلا گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ ، سىز دائىم ھەسرەتلىك شېئىرلانى يېزىپ ، دۇنيادىن تويۇپ ، چۈشكۈنلىشىپ يۈرگىچە باشقىلارغا ئوخشاش خۇشال - خۇرام ئويناپ كۈلۈپ يۈرسىڭىز بولمامدۇ ؟ سەنئەتتە ھەسرەتلىك نەرسىلەرنى ئىپادىلىسىڭىزمۇ ، بىراق رېئال تۇرمۇشتىمۇ شۇنداق بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟

— مەن ئۆزۈمنى ئالداپ خۇشال قىلىشنى بىلمەيمەن . سىز بەلكىم مەندىكى تۇيغۇنى مەڭگۈ ھېس قىلىپ يېتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن ، چۈنكى سىز مەڭگۈ مەن ئەمەس ، ئادەملەر مەڭگۈ ئۆزىدىن باشقا بىراۋ بولال-

مايدۇ .

تاھىر كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى . قانداقتۇر دەھشەتلىك بىر ئىشنى سەزگەندەك چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى . تىنىقى بىردىنلا تېزلىشىپ ، ۋۇجۇدى زىلزىلىگە كەلگەندەك بولدى . رەشىدە تاھىرنىڭ چىرايىدا بىردىنلا ئەكس ئەتكەن جىددىيلىشىشنى ناھايىتى تېزلا سېزىۋالالىدى . بىراق ، ئۇ چۈشىنەلمەي قالغان نەرسە شۇ ئىدىكى ، تاھىر كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىمايلا تۇرۇپ ، خۇددى پەردىنىڭ ئارقا تەرەپتىن كېلىۋاتقىنىنى كۆڭلى سەزگۈلەردىن ھالقىغان ھالدا بىۋاستىلا تۇيغاندى . ئۇ پەردىنىڭ ئارقا تەرەپتە كېلىۋاتقانلىقىنى زادى قانداق تۇيدى ، بۇنى تاھىر ئۆزىمۇ بىلمەيتتى .

پەردىنىڭ بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن كىيىملەر ئۇنىڭ فىگۇرىسىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى ، سۇمبۇلدەك يېيىلىپ چۈشكەن چاچلىرى ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە ئەگىشىپ دولقۇنلىشىپ تۇراتتى ، تاھىر ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى . پەردە ئۇلارغا دىققەت قىلماستىن ئۇلارنىڭ يېنىدىن پەرۋاسىز ئۆتۈپ كەتتى .

— ئۇ كىم ؟ — سورىدى رەشىدە .

— ئۇقمايمەن .

— ئۇقمايمەن ؟ ئەمىسە ئۇنى كۆرۈپ نېمىشقا بۇنچىۋالا جىددىيلىشىپ كېتىسىز ؟

— ئۇقمايمەن ، مەندە ئاجايىپ غەلىتە تۇيغۇ پەيدا بولۇۋاتىدۇ . بۇنداق تۇيغۇ مەندە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان . مەن بۇنىڭ قانداق تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم ... مەن ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى قارىماي تۇرۇپلا ھېس قىلالىدىم ، بۇ زادى نېمە ئۈچۈندۇ . . .

ئۇلار بىردەم سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ قالدى .

— غەلىتە بىر سېزىم ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالدى . مەن زادى نېمە بولدۇم ؟

— چىرايلىق قىزلارنى كۆرۈپ ، ئەس - ھوشىڭىزنى يوقىتىپ قويۇشىڭىزنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۇم . لېكىن ، بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك

نېمىسى بار . يىگىتلەرنىڭ سەتەڭ قىزلارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى دەتتىنكى ئىشقۇ !

— بىراق ، بۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش دېگىلى بولمايدۇ ، — دېدى تاھىر قانداقتۇر چۈشەندۈرۈش مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغان بىر نەرسىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ، چۈشەندۈرۈشكە تىرىشۋاتقان ئادەمدەك تىت ـ تىتلىق ئىلكىدە .

رەشىدە تاھىرنىڭ ئاشۇنداق ئالاھىدىلىكلىرىگە قىزىقاتتى ، ئەگەر ئۇمۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا بولغان بولسا ئۇنىڭ بىلەن چاتىقى بولمىغان بولاتتى . ئۇ تاھىرنى چۈشىنىشكە تىرىشاتتى . ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغۇسى ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقۇسى كېلەتتى . ئۇنىڭدا بەلكىم پەقەت دوستلۇق ھېسسىياتىلا بار بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتى تاھىر .

تاھىر دائىم خالىي جايلارنى تېپىپ ئولتۇرۇپ ئۆزى يالغۇز رەسىم سىزاتتى . ئۇنىڭ قوللىرى رەسىم جازىسى ئۈستىدە تېزلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا ، رەشىدە ئاستا كېلىپ ئوغرىلىقچە كۆزىتىپ تۇراتتى .

تاھىر رەسىمنى سىزىپ بولۇپ قولىدىكى قەلەمنى چۆرۈۋەتكەندىن كېيىن ، رەسىمگە قارىغىنىچە بىر ھازا تىكىلىپ تۇرۇپ ، ئاندىن چىملىق ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپ چوڭقۇر خىيالغا پاتاتتى . رەشىدە ئۇنىڭ دائىم قەيەرلەرگە بېرىۋالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بىلىۋالالايتتى .

تاھىر بولسا قىزلار بىلەن ئوغۇللار ئارىسىدا جىنسىتىن ھالقىغان يەنى جىنس بىلەن مۇناسىۋەتسىز دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيتتى ، بىراق رەشىدە بىلەن ئۆزىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق ئانچە ئويلىنىپ كەتمەيتتى . رەشىدە بىر نەچچە قېتىملىق سۆھبەتتە بۇنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى .

تاھىر ئاشۇ چاغلاردا ئۆزى بىلەن پەردە ئوتتۇرىسىدا چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان يەنى ئەقىلدىن ھالقىغان بىر خىل سىرلىق باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى دائىم ھېس قىلىپ تۇراتتى . بىراق ، بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . ئۆزىنى پەردىگە ئاشىق

يولۇپ قالدى دەپ ئويلىمايتتى ، بىراق قانداقتۇر چۈشىنىكسىز بىر كۈچ
ئۇنى قوزغىتىپ پەردە ئۆتىدىغان يوللارغا ، پەردە بارىدىغان جايلارغا
بېرىپ ئۇنى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈۋېلىشقا ئۈندەيتتى . پەردەنىڭ بار
بولۇشى مۇمكىن بولغان جايلاردىن يىراقلاپ كەتسىلا قەلبى چەكسىز پە-
رىشانلىققا تولۇپ ، تىپىرلاپ كېتەتتى . ئۇ بىرەر يەردە كېتىۋېتىپ بىر-
دىنلا روھلىنىپ ، يۈرىكى ئويناپ كەتكەندە بولسا ئۆزىنىڭ پەردەگە يې-
قىنلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى ، راست دېگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ
قارىسىلا پەردەنى كۆرەتتى . تاھىر دەسلەپتە ئۆزىدىكى بۇ خىل تۇيغۇغا
زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەي يۈردى ، مەكتەپ ئىچىدە پەردەنىڭ دائىم با-
رىدىغان يەرلىرى بەلگىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئويلىۋالغان
بولسام كېرەك دەپ ئويلىغانىدى . بىراق ، بىر قېتىم تاھىر ئۆزى يالغۇز
شەھەرنىڭ چەت ياقىسىدىكى بىر بازارنى ئايلىنىپ يۈرۈپمۇ ئاشۇنداق
تۇيغۇدا بولغاندا ھاڭ ـ تاڭ قالدى ، ئۇ بازارنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ
بىردىنلا يۈرىكى ئويناپ كەتتى ، پەردە مۇشۇ ئەتراپتا بار دېگەن بىر
تۇيغۇ ئۇنىڭ مېڭىسىدىن يالتىندە قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ ئۆزىدە پەيدا
بولغان بۇ بىمەنە تۇيغۇغا ئانچە ئىشەنمىدى ، بىراق ئۆرۈلۈپ يان تەرەپكە
قاراپ بېقىشتىن يەنىلا ئۆزىنى تارتالمىدى . پەردە يەنە بىر نەچچە قىزلار
بىلەن بىللە راستتىنلا ئۇ يەردە تۇراتتى . بۇ راستتىنلا روھىي ئىندۇكسى-
يىمىدۇ ؟ تاھىر ئادەمدە ئالتىنچى تۇيغۇنىڭ بولىدىغانلىقىغا زادىلا ئىشەن-
مەيتتى ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە توقۇپ چىقارغان خام خى-
ياللىرى ، ئۆز ئۆزىنى بەزلىشى ، دەپ ئويلاپ كەلگەنىدى . ئەمدى بولسا
بۇ غەلىتە ئىش ئالدىدا گاڭگىراپ قالدى .

تاھىر يېقىندىن بېرى بۇددا مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم
دەۋرىدىكى سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش ئۈچۈن بۇددا دىنىغا ئائىت
بەزى كىتابلارنى ئوقۇپ ، بۇددا دىنىنىڭ سانسارا تەلىماتىدىن خەۋەردار
بولغانىدى . ئەجەبا ھاياتلىقنىڭ دەۋر قىلىپ ، ئايلىنىپ تۇرۇشى راست-
مىدۇ ؟ ئەجەبا ئۇنىڭ پەردە بىلەن ئىلگىرى باشقا بىر ئادەم بولۇپ ،
باشقا بىر دەۋردە ياشىغان چاغلىرىدا تەقدىرى بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ

كەتكەن بولغىيمىدى ؟ ھازىرمۇ دەل شۇنداق باغلىنىش سەۋەبىدىن ئۇ-
نىڭدا ئاشۇنداق غەلىتە تۇيغۇلار پەيدا بولۇۋاتامدىغاندۇ ؟ ياكى ئۇ ئىشى-
نىدىغان ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە « خۇدا ئۇنىڭ دىلىغا سىڭىۋا-
تامدىغاندۇ ؟ » خۇدا ئادەم تۇغۇلغان چاغدا ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئۇنىڭ
پۈتكۈل تەقدىرىنى پۈتۈۋەتكەن . ئادەم ئۆز تەقدىرىدە پۈتۈلگەن ئىشلارغا
دۇچ كەلگەندە ئاللاتائالا ئۇنىڭ دىلىغا سىڭىپ ، ئۇنى پېشانىسىگە پۈتۈل-
گەن بويىچە ئىش قىلىشقا ئۈندەيدىكەن . بەلكىم بۇلارنىڭ ھەممىسى
خۇدانىڭ دىلىغا سىڭىشىدىن بولسا كېرەك ، خۇدا ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋا
ئانىنى ياراتقاندا دەسلىپىدە ئادەم ئاتىنى ياراتقانىكەن . دەسلەپتە ئادەم
ئاتىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەر بىلەن ئايال مۇكەممەل بىرلەشكەنىدى ، كېيىن
تەڭرى ئادەمنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن ھەۋا ئانىنى
ياراتقان . مۇكەممەل بىر ئادەم مەڭگۈ مۇكەممەل بولمىغان ئىككى گەۋ-
دىگە پارچىلىنىپ كەتكەن . مانا بۇ ئەڭ دەسلەپكى پارچىلىنىش ئىنسانى-
يەتنىڭ بارلىق تراگېدىيىسىنىڭ تۈگۈنى . ھەر بىر ئىنسان تۇغۇلغان
ۋاقتىدىن تارتىپ تاكى ئۆلگۈچە ئۆزلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئەسلى-
دىكى بىر پۈتۈن ھالىتىگە قايتىشنى ئىزدەيدۇ ، ئاياللار پەقەت ئەرلەر ئار-
قىلىقلا ئۆزلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرەلەيدۇ ، ئەرلەرمۇ پەقەت ئاياللار ئارقى-
لىقلا ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرەلەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر ئىنسان
تۇغۇلغان چېغىدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنى مۇكەممەللەش-
تۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ ئۆزىنىڭ يەنە بىر گەۋدىسىنى
ئىزدەيدۇ . ئىزدەپ تاپقاندا بولسا ئۇلار پەقەت جىنسىي ئالاقە ئېلىپ بار-
غاندىلا ئاندىن تولۇق بىر گەۋدىگە ، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولالايدۇ .
ئۇلار بىرلەشكەندە غايەت زور قۇدرەتنى نامايان قىلىدۇ . ئۇلار ئۆزلىرى-
نىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولغان يەنە بىر جاننى ۋۇ-
جۇدقا كەلتۈرەلەيدۇ . مانا بۇ يېڭى جان ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق ھالدا بىر
گەۋدىگە ئايلىنىشى . ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق ھال-
دىكى بىر ـ بىرىنى مەھلىيا قىلىش كۈچىنى مۇشۇنىڭدىن باشقا يول بى-
لەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس . ئەر ـ ئاياللار نېمىشقا بىر ـ بىرىگە

موھتاج بولىدۇ ؟ ئەجەبا پەردە تاھىرنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىمىدۇر ـ يا ؟ تاھىر بۇ دۇنيادىن ئىزدەپ يۈرگەن گەۋدىسىنىڭ بىر قىسمى پەردە بولغاچقىلا ئۇ ئاشۇنداق چۈشىنىكسىز بىر خىل تۇيغۇنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتامدىغاندۇ ؟ خۇدا نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى مەڭگۈلۈك پارچىلىۋەتكەن ؟

بەلكىم ئەڭ دەسلەپكى ئىنسان مۇكەممەل بىر گەۋدىگە ئىگە چاغلىرىدا چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە بولغىيتتى . خۇدا بەلكىم ئۇنىڭ بۇ چەكسىز قۇدرىتى ئارقىلىق ئۆزىگە شەك كەلتۈرۈشىدىن ، ئۇنىڭ خۇدالىق دەۋاسى قىلىشىدىن ئەنسىرىگەندۇ . ئەر بىلەن ئايال بىرلەشكەن چاغدا يېڭى بىر جاننى يارىتالايدۇ ، بۇ بىرلىشىش ناھايىتى قىسقا ۋە يۈزەكي بىرلىشىش ، بۇمۇ خۇداغا شەك كەلتۈرۈشنىڭ بىر خىل تۈرى بولغانلىقى ئۈچۈن ، دائىم كېچىلىرى يوشۇرۇن ھالدا تولۇپ تاشقان بىر خىل جىنايى تۇيغۇ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ . بۇ ھەرىكەت يېڭى بىر جاننى يارىتىدىغان ھەرىكەت بولغانلىقى ئۈچۈن ، كىشىلەر بۇ ھەرىكەتنى خۇدانىڭ ئالدىدىكى جىنايەت دەپ قارايدۇ ، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي جەھەتتىن بولىدىغان جىنايى تۇيغۇنىڭ مەنبەسى دەل مانا شۇ ! كىشىلەر جىنسىي ئالاقىنى خۇداغا قىلىنغان بىر خىل ئاسىيلىق دەپ قاراپ ، سانسىزلىغان پەرھىزلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ، كىشىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ جىنايەتكار تېنىنى كىيىملەر بىلەن ئوراۋېلىپ يۈرىشىدۇ .

ئادەملەرنىڭ بۇ دۇنيادا بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى ناھايىتى قىسقا ۋە يۈزەكي بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىمۇ ئەڭ دەسلەپكى ئىنساننىڭ مۇكەممەل بىر گەۋدە بولغان ھالىتىدىكىدەك ئۇنداق قۇدرەتلىك بولماستىن پەقەت يەنە بىر جاننى يارىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان . ئەگەر ئەر ـ ئايال قايتىدىن تولۇق بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ ، تامامەن ئەسلىگە كېلەلىسە ھەممە نەرسىنى يارىتالىشى مۇمكىن ! ئۇ چاغدا ئىنسانلارنىڭ بۇ قۇدرىتى دۇنياغا ئاپەت بولامدۇ ؟ خۇداغا شۈكۈر ، ئۇلۇغ تەڭرى ھېلىمۇ ياخشى ئادەمنى ئىككى گەۋدىگە بۆلۈۋەتكەنىكەن . ئەگەر

ئۇنداق قىلمىغان بولسا كىشىلەرگە بۇ دۇنيادا ئىزدەيدىغان ھېچ نەرسە بولمىسا ئۇلار زادى نېمىنى قوغلىشىپ ياشايدىغان بولغىيتتى ؟ ئۇ چاغدا ھايات تېخىمۇ مەنىسىز ۋە كۆلپەتلىك بولۇپ كەتمەمدۇ ؟ كىشىلەر زادى نېمە ئىش قىلىپ ، نېمىگە ئاساسلىنىپ بۇ دۇنيادا ياشايدۇ ؟

تاھىر ئالتىنچى سەزگۇ ، بۇددىزم ۋە ئىسلام ئەقىدىسى ئارىسىدا گاڭگىراپ قالدى . بۇ مەڭگۇ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىك ئىدى . تاھىر پەردە بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدىكى سىرلىق تۇيغۇنى زادى ئالتىنچى تۇيغۇ ، سانسارا ۋە ئاللانىڭ دىلىغا سېلىشى قاتارلىقلارنىڭ زادى قايسى بىرى بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى .

ئاشۇ بىر كۈنى رەشىدەنىڭ زادىلا ئېسىدىن چىقمايدۇ . بەلكىم بۇ ئالاھىدە بىر كۈندۇر . رەشىدە شۇ كۈننى نېمىشقا ئۇنتۇيالمايدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ .

ئۇ بىر نەچچە قىز بىلەن گۈللەر ۋە دەرەخلەرنى ئارىلاپ ئاستا مېڭىپ كېلىۋېتىپ ئانچە يىراق بولمىغان يەردە — چىملىقتا ئۆزىنى تاشلاپ ياتقان تاھىرنى كۆرگەندى . ئۇلار تاھىرنىڭ مىسكىن ھالىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالغاندى . رەشىدە قىزلارغا تاھىرنى كۆرسىتىپ :

— قاراڭلار ، ئاۋۇ تاھىرنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ يېتىشىنى ، نېمە بولغاندۇ بۈگۈن ئۇنىڭغا ، يۈرۈڭلار بېرىپ قاراپ باقايلى ! — دېگەندى .

— ئۇ دائىملا شۇنداققۇ ، — دېدى قىزلار .

— ئۇنىڭ مىجەزى ئەجەب غەلىتە ـ ھە !

— ئۇ بەك رومانتىك .

قىزلار تاھىرنىڭ يېنىغا كەلدى . تاھىر ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى كۆرمىدى . قىزلار تاھىرنىڭ سىزغان رەسىمگە بىردەم قارىشىپ تۇرۇشتى .

— ئەجەب ياخشى چىقىپتۇ بۇ رەسىم ، باشقا رەسساملىرىڭىزگە ئوخشىمايدىكەن ، بىراق يەنىلا شۇ خۇنۇك رەڭ . . .

— يەنىلا شۇ ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان رەڭ .

تاھىر ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىدى .

— تاھىر بۇ سىزغىنىڭىز كىم ؟

— ئۇ ماڭا بەكلا تونۇشتەك تۇرىدۇ . بىراق ، ئۇنى زادى قانداق تونۇيدىغانلىقىمنى بىلەلمىدىم . — تاھىر شۇنداق دەپ قويۇپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى .

— چىرايلىق ئادەم دائىم كىشىلەردە تونۇشتەكلا تەسىرات پەيدا قىلىدۇ .

قىزلار كۈلۈشتى . ئۇلار تاھىرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇردى .

— خۇپسەنلىك قىلماڭ ، ھەممە سىرىڭىز ئاشكارىلىنىپ كەتتى . نېمانداق ھەسرەتلىك شېئىرنى يېزىپ كۈن بويى ھەسرەتلىنىپ يۈرۈيدىكىن دېسەك ، ئەسلىدە دەردىڭىز بار ئىكەن ـ دە ! بىزگە دەپ بېرىڭا ، ئۇ كىم . بىزمۇ تونۇشۇپ دوست بولۇپ قالساق ئەجەب ئەمەس . ئەگەر ئۇ سەل گېپىڭىزگە قايىل بولماي قىلىۋاتقان يېرى بولسا ئۆزىمىز توغرىلايمىز . ئېيتىڭا ئۇ كىم ؟ — كۈلگىنىچە سورىدى رەشىدە .

— كەلتۈرەلمىگەن بولسىڭىز كەلتۈرۈشۈپ بېرىمىز ، — دېيىشتى قىزلار .

— بولدى قىلساڭلارچۇ ! مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى زادىلا بىلمەيمەن .

— شۇنداق ، ئۇنىڭ ئوبرازى ، چىرايىدىكى ھەر بىر ئىنچىكە ئالاھىدىلىكلەر ، ھەر بىر چىراي ئىپادىسى ماڭا شۇ قەدەر تونۇش ، خۇددى ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىنلا ئايرىلماي بىللە ئۆتۈۋاتقاندەك . ئۇنىڭ ئوبرازى مېڭەمگە ئورناپ كەتكەن . بىراق ، مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم . بەلكىم مەن ئۇنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاندىمەن . لېكىن ، ئۇ ماڭا ئاجايىپ تونۇش .

ئاشۇ بىر كۈننىڭ رەشىدەنىڭ زادىلا ئېسىدىن چىقماسلىقى بەلكىم ئاشۇ كۈنى رەشىدەنىڭ تاھىر بىلەن ئادەتتىكى چاغلاردىن ئۇزاقراق پاراڭلاشقانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك . بۇ بىر كۈز مەزگىلى

ئىدى . قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن تەڭ ھاۋا بارا ـ بارا سوغۇقلىششقا باشلىدى . قىزلار تاھىرنىڭ يېڭى سىزغان رەسىمى ھەققىدە بىر ھازا قىزىق پاراڭلارنى قىلىشقاندىن كېيىن كېتىپ قېلىشتى . رەشىدە ئۆزى يالغۇز تاھىرنىڭ يېنىدا قالدى . ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇنغىچە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇشتى . ئارىلىقتا ھېچقانداق پاراڭ بولمىسىمۇ ، بۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت بىللە ئولتۇرۇش ئادەتتە ئادەمنى ناھايىتى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئىش ئىدى . ئادەتتە ، بۇنداق ئەھۋالدا بىللە قارىشىپ ئولتۇرۇش ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن غەش قىلىدىغان ئىش ئىدى ، بىراق ئاشۇ كۈنىلا رەشىدە زادىلا ئۇنداق ھېسسىياتتا بولمىدى . ئۇ ئۆزىنى خۇددى تاھىر بىلەن ئۈن ـ تىنسىز پاراڭلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلدى . ئۇ تاھىرنىڭ كۆڭلىدىكى ھەممە سىرلارنى بىلىپ بولغاندەك بولغانىدى .

قاراڭغۇ چۈشۈپ كوچا چىراغلىرى بارا ـ بارا روشەنلىشىشكە باشلىدى . كوچا چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا رەشىدەنىڭ كۆزلىرى چاقناپ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ چىرايىمۇ بارا ـ بارا ئاق ۋە سۈزۈك كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ھاۋا بارا ـ بارا سوغۇقلىشىپ كەتتى . بىراق ، بۇ سوغۇقلۇق خۇددى سەھەردە ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدا ئاڭلىغان مۇزىكىدەك ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇڭلۇق بىر خىل تۇيغۇ ئېلىپ كېلەتتى .

ـــ مەن سىزنىڭ سىرىڭىزنى بىلىپ قالدىم ، ـــ رەشىدە بوش ئاۋازدا شۇنداق دېدى ، ئۇ خۇددى ئارىلىقتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇۋېتىشنى خالىمىغاندەك ئاۋازىنى ئاستا ھەم تۆۋەن چىقاردى .

تاھىرمۇ زادىلا سۈكۈت بۇزۇلغاندەك ھېس قىلمىدى .

ـــ قانداق سىرنى ؟

ـــ بىر سىنى ياخشى كۆرۈپ قاپسىز ، راستمۇ ؟

تاھىر ئۈندىمىدى ، بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى .

ـــ قانداق بىلدىڭىز ؟

ـــ چاندۇرۇپ قويۇۋاتىسىز ... سىز بىر نەچچە كۈندىن بېرى باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىسىز . . . ئۇ كىم ؟ سىز ئارقىسى

دىن قاراپ قالغان ھېلىقى قىز شۇمۇ ؟ . . .

تاھىر ئاشۇ كۈنى نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنىڭ قەلبىدىكىنى ئاڭلاي-دىغان بىر ئادەمنىڭ چىققانلىقىدىن خۇشال بولدى ، كۆڭلىدىكى ھەممە سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئايىماي تۆككۈسى كېلەتتى ، بىراق ئۇ يەنىلا ئۇنداق قىلمىدى ، يەنىلا ھەممىنى سىر تۇتۇپ قالدى .

— ئۇنداق ئىش يوق ، — دېدى ئۇ سۇس كۈلۈمسىرەپ قويۇپ .

— ئۇ قىز چىرايلىق ئىكەن .

— چىرايلىق بولسا بولمامدۇ ؟ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار ؟

— خېلى كۆزىڭىز بار ئىكەن . مەن تېخى سىزنى بۇ دۇنيادىكى گۈزەللىكلەر بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز دەپ ئويلىغانىكەنمەن . بۈ-گۈن سىزنىڭمۇ بۇ دۇنيادا گۈزەللىكنىڭ ، مۇھەببەتنىڭ ، يورۇقلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىدىغانلىقىڭىز مېنى ھەيران قالدۇردى . مېنىڭ نەزەرىمدە سىز گۈزەللىككە تامامەن قارشى بىر سەنئەتكار ، سىزنىڭ رەسىملىرىڭىزدىن زۇلمەت ، ئازاب ۋە ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدۇ ، ئۇنىڭدا مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك يوق .

— گۈزەللىك دېگەن سىرلىق نەرسە . خۇددى فرانسىيە شائىرى ماللارمې ئېيتقاندەك « گۈزەللىك مۇقەددەس ، مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سىرلىق بولىدۇ » ، گۈزەللىك مۇقەددەس بولغانلىقى ئۈچۈن سىرلىق بولىدۇ ، ئۇنىڭ قويىنى كەڭرى ۋە چەكسىز . ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆ-لۈم ۋە زۇلمەتنىڭ ئازابلىق بولغان گۈزەللىكىمۇ بار .

ئۇلار ئاشۇ كۈنى ناھايىتى ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشقانىدى . رەشىدە ئەينى چاغلاردا تاھىرنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆلۈمگە بولغان كۈچلۈك مەپتۇنلۇقىنى ئانچە ھېس قىلىپ كەتمىگەنىكەن . ئەمەلىيەتتە تاھىرنىڭ ھەر بىر سۆزىدىن بۇ نەرسە تولۇق ئىپادىلىنىپ تۇرغانىكەن .

كېيىنكى چاغلاردا تاھىرنىڭ پەرىدەگە ئاشىق بولۇپ قالغىنى 9 — بېتىناغا پۈر كەتكەن چاغدىن كېيىن ، تاھىر بىلەن رەشىدە ئوتتۇرىسى-دىكى بىر قېتىملىق سۆھبەت رەشىدەنى ھاڭ — تاڭ قالدۇردى . ئاشۇ كۈنى تاھىر رەشىدەگە ئۆزىنىڭ پەرىدەنى پەقەت ئۇنى ناھايىتى شاللاق

بىر قىز دەپ ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى.

— مېنىڭ ئۇقۇشۇمچە، ئۇ ئۇنداق قىز ئەمەس، ئۇ بەك چىرايلىق بولغاچقا، كىشىلەر قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق دېگەندەك ئۇنىڭ كەينىدىن گەپ تاپقان گەپ، — دېدى رەشىدە.

— سىز مېنى ئۇنداق ئۈمىدسىزلەندۈرمەڭ. چۈنكى، مەن ئۇنى شاللاق بىر قىز دەپ ئاڭلاپ ياخشى كۆرۈپ قالغان.

ئاخىرىدا بۇ ئىش ھەممە يەرگە پۇر كەتتى. بۇ تاھىرنىڭ بۇ ئىشنى ھەممە ئادەمدىن مەخپىي تۇتۇپ يۈرۈشىدىن بىرەر يىلدىن كېيىن بولغان ئىش. خۇددى مەكتەپ تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ بىر ئىشتەك، خۇددى باشقا قىز - ئوغۇللاردا بۇنداق بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ باقمىغاندەك، بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ قىزىق پاراڭ تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. رەشىدەنىڭ ھېس قىلىشىچە، بۇ باشقىلارنىڭ تاھىرنى ئالاھىدە ئادەم دەپ قارايدىغانلىقىدىن بولغان.

رەشىدە ئاشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ تاھىرنىڭ خاتىرىلىرىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

« ئاشۇ كۈنى نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ خەتتە دېيىلگەن جايغا زادىلا كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. مەن ئۆزۈمدە پەيدا بولىدىغان بۇ خىل بىۋاستە تۇيغۇغا ئىشىنىپ قالغانىدىم، چۈنكى ئۇ دائىم راست بولۇپ چىقاتتى. مېنىڭ ئۇنى دېيىلگەن جايغا كەلمەيدۇ دەپ بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە چىقىپ ساقلىشىم تولۇق بېرىلگەن بېشارەت ئىكەن.

ئەتىسى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقماس ئاشۇ كۈن مەن خېتىمدە ئېيتقىنىم بويىچە، ئۇنىڭ زالنىڭ ئالدىغا كېلىش ياكى كەلمەسلىكىنى كۆزىتىپ، يوشۇرۇنۇپ تۇردۇم. ئاھ! بولدىلا ئاشۇ پىغانلىق كۈننى قايتا ئەسلەپ يۈرىكىمنى يەنە زىدە قىلىپ يۈرمەي! ئاشۇ چاغدا جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقتا ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، يىغىن زالىنىڭ ئالدىدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي تەلمۈرۈپ كەتكىنىمنى، سائەتنىڭ ئىسترېلكىسىنىڭ

ھەر بىر سېكونت ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ يېتىپ كېلىۋاتقان ئېچىنىشلىق بىر شۇم خەۋەرنىڭ ھەر بىر قەدىمىنى ھېسابلىغاندەك قاراپ كەتكەنلىرىمنى، مۇزدەك سوغۇقنىڭ ۋۇجۇدۇمغا ماتەم كۈيىدەك ئاچچىق سىڭىپ كىرىشلىرىنى ئويلىسام، گويا ھېلىمۇ يەنە مەڭگۈلۈك ئاشۇ مىنۇتلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندەك، مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايدىغان بىر نەرسىنى پۈتۈنلەي ئۈمىدنى ئۈزۈپ بولۇپمۇ يەنە قانداقتۇر ئېرىشكىلى بولارمىكىن دېگەن بىچارە گۇمانلار بىلەن كۈتۈۋاتقاندەك، بەدىنىمگە مۇزدەك سوغۇقلۇق سىڭىپ كىرىۋاتقاندەك، ئۆلۈك دۇنيانىڭ مۇزدەك قوللىرى بەدىنىمنى ۋەھشىيلىك بىلەن سىلاپ، يۈرىكىمنىڭ ھارارىتىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، يۈرىكىم ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنىپ كېتىدۇ.

خەتنى مېنىڭ يازغىنىمنى ئۇنىڭ بىلمىگەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئارىلىشىدىغان قىزلار ئىچىدە مېنىڭ خېتىمنى كۆرۈپ، خەتنى چىرايلىق يازىدىغانلىقىمنى ماختىغانلار، ماڭا ھەر دائىم بايرام كەلسىلا ئاتكىرىتكىلارغا خەت يازدۇرىدىغانلار بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ياق، ئۇ مېنىڭ يازغىنىمنى بىلمىدى!... دەپ ئۆزۈمنى گوللايتتىم.

ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىر ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خىيالىم ئەڭ غالجىر قىياپەتتە كاللامنى چىرمىۋالغان كۈن كەلدى. بۇ — بىر شەنبە كۈن ئىدى.

مەن ئۇنىڭغا كىنو بېلىتى ئېلىپ بەرگەچكە ئاشۇ كۈنى كىنوخانىغا بالدۇرلا كىرىپ ئولتۇردۇم. بىراق، يېنىمدىكى ئورۇندۇق باشتىن ئاخىر تەشنا قەلبىمگە ئوخشاش قۇپقۇرۇق ھالەتتە ئېچىرقاپ تۇردى.

شۇ كۈنى ياپونىيىنىڭ «فوتىيەن مارشى» ناملىق ھېكايە فىلىمى قويۇلغانىدى. بۇرۇن بۇ كىنونىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان، بىراق كۆرەلمىگەنىدىم. ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەم بىلەن تولغان ئاجايىپ ھەسرەتلىك بىر كىنو بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

كىنو باشلاندى. كىنودا نېمە ۋەقە تەسۋىرلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭـ

قىرالمىدىم. راستىمنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانىدىم. يادىمدا قېلىشىچە، ئۇنىڭدا بىر قاتار كىنوغا ئېلىش ئۇسۇلى كۆرسىتىلىۋاتقاندەك ئىدى. بىر چاغدا ئوتقاشتەك قىپقىزىل كۆكلەكلىرىدىن ئاپئاق مەيدىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان، كېلىشكەن بىر جۈپ مامۇقتەك قوللىرى قولتىقىغىچە يالىڭاچ، تولىمۇ قويۇق ۋە قاپقارا پارقىراپ تۇرغان چاچلىرى يېيىلىپ چۈشۈپ، تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز گۈزەل يۈزلىرىنىڭ يېرىمىغىچىلىك يېپىۋالغان بىر قىز كۆرۈندى.

ئۇنى كۆرۈش، ئاشۇ مەنزىرە، مەن ئۈچۈن تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان — ئاياللارنىڭ كېلىشكەن بەدىنىنىڭ يۈرىكىمگە قادالغان تۈنجى قېتىملىق ئەجەللىك ئوقى بولۇپ قالدى. ئۆزۈمدە ئەنە شۇنداق كىشىنى خاراب قىلىۋېتەلەيدىغان رەھىمسىز گۈزەللىكنى كۆرىدىغان كۆزنىڭ بولغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندۈم.

بەلكىم شۇ چاغدا كۆزلىرىم بەدىنىمدىن ئاجراپ كەتكۈدەك ئۇنىڭغا تىكىلگىنىمچە قېتىپ قالغاندىمەن. ئۇنىڭ كۆكلەكلىرى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق يالىڭاچ پۇتلىرىدىن تارتىپ، پۇتىنىڭ بارماقلىرى ئۇچىدىكى قىپقىزىل لاكلارغىچە يۈرىكىم تارتىشقان، گاللىرىم قۇرىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لاۋۇلداپ كۆيگەن ھالدا ھەسرەت ۋە قانماس تەشنالىق بىلەن تىكىلەتتىم.

كىنو كۆرۈۋېتىپ، ئۇ يوق كۆرۈنۈشلەرگە كەلگەندە بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ تېزرەك ئۆتۈپ، ئۇنىڭ گۈزەل ۋۇجۇدى بار كۆرۈنۈشلەرگە كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ، جېلى بولغىنىمدىن تىپىرلاپ كېتەتتىم.

ئاھ! ئەنە شۇنداق گۈزەل بىر ۋۇجۇد، كىشىنى ئېزىتقۇ جىسمى بىلەن بەربات قىلىدىغان خىيالىي كۆرۈنۈش شېرىن چۈش بولماستىن مۇشۇ رېئال دۇنيادا خۇددى مەندەك، ئاسىيەدەك ۋە پەرىدەدەك ھايات ياشىماقتا. بۇنداق بولۇشىمۇ مەن ئۈچۈن تولىمۇ دەھشەتلىك! چۈنكى ئۇمۇ مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە بىرەر ئېغىز پاراڭلىشىش ئەمەس، بىرەر قېتىممۇ ھەقىقىي ھالدا ۋە دۇنيادا

مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رەھىمسىز كۆزلىرىنىڭ نۇرى بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقان ھالدا كۆرەلمەيمەن ! دېمەك دۇنيا ئەنە شۇنداق ! ھايات ئەنە شۇنداق . بەزىلەر ھەتتا بەزىلەرنىڭ قولىدا ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىپمۇ بۇ ئارزۇيىغا يېتەلمەيدۇ ! . . .

مېنىڭ ھاياتىم گىرىلداپ تۇرغان چىۋىنلەرنىڭ ھاياتىدىنمۇ قە- دىرسىز ئىكەن . ئۆمرۈمدە ھېچ ئىشقا قادىر بولالمايدىكەنمەن ! ئەنە شۇنداق ئاجايىپ گۈزەل ۋۇجۇدلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ، مەن بىلەن ئوخشاشلا مەۋجۇتلۇق ۋە ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋاتقان ھال- دىمۇ ، مەن پەقەت تولىمۇ ئادەتتىكى بىر قىز تەرىپىدىن خارلانغان ھالدا ئۇنىڭ ئۇزاقراق ئازابلىشىغا ، مېنى تېخىمۇ كۆپرەك ھەسرەتلىك كەچۈر- مىشكە ئىگە قىلىشىغىمۇ ئېرىشەلمەي ، تۈنجى مۇھەببىتىم پەقەت ئىككى كۈن ئىچىدىلا ، ئۈن ـ تىنسىز ، گويا بىر يېتىم بالا مەھەللە چېتىدىكى ئەسكى كەپىدە كېسەل بولۇپ ، ھېچكىمگە بىلدۈرمەستىن بۇ دۇنيا بىلەن جىمجىتقىنا خوشلاشقاندەك خاراب بولدى ... كۈتكەن ھەممە ئارزۇيۇم تۈگىدى . پەقەت چەكسىز ئازابلىق خىيالىمدىن باشقا ، مۇھەببەت دەپ تىلغا ئالغۇدەك بىرەر ئىشمۇ يۈز بەرمىدى . . . ھەسرەتلىك بولسىمۇ ، ھا- زىرقىدىنمۇ كۆپرەك كۆلپەتكە دۇچ كەلسەممۇ ، تۈنجى مۇھەببىتىم كى- چىككىنە ئۇزاقۇا سوزۇلسا بولماسمىدى ! . . . مانا مۇشۇ ھالدا مەن بۇنداق بىر گۈزەللىكنىڭ يۈرىكىگە قىلغان رەھىمسىز ھۇجۇمىغا قانداق تاقابىل تۇرالايمەن ؟! ئەگەر ئاشۇ تەقدىرگە ئۇچرىمىغان بولسام ئىدىم ، ھېچ- بولمىغاندا بىر نەچچە كۈنگىچە ئۆزۈمنى بىچارىلەرچە بەزلەيدىغان شېرىن خىياللىرىمنى سۈرۈپ ، خىياللىرىمدا ئاۋۇ كىنودىكى قىزنىڭ مەۋھۇم ۋىسالىدىن بەھرىمەن بولار ئىدىم . ئەمدى مەن تامامەن بەربات بولغاچقا ئۇنداق شېرىن خىياللارغىمۇ بېرىلەلمەيمەن . بۇ كىنو تۈگىشى بىلەن تەڭلا ئاۋۇ گۈزەل تەن ، ئاۋۇ گاھ غەمكىن ، گاھ شوخ كۆرۈنىدىغان ئوتلۇق شەھلا كۆزلەر كۆز ئالدىمدىن يوقىلىدۇ .

كىنو تۈگىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ مېنى بەربات قىلغانلىقىنى ــــ مېنى قەدىرسىز ھاياتتىن كېچىشكە مەجبۇر قىلغانلىقىنى بىلمەستىن ، خۇددى

مېنى مەسخىرە قىلغاندەك خۇشال كۈلگىنىچە كۆز ئالدىمدىن يوقالدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭ ئوبرازىغا يەنە سەۋدايىلارچە تىكىلىپ قاراۋېرەلمەيمەن.

ھەممە ئادەم كىنو زالىدىن چىقىپ كەتتى. ھېچ كىشى مەندەك ئۆز ئورنىدا قاتقىنىچە تۇرۇپ قالمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچقايىسى ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بىچارە ئىكەنلىكىنى ئويلاشنى ۋە ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغان. ئۇلار ھەممىگە پەقەت ئويلىماسلىق، خىيالىدىن چىقىرىۋېتىش ئارقىلىقلا تاقابىل تۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار بۇ خىل تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ھەسرەتلىك مەغلۇبىيەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشمايدۇ. ئۇلارنىڭ كىنودىكى ئاشۇ قىزغا بولغان ئىنتىلىشى زالدىن چىقىپ، ۋەسلىگە يېتىشكە تامامەن كۆزى يېتىدىغان بىرەر قىزنى كۆرۈش بىلەن تەڭ پۈتۈنلەي ئۇنتۇلىدۇ.

ئىنسانلار تۇغۇلغاندىن تارتىپ تا ئۆلگۈچە باشتىن ئاخىر ئۆزىنى ۋەھشىيلەرچە تەشنا قىلىپ كەلگەن ھەۋەسلەرنىڭ ئەجەللىك زەربىلىرى ئاستىدا ياشايدۇ. ياشاشنىڭ ئۆزى ئاشۇ زەربىلەرگە تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدۇر. كىشىلەر ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ھەۋەسلەرنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. قۇتۇلغاندا شۇنداق بىچارىلەرچە ھالدا قۇتۇلىدۇكى، ئۇلارنىڭ قۇتۇلۇشتىكى ئامالى — پەقەت يەتكىلى، قاندۇرغىلى بولمايدىغان ھەۋەس ۋە ئارمانلارنىڭ ئورنىغا قاندۇرغىلى بولىدىغان ئادەتتىكى ھەۋەس ۋە ئارمانلارنى ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت ... بىراق، مېنىڭ تېرىقىنىڭ قاسرىقىنىمۇ سىغدۇرالماس نازۇك ۋە تار يۈرىكىم ئۆزۈمنى ئۆزۈم خار قىلىدىغان بۇنداق ھېسسىياتنى كۆتۈرەلمەيدۇ. مېنىڭ يۈرىكىم باشقىلارنىڭكىدەك، ھاياتنى ئەخمەقلەرچە، ساراڭلارچە، تەلۋىلەرچە، ئۆزىنى ئالداش ھېسسىياتى بىلەن سۆيۈش ماھارىتىگە ئىگە ئەمەس.

ھېلىلا سوگەن چىگزى[①] كۆرۈنگەن ئەمدى بولسا ئاپئاق تۇرغان ئېكرانغا تەلۋىلەرچە تىكىلىپ، ئۇنىڭ ئۇ يەردە يەنە پەيدا بولۇشىنى

① كىنودىكى ئايال باش قەھرىماننىڭ ئىسمى

كۆتۈۋاتقاندەك تەلمۈرۈپ ، تۇرۇپ قاپتىمەن . ئۇ گويا شېرىن چۈشكە ئوخشاش غايىب بولدى . ئاپئاق ئىكران گويا مۇشۇ قۇپقۇرۇق رەھىمسىز تۇرمۇشۇمغا ئوخشاش ماڭا قاراپ سوغۇق كۈلۈمسىرىمەكتە .

كىنوخانا خىزمەتچىلىرى كېلىپ ، چىقىپ كېتىشىمنى ئېيتمىسا ، ئىكرانغا يەنە قاچانغىچىلىك تىكىلىپ ، ئۆزۈمنى يەنە قانچىلىك ئازابلايتتىمكىن ـ تاڭ !

زۇلمەتلىك بىھېساب خىياللىرىم ئارىسىدىن تۇيۇقسىز بىر خىيال نۇرلۇق چىراغتەك ۋاللىدە چاقناپ كەتتى . بۇ خىيال بارلىق ئازابلاردىن قۇتۇلۇشىنىڭ چارىسى توغرىسىدىكى خىيال ئىدى . بۇ خىيال تولىمۇ دەھشەتلىك ۋە تولىمۇ سىرلىق ئىدى . بىراق ، ئۇ مېنى بارلىق ئازابلاردىن پاناھلىنىدىغان مەڭگۈلۈك پاناھگاھقا ئىگە قىلاتتى . بۇ خىيال ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىۋەتتى . بۇ خىيال زادى نېمە خىيال ؟ مەن چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا بېشىمنى گۈلنىڭ قايرىلغان غۇنچىسىدەك ئەگكىنىمچە كىنوخانىدىن چىقتىم ... ئىشىك ئالدىدا بىردىنلا پەرىدەنى كۆرۈپ قالدىم . ئۇ بىر ئەر بىلەن كىشىنى قاغجىرىتىدىغان ھېلىقى كۈلكىلىرىنى بولۇشىچە ئىشقا سېلىپ ، كۆزلىرىنى ئويناتقىنىچە پاراڭلىشىپ تۇراتتى . ۋۇجۇدۇم دۇنيادىكى بارلىق سوغۇقنى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالغاندەك بىردىنلا توڭلاپ ئويۇشۇپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدىم . مېنىڭ يارىلانغان يۈرىكىمدە تارتىنىشلار ئاللىقاچان بىتچىت بولغانىدى ؛ بۇ بىر قىزنىڭ سىرلىق كۆزلىرىگە تارتىنماستىن ، ھېيىقماستىن تۇنجى قېتىم بارلىق سەزگۈمنى جەم قىلىپ تىكىلىشىم ئىدى . كۆڭلۈمدە ماڭا تارتىنىش ئەمدى بىكىرەك دەپ ئويلايتتىم . بەربات بولۇش ، تۈگىشىش ئالدىدا تارتىنىش دېگەنلەرنىڭ نېمە كېرىكى ؟ مەن ئەمدى ياشاشنىڭ ئەخمەقلەرچە ئىستىكى ئالدىدا قۇل بولۇۋەرمەيمەن . گويا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغۇچى بۇ جازادىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇتلەق مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سېزىپ يەتكەندە پادىشاھىنىمۇ تىللىيالىغىنىدەك .

ھېلىمۇ ئېسىمدە دەسلەپ قارىغىنىمدا ئۇنىڭ چىرايى گويا پاسكىنىلىشىپ ، كىرلىشىپ كەتكەندەكلا كۆرۈندى . بىراق ، ئۇنىڭ كۆزلىرى

سۈپسۈزۈك ئىدى . « شاپاقچى » لارغا خاس بىغۇبار ھەۋەس ئۇتىي
لىنجايتتى . قاناماس ھەۋەس بىلەن ئىچىرقاپ تۇرغان بۇ كۆزلەر تېخى
يوق بولاققا ئوخشايتتى . بۇ بۇلاقنىڭ قوينى شۇ قەدەر چەكسىزكى ، گ
پۈتۈن دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇتسىمۇ تويمايدىغاندەك
مەڭگۈ قاندۇرغىلى ، تىندۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى .
ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدىم . « بۇگۈن كىنوغا كىرد
گىزمۇ ؟! » دەپ غەزەپ بىلەن سورىماقچى بولدۇم . روشەنكى ئۇ كىنو
كىرگەنىدى . بەلكى مېنى مەسخىرە قىلغان ھالدا قاراپ قويۇپ يېنىمدى
ئۆتۈپ كەتكەندۇ . مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرماسلىق ئۈچۈن ئۆزى ئا
رىم بىلەت ئېلىپ ، مەن ئېلىپ بەرگەن بىلەتنى يىرتىۋەتكەندۇ ! . . .
ئۇ مېنى كۆرۈپ بىردىنلا چۆچۈگەندەك بولدى ـ دە ، چاندۇر
ماسلىق ئۈچۈن مەغرۇر قىياپەت بىلەن باشقا ياققا قارىۋالدى ـ ۋە يېنىدىك
ھېلىقى ئەركەك جىنسلىققا يەنە ھېلىقى تەشنا كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ
سىرەپ قويۇپ :
ــ ماقۇل ، ئەمىسە ، مەن ياتاققا قايتاي ، ــ دەپ كېتىپ قالدى
مەن ئۇنىڭ بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن شىمىغا پاتماي قالغان غەلىتە يو
غان ساغرىلىرىغا يىرگىنىچ ، ئازاب ۋە خىرە ھەۋەس ئارىلاشقان قانداقتۇ
بىر ھېسسىيات بىلەن بىر ھازا تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئاس
قەدەم تاشلاپ ، ياتاق تەرەپكە ماڭدىم .
نېمە قىلىش كېرەك ؟ ئەمدى قانداق ياشاش كېرەك ؟ مېنى
ئازابلاۋاتقان نەرسە نېمە ؟ بارلىق سەزگۈلىرىمدىن ، بارلىق ھۇجەيرىلە
رىمدىن كېچىش كېرەك ! ھەممە ئازابنىڭ مەنبەسى ئەنە شۇلا ! شۇڭ
ئۆلۈۋېلىش كېرەك !
مانا بۇ ئۆلۈۋېلىش ئارزۇيۇمنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئەڭ غالجىر قە
ياپەتكە كىرىشى .
ياشاش ئارزۇسى ــ پەقەت ئۆلۈمدىن قورقۇشنىڭلا مەھسۇلى !
قاراڭغۇلۇق قوينىدا لەيلىگىنىمچە مەكتەپ ئىچىنى مەقسەتسىز ئاي
لىنىشقا باشلىدىم . قەلبىمدە بىرلا خىيال : ئۆلۈۋېلىپلا ، بارلىق ئازابلاردىن

قوٗتوٗلوٗش كىرەك . . . ئۆلۈش بىلەن تەڭلا مېنىڭ ھۇجەيرىلىرىم ، بارلىق سەزگۈلىرىم ئۆلىدۇ . رىئاللىقنىڭ دەھشەتلىك ئازابلىرى ئۆلگەن سەزگۈلىرىمگە قىلچە تەسىر قىلالمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئازابتىن قۇتۇلىمەن . مېنىڭ سەزگۈلىرىم ئاندىن ماڭا دۇنيانىڭ — ھېلىقى گۈزەل كىنو چولپىنى ۋە پەرىدەلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرەلمەيدۇ .

ھايات مەغلۇبىيەت بىلەن تولغان . كىشىلەر ئەڭ كۆلپەتلىك قايغۇلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بولۇپ يېنىكرەك قايغۇ بىلەن قالالايدۇ . دۇنيادىكى بارلىق قايغۇنى يوقىتىۋەتكەن ھالدا ساپ شادلىققا ئىگە بولالمايدۇ . ئۇلارغا پەقەت كۆلپەتلىك قايغۇدىن كېيىنكى يېنىكرەك قايغۇلا شادلىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ . شۇڭا ، پۈتكۈل ھاياتتىكى شادلىق ئەمەلىيەتتە يېنىكرەك قايغۇدۇر . ئىنسانلار ئۆزلىرىگە بۇنىڭمۇ بىر قايغۇ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئارقىلىق شادلىنىدۇ . ئەمدى مەن ئۆمرۈمدىكى شادلىقنىڭ پەقەت ئەنە شۇنداق نەرسىلا ئىكەنلىكىنى تامامەن ھېس قىلىپ بولالىغان ئىكەنمەن ، دېمەك ئەمدى ئۆزۈمنى بەزلىيەلمەيمەن ، باشقىلاردەك ئۆزۈمنى ئۆز خىيالىم ئارقىلىق شادلاندۇرالمايمەن !

ئۆلۈۋېلىش كېرەك ! شۇندىلا بارلىق سەزگۈلىرىمنىڭ يۈرىكىمنى تىنىمسىز ئازابلاشلىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمەن ! پۈتۈنلەي يوق بولۇش كېرەك .

بۇ خىيال قەلبىمدە تولىمۇ ئادەتتىكى بىر خىيالدەكلا تۇيۇلاتتى . مۇزلاپ كەتكەن قەلبىمنى ھېچبىر ھاياجانغىمۇ سالالمايتتى . مەن ئەمدى ئارتۇقچە ھاياجان ، ھېسسىياتچانلىقنىڭمۇ مەن ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم . ئۆلۈۋېلىش بولسا گويا بىر چاقچاقتەكلا تۇيۇلاتتى . قەلبىمدە بۇرۇن ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلىغان چاغلىرىمدىكىدەك دەھشەتلىك ئۇقۇملار ، تەگسىز خىياللارمۇ يوق ئىدى . قەلبىمدە پەقەت ھەممىدىن بىراقلا ئازاد بولۇش ، ھەممىنى بىراقلا ئۇنتۇش خىيالى بار ئىدى . بۇ خىيال پۈتۈن روھىي دۇنيايىمدا بىر پارچە ئاپئاق تامدەك ، مۇزدەك قاتقان ھالدا ئاقىرىپ تۇراتتى . ياق ! پۈتكۈل روھىم ئاشۇ بىر پارچە ئاق تامغا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى . بەلكىم ئۇنىڭدىكى ئاشۇ

ئاقلىقىنىڭ ھەممىسى داغدۇر . ھەممە يەر ئوخشاش داغ بىلەن تولسا د
بولغان نەرسە يەنىلا بىرلا رەڭگە كىرىپ قالىدۇ . . .
قانداق ئۆلۈۋېلىش كېرەك ؟ ... ئۆلىدىغانلا بولغاندىكىن قاندا
ئۇسۇلدا ئۆلۈۋېلىشمەدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى بەرىبىر ئۆلۈم ! پەقە
قورقىدىغىنىم تاسادىپىي ئۆلمەي قېلىش ! . . . بۇ . . . بۇ تولىم
قورقۇنچلۇق !!
مەن ئاستا قەدەم تاشلاپ توققۇزىنچى بىنانىڭ يېنىدىن ئايلىنىپ
ئۆتتۈم .
قەلبىمنىڭ ئاپئاق ۋە قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغانلىقىغا گويا بىر نەچچە
ئەسىر بولۇپ قالغاندەك ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم مورددىدەك مۇزلاپ بولغىنىغىمۇ
تالاي ئەسىرلەر بولغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . بىراق ، مەندىكى بۇ سېزىم-
نىڭ مەندە ھېلىلا پەيدا بولغانلىقى ئېنىق يادىمدا ... توققۇزىنچى بىنانىڭ
ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئالىقاچان قەلبىمدىكى ئۇچار ۋاقىت ، ئە-
سىرلەر تەرىپىدىن كۆمۈپ تاشلانغان قەدىمكى بىر ھېسسىيات پارتلاپ
چىققاندەك بولدى .
سوغۇق شامال چاچلىرىمنى يەلپۈيتتى . بۇ شامال روھىمنى قۇ-
رۇتۇپ ئۆتتۈشكە ھازىرلانغاندەك قىلاتتى .
مەن ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە قاراپ ئاستا ـ
ئاستا . . . ئاستا قەدەم باستىم . . .
مانا بۇ ئۆلۈۋېلىش خىيالىمنىڭ تۇنجى قېتىم ئەڭ دەھشەتلىك
تۈردە غەليان كۆتۈرۈشى ئىدى . . . »

ئۆلۈۋېلىش ـــ ھايات تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنغانلىق ئەمەس . . .
ئۆلۈۋېلىش ـــ غەلىبىمۇ ئەمەس . . .
ئۆلۈۋېلىش ـــ بىر چۈش ! مەڭگۈ بىر چۈش ، خام خىيال !
ئۆلۈۋېلىش ـــ ئەڭ ئاددىي بىر سوئالغا تەييارلانغان ئەڭ دەھ-
شەتلىك جاۋاب . . .
تاشيول بويىدا ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن .

قوياش ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك قۇدرىتى ۋە نۇرى ئارقىلىق مېنى پاشاشقا مەجبۇر قىلماقتا ... بىراق مەن ئۇنى مەڭگۈ سۆيەلمەيمەن !

مەن ئۆز تراگېدىيەمدىن ئەڭ چوڭ ئازاب ئىلكىدە پەخىرلىنىمەن . چۈنكى ، دۇنيادا تراگېدىيىنىڭ گۈزەللىكى پەقەت ئادەملەرگىلا خاس بولۇپ ، ئۆز تراگېدىيىسىدىن لەززەتلىنىش ئادەملەرنىڭ يۈكسەكلىكىدۇر ! تراگېدىيە پەقەت ئىنسانلارنىڭلا ئەڭ يۈكسەك خىسلىتىدۇر . چۈنكى ، بۇنىڭدىن پەقەت ئىنسانلارلا بەھرىمەن بولالايدۇ . ھايۋانلارنىڭ تۈگىشىشى بولسا ھەرگىزمۇ تراگېدىيە بولالمايدۇ . بەلكى ، پەقەتلا بىر خىل ماددىنىڭ ھەرىكەتتىن توختىشىلا بولالايدۇ . بۇ تولىمۇ ئادەتتىكى فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە . . .

بوۋايلارنىڭ قەدەملىرىدەك ھالاكەتلىك خىياللىرىم ئالدىدا ، ماغدۇرسىزلانغان بوش قەدەملىرىم پەلەمپەي ئارقىلىق ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلىۋاتاتتى . گويا پۈتلىرىم مېنىڭ ئەمەستەك ، مەندىن يىراق بولغان يات بىر دۇنيادا كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى . ھەر بىر پەلەمپەيدىن ئاتلىغىنچە كەتكەن ۋاقىت خىيالىمنىڭ ھەر بىر مىنۇتىدەك چەكسىز ئۇزاقلىقتا ئىدى بولۇپ ، گويا پەلەمپەيلەر مەڭگۈ بىسىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى .

ئۇ چاغلاردا ئازابلىق خىياللىرىمنى قايتىدىن ئەسلەپ ، يۈرىكىمنىڭ جاراھىتىگە تۇز سېپىۋېرىپ ئۆزۈمنى قىيناشنى خالىمايمەن . ئەڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ ئازابىمنى ئاز ـ تولا ئازايتىپ ئاندىن خاراب بولاي ! ... ئۇ چاغدىكى خىياللىرىمنى ئەگەر قايتا ئەسلەش كېرەك بولسىمۇ مەڭگۈ ئەسلەپ بولالمايمەن . چۈنكى ، ھەسرەتلىك خىيال ئۇ چاغدا قىياندەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن بولۇپ ، ئۇنى ئەسلەپ ھازىرقى ھەسرەت بىلەن تۇشۇپ كەتكەن يۈرىكىمنىڭ قەيىرىگە سىغدۇرىمەن ؟!

ئاشۇ چاغدا مېنىڭ تامامەن مۇزلاپ ، ئۇيۇشۇپ بولغان يۈرىكىمنىڭ قانداق بىر دەھشەتلىك ھارارەت تەرىپىدىن بىردىنلا ئېرىپ كەتكەنىنى ، مۇدھىش خىيالىمنىڭ قانداق بەربات بولغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ... پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋاتسام ئۆگىنىشتىن يېنىپ ، بىنادىن

چۈشۈپ كېتىۋاتقان بىرەيلەن ئۈچراپ قالدى . مەن ئۇنىڭغا زەڭ سالد
غانىدىم . چۈنكى ، مېنىڭ باشقىلارغا زەڭ سېلىشىمنىڭ كېرىكى يو
ئىدى . مەن تۈگىشىش ئالدىدا تۇراتتىم . ئۇ مېنى چاقىردى ، چۆچۈ
قارىدىم . ئۇنىڭ قولىدا بىر تال كونۋېرت تۇراتتى .
— مە ! ئۆيۈڭدىن خەت كەلگەنىكەن . باياتىن بېرەي دېسە
كىنوغا كىرىپ كېتىپتىكەنسەن .
خەتنى ئالدىم ، قوللىرىم تىترەيتتى . قولۇمنىڭ تىترىگىنىنى يو
شۇرۇش ئۈچۈن بۇنى كۆرۈپ قولۇمنى ئىتتىك يانچۇقۇمغا سېلىۋالدىم
نېمشقا شۇنداق قىلغىنىمنى بىلمەيمەن . بىراق ، بۇ هاياجانلىق هالەت
هېلىغىچە ئوپئوچۇق هالدا يادىمدا تۇرۇپتۇ .
— نېمە بولدۇڭ ؟ چىرايىڭ ئۆزگىرىپلا كېتىپتىغۇ ؟ بىرەرسى
بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭمۇ ؟ مىجەزىڭ يوقمۇ يا ؟!
زۇۋان سۈرمىدىم ، شۇ چاغدا گويا تەندىن جان جۇدا بولغاندەك
نېمە ئۈچۈندۇر مەندىكى غالجىر جاسارەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . پە.
لەمپەيىنىڭ رىشاتكىسىغا يۆلىنىپ قالغانىدىم . دادام ۋە ئانامنىڭ مېھرىبان
چىرايى كۆز ئالدىمغا كەلدى . بۇ چىرايلار قوياشتىنمۇ نۇرلۇق ئىدى .
مەن شۇندىلا تۈگىشىپ بولغان روهىي دۇنيايىم — ئاشۇ تەنها ۋە غېرىب
دۇنيايىمدىن سىرتقى هايات ۋە قىزغىنلىق ، ئۈمىد بىلەن تولغان دۇنيا-
نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ، ئۇنىڭ مېنى مېھرى بىلەن چىللاۋاتقانلىقىنى هېس
قىلدىم ... مەن گويا ئۆزۈمنىڭ هالاك بولۇۋاتقان دۇنيايىمدىن باشقا دۇن-
يانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىكەنمەن . . .
ئاشۇ يەردە قاچانغىچە تۇرۇپ پەلەمپەيدىن قاچان چۈشكىنىمنى
بىلمەيمەن .
« قەدىرلىك ئوغلۇم ، مەن سېنىدەك ئەقىللىق ئوغلۇمنىڭ بولغان-
لىقىدىن پەخىرلىنىمەن . . .
... ئوغلۇم ، مىللىتىمىزنىڭ شان - شەرىپى ۋە تەرەققىياتى ئۈ-
چۈن ئاز بولمىغان تۆهپىلەرنى قوشالايدىغانلىقىڭنى هېس قىلدىم . ئۆت-
كەن كۈنى ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىدا سەن سىزغان رەسىمنى كۆرۈپ چى-

قىپ ، قاتتىق ھاياجانلاندىم . . . »

دادامنىڭ خېتىدە مېنىڭ ئىدىيەمنى شۇ قەدەر ئۆزگەرتىپ ، ئۆلۈپ بولغان ئادەمنى ياشىتىدىغان سىرلىق كۈچنىڭ قەيەرگە يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلەلمىدىم . . . بىراق بۇ ئىبارىلەر تولىمۇ قۇدرەتلىك ئىدى .

ئەتىسى ئورنۇمدىن بەكمۇ ۋاقچى تۇردۇم . دەرسكە قاتناشمىدىم . يۈزۈمنى يۇيۇپ بولۇپ ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا چىقىشىم بىلەن كۆزۈم پىردىنلا پارلاق نۇرىنى چېچىپ تۇرغان سەلتەنەتلىك قۇياشقا چۈشتى . بىردىنلا يەڭگىللەپ ، لەيلەپ قالغاندەك بولدۇم . تۈنۈگۈن كەچتە قەلبىمنى چۇلغىۋالغان ئۆلۈۋېلىش توغرىسىدىكى ۋەھىملىك خىياللار گويا مېنىڭ خىياللىرىم ئەمەستەكلا قىلاتتى ... مەن قۇياشنىڭ ، كۈندۈزنىڭ بۇ قەدەر قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن .

ئۇزاقتىن بۇيان قۇياشقا قاراپ باقمىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم . نېمىشقا ئاشۇ كۈنى بىر نەرسە تاپماقچى بولغاندەك ، ئۇنتۇلۇپ قالغان ناھايىتى قىممەتلىك بىر نەرسەمنى ئىسمىگە ئېلىپ ئىزدىگەندەك ، ياتاقتىن چىقىپلا قۇياشقا قارىدىم ؟ بۇنى بىلمەيتتىم .

قۇياشقا قارىسامىمۇ ، قارىمىسامىمۇ ئاسماندا ھامان بار ئىدى . ئەسلىدە پەقەت يىتىپ كەتكەن نەرسىنى ياكى يىتىپ كەتتىمىكىن دەپ گۇمانلانغان نەرسىنى ئىزدىگەندىلا قاراش كېرەك ئىدى .

تۈنۈگۈن كېچىدىكى زۇلمەتلىك خىياللىرىمنى ئەسلىدىم . ئۇ گويا ئاجايىپ ۋەھىملىك ، بىراق بەكمۇ تۇتۇق بىر چۈشكە ئوخشاش بەكمۇ يىراق بىلىنەتتى . ئاھ ! مەن ئاخشام راستتىنلا ئۆلۈۋېلىش خىيالىغا كەلدىم ـ ھە !

ـــ ئاجايىپكەنسەن ! ئۇنى يۈرىكىمدىن چىقىرىۋەتتىم دېگەنسېرى كۆزلىرىڭدىن ئەسەبىيلەرچە مىسكىنلىك چىقىپ تۇرىدۇ . بۇ قانداقمۇ مېنى سۆزلىرىڭنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلاندۇرمىسۇن ؟! ئۇنى يۈرىكىڭدىن چىقىرىۋەت . غەيرەت قىلساڭ چوقۇم چىقىرىۋېتەلەيسەن . مۇنۇ كۆزلىرىڭ نېمانچە يوغان بولغىيتتى . بۇ كۆزلىرىڭ بىلەن ھېسسىياتىڭنى قانداقمۇ

يوشۇرۇپ قالالايسەن ؟ كۆزلىرىڭ كىچىكرەك بولسىمۇ يوشۇرالار بولغىيتتىڭ بەلكىم .

بۇ رەشىدەنىڭ سۆزلىرى . تۈنۈگۈن مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ يولدا پاراڭلىشىپ ياندىشقان ھالدا بىللە ماڭغان . بۇ سۆزلەر ئۇنى ماڭا بەكمۇ سۆيۈملۈك ھېس قىلدۇرغانىدى . بىراق ، ھازىر ئۇنداق ئەمەس ... بىر ئۇنداق ئەمەس . . . پۈتۈنلەي . . . گويا ئەتراپىمدىكى ھەممە يەرگە بۇ سۆزلەر ئۆچمەس بولۇپ سىڭىپ قالغاندەك ، قەيەرگىلا قارىسام ئۇنى ئاڭلىغاندەك بولىمەن .

تۈنۈگۈنلا ئايالىمنىڭ ھەقىقىي ۋۇجۇدىنى كۆرۈۋالدىم . ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ئەسلى قىياپىتى رېئاللىقتا بىردىنلا ( شۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم ، بۇنى كۈتكىنىمگە ۋە سېزىپ يەتكىنىمگە بەكمۇ ئۇزاق بولغانىدى ) ، ئوپئوچۇق مەۋجۇت بولدى ـ دە ، ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق مېنىڭ تال ـ تال نېرۋىلىرىم بىلەن قىلچە ئايىماستىن ئىشلىتىپ ياساپ چىققان ئەڭ قىممەتلىك مۇقەددەس غايىۋى ۋۇجۇدنى غايىب قىلىۋەتتى . نېرۋىلىرىمۇ ئاشۇ ۋۇجۇد بىلەن بىللە يوقاپ كەتكەندۇر بەلكىم . بىراق ، مەن ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەجىر سىڭدۈرگەنىدىم . يىگىرمە يىللىق ئاچارچىلىقىمنى ئۇنىڭغا سەرپ قىلغانىدىم . ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇرۇق قالدىم . بۇنىڭدىن ھېس قىلىپ يەتتىمكى ، دۇنيادىكى بارلىق گۈزەللىكنى مەۋھۇملۇق ياراتقانىكەن . ئادەم ياشاش ئۈچۈن پەقەتلا بىر مەۋھۇملۇقنى ئىزدىشى ، ئۇنىڭغا تەلپۈنۈشى ۋە ئۇنى بار دەپ ئىشىنىشى كېرەك ئىكەن . مەۋجۇتلۇق بولسا ئادەمنى ھالاك قىلىدىكەن .

مەن دۇنيادا ئايالىمنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم . بۇ ئىشەنچىمنىڭ مەندىن يوقىلىشى مېنىڭ ياشاش قابىلىيىتىمنى خىرەلەشتۈرگەنىدى . ئەمەلىيەتتە بۇ ئەڭ چوڭقۇر ئىشىنىش ئىكەن . مەن ئۆلۈش ئارقىلىق بۇ ئىشەنچتىن قۇتۇلماقچى بولدۇم . بىراق قۇتۇلالمىدىم . ئەمدىچۇ ؟ ئىشەنچىم ئىسپاتلاندى ... ياق ... بۇنىڭ ئىسپات ئەمەس بەلكى ئىشەنچىمنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى بولۇشىنى تىلەيمەن . . .

بىر پارچە رەسىمىم مېنىڭ بۇ ھېسسىياتىمنى ئىپادىلىگەن رەسىم

ئىدى . مەن تۇنجى قېتىم بىر ئايالنىڭ يالىڭاچ سۈرىتىنى سىزىپ چىقتىم .

— بۇ رەسىم خۇددى ۋان گوگنىڭ رەسىملىرىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن ، سىزىق تارتىشىڭ ئوخشىمىسىمۇ ، بىراق رەڭ ئىشلىتىشىڭ ئوخشاپ كېتىدىكەن . ھەممىسىدە كۆكۈش بىر خىل دات رەڭگى ، بۇ بىر خىل ئۆلۈم رەڭگى . سەن ئۆلۈمگە نېمانچە مەپتۇن بولۇپ كەتتىڭ ؟ كۈلكەڭدىنمۇ ئەنە شۇنداق بىر پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ . بولدى كۈلمە ! بۇنداق كۈلكىنى كۆرگەن ئادەمنىڭمۇ يۈرىكى ھەسرەتتىن ئۆرتىنىپ كېتىدۇ — دېدى رەشىدە .

يالقۇنلاپ تۇرغان ئوت مۇزدەك سوغۇق سۇدا قانداقمۇ ياشىيالىسۇن ؟ بولدى ئۇنى خىيال قىلما ! ساڭا چوقۇم چەكسىزلىككە كۆز يەتمەيدىغان ئوت دېڭىزى تېپىلىدۇ .

ئۇنىڭغا ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىمنى يەنى ئۆلۈۋېلىش خىيالىمنىڭ قانداق قىلىپ 2 - قېتىملىق دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندىم . قاتتىق خىجىل بولغىنىم ئۈچۈن ، پەرىدەگە دەسلەپتە يازغان ئەسىمسىز خېتىم توغرىسىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگۈم كەلمىدى . مەن پەرىدە توغرىسىدا توختىلىشىم بىلەن تەڭلا ئۇ :

— تەلەپ قويغانمىدىڭ ؟ — دەپ سورىغانىدى .

يۈزلىرىم ئوت ئالغاندەك قىزىپ كەتتى . بۇ يىرگىنىشلىك سۆزنى ئاڭلاشنى خالىمايتتىم . « ياق » دېدىم چۆچۈگەن ھالدا دۇدۇقلاپ .

— ئەمىسە . . .

— مۇھەببەت ئىزھار قىلغانىدىم . . .

.............

— رەشىدە ، ئەمدى ئويلىسام مېنىڭ ئاشۇ ئەخمىقانە ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بىر قېتىملىق مەست بولۇپ قېلىشىنىڭ خىجىللىقىدىن بوپتۇ . ئەگەر ئاشۇ مەست بولۇپ « ئاھ ! ئاسىيە ! » دەپ يىغلاپ يۈرگىنىمنى يوشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈنلا ياشلىق باھارىمنى ئازابلىق بىر چۆلگە ئايلاندۇرۇپ ، بۇ چۆلدە خۇددۇمنى يوقىتىپ ، لەۋلىرىمگە تېگىپ تۇرغان

ئابىھاياتنى ئىچىشكە جۈرئەت قىلالماي بىھۇدە جان بەرگەنىكەنمەن . مە
بىلەن ئەسلا تونۇشلۇقى يوق بىر قىزنىڭ سۆيگۈسىگە تەشنا بولۇپ
ئۇنىڭ پىراقىدا پەرياد چېكىپ ، دەھشەتلىك ئۈمىدسىزلىك ئازابىدا يە
كىچە قىينىلىپتىمەن . مېنىڭ ھاياتىمغا ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق سۆيگۈسى ب
لەن گويا يۈرىكىمدە ئايلىنىپ تۇرغان قاندەك سىڭىشىپ كەتكەن بىر
قىزنىڭ بار ئىشقى بىلەن سۆيۈشىنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي
ئۇنىڭ قەلبىدە خېلى ئۇزۇن يىللار ياشاپمۇ لېكىن ئۆزۈمنى ئەسلا يېقىر
ئادىمى يوق ھېسابلاپ ، تەنھالىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپتىمەن . ب
رەر قېتىم ، بىرەر مىنۇتمۇ بىرگە ئولتۇرۇپ يېقىن ئادەملەردەك پاراڭل
شىپ باقمىغان بىر قىزنىڭ قەلبىگە تەلپۈنۈپ ئۆلۈم ئازابى تارتىپ يۈ
رۈپتىمەن ... بۇ زادى كىمنىڭ سەۋەنلىكى ؟ نېمىشقا ئىمنىغا قەسەم قىلىن
يۈردۈم . نېمىشقا ئۆز يۈرىكىمنىڭ خاھىشىنى دەپسەندە قىلدىم ؟! نېمىش
بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش ۋە مەست بولۇپ ئۇنىڭ ئۈچۈن
يىغلاش مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك نومۇس بولۇپ تۇيۇلدى ؟ ئاھ ! ھەم
مىسى بىر قېتىملىق مۇدھىش مەستلىك !

بىر قېتىملىق ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغانىنىڭ خىجىللىقىد
ھاياتىمنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالالايدىغان پاجىئەلەرگە ئۇچراپتىمەن .
ئاشۇ بىر قېتىملىق مۇدھىش قارا بېسىش پۈتكۈل ھاياتىمدا شۇنچە زور
رول ئويناپتۇ . ئەسلىدە ئۇنچە خىجىل بولۇشۇممۇ ھاجەتسىز ئىكەن —
ياشاشنىڭ ئۆزىلا بىر مەستلىك ، بىر دەھشەتلىك قارا بېسىش ئىكەن .

— مەن سەندەك سەنئەتكار بولمىغاچقا ، سېنىڭ بۇ ئاجايىپ .
غارايىپ رومانىنىڭ سۆزلىرىگىنى چۈشەنمىدىم . سېنىڭ ھېلى ئېيتقانلىرىڭ
قايسى قىزلار ؟ — سورىدى رەشىدە .

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم . ئېنىقكى بۇ كۆزلەر ئۇنىڭ مېنىڭ
سۆزلىرىمنى تامامەن چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى . بۇ ئۇ-
نىڭ كۆزلىرىدىكى پەرىدەنىڭكىدەك كىشىنى قاغجىرىتىدىغان تەشنا ۋە
شېرىن كۈلكىسىدىن بىلىنىپ تۇراتتى .

ۋۇجۇدۇم شۇررىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى .

بۇلارنىڭ ھەممىسى تونۇگۇن بولغان ئىشلار . ئۇ چاغدا ئۇنىڭ كىشىنى قاغجىرىتىدىغان ئاشۇ تەشنا كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان گۈزەل ھاۋايى ـ ھەۋەس ئوتلىرى مەن ئۈچۈن شېرىن چۈشلەردىنمۇ گۈزەل ۋە شېرىن ئىدى .

ـــ گېپىمنى ئاڭلا ، ھېلى چۈشىنىسەن ، ـــ دېدىم مەن ۋە كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردۇم . تۇنجى قېتىم ئۆلۈۋېلىش خىيالىغا كەلگەنلىكىمنى ئۇنىڭغا ھەق ـ دادىغا يەتكۈزۈپ ، قايىل قىلارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرەلىشىم ناتايىن ئىدى . كىممۇ ئىشەنسۇن ؟! بىر سائەت ئىچىدە بىردىنلا تۇيۇقسىز ئۆلۈۋالسام كىشىلەر قانچىلىك ھەيران قالار ـ ھە ! كىممۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالغانلىقىمنى پەرەز قىلىپ يېتەلەيدۇ ؟ ئۆزۈممۇ ئۇ چاغلاردا دەرھال تۇگىشىش كېرەكلىكىنى غۇۋا ھېس قىلىپ يەتكەنىدىم . بىراق ، تۇتامغا چىققۇدەك بىرەر باھانە ـ سەۋەب يوق ئىدى . پەقەتلا ئىسمىسىز سۆيگۇ خېتى ... تولىمۇ ئادەتتىكى بىر كىنو ... پەقەت مۇشۇنىلا مېنىڭ ئۆلۈۋېلىشىمغا سەۋەبچى دېسە كىممۇ ئىشىنىدۇ .

كۈنلەر ئاۋۋالقىدەكلا ئۆتۈشكە باشلىدى . . .

ئۇنى يوقىتىپ قويدۇم . بۇمۇ مەن ئۈچۈن ئېيتىپ ـ تۈگەتكۈسىز ئازاب ئىدى . پەرىدەنى ھېچ يەردە ئۇچرىتالماس بولۇپ قالدىم . بەلكىم مېنى كۆرسىلا مۆكۈۋالىدىغاندۇ .

بىر ـ ئىككى ھەپتە قۇرۇق خىيال بىلەنلا ئۆتۈپ كەتتى . دەرستىمۇ چېكىنىپ كەتتىم . ئۆزۈمنى بارغانسېرى تاشلىۋېتىپ باراتتىم . قەلبىمدە پايدا ـ مەنپەئەتنى ئۆلچەيدىغان قانداقتۇر بىر تارازا پەيدا بولغانىدى . بۇ تارازا يەنە شۇ ئايال ۋە مۇھەببەت ئىدى . ئۇلار بىلەن ئالاقىسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەھمىيەتسىز تۇيۇلاتتى . بۇ ئەھۋال تۇرمۇشۇمدا بەكمۇ چوڭ رول ئويناشقا باشلىدى . مېنى ئەر جىنسلىقلاردىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇپ ، ھەممە ئەرلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان قىلىۋەتتى . ھاياتقا بولغان مۇئامىلەم ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇقلىشىپ بارماقتىدى .

مەن ئۆزۈمنى خاراب قىلىدىغان بۇ زۇلمەتلىك ھېسسىياتتىن قۇ-
تۇلۇشقا قاتتىق ئۇرۇنۇپ باقتىم . بىر ـ ئىككى ھەپتىدىن بۇيان كۆندى-
لىك پائالىيىتىم تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى . ئىشكاپىمغا لىق قاچىلاپ
قويغان كىتاب ـ ماتېرىياللىرىم دائىم ئۇنىڭ بىر ۋارىقىنى ، بۇنىڭ بىر
بېتىنى ئوقۇپ قويۇپ ئاخىرىنى ئوقۇشقا خوش ياقماي تاشلاۋەرگەچكە
قالايمىقانلىشىپ ، ئۇيان ـ بۇياندا چېچىلىپ ياتاتتى . كىيىم ـ كېچەك
يوتقان ـ كۆرپىلىرىممۇ كىرلىشىپ كەتكەنىدى . ئوقۇتقۇچى بەرگەن
تاپشۇرۇقلارنىڭ بىرىنىمۇ ئىشلەپ باقمىغانىدىم . ئوقۇتقۇچى سوئال سو-
رىسا تىرنىقىمنى تاتىلاپ تۇراتتىم . بىراق ، جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىم ئۈ-
چۈن ئانچىمۇ خىجىل بولۇپ كەتمەيتتىم . نېمە ئەھمىيىتى ؟ ئۆزۈمنى
قىيناپ نېمە قىلىمەن ؟ لېكىن بۇ سوئاللىرىمنى دەرھال ئۆزۈمگە ئۆزۈم
بېسىم ئىشلىتىپ ئۆزۈمنى ئىنكار قىلىشقا مەجبۇرلايتتىم . ياق ! ئۆزۈمنى
قاتتىق تۈزۈۋېلىــشــم كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا قەسەم ئىچىش
ئادىتىمگە تاياندىم .

دائىم ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن بولغان بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسەملا
دەرھال ئۆزۈمگە ئۆزۈم قەسەم ئىچەتتىم . بەلكىم ئاشۇ چاغلاردىن باشلاپلا
ئۆزۈمدە ئۆز ـ ئۆزىنى خارلايدىغان بىر خىل كېسەللىكنى يېتىلدۈرىۋال-
غاندىمەن . ھەر كۈنى دۇنياۋى رەسساملارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى ،
ئىدىيىلىرى توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىشتىن سىرت يەنە ھەر
كۈنى ئۆزۈمنى زورلاپ تۇرۇپ ، مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ رەسىم سىزاتتىم .
مەن نۇرغۇنلىغان پەلسەپىۋى كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىش ۋە رەسىملەرنى
سىزىشنى ئۆزۈمگە چوقۇم بېجىرىشكە تېگىشلىك ۋەزىپە قىلىۋالدىم . ئۆز
ئۆزۈمنى خۇددى دۈشمەننى خارلىغاندەك خارلايدىغان بولۇۋالغانىدىم .
چەكسىز ئازاب ۋە ئۆزگەرمەس رېئاللىق پەيدا قىلغان پۈتۈن دەردىمنى
ئۆزۈمدىن ئالاتتىم . خۇيۇم تۇتۇپ قالسا ئۆزۈمنى كۆنلەپ ـ كۆنلەپ ئاچ
قوياتتىم . ئاچلىقتىن قورسىقىم ئېچىپ قاتتىق ئېچىشقانسېرى شۇنچە پۇ-
خادىن چىققاندەك بولاتتىم . ئۆزۈمگە شۇ قەدەر دۈشمەنلىك بىلەن مۇئا-
مىلە قىلاتتىمكى ، ئۆزۈمنىڭ بېچارە ھالىتىمگە مەندە زادىلا ئىچ ئاغرىتىش

پەيدا بولمايتتى ، قورسىقىم قانچە ئېچىپ ، قانچە ئازابلانسام شۇنچە خوش بولۇپ پۈتۈن دەردىمنى چىقىرىۋالغاندەك ھوزۇرلىنىپ كېتەتتىم . ئۆزۈمنىڭ ھېچ كىشىگە ئوخشىمايدىغان بۇ غەلىتە ئادىتىمدىن قاتتىق پەخىرلىنىپ ، شادلىنىپ كېتەتتىم . ئاچ قېلىش دەستىدىن قورسىقىم قانچە ئېچىشىپ كەتسە ، قانچە ماغدۇرسىزلىنىپ كەتسەم شۇنچە خۇشال بولاتتىم .

بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالسام ئۆزۈمگە قاتتىق غەزەپلىنەتتىم . شۇنىڭ بىلەن رەسىم جاھازىسى ئالدىدا كۈنلەپ ـ كۈنلەپ رەسىم سىزىپ ئولتۇراتتىم . سىزىۋاتقانلىرىم ئۆزۈمگە يارىماي قالسا غەزەپ بىلەن يىرتىپ تاشلىۋېتىپ ، يەنە بىر قەغەزگە يېڭىدىن سىزىشقا باشلايتتىم . قېرىنداشىنىڭ قەغەز يۈزىدە شىرت ـ شىرت قىلغان ئاۋازىغا جىمجىت قۇلاق سېلىپ ، ئۆزۈمنى يەنىمۇ ئۇزاق ۋاقىت ئاچ قوياتتىم .

رەسىم سىزىپ ئولتۇرغىنىمدا ياكى كىتاب كۆرۈۋاتقىنىمدا نېمىدۇر بىر يېرىم كەمدەك ، نېمىشقىدۇر ئىچىم قاتتىق تىت ـ تىت بولۇپ تېپىرلاپ كېتەتتىم . لېكىن ، قەسىمىمنى ئويلاپ يەنە جىملا ئولتۇرۇپ پۈتۈن خىيالىمنى كىتاب ئۈستىگە يىغىشقا تىرىشاتتىم . بەزىدە ھېچ چىدالماي قالغاندا ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كۈتۈپخانا ئالدىدا ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈۋاتقان مەن بىلەن بۇ دۇنيادا زادىلا مۇناسىۋىتى بولمىغان كىشىلەرگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ ، ئۇلاردىن نېمىنىدۇر تەلەپ قىلىپ تەلمۈرەتتىم . ھالبۇكى ، كۆڭلۈمدىكى بوشلۇق ھامان بوشلۇق بولۇپ قېلىۋېرەتتى . ھەممە ئادەم ماڭا ھەيران قالارلىق ، چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىغان ھەتتا مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىگىمۇ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ مەخلۇقلاردەك تۇيۇلاتتى . ماغدۇرسىز ئېغىر ئاياغلىرىمنى ئوت ـ چۆپ بولۇق ئۆسكەن مەكتەپ مەيدانىدا ئاستا سۆرەپ جىمجىتقىنا ئايلىنىپ ، گويا ھېلىلا مېنى زېرىكتۈرمەيدىغان ، ھاياتىمنى مەنىلىك قىلىدىغان بىر نەرسە ئۇچراپلا قالىدىغاندەك ئۇزاق ئايلىناتتىم .

ئىنستىتۇتنىڭ مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل ئىدى . ئېگىز ـ ئېگىز

خۇددى ياساپ قويغاندەك تەكشى ـ تەكشى ئۆسكەن قارىغايلار ، چىمەن-
لىك چۆرىسىدىكى تەكشى قىرقىلىپ پاكار يېشىل تامغا ئوخشاپ قالغان
ئارچىلار ۋە ئارچىلارنىڭ يېنىدىكى قاتار ـ قاتار ھەر خىل رەڭدە ئېچى-
لىپ كەتكەن گۈللەر بۆلەكچىلا گۈزەل . ئۇيان ـ بۇياندىكى ئۇزۇن يۆ-
لەنچۈكلۈك ئورۇنداقلاردا بېشىغا ئاق كىرگەن ياشانغان كىشىلەر قوللى-
رىغا تۆمۈر شارىكلارنى تۇتۇپ ، شاراقشىتىپ ئولتۇرىشىدۇ . ئۇلارنىڭ
كۆزلىرى ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەرگە قاراپ ئۇنىڭدىن لەززەت ئىزدەي-
دۇ . يەنە بىر نەچچە يىللاردىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوش-
لىشىدىغانلىقىنى ، مۇنۇ چىرايلىق گۈللەرنى مەڭگۈ قايتا كۆرەلمەيدىغان-
لىقلىرىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەندەك ، خۇشال ، روھلۇق ، ئۈمىدۋار
چىرايلىرىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ ئايلىنىپ يۈرىشىدۇ . لېكىن ، مەن نېمە
ئۈچۈندۇر ئەزەلدىن تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھر ئالالىغان ئەمەس-
مەن . كۆڭلۈم پاراكەندە چاغدا مەنزىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چىراي-
لىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، كۆزۈمگە نېمە ئۈچۈندۇر تولىمۇ سوغۇق ۋە
يېقىمسىز كۆرۈنىدۇ . بۇرۇن داڭقىنى ئاڭلىغان گۈزەللىكتە مەشھۇر باغ-
چىلارمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە ھېچقانچىلىك لەززەت بېغىشلىيالمايتتى .
چۈنكى ، مەن ئۇ يەرلەرنى مەقسەتسىز ھالدا جىمجىتقىنا ئايلىنىمەن .
يۇرتۇمدىكى ئاددىي توپىلىق يوللار مەن ئۈچۈن تولىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇ-
لىدۇ . چۈنكى ، مەن ئۇ يەردە ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە تىزغىچە توپا
كېچىپ ، بىرلىكتە گاھ ناخشا ئېيتىپ ، گاھ مۇڭدىشىپ ، گاھ ئالدىمىزغا
ئۇچرىغان كىچىك تاشلارنى پۇتبول توپ قىلىپ تېپىپ ماڭاتتۇق . ئۆي-
دىن مەكتەپكە بارغۇچە بولغان شۇنچە ئۇزۇن يولنى قانداق مېڭىپ بول-
غىنىمىزنى بىلمەي قالاتتۇق . مۇنۇ رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ، بىر ـ بىرىدىن
چىرايلىق راۋاقلار ، ئېگىز ـ ئېگىز نەقىشلىك مۇنارلار ۋە مەدەنىي يادى-
كارلىقلار بىلەن تولغان ھەم كىشىلەر يىراق ـ يىراقلاردىن ئالاھىدە
كۆرگىلى كېلىدىغان باغچىلار نېمىشقا ماڭا ئانچە گۈزەل كۆرۈنمەيدۇ .
توپا ئۆرلەپ تۇرغان يوللار ، شۈدىگەر ئېتىزلار ، ئەگرى ـ بۈگرى
ئېتىز قىرلىرى نېمىشقا مەن ئۈچۈن شۇ قەدەر سۆيۈملۈك ۋە گۈزەل تۇ-

يۇلىدۇ ؟ ! . . . ئەمدى چۈشىنىپ يەتسەم دۇنيانى بىر ـ بىرىگە گۈزەل
ۋە خاراب كۆرسىتەلەيدىغان نەرسە رەڭمۇ رەڭ ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەر
ئەمەس ، ياپيېشىل مەجنۇن تاللار ، قارىغايلار ئەمەس پەقەت ئادەم . پە-
قەتلا ئادەملەرنىڭ قەلبى . تەبىئەت ئەزەلدىن جانسىز بىر جەسەت ! تە-
بىئەتلا ئەمەس ، تەبىئەتكە ئوخشاشلا مەنزىرىدىن باشقا ئالاھىدىلىكى يوق
كىشىلەرمۇ ھەممىسى مەن ئۈچۈن ئوخشاشلا ھايات جەسەتلەردۇر . سەن
مىغىلداپ تۇرغان چىۋىنلەردەك كۆپ ئاشۇ ئادەملەرگە تەلمۈرسەن . تال
چىۋىقتەك ئەۋرىشىم قىزلار قىزىل گۈلدەك ئېچىلغىنىچە ئېگىز پاشنىلىق
چىرايلىق ئاياغلارنى كىيگەن ئايئاق پۇتلىرى بىلەن قويۇق ئۆسكەن
ئوت ـ چۆپلەرنى دەسسەپ خۇشال كۈلۈپ يۈرىشىدۇ . لېكىن ، ئۇلار
ئالدىڭدىكى گۈللەردىنمۇ جانسىز ، چۈنكى گۈللەرنى پۇرىيالايسەن ، ھال-
بۇكى ئۇلارنىچۇ ، ئۇلار سېنى ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداش-
لىرىڭغا ئوخشاش شېرىن سۆزلىرى بىلەن كۈلدۈرمەيدۇ . چاقچاق بىلەن
كۈلۈشۈپ ، تېرەكلىكلەرنى ئارىلاپ قوغلاشمايدۇ . بەلكى پۈتكۈل ئۆم-
رۈڭدە ئۇلار سەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز قالىدۇ . شۇڭا ، ئۇزۇندىن
بۇيان بىرەر يەرگە ، باغچىلارغىمۇ بېرىپ باقمىدىم . يېڭى كەلگەن يىلى
داڭقىنى بەكمۇ تولا ئاڭلاپ كەتكەن باغچىلارغا بېرىپ ، ئەنە شۇنداق
ھېسسىياتلار بىلەن مەيۈس ھالدا قايتىپ كەلگەنىدىم . شۇنىڭدىن تارتىپ
ھېچ يەرنى كۆڭلۈم خالىماس بولۇپ قالدى . بىرەر ئىككى ئايغىچە مەك-
تەپتىن سىرتقا چىقىپ باقمايتتىم . ئەگەر چىقىپ قالسام پەقەت كىتابخا-
نىلارنى ، يوللاردا كىتاب ساتىدىغان كىتابپۇرۇچلار بار جايلارنىلا ئايلى-
ناتتىم . يازدا مەيدانلاردىكى ، چىملىقلاردىكى چىملار ئۆسۈش بىلەنلا
ئوقۇغۇچىلار ياپيېشىل ، بولۇق ئۆسكەن چىملار ئۈستىدە خۇددى
يايلاقلاردىكى قوزىلاردەك بەخىرامان ئېغىناپ يېتىپ كېتىدۇ . بىر دائى-
رىنى چۆرىدەپ توپ ـ توپ ئولتۇرۇشۇپ خۇشال مۇڭدىشىدۇ . گاھلىرى
ئوتتۇرىغا بىر ئىككى بوتۇلكا ھاراق تىكلەپ قويۇشۇپ ، قىزىۋېلىشىپ
بولۇشچە ناخشا ئېيتىدۇ . مېنىڭ ھالسىز جىسمىم پەقەت ئۇلاردىن ھە-
سەت ئىلكىدە بىزار بولۇشقا ۋە ئۆزۈمنى ئۇلارنىڭ « ئەھمىيەتسىز ئىشلى-

رىنى » ئەيىبلاتقۇزۇشقىلا يارالغاندەك ، پەقەت مەنلا ئۇنداق ئەمەس . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئىنتايىن تونۇشلۇق ، بىراق نېمىلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان زىل كۈلكىلەرنى ، مېنى ئۆزلىرى تەرەپكە چاقىرىۋاتقان يۇمىلاق كۆزلەرنى قايسىدۇر بىر ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئىزدەيمەن .

ھاياتىمدا ، تۇرمۇشۇمدا پەقەت ئايالدىن ئىبارەت ئاشۇ خىيالىي جەننەتنىڭ پۇرىقىغا پۈركەلمىگەچكە ، ھەممە نەرسە مەن ئۈچۈن ئاجايىپ ئەھمىيەتسىز . ھەممىسى — مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئۇرۇنۇش ، پەقەت ھاياتنى تېخىمۇ ئۇزارتىش توغرىسىدىكى بىھۇدە ئۇرۇنۇش ، بىراق مەن ئۆزۈمدىكى بۇ ھېسسىياتنى تامامەن ئىنكار قىلىشقا تىرىشىمەن . ئۆلۈۋېلىش توغرىسىدىكى خىياللىرىم مېنىڭ تەقدىرىم ئۈستىدىن چىقىرىلغان ئەڭ دەھشەتلىك يەكۈندەك خىيالىمدا ھامان لەيلەپ تۇرىدۇ . ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىپ باققاندەك ئاشۇ ئويلار خىيالىمدىن كەچكەن ھامان تېنىم شۈركىنىدۇ .

نېمىشقىدۇر يېقىندىن بۇيان ئۆلۈم چۈشۈمگە كىرىۋالىدىغان بولدى . گويا بىرەر قېتىم ئۆلۈپ باققاندەك چۈشۈمدە مەنزىرىلەر بەكمۇ ئوچۇق ئىدى . ئۆزۈمنىڭ مۇزدەك سوۋۇغان ھالدا گۆردە بارلىق سەزگۈلىرى ئۆلۈك ياتقىنىمنى شۇ قەدەر ئېنىق ھېس قىلالايتتىمكى ، راستتىنلا ئۆلدۈم دەپ قاتتىق ئىشىنەتتىم . كېيىن ئويغىنىپ شۇنى ھېس قىلالايتتىمكى ، مېنىڭ سەزگۈلىرىم ئۆلدى دەپ قارىغىنىم ، ئاياللارغا بولغان جىنسىي تەلىپىمنىڭ ئۆلۈشى يەنى گۆردە يېتىپ قىلچىمۇ ئاياللارنى سېغىنماسلىقىم ئىكەن . يۈرىكىمنى بىر ئۇچى بىلەن چىڭ چىرماپ تۇرغان ئۈمىد كىشەنلىرى ئۈزۈلۈپ ، چۈشۈمدە ھېچ نەرسىگە ئۈمىد باغلىماسلىقىمنىڭ راسا پەيزىنى سۈرگەن بولسام كېرەك .

بۇرۇن ئۆلۈم توغرىسىدا كۆرگەن چۈشلىرىم تولىمۇ غۇۋا بولۇپ ئاجايىپ غەلىتە ئىدى . ھېلىمۇ يادىمدا بىر قېتىم ( ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم بولسا كېرەك ) چۈشۈمدە مېنى ماشىنا ئۇرۇۋېتىپ ئۆلۈپ ياتقىنىمنى كۆرگەنىدىم . مەن ئۆلۈكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى

كۆرۈشنى زادىلا خالىمايتتىم . بىراق ، يەنىلا ئاشۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆردۈم . يادىمدا قالغىنى بوغۇزلانغان قوينىڭ كالللىسىنىڭ قان ئېقىپ تۇرغان بوينى ۋە ئۇ بويۇننىڭ ئۈستىدىكى ئېشەك كالللىسى ئىدى . چۈشۈمدە شەھەر كوچىسىنىڭ ئوتتۇرىسى بىردىنلا بىزنىڭ ئۆينىڭ هويلىسىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ ، مەن قوي كالللىسىغا سىنچىلاپ قاراپ ، ئۇنىڭ باش تەرىپىنىڭ ئېشەك بېشى ئىكەنلىكىنى سەزگەندە ، ئالللىقاچان مەن كىچىك چېغىمدا ئېشەكنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگەن جايغا ئايلىنىپ قالغىنىنى غۇۋا ئەسلىيەلىگەنىدىم .

ئۇ چاغدا ئۆلۈمنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى قىلچىمۇ بىلمەيدىغان بولسام كېرەك . مېنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمدا ئۆلۈمدىن ئىبارەت ئاشۇ دەھشەتلىك مەنزىرىگە ۋەكىللىك قىلغان قوينىڭ بوغۇزلانغان بوينى ۋە كىچىك چاغلىرىمدا كۆرگەن ئۆلگەن بىر ئېشەكلا بار ئىكەن . ئەمدى بولسا يوشۇرۇن ئېڭىممۇ قاتتىق زىلزىلە ئىچىدە مەندىكى ئۆلۈم توغرىسىدىكى يېڭى تۇيغۇلارنى ئالللىقاچان قوبۇل قىلىپ بولغانىكەن .

ھەر قانداق بىرئىشنى قىلسام دائىملا « بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم نېمە ؟ بۇ زادى ماڭا قانچىلىك لەززەت ئېلىپ كېلەلەيدۇ ؟ » « ھاياتىمنى قانچىلىك مەنىگە ئىگە قىلالايدۇ ؟ » دېگەن سوئاللار ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىغا ، سۆيگۈسىگە ، روھىغا بولغان تەشنالىقىمنى تېخىمۇ غالجىرلاششقا ئۈندەيتتى . دۇنيادا ئادەم ئۈچۈن ھەقىقىي مەنىدە باشقىلارنىڭ روھىدا ياشىماق ، باشقىلارنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىشتىنمۇ بۈيۈك ئارمان بارمۇ ـ ھە ! قوي ، ئۇنداق كۆڭنى ئۈزارتىشنىڭ ھالاكىتىدە تىنماي پالاقلاشلارنى ! ئەرلەرنىڭ قەلبىدىن ئەڭ چوڭقۇر ئورۇن ئالالايدىغىنى پەقەت ئاياللارلا بولالايدۇ . پەقەت ئەرلەرلا ئاياللارنىڭ روھىدا ئەڭ چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ ياشىيالايدۇ . چۈنكى ، ئۇلار ئارىسىدىكى تەلپۈنۈش باشقا ھەر قانداق تەلپۈنۈشلەردىن كۈچلۈك بولىدۇ . چۈنكى ، بۇ تەشنالىق بەكمۇ ئۇزاق بولۇپ ، بەكمۇ زور چىداملىقلارنى بېرىپ كەلگەن ، چىداش ۋە تىرىكىنلىنىش جەريانىدا تىرىكىنلىنىش بارلىق ھەۋەسلەر ئىچىدە ئەڭ قاتتىق بولغاچقا ، بۇ تەلپۈنۈش تېخىمۇ يۈكسەكلىشىپ ،

تېخىمۇ كۈچلۈكلىشىپ، پارتلاش دەرىجىسىگە يەتكەن.

ئاھ! ئايال! ئاھ سۆيۈملۈك تەن، ئاھ يېقىملىق روھ! مەن ئادەم ھەۋەس قىلىدىغان، تەلپۈنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە تەلپۈنۈپ كەلدىم ۋە ئېرىشىپ كەلدىم. يېگۈم كەلگەندە يېدىم، ئىچكۈم كەلگەندە ئىچتىم، كىيگۈم كەلگەندە كىيدىم، ئوينىغۇم كەلگەندە ئوينىدىم، يىگىرمە يىلدىن بېرى پەقەت بىرلا نەرسىگە ھەۋەس قىلالماي، ھەۋەس قىلغاندا ئېرىشەلمەي، تەلپۈنۈپ كەلدىم. بۇ سېنى سۆيۈش! ساڭا بولغان ئىنتىلىش! نېمىشقا پەقەت ساڭلا، پەقەت بىز ساڭلا ئېرىشەلمەي كەلدىم. نېمىشقا ساڭا ئېرىشىشتىلا چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلدىم؟! چۈنكى بۇ ئاددىي ھەۋەس ئەمەس. تاماققا، كىيىمگە، ئويۇنغا بولغان تەلپۈنۈشتەك ئاددىي تەلپۈنۈش ئەمەس! بۇ ئەڭ ئۇلۇغ تەلپۈنۈش! ساڭا ئېرىشىش ھاياتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئېرىشىش. شۇڭا، ھەر قېتىم تاماق يېگەندە مەقسىتىم ئۇزاقراق ياشاش بولدى. ھاياتىمنى ئۇزارتىش پەقەت ساڭا ئېرىشىش ئۈچۈن، كېيىنچۇ؟ ھەممە ئادەم يات جىنسلىقلارغا چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن كىيىنىدۇ. ھېلىمۇ يادىمدا كىچىك چاغلىرىمدا مەھەللىمىزدىكى بىر قىز بىلەن دائىم لايدا قونچاق ياساپ بالا ئېتىپ ئوينايتتۇق. مەن دادىسى، ئۇ ئانىسى بولاتتى.

جىنسىي تەشنالىق ئەڭ كۈچلۈك، بىراق ئۇ ئادەم ئەڭ ئۇزاق چىدىيالايدىغان تەشنالىق. شۇنداقلا ئەڭ ئازابلىق تەشنالىق. چۈنكى، ئۇ روھىي جەھەتتىكى تەشنالىق. ئاچلىقتا ئادەمنىڭ يېمەك ــ ئىچمەك تەشنالىقى قاندۇرۇلمىسا ئۇ ئۆلىدۇ، بىراق فىزىئولوگىيىلىك ئۆلۈش، روھىي جەھەتتىكى تۈگىشىش ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەس.

مېنىڭ ھەرىكىتىم ئىدىيەمنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئىدى. بارلىق كۈچۈم بىلەن ئۆزۈمدىكى ئاياللارغا بولغان سەبىي تەلپۈنۈشنى ئاجايىپ جىنايى ۋە پاسكىنا تۇيغۇ ھېسابىدا ئىنكار قىلاتتىم.

مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى بىلىم، شان ــ شەرەپ! مەن شۇنداق دەپ ئۆزۈم بىلەن بەكمۇ كۆپ كۈرەش قىلدىم، بىراق ھەر قېتىم ماتېرىياللىرىمنى كۆتۈرۈپ كۇتۇپخانىغا ياكى سىنىپقا ماڭسام قەستەن ئۇ ئۆ-

ئەتغان يوللار بىلەن ئۆتەتتىم. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئايال جىنسلىقلار مەن ئۈچۈن پەقەت ئاجايىپ مېھرىبانلىق ۋە يېقىملىقلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى. تېخىچە ئۇلارغا بولغان تەلپۈنۈشۈم قىپيالىڭاچ فىزئولوگىيىلىك تەلپۈنۈشكە، بەدەنىنىڭ بەدەنگە ئىنتىلىشىگە ئۆزگەرمىگەنىدى. پەرىدەنى ئىزدەشتىكى، ئۇنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇشتىكى مەقسىتىم پەقەت ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسىنى كۆرۈش، باشقىلارنىڭ بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ روھىدىكى ئۆز ئوبرازىمنى بايقاپ بېقىش ئىدى. ئۇنى كۆرگەندە مەندە قىلچىمۇ سۆيۈش ۋە بەدەنلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە كىرىشىشىگە بولغان تەشنالىق ھېسسىياتى پەيدا بولمايتتى. پەقەت يۈرىكىم تىنىمسىز گۈپۈلدەيتتى. بۇنداق گۈپۈلدەش پەقەت ئادەم ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان كېسىمنى ئاڭلاش ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. ھەرگىزمۇ كۆڭۈل ئاچماقچى بولغاندا پەيدا بولمايدۇ.

پەرىدەدىن ھېچقانداق سادا يوق ئىدى. مۇشۇنىڭ بىلەنلا بۇ ئىش تۈگىگەندەك قىلاتتى. بىراق، مەن ئارىلىقتىكى بۇ بۇرۇختۇملۇققا چىداپ تۇرالمىدىم. ئەڭ مۇھىمى مەغلۇبىيىتىمنى تەن ئالغۇم كەلمىدى. بەلكىم ئۆزىگە خەت يازغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلسە ئاندىن باشقىچە ( بەلكىم بۇ قېتىمقىدەك قورقۇنچلۇق بولمىغان ) ئاقىۋەت كېلىپ چىقار دېگەن ئۈمىد مېنى ئۇنىڭغا قايتا بىر رەت خەت يازدۇردى.

بەلكىم ئايال جىنسلىقلار بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى پەقەتلا يوق يەردە ياشىغان بولسام، تەشنالىقنىڭ ئازابىنى ئەتراپىمدا تولۇپ تۇرغان ئاياللارنى كۆرۈپ تۇرغاندىكىچىلىك تارتماس بولغىيتتىم. شۇلارنى ئويلىغاندىلا ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئازابىنىڭ ئۈمىدكە قارىغاندا يەڭگىلرەك بولىدىغانلىقىنى سېزەتتىم.

بىر قېتىملىق ئىسمسىز يازغان خەتكە قىلىنغان مۇئامىلىنى ئاجايىپ چوڭ بەختسىزلىك ھېسابلاپ، مۇھەببەت ئازابى جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئاشىقلاردەك، رىۋايەتلەردىكى خۇدىنى يوقاتقان ئۈمىدسىز ئاشىقلار ئۆزلىرىنىڭ يۈرىكىگە پاتقۇزالماي قالغان چەكسىز ئازابلىرىنى ئىزھار قىلىپ يازغان ئەسەبىي مەكتۇپلىرىدەك، نېمە ئۈچۈن بارلىق

ئازابلىرىمنى قىلچە ھاياسىز ھالدا يالىڭاچلاپ، ئۇنىڭغا ــ تامامەن ناتونۇش بىر قىزغا قويماي تۆكۈپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. يازغان خېتىمنىڭ ھەر بىر جۈملىسى ئاھ ـ پىغان ۋە كۆز ياش بىلەن سۇغۇرۇلغان ھەم ھاياتتىن تويۇش ھېسسىياتى بىلەن تولغانىدى. ھازىر شۇلارنى ئويلىسام ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىقىمغا، ساددا، ھېسسىياتچانلىقىمغا، ئىنسانلارنىڭ روھلىرىنىڭ ئۆز ـ ئارا تەسىر كۆرسىتىشى توغرىسىدىكى گۆدەكلەرچە ئىشەنچلىرىمگە خىجىللىق ئىچىدە كۈلگۈم كېلىدۇ.

بىر كۈنى مەكتەپ بويىچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. مەن شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندىم. ھاياجاندىن تىترىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىپ پەردە ئولتۇرغان تەرەپكە قارىدىم. ئۇ ئالتۇندەك تاۋلىنىپ، يالتىراپ تۇرغان ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، بەدىنىگە بەكمۇ ياراشقانىدى. ئالاقزادىلىك ئىچىدە لەپپىدە بىرلا نەزەر سېلىپمۇ ئۇنى شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئارىسىدىن ئايرىۋالدىم. گويا زالدا پەقەتلا ئۇ باردەك تۇيۇلاتتى. مەن بولسام ئۇنىڭ ئالدىدا كىيىملىرىمنى سېلىشقا راسلانغاندەك خىجىللىق ئىچىدە گويا شۇنچە ناتونۇش، شۇنچە يىراق، شۇنچە مۇقەددەس ۋە مەۋھۇم ئىلاھە ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئۇلۇغلۇق ياكى باراۋەرلىك تەلەپ قىلىۋاتقاندەك جاسارەت ئىلكىدە شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدىم. دەسلەپتە شېئىرىمغا ئىزاھات خاراكتېرىدە بەرگەن لېرىكىنى ئوقۇدۇم. بۇ ئۇنىڭدىن مېنىڭ ئۆزىگە ئېيتماقچى بولغانلىرىمنى يەنى ئۇنىڭ مەن توغرىسىدا بىلىشنى خالايدىغانلىرىنى تامامەن ھېس قىلالايتتى؛ ئوقۇغاندا ئاۋازىم ئۆزىنىڭ مىسلىسىز پارتلاش خاراكتېرى ۋە دەھشەتلىك ئېغىرلىق كۈچى بىلەن لەۋلىرىمنى تىترىتەتتى. ئۇنى مۇساپىر يېتىم بالا ئەڭ ئاخىرقى پۇلىنى يانچۇقىدىن چىقارغان چېغىدىكىدەك قىيماسلىق ئىلكىدە ئاران چىقىرىۋاتاتتىم.

« مەن شېئىرىمدا كۈيلىگەن بۇ گۇگۇم ئۆمرۈمدىكى ئەڭ ئازابلىق ۋە ئەڭ مەنىلىك بىر پەيت. ئۇ مېنىڭ ھاياتنى ھەقىقىي تۈردە تونۇپ يېتىشىمنىڭ باشلىنىشى. ئۆزۈمنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئادەمنىڭ زادى

قانداق ياشىشىنى ، ھايات ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان شېرىن تۇيغۇنى قانداق قوغلىشىش كېرەكلىكىنى سېزىپ يەتكەن كۈنۈم . ئاشۇ مارت كۈنى گۈگۈم قوينىدا مەن ھاياتلىقتا 2 ـ قېتىم تۇغۇلغان ۋە باشقىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئۆزۈمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تەلەپكە ئىگە ئادەم ئىكەنلىكىمنى ، كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا جانلىق ئىكەنلىكىمنى جاكارلىغانىدىم .

مەن 1 ـ قېتىم نامەلۇم بىر كۈچ يەنى تەقدىر تەرىپىدىن تامامەن ئۆز ئىختىيارلىقىمسىز ، يولسىزلىق بىلەن تۇغۇلۇشقا مەجبۇرلانغان بولسام ، بۇ قېتىم ئۆز ئىختىيارىم ، ئۆز جاسارىتىم بىلەن تۇغۇلغانىدىم . تۇنجى قېتىمقىسىدا تەقدىر مېنى ئازدۇرغان بولسا ، بۇ قېتىم مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن چىن يۈرىكىمدىن خالاپ تۇرۇپ ئازدىم . . . ئاھ ! دوستلار ! بۇ كۈنى مەن ئۈچۈن مەڭگۈ مۇقەددەس كۈن ، ھەر دائىم ئاشۇ كۈننى چوڭقۇر ئازاب ۋە چەكسىز سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئەسلەيمەن . ئاھ ئاشۇ مىنۇتتا . . . ئاشۇ سېكۇنتتا . . . ئاشۇ دەقىقىدە . . . مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ئازابلىق بىر قىسمى بولغان ئاشۇ پەيتتە مەن ئۇنى كۈتكەنىدىم . . . ئەنە . . . ئۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا . . . ئۆزىنىڭ . . . ئەڭ . . . رەھىمسىز كۈلكىلىرى بىلەن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپتۇ . . .

ئاخىرىغا كەلگەندە ئاۋازىم ئۈزۈلۈپ ، ئۈزۈلۈپ توختاپ قالغىلى تاس قالدى . بېشىم تېخىمۇ سېلىنىپ كەتتى .

ئەنە ئاشۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆز ـــ مېنىڭ يىگىرمە يىلدىن بېرى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر تەكتىدە ساقلاپ كەلگەن سۆزلىرىم خۇددى پۈۋلەۋېتىلگەن تاماكىنىڭ ئىسىدەك شۇنچە قەدىرسىز ھالدا قۇيقۇرۇق بوشلۇققا سىڭىپ ، ئۇنىڭ بىر قىسمى بولۇپ يوقاپ كەتكەنىدى . ئۇنى گويا سەلتەنەتلىك قۇياش نۇرىدەك ياكى بىر شېرىن ئېقىمدەك ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئېقىپ كىرىپ ، ئۇنى تاتلىق سۆيگۈ ھېسسىياتىغا چۆمۈلدۈرىدۇ ؛ يۈرىكىمنىڭ يالقۇنلۇق دولقۇنى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ رىتىمىغا ئايلىنىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدىم . ئولتۇرغان ئورنۇمغا قايتىپ كىرىۋاتقۇچە ئۇنىڭغا لەپپىدە

بىر قاراپلا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىلەرنى گويا تۇغۇلۇشىمدىن تارتىپلا سىنچىلاپ كۆزىتىپ كېلىۋاتقاندەك ئاجايىپ ئېنىق كۆردۈم. شۇ چاغدا بىردىنلا قەلبىمنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئىچىدە ھېچكىمنى بۇنداق ئېنىق كۆرۈپ باقمىغان بولسام كېرەك، دېگەن دەھشەتلىك تۇيغۇ چۇلغىۋالدى.

گويا ئىنسانىيەت ئالتە مىڭ يىلدىن بۇيان بېسىپ ئۆتكەن يوللارنىڭ ھەممىسىنى بىردەمدىلا قايتا بېسىپ چىققاندەك پۈتۈن جىسمىم ھېرىپ، ھالسىزلىنىپ كەتكەنىدى. ئورۇندۇققا لەسسىدە ئۆزۈمنى تاشلىدىم. قانداقتۇر يوشۇرۇن بىر كۈچ مېنى ئۇ تەرەپكە قاراشقا ئۈندەۋاتاتتى. بىراق، ئۇنىڭغا قاراپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ باياتىنقى مەن لەپپىدە كۆرۈپ ئۆتكەن چاغدىكى قىياپىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن نېمىدۇر بىر نەرسىنى مىسلىسىز تەشنالىق ئىلكىدە ئۆزۈمگە تامامەن مەۋجۇت ئەمەسلىكى ئايان بولغان بىر نەرسىنى قانداقتۇر سىرلىق بىر ئۈمىد بىلەن ئىزدەيتتىم.

مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن نېمىشقىدۇر بىر خىل ئازابنى ياكى كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ جىمجىت ھالدا خىيالغا پېتىشىنى بايقاشنى ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق ئۇ كۈلۈۋاتاتتى. بۇ كۈلكە مېنى قاتتىق ئەيىبلاۋاتاتتى: ئازدىڭ، ئازدىڭ... جىمجىتلا تۈگىشىپ كېتىشىڭ، قايتا جان تالاشماسلىقىڭ كېرەك ئىدى! — دەۋاتاتتى. بىراق، مەن باياتىن شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ قويغىنىمغا قىلچىمۇ ئېچىنمىدىم. قەلبىمدە پەقەت بەختسىزلىك بىلەن بەختسىزلىك ئايرىلىدىغان ھەل قىلغۇچ پەيتتە بولىدىغان قاتتىق گاڭگىراش، تەمتىرەش ۋە جىددىيلىشىش ئارىلاشقان گادىرماچ، خىرە بىراق زور كۈچ بىلەن قۇتراۋاتقان ئۈمىدسىزلىكنى سېزەتتىمىيۇ، بىراق بۇ ئۈمىدسىزلىكنى ئۈمىد دېگەن ئەسلىدە ئۈمىدسىزلىك بولۇپ تۇيۇلىدۇ دېگەن خىياللارغا ۋە باشقا ئەرزىمەس، كۈچسىز، لېكىن مېنىڭ ئاخىرقى يۆلەنچۈكۈم بولغان ئىنكار قىلغۇچى خىياللارغا تايىنىپ ئۆزۈم بىلىپ تۇرغان ئۈمىدسىزلىكنى ئىنكار قىلاتتىم. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىنكار قىلىشلارنىڭمۇ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

ئۇنىڭ كۆلكىسى بەكمۇ مەنىسىز ئىدى . بىردىنلا مېنىڭ نەزە-
رىمدە ئۇنىڭدىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىشىم ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ زور مەھ-
تاجلىق ئىچىدە بىچارىلەرچە تەلپۈنۈپ كېتىشلىرىم ، خەتلىرىمدىكى يىلى-
نىشلارنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ مەنىسىز ، ئىزا تارتىشقا تېگىشلىك ،
ساراڭلارچە كۆلكىلىك ۋە غەلىتە ئىشلار بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى : ئۇ-
نىڭغا نېمانچە يېلىنىمەن ؟ خۇددى تىلەمچى باشقىلارغا قولىنى تەڭلەپ
تۇرغاندەك نېمىشقا قىلىچە ئىزا تارتماي ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلى-
مەن ؟ ئۇنىڭدىن مېنىڭ دەردىمگە يېتىشنى ، ماڭا مۇھەببەت ئاتا قىلىشنى
تەلەپ قىلىشقا نېمە ھەققىم بار ؟ مۇھەببەت دېگەن ئاشۇنداقمىدۇ ؟ ياكى
مۇھەببەت بۇ ئەمەسمۇ - يا ؟ مېنىڭ خىياللىرىمدىكىدەك رومانتىك مۇ-
ھەببەت ، شېرىن كۈيدەك يېقىملىق ، قىزىل گۈلدەك گۈزەل ، ناخشىدەك
ئوتلۇق . . . رىۋايەتلەردىكىدەك ئەپسانىۋى تۈس ئالغان مەنزىرىلەر قې-
نى ؟ كېچە - كۈندۈز كۈتكەن سۆيگۈ - مۇھەببەت مۇشۇمۇ ؟ بۇرۇن
سۆيگۈ توغرىسىدا خىيال قىلغىنىمدا ئەجەبا مۇھەببەت ئازابى توغرىسىدا
ئويلاپ باقمىغانمۇ ؟ ئويلاپ باققان ، ھەتتا ئەنە شۇنداق ئازابنىمۇ شېرىن
خىيال ئىچىدە سېغىنىش بىلەن ئويلىغان . مەن ئويلىغان ئۇ ئازاب زادى
قانداق ئازاب ؟ . . . قىيماسلىق ئىچىدە ھىجران ئازابىدا ئۆرتىنىپ ياش
تۆكۈۋاتقان بۇلاقتەك كۆز . . . ئاشۇ كۆزلەرگە قاراپ ئازاب ۋە پەخىرلى-
نىش ئىلكىدە ھىجران لەززىتىنى سۈرۈپ ، چوڭقۇر رومانتىك تۇيغۇلار
ئىچىدە يۈرىكىمدىن ئوتلۇق كۈيلەرنى تۆكۈش . . . جانان ئالدىدا شا-
ئىرانە سۆزلەر بىلەن سۆزلەپ ياكى مەشھۇر ئاشىقلاردەك كۆزلىرىمگە
لىق ياش ئېلىش . . . قاتارلىقلارلا مېنىڭ نەزەرىمدىكى بارلىق سۆيگۈ
ئازابى ئىدى . ھېلىمۇ يادىمدا مەن ئالىي مەكتەپكە ماڭغاندا ئەنە شۇنداق
بىر خىل ئازابقا دۇچار بولۇشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغانىدىم - ھە ! بىراق
ئاشۇ مەنزىرىلەرنى كۆرەلمىگەنىدىم . پەقەت مېنى ئېلىپ كېتىۋاتقان قارا
ماشىنا ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭلارنىڭ كەينىدە قېلىۋاتقان ئانا
يۇرتۇمغا تىكىلىپ قارىغىنىمچە كىملەر بىلەندۇر ئۈنسىز خوشلاشقانىدىم .

ئەتىگەندە سەھەردە
يولغا چىقتۇق سەپەرگە .
قول ياغلىقنى سىلكىپ ،
يايرىم قالدى شەھەردە .

مېنى قول ياغلىقنى سىلكىپ ھېچبىر قىز ھىجران ئىچىدە ئۇزىتىپ قالغىنى يوق . بىراق ، مەن ئەنە شۇ ناخشىنى يادىمغا ئېلىپ ، مېنى ئۇزاتقىلى چىقمىغان يار بىلەن ئازاب ئىچىدە خوشلىشىۋاتاتتىم . ئۆزۈمنىڭ قانداقتۇر سۆيگۈ ئازابى تارتىۋاتقانلىقىمدىن قاتتىق پەخىرلىنىپ ، ئۆزۈمنى رىۋايەتلەردىكى ئۇلۇغ ئاشىقلاردەك سېزەتتىم . ھازىر ئويلاپ باقسام مېنىڭ خىيالىمدا ئۇ چاغدا خوشلاشقان مەشۇقلىرىمنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان بارلىق قىزلار ئىكەن . . .

ئەمدى مەن مەۋجۇتلۇقنى بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئازابقا — قورقۇنچلۇق ۋە ئېتىراپ قىلغۇم كەلمەيدىغان ئازابقا ئۇچراۋاتاتتىم . چۈنكى ، ھازىر ئوقۇغان كلاسسىك داستان ۋە رىۋايەتلەردىكى مەشۇقنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي ئۆلگەن بەختلىك ئاشىقلارغا ئەمەس ، بەلكى مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەي قالغان بەختسىز سەلبىي قەھرىمانلارغا ئوخشاپ قالغانىدىم . ئەسلىدە ئاشۇ سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ ئازابى ئالدىدا ئاشۇ ئۇلۇغ ئاشىقلارنىڭ ئازابى ھېچ نەرسە ئەمەس ئىكەن . . . ھەي ! ئاشۇ ئەسەرلەرنى يازغان ئەبلەخ شائىرلار ئازاب دېگەننى نەدىن بىلسۇن ؟ . . .

مۇھەببەت پەقەتلا ئىككى ئادەم ئارىسىدا بولىدۇ . بىرلا ئادەمدە ئۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ . . . بەلكىم بۇ . . . دۇنيادا مەنلا يېگانە بولسام كېرەك . . . ياق بۇ شۇم خىيال . . . بۇنداق خىيالنى قىلماسلىق كېرەك .

مەن نېمىشقىدۇر گويا دۇنيادا ئۇنداق ئىش مەۋجۇت ئەمەستەك ، تەلپىمنى رەت قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدىم . خىيالىمدا پەقەتلا مۇھەببەتلىك كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى چۈشكە ئوخ-

شاش خىرە تەسەۋۋۇرلا بار ئىدى. تەسەۋۋۇرۇمدىكى مەنزىرە ۋە ئىشلار بەكمۇ ئابستراكت بولۇپ، داۋالغۇپ، مېنىڭ ئارزۇلىرىم ئاساسىدا شەكلىنى تىنىمسىز ئۆزگەرتىپ تۇرغاچقا، بىردەممۇ تۇراقلىق بىر خىل قىياپەتكە كىرەلمەيتتى.

ياق! پەردە بىلەن چوقۇم ئەنە شۇنداق كۈنلەرنى ئۆتكۈزىمەن... بۇلار بەلكىم ئۇقۇشماسلىق ياكى قاتتىق گاڭگىرىغان سەزگۈلىرىمدىكى ئىدراكتىن ھالقىپ قىلىنغان تەسەۋۋۇرلاردىن پەيدا بولغان خاتا تۇيغۇلار... مېنىڭ كۆڭلۈم بەكمۇ نازۇك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ھەرىكەتلىرىدىنمۇ باشقىچە نەرسىلەرنى زورلاپ ھېس قىلىپ كېتىۋاتقاندىمەن...

ئۇنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ يەنىمۇ سىنچىلاپ كۆزىتىشكە باشلىدىم. بىراق، لەپپىدە بىر قاراشتىلا قەلبىمگە ئۇيۇپ قالغان بۇ سۈرەت مېنىڭ ئارزۇيۇم بويىچە باشقىچە تۈسكە كىرگىلى ئۇنىمىدى. كېيىم كىيىپ تۇرغان ئايالنىڭ يالىڭاچ رەسىمىنى سىزىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان رەسسامدەك ئاجىز ئىدىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چېھرىدىكى ھېلىقى كۈلكىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆزگەرتىپ سىزالمىدىم. ئۇ يەنىلا ئەسلىدىكى قىياپىتى بويىچە ئۆزىنىڭ جانغا تېگىدىغان مەنىسىزلىكى ئارقىلىق مېنى ئازابلاۋاتاتتى. ئۇ بەلكىم يېنىدىكى بىرەيلەنگە ئەركىلەپ قويغاندۇ ياكى بىرەر كىم چاقچاق قىلغاندا كۈلۈش كېرەك بولۇپ قېلىپ كۈلگەندۇ. مېنىڭ شېئىرىمغا — يۈرىكىمنىڭ ئاۋازىغا قۇلاقمۇ سېلىپ قويغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا قانداقتۇر يات بىر دۇنيادىكى — قانداقتۇر بىر يىراق پلانېتىكى سەزگۈگە ئىگە ئەمەس غەلىتە ئادەملەردەك تۇيۇلدى. ئەگەر مېنىڭ شېئىرىم، شېئىر ئوقۇغاندىكى تىترىگەن ئاۋازىم ۋە تىترەپ تۇرغان روھىم ئۇنىڭ مىتال بىلەن كەپشەرلەنگەندەك قوبۇلسىز سەزگۈلىرىگە بۆسۈپ كىرەلمەي، تامامەن قاڭقىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ چېھرىدە ھېلىقى ئۆلۈك تەبەسسۇمنى كۆرمىگەن بولاتتىم.

يىغىن ئاخىرلاشتى. يىغىندىن چىقىپ ئۇنىڭغا يانداشتىم. نېمىشقىدۇر يۈرىكىم دۈپۈلدەپ ئۆزۈمنىڭ ئەقلىدىن ھالقىغان ساراڭلارچە

خاھىشىمنىڭ پەيدا قىلغان چۈشىنىكسىز ۋە ئارىلىشىپ ، قوچۇلۇپ كەت-
كەن سەزگۈلەر قاينىمى ئىلكىدە ئۇنىڭ يېنىدا كېتىۋاتاتتىم .
ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ قوياي دېمىدى . بىراق ، قانداق ھېس قى-
لىپ يەتتىمكىن ــ تاڭ ، ئۇنىڭ مېنى كۆرگەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتىم . ئۇ
مېنى ئۆزى بىلەن سۆزلەشمەكچى دەپ ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى . مەن ئۇ-
نىڭ يەنە « كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دېيەلمىسىدى » دېگەندەك ھېسسىياتتا
ئىكەنلىكىنىمۇ سەزگەندەك بولدۇم . ئۇنىڭ يېنىدا ماڭغانىكەنمەن ، ئۇنىڭ
بىلەن پاراڭلاشماي ھېچبولمىغاندا باش لىڭشىتىشىپ بولسىمۇ سالام قى-
لىشماي بولمايتتى . بىراق ، نېمە دېيىشنى بىلمەيتتىم .
ــ نەگە . . . ماڭدىڭىز ؟
ئاۋازىم غەلىتە بىر بىچارىلەرچە تەرىزدە كىكەچلەپ چىقىپ
كەتتى . ئاۋازىمدىن يىرگىنىپ كەتتىم ؛
ــ ئۆگىنىشكە !
پەرىزىم توغرا چىقتى ، ئۇ مېنىڭ يېنىدا كېتىپ بارغىنىمنى ئاللى-
بۇرۇنلا بايقاپ بولغان ، بىراق قارىماپتۇ . بولمىسا ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال
يېنىدىكى كىشىگە قارايتتى . ئۇ يېنىدا بىرەيلەننىڭ كېتىۋاتقىنىدىن قىلچە
خەۋەرسىزدەك ئالدىغا قاراپ پەرۋاسىز ماڭاتتى . يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان
بولسىڭىز چوقۇم ئۇنى مېنىڭ سوئالىمغا ئەمەس ، باشقا بىرەيلەننىڭ سو-
ئالىغا جاۋاب بېرىۋاتقان ياكى ئۆزىگە سۆزلەۋاتقان بولسا كېرەك ، دەپ
ئويلاپ قالاتتىڭىز .
ــ مۇشۇ كېچىدىمۇ ئۆگىنىش قىلامسىز ؟ ــ دېدىم مەن بىر-
دەمدىن كېيىن گەپنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن .
ــ كەچتە ئۆگىنىش قىلسا بولمامدىكەن ؟
بۇ مەنىسىز سوئال تېخىمۇ يۈرىكىمگە تەگدى . بۇ ــ سەن بىلەن
پاراڭلىشىشقا مۇشۇ خىلدىكىدىن باشقىچە سۆز يوق دېگەنلىك ئىدى .
يۈرىكىم تارتىشىپ كەتتى . ئۈمىد تۇگەشكە قاراپ يۈزلەنگەن-
سېرى كىشى تېخىمۇ قەيسەرلىشىدىكەن . ئۈمىد كۆپ چاغدا كىشى ئۈنچە
تىركىشىپ كەتمىسىمۇ ، ئۇ ئۈمىدنى ئانچە قەدىرلەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ .

كىشى ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىدىكەن . شۇڭا ، بە-زىدە ئۈمىدسىزلىكمۇ ئادەمنى بەكرەك ئالغا ئىنتىلدۈرىدۇ . ئۈمىد ئا-چىرلاشقانسېرى ئۇنىڭ كۈچى ۋە رولى زورلىشىدۇ .

بارغانسېرى سۇسلاپ بېرىۋاتقان ئۈمىد مېنىڭ بارلىق تارتىنچاق-لىقلىرىم ۋە قەلبىمدىكى مېنى توسۇپ تۇرغان ، مېنى ئەزمىلەشتۈرۈپ ، كەينىگە سۆرەپ تۇرغان ھايات ۋە ئىككى روھنىڭ قوشۇلۇشى توغرىسى-دىكى بىمەنە ۋە غەلىتە خىياللىرىمنى چۆرۈپ تاشلىدى .

ماڭا ھازىر ئەڭ كېرىكى مۇھەببەت ! ... قىزلار ! مانا ئۇ مەندىن بىر قەدەملا يىراقلىقتا كېتىۋاتامدۇ ؟ نېمىشقا ئىككى ئادەمنىڭ مۇھەببەت-لىشىشى ماڭا غەلىتە ، سىرلىق ، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ، ئەمەلگە ئاشماس خىيالىي نەرسىدەك تۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭغا قولۇمنى بىر سوزسالملا يېتىدۇ . ئۇنىڭغا يېقىن بارسام ئۇنىڭ تىنىقى يۈزۈمگە ئۇرۇلىدۇ ... ئۇ تېپتىرىك بىر قىز ! بىر روھ ئىگىسى ... ئەنە ئالدىمدا ...

ئۇ نېمىدۇر بىر نەرسە كەينىدىن قوغلاۋاتقاندەك ، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە — ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىغا ( ھېلىمۇ يادىمدا بۇ چاغدىكى تەسەۋۋۇرۇم ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنى ئەمەس ، ئەگەر ھازىر بولغان بولسا چوقۇم شۇنداق بولاتتى ) تېگىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەندەك ، سىرلىق بىر سۈركىلىش سېزىمىدىن قورقۇۋاتقاندەك تېز — تېز ماڭاتتى . ئۇنىڭ خىرە يالتىراپ تۇرىدىغان توق قىزىل شىمى تېنىگە مەھكەم چاپلاشقان بولۇپ ، ئۇنىڭ يۇپيۇمىلاق ساغرىلىرى ئارانلا سىغقاندەك تۇراتتى . ئۇنىڭ يوغان ساغرىلىرىغا قاراپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى . ئەمدى ئويلاپ باقسام ئۇ چاغدا قانداق ئاياللارنىڭ فىگۇرىسى چىرايلىق ، قانداق ئاياللارنىڭ سەت دەپ ئايرىيالمايدىكەنمەن ... لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى ، مەندە شۇ ۋاقىتتا ئويغانغان سەزگۈمۇ ئەسلىدە تەنگە بولغان سەزگۈ ئىكەن ... بىراق بۇنىڭ خاراكتېرى مېنىڭ ھازىرقى تەنگە بولغان سەزگۈمنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشىمايدۇ .

ئۇ قەدەملىرىنى تېز — تېز ئېلىپ ماڭغاندا ، تولغان يوتى-لىرى بىر — بىرىگە سۈركىشىپ ۋىش — ۋىش ئاۋاز چىقىراتتى .

مەن ئۇنىڭغا يازغان خەت سېلىنغان يانچۇقۇمنى ئاستا سىلاپ
قويۇپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتىم . مەن ئۇ قايسى سىنىپقا
كىرسە شۇ سىنىپقا كىرىپ ئولتۇردۇم . ئۇنىڭغا قەستەن ئەگەشكىنىمنى
چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يىراق ئولتۇردۇم . ئۇ بىردەم ئولتۇرۇپ
سىرتقا چىقىپ كەتتى . مەن دەرھاللا بېرىپ خەتنى ئۇنىڭ سومكىسىغا
سېلىپ قويدۇم ـ دە ، ھېلىلا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ
غەلىتە بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك ئالاقزادىلىك بىلەن سىنىپتىن يېنىپ
چىقتىم . ئەمدى مەن پەردە بىلەن قايتا ئۇچرىششقا شۇنچە تەشنا بول-
سامۇ ، بىراق ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىششنىڭ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن-
لىكىنى تۇيۇپ تۇراتتىم .

پەردەنى نېمە ئۈچۈن قوغلىشىدىغانلىقىمنى ئېنىق چۈشەنمەيت-
تىم . بىراق ، قەلبىم ھامان ئۇنى كۆرۈش تەشنالىقىدا كۆيۈپ ياناتتى .
پەقەت پەردەنى دېگۈدەك ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى ، ئۇنىڭ ماڭا گۈ-
زەل يولۇپ تۇيۇلمايدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلاتتىم . بىراق ، يەنىلا ئۇ-
نىڭ چېھرىدىن ، كۆزلىرىدىن ، سول كۆزىنىڭ ئۈچى تەرىپىدىكى يارا
ئىزىدىن ، غۇنچىدەك ئوماق لەۋلىرى قاتارلىقلاردىن قانداقتۇر چۈشىنىك-
سىز بىر سېھرىي كۈچنى بايقايتتىم . مېنىڭ ئىنتىلىۋاتقىنىم مۇھەببەت
ئىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سۆيگۈنىڭ پارلاق ۋە گۈزەل نۇرلىرىنى ئىزدەپ
تىكىلەتتىم . ئۇنىڭ لەۋلىرىگە ماڭا شېرىن سۆيگۈ بىلەن شىۋىرلاشلارنى
ئىزدەپ تىكىلەتتىم ... قىسقىسى ماڭا ئەڭ كېرىكى پەردە ئەمەس ، بەلكى
مۇھەببەت ئىدى ... مېنىڭ تەنھالىق دەردىنى يەتكۈچە تارتقان قەلبىمگە
كېرىكى بىر ھەمراھ ۋە ئۇنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى ئىدى . ئەگەر مېنىڭ
تەلپۈنگىنىم ، مېنىڭ ئەڭ مۇقەددەس نىشان دەپ ئويلىغىنىم باشقىلارنىڭ
سۆيگۈسى بولماي ، بىر ئايال ، بىر ئىسسىق تەن بولغان بولسا ، مەن
ھەرگىزمۇ پەردەنى قوغلاشمىغان بولاتتىم . چۈنكى ، ئۇ مېنىڭ بۇ تەلە-
پىمنى قاندۇرالمايتتى . ئەگەر مەن ئۆزۈمگە دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئا-
ياللارنىڭ تېنىدىن لەززەتلىنىشنى ياشاشتىكى ئەڭ چوڭ ئارمىنىم قىلىۋال-
غان بولسام ، ئۇنداقلارغا ئېرىشەلمەيمەن دەپ ئۈمىد ئۈزۈشۈم مۇمكىن

ئەمەس ئىدى. چۈنكى، مېنىڭ قەلبىم ھايات تەرىپىدىن بۇنداق خارلىنىشنى مەڭگۈ خالىمايتتى. ئەگەر مەن ئاشۇ ئارزۇيۇمدىن ئۈمىدنى ئۈزۈپ «بولدىلا، ئۇنىڭغا ئېرىشىشىم مۇمكىن ئەمەس بولغانىكەن، پەرىدەگىمۇ شۈكرى قىلىپ، يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇناي» دېگەندەك خىيالدا بولغان بولسام، بۇ مەن ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئىدى. مەن ئۇنداق خىيالنى قىلماستىنلا تۈگەشكەن بولاتتىم.

كىشىلەر پەقەت مۇھەببەت ئارقىلىقلا ئۆزلىرىدىكى ھاياتىي كۈچنى نامايان قىلالايدۇ، ھايات دېمەك — مۇھەببەت دېمەكتۇر، مۇھەببەت ئىنسانلارنى مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇققا ئىگە قىلىدىغان بىردىنبىر كۈچ. مۇھەببەت ھاياتنىڭ باشلىنىشى! مەن ئاشۇ چاغلاردا ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى دائىم ھېس قىلىپ تۇراتتىم. ئۆلۈم بىلەن مۇھەببەت ئارىسىدا جان تالىشىپ، تىنتىلماقتىدىم. مەن ئۆزۈمدىكى ئۆلۈمنىڭ چەكسىز ئىرادىسىنى ھاياتلىقنىڭ ئىرادىسى بولغان مۇھەببەت ئارقىلىق يېڭىشقا تىرىشاتتىم. مەن مۇھەببەت بىلەن ئۆلۈمنى ھاياتلىقنىڭ ئىككى قۇتۇپى دەپ ئويلاپ، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ قۇتۇپتىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىش ئارقىلىق مۇھەببەتتىن ئىبارەت يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتەلەيمەن، شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك گۈزەللىككە ئېرىشەلەيمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، كېيىنچە بۇ تۇيغۇلار تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى. كېيىن ئۆزۈمدىكى ئاشۇ تۇيغۇلىرىمنى ئۆزۈمنىڭ چۈشىنەلمىگەنلىكىمنى بىلىپ يەتتىم. ئەينى چاغدا ئەنە شۇنداق ئويلىغانىدىم. پەرىدەنى بىر خىل چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىغان ئىستەك بىلەن قوغلىشىشىمنىڭ سەۋەبىنى ئەنە شۇنداق دەپ چۈشەندۈرەتتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ تەنھالىق دەردىنى يەتكۈچە تارتقان قەلبىمگە كېرىكى ئاياللارنىڭ يالىڭاچ تېنى ۋە ئۆزۈمدىكى فىزىئولوگىيىلىك تەلەپنى قاندۇرۇش بولماستىن بەلكى بىر ھەمراھ، ئىنسانىي تۇيغۇ ۋە باشقىلارنىڭ مېھرى - مۇھەببىتى دەپ ئويلايتتىم، بۇمېنىڭ ئاشۇ چاغدىكى چۈشەنچەم، بىراق كېيىن بۇنىڭ تامامەن خاتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، مەن ئۇ چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ تەشنا بولغىنىمنىڭ مېھرى — مۇھەببەت بولماستىن بەلكى ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن.

ئەمەلىيەتتە ، مېنىڭ تەشنا بولۇپ ئىزدىگىنىم ئۆلۈم ئىكەن . مېنىڭ ئاشۇ
چاغدىكى ئېزىتقۇ تۇيغۇلىرىمنىڭ ھەممىسى دىل مېنى تۇيدۇرماي ئۆلۈم
يولىغا باشلايدىغان تۇيغۇلار ئىكەن .

ئاشۇ چاغدا مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئاياللارغا بولغان تەلپۈنۈش بىلەن
ئۆلۈمگە بولغان تەلپۈنۈش بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ ، تامامەن بىرلىشىپ
كەتكەنىكەن . ئادەم ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆلۈمگە بولغان ئىنتىلىش
بىلەن مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىشنى زادىلا پەرق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە
ئەمەس ئىكەن .

مۇھەببەت ھاياتنىڭ باشلىنىشى ، ئۆلۈم بولسا ھاياتنىڭ ئاخىرلى-
شىشى ، بۇ ئارىلىقتا ئۆتكەن ۋاقىتنى چىقىرىۋەتسەكلا ھەممە نەرسە ئايان
بولىدۇ . ئەگەر دۇنيادا ۋاقىت مەۋجۇت ئەمەس دېسەك ، ئۇ ھالدا ھايات-
نىڭ باشلىنىشى دەل ئۆلۈمنىڭ باشلىنىشىدۇر . باشلىنىشنىڭ ئۆزى ئا-
خىرلىشىش دېمەكتۇر . كىشىلەر پەقەت ۋاقىتنى باھانە قىلىپلا بۇنى ئې-
تىراپ قىلماسلىققا تىرىشىدۇ . مەن نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئاشۇنداق
خىياللاردا بولۇپ يۈرگەن بىر كۈنى ساندۇقۇمنى ئاختۇرسام بىر پارچە
ئاق رەخت چىقىپ قالدى . مەن بۇ رەختنى بىردىنلا چىرايلىق كۆرۈپ
قېلىپ سېتىۋېلىپ ساقلاپ قويغانىدىم ، ئۇنى باشقا بىرەر ئىشلىتىش
مەقسىتىممۇ يوق ئىدى . پەقەت بازاردا ئۇچراپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئېلىپ
قويغانىدىم . نېمە ئۈچۈندۇر ئاشۇ رەختنى كۆرگەندە يۈرىكىم ئويناپ
كەتكەنىدى . مەن نېمىشقا ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىمنىڭ ئويناپ كەتكىنىنى
چۈشىنەلمىدىم . بەلكىم ، مېنىڭ ئەسلىمەمدىكى سانسىزلىغان گۈزەل
قىزلار ئىچىدىكى بىراۋلارنىڭ بەدىنىدىكى بىرەر كىيىمنىڭ رەختىگە
ئوخشاپ قالغاچقا ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئويناپ كەتكەن بولسا كېرەك ،
دەپ ئويلىغانىدىم . كېيىنچە ھېس قىلسام ئۇنداق ئەمەس ئىكەن . ئەمە-
لىيەتتە ئۇ مېنىڭ ئۆزۈمگە سېتىۋالغان كېپەنلىكىم ئىكەن . ئۇ قانداقتۇر
خىياللىرىم ، ئەسلىمىلىرىم ئارىسىدىكى سانسىزلىغان گۈزەل قىزلارنىڭ
ئوبرازى ئىچىدىكى بىراۋنىڭ كىيىمىگە ئوخشاپ قېلىپ ماڭا ئاشۇ گۈزەل
دەۋرلەرنى ئەسلىتىپ تۇرغاچقا ئەمەس ، مېنىڭ قەلبىمدىكى ئۆلۈمگە بول-

غان تەلپۈنۈشنى قوزغىتىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ماڭا چىرايلىق كۆرۈ-
نۈپ، مەن شۇڭا ئۇنى پۇل خەجلەپ سېتىۋالغانىكەنمەن.

پەردەنىڭ سومكىسىغا خەتنى سېلىپ قويغان ئاشۇ كۈنىڭ ئە-
تىسى ئەتىگەندە مەن پەردە بىلەن ئاشخانىدا ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن
خىيال سۈرگىنىمچە بېشىمنى سېلىپ كېتىۋاتاتتىم. مېنىڭ بىۋاسىتە سې-
زىمىم تۇيۇقسىز ماڭا ئىنتايىن مۇھىم بىر نەرسە يېنىمغا كېلىپ قالغانلى-
قىمدىن قاتتىق تېز بېشارەت بەردى. مەن ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەتراپقا
قاراپ ماڭمىغان بولسامۇ، مېنىڭ پۈتۈن بەدىنىمنىڭ ھەممە يەرلىرىگە
جايلاشقان نېرۋىلار ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى سېزىپ تۇرغانىكەن.
چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئۇ كېلىۋاتقانىكەن. يۈرىكىم بىر-
دىنلا شىددەت بىلەن دۈپۈلدەپ كەتتى، ئۇ مېنى كۆرمىگەندەك قىلاتتى،
بىراق چىرايى قانداقتۇر قورقۇنچلۇق بىر ئىشنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان-
دەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ چىراي ئىپادىلىرىگە ئانچە سەپ-
سالالمىدىم. بىراق، ئۇنىڭ ئوماق لەۋلىرىنىڭ ھىمىرىلىپ، سەل - پەل
تىترەشلىرىدىن تارتىپ ئېنىق كۆردۈم. ئۇنى كۆرگەندە سالام ئورنىدا
سۇس كۈلۈمسىرەپ قويماقچى بولغانلىقىم ھېلىمۇ ئېنىق يادىمدا، بىراق
مېنىڭ لەۋلىرىمنىڭمۇ كۈلكىگە ماسلىشالماي تىترەپ كەتكەنلىكىنى سې-
زىپ تۇردۇم. ئاشۇ چاغدا مېنىڭ كۈلكەم قانداق قىياپەتتە، چىرايىم
قانداق غەلىتە تۈسكە كىرىپ قالدىكىن.

ئېمىشقا مېنىڭ يۈرەك سۆزلىرىمنى ئاڭلىغان، قەلبىمدىكى سىر-
لىرىمنى، دەردلىرىمنى ئاڭلىغان كىشى بىلەن ئۇچرىشىشىم، ئادەتتە باشقا
قىزلار بىلەن يوللاردا ئۇچرىشىپ قېلىشلارغا قارىغاندا دەھشەتلىك بولى-
دۇ؟ تامامەن ناتونۇش، مېنىڭ قەلبىمنى قىلچىمۇ چۈشەنمەيدىغان، مې-
نىڭ يۈرەك سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ باقمىغان يات قىزلار بىلەن ئۇچرىشىش
ئېمىشقا ئۇنداق قورقۇنچلۇق تۇيۇلمايدۇ. ئېمىشقا ئۇنداق غەلىتە ۋە سىر-
لىق بولمايدۇ، دەپ ئويلىدىم مەن. يولدا ماڭا ساۋاقدىشىم رەشىدە
ئۇچراپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتىم. ئۇ ماڭا ھەدەپ چاقچاق
قىلاتتى، ئېمىلەرنىدۇر دەپ مېنىڭ ئۆركۈپ كەتكەن روھىي ھالىتىمنىڭ

غەلىتىلىكىنى مەسخىرە قىلاتتى.

ياتاققا كىرىپ، باياتىن بولغان ئۇچرىشىشنى قايتىلاپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. مەن بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىزنىڭ بۇنداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدىم. تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام قانداق ھالەتلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن تەسەۋۋۇرۇمدىن ئۆتكۈزگەندە، گەرچە بۇ ئۇچرىشىشنى ئېنىق ھالدا، كونكرېت گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلالمىغان بولسامۇ، بىراق تەسەۋۋۇرۇمدا ھەر خىل ئىمكانىيەتلەرگە ئاساسلىنىپ پەيدا بولغان سانسىزلىغان مەنزىرە ئىچىدە بۇنىڭغا ئوخشاش مەنزىرە يوق ئىدى.

ئۇچرىشىش توغرىسىدىكى ئاشۇ تەسەۋۋۇرلىرىمدا سالاممۇ قىلماي ئۆتۈپ كېتىش بار ئىدى. بىراق، مەن ئۇنى چوقۇم يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتىدۇ دېگەنىدىم. بىراق، ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالمىدى، پەقەت ماڭا ئەمەس مېنىڭ ئەتراپىمغا قاراپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ تاتىرىپ كېتىشىنىمۇ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باققان، بىراق ئۇنىڭ بۈگۈنكى تاتارغان قىياپىتى مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى تاتىرىشتەك ئىللىق بولماستىن بەلكى بۇ تاتىرىش مۇزدەك سوغۇق، خۇنۈك بولۇپ، تامامەن ئۆلۈك ئىدى. ئاشۇ ھالەت تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك جانلىق ئەمەس ئىدى. خۇددى خىيال ياكى بىر چۈشكە ئوخشاش جانسىز، تۇتۇق، گەۋدىسىز، سىرلىق ئىدى. گويا كىشىنى ئېزىقتۇرىدىغان غەلىتە تۇمانغا ئوخشايتتى.

ئەگەر ئۇ مېنى سوغۇق كۈلكە بىلەن مەسخىرە قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەتتا يېنىمغا كېلىپ: « نۇمۇس قىلساڭچۇ، قىلچە ئارىلىشىپ باقمىغان بىر قىزغا خىجىل بولماي مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟! » دەپ مېنى تىللاپ ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ بۇنچە ئازابلانماس بولغىيتتىم. مەن ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باققان، ھەممىسىگە مېنىڭ روھىم دەرھال قوبۇل قىلىش تەييارلىقىدا تۇرغانىدى. ئەگەر ئۇنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدەك ھالدا ئۇچراتقان بولسامۇ، ئۇنىڭ چېھرىدىكى ئىپادىلەر يۈرىكىمگە يەنىلا خەنجەردەك سانجىلاتتى، بىراق بۇ خەنجەرلەر ئاللىقاچان ئۆزىگە تۆشۈك

ئېچىلىپ بولغان جايغا كىرەتتى، بۈگۈن كۆرگىنىم بىر مۈشتقا ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق ئۇ ... ئاشۇ خەنجەرلەردىنمۇ ۋەھشىيرەك. چۈنكى، ئۇنىڭغا مەن يۈرىكىمدىن جاي راسلاپ تۇرمىغانىدىم.

ئۇنىڭ چىرايىدا كۆرۈشنى خالايدىغىنىم قىپقىزىل قىزىرىپ، لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە يەرگە قارىۋېلىش ئىدى. ئۇنىڭ باياتىنقى چىراي ئىپادىسىنى بىر - بىرلەپ ئىنچىكە تەھلىل قىلىشقا باشلىدىم.

ئادەم قانداق روھىي ھالەتتە قىزىرىپ كېتىدۇ، قانداق روھىي ھالەتتە تاتىرىدۇ؟

ئادەمگە تۇيۇقسىز ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەقە تەسىر قىلغاندا ئادەم تاتىرىدۇ، قاتتىق جىددىيلىشىدۇ. بەلكىم ئۇ قاتتىق چۆچۈپ ياكى قورقۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئەنە شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىش مېنىڭ ھاياتىم ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بەختىم ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ بېشارەت ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بولغاچقا قاتتىق ھاياجان يۈرىكىمنى زەرپ بىلەن سىغداپ، دېمىم سىقىلىپ كەتكەندە مېنىڭ چىرايىممۇ بەلكىم ئۇنىڭكىگە ئوخشاش تاتىرىپ كەتكەندۇ!

بۇ ھۆكۈمنى ئۆزۈمگە مەجبۇرىي تېڭىپ، ئاشۇ مۇزدەك سوغۇق بىر نەچچە دەقىقىگە ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلەرنى بېرىپ ئۇنى ئۆز ئارزۇيۇم ۋە خىيالىم بىلەن ئىللىتتىم..

گېپىمدىن قىلچىمۇ تاماق ئۆتمىدى. يۈرىكىم نېمىدۇر بىر نەرسىلەر ئارىسىدا سىقىلغاندەك دىمىقىپ، چىڭقىلىپ تۇراتتى. ئىلگىرى مەندە بولىدىغان بوشلۇق سېزىمى پۈتۈنلەي يوقالغانىدى. مېنىڭ روھىي دۇنيايىم ئەمدى بۇرۇنقىدەك قاقاس چۆل ئەمەسىدى. ئۇنىڭدا ئاچلىق، تەشنالىق، قاغجىراش دېگەنلەردىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. گۈزەل ھاياجان، ئازابلىق تۇيغۇلار يۈرىكىمنىڭ چەكسىز قوينىغا پاتماي شىددەت بىلەن ئۆركەشلەيتتى. ئەجەبا ماڭا ئاشۇ بىر قېتىملىق يولدا ئۇچرىشىپ قېلىشلا كۇپايە بولىدىمىكىنا؟!

روھىي دۇنيايىمنىڭ قۇپقۇرۇق بوشلۇق بولۇپ، جەسەتنىڭ يۈرىكىدەك تۇرغىنىدىن ئۇنىڭغا ئازابلىق بولسىمۇ ھاياجانلارنىڭ تولغىنى ئەۋزەل ۋە گۈزەل! شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھاياتتا ئادەم نېمىگە ئېرىشەلەيدۇ؟ قۇرۇق قول كەلگەن بوۋاق كەتكەندىمۇ ئوخشاشلا قۇرۇق قول كېتىدىغۇ؟! ھاياتتا پەقەتلا ئۇنىڭغا تەۋە بولالايدىغىنى ئۆز سەزگۈلىرىدە پەيدا بولغان گاھ ئازابلىق، گاھ شېرىن، گاھ قورقۇنچلۇق، گاھ سىرلىق بولغان ھاياجانلا بولىدۇ. شۇنداق، بۇ دۇنيادىن مېنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىم پەقەت ھاياجان... بولۇپمۇ مۇھەببەتنىڭ ھاياجىنى... ئۇ ئازابلىق بولسىمۇ ياكى راھەت بولسىمۇ پەقەت ماڭا تەۋە بولسىلا «مەن ھاياجانلىنىۋاتىمەن! دۇنيادىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلىرىمدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمەن... ياشاۋاتىمەن!...» دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەلەيمەن.

بەدەن پۈتۈن دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەممە نەرسىلەرگە ئوخشاش تەبىئەتكە خاس، ئۇ گويا دەرەخ شاخلىرىدىكى يېشىل يوپۇرماققا ئوخشاش خازان بولىدۇ ۋە يەرگە چۈشۈپ چىرىپ، ئەخلەتكە ئايلىنىدۇ. پەقەت ئادەمنىڭ ھاياتىدا پەيدا بولغان مەنىلىك ھاياجانلارلا، دەقىقە ئىچىدىكى ئاشۇ سەزگۈلەرلا مەڭگۈلۈك بولىدۇ، مۇقەددەس ۋە گۈزەل بولىدۇ. ئەگەر ئادەم ئۆز ھاياتىدا بولۇشقا تېگىشلىك شىددەتلىك ھاياجانلارغا ئىگە بولالمىسا، ئۇنىڭ تېنى ئاشۇ يوپۇرماقلارچىلىكلا قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئەگەر مەن پەقەتلا بىرەر يات جىنسلىق بىرەيلەننىڭ تېنىگە ۋە ئاشۇ تەندىن ئالىدىغان فىزئولوگىيىلىك لەززەتكە ئىنتىلگەن بولسام بەلكىم بىر قىزغا يۈرىكىمدىكى ھەممە سۆزلەرنى تۆكۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۆزۈمنى تىرىلدۈرۈشنى بۇنچىۋالا قوغلىشىپ كېتىشىم ھاجەتسىز ئىدى.

ئاشۇ بىر كۈن گويا غەلىتە چۈشلەر قوينىدا لەيلەپ يۈرگەندەك گاڭگىراش، ئىزتىراپ ۋە تېپىرلاش ئىچىدە ئۆتتى. بىرەر پەردە تۇرالمايتتىم. قەيەردىدۇر بىر يەردە كۈچلۈك بىر سادا كىشىنى بىتاقەت قىلىدىغان، سەۋرسىزلەندۈرىدىغان سېھرىي ئاۋازدا مېنى چاقىرماقتا. تىل بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدىغان بۇ سادانىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقىنىنى

بىلەلمەيتتىم . ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقىنىنى ئېنىق ئاڭلىيالمايتتىم . بىراق ، ئۇنىڭ مەنىسى بىۋاستە يۈرىكىمگە ئېقىپ ، ئۇنى تىنچسىزلاندۇرۇپ تۇراتتى . بۇ سادا مۇھەببەتنىڭ ئازابلىق ۋە گۈزەل ، شېرىن چۈشتەك خىرە ۋە يېقىملىق قوينىدىن كېلىۋاتاتتى ، بىراق ئۇ زادى نەدە ؟! ...

ئۆزۈمنى كۆرۈنمەس بىر زەنجىردە قاتتىق تەقىپ قىلغاندەك كەچتە كۇتۇپخانا شىرەسىدىن مىدىرلىماي بۈگۈنكى ئۆگىنىش ۋەزىپەمنى ئورۇنلىدىم . ئۇنى قانداق ئورۇنلاپ بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن . ۋەزىپەمنى پۈتتۈرۈپ بولۇپلا بىردىنلا پارتلاپ چىقتىم : ئاھ ! پەرىدە ، نەدىسەن ؟!

ئوقۇغۇچىلار كەچلىك مۇزاكىرە قىلىدىغان بارلىق سىنىپلارنى كېزىپ چىقاتتىم . ئۇنى كۆرۈشكە نېمە ئۈچۈن بۇنچە تەقەززا ئىكەنلىكىمنى بىلمەيتتىم ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگىنىمنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئوغرىلاردەك قاراڭغۇ جايلار بىلەن دوقۇرۇپ يۈرۈپ سىنىپلارنىڭ دېرىزىسى تۈۋىگە باراتتىم . مەن ئەنسىرىگەنسېرى گويا ھەممە ئادەم « ئۇ پەرىدەنى ئىزدەۋاتىدۇ ! ۋاي بىچارە . . . » دەپ ماڭا قاراۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم . ئاخىرى ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالماي قايتتىم . كارىۋاتقا ھارغىن ھالدا ئۆزۈمنى تاشلاپ خىيالغا پاتتىم . گويا مېنىڭ تەپەككۇر قىلىدىغان ئەزالىرىمغا ئۇنىڭ تامغىسى تولۇپ كەتكەندەك خىيالىم ئۇنىڭدىن نېرى بولمايتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن قانچە ـ قانچە قېتىملاپ تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن قىزلار بىناسىنىڭ يەنى 9 ـ بىنانىڭ تېلېفون نومۇرىنى چۆرىدىم . تولىمۇ ئاڭسىز ھالدا ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىمنى ، ئۇ ئەگەر تېلېفوننى ئېلىپ قالسا ئۇنىڭغا زادى نېمىلەرنى دېيەلەيدىغانلىقىمنى بىلمەستىن تېلېفوننى ئۈرۈۋېرەتتىم . قارشى تەرەپتىن تېلېفوننى ئالغانلار ئۇنى چاقىرىپ چىقىپ بولغۇچە شۇ قەدەر قاتتىق جىددىيلىشىپ كېتەتتىمكى ، مەن بېشىمدىن كەچۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقان بىر نەچچە مىنۇت مەن ئۈچۈن گويا ۋەھىمىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ بولغىلى بولمايدىغان ، باشتىن ئۆتكۈزۈپ بولغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ ئۇزۇن بىر ۋاقىتتەك

تۇيۇلاتتى . ئۇنىڭ تېلېفوننى ئېلىپ نېمىلەرنى دېيىشىنى ، ئۇنىڭ سوئال-
لىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشلىرىمنى تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالمايتتىم ؛
ئاخىرى يۈرىكىمنىڭ شىددەتلىك سېلىشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەستىن
تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتمەيلا قويۇۋېتەتتىم . مەن
تېلېفون ئۈرگۈچىنىڭ كىملىكىنى ئۇ چوقۇم بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ ، دەپ
ئويلايتتىم . تېلېفون ئۈزۈپ بولۇپ بەزىدە ئىشىك ئالدىغا چىقىشىمغىلا
ئۇنى ئۇچرىتاتتىم . ئۇنىڭ ماڭا قاراشلىرىدىن تېلېفوننى مېنىڭ ئۇرغانلىـ
قىـمنى بىلىپ تۇرغانلىقى چىقىپ تۇراتتى ، بىراق شۇنداقتىمۇ ئۇ ھېچ
ئىش بولمىغاندەك گەپ قىلمايتتى .

بـاشقىلارنىڭ نومۇسلۇق ئىشلىرىنى بىلىۋېلىشقا تەلۋىلەرچە ئىنىـ
تىلىپ ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدىغان ساۋاقداشلىرىمنىڭ بۇ ئىشلاردىن
خەۋەر تاپقاندىن كېيىن گۈلقەقەلىرىنىڭ قانچىلىك ئېچىلىپ كېتىدىغانـ
لىقىنى ، چىرايىمغا نومۇسسىزلارچە قاراپ تۇرۇپ قانداق سۆزلەر بىلەن
يارامنى كوچىلاپ ، ئۆزلىرى باش قاتۇرۇپ ئويلاپ تاپقان ئەڭ يىرگىنچـ
لـىك سۆزلەر بىلەن چىشىمغا تېگىدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت تەسەۋۋۇر قىـ
لىپ تۇراتتىم . بىراق ، قىزىق يېرى شۇكى ئۇلار بۇ ئىشلارنى زادىلا تىلغا
ئالـمىدى . ئۇلار خۇددى بۇ ئىشنى زادىلا ئۇقمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېـ
لىشتى . مەن ئاخىرى ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا قەستەن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇـ
ۋېلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇۋاتقانلىقىنى سېزىۋالدىم . ئۇلار مېنىڭ نەتىـ
جىلىرىم ئالدىدا دائىم ئەنە شۇنداق سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالاتتى ، بۇ ئارـ
قىلىق مېنىڭ ئىشلىرىمغا سوغۇق سۇ سېپەتتى ، ئەجەبا مېنىڭ مۇھەببەتـ
تىكى مەغلۇبىيىتىممۇ ئۇلارنىڭ ئىچى تارلىقىنى كەلتۈرگەنمىدۇ ! توغرا
ئۇلار مېنىڭ ئاشۇ مۇكەللۇق ۋە گۈزەل ئازابىمغا ئىچى تارلىق قىلىشىدۇ .
چۈنكى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ جىمجىت تۇرمۇشىدا ئەنە شۇنچىلىك بولـ
سىمۇ بىر ئەسلىگۈدەك ئىشلارنىڭ بولمىغانلىقىغا ئېچىنىدۇ . ئۆزلىرىنىڭ
مۇھەببەتنىڭ ئازابلىرىدىن بەھرىمەن بولالمىغانلىقىدىن ، جۈرئەتسىزلىـ
كىدىن ، شۇنچە ئۇزاق يىللاردىمۇ ھېچقانداق كەچۈرمىشكە ئىگە بولالمىـ
غانلىقىدىن پۇچىلىنىدۇ !

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇۋېتىپ بۇ خاتىرىلەردە ئۆزد-
ىنىڭ زادىلا تىلغا ئېلىنمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ھەيران قالدى . تاھىر
ئۆزىنى دائىم چەكسىز تەنھا دەپ ئويلايتتى ، رەشىدەنىڭ نەزەرىدە بولسا
ئۇنداق ئەمەس ئىدى ، پەقەت تاھىر ئۆزىگە تەنھالىقتىن مۇستەھكەم قور-
غان بەرپا قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى خۇددى جىنايەتچىنى مەھكۇم قىلغاندەك
قاتتىق بەند قىلىۋالغانىدى . بۇ قورغانغا ھەر قانداق ئادەم بۆسۈپ كى-
رەلمەيتتى . ئۇ بۇ قورغانغا ئۆزىنى قامىۋېلىپ ئاشۇ قورغاننىڭ ئەتراپى-
دىكى رەشىدەدەك ، ئاسىيەدەك نۇرغۇن قىزلارنىڭ پەرۋانە بولۇپ كىرەل-
مەي ئايلىنىپ يۈرگىنىنى زادىلا كۆرمەيتتى .

ئاسىيە تاھىرغا دائىم خەت يېزىپ تۇراتتى . كېيىنكى چاغلاردا
نېمە ئۈچۈندۇر ئاسىيەدىن كېلىدىغان خەتلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ
كەتتى . ئايدا ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىم خەت كەلمەي قالمايتتى . ھەتتا ،
بەزىدە ھەپتىدە بىر قېتىمدىنمۇ خەت كېلىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى ،
بىراق تاھىر ئۇنىڭغا كەمدىن كەم خەت يازاتتى . ئاسىيە ھەرقېتىمقى
خېتىدە تاھىرنى بەكمۇ سېغىنغانلىقىنى ئېيتاتتى ۋە بۇ سېغىنىشنىڭ
قانچىلىك دەرىجىدە چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى نۇرغۇنلىغان سۆزلەر بىلەن
ئىسپاتلاشقا تىرىشقانلىقى خەتلىرىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى ،
لېكىن ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ بۇ سېغىنىشىنىڭ تاھىرنى ئۆز ئىنىسىدەك كۆ-
رىشىدىن بولغانلىقىنى ، بۇنى تاھىرنىڭ خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقىنى ،
بۇنىڭدا زادىلا باشقا مەنىنىڭ يوقلۇقىنى ئەسكەرتىپ قوياتتى . بىراق ، بۇ
ئەسكەرتىشلەر زادىلا ھېچ نەرسىنى يوشۇرۇپ قالالمايتتى . بۇ ئەسكەر-
تىشلەر خەتلەردە قانچە ئۇزۇن چۈشەندۈرۈپ يېزىلغان بولسا ، تاھىر ئۇ-
نىڭ ئۆزىنى نېمىشقا سېغىنىدىغانلىقىنى شۇنچە ئېنىق ھېس قىلاتتى . بۇ
ئەسكەرتىشلەر ئاسىيەنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇش رولىنى
ئوينىماستىن ، ئەكسىچە تېخىمۇ ئاشكارا قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . تاھىر
ئاسىيەنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتىنى چۈشىنەتتى ، ئۇ بىر قىز بالا
بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ھېسسىياتىنى قىيپالىڭاچ ئوتتۇرىغا قويۇشتىن نو-

مۇس قىلاتتى ، بىراق تاھىرنىڭ بۇنى زادىلا ھېس قىلماي قېلىشىدىر
ئەنسىرەپ خەت ئارقىلىق يەنە يوشۇرۇن بېشارەت بېرىپ ، ئارقىدىنلا ئۆ
زىنىڭ مەقسىتىنى باشقىچە قىلىپ ئەسكەرتىش ئارقىلىق يوشۇرۇپ ، بى
چۈمپەردىنى يەنى ئۇنىڭ بىلەن تاھىر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ
چۈمپەردىسىنى تاھىرنىڭ بىردىنلا قايرىۋېتىپ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى كۈ.
تۈۋاتقانلىقى ئۇنىڭ خەتلىرىدىن مانا مەن دەپلا ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى
تاھىر دەسلىپىدە ئۇنىڭغا پات ـ پات خەت يېزىپ تۇراتتى . كېيىنچە نا.
ھايىتى ئۇزۇندا بىر پارچە خەت يېزىپ قويىدىغان بولدى . بىراق ، ئاسىيا
ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ كەتمەستىنلا خەتنى يېزىۋېرەتتى . بۇ چاغد
تاھىرنىڭ پۈتۈن ئېسى يادى پەردىدە بولۇپ ، ئۇ ئادەمنى نومۇس قىلـ
دۇرغىدەك دەرىجىدە ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەنىدى .

گەرچە ئاسىيەنىڭ خېتىدە « مەن سېنى سۆيىمەن » دېگەن
سۆزلەر بولمىسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ پۈتكۈل خېتىدە ھەممە نەرسە ناھايىتى
ئوچۇق ئاشكارا ئىدى . تاھىر ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى
تولۇق چۈشىنەتتى . ئۆزىنىڭمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى .
بىراق ، ئۇ باشتىن ئاخىر ئاسىيەنىڭ خەتلىرىدىكى چوڭقۇر ئىشقىي مۇ.
ھەببەتنى زادىلا چۈشەنمىگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى ، ئۇ ئۆزىمۇ ئا.
سىيەگە شۇنداق خەت يازاتتى ، خەتتە ئۇمۇ ئاسىيەنى ناھايىتى سېغىنـ
غانلىقىنى ئېيتاتتى ، بىراق كەينىدىنلا ئىزاھات بېرىپ ئۇنى پەقەت يېقىن
دوست ئورنىدا خۇددى ھەدىسىدەك كۆرۈپ شۇڭا شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى
ئەسكەرتىپ قوياتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغانلىقىنى چۈ.
شەنمەيتتى . ئۇ ئاسىيەنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىشقا پېتىنالمايتتى ، بۇ
ئۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز مۈشكۈل بىر ئىشتەك تۇيۇلاتتى ، ئۇ خۇددى قارا
بېسىشقا ئوخشاش مۇدھىش تۇيۇلىدىغان ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا تە.
سىر كۆرسىتىدىغان ئاشۇ بىر قېتىملىق بالىلارچە ساراڭلىقىنى ــــ مەست
بولۇپ قېلىپ ئاسىيە ئۈچۈن يىغلىغىنىنى ئۇنتۇيالمايتتى .

ئاسىيەنى ياخشى كۆرىدىغانلار بەكمۇ كۆپ ئىدى ، تاھىر
خۇددى ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم ئاشىقتەكلا ھېس قىلاتتى . ئاسىيە ھەر قېتىم

تاھىرغا يازغان خېتىدە ئۆزىگە كىملەرنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى يازاتتى. ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ۋە دوستلۇق توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئايىماي يازاتتى، ئوتتۇرىغا قوياتتى، ئاندىن تاھىردىن مەسلىھەت سورايتتى. بىر قېتىم ئۇ تاھىرغا يازغان بىر پارچە خېتىدە ئۆزىگە تاھىر تونۇمايدىغان بىرەيلەننىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقانلىقىنى يازغانىدى، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئىنتايىن ياخشى بىر يىگىت ئىكەنلىكىنى، ئەقىللىق، تىرىشچان، ئەخلاقلىق ۋە قاملاشقان يىگىت ئىكەنلىكىنى يازغانىدى، «گەرچە ساڭا يەتمىسىمۇ ماڭا تەلەپ قويغانلارنىڭ ئىچىدە ماڭا بىر قەدەر ياقىدىغىنى شۇ» دېگەنىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي قالغانلىقىنى ئېيتىپ تاھىردىن مەسلىھەت سورىغانىدى.

بۇ خەتنى تاھىر تاپشۇرۇپ ئالغان چاغ بىر كۈنى چۈش مەزگىلى ئىدى. تاھىر خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ كېتىۋېتىپ پەرىدەنى كۆرۈپ قالدى. پەرىدە ئاشۇ كۈنى يازلىق كىيىملىرىنى كىيىپ چىققانىدى. پەرىدە تاھىرغا ئاشۇ كۈنىلا بىردىنلا چەكسىز گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى. پەرىدە پۇتىغا ئۇزۇن ئەترەك پايپاق تارتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۇزۇن ھەم چىرايلىق ئىدى. قەدەملىرى شۇ قەدەر يەڭگىل ئىدىكى، ئۇنىڭ ھەر بىر قەدەم ئېلىشى تاھىرنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېرىتىۋەتكەندەك بولدى. تاھىر خۇددى بارچە گۈزەللىك ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرىغىلا مۇجەسسەملەشكەندەك ھېس قىلدى. تاھىر ئۇنىڭ قەدەملىرىدىن كۆزىنى ئالالماي ئۇ ياتاقىغا كىرىپ كەتكۈچە كەينىدىن ئەگىشىپ باردى. ئۇ خۇددى تاتلىق بىر چۈش ئويغىنىپ كېتىش بىلەنلا يوقالغاندەك ياتاققا كىرىپلا يوقالدى. تاھىر ئۇ يەردە چەكسىز گۈزەللىك ئېلىپ كەلگەن چەكسىز ئازاب بىلەن بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۇ يەردىن قايتىپ ياتىقىغا كىرگەندىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندە ئاندىن ئاسىيەدىن كەلگەن خەتنى يادىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى، بىراق ئاشۇ ناھايىتى ئاددىي خەتنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چەكسىز گۈزەل بىر تەنىنىڭ دەھشەتلىك ۋەيران قىلىشىغا ئۇچرىغان روھى خۇددى چەكسىز كەتكەن بىر

خارابىلىققا ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇ يەردە ھەممە نەرسە بۇزۇپ تاشلانغانىدى . ئۇ يەردە لوگىكا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى ، ئۇ يەردە نورماللىق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى ، ئۇ يەردە ئەقلىي تەپەككۇر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، بۇ ئەقلىنىڭ خارابىلىقىدا ھېچقانداق بىر چۈشەنچە قەد كۆتۈرەلمەيتتى . تاھىر شۇ پېتى ئاسىيەگە خەت يازمىدى . ئۇ ئاسىيە خەتتە ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ . شۇنداق قىلدىمۇ ياكى جاۋاب بەرمەسلىك ئارقىلىق ئاسىيەنى « تاھىر مېنىڭ باشقىلار بىلەن مۇھەببەتلىششىمنى خالىمايدىكەن ، دېمەك مېنى ياخشى كۆرىدۇ » دېگەن ئۇقۇمغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىمۇ بۇنى بىلگىلى بولمايتتى . بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تاھىر خەتنى قايتا قولىغا ئېلىپ ئوقۇغان چاغدىلا ئاندىن ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاسىيەدىن ئۇنىڭغا يەنە بىر نەچچە پارچە خەت كەلدى ، ھەممىسىدە تاھىردىن شۇ ھەقتە مەسلىھەت سورىغانىدى ، بىراق تاھىر يەنىلا جاۋاب يازمىدى . ئۇ ئاسىيەنىڭ نېمىشقا بۇ توغرىدا مەسلىھەت سورايدىغانلىقىنى بىلەتتى . بۇ ئاسىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تاھىرنى كۈتۈشى ئىدى ، ئۇ تاھىرنىڭ ئۆزىگە كۆڭلىنى ئاشكارىلىشىنى ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن كۈتكەنىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ باشقا بىرسى بىلەن مۇھەببەتلىشىش ئېھتىمالىنى ئېيتسا تاھىرنىڭ بۇنىڭغا قوشۇلماسلىقىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغان بولغىيتتى ـ ھە ! تاھىر ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ باشقىچە پىكرىنى ئېيتسىلا ئۇ بۇنىڭدىن ۋاز كېچەتتى . كېيىنكى چاغلاردا تاھىرنىڭ ئۇقۇشىچە ئاسىيەنىڭ ئەينى چاغدا ئۇ يىگىت بىلەن زادىلا مۇھەببەتلەشكۈسى يوق ئىكەن ، بىراق تاھىرغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يۈرگىسى بارلىقىنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ تەلپىگە قوشۇلۇپتۇ . ئۇ يەنە بىر قېتىم يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ ئاشۇ يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى ، بىراق تاھىر بۇنىڭدىن زادىلا ئازابلانمىدى . ئۇ ئاشۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئاسىيەنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشەندى ، بىراق ئاسىيەنىڭ باشقا بىرەيلەننىڭ سۆيگۈنىگە ئايلىنىپ كېتىشى ئۇنى زادىلا ئازابلىيالمىدى ، ئەكسىچە ئۇ خۇشال بولغان-

دەك بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ روھىغا ئاشۇ بىر قېتىملىق مەست بولۇپ قېلىپ قىلغان ساراڭلارچە ئىشلارنىڭ ئېغىر بۇلۇتلىرى ھامان سايە تاشلاپ تۇراتتى.

تاھىرنىڭ ئاسىيەگە نىمشقا ئۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇۋېتىپ رەشىدە تۇيۇقسىز ناھايىتى تولۇق ھېس قىلىپ يەتتى.

تاھىرغا ئەينى چاغدا كېرىكى ھەرگىزمۇ مۇھەببەت ئەمەس، گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە ئىنساننى دۇنيانىڭ يۈرىكى، دۇنيا پەقەت مۇھەببەت بىلەنلا نۇرلۇق دەپ ئۆزىنىڭ مۇھەببەتكە، ئىنسان تېنىگە قانچىلىك تەشنا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئاياللارنىڭ تېنىنى مۇقەددەس ئورۇنغا چىقىرىپ مەدھىيە ئوقۇغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا كېرىكى ئاشۇ مۇقەددەس مۇھەببەت ۋە مۇقەددەس تەن بولماستىن بەلكى ئۆلۈم ئىكەن، ئەگەر ئۇنىڭغا كېرىكى ئۆلۈم بولماستىن مۇھەببەت ۋە ئاياللارنىڭ تېنى بولغان بولسا، ئۇ ئاسىيەگە ھەرگىز ئۇنداق مۇئامىلە قىلمىغان بولاتتى ھەمدە ئۆزىنى ئۇنداق يەككە ـ يېگانە، غېرىب ھېس قىلمىغان بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاسىيەلا ئەمەس، رەشىدەدەك يېقىن دوستلىرىمۇ بار ئىدى. ئۆلۈم تاھىرنىڭ كۆزلىرىنى قارىغۇلاشتۇرۇپ، ئۇنى كۆزى ئوچۇق تۇرسىمۇ ئەتراپىنى كۆرمەيدىغان قىلىۋەتكەنىدى.

چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەن تاھىرنىڭ جۇدەڭگۈ چىرايى ۋە ئورۇق كەلگەن گەۋدىسى دائىم رەشىدەنىڭ ئەسلىمىسىدە قىزلار ياتىقدىن پەرىدەلەرنىڭ فاكۇلتېتىنىڭ بىناسىغا بارىدىغان چوڭ يول بويىدا غەمكىن تۇرغان ھالەتتە پەيدا بولىدۇ.

تاھىرنىڭ گەۋدىسى ھەر كۈنى ھەممە ئوقۇغۇچىلاردىن بالدۇر چوڭ يول بويىدا پەيدا بولاتتى. ئۇ ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ئۇنى يول بويىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلار توپ ـ توپ بولۇپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. تاھىر يىراقتىن كېلىۋاتقان پەرىدەنى كۆرۈپ، پەرىدە كېلىپ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكىچە قاراپ تۇراتتى. خۇددى ئۇنى ساقلاپ تۇرۇشىدا ھېچقانداق مەقسەت يوقتەك ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ

قىلمايتتى .

بىراق ، تاھىر دائىم ئەتراپىغا قاراپ كىشىلەر ئارىسىدىن پەرىدەنىڭ گەۋدىسىنى ئىزدەيتتى . ئۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ پەرىدەنىڭ يېتىدشىپ كېلىشىنى كۈتەتتى ، بىراق پەرىدە يېتىپ كېلىشىگىلا پەرىدەنى كۆرمىگەن بولۇۋېلىپ باشقا بىر ئىش ئۈچۈن ئورنىدا تۇرغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى .

پەرىدە كىشىلەر توپى ئارىسىدا ، تاھىرنىڭ يېنىدىنلا ئۆتتۈپ كېتەتتى . تاھىر ئۇنىڭ گەۋدىسىدىن كۆزىنى ئۈزۈلمەستىن ئەگەشىپ ماڭاتتى .

ھەممىدىن ئازابلىق يېرى شۇكى ، ئۇ پەرىدەنى شۇنچە تەقەززالىق بىلەن ساقلاپ تۇراتتىيۇ ، پەرىدە كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىنىڭ پۈتۈنلەي ئالاقىسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھەر كۈنى مەلۇم باھانىلەرنى تېپىپ ئۆزىنى باشقا بىرەر ئىشقا مەشغۇل قىياپەتتە كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى .

زىمىستان قىشتا ئۇنىڭ پەرىدەنى ساقلاپ تۇرغان ھالىتىنى رەشىدەمۇ دائىملا كۆرەتتى . ئاشۇ مەنزىرە خۇددى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ تۇرۇۋاتقاندەك ئۇنىڭ ئېڭىدا دائىم قايتا - قايتا شەكىللىنەتتى . مەكتەپ ئىچى — ھەممە يەر ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن كۈنلەردە ، تاھىر قار ئىچىدە تۇرۇپ كېتەتتى . ئۇنىڭ چاچلىرى ، قاشلىرى ، كىيىملىرى ئاپئاق قار بولۇپ كېتەتتى . تاھىر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارايتتى . چەكسىز ئاسمان قوينىدىن ئۇنىڭ قىزىپ كەتكەن يۈزلىرىگە لەپىلدەپ قار چۈشەتتى .

مۇھەببەت تېرىلىدىغان يەر تاپالماي مەڭگۈ ئورۇق بولۇپ ئۆتۈپ كەتكىنىدىن ، قاقاس چۆلگە تېرىلغىنى ئەلا . . . بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تاھىرنىڭ مۇھەببەت كۆز قارىشى ئىدى .

— ۋاي - ۋۇي ، تاھىر نېمانچە ئازابلىنىپ كېتىسىز . دۇنيادا قىزلار ناھايىتى كۆپقۇ . نېمانچە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك قىلىپ كېتىسىز ! — دەيتتى رەشىدە دائىم تاھىرغا .

— شۇنداق ، قىزلار ناھايىتى كۆپ ، بىراق ئۇ پەقەت بىرلا – دە . — دېيىتتى تاھىر .

— ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان قىزلار تېپىلىدۇ .

— ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان قىزلارمۇ مەڭگۈ ئۇنىڭ ئۆزى بولالمايدۇ – دە !

— چىرايلىق قىزلارنى ياخشى كۆرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ، ئۇ پەقەت بىرسىگىلا تەۋە بولىدۇ . بىراق قالغانلىرىمۇ يەنە ئۆمۈر بويى يالغۇز قالمايدىغۇ . رېئاللىققا تەن بېرىش كېرەك – دە .

— رەشىدە ، سىز مېنى چۈشەنمەيسىز . مەن ھەرگىز ئىچىم پۇشۇپ كېتىپ ، ياكى توي قىلىش يېشىم توشۇپ قالغاچقىلا ، ئۆزۈمگە قىزدىن بىرسىنىڭ كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپلا ئۇنى قوغلىشىۋاتقىنىم يوق ! مەن باشتىلا سەزگەنىدىم ، ئېشقىلىپ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ قالغانلىقىم ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس . مەن ئۇنى كۆرۈپلا دەرد – ھەسرەت قاينىمىغا غەرق بولغانىدىم . بەلكىم ، بۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك ئازابىمنىڭ باشلىنىشىدۇر .

— سىز ئازابقا مەپتۇن ئىدىڭىزغۇ ، ئازابنى سۆيەتتىڭىزغۇ ؟

— ھەئە ، شۇنداق . بىراق مەن بۇ قېتىمقى ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەكمەن . دۇنيادا مۇھەببەت ئازابىدەك كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان شېرىن تۇيغۇ يوق ، شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيمەن ، دەپ ئويلايتتىم ، بىراق ، بۇ ئازاب ھازىر تاتلىقلىقتا قورقۇنچلۇق دەرىجىگە يەتتى . ئۇنىڭغا چىداپ بولالمىغۇدەكمەن .

رەشىدە ئاشۇ چاغلاردىلا تاھىرنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەتتىن ئاجايىپ زۇلمەتلىك بىر خىل ھېسسىياتنى بايقاپ تېنى شۈركىنىپ كەتكەنىدى .

— رەشىدە ، سىز بىلمەيسىز ، بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ماڭا ناھايىتى ئايان ، مەن دەل ئاشۇ چاغنى كۈتىمەن ، — دېگەنىدى تاھىر غەلىتە بىر خىل تەلەپپۇز بىلەن ، — ئۇ بىر مۇقەددەس كۈن ، بۇ مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان پۈتۈن ئىنسانلار كۈتىدىغان ئەڭ

ئاخىرقى بىر كۈن. ھەممە ئادەم ئاشۇ بىر كۈننى كۈتۈپ ياشايدۇ، ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشى تامامەن ئاشۇ بىر كۈن ئۈچۈن.

رەشىدە ھەيرانلىق بىلەن تاھىرغا قارىدى، تاھىرنىڭ چىكە تومۇرلىرى تارتىشىپ كېتىشۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، كۆزلىرى ئادەمنى قورقۇتقۇدەك دەرىجىدە خۇنۇك ئىدى. ئۇنىڭ كۆز نۇرى خۇددى كەلگۈسىدىكى ئاشۇ بىر مەزگىل يەنى ئۇ تىلغا ئېلىۋاتقان ئاشۇ بىر مەزگىلدىكى يىراق بىر خىيالىي كارتىنىغا تىكىلگەندەك، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغان ئادەم ئۇنىڭ زادى قەيەرگە قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيتتى.

رەشىدە تاھىرنىڭ بۇ جۆيلىگەندەك قىلغان سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى زادىلا ئۇقالمىغان بولسىمۇ، بىراق تاھىرنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تولۇق چۈشەنگەندەك بولدى.

— ئۆزىڭىزنى بۇنداق خىياللارنى قىلىشقا زورلاۋەرمەڭ، — دېگەندى رەشىدە تاھىرغا ئۆتىنىش تەلەپپۇزىدا.

رەشىدە دائىم سىنىپقا كەلگەن خەت ـ چەكلەر ئارىسىدا تاھىرغا ئەۋەتىلگەن ئاسىيەنىڭ نامىدىكى خەتلەرنى كۆرۈپ قالاتتى، ئۇ دەسلىپىدە ئاشۇ قىزنى تاھىرنىڭ سۆيگۈنى دەپ چۈشىنەتتى. رەشىدە باشقىلاردىن يەنە ئالىي مەكتەپكە يېڭى كەلگەن يىللىرىلا تاھىرنىڭ مەست بولۇپ قېلىپ « ئاسىيە ! » دەپ يىغلاپ يۈرگىنىنى ئاڭلىغانىدى. كېيىن تاھىردىن چاقچاق ئارىلاش چاندۇرماستىن ئۇ قىزنىڭ كىملىكىنى سورىغاندا تاھىر « ساۋاقدىشىم » دەپ قويغانىدى، بىراق ئۇ ئاشۇ چاغدا يۈزلىرى قىپقىزىل قىزىرىپ باشقا ياققا قارىۋالغانىدى. رەشىدە ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭ چېكىلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن تەر تامچىلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ئۇنى خىجالەت قىلىپ قويغىنىدىن ئەپسۇسلىنىپ قالغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن تاھىردىن ئۇ قىز توغرىسىدا زادىلا گەپ سوراپ باقمىدى. كېيىن تاھىرنىڭ پەرىدەگە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى پۈتۈن تونۇغۇزىنچى بىناغا پۇر كەتكەن چاغدا ھەيران قالغانىدى. بۇ چاغدا تاھىرغا يەنىلا ئاسىيەدىن خەت كېلىپ تۇراتتى، بۇنى رەشىدە چۈشىنەلمىدى. ئاسىيەنىڭ تاھىرغا قانداق مەزمۇندا خەت يازىدىغانلىقى تا ھا-

زىرغىچە ئۇنىڭغا تامامەن قاراڭغۇ ئىدى .

« مەن ئۇچۇن ئىنتايىن قەدىرلىك بولغان ئۇكام تاھىر ، سالامەت تۇرۇۋاتامسەن ؟ . . . »

ئاسىيە دائىم خېتىنى ئەنە شۇنداق باشلايتتى .

« كۈندە سەندىن خەت كېلەمدىكىن دەپ تەلمۈرۈپ خەت ساندۇقىغا قاراپ كېتىمەن ، بىراق زادىلا خېتىڭنى كۆرمىدىم ، تاپشۇرۇپ ئالمىدىم ، مەن سېنىڭ مىجەزىڭنى چۈشىنىمەن ، شۇڭا سەندىن زادىلا رەنجىمىدىم . سەن بىرەر ئىشقا بېرىلىپ كەتسەڭ پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ كېتىسەن ، ماڭا خەت يازمىساڭمۇ مەيلى ، ئۆيۈڭگە بولسىمۇ خەت يېزىپ قوي . ئۇلار ئەنسىرەپ قالمىسۇن . . . »

تاھىر ئاشۇ خەتنى ئوقۇۋېتىپ بۇ يەرگە كەلگەندە چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى . ئۆيگە بولسىمۇ خەت يېزىپ ئەۋەتىپ قوي ، دېگەن بۇ سۆزلەردىن ئۇ ئاسىيەنىڭ ئۆزىگە نەقەدەر يېقىن ئىكەنلىكىنى سېزىپ ، ۋۇجۇدى ئاجايىپ ئىللىق ھارارەتكە چۈمگەندەك بولدى . ئاسىيە ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭ باللىق دەۋرلىرى بىلەن بىرىكىپ ، ئۇنىڭ ئوبرازى خۇددى جىنسىي ھەۋەس بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە يۇكسەكلىشىپ كەتكەنىدى . تاھىر ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقىچە مۇناسىۋەتنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان يەرگە يەتكەنىدى . ئاسىيە خېتىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرغانىدى .

« تاھىر ، مەن سېنىڭ مېنى سېغىنىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن ، ئەگەر خەت يېزىشقا چولۇڭ تەگمىسە ، خەت يازىمەن دەپ زادىلا ئاۋارە بولمىغىن ، ئەڭ مۇھىمى ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيىتىڭ .

ئۆتكەندە مەن خېتىمدە تىلغا ئالغان ھېلىقى يىگىت بىلەن يۈرۈۋاتىمەن ، مەن ئۇنىڭ تەلپىنى رەت قىلالمىدىم ، رەت قىلىشقا تامامەن ئاجىز كەلدىم . مېنىڭ نېمىشقا ئاجىز كېلىدىغانلىقىمنى سەن چۈشىنىسەن . مېنىڭچە ، مېنىڭ بۇ مۇھەببەتنى رەت قىلىشتا تايىنىدىغان ھېچ

نەرسەم قالمىدى .

مېنىڭ باشقىلار بىلەن مۇھەببەتلىشىشىمنىڭ كىملەرگە ئەڭ قاتـتىق تەسىر قىلىدىغانلىقى ماڭا ئايان ، بۇنىڭ بىرى ئىمىن . ئۇ ماڭا تا ھازىرغىچە خەت يېزىپ تۇرىدۇ ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق زەربە بولىدۇ ، يەنە بىرەيلەننىڭ كىم ئىكەنلىكى ساڭا ئايان ، شۇڭا بۇنى تىلغا ئالمىساممۇ بولار .

تاھىر ، مەن ساڭا يەنە خەت يازىمەن ، ماڭا خەت يازمىساڭ مەيلى ، بىراق خېتىمنى بولسىمۇ ئوقۇپ قوي ، ئۆز ئىشىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئوقىماي تاشلاپ قويمىغىن ، چۈنكى مەن سېنى ئۆزۈم يۇرۇۋاتقان يىگىتتىن مىڭ ھەسسە ياخشى كۆرىمەن .

ئاسىيە

1987 ـ يىل 5 ـ ماي . »

بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ تاھىرنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇزدەك سوغۇق بىر خىل ھاياجان خۇددى ھەسرەتلىك ناخشىدەك ، ھەم ئاچچىق ھەم مەيـتۇن قىلارلىق كۈيدەك ئۆرلەپ چىققانىدى .

تاھىر خاتىرىسىدە بۇلار توغرىسىدا ئانچە توختالمىغانىدى ، تاـھىرنىڭ خاتىرىسى قەدىمكى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە داسـتانلىرىغا ئوخشاشلا جۆيلۈش ۋە ئەسەبىيلىك بىلەن تولغانىدى . رەشىدە ئۇنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى :

بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىش كېرەك ؟!

يېلىنىش ... يالۋۇرۇش ... مەجنۇنلارچە مەكتۇپ يېزىش ... نېمىشقا پەقەت ئاشۇلارنىلا خىيال قىلىدىكەن تاڭ .

خام خىيال دېگەن ھامان خام خىيال بولغاندىكىن ئادەتتىكىچە بەختلىك ۋە ئازابلىق مەنزىرىلەرنى خىيال قىلماي ، رېئاللىقتا ئۇيغۇنلاشـتۇرۇش كويىدا بولۇپ يۇرمەي خىيالنىڭ ئەڭ گۈزىلىنى ، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىكىدەك سەبىي ۋە يۈكسەك مۇھەببەتنى خىيال قىلايچۇ ! ـــ دەپ ئويلىدىم مەن . بىراق مەن ، گويا بەختتىن بەھرىمەن بولۇش ئىقـ

تىبدارىغا ئىگە ئەمەستەك ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قالسام قانداق
تۇرمۇش كەچۈرۈشنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم . مەن ئۇچۇن گويا
سۆيگۈنىڭ ئازابىدەك مۇقەددەس ۋە گۈزەل نەرسە يوقتەك يۈرىكىم هامان
دەردلىك خىياللارغىلا مەھلىيا بولۇپ تۇراتتى . توغرا ! مەن بۇرۇن مۇ-
ھەببەت لەززىتى بىلەن تولغان بەختلىك كۈنلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ
باقمىغاچقا ، كەلگۈسى توغرىسىدا لەززەتلىك خىياللارغا چۆمۈلسەممۇ
بىراق بۇ خىياللىرىم مېنى رازى قىلالمايتتى . مەندىكى ئىدراك گويا قويۇق
تۇماندەك خىيالىمدىكى ئاشۇ مەنزىرىلەرنى توسۇپ تۇراتتى ، بىراق ئۇ
مەنزىلەر بولسا گويا تۇمان كەينىدىكى گۈلدەك تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈپ
كېتەتتى . مەن ئۇنى ئويپئوچۇق هالدا كۆرۈشكە تەشنا بولاتتىم . . . بۇ
تەشنالىق مېنى ئازابقا باشلايتتى . مېنى ئۇنىڭغا يېلىنىشقا دەۋەت قىلاتتى .
پەقەت شۇندىلا مۇھەببەت لەززىتىنى ھەقىقىي رېئاللىقتا ئوچۇق كۆ-
رەلەيتتىم .

پەردەنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىمغا ئەكىلىپ قەلبىمدە ئۇنىڭ بى-
لەن مۇڭدىشاتتىم . ياتىقىمدا باشقىلار ئاياللار توغرىسىدا غەلىتە
پاراڭلارنى قىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى . بىمەنە چاقچاقلارنى قىلىشاتتى . مەن
بولسام جىمجىت هالدا ئۆز خىيالىم بىلەن بەند ئىدىم . قەلبىمدە بىر يو-
شۇرۇن ئېقىم پەردە تەرەپكە — توققۇزىنچى بىنا تەرەپكە يوشۇرۇن
هالدا لەپىلدەپ ئېقىپ تۇراتتى . بۇ ئېقىم نەلەرگىدۇر ئىزسىز سىڭىپ
باراتتى . ئۇنى ئازاب بىلەن ، قىيماسلىق بىلەن ئۇزىتاتتىم ، بىراق ئۇنىڭ
ئالدىغا چىقىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى . . .

مەن كۆڭلۈمدىكى بارلىق سۆزلەرنى پەردەگە خىيالىمدا گاھ
خەت قىلىپ ، گاھ يۈز تۇرا هالدا تىنماي تۆكەتتىم . مېنىڭ يۈرىكىمدىن
ئېقىپ تۇرغان يوشۇرۇن ئېقىم بىلەن بىرگە مەنمۇ بىر ئېقىمغا ئايلىنىپ
نەلەرگىدۇر ئېقىپ كەتكەندەك بولاتتىم . ...

خىيال مېڭەمدىن ئۆتۈپ قانغا ، قاندىن گۆشكە ، گۆشتىن سۆ-
ڭەكلىرىمگىچە سىڭىپ كەتكەندى . كېيىن ئۇ يېيىلىپ چىقىپ مېنى
ئىچىگە چۆكۈرۈۋالدى ... خىياللىرىم دەسلەپ مېڭەمدىن ئىبارەت قەپەز-

دىن قۇتۇلدى، ئاندىن قانلىرىمدىن تارتىپ، سۆڭەكلىرىمگىچە ھەممە نەرسىنىڭ ئىدارە قىلىشىدىن قۇتۇلدى. شۇ چاغدا ھېس قىلىپ يەتتىمكى، ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغان نەرسىگە ئەڭ تەشنا بولىدۇ ...

قاپقاراڭغۇلۇق قوينىدا بىھېساب كۆزلەر ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى . . . قورقۇنچ بىلەن ئەتراپقا ئېسەنكىرەپ قارايتتىم. بۇ كۆزلەردىن تونۇشلۇق ئىزدەيتتىم. تۇيۇقسىز بىر كۆزنىڭ ئىگىسى ئەركىن ئەكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم ... ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن دوستلۇق بىلەن مەسخىرە ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ نەگىدۇر بىر يەرگە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ قارىغان يەردە پەرىدەنىڭ كۈلۈپ تۇرغىنىنى كۆردۈم. ئاندىن ئۇنىڭ قىپيالىڭاچ ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدىم . . . ئۇ چوقۇم قىپيالىڭاچ ئىدى . . . ئۇنىڭ كۆكسىگە . . . ئاندىن ئۇنىڭ كىشلەرنى ئەڭ مەپتۇن قىلىدىغان يېرىگە تىكىلدىم. ئۇنىڭ ساغرىلىرى يۇپ ـ يۇمىلاق تولغىنىدى. پەقەت ئۇنىڭ ساغرىلىرىنىڭ مۇشۇ ھالىتىلا ئېنىق كۆرۈنەتتى. باشقا يەرلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. ئەركىننىڭ ئاۋازى مېنى چاقىردى، مەن ئۆرۈلۈپ قارىسام ئەركىننىڭ ئورنىدا دادام تۇراتتى.

— قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم مەن. ئۇ ئۈن چىقارماستىن بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلار بىنايىمىزنىڭ ئۆگزىسىگە قاراپ ماڭدى. مەنمۇ كەينىدىن چىقتىم. تۆۋەنگە قارىسام پەرىدە شوتا بىلەن بۇ يەرگە قاراپ چىقىۋېتىپتۇ. بۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئىدى. ئۇنىڭغا قاراپ قولۇمنى سوزدۇم. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئىتتىك كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. شۇ چاغدا مەن شوتىنىڭ ئاچا شەكىلدە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكىنىنى كۆردۈم، ئۇ يەنە بىرى بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى.

ئۇ بېشىغا كۈندالدا يالتىراق گۈللۈك شەپكە كىيىۋالغان بولۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇنى شوخ قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئاشۇ شەپكىسىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويدۇم.

پەردە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر ئىشلار بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇنى گاھ مېنىڭ يېنىمدا تۇرغاندەك، خۇددى ئوڭۇمدىكىدەك مەۋھۇم ۋە سىرلىق ھالدا گاھ پەيدا بولۇپ گاھ يوقىلىپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۇنىڭ ئوبرازى تۇراقسىز ئىدى.

— دادا، سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ قىزنىڭ ئىسمى پەردە...

ئۇ دادامنىڭ ئالدىدىن تېز ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ ئۆرۈلۈپلا دادامغا تىكىلدى. مەن ئادەتلىنىپ كەتكەن ھەيرانلىقىم بىلەن ئۇنىڭغا قارىماقچى ئىدىم. بىراق، ئۇنداق قىلالماي بىردىنلا داڭ قېتىپ قالدىم. پەردە مەن كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالغان، بىراق مەندە ئاجايىپ يىرگىنچلىك تەسىرات قالدۇرۇپلا غىپپىدە ئۆتۈپ كەتكەن يىراق ئۆتمۈشتىكى، بىراق ئەسلىمەمدە تولىمۇ ئېنىق ساقلانغان بىر ئايالنىڭ ئوبرازىدەك ( ئۇ بەلكىم كىچىك چېغىمدا بىر كۆرگەن ساراڭ ئايالدۇر )، بىر كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ، بەكمۇ كىچىك چاغلىرىمدا كۆرگەن بىر ئايالنىڭ ئۇزۇن بۇرنىغا ئۆز ئەينى ئوخشايدىغان، شەلۋەرەپ كەتكەنمۇ ياكى قىزىرىپ كەتكەنمۇ، ئىشقىلىپ غەلىتە بىر قىياپەتتىكى ئۇزۇن بۇرنىنى ئاسمانغا قىلىپ تىكىلدى. ئويغانغاندا ئېسىمگە ئالسام ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى يۈزىدە لىق سەپكۈن بار بولۇپ، تېرىسى مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا كۆرگەن بىر جالاپنىڭكىگە ئۆز ئەينى ئوخشايتتى. ئاشۇ چىرايىنى كۆرۈشتىن ئاۋۋال كىشىلەر « جالاپ » دېيىشسە خىيالىمغا ھامان پىكاسسونىڭ رەسىملىرىدەك غەلىتە، ئېنىق شەكىلگە ئىگە بولمىغان، ئەپسانىلەردىكى جىنلار ياكى غەيرىي بىر مەخلۇقلارنىڭ تەسۋىرى پەيدا قىلغان، شەكلى ئۆزگەرگەن غەيرىي تەبىئىي، ئىشقىلىپ ھەممە يېرى، چىرايى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى ھەممىسى بۇزۇلغان ھالدا كۆز ئالدىمغا كېلەتتى.

ئويغىنىپ، چۈشۈمنى قاتتىق ھاياجان بىلەن قايتا ـ قايتا ئويلاشقا باشلىدىم.

چۈش كۆرۈۋاتقان چاغلىرىمدا ھەممە ئىشلار ھەقىقەتەن چىن-

دەك ، مەنىلىك ۋە ئەھمىيەتلىكتەك تۇيۇلۇپ ، چۈشۈمدە ئاللىقانداق ئىشلار ئۈچۈن قاتتىق باش قاتۇرۇپ كېتەتتىم . ئاللىقانداق ئىشلار ئۈچۈن قاتتىق شادلىنىپ كېتەتتىم . ئويغىنىپلا نېمىگە كۆلگىنىمنى نېمىلەرگە باش قاتۇرغىنىمنى بىلەلمەي قالاتتىم . مېنى ئۇنچە ھاياجانلاندۇرىدىغان ھېچ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىچىدىن ئويلاپ تاپالمايتتىم . بىر قاتار بىر - بىرى بىلەن ھېچقانداق باغلىنىش پەيدا قىلالمايدىغان خىرە سۈرەتلەر تەرتىپسىز بىر رەۋىشتە مېڭەمنى ئايلىناتتى .

بۈگۈنكى چۈشۈمدە مېنى بۇنچە ھاياجانلاندۇرۇۋەتكۈدەك ھېچ نەرسە يوقتەك ، چۈشۈمۇ مەنىسىزدەك قىلاتتى . بىراق ، ئىختىيارسىز ھاياجاندىن ئاشۇ تەرتىپسىز ، باغلىنىشسىز غەلىتە مەنزىرە ۋە ئوبرازلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ كىرىشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ ، قايتا - قايتا ، تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ ئەسلەپ كېتەتتىم . قانچە ئىنچىكە ئەسلىگەنسېرى چۈشۈم شۇنچە خىرەلىشىپ باراتتى . نېمىگىدۇر بىر نەرسىگە تەقەززا بولۇپ يۈرەتتىم . ئىچىرقايتتىم . مەندىكى بۇ ئىچىرقاش زادى قانداق ئىچىرقاش ؟ فىزىئولوگىيىلىك ئىچىرقاشمۇ ياكى روھىي ئىچىرقاشمۇ ؟ مەن بۇ ئىچىرقاشنىڭ پەقەتلا روھىمدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم . ئەگەر ئۇ تېنىمدە بولسا مېنى ۋەيران قىلىۋېتەلىشى مۇمكىن ئىدى . كېيىنچە ئۆز روھىمنىڭ مەن ئويلىغاندەك ئۇنچە جاھىل ئەمەسلىكىنى ، كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى ، ئۇنى سانىسىزلىغان قېتىم بويسۇندۇرۇپ كەتكەنلىكىمنى سېزىپ يەتتىم .

كۈندىلىك تۇرمۇشۇمدا پەردەگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بولمىسا بولمايدىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم . ئۇ مېنى بارغانسېرى ئىگىلەشكە باشلىدى . مەن ئىختىيارسىز ئۇ تەرىپىدىن ئىگىلىنىشكە باشلىغانىدىم . مۇھەببەت دېگەن ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك دېگەن ئويدا بولغانلىقىم ئۈچۈن بەلكىم بۇ ھېسسىياتنى ياساپ چىققاندىمەن ، بىراق ئۇنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى ، شۇڭا ئىنكار قىلىشقىمۇ تىرىشىپ باقمىدىم . بەلكىم ئىنكار قىلىشنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتۇر .

كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى . ئۇ بۇرۇنقىغا

پەقەتلا ئوخشمايدىغان قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى . چىرايى بۇرۇنقىغا قىلچىمۇ ئوخشمايتتى . كۆزلىرى ، كۆزىنىڭ يېنىدىكى كىچىك تارتۇقى ، يۈزىدىكى سۇس داغلار ، ئاۋازلىرىدىن تارتىپ بۇرۇنقىسى بىلەن قىلچە باغلىنىشى يوقتەك قىلاتتى . بىراق ، ئۇلار يەنىلا شۇ ئىدى . ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەقەتلا بىلەلمەي قالدىم ، بىراق ئۇ بەكمۇ تونۇش ، خۇددى ۋۇجۇدۇمنىڭ بىر قىسمىدەك قىلاتتى . ھېچ كىشىنى ئۇنىڭدەك يېقىن تونۇش ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم . سانسىز ئەسىرلەر بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ شېرىن مۇھەببەت پەيزىنى سۈرگەنلىكىم چوقۇم ئېنىق . خۇدا ئۇنى مەن پۈتۈن كائىناتتا يەككە ـ يېگانە ياشاپ يۈرگەن چېغىمدا جىسمىمدىكى بىر تال ئومۇرتقىدىن ئاپىرىدە قىلغانىدى . شۇڭا ، دەل مۇشۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ بىر تال ئومۇرتقام كەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . ئۇ زادى نەرىمنىڭ ئومۇرتقىسىدۇر ؟ ... يۈرەك بەلكىم ئەسلىدە ئومۇرتقىلىق بولسا كېرەك . يۈرىكىمدىكى ئاشۇ ئومۇرتقا ئېلىپ تاشلانغاچقا ، بەلكىم يۈرىكىمدىكى دائىم تولدۇرغىلى بولمايدىغان ئاشۇ بوشلۇق پەيدا بولغاندۇ . بەلكىم ئەسلىدە تۆت پۇتلۇق بولسام كېرەك ، ئۇ چوقۇم مېنىڭ يوقالغان ئىككى پۇتۇم . ئۇ چوقۇم مېنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ، ئەڭ مەردانە پۇتۇم ، ئەگەر ئەنە شۇ پۇت ھېلىمۇ مەندە بار بولسا ئىدى ، مەن چوقۇم ئۆلۈمگە قاراپ يۈزلەنگەن چېغىمدا يېرىم يولدا توختاپ قالمىغان بولاتتىم . ئۇ پۇتنىڭ ئىلىكى مېنىڭ مېڭەمگە ۋە يۈرىكىمگە تۇتاشقان بولغىيمىدى ؟ ... مەن شۇنىڭ ئۈچۈن يۈرىكىمدە ۋە مېڭەمدە چەكسىز بىر بوشلۇق ھېس قىلغانىدىمەن .

مەن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن يول بويىدا ئاستا كېتىۋاتاتتىم . ئۆلۈمگە ئەمەس ، ئۇنىڭغا قاراپ كېتىۋاتاتتىم . ئۈمىد تامامەن مەۋجۇت بولمىغان جايغا قاراپ كېتىۋاتاتتىم . يول بويىدىكى قاتار ئارچىلارنى تۇتۇپ قويۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ ،. قولۇم بىلەن بوش سىلاپ كېتىۋاتاتتىم . بۇ ئۇنى كۆرگەنلىكىمنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن ئىدى . ئۇ دائىم دەرس تەكرارلايدىغان سىنىپ تەرەپكە قاراپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا توختىدى ـ دە ، قولتۇقلىۋال-

غان ماتېرىياللىرىنى قولىغا ئېلىپ ئارىسىدىن بىر نەرسىنى ئىزدىدى . ئۇ
ئىزدەۋاتقان نەرسىنىڭ يوق ئىكەنلىكى ئۇنىڭغىمۇ ، ماڭىمۇ ئېنىق ئىدى .
مەن دەرھال يولدىن چىقىپ ، ئارچىلارنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەت-
تىم . ئۇ مېنىڭ بار ئىكەنلىكىمنى بىلگەچكە ماڭا قارىماستىنلا مەن تە-
رەپكە قاراپ كەلدى . ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى ئېيتىشتىن قورققاندەك . ياكى
باشقا بىر كىمگە سۆزلەۋاتقاندەك بوشلۇققا قاراپ : — مۇشۇ يەردە بىر-
دەم تۇرۇپ تۇرۇڭ ، — دەپ قويۇپلا كەتتى .

بىر ھازادىن كېيىن مەن ئالقىنىمدا بىر پارچە خەتنىڭ تۇرغانلى-
قىنى ھېس قىلدىم . ئۇ ماڭا خەتنى بېرىۋاتقاندا مەندە ھېچقانداق سېزىم
پەيدا بولمىدى . قەلبىمنىڭ قۇپقۇرۇق بوشلۇقىدا ھېچ نەرسە يوق ئىدى .
ئۇستۇنكى چىشلىرىمنىڭ سەت كۆرۈنۈشىدىن ئەنسىرەپ ، ئاستىنقى
چىشلىرىم بىلەن ئۇستۇنكى لەۋلىرىمنى چىشلىدىم . بۇ ئارقىلىق قاتتىق
ئازابلانغانلىقىمنى ، قەلبىمنىڭ ئازابقا باي ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىشنى
ياكى قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىمنى بىلدۈرمەكچى بولغان بولسام كېرەك ،
بىراق بۇ ئىشلار بۇرۇن نەچچە رەت بولۇپ بولغاندەك بۇ قېتىمقىسى پە-
قەتلا بىر ئەسلىمىدەك مەندە ئۇنداق ھېسسىيات يوق ئىدى . ھەتتا ،
خەتتە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلىشكىمۇ ئالدىراپ كەتمىدىم .

خەت ئىچىگە قارىتىپ قاتلانغان بولۇپ ، نېپىز قەغەزدىن يەنىلا
كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بۇلارنىڭ مېنىڭ ئۇنىڭغا يازغان خېتىم ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلدىم . شۇ چاغدا نېمىشقا ئۇنى جاۋاب يازمايدۇ دەپ ئويلىغانلى-
قىمنى ھېلىمۇ بىلمەيمەن . نېمە ئۈچۈندۇر مەن ئۇنى ماڭا خەت يازمايدۇ
دەپلا ئويلىغانىدىم ، شۇڭا پەقەت كونۋېرتقا مېنىڭ ئۆزىگە يازغان خې-
تىمنىلا سېلىپ ماڭا قايتۇرۇپ بەردى دەپ ئويلىدىم . مەن ئۇ چاغدا مې-
نىڭ يۈرىكىمنىڭ ئاۋازى قۇپقۇرۇق بوشلۇقتا ، ۋاقتىنىڭ چەكسىز قوينى
ئىچىدە مەڭگۈلۈك غايىپ بولدى ، ئۇنى ھېچكىم ھېس قىلالمايدۇ ، ئۇ
ھېچكىمنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كىرەلمەيدۇ ، شۇڭا ئۇ مەڭگۈ
جاۋابسىز قالىدۇ دەپ ، ئويلىغان بولسام كېرەك . خەت سېلىنغان كون-
ۋېرت قەغىزى ناھايىتى نېپىز بىر ئاق كونۋېرت بولۇپ ، ئۇنىڭدىن مې-

نىڭ خېتىم كۆرۈنۈپلا تۇراتتى . خەتنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قاراپ بېقىپلا
سېلىپ قويدۇم ، مېنىڭ ئۇنىڭغا يازغان بىچارە خەتلىرىمنى كۆزۈمنى
بىراۋ ئېتىۋالسىمۇ چوقۇم تونىيالايتتىم .
كەچتە خەتنى قايتىدىن ئېچىپ كۆرۈپ باققان چېغىمدا ھەيران
قالدىم . خەتلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭمۇ ماڭا يازغان بىر پارچە خېتى بار
ئىدى ، خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ، نېمىدۇر بىر نەرسە كەمدەك ھېس قى-
لىپ ، ئۇنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ بوشاشقان ، بىراق قىزغىنلىقىم
تېخى سوۋۇپ كەتمىگەن ھالدا كەچتە ھەتتا خەتنىڭ كەينى تەرەپلىرى-
گىمۇ ، ۋاراقنىڭ كەينىدە ھېچ نەرسە يوقلۇقى ماڭا ئايان تۇرۇپمۇ يەنىلا
قاراپ باقتىم . ھەقىقەتەن ھېچ نەرسە يوق ئىدى . ئۇ خەتنى ئوقۇپمۇ
باقماسلىقىم مۇمكىن ئىدى ، بەلكىم خېتىمنىڭ قانداق يېزىلغانلىقىنى ،
نېمىشقا ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر قىلالمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن
خەتكە يەنە بىرقۇر قاراپ باققۇم كېلىپ قالغاندۇ . مەن شۇندىلا ئۇنىڭ
ئىچىدە ئۇنىڭ ماڭا يازغان خېتى بارلىقىنى بايقاپ قالغانىدىم .
ئاشۇ كۈنى تامامەن تۈگەشكەن تەپەككۇرۇمدا مەن ئۇنى يوق
دەپ ھېس قىلغانىدىم . يوق ئادەمنىڭ ماڭا خەت يېزىشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى . بۇرۇن ئۇ پەقەتلا مېنىڭ سەزگۈلىرىم توقۇپ چىقارغان نەرسە
ئىدى . بەلكىم ، ئۇنىڭ خېتىنىمۇ مېنىڭ سەزگۈلىرىم توقۇپ چىقارغان-
دۇ . مېنىڭ خېتىمدىكى مەنىلەر ئاللىقاياقلاردىكى مەۋجۇتسىزلىق ئىلكىدە
لەيلەپ يۈرگەندۇ .
ئۇ خەت يازغاندا مېنىڭ خەت يېزىش ئۇسلۇبىمنى دوراپ يازغا-
نىدى . بىراق ، ماڭا ئوخشاش بەكمۇ ھېسسىياتلىق ياكى تەسىرلىك قى-
لىپ يېزىشقا تىرىشقانلىقى ئۈچۈنمىكىن ، سۆزلىرى پەقەتلا باغلاشمىغان ،
گىراماتىكا قەدەمدە بىر بۇزۇلغانىدى .
خەتتىن شۇنى بايقىدىمكى ، كېكەچ تىل ئىچىدە پەيدا بولغان
غۇۋا كۆرۈنۈش ئىچىدە قىپقىزىل گۆش رەڭلىك بىر تەن مېنىڭ نەزە-
رىمدىن بار كۈچى بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالماقتىدى . دەسلەپ خەتنى
ئوقۇۋېتىپ نېمىدۇر بىر نەرسىلەرنى چۈشەنگەنلىكىمنى ھېس قىلىۋاتات-

تىم. كېيىن بىلدىمكى مەن چۈشەنگەن ئۇ نەرسىلەر ئەسلىدە يوق ئىكەن. ئوقۇۋېتىپ بىر سۆزگە كەلگەندە بىردىنلا توختاپ، ئاۋۋالقى ئىككى بەتتىكى چۈشىنىشلىك سۆزلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەسلىگىنىمدە، ئۇ يەردىمۇ ھېچ نەرسە يوقلۇقىنى، بىر قەۋەت بوشلۇق ئىچىدە پەقەت مەندىكى چۈشىنىشلا بارلىقىنى، باشقا ھېچ نەرسە يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئۈچىنچى بېتىدە «ئىش ـ پەش تارتىشىپ قالدىم» دېگەن بىر سۆز بار ئىدى. بۇ دائىم ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان، دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەزەلدىن چۈشىنىشلىك سۆز ئىدى. بۇ خەتتىن كۆرگەندە ئۇ سۆز خۇددى مەندىن ناھايىتى يىراقتا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم: بۇ سۆزنى ئېنىق ئوقۇغاندىم، بىراق ئۇ ئوقۇغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە تۇتۇق ئىدى.

«ئىش ـ پەش تارتىش» ؟ ئۇ زادى نېمە دېمەكچىدۇر. ئەجەپ غەلىتىلا بىر سۆز ـ ھە ! بۇ سۆزنى ئوقۇغىنىمدىن خۇددى مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان پەقەت تەسەۋۋۇرلىرىمدىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئاياللارنىڭ يالىڭاچ تېنىنى كۆرگەندەك خىجىللىق ھېسسىياتىغا چۆمدۈم.

خەت تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئاشۇ يالىڭاچ تەندەكلا ئابستراكت بولۇپ، مەن ئاشۇ تەندىن ئىزدەيدىغان نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغاندەك مەن ئۇ خەتتىن ھېچ نەرسىنى تاپالمايۋاتاتتىم.

مەن «ئىش ـ پەش تارتىشىپ قالدىم» دېگەن بۇ سۆزگە قاراۋېرىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى «سىز تونۇمايدىغان بىرى بىلەن» دېگەن سۆزلەرنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن. ئۇنىڭ ئالدىدا بولسا «ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا» دېگەن سۆز بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى «يۈرىكىم دەرد ـ ھەسرەتكە تولۇپ كەتكەن قىزمەن» دېگەن سۆزلەرنى بولسا ئوقۇمىغاندەكلا ئۆتكۈزۈۋەتكەنىكەنمەن. بىراق، بۇلارنى چوقۇم ئوقۇغانىدىم. ئۇلارنىڭمۇ ئالدى تەرىپىدىكى «مۇھەببەت مەن ئۈچۈن بەكمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن . . .» دېگەن سۆزلەرنى بولسا كېيىن كۆرۈپ بايا كۆرگەن چاغلىرىمدىمۇ مۇشۇ بەتلەر ئىچىدە بارلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەي قالدى. بىرەيلەن بىلەن يۈرۈپ ئايرىلىپ

كېتىش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازاب ئۇنى مۇھەببەتتىن قورقىدىغان قىلى-
ۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلۈۋالماقچى بولغان. بىراق، ئۆلمىگەن.
ئاھ! ئۆلۈۋالماقچى بولۇش نەقەدەر ئوڭاي، ئۆلۈۋېلىش نەقەدەر قىيىن —
ھە! ئۇ راستىنىلا ئۆلۈۋالماقچى بولغان بولغىيمىدى. ئاھ! ئۇ ئۆلۈۋال-
ماقچى بولۇپ قانداق ئۆلۈۋېلىشنى ئويلاۋاتقان ئاشۇ پەيتلەردە، ئۇنىڭ
ئەرلەرنى قاغجىرىتىدىغان ھېلىقى گۈزەل ھەم قاغجىراق كۈلكىسى ئۇنىڭ
كۆزلىرىدىن، غۇنچىدەك تولۇقىنە كەلگەن ئوماق لەۋلىرىدىن ئۆچكەن-
مىدۇ؟ قەلبى مېنىڭكىدەك مۇزدەك سوغۇق، قۇپقۇرۇق بوشلۇققا ئايلى-
نىپ، ئۇ تامامەن تۈگىشىش ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئىللىق ۋە ئازادە قۇ-
چىقىدا بىر پارچە مۇزدەك ئۆلۈم تەرەپكە ئاستا قاراپ سىلجىغانمىدۇ؟
ئەجەبا ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالغان قۇدرەتلىك كۈچ زادى نېمى-
كىنا؟

خەتنى قايتا — قايتا ئوقۇپ كەتتىم. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھودۇقۇش ۋە تارتىنىش ئىچىدە، مۇھەببەتنى زادىلا ئۇقمايدىغان بىر سەبىي قىزدەك ياكى مۇھەببەتنى ھەددىدىن تاشقىرى چۈشىنىپ كەتكەن تارتىنچاق قىزدەك يەر تېگىدىن مۆلدۈرلەپ قاراۋاتقان كۆزلىرىنى كۆرمەكچى بولغان بولسام كېرەك. ئۇنىڭ ئادەمنى قاغجىرىتىدىغان كۈلكىلىرى خۇددى مېنى قۇرىتىۋېتىدىغاندەك كۈچلۈك تەپتى بىلەن كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئاشۇنداق بىر ھالەتنى توقۇپ چىقىرىشىمغا يول قويمىدى.

گاھ بۇ خەتتە ھېچ نەرسە يوقتەك پۇچىلىنىپ كېتەتتىم گاھ ئۇ مېنى ئۆزىگە ناھايىتى يېقىن ئادەم ھېسابلاپ ئىچ — قارنىدىكى ھەممە دەرد — ئەلەملىرىنى ماڭا تۆكۈۋەتكەندەك ئۇنىڭغا نىسبەتەن قانداقتۇر بىر خىل يېقىنچىلىق ۋە مېھرىبانلىق ھېسسىياتىغا چۆملەتتىم. بۇ ئىككى خىل ھېسسىياتتىن ئاخىرى كېيىنكىسى بېسىپ چۈشتى. بۇنداق بولغانلىقىنى ئەتىسى تۇيۇقسىزلا ھېس قىلىپ قالدىم.

ياتاقتا بىردەممۇ ئولتۇرغۇم كەلمىدى. پەسكە چۈشسەملا ئۇ ئۇچراپ قالىدىغاندەكلا ھېس قىلاتتىم. راست دېگەندەك بىنادىن چۈشىشىمگىلا ئۇنىڭ ياتاق تەرەپتىن رەشىدە بىلەن بىرگە كېلىۋاتقانلىقىنى

كۆردۈم .
مەن ئۇلارغا قاراپ تۇردۇم . ئۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرىگىنىچە كې-
لىپ مەندىن ئەھۋال سورىدى . ئۇنىڭ كۈلكىسىنىڭ يېقىملىق ئىكەنلى-
كىنى تۇنجى رەت كۆرۈۋاتاتتىم . ئۇ خۇددى مەن ئۇچۇنلا كۈلۈۋاتقان-
دەك ، ئۇنىڭ كۈلكىسى قەلبىمگە سىڭىپ كىرىپ ، مېنى خۇشاللىق
ھېسسىياتىغا چۆمۈلدۈرەتتى . قەلبىمدە بۇرۇنقىدەك قۇپقۇرۇق ، ئېچىرقاپ
تۇرغان قاغجىراش ھېسسىياتىنى ھۆۋۈلداتمايتتى .
— يۈرۈڭ ، بىللە بازار ئايلىنىپ كىرىمىز ، — دېدى ئۇ .
ئۇنى ئىنتايىن يېقىن ئادىمىمدەك ھېس قىلدىم . شۇڭا ، ئۆزۈمدە
ھېچقانداق جىددىيلىشىش ھېس قىلمىدىم . ئۇنى كۆرگەندە پەيدا بولى-
دىغان جىسمىمدىكى تىنىمسىز جىغىلداشلار ۋە ھودۇقۇشلارنىڭ بۈگۈن
نەلەرگە غايىپ بولغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدىم . تارتىنماستىنلا ئۇلار بىلەن
بىللە سىرتقا قاراپ ماڭدىم . ئۇ يېنىمدا يېنىك قەدەملەر بىلەن كېتىۋا-
تاتتى . لەرزان پەرۋاز قىلىۋاتقان كېپىنەككە ئوخشايتتى . ئۇنىڭ كى-
چىككىنە كەلگەن كېلىشكەن بەدىنىنىڭ نەپىس ھەرىكەتلىرىنى كۆزەت-
كىنىمچە كېتىۋاتاتتىم . مۈرىسىدىن دۈمبىسىگىچە يېيىلىپ چۈشكەن قو-
يۇق چاچلىرى ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ يېنىك دولقۇنلايتتى . بۇ دولقۇنلار
ئۇنىڭ كۈلكىسىدەك سەبىي ۋە يېقىملىق ئىدى .
ئۇنىڭ ئەترەڭ پايپاق تارتىۋالغان پۇتىنىڭ يازلىق ئاياغنىڭ چەمى
بىلەن بېسىلغان جايلىرى نەم بولۇپ ، تەرلىگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى .
مەن خۇددى ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنىنى تۇتۇپ باققاندەك ، خۇددى ئۇنى
باغرىمغا بېسىپ ئۇنىڭ ھەقىقىي ھايات تېنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قى-
لىۋاتقاندەك بولدۇم . يۆتكىلىپ تۇرغان ئاياغنىڭ تاسمىسىنىڭ ھۆل بول-
غان ئىزلىرىدىن بىر ھازا كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قالدىم . ئاشۇ ھۆل ئۇنىڭ
بەدىنىدىن ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت بولغان ، كىشىنى چەكسىز ھايا-
جانغا ۋە غىدىقلىنىشقا ئېگە قىلالايدىغان تىرىك تېنىدىن چىققان ئاجرالما
ئىدى . ئۇ بىر نەچچە رەت ئۆلۈۋېلىش خىيالىدا بولغان قىز ئىدى . ئۇ-
نىڭ چىڭ تارتىلمىغاچقا پات - پات يۆتكىلىپ ھۆل تەر ئىزىنى كۆرسى-

تېپ تۇرغان ئايغىننىڭ تاسمىلىرى ئۇنىڭ راستتىنلا بىر نەچچە رەت ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىنى دەلىللەپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ بىر خىيالىي ئوبراز ئەمەس، خۇددى مېنىڭ تېنىمگە ئوخشاش تىرىك بىر تەن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىمۇ ياشاۋېرىش ياكى ئۆلۈۋېلىش ھېسسىياتىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى بىلدۈرەلەيتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ پەقەت مېنى ئازابلاش ئۈچۈنلا روھىم ياساپ چىققان چۈشتەك ئېنىق، رېئاللىقتەك غۇۋا سۈرەت بولۇپ تۇيۇلاتتى. مەن ئەمدىلا ئۇنى ھەقىقىي بىر تىرىك ئادەمدەك ھېس قىلىشقا باشلىغانىدىم.

ئەتە ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن، ئۇ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلماقچى بولۇپ، بازاردىن بىر نەرسىلەرنى سېتىۋالماقچى ئىكەن. ئۇنىڭ مېنى بازارغا بىللە چىقىشقا تەكلىپ قىلىشى مېنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋەتكەنىدى.

بىز ئۈچەيلەن بىرلىكتە بازارلارنى ئايلىنىپ، گازىر، ھاراق قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالدۇق. ماڭا يولدىكى ھەممە كىشىلەر گويا مېھرىبان دوستلاردەك، پۈتۈن دۇنيا ماڭا قاراپ، خوش خۇي تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بېيجىڭنىڭ كەڭ، ئازادە يوللىرىنىڭ چەتلىرىدىكى رەتلىك ياپيېشىل ئورمانلار تولىمۇ گۈزەل ئىدى. ھەممە ئادەملەرگە، پۈتۈن دۇنياغا «مەن پەرىدەنى سۆيىمەن!» دەپ پەخىرلىنىش بىلەن ۋارقىرىغۇم كېلەتتى. گويا يايلاقتا كېزىپ يۈرگەن كېيىكتەك ئەركىلەپ سەكرىگۈم، جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈرگۈم كېلەتتى...

شۇ كۈنى ئاپتوبۇستا ئۇنىڭ بىلەن يېقىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سەزدۈرمەستىن قاراپ چىقتىم. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى ھېلىقى قىزغۇچ داغلار ماڭا تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەمدى بۇ داغلار ماڭا گويا ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇۋاتقاندەك، ئۇنى تېخىمۇ سەبىي، تېخىمۇ ئوماق قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ تۆۋىدىكى ھېلىقى كىچىك تارتۇق ئۇنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى پەقەت شۇنىڭغىلا جەملەنگەندەك كۆرۈنەتتى. چوغدەك قىزىل، ياقىسىز كۆڭلەكلىرى يېپىشۋالالمىغان ئاپئاق بويۇنلىرى ئۈستىدىن قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرى چۈشۈپ

تۇراتتى . ئۇنىڭ تاڭكىس ئاياغ كىيىۋالغان ، ئەترەڭ پايپاق تارتقان پۇت-
لىرىغا قارايتتىم .

بۇ گۈزەللىكلەر كۆزلىرىمدىكى چوڭقۇر مۇھەببەت نۇرلىرىنىڭ ئەكسى ئىدى .

ئۇ بۇگۈن خېلىلا خۇشال كۆرۈنەتتى . بىردەمدىلا بىزنىڭ ئارى-
مىزدىكى قورۇنۇش ، سىقىلىشلار ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە تېزلا يوقال-
غانىدى . ئېچىلىپ ــ يېيىلىپ سۆزلىشەتتۇق . گاھىدا ئۇنىڭ قىياپىتى سەل ئېغىر بېسىق كۆرۈنۈپ قالسىمۇ ، لېكىن ئاشۇ ئېغىر ــ بېسىقلىقلار ئىچىدىن بوۋاقلار كېچىسى چىراغقا قاراپ كۈلگەندەك ساپ ، تەبىئىي ، ئىللىق كۈلۈمسىرەشلىرى ، باللارچە تەنتەكلىكلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى . ئۇنىڭ ئادەمگە تىك قارىيالمايدىغان ئوماق ، مەسۇم كۆزلىرى گويا بوۋاقلارنىڭكىدەك غۇبارسىز ۋە تىنىق ئىدى .

ئاھ ، ئاشۇ كۆزلەر ... ئاشۇ كۆزلەر قانداقمۇ باشقىلار ئېيتقان شاللاق ، ئەخلاقسىز قىزنىڭ كۆزلىرى بولسۇن ! مۇمكىن ئەمەس !

ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مەن ئۇنى سىنىپ بىناسىنىڭ ئالدىدا كۆردۈم ، بۇ كۈن ئادەتتىكى باشقا كۈنلەرگە زادىلا ئوخشىمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى .

ئەتراپ يايپېشىل ياشىرىپ كېتىپتۇ ... توۋا ، تۈنۈگۈنلا ئاجايىپ بىر خىل قاخشالدەك ئىدىغۇ ؟ مەن ئەجەب ھېس قىلماپتىمەن !

سىنىپىنىڭ مەن ئولتۇرىدىغان پارتا يېنىدىكى دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتىم . كۆزلىرىم پەس تەرەپتىكى پەرىدەدە ئىدى . ئۇ تولىمۇ چىرايلىق ياسىنىۋاپتۇ . پۇتلىرىغا پايپاق تارتىپ ، چىرايلىق ئاق يوپكا كىيىۋاپتۇ . ئۇنىڭ شۇ تۇرقى خۇددى چىرايلىق كېپىنەككە ئوخشايتتى . ئۇ بىر يەرگە توپلىشىپ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان ساۋاقداشلىرىغا قېتىل-
ماستىن ئۆزى يالغۇز نېرىقى يولنىڭ بۇ تەرىپىدىكى قاتار گۈللەر ئارىسىدا پەرۋاز قىلىپ يۈرەتتى . گاھ بىر گۈلنى ئېگىشىپ پۇرىسا ، گاھ يۈگۈرۈپ بېرىپ يەنە بىر گۈلگە سىنچىلاپ قارايتتى . گاھ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئار-
چىلارنىڭ تۈۋلىرىدە ئۆسكەن ياۋا گۈللەرنى ئۈزۈپ ئېلىپ ، ئاۋايلاپ

بىر قولىغا يىغاتتى. شۇ تاپتا 5 ـ 6 ياشلاردىكى كىچىك قىزچاقلاردەك پىلتىڭلاپ ئويناپ يۈرەتتى. كىشىنىڭ تولىمۇ مەسلىكىنى كەلتۈرىدىغان ئاشۇ مەنزىرە ماڭا كەلگىلى خېلى بولغان باھارنى ئەمدى سەزدۈرگەنىدى.

مەجنۇنتاللار گويا سۇ بويىدا چاچ تاراۋاتقان پەرىزاتلاردەك نازۇك قەددىنى ئېگىپ، نەپىس تاللىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى.

ئۇ كۈنى خۇددى تويۇم بولغاندەك خۇشال بولۇپ كەتكەن ئىدىكەنمەن. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مېنى تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەشكە قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانلىقىدىنىدى. مەن ئۇ كۈنى ھاراقنى بولۇشىچە ئىچتىم، ئۆزۈمنىڭ ھەتتا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ دېسكو ئويناپ كەتكىنىمنى ئويلىسام ھازىرمۇ ھەيران قالىمەن. بىراق، بۇ خۇشاللىق ئەتىسىلا كەچتە ئۆزۈل ـ كېسىل بەربات بولدى. بۇلارنى يېزىشنى ۋە ئەسلەشنى زادىلا خالىمايمەن.

ئەركىن ئۇنى ماڭا نېمىشقا ئىستىلى ناچار قىز دەپ ئېيتىپ بەرگەن بولغىيتتى؟ بەلكىم ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىمنى سۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق دېگەندۇ. ياكى ئۇمۇ ئاشۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەتتىن ۋاز كېچەلمىگەندۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىشى ئادەمنى ھەر قانداق رامكىلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرالايتتى. مەنمۇ ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ، تەلۋىلەرچە قوغلىشىپ يۈردۈمغۇ! بەلكىم ئەركىنمۇ مەندە بولغاندەك تۇيغۇلار بولغاندۇ.

مەن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە قاتناشقان ئاشۇ كۈنى ئۇنى مۇشۇ ئالەمدە پەقەت ماڭىلا تەۋە دەپ ئويلىغانىدىم. چۈنكى، ئۇ كۈنى ئۇ ماڭا ناھايىتى ئۈچۈق ـ يورۇق مۇئامىلە قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنى مەن بىر خىل ياخشى كۆرۈش دەپ ئويلىۋالغانىكەنمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بازار ئايلىنىۋېتىپ ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنىم دەپ ئويلاپ كېتىپتىمەن.

ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئەركىنمۇ قاتناشقانىدى، ئەركىن ئۇ

كۈنى ناھايىتى پۇزۇر كىيىنىۋاپتۇ . نېمىشقىدۇر ئۇنى كۆرۈپلا يۈرىكىم سىيلىپ كەتتى . ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . تۇغۇلغان كۈنىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قۇر قاراپ چىقتىم ، ھەممىسىنىڭلا چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغاندەكلا كۆرۈنەتتى ، ھەممەيلەننىڭ روھى كۆتىرەڭگۈ ئىدى . ئۇلاردىكى بۇنداق غالىبانە كۆتىرەڭگۈ روھ ئالدىدا مەن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتىم . ئۇلار خۇددى مېنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش ئۈچۈنلا ئەنە شۇنداق غالىبانە قىياپەتكە كىرىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى . خۇددى پۈتۈن ئادەملەر مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ، مەن كىشىلەر ئالدىدا ناھايىتى مەھكۇم ھالەتتە ئىدىم . كىشىلەر قانچە غالىبانە كۆرۈنسە مەن ئۆزۈمنى شۇنچە مەھكۇم ھېس قىلىپ ، خۇددى پەردەنى كۆرگەن چاغدا جىددىيلىشىشتىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغاندەك ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىدا جىددىيلىشىپ ، قويغان ـ تۇتقىنىمنى بىلەلمەي قالاتتىم . بىراق ، ئاشۇ كۈنى مەن چەكسىز مەھكۇملۇق ھېسسىياتى ئىچىدە يەنىلا جان ـ جەھلىم بىلەن ئۆزۈمنى خۇشال قىياپەتكە كىرگۈزۈشكە تىرىشتىم . ئاخىرىدا ، راستتىنلا خۇشال قىياپەتكە كىرەلىدىم ، ھەتتا خۇددى تويۇم بولغاندەك خۇشاللىقتىن مەست بولۇپ كېتىپتىمەن .

ئاشۇ كۈنى ئەركىن بىلەن پەردە ئىككىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداقتۇر سىرلىق بىر خىل مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى ھەر مىنۇت ، ھەر سېكۇنت ھېس قىلىپ تۇراتتىم . بۇ ئىنكار قىلىش زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل بىۋاسىتە تۇيغۇ ئىدى . مەن ئۆزۈمدىكى بۇ تۇيغۇنى ئىنكار قىلىشقا قاتتىق تىرىشاتتىم . بىراق ، زادىلا ئىنكار قىلالمايتتىم ، پەقەت ئەركىننىڭ پەردەگە باھا بېرىپ « ئۇ دېگەن بىر شاپاقچى » دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەش ئارقىلىقلا ئۆزۈمگە زورلاپ تەسەللى بېرەتتىم . بىراق ، بۇ تەسەللى بەكمۇ بىچارىلەرچە تەسەللى ئىدى . مەن گاھ پەردەدىن گاھ ئەركىندىن كۆزۈمنى ئۈزەلمىدىم ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خۇددى ئولتۇرۇشقا قاتناشقان باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا ناھايىتى تەبىئىي ۋە بىمالال كۆرۈنەتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى

مەن پەرەز قىلغاندەك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان ھېچ نەرسە يوق ئى-
دى ، بىراق مەن ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بەند بولۇۋاتقان بولسىمۇ ، ھەتتا
بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشمىسىمۇ ، خۇددى ئۇلار بىر ـ بىرىگە زادىلا
كۆز ئۇزمەي تىكىلىپ تۇرۇشقاندەكلا ھېس قىلاتتىم . ئاشۇ كۈنى ھەتتا
ئەركىن پەردە بىلەن تانىسىمۇ ئويناپ قويمىدى ، بىراق مەن ئۇلار ئۆزلە-
رىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن شۇنداق قىلدى ، دەپ ئوي-
لىدىم .

مەن تا ئاشۇ كۈنگىچە ئەركىن بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئوتتۇرامدا كۆ-
رۈنمەس بىر ئاربىلىقنىڭ ، بىر ھاڭنىڭ تۇيدۇرماي ، ئاستا ـ ئاستا شە-
كىللىنىپ بولغانلىقىنى زادىلا ھېس قىلمىغانىكەنمەن . مەن پەقەت ئاشۇ
كۈندىن كېيىنلا ئۆتكەن ئىشلارنى قايتا ـ قايتا ئەسلەش ئارقىلىقلا ئاندىن
بۇنى ھېس قىلىپ يەتتىم . ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە ياتلاردەك بولۇپ
كەتكەنىدۇق . ئەركىن بىلەن بۇرۇنقىدەك بىللە ئولتۇرۇپ ئۇزاق
مۇڭداشمايدىغان بولۇپ قالدۇق . ئەركىن مېنى كۆرسىلا ئالدىراش قىيا-
پەتكە كىرىۋالاتتى ، بىراق ئۇنىڭ بۇنداق قىلىۋاتقانلىقى چىنپىلا تۇراتـ-
تى . ئۇ پەردەنى مېنىڭ ئالدىمدا زادىلا ئىغىزغا ئالماس بولۇپ كەتتى ،
ئولتۇرۇشلاردا دائىم باشقىلار مۇھەببەت ۋە قىزلار توغرىلىق گەپ قىلە-
شىپ قالسىلا مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئەركىنگە قاراپ قالاتتىم ، بىراق
ئەركىن بولسا بۇ چاغدا چىرايىدا چۈشىنىكسىز بىر خىل بىئاراملىقنى
ئاشكارىلاپ قوياتتى . ئۇ قەيەرگە قاراشنى ، نېمىلەرنى دېيىشنى بىلەلمەي
قالاتتى ، بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ يۈزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس
قىلاتتىم . پەردەنىڭ ئىسمى چىققاندا بولسا ئۇ زادىلا ئولتۇرالماي بىرەر
نەرسىنى باھانە قىلىپ ئولتۇرۇشتىن چىقىپ كېتەتتى ، مەن ئۇنىڭ سۆز-
لىرىنىڭ زادىلا قولاشمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالاتتىم . ئۇ خۇددى مېنىڭ
ئالدىمدا قانداقتۇر كەچۈرگىسىز گۇناھ قىلىپ قويغاندەك ، خىجالەت ئى-
چىدە قالغاندەكلا يۈرەتتى . بۇلارنى ھېس قىلغان چېغىمدا قانداقتۇر بىر
خىل بەختسىزلىك تۇيغۇسى خۇددى قىشنىڭ سەھەرىدە چىققان شىۋىر-
غاندەك ۋۇجۇدۇمنى شۇركەندۇرۇپ ئۆتەتتى . ئۇ پەردەنى ئىستىلى نا-

چار دېگەن ، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشمايدۇ دەپ ئۆزۈمنى گوللاپ يۈرەتتىم ، بىراق ئەركىننىڭ پەرىدەنى ئۇنداق دېيىشىنى قانداقمۇ ئەر-كىننىڭ پەرىدەنى سۆيۈش ياكى سۆيمەسلىككە ئاساس بولىدۇ دېگىلى بولسۇن ، ئەگەر ئەركىنمۇ پەرىدەنى خۇددى مەندەك « شاپاقچى » بول-غانلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىچۇ ؟

خىلمۇ خىل پەرەزلەر مېنى قىينايتتى . مەن ئۇلار ئارىسىدىكى سىرلىق بىر خىل مۇناسىۋەتنى دائىم بىر خىل قورقۇنچ ، بىر خىل ئۈ-مىدسىزلىك ۋە بىر خىل ئۈمىد بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتىم . ئۇلارنىڭ دائىم كۇتۇپخانىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى قىرائەتخانىغا كىرىۋېلىپ بىرلىكتە دەرس تەكرارلاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم . مەندە دائىم بىر خىل مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى تۇيغۇ مەۋجۇت ئىدى . دائىم ئۆزۈمنى مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇدھىش بولغان ئاشۇ خىياللىرىنى قىلىشتىن توسالمايتتىم ، باشتا ئەركىن چىقىپ كېتىپ قىرائەتخانا ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى . بىردەمدىن كېيىن پەرىدە چىقاتتى . مەن دەرەخلەرنىڭ كەينىدە ئۈن ـ تىنسىز ئۇلارغا قاراپ تۇراتتىم . ئۇلار بىرلىكتە مېڭىپ كېتەتتى .

— بىردەم مېڭىنى ئارام ئالدۇرغاچ مەكتەپ ئىچىنى ئايلىنىپ كې-لەيلى دېۋىدىم ، — مەن ئەركىننىڭ شۇنداق دېگىنىنى ئاڭلاپ قالاتتىم .

— ۋاي تازىمۇ بىر ۋاقىتتا ، مەسىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم يېرىگە كەلگەنىدى ، يەنە ئازراق كاللا قاتۇرساملا بىر باشقا چىقىرالايتتىم ، — دەيتتى پەرىدە ئەركىنلەپ .

ـ ھېچقىسى يوق ، قايتىپ كىرىپ كۆرسەكمۇ بولىدۇ .

مەن ئۇلارنىڭ شۇنداق دېيىشكىنىنى ئاڭلىدىم . كېيىن ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكىنىنى زادىلا ئاڭلىيالمىدىم . بىراق ، ئۇلارنى خىيالىم بىلەن تولدۇراتتىم .

— پەرىدە ، مېنىڭ سىزنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز ؟ — بەلكىم ئەركىن شۇنداق دېدى دەپ ئويلايتتىم مەن .

— راستمۇ ؟ مەن ئۇنىڭدىن گۇمانلانمىدىمغۇ . يەنە نېمىشقا تە-

كىتابلەۋېرىسىز ، گۇمانلىنىشقا تېگىشلىك جايلىرىمۇ بارمىدىيا ؟ — پەرىدە شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ چوقۇم شۇنداق دەيدۇ .

— سىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىسام زادىلا مېڭەمگە چۈشمەيدىكەن . سىزگە قاراپ ئولتۇرغۇملا كېلىدىكەن ، — بۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئەركىنىنىڭ سۆزلىرى ئىدى .

— ئۇنداق بولسا بىز بۇنىڭدىن كېيىن باشقا جايلاردا ئۆگىنىش قىلايلى .

— ئۇ چاغدا يۈرىكىم ئېچىشىپ ، تېخىمۇ ھېچ ئىشقا قولۇم بارماي قالىدۇ .

ئۇلار دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ يوقالدى . مەن ئەمدى ئۇلارنى كۆرەلمەي قالدىم . كۆرەلمەي قالغان قىسمىنى دائىم ئەنە شۇنداق تەسەۋۋۇر بىلەن تولدۇراتتىم . ئۇلارنى دائىم ئازراق ئەگىشىپلا بىردىنلا يوقىتىپ قوياتتىم .

ئاشۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرگەندە نېمە ئۈچۈنكىن ئانچىۋالا ئازابلىنىپ كەتمەيتتىم . خۇددى خارلىنىش سەۋداسىغا گىرىپتار بولغان كېسەل ئادەمگە ئوخشاش ئاشۇنداق گۇمان ۋە خىياللار مېنى ئازابلىماستىن ئەكسىچە قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى . دائىم پەرىدە بىلەن ئەركىنىنى كۆزىتىپ تۇرۇشۇم ئەنە شۇنداق ئۇقۇم جەھەتتە ناھايىتى دەھشەتلىك ، بىراق ئەمەلىيەتتە ھوزۇرلۇق بولغان ئاشۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈش ۋە ھېس قىلىش ئۈچۈندەكلا قىلاتتى . مەن ئۇ ئىككىسىنى كۆرگەندە قاتتىق ئازابلىنىشىم كېرەك دەپ ئويلايتتىم . بىراق ، قىزىق يېرى شۇكى بۇ ئازابلىق كۆرۈنۈشلەر مېنى زادىلا پۇچۇلىيالمايتتى .

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇۋېتىپ ، تاھىر زادىلا تىلغا ئېلىشنى خالىمايدىغان ئاشۇ ئەڭ مۇدھىش بىر كۈن ھەققىدە خېلى كۆپ ئويلاندى . ئۇ بۇ كۈننىڭ زادى قانداق بىر كۈن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ تاپالماسلىقى ئېنىق ئىدى . ئاشۇ كۈنى تاھىرنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە كۈتكىنى ئاخىرى يۈز بەرگەنىدى .

تاھىر ئاشۇ كۆنىمۇ كۆندىكى ئادىتى بويىچە كۇتۇپخانىغا باردى. ئۇنىڭ خىيالىدا پەرىدە ئاشۇ چاقچاقچە ھامان ئۇنىڭ سۆيگۈنى ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال كۇتۇپخانىغا بېرىپ پەرىدەنى تېپىشقا ئالدىرىدى. ئۇ كۆنى قىرائەتخانىغا پەرىدە تېخى كەلمىگەنىدى. تاھىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۇ كۆلگىنىچە ئۇدۇل كېلىپ تاھىرغا تولۇپ ــ تاشقان مۇھەببەتلىك تۇيغۇلار بىلەن قاراپ قويۇپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. تاھىر ئاشۇ چاغدىمۇ پەرىدەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە ئۆزىدە پەيدا بولغان شېرىن چۈشنى قىيماسلىق بىلەن داۋاملاشتۇرماقتىدى. بىراق، ئويلىمىغان يەر-دىن پەرىدە قىرائەتخانىغا ئەركىن بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى. ئەركىن تاھىرنى كۆرۈپلا دەرھال كۆرمىگەنگە سېلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن يىراقراق يەرنى تاللاپ ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ ئولتۇردى، پەرىدەنىڭ بولسا تا-ھىرغا قاراپلا چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى.

كەچ، قىرائەتخانا ئىچى جىمجىت ئىدى. ھەممەيلەن بېرىلىپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى. تاھىر كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، پات ــ پات كى-تابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلدا ئولتۇرغان پەرىدە بىلەن ئەركىنگە ئىختىيارسىز قاراپ قوياتتى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنى كىتاب كۆرۈشكە زورلايتتى. بىراق، پەرىدەگە قاراپ تۇرۇشتىن ئۆزىنى تارتالمايتتى.

پەرىدە بىلەن ئەركىن بىر ــ بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلاتتى. پەرىدە ئالدىغا يېيىلىپ چۈشكەن چاچلىرىنى تىرناقلىرى قىپ-قىزىل بويالغان نازۇك قوللىرى بىلەن كەينىگە قايرىپ قوياتتى. بۇ چاغدا ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتەتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىنى كۆ-رۈشنى بەكمۇ ياقتۇراتتى. ئۇ پەرىدەنىڭ بۇ ھالىتىنى ئۇنىڭ ئەڭ چىراي-لىق ھالىتى دەپ ئويلايتتى. كىشىلەرنىڭ گەۋدىلىرى ئارىسىدىن پەرىدە بىلەن ئەركىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار باشلىرىنى بىر ــ بىرىگە يېقىن قىلىۋېلىپ بىر نەرسىلەرنى پىچىرلىشاتتى. بۇ چاغدا تاھىر ئەلەم بىلەن كۆزىنى يۇمۇۋالاتتى.

مەكتەپنىڭ چىملىق مەيدانى كەچتە بۆلەكچىلا جانلىنىپ كې-تەتتى. ئەتراپتىكى ۋە يول بويىدىكى كوچا چىراغلىرى يېنىپ تۇراتتى.

چىملىقتا توپ - توپ بولۇپ ئولتۇرۇشقان ئوقۇغۇچىلار كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پاراڭ سېلىشىۋاتقان بولسا، بەزىلىرى گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. تاھىر قىرائەتخانىدىن قايتىپ چىقىپ نېمىندۇر كۈتۈپ بىر قارىغاي دەرىخىنىڭ تۈۋىدە كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىكىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قارىغىنىچە ئولتۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن كۇتۇپخانىدا زىل چېلىنىپ ئوقۇغۇچىلار كۇتۇپخانىدىن قايتىپ چىقىشقا باشلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا پەرىدە بىلەن ئەركىن چىقىپ كەلدى. كۇتۇپخانىنىڭ چىراغلىرى بىر - بىرلەپ ئۆچۈپ پەرىدە بىلەن ئەركىن قاراڭغۇدا كۆرۈنمەي قالدى. تاھىر ئورنىدىن تۇرۇپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە قاراپ تۇردى. پەرىدە بىلەن ئەركىن مېڭىپ چوڭ يولغا چىققاندا، غۇۋا يېنىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى ئۇلارنى يورۇتتى، ئۇلار بىر - بىرىنى قولتۇقلاشقىنىچە مېڭىپ كەتتى. تاھىر بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى ناھايىتىمۇ يىرگىنچلىك ۋە بىنورمال ھېس قىلاتتى. بىراق، يەنىلا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشمەكتىدى. ئۇلار دەرەخلەر ئارىسىدىكى خىلۋەترەك چىملىققا بېرىپ ئولتۇردى. تاھىرمۇ بېرىپ بىر دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرۇپ، بېشىنى قىيسايتىپ ئەركىن بىلەن پەرىدەنى كۆزەتتى. ئۇلار يەرگە ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭلا ئەركىن پەرىدەنى تارتىپ باغرىغا باستى. تاھىر نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇلاردىن نەزىرىنى ئاغدۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ دەھشەتلىك بولغان ئاشۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېرىشتىن نېمىشقا يالتىيىپ، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالمىغانلىقىنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيدۇ.

ئەركىن بىلەن پەرىدە قانماي سۆيۈشۈشكە باشلىدى، تاھىر دەرەخكە يۆلىنىپ ھەسرەت بىلەن ئاسمانغا تىكىلدى، ئاسماندا بۇلۇت ئارىسىدا مىسكىنگىنە ئاي ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئاينىڭ مىسكىنلىكى بىلەن تاھىرنىڭ قەلبىدىكى ئازاب بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى، ئۇ راستىنلا ئاينى كۆردىمۇ ياكى ئاسماندا ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىمۇ بۇنى مەڭگۈ بىلىپ بولمايتتى. پەرىدەنىڭ ئەسلىمىسىدە بولسا ئۇ كۈنى ئاسماندا ئاي

يوق ئىدى ، تاھىرنىڭ ئەسلىمىسىدە بولسا ئۇ ئاي تولغان كۈن ئىدى . ئەڭ ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى ، تاھىر ئاسماندىكى ئايغا قاراپ تۇرغان ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كاللىسىدىن « ھونلار ئاي تولغان كۈنى ئەتراپتىكى شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلاتتى » دېگەن خىياللار ئۆتكەنىدى . ئۇ شۇ كۈنى بىردىنلا يەڭگىللەپ ئازادلىققا چىقىپ قالغاندەك بولغانىدى . خۇددى ئەركىن بىلەن پەرىدەنىڭ سۆيۈشۈپ تۇرغان ئاشۇ ھالىتى ھەقىقىي رېئاللىق بولماستىن خۇددى خىيالىي تۇيغۇدەك ، بەلكىم ئۇ ئاشۇ ھالەتنى كۆرۈپمۇ تارىختىكى ئاشۇ ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئائىت ئىشلارنى بىچارىلەرچە ئەسلەپ بۇنىڭ پاكىت ۋە رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان بولغىيتتى .

ئۇ شۇ كۈنىلا بۇ مەنزىرىنى پاكپاكىزە ئۇنتۇپ كەتتى . ئەتىسى پەرىدەنى كۆرگەندە پەرىدە ئۇنىڭغا يەنىلا شۇ قەدەر ساپ ۋە يۈكسەك كۆرۈنۈپ كەتتىكى ، ئۇ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى تۈنۈگۈن كۆرگەن كۆرۈنۈش بىلەن زادىلا بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلالمىدى . شۇ كۈنى كەچتە ياتاقتا ھەممەيلەن ئۇخلاپ قالغاندا ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ ئۇ كىرىپ كەلدى . كارىۋاتلىرىغا چىقىپ ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان باشقا ياتاقداشلىرى باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قالدى . خۇددىنى يوقاتقان تاھىر دەلدەڭشىپ كېلىپ يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشىۋاتقاندا باشقىلار كارىۋاتلىرىدىن چۈشۈپ ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ كارىۋىتىغا چىقىرىپ قويدى .

— نەدە شۇنچىۋالا ئىچكەندۇ بۇ ؟

— ھەي ، تاھىر ، بۇنچىۋالا ئىچمەيتتىڭغۇ !

تاھىر كارىۋىتىدا يېتىپ بولغاندا باشقىلار چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى . ياتاق ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى .

ھەممەيلەن ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتەكلا چەكسىز ۋە چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمۈلدى . خۇددى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن دەھشەتلىك پارتلاشقا ئوخشاش بىر ئازدىن كېيىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىردىنلا تاھىرنىڭ ھۆركىرەپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . قاراڭغۇلۇقتا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى

بولمايتتى . پەقەتلا تاھىرنىڭ ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى ئاڭلىناتتى . يىغا ئاۋازى چەكسىز قاراڭغۇلۇق قوينىدا بارا ـ بارا يىراقلاپ ، ئاڭلانماي قالدى . ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ، سۈكۈت .

بۇ سۈكۈت ۋە قاراڭغۇلۇق بارا ـ بارا تاھىرنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كىرىپ پارلاق قۇياش ۋە كۆپكۆك ئورمان بىلەن قاپلانغان جىلغىغا ئايلىنىپ كەتتى . تاھىر ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ جىلغىدىن ئۈستىگە يامىشىپ چىقماقتا ، ئۇنىڭ لەۋلىرى گەز باغلاپ قۇرۇپ كەتكەن ، يۈز ـ كۆزلىرى ۋە كىيىملىرى تىتىلغان . ئۇ يامىشىپ تۆپىلىككە چىققۇالغاندىن كېيىن چىملىق ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى . بىر ئازدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدى تەرەپكە قارىۋىدى ، قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەن چەكسىز ئۇپۇق ئاستىدا ئالدى تەرەپتە بىپايان كۆل كۆرۈندى . بىراق ، كۆلدە ئاسماننىڭ قىپقىزىل ئەكسى يوق ئىدى ، پەقەت كۆپكۆك كۆل سۈيى قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى . تاھىرنىڭ يارىدار ئېڭىدا بۇ زادىلا غەلىتە ئەمەس ئىدى ، تاھىر قاتتىق چاڭقاپ كەتكەن بولۇپ ، كۆل سۈيىنى كۆرۈپ قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتتى . قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ چاچلىرى قىپقىزىل رەڭگە كىرگەن ، ئۇ ئاستا ئالدىغا ئېگىلىپ ، سۇ ئىچىشكە تەمشەلدى . تاھىر ئوچۇملاپ سۇ ئېلىش ئۈچۈن قوللىرىنى سۇنغاندا ئۇنىڭ ئالدىدا كۆلچەك ئەمەس ، يامغۇر سۈيى كۆرۈندى . تاھىر تۈكۈرىكىنى ئىچىگە يۇتۇپ پەقەت سۇنى ئوچۇملاپ ئالماقچى بولىۋىدى ، كىچىك كۆلچەككە يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيىنىڭ ئەمەلىيەتتە يەردىكى بىر تۈكۈرۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغانىدى ، شۇڭا پەقەت قولىنى سوزدى . ئەمدى ھېچقانداق سۇيۇقلۇق ئەمەس ، بەلكى چوڭقۇر كەتكەن ھاڭ كۆرۈندى . تاھىر سۇ ئېلىش ئۈچۈن چاڭگىلىنى سوزۇپ ئالدىغا ئېڭىششى بىلەن تەڭلا ھاڭغا چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى . ئۇ قولى بىلەن بىر نەچچە تال چىم ۋە ئوت ـ چۆپلەرگىلا ئېسىلىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ گەۋدىسى ھاڭغا ساڭگىلاپ تۇراتتى . تاھىرنىڭ گەۋدىسى تەگكەن چالمىلار توپا ـ توزان چىقىرىپ ھاڭنىڭ چوڭقۇر يېرىگە چۈشۈپ كەتتى . تاھىر بار ئاۋازى بىلەن ۋار-

قىراپ ئويغىنىپ كېتىشكە تىرىشىپ يۇلقۇندى . بىراق ، ئويغىنالمىدى
ئاۋازىمۇ چىقمايتتى . قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان پەردە كۆرۈندى . تاھىر ئۇ
ـىڭغا قاراپ ھەدەپ يىلىندى ، بىراق پەردە ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ تې
خىمۇ كۈلۈپ كېتىۋاتاتتى . تاھىر ئۇنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى تىلە
ھەدەپ يېلىنىپ ۋارقىرايتتى . پەردە ئەسەبىيلەرچە كۈلمەكتىدى ، قۇ
ياش تاھىرنىڭ كۆزلىرىنى قاتتىق چېقىۋىدى ، پەردە قىپيالىڭاچ كۆرۈ
نۈپ ، ئۇنىڭ گەۋدىسى قۇياشنى توسۇۋالدى . ئۇ يالىڭاچ بەدەننى ئېنى
كۆرەلمىدى . ئۇنىڭ بەدىنى قۇياش بىلەن ئۇستىمۇ ئۇست چۈشكەچ
ـۇددى كۆلەڭگىدەك غۇۋا كۆرۈنەتتى ، ئۇ قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتق
ـىچە ئەسەبىيلەرچە كۈلۈۋېرەتتى . تاھىر يالىڭاچ ئايالنى ئەزەلدىن كۆ
رۈپ باقمىغانىدى ، شۇڭا ئۇنى كۆز ئالدىغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى . ھا
پىرقىرىماقتا ، كۆپكۆك ئاسمان پىرقىرىماقتا ، پەردەنىڭ كۈلكىدىن تو
غىنىپ كېتىۋاتقان يالىڭاچ گەۋدىسىمۇ كۆپكۆك ئاسمان ۋە قۇياش بىلە
بىرگە پىرقىرىماقتا . پەردەنىڭ گەۋدىسى ناھايىتى مەۋھۇم بولۇپ ، ت
ھىر تەسەۋۋۇرىدا ئۇنى ئۆزى كۆرۈپ باققان پۈتكۈل ئاياللارنىڭ بەدە
لىرى بىلەن يۇغۇرۇپ ئويدۇرۇپ چىقارغانىدى .

تاھىر تۇيۇقسىز ۋارقىراپ ، كۆزىنى ئاچتى . ئاندىن ئەتراپقا ب
قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى ھېس
قىلدى . ياتاقتا ھېچكىم قالمىغان بولۇپ ، ھەممە ئەتراپ جىمجىت ئىدى

قۇياش پېتىش ئالدىدا بىنانىڭ ئېگىز تاملىرى گويا قىپقىزى
شەپەقتەك كەچكى قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى . تاھىرنىڭ ئېڭى
شەپەقنىڭ قىزىللىقى بىلەن ئاشۇ قەدىمىي بىنانىڭ قىزىل پىششىق خىش
بىلەن قوپۇرۇلغان تاملىرىنىڭ رەڭگى دائىم ئارىلىشىپ كېتەتتى . بۇ ئ
نىڭ سىزغان رەسىملىرىدىمۇ ئىپادىلەنگەنىدى ، ئۇ بىر نەچچە قېتىم قى
قىزىل شەپەقنى سىزنىۋېتىپ ئۇنى ئىختىيارسىز ئاشۇ تام بىلەن بىر گەۋ
قىلىپ سىزىپ قويغانىدى ، بۇ رەسىم پەقەت شۇنداق سىزىلغانلىقى ئ
چۈنلا باشقىلارغا يېقىپ كەتكەنىدى . تاھىر نېمىشقا بۇنداق بولىدىغان
قىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى ، بەلكىم بۇ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بىر تۇي

لما كېرەك . چۈنكى ئۇ دائىم پەرىدەنىڭ ئاشخانا تەرەپكە ئۆتۈشىنى
ۈتۈپ ھەر قېتىم تاماق ۋاقتىغا يېقىن يول بويىغا چىقىپ ئاشۇ تامغا
ۆرلىنىپ كۈتۈپ تۇراتتى .
لتى — ئەركىن سىزنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن ـ ھە ! — دېگەنىدى
ەشىدە بىر كۈنى قۇياش پېتىش ئالدىدا ئاشۇ قىزغۇچ تامنىڭ ئالدىدىن
ۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، ئۆزى بىلەن بىللە كېلىۋاتقان پەرىدەگە . ئۇلارمۇ
ەدىنىدە ئاشۇ تامنىڭ رەڭگىگە يېقىن كېلىدىغان رەڭدىكى كىيىم كى-
ۋالغان بولۇپ ، ئەتلەس كۆڭلەكنىڭ رەڭگىمۇ تام بىلەن بىر گەۋدە
ولۇپ كەتكەنىدى .

— ھەئە ، بولۇپمۇ مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن ، — دېگە-
ىدى پەرىدە .

— قىز بالا دېگەننىڭ ھەممىسى ئوخشاش . بىرەرسىنى ياخشى
كۆرۈپلا قالدىمۇ ، بولدى ! ئۇنىڭدىن ئايرىلسا ياشىيالمايدىغاندەكلا ، بار-
ىقىنى بېغىشلىۋېتىدۇ . كەينىگە چېكىنىشكە بىر قەدەممۇ يول قالدۇرۇپ
ويمايدۇ .

— مۇھەببەتتە كەينىگە يانىدىغان يول قالدۇرۇپ قويۇشنىڭ زا-
دىلا ھاجىتى يوق .

— ئەگەر ئەركىندىن ئايرىلىپ قېلىشقا توغرا كەلسە قانداق قى-
لىسىز ؟

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، — دېگەنىدى پەرىدە
كېسىپلا .

— مەنغۇ سىلەرنى مەڭگۈ بەختلىك بىر جۈپلەردىن بولۇپ ئۆتە-
سىكەن دەيمەن . سىلەرنى خۇدايىم يامان كۆزلەردىن ساقلىسۇن . مېنىڭ
سىزدىن سوراپ باقماقچى بولغىنىم ، ئەگەر ئەركىن بىلەن ئايرىلىپ كې-
تىشكە توغرا كېلىپ قالسا سىزنىڭ باشقىلارغىمۇ كۆڭلىڭىز چۈشەرمۇ ؟

— مەن بۇلارنى ئويلىنىپ باقمىدىم ، سىز ئەجەب بۇنى سۈرۈش-
تۈرۈپ كەتتىڭىزغۇ .

— ۋاي تاۋى نازۇكەي ، شۇنچىلىك گەپكىمۇ خاپا بولۇپ كەت-

كىننى قاراڭ ، — رەشىدە پەرىدەنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ قۇچاقلىۋالدى
— سىزنى ئەركىمىدىنىمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان بىراۋنىڭ
بارلىقىنى بىلەمسىز ؟
— بۇنى بىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ، چۈنكى مەن ئەركىنني
ياخشى كۆرىمەن . ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشى بىلەن
ئالاقەم يوق . بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى .
— بىز بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان بىرەيلەن بار ، ئۇ ناھايىتى
خىيالپەرەس يىگىت . ئۇنىڭ يۈرىكى ھازارەت بىلەن تولغان . ئۇ سىزنى
تۇنجى كۆرۈشى بىلەنلا ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ . ئۇنىڭ ئىسمى تاھىر
ناھايىتى ياخشى يىگىت . بىراق ، مىجەزى بىر ئاز غەلىتە . بەكمۇ رو
مانتىك ، رومانتىكلىكنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ . سىز ئۇنى تو
نۇمسىز ؟
پەرىدە كۈلۈپ كەتتى :
— ۋاي - ۋۇي ، سىز ئەسلىدە شۇنى دېگەن ئىكەنسىز - دە
سىز ماڭا ئۇنىڭ ئۈچۈنلا دوست بولۇپ يېقىنلاشمىغانسىز يەنە ؟
— ۋاي - ۋۇي ، گېپىڭىزنى قاراڭ ، سىز مەن بىلەن دوست
بولۇپ ئۆتۈشنى خالىمىسىڭىز مەيلى ، كۆڭۈل ئاياشنىمۇ بىلمەيدىكەنسىز
— ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ ئازراق دەردى بارمۇ نېمە ، مەن ئۇنى دائىم
كەينىمدە يۈرگەندەكلا ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم . يا گېپىنى ئوچۇق
دېمەيدۇ .
— ئۇ سىزنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىدىغان
تۇرسا ئۇنىڭدا نېمە ئامال . ئۇ دائىم سىزنىڭ رەسىمىڭىزنى سىزىدۇ
بەلكىم ، ئۇ ئەمدى مەڭگۈ باشقا رەسىم سىزماسلىقى مۇمكىن ، ئۇ ھەقىقە
تەنمۇ بىر تالانتلىق سەنئەتكار .
پەرىدە چاندۇرماستىن كۈلۈپ قويىۋاتاتتى ، بىراق تاھىر توغرى
سىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى غەش بولۇپ
كەتتى . تاھىرنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئادەتتىن تاشقىرى ئۇمىدسىز ۋە قىي
ماسلىق بىلەن يېلىنىشلىرىنى ئويلىسىلا ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولاتتى . ئۇ

بۇنداق بىچارىلەرچە ھالەتنى كۆرۈشنى زادىلا خالىمايتتى.

— ئۇنداقتا مەن ئۇنىڭ تالانتىغا زامىن بولۇپتىمەن — دە! ئۇ پەقەت مېنىڭلا رەسىمىمنى سىزسا بۇ ھەقىقەتەن چاتاق بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تالانتىنى بوغۇپ قويىدىغان بولدى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— ياق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېڭىدىكى ئاياللارنىڭ ئوبرازىنى سىزنىڭ ئوبرازىڭىزغا مۇجەسسەم قىلىپ، ئۇنى يارىتىپ چىقماقچى، بەلكىم بۇ ئۇنىڭدىكى سەنئەتنىڭ جەۋھىرى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆز قەلبىدىكى بارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ چىقماقچى.

پەردە بىلەن رەشىدە كۈلۈشۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار قەيەردىدۇر بىر يەردە تاھىرنىڭ ئۆزلىرىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆزىتىپ تۇرغىنىنى بىلمەيتتى.

تاھىرنىڭ يۈرىكى ئاشۇ چاغدا تەشنالىق دەستىدىن ئاچچىق ئىڭراپ، چەكسىز سوزۇلۇپ ياتقان قاقاس چۆلگە ئوخشايتتى، ئەگەر كىملا ئۇنىڭغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالسا، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بىر تېمىمۇ سۈيۈقلۇقنى قالدۇرماي شوراپ، كۆيدۈرۈپ، كۈل قىلىۋېتەلەيتتى. بۇ بىنورمال يۈرەك، بۇ چەكسىز مۇھەببەت ناھايىتى گۈزەل بولغىنى بىلەن بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. بۇ چۆل زەئىپ دىۋانىلەردەك ئاجىز قوللىرىنى سوزۇپ دۇنيادىن سۈيۈقلۇق تەلەپ قىلماقتىدى. بىراق، ئۇنى پۈتۈن دۇنيامۇ سۇغۇرۇپ بولالمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى تەشنالىق بەكمۇ چەكسىز ئىدى. رەشىدەمۇ، پەردەمۇ كېيىنكى چاغلاردا شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەنىدى، بىراق تاھىر ئەسەبىيلەرچە ھالدا ئۇنى پەقەت پەردە كەينىگە قاراپ بىر تىكىلسە، پەقەت ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان بىر تامچە سۈزۈك قەترىلا ئۇنى قاندۇرالايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ پەقەت پەردەدىن بىر كۈنى ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى سۆيگۈدىن تەسىرلىنىپ بىر تامچە ياش تۆكۈشىنىلا ئارزۇ قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۇنى شۇنچە قوغلىشىشىدا بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەقسەت يوقتەك قىلاتتى.

«مۇھەببەت گويا بىر دېڭىز، مەن بولسام بىر پالاقسىز قولۋاق، قولۋاقنىڭ رولى يەنى ھاياتى دېڭىزدا ئۈزۈش، سەپەر قىلىشتۇر، ئەگەر

ئۇ ھەرىكەت قىلمىسا ئۇنىڭ قورام تاشتىن نېمە پەرقى بار . شۇڭا ، مەن بۇ دېڭىزنىڭ دولقۇنلۇق ، بوران ـ چاپقۇنلۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن ، چۈنكى پالاقسىز قولۋاق بوران ـ چاپقۇنسىز ھەرىكەت قىلالمايدۇ ... » دەپ يازغانىدى تاھىر ئۆزىنىڭ خاتىرىسىگە ، « مەن مۇھەببەتنىڭمۇ بوران ـ چاپقۇنلۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن ، چۈنكى ئۇ بىرلا خىل ، جانسىز ، ئۆلۈك ھالەتتە بولسا ئۇنىڭدا ھېچقانداق لەززەت بولمايدۇ . دېڭىزدا قولۋاقمۇ ھەرىكەتسىز بولسا ئۆلۈك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . بۇنىڭدىن دەھشەتلىك بوراندا پارە ـ پارە بولۇپ كەتكىنى ياخشىراق . »

تاھىر ئاخىرى پەرىدە بىلەن سۆزلىشىش قارارىغا كەلدى . بۇ قارار ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇنداق تېزلىكتە پەيدا بولدىكى ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى . ئۇ ھازىرقى ئازابلاردىن خالىي بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ئازابلىقراق كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە تەييار تۇرۇش كېرەكلىكىنى سېزىپ يەتكەنىدى . ھەرە چېقىۋالغانىنىڭ ئازابىنى ئۇنتۇلۇش ئۈچۈن كۈشۈلداپ تۇرغان زەھەرلىك يىلانلار بىلەن تولغان قورقۇنچلۇق ئورمانغا بېرىش كېرەك ، ھازىرقى ھاياتنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، تېخىمۇ ئازابلىقراق ھايات قويىنىغا بېرىش كېرەك .

پەرىدە ئاستا قەدەم تاشلاپ يول بويىدىكى پاكار قىرقىلغان ئارچىلارغا قولىنىڭ ئۈچىنى تەگكۈزۈپ ئويناپ كېتىۋاتقاندا ، تاھىر ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كەلدى . ئۇ بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ يەنە گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى . پەرىدە ئۇنى كۆرۈپ چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ تەبەسسۇم قىلىپ قويدى . تاھىر ئويلىمىغان يەردىن ئېغىز ئېچىپ تاشلىدى .

— پەرىدە . . . مەن . . . مەن سىزنىڭ رەسىمىڭىزنى سىزىپ باقسام دەپ ئويلىغانىدىم ، — تاھىرنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ جۈرئىتىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالدى ؛ — ئەگەر ۋاقىت چىقىرالىسىڭىز ، ماڭا مودېل بولۇپ بەرگەن بولسىڭىز ، بەكمۇ خۇشال بولاتتىم .

— هازىر ۋاقتىم يوق ، كېيىنچە بىر گەپ بولار ، — دېدى پەرىدە .

— قاچان ۋاقىت چىقىرالايسىز ؟

— بۇنى ئۇقمايمەن .

پەرىدە قەدىمىنى تېزلەتتى ، تاھىر ئۇنىڭ قەدىمىنىڭ تېزلەشكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق بىللە مېڭىشىنىڭ قېيىن ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتكەندى . تاھىرنىڭ سۆزلىرىمۇ تۈگىگەنىدى ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىشكە باھانىمۇ قالمىغانىدى . تاھىر ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بار - بارا قەدىمىنى ئاستىلىتىۋالدى . پەرىدەنىڭ چىرايلىق ، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيگەن پۇتلىرى يىراقلاپ كەتتى .

تاھىر ئاخىرى بىر كۈنى ئۇنى مودېل قىلىپ تۇرۇپ رەسىم سىزىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى . گويا پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە ھېسسىيات ، ھەممە شېرىن لەززەت بىلەن بەخت ، ھەممە گۈزەللىك ، ئىشقىلىپ ئادەمنى تەشنا قىلىدىغان ، ئادەم تەلپۈنىدىغان ھەممە نەرسىلەر بىر - بىرىگە چىڭ مۇجەسسەم بولۇپ ، پەقەت ئۇنىڭ كۆزىگىلا جەملەنگەندەك ، رەسىم سىزىۋاتقىنىدا تاھىر ئىختىيارسىز ئاشۇ كۆزلەرگە گويا مەلۇم بېلىقچى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ ، قىرغاققا رەھىمسىزلىك بىلەن تاشلاپ قويۇلغان يارىدار بېلىق جان تالىشىپ تېپىرلاپ ئاشۇ بىپايان ، چەكسىز دېڭىزغا تەلمۈرگەندەك تەلمۈرۈپ قارايتتى .

تاھىر بىردەم ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ پەرىدەنى سىزغاندىن كېيىن ئاخىرى جۈرئەتلىنىپ :

— پەرىدە ، بۇ مەكتەپكە كېلىشتىن بۇرۇن بىزنىڭ بىرەر يەردە كۆرۈشكەنلىكىمىزنى يادىڭىزغا ئالالىدىڭىزمۇ ؟ سىزنىڭچە شۇنداق ئېھتىماللىق بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— مەن زادىلا ئەسلىيەلمىدىم . سىزنىڭچە بىز قەيەردە كۆرۈشكەندىمىز ؟

— مەنمۇ زادىلا ئەسلىيەلمىدىم ، بىراق چىرايىڭىز بەكمۇ تونۇش .

قسقا ئارىلىقتىكى بىرەر ئۇچرىشىش بولغان بولسا ، سىزنىڭ ئوبرازىڭىز مېنىڭ مېڭەمگە بۇنچە ئورنىشىپ كەتمىگەن بولاتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىم ناھايىتى ناچار . ئۆزۈم رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرگىنىم بىلەن يەنىلا كىشىلەرنىڭ چىرايىنى ئېسىمدە ساقلىيالالمايمەن !

پەرىدە سوغۇقلۇق بىلەن :

— ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە ئىش بوپتۇ . بىراق ، ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى ، مەن سىزنى بۇرۇن زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن . ئادەملەر- نىڭ ئىچىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلار ناھايىتى كۆپ . شۇڭا ، ئادەمگە بىرىنچى كۆرۈنۈشتىلا تونۇشتەك تۇيغۇ بېرىدىغانلار نا- ھايىتى كۆپ . بىراق ، مەن سىزنىڭ چىرايىڭىزدىن قىلچىلىكمۇ تونۇش- لۇق ھېس قىلالمىدىم ، — دېدى .

تاھىرنىڭ رەسىم سىزىۋاتقان قەلىمى سىزىشتىن توختاپ قالدى . تاھىر پەرىدەنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئازاب بىلەن قاتقىنىچە تۇرۇپ قالغانىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ داۋاملىق سىزىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئارىنى بىردەم سۈكۈت باستى ، بۇ سۈكۈت تاھىرنىڭ بەدىنىنى چىلىق ـ چىلىق تەر قىلىۋەتتى . پەرىدە ئاچچىق بىلەن سۈ- كۈتنى بۇزدى :

— تاھىر ، جىم ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ سىزىپ بولغان ئوخشى- مامسىز ؟

تاھىر زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى . پەرىدە ھاڭۋاققىنىچە تاھىرغا قاراپ تۇرۇپ قالدى . ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا گەپ قىلماستىنلا قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى .

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە مەكتەپ بويىچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلگەنىدى . بۇ ھەقتە تاھىر خاتىرى- سىدە مۇنداق يازغانىدى :

« ھاياتىتىكى ئەڭ چوڭ ھەسرەتلىك پۇشايمان مۇھەببەتنى سىر

قىلىپ ساقلاپ پىنھان تۇتۇش. مەن ئۆز مۇھەببىتىمنى ئۇنىڭغا ئاشكارا قىلماسلىقنىڭ نەقەدەر ئازاب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. بەلكىم، مېنىڭكىدە بار بولغاندەك بۇنداق قىزغىن، بۇنداق ئەسەبىي مۇھەببەت يەنە باشقىلاردا، پۈتۈن دۇنيادا يوقتۇر... مەن بۇنى قەدىرلىشىم كېرەك، دۇنيادا ئاز نەرسە بىلەن يېتكەن نەرسە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدۇر، بىراق مۇھەببەت دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى مەڭگۈ ئىشىكنىڭ ئىچىدە!

يىگىت تاھىر ئاشۇ چاغلاردا پەردەنى تىللاپ خەت يازغانىدى. ئۇ قىزائەتخانىسىغا كىرىپ، بىر ـ بىرىگە يېقىن ئولتۇرغان ئەركىن بىلەن پەردەگە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاشۇ خەتنى يازغانىدى. ئۇ پەردىنىڭ ئۆتكەنكى خەتتە ئۆزىنى ئالدىغىنىدىن قاتتىق ئازار يېگەندى. « پەردە بىلەن ئەركىن نېمىشقا ئۆزلىرىنىڭ يورۇۋاتقانلىقىنى مەندىن يوشۇرىدۇ ؟! » دەيتتى ئۇ ئىچىدە، ئەمدى ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىغانىدى، بىراق تاھىر بۇنى نېمە ئۈچۈندۇر ناھايىتى يىرگىنچلىك ئىشتەك ھېس قىلدى، چۈنكى ئەركىن پەردەنى « شاپاقچى » دېگەنىدى، بۇنىڭدىن تاھىر ئۇلارنى مۇھەببەتلەشمەس دەپ ئويلىغانىدى، بىراق ئۇلار مۇھەببەتلەشتى، پەردە بولسا تاھىرغا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ ھازىرچە مۇھەببەتلىشىش دېگەنلەرنى ئويلىمايدىغانلىقىنى، ھازىر ئۆزىنىڭ بىلىم ئۆگىنىش بىلەنلا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، بىراق ئۇمۇ دېگىنىدەك بويىچە قىلمىدى، بۇنىڭدىن تاھىرنىڭ كۆڭلى ناھايىتى ئازار يېدى.

« پەردە، ياخشىمۇ سىز ؟ بۇنى سوراش ھاجەتسىز ئىدى. پەقەت مۇقەددىمە ئورنىدا سوراپ قويدۇم. چۈنكى، ھەممە خەت شۇنداق باشلىنىدۇ ـ دە، سىزغۇ چوقۇم ياخشى. چۈنكى، مۇھەببەتنىڭ ئاچچىق ئازابلىرى سىزگە نېسىپ بولمايدۇ.

پەردە، كىم ئازابلىنىشنى خالىسىلا ئازابلىنىۋېرەلمەيدۇ. ئازابمۇ ئۇنچە ئەرزان نەرسە ئەمەس، پەقەت ۋىجدانغا، ھەقىقىي ئىنسانىي ھېسسىياتقا ئىگە كىشىگىلا مەنسۇپ.

نەچچە كۈندىن بۇيان يەنىلا ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئالداپ يۈرۈپتىمەن.

سىزنى ئۆزگىرىدۇ ، ياخشى قىز بولىدۇ دەب ئويلىغانىدىم . بىراق ، سىز ئۆزگەرمەيدىكەنسىز ، شاللاقلىق ، ھەددىدىن ئارتۇق شەھۋانىيلىق سىزنىڭ قان تومۇرلىرىڭىزغا تۇغۇلىشىڭىزدىن تارتىپ سىڭىپ كەتكەن ئادەت ئىكەن . سىزنى چىن - جەھلىم بىلەن ياخشى كۆرەتتىم . شۇڭا ، سىزگە قىلچىمۇ نەپرەتلىنىپ باقمىغانىدىم . ھەر قانداق قىلىسىڭىزمۇ كۆڭلۈمگە ئالمىغانىدىم . بىراق ، بۇ قېتىم سىزنى جان - جەھلىم بىلەن ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم ؛ ئەمدى مېنىڭ ئالدىمدا ھېچقانداق قىلىپ ئۆزىڭىزنى ئاقلىيالمايسىز . ئۆزىڭىزنى ئاقلاش خام - خىيالىدىمۇ بولماڭ ! »

تاھىر خۇدىنى بىلمىگەن ھالدا خەتنى شۇنداق يازغانىدى . ئۇ خېتىدە پەرىدەنى نۇرغۇن ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن تىللىدى . كېيىنكى چاغلاردا ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلىسە خىجىللىقتىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ . ئۇ پەرىدەنى « شاللاق ، بۇزۇق » دەپ تىللىدى ، نېمە ئۈچۈندۇر ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئۇنى شۇنداق دەپ تىللاشقا ھەققىم بار دەپ ئويلىغانىدى . پەرىدەنىڭ باشقا بىرسى بىلەن مۇھەببەتلىشىشىنىڭ ھەممىسى تاھىر ئۈچۈن « شاللاقلىق ، بۇزۇقلۇق » ئىدى . ئۇ ئۇنى ئۆكتەملىك بىلەن پەقەت ئۆزىگىلا تەئەللۇق دەپ ئويلىغانىدى . ئۇ پەرىدەنى نېمە ئۈچۈندۇر « مېنى ئالدىدىڭىز » دەپ ئەيىبلىگەنىدى .

— مەن ئۇنىڭغا ئەركىن بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىمنى باشتىلا ئېيتمىغىنىمغا پۇشايمان قىلىمەن ، — دېگەنىدى پەرىدە رەشىدەگە كىنوخانىنىڭ يېنىدىكى ئۇزۇن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ .

— تاھىر سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا ساراڭ بولايلا دەپ قاپتۇ .

— ئەركىن ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزنى ئۇ بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا نىيىتىدىن يانمايدىغاندۇ ؟ سىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ . ئەركىن ئىككىمىز ئۆلسەكمۇ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلمايمىز . شۇڭا ، ئۇ بىزنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىمىزدىن ئۈمىد كۈتۈپ يۈرمىسۇن يەنە .

— ئۇنداقتا سىز بىر ئامالنى قىلىپ ئۇنىڭ ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي

ئۆزۈۋېتىڭ. ئۇنىڭ خىيالىدا ھازىر سىزدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. سىز ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپلا قويدىڭىزمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا بولۇپ، سىزنى تېخىمۇ ئەسەبىيلەرچە قوغلىشىۋېرىدۇ. ئۇ مۇھەببەت ۋە ئازابنىڭ تېگىگە تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ كېتىپ ئۆزىنى زادىلا تارتىيالمايدىغان، ئۆزىنى زادىلا قۇتۇلدۇرالمايدىغان ئاقىۋەتكە قالىدۇ. بۇ سىزگىمۇ ھېسسىيات جەھەتتە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلسە ئۇ بارا - بارا سىزنى قوغلىشىۋېرىشتىن قالىدۇ.

— بۇ بەكمۇ رەھىمسىزلىك بولۇپ كېتەرمىكىن...

— مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. مەن بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنى شۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. بەلكىم ئۇ بىر ئۆمۈر دەرد - ھەسرەت چېكەر.

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىن ئاشۇ ۋاقىتلارغا مۇناسىۋەتلىك بەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىغاندا، تاھىرنىڭ ئەڭ ئەسەبىيلەرچە ئېيتىلغان سۆزلىرىدىن تېنى شۈركىنىپ كەتكەنىدى. تاھىرنىڭ خاتىرىسى باشتىن ئاخىر ئەنە شۇنداق ئەسەبىيلىك بىلەن يېزىلغانىدى:

«... شۇنداق... مەن تۈگىشىپ كېتىۋاتىمەن، ئۈمىد تۈگىدى دېگەن سۆز ھايات ئاخىرلاشتى دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاشلا جەلپ قىلارلىق ۋە قورقۇنچلۇق.

پەرىدەنىڭ «خىيالپەرەسلىكنى تاشلاپ، ئەمەلىيەتكە قاراپ ئىش تۇتۇڭ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەندىم، بۇرۇن چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ، چۈشىنىشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنى چۈشەنمەسلىككە تىرىشىپ كەلگەنىكەنمەن. ئۇنى پۈتكۈل ئېڭىم بىلەن بۇرمىلاپ، ئۆزگەرتىپ كەلگەن ئىكەنمەن.

دۇنيادىكى بەخت پەقەت ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان نادانلارغىلا خاس ئىكەن، سەن دۇنيادا بىر نەرسىلەرنى سەزمىسەڭ، بىلمىسەڭلا

ئاندىن ئۆزۈڭنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلالايدىكەنسەن . مېنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكىم :

بىرىنچى : تۇغۇلۇش .

ئىككىنچى : مۇھەببەت .

مەن بۇ سەۋەنلىكلەر بىلەن مەڭگۈ بەختلىك بولالمايمەن ، چۈنكى مەن ئۇلارغا ئاللىقاچان يول قويۇپ بولدۇم .

بۇ تەقدىرنىڭ مېنىڭ ھاياتىمغا يۈكلىگەن مەڭگۈلۈك بەختسىزلىكى ، بۇ بەختسىزلىك مېنىڭ تېنىم بىلەن بىللە ياشايدۇ . بۇ بەختسىزلىك مېنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سەنئىتىم . بۇ گۈزەل ۋە دەھشەتلىك بەختسىزلىك . ئۇ مەن بىلەن تەڭ تۇغۇلغان بەختسىزلىك ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ، ھېچقانداق بەختسىزلىك ئۇنىڭغا تەڭ بولالمايدۇ . ئۇنىڭغا ھېچقانداق تىرىشچانلىق ئەسقاتمايدۇ . چۈنكى ، مۇھەببەتتىكى بەختسىزلىكنى تىرىشچانلىقتا تايىنىپ بەختكە ئۆزگەرتىۋالغىلى بولمايدۇ .

نېمىشقىدۇر دائىم ئۆلۈۋېلىشلا خىيالىمغا كىرىۋالىدۇ ، دەسلەپ بۇنىڭغا ھەيران قالاتتىم ، بىراق ھازىر بۇ خىيال ئادەتتىكى خىيالغا ئايلىنىپ قالدى .

دۇنيادىكى ھېسداشلىققا ئېرىشمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ نەقەدەر بىچارە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاش ئارقىلىقلا باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ . بەلكىم ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشمۇ بۇنىڭ بىر چارىسىدۇر . بۇنداق كىشىلەر كۆپىنچە پەقەت ئۆلگەندىن كېيىنلا باشقىلارنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ ، بىراق ئۆلۈپ بولغان ئادەمگە — بىر جەسەتكە ھېسداشلىقنىڭ نېمە كېرىكى ؟

ئۇ مېنىڭ قەلبىمنى ، يۈرىكىمنى ، روھىي دۇنيايىمنى ھالاك قىلدى .

مەن ئۇنى تىللىدىم . ئەڭ زەھەرلىك ، ئەڭ ئاچچىق سۆزلەر بىلەن تىللىدىم ، مەن ئۇنى تىللاپ ناھايىتى ئۇزۇن بىر پارچە خەت يازدىم . ئۇنى تىللاشقا ، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا نېمە ھەققىم بار ؟ پەقەت مېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنى تىللىسام بولامدۇ ؟ خۇددى ئۇنىڭ

تېنىدە، ئۇنىڭ روھىدا ۋە مۇھەببىتىدە مېنىڭ ھەققىم باردەك، شۇنچەلىك غەلىتىلىك ھېس قىلماي تىللىدىمكى، بۇنى ئويلىسام ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن، مەن ئۇنىڭدىمۇ ئۆزىگە خاس بىر روھنىڭ، بىر قەلبنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى كىمگە بېغىشلاشقا تامامەن ھەققى بارلىقىنى بىچارىلەرچە، ئۇنۇمسىز ھالدا ئىنكار قىلدىم. ھەممىدىن ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، مەن پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنى تىللاپ خەت يازدىم. ئاشۇ خەتنى يېزىشقا قولۇم بارغانلىقىغا ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن. مەن ئۇنى ناھايىتى زەھەرلىك سۆزلەر بىلەن، خۇددى ئۇ ئەزەلدىنلا مېنىڭ دۈشمىنىمدەك تىللىدىم. شۇڭا، ئاشۇ سۆزلەرنى توقۇپ چىقىرالىغان كاللامغا، ئۇنى يازغان قولۇمغا ۋە ئىدراكىمغا نەپرەتلىنىمەن.

مەن ئۇنى تىللىدىم، بۇ تىللاش تەھدىت ئەمەس، بەلكى ئەڭ بىچارىلەرچە يېلىنىش. لېكىن، ئۇ بۇنى سەزمىدى. ھەقىقەتەنمۇ باتقىلار ئېيتقاندەك دۇنيادا چىرايلىق قىز دېگەن ناھايىتى كۆپ، بىراق مەن ئۇنى بىر چىرايلىق قىز ئورنىدا ياخشى كۆرۈپ قالغان ئەمەس ئىدىم. مەن ئۇنى ھايات ئورنىدا سۆيدۈم، ئەمدى بولسا ھايات ئورنىدا يوقاتماقتىمەن. دۇنيادا ھاياتىم بولماي ئېرىشكەن قىزنى نېمە قىلىمەن؟ مەن ئۇنى خۇددى ھاياتنى، ياشلىقنى سۆيگەندەك سۆيەتتىم، مەن ئۇنى خەتلىرىم بىلەن تىللاپ، ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىنى ئەيىبلەش ئارقىلىق ئۆز ئازابىمنىڭ ئۆچىنى ئالماقچى بولدۇم. بىراق، ئۇنىڭ بۇ ئىش ئالدىدىكى بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە ئازابلاندىم. ئۇ مەندەك كېسەل تۇيغۇدىكى ئەسەبىي ئادەمنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىدىن ئازابلىنىپ، مېنىڭ خېتىمنى ئوقۇپ ئەنە شۇنداق بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ چولپاندەك نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن ماڭا يېلىنىپ قاراپ، ئۆزىنىڭ مېنى ياخشى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، كەچۈرۈۋېتىشىمنى تىلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئوماق چېھرى نەقەدەر ئاجايىپ — ھە! ئۇنىڭغا شاللاقلىق، ۋىجدانسىزلىق دېگەنلەرنى يۈكلەشكە ئادەم چىدىمايدۇ. مەن بۇنى ئۇنىڭ

ئاشۇ چىرايلىق گەۋدىسى بىلەن زادىلا بىر يەرگە كەلتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم . ھەتتا ئۇ ئەركىنىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ ئەركىلىگەندىمۇ ، ئۇلار خالىدا سۆيۈشكەندىمۇ مەن ئۇنىڭ ئاشۇ بىغۇبار ، نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇنى شاللاق دېگەن ئۇقۇمنى بىر يەرگە ئەكىلىپ تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم .

ئۇنىڭ چىرايى شۇنچە سەبىي ، شۇنچە پاك ، ئۇنىڭ ھەر بىر قىلىقلىرىدىن بىر خىل گۆدەكلىك ۋە سەبىيلىك چىقىپ تۇرىدۇ ، ئاھ ، خۇدا نېمىشقىمۇ ئۇنىڭغا ئاشۇنداق كۆزنى ئاتا قىلىپ قويغانسەن ؟ بۇ كۆزلەر ماڭا دەسلەپتە زادىلا ئۇنداق تۇيۇلمىغانىدى ، بەلكىم ئۇنىڭ بۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىشى ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمدىندۇ ...

ئۇنى تىللىغاندىن كېيىن ، سەرسانلىقىم تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى . ھەر بىر مىنۇت ، ھەر بىر سېكۇنتتا ئۇنى ئىزدەيمەن .

ئاشۇ كۈنى مەكتەپ بويىچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ھېيتلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى قىلىپ بەردى . ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە « روزى ھېيتىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز » دېگەن مەن يېزىپ بەرگەن لوزۇنكا زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىقلىق ئىدى . زال ئىچىگە لىق تولغان ئوقۇغۇچىلار شىردىلەرگە تىزىلغان قورۇملارنى يېگەچ ئىچىملىك ئىچىپ ئولتۇراتتى . زال ئىچى ناھايىتى قايناق بولۇپ ، ھەممەيلەن خۇشال ئىدى . بەزىلەر لەرزان مۇزىكا ئاۋازى ئىچىدە تانسا ئوينىماقتىدى . مەن ھەر قېتىم ئۆزۈمگە تەگلەنگەن ھاراقنى ئۈن - تىنسىز گۇپپىدە ئىچىۋېتىپ ، كۆزۈمنى ئۈزەلمەستىن ھەدەپ قىزلار ئولتۇرغان تەرەپكە قارايتتىم . قىزلار ئارىسىدا پەرىدە ئولتۇراتتى . ئۇ نۇرغۇن قىزلار ئارىسىدا خۇددى كېچىدە كۆرۈنگەن چوغدەك بىر قاراشتىلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئۇ ئاشۇ كۈنى ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى .

ساۋاقداشلىرىم قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى ، مەن بولسام ئۇلار سۇنغان ھاراقنى ئۈن - تىنسىز ئىچكىنىمچە گەپ قىلماستىن ئولتۇراتتىم ، بېشىم ئازاب بىلەن تۆۋەن سېلىنغانىدى . بىر ئازدىن كېيىن

بېشمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئەركىن بىلەن پەرىدە تانسىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بىز بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرغان ياش مۇئەللىم باشتىن ئاخىر ماڭا دىققەت قىلىپ قاراپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك، ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ:

— تاھىر، سىز نېمىشقا تانسا ئوينىمايسىز؟ — دەپ سوراپ قويدى.

— تانسا ئويناشنى ئۇقمايمەن، — دېدىم مەن.

بىر ساۋاقدىشىم چاقچاق قىلىپ كۈلدى:

— مۇئەللىم ھازىر بۇنىڭ دەردى بار.

— نېمە؟

ساۋاقدىشىم مۇئەللىمگە شەرەت بىلەن پەرىدەنى كۆرسىتىپ قويدى. مەن ئىزادىن ئۆلگۈدەك بولۇپ باشقا ياققا قارىۋالدىم. مۇئەللىمنىڭ «شۇنداقمۇ؟» دېگەن ئاۋازىنى ۋە كۈلكىسىنى ئاڭلاپ قاچىدىغان يەر تاپالماي قالدىم، بىراق بۇنىڭدىنمۇ بىر پەخىر ھېس قىلغاندىم.

— تاھىردا ھەقىقىي سەنئەتكارلارغا خاس روھ بار، مەن بۇنى بۇرۇنلا بايقىغانىدىم، — دېدى مۇئەللىم، — بىراق يېقىندىن بېرى ھاراقنى جىق ئىچىدىغان بولۇۋالدى. تاھىرغا ھاراقنى ئازراق قويۇڭلار.

— مۇئەللىم، سىز تاھىرنىڭ مەكتەپتىكى ئەڭ ياۋاش ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىسىزغۇ، ئۇن بوتۇلكا ھاراق ئىچىۋەتسىمۇ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويمايدۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى يەنە بىر ساۋاقدىشىم.

— ئاغرىپ يېتىپ قالسا، ئىش چىقتى دېگەن شۇ، — دېدى مۇئەللىم، — ئازراق قويۇڭلار ھەر ھالدا...

كىشىلەر ھەدەپ تانسا ئوينىماقتا، قىزىشىپ پاراڭلاشماقتا، بىراق خۇددى ئۇلار مەۋجۇت ئەمەستەك مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت پەرىدە-گىلا قاراپ تۇراتتىم. بارا-بارا تانسا ئويناۋاتقانلار ئۇياق-بۇياقتا چايقىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھەممە نەرسە چايقىلىپ تۇراتتى ۋە كۆز ئالدىمدا بارا-بارا غۇۋالىشىپ بارماقتىدى. كىشىلەرنىڭ كېيىن تەسۋىرلەپ بېرىشىچە، ئولتۇرۇش ئاخىرلاشقاندا مەن غەرق مەست ھالدا

دەلدەڭشىپ پەرىدەنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتىمەن . باشقىلار مېنى زادىلا تونۇتۇۋالالماپتۇ . بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەركىنمۇ بار ئىكەن . مەن پەرىدەگە يېتىشىپ كېلەي دەپ قالغاندا ئېچىنىشلىق هالدا بوغۇق ئاۋازدا ئۇنى توختىماي چاقىرىۋېرىپتىمەن :

— پەرىدە ، پەرىدە ! . . .

نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان پەرىدە كەينىگە قاراپمۇ قويماي يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ ، بىراق مەن توختىماي ۋارقىراۋېرىپتىمەن ، پەرىدە ئاخىر ئىلاجىسىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ ، بىراق مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا مەستلىكتىن ئەلەسلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىم بىلەن گەپ قىلماي قاراپ تۇرۇپتىمەن . پەرىدە ئاچچىقى بىلەن ئۆرۈلۈپ مېڭىپ كەتسە يەنىلا توختىماي « پەرىدە ! » دەپ ۋارقىراۋېرىپتىمەن ، بىراق پەرىدە توختىسا ئۇنىڭغا گەپ قىلماي قاراپ تۇرۇۋېرىپتىمەن . پەرىدە ئاچچىقى بىلەن « هە ، نېمە ؟! گېپىڭىز بولسا قىلمامسىز ؟ » دەپ مېنى سىلكىشلەپ ۋارقىراپتۇ . ئۇ ئۆرۈلۈپ ماڭسىلا مېنىڭ ئۇنى چاقىرىپ توختىتىشىم ، بىراق ئالدىغا بارغاندا يەنە گەپ قىلالماي قاراپ تۇرۇشۇم كېيىن ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا لەتىپىگە ئايلانغانىدى .

مەن ئۇ كۈنى غەرق مەست بولۇپ كېتىپتىمەن ، هەممىدىن هەيران قالارلىق يېرى شۇكى ، هېچ نەرسىنى تۇيىمىغۇدەك مەست بولۇپ كەتكەن ، پۈتۈن دۇنيانى ، رىئاللىقنى قايرىپ قويغان ، قەلبىمدىكى هەممە نەرسە قىپيالىڭاچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ئاشۇ چاغلاردىمۇ مەن پەرىدەنى « پەرىدە ! » دەپ توۋلاپ ئورنىدا توختىتىپتىمەنۇ ، بىراق پەرىدە « هە ! نېمە دەيسىز ؟! » دەپ سورىسا يەنىلا گەپ قىلالماي ، ئادەتتىكى ساق چاغلىرىمدەكلا تۇرۇپتىمەن . ئاشۇنداق مەست هالەتتىمۇ ئۇنىڭغا يەنىلا نېمىنىشقا ئېغىز ئاچالمىغانلىقىمغا هەيران قالىمەن ... »

بۇلار تاهىرنىڭ خاتىرىسىگە يېزىلغان ئەسلىمىلەر ، بىراق بىر كۈنى تاهىر ئويلىمىغان يەردىن شۇنداق بىر جۈرئەت بىلەن ئاشۇ مەستلىك هالىتىدىمۇ ئەسلا بولۇپ باقمىغان جۈرئەت بىلەن يۈز تۇرا تۇرۇپ

پەردە بىلەن پاراڭلاشقانىدى. شۇ چاغدا مەكتەپ ئىچىدىكى غازاڭلىق يولدا تاھىر ئاستا قەدەم تاشلاپ كەلمەكتىدى. ئۇ ئالدى تەرەپتە كېتىۋاتقان پەردەگە يېتىشىپ كەلدى:

— پەردە!

پەردە ئاڭلىمىغاندەك ئالدى تەرەپكە قاراپ يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان تاھىر ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— پەردە سىزگە گېپىم بار ئىدى، — دېدى.

— دەۋېرىڭ، — تاھىرغا قاراپمۇ قويماستىن شۇنداق دەپ قويۇپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى پەردە.

— ئايرىم پاراڭلاشسام بولاتتى.

— سىزنىڭچە بۇنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

— مەن بىلىمەن، بۇنىڭ ھەممىسى بىھۇدە، مەن سىزدىن باشقا نەرسىنى كۈتمەيمەن، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كۈتۈپ باقمىغان. مەن سىزنىڭ مېنى زادىلا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. شۇڭا، سىزدىن باشقىچە بىرەر جاۋابقا ئېرىشىپ قالارمەنمىكىن دېگەن تامايىممۇ يوق، مېنىڭ پەقەتلا ئارزۇ قىلىدىغىنىم، ماڭا يۈرىكىمدىكى سۆزلەرنى دەۋېلىش پۇرسىتىنى بولسىمۇ بەرسىڭىز، بۇ سىز ئۈچۈن بىھۇدە ئاۋارىچىلىك بولغىنى بىلەن، مەن ئۈچۈن ئەڭ زور تەسەللى. چۈنكى، مەن ھازىر قىلالايدىغان مەنىلىكرەك ئىشلاردىن پەقەت شۇلا قالدى.

پەردە مىيىقىدا سوغۇقلا كۈلۈپ قويدى:

— تاھىر، مەن سىزنىڭ قەلبىڭىزنى پۈتۈنلەي چۈشىنىمەن، سىز مېنى چۈشەنمەي قېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ لېكىن، چاتاق يېرى مەندە ئامال يوق. سىزنىڭ ئارزۇ قىلغانلىرىڭىز ھەممىسى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار.

— ئەگەر ئەركىن بولمىغان بولسا، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىز كۆڭلىڭىزنى باشقا بىراۋغا بەرمىگەن بولسىڭىز، سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشەلىشىم مۇمكىنمىدى؟

پەردە تاھىرغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ:

— بۇنى مەنمۇ ئۇقمايمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى .
— پەرىدە ، گېپىمنى ئاڭلاپ سوغۇققانلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ بېقىڭ . ئەگەر سىز كۆڭلەرنىڭ بىر كۈنى ئەركىن بىلەن توي قىلىپ ( تۇرمۇش دېگەندە ھەر خىل ئەھۋاللار بولماي قالمايدۇ ) چىقىشالمايدىغان ئەھۋال بولۇپ ئايرىلىپ كەتسەڭلار . . . سىز تەنھا قالغاندا مېنىڭ سۆيگۈ تەلىپىمنى قوبۇل قىلارسىزمۇ ؟ ئەگەر ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولسا مەن شۇ چاققىچە ساقلاپ تۇرىمەن ، بۇنىڭغا يىگىرمە يىل كەتسەمۇ ، ئوتتۇز يىل كەتسمۇ مەيلى ، سىز مۇمكىن دېسىڭىزلا مەن ھېچ نەرسە بىلەن ھېسابلاشماي سىزنى ساقلاۋېرىمەن ، سىلەر ئۆمۈر بويى ئاجراشماي ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە كۈتۈشكە توغرا كەلسىمۇ مەيلى ، مەن زادىلا پۇشايمان قىلمايمەن .
تاھىر بۇ سۆزنى راست دەۋاتامدۇ ياكى پەرىدەدىن باشقىچە جاۋاب ئاڭلاپ قالسا ئۆزىنى ئۆمىدلەندۈرۈپ ، خۇشال قىلىمەن دەپ شۇنداق دەۋاتامدۇ ئۆزىمۇ بىلمەي قالغانىدى ، بىراق كېيىنكى چاغلاردا بۇنىڭ راست سۆزلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى .
پەرىدە ئورنىدا تۇرۇپ تاھىرغا بۇرۇلدى ۋە تاھىرغا قاراپ تۇرۇپ كەسكىنلىك بىلەن ئېيتتى :
— مۇمكىن ئەمەس ، تاھىر ، بۇنداق ئېھتىماللىق زادىلا يوق . شۇڭا ، بىكار ئاۋارە بولماڭ ، ئۆمرىڭىز بىھۇدە ئۆتۈپ كەتمىسۇن ، ئۆمىدىڭىزنى پۈتۈنلەي ئۈزۈڭ !
تاھىر كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تۇرۇپ قالدى ۋە بوشاشقان ھالدا بوش پىچىرلىدى :
— ئۇنداق دېمەڭ پەرىدە ، ياق ... ئۇنداق دېمەڭ ...
پەرىدە تاھىرنى كەينىدە قالدۇرۇپ ، تېز قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كېتىپ قالدى . تاھىر بولسا ئۇنىڭ گەۋدىسىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قاراپ قالدى . يول ئىككى تەرىپتىن چۈشكەن سارغايغان غازاڭلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ ، پەرىدەنىڭ نازۇك پۇتلىرىنىڭ ئاستىدا ھەر يانغا ئۇچۇپ ئېچىنىشلىق شىرىلدايتتى . پەرىدە بارا ــ بارا يىراقلىشىپ كەتمەكتىدى .

بىراق ، غازاڭلارنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئۇ يىراقلاپ كەتكەنسېرى يې-
قىنلىشىپ ، تاھىرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە دەھشەتلىك ئاڭلىنىپ تۇراتتى .
غازاڭنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىپ ئاڭلانغاندەك تۇ-
يۇلاتتى . بۇ ئاۋاز تاھىرنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يەپ كېتىدىغاندەك
جاراڭلايتتى . غازاڭلارنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتىدى .

سوغۇق شامال سارغايغان غازاڭلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ تاھىرنىڭ
سارغىيىپ كەتكەن يۈزلىرىگە ئۇراتتى ، تاھىر ۋۇجۇدى مۇزلىغاندەك بو-
لۇپ بىردىنلا شۈركىنىپ كەتتى .

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ ھەيران قالدى . ئۇ بۇ
خاتىرىدە يېزىلغانلىرىنىڭ زادى قايسىسىنىڭ خام - خىيال ، قايسىسىنىڭ
رېئاللىق ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمايلا قالدى . رېئاللىق بىلەن خام خىيال
پەرق قىلغۇسىز دەرىجىدە بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى . تاھىر
بەلكىم ئاشۇ چاغلاردا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى خىيالىي تۇيغۇ بىلەن رېئاللىقنى
پەرق ئېتەلمەيدىغان ھالەتكىچە چۈشۈپ قالمىغان بولغىيتتى ؟ بۇنىڭغا
رەشىدەنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . چۈنكى ، تاھىر ئۇنىڭ نەزە-
رىدە ناھايىتى ھېسسىياتچان ئادەم بولسىمۇ ، بىراق ئۇ تاھىرنى يەنىلا
ئەقلىيلىكى ناھايىتى كۈچلۈك دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى . بەلكىم گاھى
چاغلاردا كۈچلۈك ئەقلىيلىك ئۇنى كونترول قىلسا ، بەزىدە ئۇنىڭ ۋۇ-
جۇدى ئۇنىڭدىكى ئەقلىيلىكنى دەپسەندە قىلىپ ، ئۇنىڭ ئېڭىدىكى ھەممە
تەرتىپنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋەتسە كېرەك ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ
خاراكتېرىدە ئىككى ياقلىمىلىق بىر - بىرىدىن پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ
چىقىپ ، ئۇنى تامامەن ئىككى خىل ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولۇشى
مۇمكىن . بۇ نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ! ئەقلىيلىك بىلەن غەيرىي ئەق-
لىيلىك بىرلا ئادەمدە ئەنە شۇنداق ئارىلىشىپ كەتسە ، ئىنسانىيەت دۇن-
ياسىدا مەڭگۈلۈك ۋە مۇكەممەل بولغان ، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن
مەڭگۈلۈك روھىي تۈۋرۈك بولغان مۇكەممەل بىر قىممەت قارىشىنىڭ
مەۋجۇت بولۇشىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن . بۇ تاھىرنىڭلا
ئەمەس ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھالاكىتى ئەمەسمۇ ! بۇ پۈتۈن ئىنسان-

يـەتنىڭ قورقۇنچلۇق ۋە باش ئاخىرى يوق چەكسىز بىر ھاڭدا ئۆزىمۇ ھېس قىلماي غۇلاپ چۈشۈۋاتقانلىقى ئەمەسمۇ !

بۇلارنى ئويلاپ رەشىدەنىڭ ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنيادا شۇ قەدەر يەككە ـ يېگانە ۋە يۆلەنچۈكسىز ھېس قىلدىكى ، ۋەھىمە بىلەن ئەتراپقا قاراپ نېمىلەرنىدۇر ئىزدەپ كەتتى ، شۇ چاغدا بۇنى ئاز دېگەندەك ئۇنىڭغا نەدىدۇر بىر يەردىن ئاڭلىغان بىر ناخشىنىڭ مىسرالىرى يادىغا كىرىۋالدى :

مەھرۇم بولار ، قالار جايىڭ ،
بۇزۇلار پۈتكۈل سارايىڭ ؛
ئىشىكسىز ، تۈڭلۈكسىز جايغا
بىر كۈن بىزنى سالىدۇ .

« ئىشىكسىز ، تۈڭلۈكسىز جاي » ... ئۇ يەر قەيەر !؟ ئۇ يەردە نېمىشقا ئىشىك ۋە تۈڭلۈك دېرىزىلەر بولمايدۇ ؟! ... دېمەك ئۇ يەرگە ھېچ كىشى ئىشىكنى ئېچىپ كىرمەيدۇ ، ئۇنىڭ ئىچىدە ياتقان كىشىمۇ ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا چىقمايدۇ ، ئۇ يەردە ھېچ كىمنىڭ ئىشىككە مەڭگۈ ھاجىتى چۈشمەيدۇ . ئۇ يەردە مەڭگۈ سىرتقا چىقىش بولمايدۇ ، ئادەم مەڭگۈ ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالىدۇ .

بۇلارنى ئويلاپ رەشىدە قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا خۇددى ئۆزى تۇرغان يەردىمۇ ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغاندەك ، ئەتراپقا ئالاقزادە بولۇپ قاراپ چىقتى . ئۇ ھايات ئىدى . ئۇ چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئەمەس يورۇق ئۆيدە ئولتۇراتتى . بۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىمۇ ، دېرىزىسىمۇ بار ئىدى . ئۇ ئاشۇ ئىشىك بىلەن چەكسىز ، كەڭرى ۋە يورۇق بولغان كائىنات قوينىغا چىقالايتتى . ئۇ يەردە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرەلەيتتى ، نۇرغۇن نەرسىلەردىن ھوزۇرلىنالايتتى ... دېمەك ، بۇ يەردە ئىشىكمۇ بار ، دېرىزىمۇ بار . ئۇ تېخى ئاشۇ يا ئىشىكى يا دېرىزىسى يا تۈڭلۈكى بولمىغان جايغا ئۆزى ئەمەس ، باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنىپ مەڭگۈلۈك ياتقۇزۇلۇپ قو-

يۇلمىدى . بىراق ... ئۇ ھامان ئاشۇ ئىشىكسىز ، دېرىزىسىز جايغا قويۇلماي قالمايدۇ ... ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئەتراپقا ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ كەتتى . دېرىزىدىن قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى . بۇ قۇياش تاھىرنىڭ نەزەردىكى ئاشۇ كىشىنى ياشاشقا مەجبۇرلاۋاتقان رەھىمسىز قۇياشقا ئوخشىمايتتى . ئۇ رەشىدەنىڭ قۇياشى ئىدى . ئۇ سەلتەنەتلىك قۇياش پۈتۈن دۇنياغا ھاياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ ، مەغرۇرلۇق بىلەن نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى .

تاھىرنىڭ پەردىنى نېمىشقا شۇنچىۋالا شاللاق دەپ بىلىدىغانلىقىنى رەشىدە زادىلا چۈشىنەلمىدى . تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇۋېتىپ رەشىدە بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ ئويلاندى . بۇ زادى نېمە سەۋەبتىن ؟ ئەگەر ئۇ راستتىنلا شۇنداق شاللاق بىر قىز بولغان بولسا ، بۇنى رەشىدە ئەلۋەتتە بىلمەي قالمايتتى . رەشىدەنىڭ نەزەرىدە ئۇ زادىلا ئۇنداق قىز ئەمەس ئىدى .

بەلكىم تاھىرنىڭ ئېڭىدا گۈزەللىك دېگەن ئۇقۇم بىلەن شاللاقلىق ، شەھۋانىيلىق دېگەن ئۇقۇم بىر ئۇقۇم بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ! ئۇنىڭ يارىلانغان ئېڭىدا شاللاقلىق ـ گۈزەللىك، دېمەكتۇر ، گۈزەللىك ـــ شاللاقلىق دېمەكتۇر ... دەل شۇنداق . ئۇ ئەسلىدە بۇرۇنلا تۈگىشىپ بولغان . ئۇنىڭ ئەقىل قورغىنى ئەسلىدىلا چەك ـ چېكىدىن ھىمىرىلىپ بولغان . ئۇ پەردىگە ئاشىق بولغانسېرى ، پەردە ئۇنىڭغا شۇنچە گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتكەن ، پەردە گۈزەل كۆرۈنگەنسېرى ، ئۇ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەسەبىيلەرچە مەپتۇن بولغان . شۇنىڭ بىلەن پەردەنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرىغا چىققىلى بولمايدىغان بىر چەكسىزلىككە ئايلانغان . پەردە تاھىرغا گۈزەل كۆرۈنگەنسېرى ، ئۇ ئۇنى شۇنچە شاللاق ھېس قىلغان . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەسلىدىلا بىر خىل ئۆلۈۋېلىش ئىستىكى بولغاچقا بۇ خىل ئۆلۈۋېلىش ئىستىكى ئۇنىڭدا كۈچلۈك بىر خىل رىقابەت ۋە باشقىلار بىلەن ئېلىشقاقلىق خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن . پەردە قانچە شاللاق بولسا ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلەر شۇنچە كۆپ بولىدۇ ، ئۇناڭ بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلەر قانچە كۆپ بولسا

تاھىردا رەشىك ئوتى شۇنچە كۈچىيىپ، بۇ كۈندەشلىك تاھىرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنىمۇ شۇنچە كۈچەيتىدۇ. پەرىدەنىڭ ئاشىنىلىرى قانچە كۆپ بولسا، تاھىرنىڭ مۇھەببەتتىكى رەقىبلىرى شۇنچە كۆپىيىدۇ. شۇندىلا تاھىرنىڭ بۇ دۈشمەن بىلەن تولغان دۇنيادا تارتىشقۇدەك ھېچ نەرسىسى قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ رەقىبلىرى كۆپەيگەنسېرى، ئۇ ھېچبولمىغاندا خىيالىي جەھەتتە بولسىمۇ ئۆزىنى خۇددى خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك، ئۆلۈمگە يېقىن تۇرغاندەك ھېس قىلىپ ئۆزىدىكى تەشنالىققا تەسەللى بېرەلەيدۇ. ئۆزىدىكى بۇ خىل تەشنالىقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، تاھىردا دائىم خام خىيال پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۆزىنىڭ خام خىيالى بىلەن رېئاللىقتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى رېئاللىق دەپ ئىشىنىپ ئېڭىدا قوبۇل قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ خىيالىي سەزگۈلىرى بىلەن ئارىلىشىپ شەكىللەنگەن يەنى توقۇپ چىقىرىلغان رېئاللىقنى يەنىلا قوبۇل قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماستىن، يەنە نۇرغۇن خام - خىياللىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا زادى قايسى رېئاللىق، قايسى خام - خىياللىقنى زادىلا ئايرىپ بولغىلى بولمايدىغان، ھەم گۈزەل، ھەم ھەسرەتلىك، ھەم يىرگىنچلىك ھەم قورقۇنچلۇق بولغان، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس باشقىلا بىر دۇنيانى شەكىللەندۈرۈۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاشۇ چاغلاردىكى تاھىرنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان رېئاللىقىدىكى پەرىدە ھەقىقىي پەرىدەنىڭ ئۆزى بولماستىن، تاھىرنىڭ خىيالىي تۇيغۇلىرى ئارىسىدا قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىرىلغان يەنە بىر پەرىدەدۇر بەلكىم. بۇ پەرىدە تاھىر ئۈچۈن گۈزەللىك ئىلاھى. چۈنكى، تاھىر ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ھېس - تۇيغۇلارنى، پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەجرىبىلەرنى، ئېڭىدىكى بارلىق گۈزەللىك ئۇقۇمىنى ئاشۇ پەرىدەنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەم قىلىپ، پەرىدەنى پۈتكۈل ئاياللىق ۋە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مۇقەددەس ۋە مەڭگۈلۈك بىر ئوبراز قىلىپ تىكلىۋالغانىدى.

# 2 - قسسم

# ۋۇجۇد دەرۋازىسى

روزىلەم دەيمۇ سېنى ؟
قوزىلەم دەيمۇ سېنى ؟
باغدا باققان پاقلىنىم دەپ
ئۆلتۈرۈپ يەيمۇ سېنى ؟

— خەلق قوشىقى

ئاشىق ـ مەشۇقلار ئارىسىدىكى رىشتىدە ساپ دىل بولۇشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ، ئۇنىڭدا شۇنداق بىر تەلەپ باركى ، ئۇ سېنى يۇتۇپ كېتىشنى ئويلايدۇ . ئاشىقلار بىلەن مەشۇقلار ئۆزىنىڭ كۆڭلى چۈشكەن كىشىسىگە خۇددى چىلبۆرە قوزىغا مەپتۇن بولغاندەكلا مەپتۇندۇر .

— ئەپلاتون

مېنى ياشاشقا ، باشقىلارنى سۆيۈشكە ، باشقىلارنىڭ سۆيۈشىگە تەشنا بولۇشقا ھەمدە ئۆلۈمنىڭ ئاستا ـ ئاستا يېتىپ كېلىشىنى چەكسىز سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۈتۈشكە مەجبۇر قىلىۋاتقان ئاشۇ قۇياش ئۇپۇقتا قىپقىزىل قىزىرىپ تۇرىدۇ . ئىنسانلار چەكسىز سۆيىدىغان ، پۈتۈن روھى ۋە ۋۇجۇدى بىلەن تايىنىدىغان ، بارلىق گۈزەللىك ۋە ھايات ئىرا- دىسىنىڭ ئەڭ تۈپكى مەنبىئى بولغان ، ئىنسانلار چەكسىز ئۇلۇغلاپ چو- قۇنىدىغان ، ئەيمىنىدىغان ، قورقىدىغان ، پۈتۈن دۇنيادىكى نۇرنىڭ مەنبەسى بولغان ئاشۇ ئوت شارى شۇ تاپ ئىنتايىن ھالسىزلىنىپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاشۇ خۇنۇك قىزىللىقىنى كۆرسە كىشىنىڭ يۈرىكى ئې- چىشاتتى . ھالسىز قۇياشنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە دەھشىتىمۇ قاتتىق ھال- سىراشقا دۇچ كەلگەنىدى . ئۇ تۇمان ئىچىدە ھېلىلا تامام يوقاپ كېتىدى- غاندەك كۆرۈنەتتى . تۇمان ئۇنى يۇتۇپ كېتىش ئۈچۈن ئاستا- ئاستا كۆككە ، قۇياشقا قاراپ ئۆرلىمەكتىدى . شۇ تاپتا ئاسمان قوچۇلىۋاتقان يۇندا ئازگىلىغا ئوخشاپ قالغانىدى ، قۇياش بولسا يۇندا ئازگىلىغا چۈ- شۈپ كەتكەن بىر تال قىزغۇچ يوپۇرماققا ئوخشايتتى . مەن ئۇنى يۇندىغا چۈشۈپ كەتكەن خازانغا ئوخشىتىشقا زادىلا رازى بولمىدىم ، ئەڭ توغ- رىسى ئۇ كىرلىشىپ كەتكەن كىرلىك ئۈستىدىكى قىزغۇچ داغقا ئوخ- شايتتى .

ئاھ ، سۆيۈش قىيىن بولغان قۇياش ، مېنى سېنى مۇتلەق سۆي- مەيدىغان جاسارەتكە ئىگە قىل ، مەن بۇ دۇنيادا ساڭا ئەمەس ئۆلۈمگە تايىنىپ ياشاي ! مەن يورۇقلۇققا ئەمەس زۇلمەتكە ، يەنى پۈتۈنلەي يو- قىلىشقا تايىنىپ ساكىيامۇنىلارچە ياشاي !

زۇلمەت ئىچىدە ھەممە نەرسە يوقايدۇ . ھەممە نەرسە بىرلا رەڭگە كىرىدۇ . ھەممە نەرسىنىڭ يوقىلىشى نىرۋانا دېمەكتۇر . ھەممە نەرسە يوقالغاندا ھېچ نەرسە مېنى ئازابلىيالمايدۇ ، مەن چەكسىز ئازادىلىققا ئېرىشىمەن .

ئىبلىس ئوتتىن يارالغان . ئەي قۇياش ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئېپ-

تىدائىي گۇناھنى ئېلىپ كەلگەن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى مەڭگۈلۈك روھىي ئازابقا گىرىپتار قىلغان ئاشۇ ئىبلىس سېنىڭ بىر پارچەڭ ئەمەستۇر؟! سەن پۈتۈن دۇنيانى يورۇتىسەن. ئادەمنى تۈرلۈك ئېزىقىش ۋە ۋەسۋەسىلەرگە سالىدىغان پۈتۈن دۇنيادىكى خىلمۇ خىل رەڭلەر سېنىڭ نۇرۇڭ چۈشۈش بىلەن تەڭلا كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولۇپ، بىزدە خىلمۇ خىل ھەۋەس ۋە ئارزۇلارنى ئويغىتىپ، ۋۇجۇدىمىزغا خىلمۇ خىل ۋەسۋەسىلەرنى سالىدۇ. ماڭا كېرىكى بۇلار ئەمەس، ماڭا كېرىكى يوقىلىش. قۇياش، مەن ئەمدى سېنى سۆيەلمەيمەن.

ياشىتىدۇ داۋاملىق، ئۆلۈم ــ بىزگە تەسەللى،
ئۇ ياشاشتا بىردىنبىر ئۈمىد، ئاخىرقى مەقسەت.
بىزنى مەست قىلىپ ئويناتقان ئۇ پەرىلەر شارابى،
ئاتا قىلار زاۋالغا يۈزلەنگۈدەك جاسارەت.

مانا بۇ ئۆلۈم كۈيچىسى بولغان بۈيۈك شائىر بودلېرنىڭ مىسرالىرى. مەن ئۆلۈمنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە گۈزەللىكىنى تەنھا بىرلا ئۆزۈم ھېس قىلسام كېرەك، دەپ ئويلاپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە، تاسادىپەن ئۆلۈمگە مەندەكلا مەھلىيا يەنە بىر شائىرنىڭ بارلىقىنى بايقاپ قېلىپ ھەيران قالدىم.

ئۆلۈۋېلىش كېرەك، مەن چوقۇم ئۆلۈۋالىمەن.

مەن ئۆلۈمنىڭ دەھشەتلىك مەھلىيا قىلىش كۈچى ئالدىدا پۈتۈنلەي ئۆزۈمنى يوقىتىپ، بارا ــ بارا ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىمنى سېزىشكە باشلىغانىدىم.

مەن چوقۇم ئۆلۈۋالىمەن. بۇ يەردە ئۆلۈۋېلىش ياكى ئۆلۈۋالماسلىق زادىلا مۇھىم مەسىلە ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى زادى قانداق ئۆلۈۋېلىش. كىشىلەرگە ئەزەلدىن جاسارەت ۋە ئۈمىد بېغىشلاپ كەلگەن بۇ قۇتۇلۇش ۋە ئازادلىق مېنى ئۆزىنىڭ چەكسىز قوينىغا چاقىرماقتا، ئۇ يەرگە زادى قانداق قىلغاندا ئاندىن بارغىلى بولىدۇ؟

كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمنى ئەھمىيەتلىك ئۆلۈم ۋە ئەھمىيەتسىز ئۆلۈم
دەپ ئايرىشى نەقەدەر كۈلكىلىك ـ ھە ! ئادەم ئۆلۈپ بولغاندا ئۇنىڭ
ئۈچۈن نېمىنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولسۇن !

ئۆلۈمنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى ھەر قانداق خىيال ئەمەلىيەتتە
ئۆلۈمنىڭ بىر خىل مەڭگۈلۈك ئاخىرلىشىش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلـ
ماسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ ، قانداقتۇر ھايات يەنە داۋاملىشىدۇ دەپ
ئويلاشنىڭ مەھسۇلى . بۇنداق ئويلاش ئىدېئالىزمنىڭ پاتقىقىغا پېتىشتۇر .
ھەقىقەتەن ئۆلۈۋېلىشنى ، مەڭگۈلۈك ئاخىرلىششنى ۋە قايتا مەۋجۇت
بولماسلىقنى ، يەنى تامامەن يوق بولۇشنى ئويلىغان ئادەمدە ئۆلۈمنىڭ
ئەھمىيىتى توغرىسىدا خىيال پەيدا بولمايدۇ . تارىختا نۇرغۇنلىغان كىشىـ
لەر ئۆلۈۋالغان ، بىراق ئۇلار ئۆلۈۋالغاندا ئۆلۈمنى يالغان دەپ ئويلاپ ،
ئۇنىڭ يالغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان . ئاشۇ
ئاتالمىش ئەھمىيەتلىك ئۆلۈملەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ زادىلا
ئۆلگۈسى يوقلۇقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئۆلۈم تامامەن
يوقىلىشتىن ئىبارەت بولسا ئۇلار ئۆلۈۋالمىغان بولاتتى . چۈنكى ، ئۇلار
ئۆلۈۋالغاندىن كېيىنمۇ ئاشۇ ئەھمىيەتلىك ئۆلۈمنىڭ شان ـ شەرىپىنى
ھېس قىلالايمىز دەپ ئويلايدۇ ، بولمىسا ئۆلۈمنىڭ ئەھمىيىتىنى قوغلىشىپ
نېمە قىلاتتى . ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە تامامەن ئۆلۈپ تۈگەشكۈسى يوق ،
ئۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن بىزار بولۇپ ، ئۆلۈۋېلىش ئارقىـ
لىق ھازىرقى ھاياتلىق ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ يەنە بىر خىل ياشاش ھالىـ
تىگە ئېرىشمەكچى . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈۋېلىشلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان
ئۆلىۋېلىش .

بەلكىم بۇ دۇنيادا پەقەت مەنلا ھەقىقىي ئۆلۈمنى ھېس قىلالىـ
غۇچى ، ھەقىقىي ئۆلۈمنى ياراتقۇچىدۇرمەن . بەلكىم ، پەقەت مەنلا ئۆـ
لۈمدىن ئىبارەت بۇ سەنئەتنى ئەڭ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرەلەرمەن .

شەيتان ئوتتىن يارالغان ، ئادەم بولسا توپىدىن يارالغان . ئادەمـ
نىڭ توپىدىن ئادەمگە ئايلىنىپ يەنە ئادەمدىن توپىغا ئايلانغىچە بولغان
جەريانى بىر خىل كۆيۈش جەريانىدىن ئىبارەت بولۇپ ، توپىدىن يارالـ

غان ئادەم قايتىدىن توپىغا ئايلانغاندىلا ئاندىن بۇ كۆيۈشتىن قۇتۇلالايدۇ. ئادەم پەقەت توپىغا ئايلانغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىبلىسنىڭ بىر قىسمى بولغان ئوت تامامەن ئۆچىدۇ. شۇڭا، مەن تېزراق توپىغا ئايلىنىشنى ئارزۇ قىلىمەن، توپىدىن باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشتىن بولسا بەكمۇ قورقىمەن. چۈنكى، ئوتتىن يارالغان شەيتاننىڭ كۆيدۈرۈۋېرىشىدىن پەقەت جانسىز توپىغا ئايلانغاندىلا قۇتۇلغىلى بولىدۇ. جان دېمەك — كۆيۈش دېمەكتۇر، كۆيۈش دېمەك ئوت دېمەكتۇر. ئوت دېمەك شەيتان دېمەكتۇر. جان — دېمەك ئوت دېمەك. ئادەمدە جانلا بولىدىكەن ئۇ جان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى هامان كۆيۈشكە دۇچار قىلىدۇ. ئاشۇ جان، ئاشۇ روھ تامامەن يوقالمىسا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى كۆيۈشتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا، مەن ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى روھنىڭ ئۆلۈشى!

بۇلار تاھىرنىڭ خاتىرىسىگە يېزىلغان ئابزاسلار. رەشىدە خاتىرىنى ئوقۇغانسېرى تاھىرنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ ئېڭىدا بارغانسېرى سىرلىقلىشىپ بېرىشقا باشلىدى. تاھىر دەسلەپتە يەنىلا ئاشۇ مەكتەپنىڭ يول بويلىرىدا ئۈمىدسىز هالدا پەرىدەنى كۈتۈپ تۇرغان هالەتتە زاھىر بولاتتى، ئەمدى بولسا ئۇ بارا - بارا كونكرېتلىقىنى يوقىتىپ ئاجايىپ ئابستراكت، سايىدەك غۇۋا ۋە ئەرۋاھتەك كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدىغان سىرلىق بىر خىل ئوبرازغا ئايلىنىشقا باشلىدى. رەشىدە كاللىسىنى قاتتىق سىلكىۋېتىپ ئۇ ھەقتە خىيال قىلىشقا باشلىدى. تاھىر ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۇيۇپ كەتكەن مۇزلار ئارىسىدا كۆرۈنۈشكە باشلىدى:

قىش خۇددى مۇزدەك سوغۇق سەھەر تۇيغۇسىدەك ئاستا - ئاستا كىرىپ كەلدى. ھەممە ئەتراپ قار بىلەن قاپلانغان بىر كۈنى سىنىپ بىناسىنىڭ 3 - قەۋىتىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى مۇز توڭلاپ كەتكەن بىر دېرىزىنىڭ ئاپئاق مۇز تۇتۇپ كەتكەن ئەينەكلىرىنى بىر قول ئاستا سۈرتمەكتىدى. ئەينەك يۈزىدىكى مۇز قولنىڭ هارارىتى بىلەن ئېرىپ مۇز نەقىشلىرى ئارىسىدا سىرتنى كۆرگىلى بولغىدەك يەر ئېچىلدى. ئۇ يەردىن ئەينەككە چىڭ يېقىلغىنىچە سىرتقا قاراپ تۇرغان تاھىرنىڭ يۈز-

لىرى مۇزلار ئارىسىدا كۆرۈندى .

ئاپئاق بىر قۇر كىيىم كىيگەن پەرىدە مەكتەپنىڭ قار بىلەن قاپلانغان مەيدانىدا كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئاپئاق كىيىملىرى قارنىڭ رەڭگىگە سىڭىپ ، قار بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن بولۇپ ، بىرلا قاردىغان كىشىگە پەقەت ئۇنىڭ مۇرىسىدە ئويناپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرىلا كۆرۈنەتتى . تاھىر ئەينەك يۈزىدىكى مۇزلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى .

تاھىر يىراقتا كېتىۋاتقان پەرىدەنى كۆرگەندىلا ئاندىن قىشنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدى .

ھەش ـ پەش دېگۈچە قىشمۇ بولۇپ بولغانىدى . تاھىر قىشنىڭ قاچانلاردا يېتىپ كېلىپ بولغىنىنى سەزمەيلا قالغانىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە قىش ھەر ۋاقىت ھۆكۈم سۈرەتتى ، شۇڭا ئۇنىڭ مەجرۇھ بولغان يۈرىكى قىش بىلەن يازنىمۇ پەرق قىلالماس بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى . پەرىدە ئۈچۈن بولسا قىش بۇ يىل كېچىكىپ كەلگەندەك تۇيۇلدى .

ھەممە يەر ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، بۇ مەنزىرە تاھىرنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ مۇڭلاندۇراتتى . پۈتۈن جاھاندىكى كىشىلەر خۇددى قىشنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك يەنىلا شۇ بىر خىل قايناق روھىي ھالەتتە ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى . قىش ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىگە ھېچقانچىلىك تەسىر قىلمىغانىدى . پەقەت بۇ يىل تاھىر ئۈچۈنلا قىش بولغاندەك تۇيۇلاتتى .

ھەممە ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان بىر كۈنى تاھىر پەرىدە بىلەن چوڭ يولنى بويلاپ كېلىۋېتىپ پاراڭلاشتى :

— مەن زادى نېمە بولدۇم . بىرەر قىزنى بۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ قېلىشىم تەسەۋۋۇرۇمغىمۇ سىغمايتتى . ئەجەبا ئەپسۇن ئوقۇۋېتىلگەندەكلا .

— ھەي . . . تاھىر ، بۇنىڭمۇ ۋاقتى ئۆتۈپ ، بىر كۈنلىرى سىزدىكى ھېسسىيات سەل سۇسلىشىپ قالغاندا ، ... ياق دېمەك ... ۋاقىت ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ... سىز چوقۇم ماڭا دېگەن سۆزلىرىڭىزنى

ئويلىسىڭىز خىجىل بولۇپ قالىسىز ... رىيالىلىقنى ئازراق بولسىمۇ قوبۇل قىلىڭ . ئۇنچىۋالا ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەڭ !

— دۇنيادا ھېسسىياتتىن باشقا ، بېرىلگۈدەك ھېچ نەرسە بولمىسا ، ئەمدى ھېسسىياتقىمۇ بېرىلمىسەم مەن زادى نېمىنى دەپ ياشايمەن ؟ دۇنيادا ھېسسىياتتىن باشقا ئادەمگە لەززەت بېغىشلايدىغان يەنە نېمە بار ؟ ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى پەقەت ئۇنىڭدا مۇرەككەپ بولغان ئاشۇ ھېسسىياتنىڭلا بار بولۇشىغۇ ! مەن پەقەت ھېسسىياتىم ئۈچۈنلا ياشايمەن !

— تاھىر ، ئويلاپ بېقىڭە ، دۇنيادا مەندىن باشقا سىز ئۆز ھېسسىياتىڭىزنى بېغىشلىغۇدەك ئادەم يوقمۇ ؟

— پەرىدە ، سىز مېنى تامامەن ئۈمىدسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق ۋاز كەچتۈرىمەن دەپ ئويلاۋاتامسىز ؟ سىز بىھۇدە ئاۋارە بولماڭ .

— مەن سىزگە دېدىمغۇ ، مەندە سىزگە نىسبەتەن زادىلا ھېسسىيات يوق . بۇنىڭدىن كېيىن بولۇشىمۇ ناتايىن . سىز ھەرگىزمۇ پەرىدە ئەركىن بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ . ھېچكىم بىلەن مۇھەببەتلەشمەيۋاتقان ئەھۋالدىمۇ مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى رەت قىلغان بولاتتىم .

پەرىدە شۇنداق دەپ بىراقلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى . بۇ تاھىرغا خۇددى تۈيۈقسىز كېلىپ تەككەن ئوقتەك ياكى تۈيۇقسىز يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتەكلا تۇيۇلۇپ كەلدى . بۇنداق چورتلا ئۈزۈلۈش تاھىرنى ۋەيران قىلىۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئىدى . بۇنى ئاڭلاپ تاھىرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتتى . پەرىدە تاھىر بىلەن چاتىقى يوق مېڭىپ كېتىۋەردى . تاھىر سول تەرەپتىكى چىملىق مەيدان تەرەپكە بۇرۇلۇپ ماڭدى ، ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەيتتى ، پېشانىسىدىن مونچاق ـ مونچاق تەر چىقىۋاتاتتى . ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ لەۋلىرى ئارىسىغا قىستۇردى . بىراق ، ئۇنى تۇتاشتۇرۇشنى ئۇنتۇلۇپ قالدى .

ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىرىپ قار بىلەن چۈمكەلگەن ئۇزۇن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئۆزىنى دۈملا تاشلىدى . ئۆتۈپ كېتىۋاتقان

ئوقۇغۇچىلار يىراقتىن ھەيرانلىقبىلەن تاھىرغا قارىشىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى . تاھىر ئۆزىنى تاشلىغىنىچە دۈم ياتاتتى . قار لەپىلدەپ چۈشمەكتە . قار ئۇچقۇنلىرى تاھىرنىڭ يۈزىگە تېگىپ ئېرىمەكتىدى . تاھىرنىڭ يۈزلىرى ئورۇندۇق ئۈستىگە ياغقان قارغا چىلڭ يېپىشقان بولۇپ ، قار ئۇنىڭ يۈزلىرىگە خۇددى چوغدەك قىزىق يېپىشىپ ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى مۇزدەك سوغۇق جىسمى بىلەن كۆيدۈرمەكتىدى . تاھىرنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئاشۇ پېتى قانچىلىك ياتقىنىنى ئۇقمايتتى . لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قارنى بارا ـ بارا ئۇنىڭ گەۋدىسى ئېرىتەلمەس بولدى . ئۇ مىدىرلىماي ئۆلۈكتەك ياتاتتى ، ئۇ قانداق يىغلاشنى ، قانداق ئازابلىنىشنى ، قانداق ھەسرەت چېكىشنى ياكى قانداق كۈلۈشنى ئۇنتۇلۇپ ، زەھەرلىنىپ ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىتىدەك سوغۇق ۋە سۈرلۈك قىياپەتتە جىملا ياتاتتى . بارا ـ بارا ئۇنىڭ گەۋدىسى قار بىلەن چۈمكىلىپ كەتتى . قار ئىچىدە پەقەت ئۇنىڭ بېشىنىلا ئاران كۆرگىلى بولاتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كاللىسى يەنىلا تىرىك ئىدى ، خۇددى ئىشلەشتىن توختاپ قالغاندەك بولغىنى بىلەن ئۇنىڭدىكى ھۈجەيرىلەر تىرىك ئىدى . مانا بۇ ئۇنى ئەڭ ئازابلايدىغان ئىش . ئۇنىڭ گەۋدىسى قار بىلەن چۈمكەلگەن كىچىككىنە بىر قەبرىگە ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇنىڭ چۈشكەنلا قارنى ئېرىتىپ تۇرغان ئاشۇ بېشىنى بولسا مۇھەببەت دەردىدە ئۆلگەن ئادەمنىڭ قەبرە تېشىغا ئوخشىتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى .

ئاشۇ كۈنى پەرىدە ئاخىر تاھىر بىلەن بولغان ئىشلارنى ئەركىنگە ئېيتىش قارارىغا كەلدى . ئۇ ئەركىننى بۇنىڭدىن خەۋەرسىز دەپ ئويلايتتى ، بىراق ئەركىننىڭمۇ خەۋىرى بارلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى .

بۇ دەرس ئارىلىقىدىكى بىردەم ئېلىش ۋاقتى ئىدى . كارىدوردا ئوقۇغۇچىلار ئاندا ـ ساندا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . پەرىدە بىلەن ئەركىن ئىككىسى ئىككى تەرەپتىكى تامغا يۆلەنگىنىچە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇشقىنىچە پاراڭلاشماقتىدى :

— مەن زادىلا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم ... مەن ئۇنى كۆرسەملا كۆڭلۈم بەك غەش بولۇپ ، دۇنيادىن تويۇپ كېتىمەن . ئۇنىڭ

ئىرادىسى زادىلا تەۋرەنگۈدەك ئەمەس ... ئېيتىڭە قانداق قىلىشىم كېرەك ؟
— ئۇ تازا سارالڭ بىر نېمىكەن . مەن ئۇنىڭ نېرۋىسىنىڭ ھەقـ-
قەتەنمۇ جايىدا ئەمەسلىكىنى جەزىملەشتۈرەلەيمەن . نېمە قىلىش كېرەكـ-
لىكىنى مەنمۇ بىلەلمىدىم . ئۇنىڭ بىلەن پەرىدەنىڭ كۆزىگە كىرىۋالما
دەپ يا ئۇرۇشقىلى بولمىسا ، يەنىلا شۇ سىزگە باغلىق .
— زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى . ئۇ مۇشۇنداق قىلىۋەرسە مېـ-
نىمۇ سارالڭ قىلىپ قويىدۇ . ئۇنىڭ بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ قارىغان كۆز-
لىرىنى كۆرسەم مېڭەم ئېلىشىپلا كېتىدۇ . قېچىپ كەتكۈدەك يەر تاپالماي
قالىمەن . ھازىر سىرتقا چىقسام زادىلا كەينىمگە قاراپ باقمايدىغان بولـ-
دۇم ، پەقەت ئۇنىڭ ئاشۇ بىچارىلەرچە قىياپىتىنى كۆرۈپ قالماي دەپ .
دائىم كەينىمگە قارىسىملا ئۇنىڭ گەۋدىسى كۆرۈنىدۇ . ھازىر كەينىمگە
قاراپ باقمىسامىمۇ دائىملا ئۇنى يېنىمدا تۇرغاندەكلا ھېس قىلىدىغان بو-
لۇپ قالدىم . بەزىدە يېرىم كېچىلەردىمۇ ئويقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ،
خۇددى ئۇ يېنىمدا تۇرغاندەكلا تۇيۇلۇپ ئىنتىك يانلىرىمغا قارايمەن .
ئاشۇ كۈنى يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن بىرەيلەن تاھىرنىڭ قار
ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى توڭلاپ ئۆلۈپ قالغان بولسا كېرەك
دەپ ئويلىغانىدى ، بىراق ئۇ تىرىك چىقتى . تاھىر بېشىنى كۆتۈرۈپ
يېنىغا كەلگەن ئادەمگە قارىغان چاغدا ئۇنىڭ ھەرىكەتسىز قېتىپ قالغان
كۆزلىرىدە ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى . پۈتۈن بەدىنى مېخانىكىلىق
ھالدا ھەرىكەت قىلغىنىچە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى ماڭمايۋاتقاندەكلا
بىر خىل قىياپەت بىلەن ئاستا قەدەم تاشلاپ ئۆزىنىڭ قاياققا كېتىپ
بارغىنىنىمۇ بىلمەستىن مېڭىپ كەتتى . ئۇ بىر كۈن ئەرۋاھتەك ئۇياق —
بۇياق لەيلەپ مېڭىپ يۈردى . ئۇ نېمىنىدۇر ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بىر
نەرسىنى ئىزدىمەكتىدى . ئۇ ئايلىنىپ شەھەرنىڭ چوڭ كوچىسىغا
چىقتى . چوڭ كوچىدىكى كىشىلەر زادىلا ئۇنىڭغا كۆرۈنمەيتتى . تاھىر
كىشىلەر ئارىسىدا بېشىنى سالغىنىچە مىسكىن ھالدا كەلمەكتىدى . ئۇ
يولنىڭ چېتىدە سوغۇقتا دۈگدەيگىنىچە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان پالچى مو-
ماينى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى .

پالچى موماي :
— هه ، كەل بالام ، چىرايىڭ بەك سولغۇن كۆرۈنىدۇ ، بېشىڭغا كۈن چۈشكەن ئوخشىمامدۇ ؟ — دېۋىدى . تاھىر مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۈن - تۈنسىز زوڭزىيىپ ئولتۇردى .
— تەقدىر پېشانەڭدىن بىشارەت ئىزدەپ كەلدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى موماي .
تاھىر ئۈن - تىنسىز بېشىنى لىڭشىتتى . موماي ئىككى قولىنى تاھىرنىڭ ئىككى چېكىسىگە قويۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، شىۋىرلاپ بىر نەرسىلەرنى ئوقۇدى . بىر ئازدىن كېيىن چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ، چەكچەيگىنىچە تاھىرغا قاراپ قالدى .
تاھىر ئالدىراپ سورىدى :
— موما سىزگە نېمە بولدى ؟
موماي ئۈن چىقماي بىردەم تۇرۇپ كېتىپ :
— بالام خاپا بولما ، پال چۈشمىدى ، — دېدى ئىنتايىن ئالاقزادە بىر كەيپىياتتا .
— نېمە ؟ پال چۈشمىدى ؟ — تاھىر ھەيران قالدى .
— بالام ، مەن ئەزەلدىن بىراۋنىڭ تەقدىر پېشانىسىنى ئالدىن بىلىپ باققىنىم يوق . سەن دەرھال ئورنۇڭدىن تۇرۇپ مېڭىپ كەت ، ھەرگىز پالغا ئىشەنمە ، پال ئادەمگە بالا - قازا ئېلىپ كېلىدۇ .
تاھىر مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۈنىڭ خۇددى قەدىمىي دەرەخنىڭ قوۋزاقلىرىدەك تال - تال ۋە چوڭقۇر قورۇقلار بىلەن تولغان يۈزلىرىگە قارىغىنىچە ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى . مومايىنىڭ سانسىزلىغان قورۇقلار ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغان كىچىككىنە كۆزلىرى بىردىنلا چەكچىيىپ ئېچىلدى . مومايىنىڭ قارچۇقلىرى ئەنسىزلىك بىلەن پىرقىرايتتى .
— قەدىمكى دەۋرلەردە ئەۋلىيالار بار ئىدى ، مۆجىزىلەر بار ئىدى . ھازىر دۇنيا ئەۋلىيالاردىن ۋە مۆجىزىلەردىن ئايرىلىپ قالدى . مۆجىزىلەرگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ ، ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى تىنىپ كەتتى ،

ئۇلار ئەۋلىيالارنى كۆرەلمەيدۇ، مۆجىزىلەرنى كۆرەلمەيدۇ، ئادەملەرنىڭ سەزگۈلىرى تامامەن ئۆلدى، ئۇلار مۆجىزىلەرنى سېزەلمەيدۇ. ئادەملەرنىڭ قۇلاقلىرى مەۋجۇداتلار چىقارغان ئاۋازلاردىن باشقا ئاۋازلارنى ئاڭلىماس بولۇپ كەتتى، ئۇلار شۇنداق بولغاچقا ئەۋلىيالاردىن ئايرىلىپ قالدى، شۇ سەۋەبتىن دۇنيا ئەۋلىيالارنى ئۇلارغا ئاپىرىدە قىلىشتىن ئۆزىنى تارتتى. دۇنيا ئەۋلىيالارنى تونۇيدىغان ئادەم قالمىغاندا بۇ دۇنياغا ئەۋلىيالارنى قايتا ئاپىرىدە قىلمايدۇ. دۇنياغا ئەۋلىيالارنىڭ كەلمىگىنىگە سانسىز ئەسىرلەر بولۇپ كەتتى. شۇ سانسىز ئەسىرلەردىن بېرى ھېچكىم بىرەر ئىشتىن راستىنلا ئالدىن بېشارەت بېرەلىگىنى يوق. پالچىلارنىڭ پالىنىڭ ھەممىسى يالغان، بۇ روھى پارلىغان ئاشۇ ئەۋلىيالارغا ھاقارەت. — دەپ چۈشەندۈردى موماي بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

تاھىر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنەلمەي تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدى.

— سېنىڭ دىنىڭ مېنىڭ پالىمنى قوبۇل قىلمايدۇ، سېنىڭ ئېتىقادىڭ بىلەن مېنىڭ ئېتىقادىم ئوخشىمايدۇ... ساڭا پال سالسام مەن ئۇلارنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايمەن؟

— كىمنىڭ؟ — تاھىر چۆچۈپ سورىدى.

— ئۇلارنىڭ، — مومايىنىڭ سىرلىق ۋە خۇنۇك كۆزلىرى تاھىرنىڭ يېنىدىكى بىر بوشلۇقنى كۆرسەتتى. تاھىر ئىتتىك ئىككى يېنىغا قارىدى. ھېچكىم يوق ئىدى. بىراق، تاھىر يېنىدا خۇددى موماي ئېيتقان غايىب بىركىملەر باردەكلا ھېس قىلدى. بىر خىل سىرلىق تۇيغۇ ئۇنى ھاياجانغا سالدى. موماي ئالدىدىكى قەغەزدىكى يۇمىلاق بەلگە ۋە سخېمىلارنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ئۇششاق تاشلارنى يىغىشتۇرماقچى بولۇۋىدى، تاھىر بىردىنلا ئېسىنى يىغىپ مومايىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى:

— موما، مەن سىزنىڭ پال سالالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. سىز نېمىشقا بۇنچىۋالا جىددىيلىشىپ كېتىسىز؟... سىز بىر نەرسىنى ھېس قىلدىڭىز... مەن بۇنى بىلىپ قالدىم... ماڭا دەپ بېرىڭ بولامدۇ؟... مەن ئىشىنىمەن!... سىزگە نېمە بولدى؟ مەن بىرەر پالچىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، سىز نېمىشقا

پەقەت ماڭىلا پالغا ئىشەنمەسلىكنى ئېيتىسىز ، نېمىشقا باشقىلارغا ئۇنداق دېمەيسىز ؟ مەن ھەيران قېلىۋاتىمەن .

— سەن بىز ياخشى بالا ، شۇڭا سېنى ئالدىغۇم كەلمىدى .

— موما ، مەن يالغان گەپ بولسىمۇ ئاڭلايمەن .

— يالغان گەپلەرنى ئاڭلىغانىڭ نېمە پايدىسى ؟ سەن مېنى تولا سۆزلىتىۋەرمە .

— موما ، مەن راست گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىپ جېنىمدىن جاق تو-يۇپ كەتتىم ، شۇڭا ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمنى سىزگە باغلاپ كېلىۋىدىم . مانا بۇنىڭ ھەممىسىنى ئېلىڭ ، — تاھىر يانچۇقىدىن ئەللىك يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ مومايغا ئۇزاتتى : — مەن شۇتاپ يالغان سۆزگە بەكمۇ موھتاج ! ھەممە ئادەم ماڭا رەھىمسىزلىك بىلەن ئاشۇ رەھىمسىز راست گەپلەرنى قىلىۋەردى ، مەن راست گەپلەرگە چىدىيالماي قالدىم .

— بالام ، گەپ پۇلدا ئەمەس ، مۇھىمى پال چۈشمىدى !

— چوقۇم پال چۈشتى ! — تاھىر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىراپ تاشلىدى .

— ياق !

مومايىنىڭ بىردىنلا بەدەنلىرى تىترەپ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىشقا باشلىدى ، تاھىر بۇنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى . بۇ ھالەت تېزلا ئۆتۈپ كەتتى . موماي ئالدىدىكى قەغەزدىكى رەسىملەرگە قادالغىنىچە تۇرۇپ قالدى .

— بولدى ، بولدى ، ئاچچىقلانماڭلار ... مەن پالنى يالغان دېسەم تېخى ئاچچىقلانغلار كەلسە ، پال سالاي دېسەم تېخى ... بوپتۇ ... بوپتۇ ... — دېدى موماي شىۋىرلاپ ، ئاندىن يېرىق - يېرىق بولۇپ كەتكەن قاپقارا بارماقلىرى بىلەن قەغەز يۈزىنى سىلاپ چىقىپ ، چۈشىنىكسىز بىر نەرسىلەرنى دەپ بىر ھازا شىۋىرلىغاندىن كېيىن ئاندىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— بالام ، سەن 1969 - يىلى تۇغۇلغانمۇ ؟

— ھەئە ، — تاھىر ھەيران قالدى .

— بىراق سەن بۇ يىل توپتوغرا 1420 ياشقا كىرىپسەن. بۇ سېنىڭ ھەقىقىي يېشىڭ، ھاياتلىق تىنىمسىز ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ئازاد بولۇپ، تولۇق نۇرلىنىش بەسى مۇشكۈل، مەن بىلىمەن سەن ياخشى يىگىت، بىراق سەن نۇرلۇق يولنى تۇتالمايسەن، سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭ ھامان زۇلمەتتىن خالاس بولۇشۇڭغا يول قويمايدۇ، سەن ھامان ئۇنىڭ قۇلى. سەن تۆرەلگەن كۈنى سىرتتا قاتتىق بوران چىققان، بۇ بوران سانسارانىڭ دەھشىتىدىن، ئىنسانلارنىڭ چەكسىز ئازابىغا دۇنيانىڭ سەۋرى قىلىپ تۇرالماسلىقىدىن چىققان بوران. ئۇ كۈنى ئاسماندا ئاي تۇتۇلغان، مانا بۇ شۇملۇقنىڭ بېشارىتى. ئۇ كۈنى ئاشۇ ئالۋاستى — سانسىز ئەسىرلەردىن بېرى سېنى مۇشۇ دۇنيادىن ئىزدەپ يۈرگەن ئالۋاستى ئاخىرى سېنى تېپىۋالدى. ئۇ ئۇنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىغا قايتىپ كېلىشىگە ئازلا قالغان ۋاقتى. ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ 1400 يىللىق ئالۋاستىلىق ھاياتىنى تاماملاپ ئىنسانلار ئارىسىغا قايتىپ، قايتىدىن ئادەم بولۇپ تۆرەلدى. ئۇ گۈزەل بىر ۋۇجۇدقا ئېرىشتى. سېنىڭ 1420 يىل ئاۋۋالقى گۇناھىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاشۇ گۈزەل ۋۇجۇد ئاتا قىلىندى. 1420 يىل ئاۋۋال ئۇ ئالۋاستى چەكسىز گۇناھ پاتقىقىغا پاتقان، ئۇ بۇنىڭ ھەممىسىنى سەندىن كۆرىدۇ. ئۇ 400 يىل ئادەم يەيدىغان ئالۋاستى بولۇپ سېنى ئىزدەپ يۈردى، بىراق ساڭا چېقىلالمىدى. ئۇ يەنە 400 يىل ئاچ ئالۋاستى بولۇپ ياشىدى، ئاندىن 600 يىل ئېزىتقۇ ئالۋاستى ياكى چىشى ياكسا بولۇپ ياشىدى ... ئاڭ ئاخىرى ئۇ سېنى تاپتى. 14 ئەسىر ئىلگىرىكى گۇناھىڭلار ئۈچۈن سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ھاياتىڭلاردا ئۇچرىشىشىڭلار پېشانەڭلەرگە پۈتۈلگەن. سىلەر ھەر دائىم قاتتىق جىنايى تۇيغۇ ئىچىدىلا ئازابلىنىپ كۈنلۈڭلارنى ئۆتكۈزىسىلەر، بۇ ئىپتىدائىي گۇناھ تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمايسىلەر. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قانخورلۇقنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشىڭ شۇملۇقنىڭ بېشارىتى، بۇلار سېنىڭ ئۆمرۈڭنىڭ قان - يىرىڭ ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ... گۇناھ ... ھاياتلىق مەڭگۈلۈك ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ سانسارادىن قۇتۇلالماي ئادەملەر ئۆمرىدە دەرد -

ھەسرەت ئىچىدە ئۆتىدۇ . بالام ، سەن خەتەرلىك قىسمەتكە دۇچ كەپ-
سەن ... بەكمۇ خەتەرلىك ... سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قاپسەن ، بۇ
قاچانلا بولمىسۇن بولىدىغان ئىش ئىدى ، ئۇ ئادەمنى ۋەسۋەسىگە سالى-
دىغان تەنگە ئىگە ، ئۇ بۇ ئارقىلىق سىنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى ئاتەش قى-
لىپ كۆيدۈرۈپ سىنى يا ياشاتماي يا ئۆلگىلى قويماي قىينايدۇ ، ئۇ ھازىر
ئادەم بولۇپ ياشاۋاتقان بولسىمۇ لىكىن ئۇنىڭ روھىدا تىخىچە ياكسانىڭ
قۇدرىتى تۇگىمىدى . سەن ئۇنىڭ پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كېتىپسەن .
قان ئاقىدۇ ... قان ...
موماينىڭ ئاۋازى خىرقىراپ بوش سوزۇلۇپ خۇددى ئالۋاستىنىڭ
ئاۋازىدەك ، يىراق بىر يەرلەردىن ئاڭلىنىۋاتقان سىرلىق ئاۋازدەك ئەنسىز
ھەم غەلىتە چىقاتتى . ئالۋاستىنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىغىلى بولمىغۇدەك دە-
رىجىدە بوش ، بىراق كۈچلۈك ئىدى ، كىشىنىڭ تېنىنى ئىختىيارسىز
شۈركەندۈرەتتى . ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
— ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسىدە ۋۇجۇدۇڭ ئاتەش بولۇپ، يېنىۋېتىپتۇ .
ئۇ ساڭا بەكمۇ تونۇش ، بەكمۇ يېقىملىق تۇيۇلغانمۇ ؟
تاھىر چۆچۈپ كېتىپ ئۆزىمۇ تۇيماي :
— ھەئە ! — دەپ سالدى .
— بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى سەن تۆرىلىشتىن بۇرۇنلا ئاشۇ ۋۇجۇد
ساڭا ئايان بولغان . سەن چاڭقاپ كەتكەن چاغلاردا ئۇ سۇ ھالىتىدە ،
سەن ئىچىرقاپ كەتكەندە ئۇ تاتلىق مېۋە ھالىتىدە سىنىڭ ئالدىڭدا سا-
سىز قېتىم ئايان بولغان ... سەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى چەتكە ئال ، مەن
بۇنى ساڭا دېمەي دېسەم ئۇلار ماڭا ئارام بەرمىدى ... بۇگۈن زادى مەن
نېمە بولدۇم ؟ دائىم يالغان پال سالاتتىم ، بىراق بۇگۈن مەندە غەلىتە بىر
خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى ... مېڭەمدە يوقىرىدا ساڭا ئېيتقانلىرىم پەيدا بو-
لۇۋېلىپ ماڭا ئارام بەرمىدى . مەن يەنىلا غەلىتە بىر نەرسىلەرنى كۆر-
دۇم ...
تاھىرغا بۇ پال غەلىتىلا تۇيۇلدى . ئۇ كۆڭلىدە نېمىنىدۇر سەز-
گەندەكلا بولاتتى . ئۇ رېئاللىقتىن ، راست گەپتىن تويۇپ كەتكەنىدى ،

ۋاي ، ئۆلگۈر راست گەپلەر . پەرىدەمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بولسىمۇ يالغان گەپتىن بىر نەچچىنى دەپ قوياي دېمەستىن رەھىمسىز راست گەپلەرنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك تىقتى . ئۇنىڭ تاھىرنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى قىل سىغماس راست گەپ ۋە جاننى قىينايدىغان پاكىت ئىدى .

ئۇ ئاشۇ كۈنلەردە يالغان سۆزلەرگە تەشنا بولۇپ كەتتى . ھېچ-كىم بىرەر يالغان سۆز بىلەن ئۇنىڭ روھىدىكى ھاڭنى تولدۇراي دې-مىدى ، ئۇنىڭ بىر ئاز تەسەللى تېپىپ ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ ، ئۆزىنى ئا-ۋۇندۇرۇشىغا ياردەم بەرمىدى .

ئەتىسىگەن ئۇ رەشىدە بىلەن سىنىپ بىناسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئالاھىدە پاراڭلاشماقچى بولۇۋىدى ، ھەتتا رەشىدەمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقراق پاراڭلىشىشنى خالىماي بىر نەچچە ئېغىز ئەجەللىك راست گەپ بىلەن ئۇنىڭ جېنىغا تەگدى .

— تاھىر ، نېمانچە جاھىللىق قىلىسىز ؟ ئۇ سىزنى ياخشى كۆر-مىسە نېمە ئىلاجىڭىز ، — دېگەنىدى رەشىدە .

— ئۇ مېنى زادى نېمىشقا ياخشى كۆرمەيدىكەن ، ئېيتىڭە ، ئۇ زادى نېمىشقا مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن ؟ نېمىشقا ؟! — دېدى تاھىر ئەسەبىيلەشكەن ھالدا .

— ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن بىرلا ئادەم بولىدۇ . ئۇ ئەركىننى ياخشى كۆرىدۇ ، باشقىلارنى ياخشى كۆر-مەيدىكەن .

رەشىدە شۇنداق دەپلا گەپنى ئۈزمەكچىدى ، تاھىر يەنىلا گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— دېمەك ، پەرىدە ئەركىن بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكى ئۈچۈنلا مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ ، ئەگەر ئۇ ھېچكىم بىلەن مۇھەببەتلەشمىگەن بولسا مېنى ئويلىشىپ باققان بولۇشى مۇمكىن ئىدى .

— مەن ئۇنى ئۇزاق كۆزەتتىم . ئۇ ئەسلىدىنلا سىزنى ياخشى كۆرمەيدىكەن . ئۇ ئەركىندىن ئايرىلىپ كەتسىمۇ باشقىلار بىلەن يۈرسە

يۈرىدۇكى ، سىز بىلەن مۇھەببەتلەشمەيدىكەن . ھەي ... دۇنيادا قىزلار ئازمۇ ، سىزمۇ ئەجەب پەردە ئىسمىلىك جىن چاپلاشقاندەكلا قىلىپ كەتتىڭىزغۇ ؟

— مەن ئۆمۈر بويى كۈتىمەن .

— تۇگۈپ كەتتىم ، كىرىپ كېتىمەن ، خوش ئەمىسە ، — رەشىدە شۇنداق دەپلا خۇددى بۇ يەردىن قاچقاندەك تېزلىك بىلەن ساپما كەشنى شىپىلداتقىنىچە كىرىپ كەتتى .

بۇ راست گەپلەر تاھىرنى بەربات قىلىۋەتتى . ئۇ ئەك ئاخىرقى ئۈمىدى بىلەن پالچى مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىۋىدى ، ئەزەلدىن راست گەپ قىلىپ باقمايدىغان پالچى مومايمۇ بۈگۈن قىرىشقاندەك ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم راست گەپ قىلدى .

تاھىر ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە بۇلار توغرۇلۇق ھېچ نەرسىنى يېزىپ قالدۇرمىغانىدى . ئۇ بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن كېيىنكى بىر كۈننى چېسلا بىلەن ئايرىم خاتىرىلەپ مۇنداق يېزىپ قويغانىدى :

« خاتىرىلەشكە تېگىشلىك كۈنلەرنى خاتىرىگە يېزىشقا ئادەمنىڭ قولى بارمايدۇ ، بۈگۈنكىدەك مەنىسىز كۈنلەرنىڭ بولسا خاتىرىلەپ ئالاھىدە يېزىپ قويغۇدەك ھېچ نەرسىسى يوق !

كۈنلىرىم پەقەتلا مۇشۇنداق ئىككى خىل : يەنى مەنىلىك كۈنلەر تولىمۇ دەھشەتلىك ، مەنىسىز كۈنلەر شۇنچە ئەھمىيەتسىز ھەم ئېچىنىشلىق ! ... »

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت خاتىرىلەنمىگەنىدى . بۇ كۈنلەر تاھىر ئۈچۈن بەكمۇ ھاياجانلىق بولۇپ ، تاھىر ئاشۇ ھاياجانلارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ياكى تاھىر ئۈچۈن ئىنتايىن مەنىسىز بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ بۇنى بىلگىلى بولمايتتى . رەشىدە بۇ ھەقتە ناھايىتى ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىنلا تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى داۋاملىق ئوقۇشنى باشلىدى :

« مەن نېمە ئۈچۈندۇر ئاسىيەنى ئۇنتۇپلا قاپتىمەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خەت كۆپرەك كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەن بولسام ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىشنى دائىملا ئۇنتۇلۇپ قالاتتىم. بۈگۈن چامدىنىمنى ئېچىپ قارىسام ئۇنىڭ جاۋابسىز خەتلىرى دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. بىرەرسىگە جاۋاب بېرىپ خەت يېزىپ قوياي دېسەم، ئۇنىڭ خەتلىرىدە زادى نېمىلەرنى دېگەنلىكى ئېسىمدە يوق. ئۇنىڭ ئېگىزگىنە زىلۋا كەلگەن بويلىرى، ئاپئاق يۈزلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ بۇنى پەردە بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتىم. ئۇ پەردىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپلا تۇراتتى. بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇنى پەردىدىن مىڭ ھەسسە چىرايلىق ئىكەن دېيىشكەنىدى. ئۇلار تەتىلدە يۇرتقا قايتىش ۋاقتىدا ئۇنى كۆرگەنىدى، ئۇنىڭ رەسىملىرىمۇ ئالبۇمۇمدا جىق ئىدى. ئۇنى كۆرگەنلا ئادەم شۇنداق دەپ باھا بېرەتتى. ئۇ رەسىملىرىدە ماڭا ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. بۇ قاراشلاردىن ئۇرۇق-تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان يېقىنچىلىقتا خاس بىر خىل يېقىنچىلىق بار ئىدى. پەردىنىڭكىدەك ئادەمنى تەشنا قىلىدىغان كۈلكە يوق ئىدى. ئۇ ھەممە جەھەتتىن تەڭ يېتىلگەندەك سالماق ۋە ئېغىر ئىدى. بىراق، ماڭا يازغان خەتلىرىدە ئۇ يەنىلا ئۆز ھاياجىنىنى غۇۋا ھالدا، ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئاشكارىلاپ قويغانىدى.

مەن خەتلەرنى ئېلىپ بىر ـ بىرلەپ ئوقۇشقا باشلىدىم. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا بىراۋ بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ، مەن بۇنى ئاڭلاپ نېمىشقىدۇر خۇشال بولدۇم، بىراق ئۇ كەينىدىنلا ئوچۇق ئاشكارا ھالدا مەن سېنى ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن يىگىتىمدىن مىڭ ھەسسە ياخشى كۆرىمەن، دەپ يېزىپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ بۇ گېپىنى ئىزاھلاپ، بۇ ھېسسىياتنىڭ ئادەتتىكى مۇھەببەتكە ئوخشىمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ مېنى ئۆز ئىنىسىدەك ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە سېغىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنداق سۆزلەر ئۇنىڭ ھەر بىر خېتىدە بار ئىدى. ئەجەبا ئۇ بۇنى نېمىشقا شۇنچە تەكىتلەپ كېتىدۇ؟! مەن ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ تۇرات-

تىم . ئەمدى ئويلىسام ئۇ مېنى تەزەلدىن ياخشى كۆرىدىكەن ، بىراق مەن
بۇ ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلىپ تۇرۇپمۇ ئىنكار قىلىپ كەپتىمەن .
مەن نېمە بولدۇم ، راستتىنلا ساراڭ بولۇپ قېلىۋاتامدىم ـ يا !؟ پەرىدەنى
شۇنچە قوغلاشساممۇ ئۇ مېنى ئۆز سۆيگۈسىگە يېقىنمۇ كەلتۈرمىدى . ئاـ
سىيە ئاشۇ پەرىدەدىن چىرايلىق تۇرۇپ نېمىشقا پەرىدە ياراتمىغان ئاـ
دەمنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغاندۇ ؟ مەن بۇنى زادىلا چۈشەنمەيتتىم .
بەلكىم ، بۇنى مەڭگۈ چۈشەنمەسلىكىم مۇمكىن .
مەن خەتلەرنىڭ يېزىلغان چېسلاسىغا قارىدىم . ئاسىيە ماڭا ھەپـ
تىدە بىر قېتىمدىن ئۈزۈلدۈرمەي خەت يېزىپ تۇرۇپتۇ . مەن بولسام ئۇـ
نىڭغا يېرىم يىلدىن بېرى بىر پارچىمۇ خەت يېزىپ قويماپتىمەن .
بۈگۈن مەن ئۇنى كېچىدە كۆردۈم . پەرىدە رەشىدە بىلەن بىللە
كېتىۋاتاتتى . سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى . مەن ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشقا
جۈرئەت قىلالماستىن ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدىم .
— ئاداش ، خۇرۇم ئايىغىڭىز ھۆل بولۇپ تۈگىشىدىغان بولدى ،
سېلىۋېتىپ مېڭىڭ ، — دېدى رەشىدە پەرىدەگە .
پەرىدە ئايىغىنى سېلىۋېتىپ يالاڭ ئاياغ ماڭدى . مەن ئەتراپقا
قاراپ باقتىم ، ئەركىن كۆرۈنمەيتتى . پەرىدەنىڭ ئاپئاق پۇتلىرى سىم ـ
سىم يامغۇردا تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى . نېمىشقىدۇر ئەركىنـ
نىڭ « شاپاقچى » دېگەن سۆزى مېڭەمدىن ياللىدە قىلىپ ئۆتۈپ كەتـ
تى . ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنىنى تولۇق كۆرگەندەك بولدۇم . ئالىي مەكتەپكە
يېڭىدىن كەلگەن ۋاقتىمدا ، بىر قېتىم كۇتۇپخانىدا بىر ژۇرنال ئىچىدە
يالىڭاچ ئايالنىڭ بەدەن سۈرىتىنى كۆرۈپ پۈتۈن بەدىنىم تاتلىق ئۇيۇـ
شۇپ كەتكەندى . بۇ رەسىم مېنىڭ قانلىرىمنى ئۇرغۇتۇۋەتكەندى .
نەپسىم سىقىلىپ ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن بۇ رەسىمنى يىرتىپ
ئېلىۋالغانىدىم . كېيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۇ رەسىملەرنى باشقىلارـ
نىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولۇپ تىقىپ يۈرگەنىدىم . بۇ مېنىڭ
بەدەن گۈزەللىكىنى چۈشىنىشىم ۋە ئۇنىڭ رەسساملىقتىكى مۇھىم ئورنىنى
ھېس قىلىپ يېتىشىمدىن ناھايىتى بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى .

پەردەنىڭ يالىڭاچ پۇتلىرىنى كۆرۈپ خۇددى ئاشۇ يالىڭاچ رەسىمنى كۆرگەن چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم. كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرىدا ئۇنىڭ سۇ بىلەن ھۆل بولغان سۈتتەك ئاپئاق پۇتلىرى ئاجايىپ سۈزۈك ۋە يالتىراق كۆرۈنۈپ، كىشىدە بىنورمال تۇيغۇنى پەيدا قىلاتتى. شۇنىڭدىن بېرى نېمە ئۈچۈندۇر مېنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىم بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. قىزلارغا قارىغان چاغلىرىمدا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ياكى قامىتىگە ئەمەس پەقەت پۇتلىرىغا قاراپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىگە باھا بېرىدىغان بولۇپ قالدىم. مېنىڭ ئاياللارنىڭ پۇتلىرىغا بولغان مەڭگۈلۈك مەپتۇنلۇقۇم بەلكىم شۇنىڭدىن باشلانغان بولسا كېرەك.

مەن ئاشۇ يامغۇرلۇق كېچىدىن كېيىن ھەر كۈنى ئولتۇرۇپ ئاياللارنىڭ گۈزەل پۇتلىرىنى توختىماي سىزىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. پەقەت پۇتلارنىلا سىزغۇم كېلەتتى، بىراق ھەرقانچە سىزساممۇ بۇ پۇتلارنى پەردەنىڭ يامغۇردىكى ئاشۇ سۈپسۈزۈك پۇتلىرىدەك قىلىپ سىزىپ چىقالمىدىم.

بەزىدە دۇكانلارنى ئارىلاپ ئىختىيارسىز ھالدا ئاياغ سېتىۋاتقان يەرگە بېرىپ، ئاياللارنىڭ چىرايلىق يېڭى مودىدىكى ئاياغلىرىنى بىر ــ بىرلەپ كۆرۈپ چىقاتتىم، ھەتتا ئۇلارنى سېتىۋالغۇم كېلىپ كېتەتتى. مەن ئاشۇ ئاياغلار ئالدىدا خام ــ خىيالغا غەرق بولغان ھالدا تۇراتتىم. مەن تەسەۋۋۇرۇمدا ئاشۇ ئاياغلارنى پەردەنىڭ ھېلىقى چىرايلىق پۇتلىرىغا كىيىشكىلىك، كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ بۇنىڭدىن ھۇزۇرلىناتتىم، بىراق بۇ خىل ھۇزۇرلىنىش نومۇس ۋە ئەندىشە ئىچىدە بولاتتى. بۇ ماڭا كۇتۇپخانىلاردىن ئاياللارنىڭ يالىڭاچ رەسىمىنى تېپىپ كۆرۈشتىنمۇ بەكرەك ھۇزۇرلۇق تۇيۇلاتتى. مانا بۇ مېنىڭ ئۆزۈمنى سەل بىنورمال ھېس قىلىشىمنىڭ باشلىنىشى بولسا كېرەك.

ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى تېگى يوق بىر ھاڭ بولۇشى مۇمكىن، ئادەم بۇ ھاڭغا غۇلاپ چۈشسە پۈتۈنلەي بەربات بولىدۇ. رېئاللىق ئاشۇ ھاڭ ئۈستىدە قويۇلغان ئۇزۇن بىر تال ياغاچ، سەن ئاشۇ ھاڭدىن ئۆت-

مەكچى بولساڭ ھەرگىزمۇ ئاشۇ قورقۇنچلۇق بولغان تۆۋەن تىرەپكە قاراپ سالما ، غۇلاپ چۈشسەن ، سېنى مەڭگۈ قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ !

بىر ئادەمنىڭ ساراڭ بولۇپ قېلىشىغا ھېچ قانچىلىك ۋاقىت كەتمەيدۇ ، ھەتتا بىرەر مىنۇت ، بىرەر سېكۇنتمۇ تامامەن يېتىپ ئېشىشى مۇمكىن . مەن يېقىندىن بېرى ئۆزۈمنىڭ نورمال ئىكەنلىكىمدىن سەل گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدىم . ھەتتا باشقىلارنىمۇ ماڭا شۇنداق گۇمان بىلەن قاراۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدىم .

دائىم پەملەپ پەرىدەنىڭ ئۆتۈش ئېھتىمالى بولغان يوللاردا ئايلىنىپ يۈرەتتىم . بىراق ، بۇنى چاندۇرماستىن باشقا قىياپەتكە كىرىۋالاتتىم ... »

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇۋېتىپ ، كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولاتتى ، تاھىرنىڭ ئاجايىپ ساددا ، بىراق غەلىتە ھەرىكەتلىرى ۋە بىھۇدە ئورۇنۇشلىرىدىن تاھىر ئۈچۈن خىجىل بولاتتى . ھەتتا بەزى جايلىرىنى ئوقۇۋېتىپ ، خىجىللىقتىن داۋاملىق ئوقۇۋېرىشكە چىدىيالماي قويۇپ قوياتتى .

ئاشۇ كۈنى كەچتە تاھىر كۇتۇپخانا بىناسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، دېرىزە ئەينەكلىرىدىن بىر - بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇشۇپ كىتاب كۆرۈۋاتقان ئەركىن بىلەن پەرىدەنى كۆردى . شۇ چاغدا قاپقاراڭغۇ كۆرۈنگەن دېرىزە ئەينەكلىرىدىن تاھىرنىڭ ئەينەككە يېپىشقان يۈزلىرى غۇۋا كۆرۈنەتتى . پەرىدەنىڭ پايپاقسىز پۇتلىرىغا ئەركىن پۇتلىرىنى چىرماقلاپ ئولتۇراتتى .

تاھىر قىرائەتخانا ئىچىگە كىرىپ ( ماتېرىيال كۆتۈرمەي قۇرۇقلا ) ئولتۇردى . تاھىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىرەيلەن ھەيران قېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى . ئۇ كۆزىنى ئۆزمەي پەرىدەگە قاراپ تۇراتتى . بىر ئازدىن كېيىن ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى . ئەركىن چىقىپ كېتىشى بىلەنلا تاھىر يېنىدا ئولتۇرغان بىرسىدىن بوش ئاۋازدا قەغەز - قەلەم سوراپ ، بىر نەرسىلەرنى يېزىپ قەلەمنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپلا ئور-

ىدىن تۇردى ـ دە ، پەردە تەرەپكە قاراپ ماڭدى . تاھىرنىڭ چىرايى
جىددىيلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، جىددىيلىشىش دەستىدىن ئۇ پەردەنىڭ
يېنىغا بارغىچە بىر نەچچە جوزىغا گەۋدىسىنى ئۇرۇۋالدى . جوزىلاردىن
ئاۋاز چىقىپ كېتىپ ، كىتاب كۆرۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلار باشلىرىنى كۆ-
تۈرۈشۈپ ھەيرانلىق بىلەن تاھىرغا قارىشىپ قالدى . تاھىر جىمجىتلىقنى
بۇزۇۋەتتى . ئۇ ماڭغىنىچە پەردەنىڭ يېنىغا بېرىپ خەت يېزىلغان قە-
غەزنى پەردە تەرەپكە بېشىنى بۇرىماستىنلا قويۇپ ئاستا مېڭىپ چىقىپ
كەتتى .

ئۇ شۇ كۈنى غەرق مەست بولماقچىدى ، بىراق دائىملا مەست بو-
لۇشقا تېگىشلىك چاغدا مەست بولالماي ، مەست بولۇپ قالماسلىققا تې-
گىشلىك چاغدا غەرق مەست بولۇپ كېتەتتى . كۈتۈپخانا ئالدىدا تاھىر
بىر دەرەخكە يۆلەنگىنىچە پەردەنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى . ئۇ
كۆزىنى ئۈزمەستىن قىرائەتخانا دېرىزىسىدىن پەردەگە قارايتتى ، پەردە
ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى . بىر ئازدىن كې-
يىن ئەركىن كىرىپ پەردەنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . تاھىر پەردەنىڭ چى-
قىپ ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىشىدىن تامامەن ئۈمىد ئۈزگەن چاغدا ئويلى-
مىغان يەردىن پەردە چىقىپ كەلدى . تاھىر بىلەن پەردە ئاستا مېڭىپ
سۈتتەك ئاپئاق ئاي نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرغان كوچىدا پاراڭلاشتى .
پەردە :

— ھە ، نېمە گېپىڭىز بار ئىدى ، تېز ئېيتمامسىز ؟ ـ دېدى تا-
ھىرغا بىر ھازا سۈكۈتتىن كېيىن .

تاھىر زۇۋان سۈرمەيتتى . ئازراق ماڭغاندىن كېيىن پەردە
تاقەتسىزلىنىپ يەنە :

— گېپىڭىز بولسا تېز دەڭ ، بولمىسا مەن كىرىپ كېتىمەن ! —
دېدى .

— پەردە مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، مېنى پۇتۇنلەي ئۇ-
مىدسىزلەندۈرۈۋەتمىسىڭىز ! مەن ئۆمۈر بويى سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە
ئېرىشەلمىسەم مەيلى ، بىراق مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشەلىشىم

مۇمكىن دېگەن ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد بىلەن ئۆتەي ! بولمىسا بۇ دۇنيادا مەن قىلىدىغان ھېچ ئىش قالمايدۇ !

— تاھىر مېنىڭ ھەقىقەتەن ئىلاجىم يوق .

— سىز مېنى چۈشەنمەيسىز ...

پەرىدە تاھىرنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى :

— مەن سىزنىڭ مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بەلكىم سىزدىن بەكرەك چۈشەنسەم كېرەك . سىز ھەرگىزمۇ پەرىدە مېنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى چۈشەنمەي قېلىۋاتىدۇ ، چۈشەنسىلا چوقۇم تەسىرلىنىپ مېنىڭ مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ ! مەن سىزگە ھېسداشلىق قىلىمەن . پەقەت ھېسداشلىق قىلىشتىن باشقا ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ . چۈنكى ، مەنمۇ ئادەم ، سىزدىكىگە ئوخشاش مەندىمۇ شۇنداق قىزغىن ، شۇنداق ئەسەبىي مۇھەببەت بار ، سىز باشقىلارنى قوغلاشماي مېنى قوغلاشقاندەك ، مەنمۇ سىزنى قوغلاشماي ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنى قوغلىشىمەن ئەمەسمۇ !

— پەرىدە ، مېنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ ! مەن سىزدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزسەم بولمايدۇ ، مەن تۈگىشىپ كېتىمەن ! مېنىڭ ئۆزۈمنى بەزلەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ تۇرۇشۇم ئۈچۈن ئازراق ئۈمىد بولمىسا بولمايدۇ . سىز يالغاندىن بولسىمۇ ئازراق يوچۇق قالدۇرۇپ قويسىڭىز بولماسمىدى . مەسىلەن ، مەن سىزنى ھازىر ئەركىن بىلەن يۈرگەچكە مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ ، ئەركىن يوق بولغان بولسا ماڭا كۆڭلىنى بېرىشى مۇمكىن ئىدى دەپ ئويلاپ تۇرسام ، كېيىن ئەركىندىن ئايرىلىپ باشقا بىرسى بىلەن توي قىلسىڭىزمۇ ، مەن بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتسە ماڭا قارىشى مۇمكىن دەپ ئۈمىد قىلىپ يۈرسەم ، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ يەنە باشقىلار بىلەن توي قىلىۋەرسىڭىزمۇ مەن ئۇ جىق ئادەملەر بىلەن توي قىلىپ ئاخىرى بىر كۈنى ئەرسىز قالغاندا بولسىمۇ مەن بىلەن بىللە ئۆتىدۇ دەپ ئويلاپ ... ئاشۇنداق ئۈمىد ئۈزەلمەي يۈرسەم ، بۇ ئۈمىد مېنىڭ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزۈمنى بەزلىشىمگە يېتەتتى .

پەرىدە ئۈنچىقمىدى . ئۇلار بىردەم سۈكۈت ئىچىدە يولنى داۋام

قىلدى . ئۇلار مېڭىپ سەل خالىراق جايغا كەلگەندە ، تاھىر تۇيۇقسىز ناھايىتى تېزلىك بىلەن پەرىدەگە ئۆزىنى ئاتتى . پەرىدە قاتتىق چۆچۈپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى . تاھىر ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ ، سۆيۇشكە تىرىشاتتى . پەرىدە كۈچىنىڭ بارىچە لەۋلىرىنى ئېلىپ قاچاتتى . ئاخىرى تولا تەستە تاھىرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ تۇيۇقسىز تاھىرنىڭ يۈزىگە قاتتىق بىر تەستەك ئۇردى . ئاندىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى . تاھىر ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپمۇ قارىماستىن ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى .

ئاي سۈتتەك نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى . بۇ ھەممىدىن جانغا تېگىدىغان ئىش ئىدى . چۈنكى تاھىر ئاشۇ كۈنىدىكى ئاينىڭ نەقەدەر نۇرلۇق ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدۇ .

ئەتىسىلا تاھىر كەچۈرۈم سوراپ پەرىدە بىلەن پاراڭلىشىشنى تەلەپ قىلدى ، بىراق پەرىدە غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ :

— بىزنىڭ ئارىمىزدا پاراڭلىشىدىغان ھېچقانداق گەپ يوق . سىز بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق ! مەن سىزنى تونۇمايمەن ! — دېدى .

پەرىدە كەتمەكچى بولۇپ غەزەپ بىلەن بۇرۇلۇپ ماڭغاندا تاھىر كېلىپ ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى ، تاھىرنىڭ چىرايىدا ئۈمىدسىزلىك ، يېلىنىش ۋە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . پەرىدە غەزەپ بىلەن تاھىرنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ ماڭماقچى بولۇۋىدى ، تاھىر يەنىلا ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمىدى .

— پەرىدە ، خاپا بولماڭ ، مېنى كەچۈرۈۋېتىڭ !

— قولۇمنى قويۇۋېتىڭ ! تېنىم شۈركىنىپ كېتىۋاتىدۇ !

تاھىر پەرىدەنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ پەرىدەگە ئەگىشىپ ماڭدى :

— پەرىدە ، گېپىمنى ئاڭلاڭ ... قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويدۇم ، خاپا بولماڭ !

پەرىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپمۇ قويماستىن :

— مەن سىزگە ئېيتتىمغۇ ، مەن سىزنى تونۇمايمەن ! شۇڭا سىز خاپا بولۇشقىمۇ ئەرزىمەيسىز ! — دېۋىدى ، تاھىرنىڭ دىمى ئۈزۈلگەندەك بولۇپ كەتتى .

— ماڭا ئۇنچىۋالا نەپرەتلىنىپ كەتمەڭ ! ... پەرىدە ...

پەرىدە تۇيۇقسىز ئورنىدا توختاپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ تاھىرنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلدى . تاھىر مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى . پەرىدەنىڭ قاراشلىرى ئۇنىڭغا ياتلا تۇيۇلۇپ كەتتى . چۈنكى ، تاھىر پەرىدەنىڭ ئاشۇ چولپاندەك نۇرلۇق ، سەبىي ۋە بوۋاقلارنىڭ كۆزلىرىدەك بىغۇبار كۆزلىرىدە ئاشۇنداق نەپرەتلىك تىكىلىشلەرنىڭمۇ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى . بۇ قاراشلار تاھىرنى تۆگەشتۈرۈۋېتىپ باراتتى . ئۇنىڭ يۈرىكىنى دەھشەتلىك بورانغا ئوخشاش ۋەيران قىلماقتىدى .

— ئاڭلاپ قويۇڭ ! مەن سىزگە نەپرەتلەنمەيمەن ، سىزنى ياخشىمۇ كۆرمەيمەن ، ئىشقىلىپ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ھېسسىيات مۇناسىۋىتى يوق ، ھەم بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . سىز مەندە نەپرەت پەيدا قىلىمەن دېگەن خام خىيالدىمۇ بولماڭ ! ئۆلۈۋالسامۇ مەيلىكى ، سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلمايمەن ، — دېدى پەرىدە ، تاھىر يېلىندى :

— پەرىدە ، ئۇنداق دەپ كەتمەڭ ، مېنىڭ نېمە قىلغىنىمغا ماڭا بۇنداق قىلىپ كېتىسىز ؟

— مەن سىزگە ھېچ نەرسە قىلمىدىم .

— مەن بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانغا زادى نېمە گۇناھ قىلدىم ؟

— سىز ھېچقانداق گۇناھ قىلمىدىڭىز ، ئېيتتىكە ، سىزنىڭ ماڭا بۇنچىۋالا يېپىشىۋېلىپ قويۇپ بەرمەسلىكىڭىزگە مەن زادى نېمە گۇناھ قىلغان ، مېنىڭ نېمە قىلغىنىمغا سىز شۇنچىۋالا قىلىسىز ؟

تاھىرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بوشىشىپ كەتكەندەك بولدى . ئۇنىڭ تېنىدە زادىلا جان قالمىدى . پەرىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپلا مېڭىپ كەتتى .

تاھىر ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە بۇ ھەقتە توختالغانىدى ، بىراق بۇ ناھايىتى كېيىن يازغان خاتىرە بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ، ئىشقىلىپ ئاشۇ ئەسلىمە ئۇنىڭ مېڭىسىدە قايتا - قايتا ئەسلىنىش جەريانىدا بەزى يەرلىرى چۈشۈپ قېلىپ ، ئاندىن چۈشۈپ قالغان جايلار تاھىرنىڭ ھېسسىياتى بويىچە توقۇپ چىقىرىلىپ ئۇنىڭغا تولۇقلىنىپ ، ئەسلىدىكىدىن خېلىلا ئۆزگىرىپ كەتكەندەك قىلاتتى .

« مەن سىنىپتا ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇراتتىم ... »

تاھىر خاتىرىسىگە ئەنە شۇنداق دەپ يازغانىدى :

« سىنىپ ئىچىدە رەسىم سىزىشتا پايدىلىنىدىغان نۇرغۇن ھەيكەللەر بار ئىدى . بۇلار دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم دەپ قارىلىپ كەلگەن ئوبرازلار ئىدى .

مەن شىرە ئۈستىدە تۇرغان گۈزەللىك ئىلاھى ۋېناسىنىڭ ھەيكىلىگە تىكىلىپ ئۇزاقتىن ئۇزاق قارىدىم . ئۇنىڭدىنمۇ نېمىلەرنىدۇر بايقىماقچى بولاتتىم ، ئاشۇ ھەيكەلنىمۇ ئۆز ئېڭىمغا بويسۇندۇرماقچى بولاتتىم . بىراق ، ئۇ ھامان ھەيكەل ئىدى . ئۇ ئالدىمدا مۇزدەك سوغۇق ئاقىرىپ تۇراتتى . مەن ئۇنى قولۇم بىلەن تۇتۇپ باقتىم . ئۇ گەجدىن ياسالغانىدى . بۇ مەڭگۈلۈك ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۈزەللىك قەدىمكى زامانغا تەۋە ئىدى . ئۇنىڭ كېلىشكەن بۇدرۇق كۆكسىنى ھازىرقى زامان ئاياللىرى ئىچىدىن تېپىشقا ئادەمنىڭ كۆزى يەتمەيتتى . بۇنداق ھەيكەللەر كىشىنى قەدىمكى زامانغا چوقۇنىدىغان قىلىپ قويىدۇ .

ئاشۇ كۈنى كېچىسى ئاي بەكمۇ نۇرلۇق ئىدى ، ئاي ھەرقانداق چاغدىكىدىن نۇرلۇق بولۇپ ، بەلكىم مەڭگۈ ئاشۇ كۈندىكىدەك نۇرلۇق بولماس .

مەن ئۇنى كۈتۈپخانىدىن ئەركىن بىلەن بىللە ئولتۇرغان جايدىن چاقىرىپ چىقتىم . ھەممە نەرسە ئاشۇ كۈنى ئاينىڭ ئادەتتىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ نۇرلۇق ئىكەنلىكىدىن بولدى .

بىز يولدا پاراڭلىشىپ ماڭدۇق . ئىككىمىز بىرلىكتە كېتىۋاتقاندا

باشقىلارنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ بىزنى ئاشىق ــ
مەشۇقلار دەپ ئويلاپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

بىز قىزلار بىناسىنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالدۇق. نېمە ئۈچۈندۇر
بىردىنلا جىددىيلىشىپ كىتىشكە باشلىدىم، گەپلىرىم قولاشماي قالدى.
ۋۇجۇدۇم قانداقتۇر تۈيۇقسىز يۈز بېرىدىغان بىر ئىشنى كۈتمەكتىدى.
مەن قانداقسىگە شۇنداق بولۇپ قالغىنىمنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. ھەممە
ئىش ئويلىمىغان يەردىن شۇنچە تۈيۇقسىز يۈز بەردىكى، ئۆز ۋۇجۇدۇمدا
تۈيۇقسىز پارتلاپ چىققان ھەرىكەتكە تا ھازىرغىچە ھەيرانمەن. مەن
ئۇنداق بولۇشنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان، مەن قانداقتۇر ئۆز ئېگىمدىن
تاشقىرى بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزاتتىم. ئۇمۇ زا-
دىلا ئويلاپ باقمىغاچقا بۇنىڭغا ھەيران قېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى، ئويۇپ
قالغاندەك، قوللىرىم ئۇنى كۈچ بىلەن قوچاقلىۋالدى، ئۇ چۆچۈپ ئارقىغا
داجىۋىدى، ئاسفالىت يولنىڭ چېتىدىكى قىرغا پۇتلىشىپ كەتكەن بولسا
كېرەك، ئىككىمىز تەڭلا يىقىلىپ چۈشتۇق. ۋۇجۇدۇمدا ھېچقانداق ھا-
ياجان، ھېسسىيات ۋە تۇيغۇلاردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. مېڭەمدە تە-
پەككۇر مەۋجۇت ئەمەستەك قىلاتتى. ئاللىقانداق تۇيغۇلاردا بولۇشنى
ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق، بۇنداق تۇيغۇلار مەندە يوق ئىدى. چاقماق تېز-
لىكىدە بىر خىيال كاللامدىن ئۆتتى ــ دە، دەرھال ئۇنىڭ كۆكسىنى مى-
جىۋالدىم. ئاياللارنىڭ كۆكسىنى مىجىشنىڭمۇ سۆيۈشكە ئوخشاشلا لەز-
زەتلىك بىر ئىش بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاڭلىغان پاراڭلار ئېسىمدىن
ياللىدە قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن سەللا ئاۋۋال
مەندە قىلچىمۇ بۇنداق قىلىش ئويى يوق ئىدى. قوللىرىم بىلەن بىر تۇتام
ئاجايىپ يۇمشاق بىر نەرسىنى مىجىقلىغانلىقىمنى ھېس قىلغانىدىم. چاق-
ماق تېزلىكىدە بولغان بۇ ھەرىكەت ماڭا ھېچقانداق ھاياجان بېرەلمىدى،
پەقەت يۇمشاق بىر تۇتام پاختىنى مىجىۋالغاندەكلا بولدۇم. ھەممىسىنىڭ
ئەنە شۇنچىلىكلا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى، سۆيۈشنىڭمۇ لەۋلەرنىڭ يەنە بىر
ماددىغا تېگىشىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. ئىن-
سانلارنىڭ بەكمۇ بىچارە ئىكەنلىكىنى خىيال قىلدىم. ئۇ چاغدا مېنىڭ

مېڭەم قۇپقۇرۇق ئىدى ، بەلكىم ئۇ خىياللارنى كېيىنچە قىلغاندىمەن ،
بەلكىم بىرەر سائەتتىن كېيىن ، بەلكىم بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئاشۇ
خىياللار كاللامغا كەلگەندۇ ... بىز بىچارىلەرچە ھالدا دائىم شۇنداق ئاد-
دىي بىر ئىشلارنى مۆرەككەپ ، چۈشىنىكسىز خىياللىرىمىز دەستىدىن
مۆرەككەپ ھېس قىلىدىكەنمىز . ئەنە شۇنچىلىك بىر ماددىنىڭ يەنە بىر
ماددىغا تېگىشىشى ۋە سۈركىلىشىنى ، يېتەلمىگەنلىكىمىز ، بەھرىمەن
بولالمىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا روھىمىزدا ( خۇددى ئازابلىق خىياللار ئارقىلىق
يۈرەك كېسىلى پەيدا قىلغاندەك ) كېسەللىك خاراكتېرىگە ئىگە سۆيۈ-
شۈش ۋە جىنسىي ئالاقە تۇيغۇسىنى قايتا توقۇپ چىقىپ ، ئاندىن ئۇنىڭغا
قاتتىق ئىشىنىدىكەنمىز ، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلىشقا تەييار-
تىشكىمۇ رازى بولىدىكەنمىز .

— بىرسى كېلىپ قالىدۇ ، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ . بۇ سۆزنى
ئاڭلاپ ھەيران قالدىم . نەچچە يىللاردىن بېرى روھىي دۇنيايىمدا توقۇپ
چىققان سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ كۆكسىنى مىجىۋېلىش پەيدا قىلالمىغان شې-
رىن تۇيغۇ ئاشۇ سۆز بىلەن تەڭلا مەندە پەيدا بولغانىدى . بەلكىم بۇ
سۆزدىكى بىرقىسىم ھەرپلەرنى ئەر - ئايالىق مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى
بىر سۆزگە ئوخشىتىپ قالغاندىمەن . ئۇ بۇ سۆزنى بوش ئاۋازدا شى-
ۋىرلاپ ئېيتقاچقا ، دەماللىققا ئاڭلاپلا چۈشىنەلمىگەنىدىم ، ئاڭلاش
سەزگۈسىدىكى ئاشۇ كىچىككىنە ئېنىقسىزلىقنىڭ بەرگەن لەززىتىنىڭ
سۆيۈشۈش ۋە كۆكسىنى مىجىۋېلىشتىنمۇ تاتلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ
باقمىغانىكەنمەن . ئاشۇ سۆزنى مەڭگۈ ئاشۇ ئېنىقسىز پېتى ئېسىمدە
ساقلاپ ، مەڭگۈ لەززەتلەنگۈم بار ئىدى ، بىراق ئارقىدىنلا ئۇنىڭ بۇ
سۆزنى باشقىلارنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ، بىزنىڭ « جىنايى » ھەرىكىتى-
مىزنى ، ئەپت - بەشىرىمىزنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قىلغانلىقى-
نى ، بۇ سۆزنىڭ « بىرسى كېلىپ قالمىسۇن » دېگەن سۆزدىن باشقا
نەرسە ئەمەسلىكىنى سېزىپ يەتتىم ، دەسلەپ سېزەلمەي ، تاۋۇشتىكى
ئوخشىشىپ كېتىشكە قاراپ ئۇنى باشقا سۆز دەپ ئويلاپ ھەيران قالغان-
لىقىم ۋە ئارقىدىنلا ئۇنى خاتا ئاڭلىغان تورۇقلۇق يەنە قانداق قىلىپ ئۇ-

نىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلىۋالالىغانلىقىمغا ھەيرانمەن . مەن ئۇنىڭ سۆ-
زىنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالغان چاغدا ئۇ مېنى بىرلا ئىتتىرىۋېتىپ ،
چاڭگىلىمدىن قۇتۇلدى ـ دە ، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىپ يو-
قالدى ...»

تاھىرنىڭ مۇشۇ ئىشلارنى خاتىرىلىگەن چاغدا نېرۋىسى قاتتىق
قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك . ئۇنىڭ ئېڭىدا ئۆزىنىڭ ئاشۇ
كۈنى پەردىگە قىلغان ھەرىكىتى ، ئۇنىڭ پەردە بىلەن ئەركىنىنىڭ خا-
لىدا سۆيۈشكىنىنى كۆرگەن چاغدىكى مەنزىرە ۋە تاھىرنىڭ تۇنجى قې-
تىملىق جىنسىي تەجرىبىسى ئۆز ئارا ئارىلىشىپ كەتكەندى . بەلكىم
ئاشۇ قېتىملىق جىنسىي بىرىكىش ئاسىيە بىلەن بولغان كېيىنكى چاغ-
دىكى بىرىكىشتۇر . خاتىرىنى ئوقۇۋېتىپ بۇنى رەشىدەمۇ پەرق قىلال-
مىدى . تاھىرنىڭ ئېڭىدا بۇ مەنزىرىلەر ئۆز ئارا كىرىشىپ بىر گەۋدىگە
ئايلىنىپ كەتكەندى . بۇ تاھىرنىڭ كېيىنكى رەسىملىرىدە ئەكس ئەت-
كەن ئەڭ مۇھىم ئۇسلۇبلارغا ئوخشاش ئىدى . بەلكىم بۇ خاتىرىنى يې-
زىۋاتقاندا تاھىر روھىي جەھەتتىن تامامەن بەربات بولۇشقا يۈزلەنگەندۇ .
بولمىسا ئۇنىڭ خاتىرىسى بۇنچە قالايمىقانلىشىپ كەتمىگەن بولار ئىدى .
ئۇنىڭ خاتىرىسى يەنە سىمۋوللۇق بېشارەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەندى .

(كېسەل كىشىلەر ئىڭرىماقتا ... چۆچەك دېگىنىمىز كېسەللىك تا-
رىخىدىن ئىبارەت . چۆچەك دېگەننىڭ قانداق ئېيتىلىدىغانلىقى ھەممە
كىشىگە ئايان . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ كىشىلەر چۆچەكلەر ئارقىلىق كېسە-
لىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ . بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ناھايىتى گۈزەل بىر مە-
لىكە بولغانىكەن ... چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن قىزلارنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك گۈزەل بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىسى مەلىكە ، مەلىكى-
لەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل بولىدۇ . بۇرۇنقى زاماندا بىر مەلىكە بار ئىكەن
دېگەن ھامانلا سەن ئۇنى ئىنتايىن گۈزەل ھالدا كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرى-
سەن ھەم ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل بولۇشىغا چىن دىلىڭدىن

ئىشىنىسەن . سەن ئۇنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان
ۋاقتىڭدا ، باشقىلارنىڭمۇ ئۇنى ئىنتايىن گۈزەل ھېس قىلىدىغانلىقىنى
بىلىپ يەتكەنىدىڭ ، باشقا بىھېساب كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ
پىشىپ يۈرگەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرىنىڭ مەشھۇر ئا-
شىقلارغا ئايلىنىپ ، ئۆزلىرىدىن پەخىرلىنىپ يۈرگىنىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن ھەم چۆچۈگەن ھەم ھەيران قالغان ھالدا سەنمۇ غۇۋا بىر پەخىر
ھېس قىلغانىدىڭ . ئۆزۈڭنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈڭنى ئىزھار قىلىپ
يازغان شېئىرلىرىڭنى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ ، خۇددى ئە-
سەبىي ئادەمدەك ئۆزۈڭنىڭ قىلىقسىز ئىشلىرىنى ئالەمگە جاكارلاشتىن
قىلچىمۇ خىجىللىق ھېس قىلمىغانىدىڭ . سەنمۇ ئاخىرى مەشھۇر ئاشىققا
ئايلىنىپ قالدىڭ ، خۇددى مەست بولۇپ قالغان كىشى خىجىللىقنى قاي-
رىپ قويۇپ باشقىلارغا قەلب چۈشەندۈرگەندەك ئۆز ئىشقىڭنى نامايىش
قىلدىڭ . سېنىڭ نەزەرىڭدە ئۇ قىز بەكمۇ گۈزەل ئىدى ، چۈنكى ھەممە
ئادەم ئۇنى گۈزەل دەپ ھېسابلاۋاتسا سېنىڭ گۈزەل ئەمەس دەپ ھې-
سابلاشقا نېمە ھەددىڭ ! سېنىڭ دەسلەپ ئۇنى كۆرگەن چاغدىكى تۇي-
غۇڭ بىلەن ھازىرقىسى پەقەتلا ئوخشىمايدۇ . سەن دەسلەپ كۆرگەن
چاغدىكى ئۇنىڭ چىرايى بىلەن ئۇنىڭ ھازىرقى چىرايىمۇ پەقەتلا ئوخ-
شىمايدۇ . سەن بۇنىڭغا بەكمۇ ھەيران . ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيسەن ،
ئۇنىڭغا نېمىشقا شۇنچە كۆيۈپ قالغانلىقىڭنىمۇ مەڭگۈ چۈشەنمەيسەن ...
ھەي ! ... ئۇنى دەسلەپ نېمىشقا ياراتمىغانلىقىڭنى ، كېيىن نېمىشقا ئۇ-
نىڭغا شۇ قەدەر ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىڭنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەسلىكىڭ
مۇمكىن . دۇنيادا غەلىتە ئىشلار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ ئەنە شۇنچىلىك
ئىشلاردىنمۇ بىر غەلىتىلىكنى ــ ناھايىتى تەبىئىي ، ئادەمنى تېزلا ھەيران
قالدۇرۇپ قويماستىن ئاستا - ئاستا ھەيرانلىق پاتقىقىغا پاتقۇزىدىغان غە-
لىتىلىكنى ھېس قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان چاغلىرىڭمۇ بولىدىكەن .
بۇلارغا ئامالىڭ نېمە ؟ چۈنكى سەن بۇنى قەستەن ياساپ چىقارمىدىڭ -
دە ! سەن ئۇنىڭغا شۇنچە ئاشىق بولۇپ كەتمىگەن بولساڭ ، ئۇنىڭغا
كۆيۈپ پىشىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ سانسىز ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ گۈزەللى-

كىنى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە تەرىپلىشىپ يۈرۈشىدىغانلىقىنى مەڭگۈ بىلمەي ئۆتۈپ كېتىشىڭ مۇمكىن ئىدى.

ئىنسانىيەت سانسىز ئەسىرلەرنى سەرپ قىلىپ ياساپ چىققان ۋېناسىنىڭ ھەيكىلىنى سەن ئون سەككىز يىلنى سەرپ قىلىپلا ياساپ چىقالىدىڭ. سەن ناھايىتى كىچىك چاغلىرىڭدىن تارتىپلا ئاشىق ــ مەشۇقلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئەسەبىيلەرچە بىر خىل مەپتۇنلۇق بىلەن ئوقۇپ كېتەتتىڭ. سەن پۈتكۈل بالىلىقىڭنى ئەنە شۇنداق رىۋايەتلەر ۋە شۇ رىۋايەتلەر پەيدا قىلغان ئەسەبىيلەرچە خام ــ خىياللار ئىچىدە ئۆتكۈزدۈڭ، سېنىڭ بالىلىقىڭ ئاشۇ چۆچەكلەر قوينىدا شەكىللەندى. ناھايىتى كىچىك چاغلىرىڭدىن تارتىپلا سەن ئۆزۈڭنى ئاشۇ ئاشىقلاردەك ھېس قىلىپ، ھەر بىر ھەرىكىتىڭنى ئاشۇ ئاشىقلارنىڭ ئاشىقلىق ئۆلچىمىگە سېلىشتۇراتتىڭ. شۇڭا، سېنىڭ بارلىق بالىلىق ھاياتىڭنى سېنىڭ ئۆزۈڭنىڭ ھاياتى ئەمەس بەلكى ئاشۇ ئاشىق ــ مەشۇقلارنىڭ ھاياتىنىڭ داۋام قىلىنىشى دېيىشكىلا بولاتتى.

مەن ئۇنىڭغا ھاڭۋاقتىنىمچە قاراپ تۇرۇپ قالدىم، يۈرىكىم شىددەت بىلەن سالاتتى. بۇ بىزنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئادەم بەدىنى سىزىش دەرسىمىز ئۆتۈلگەن چاغ ئىدى. چىرايىدىن غەلىتە بىئاراملىق چىقىپ تۇرغان مودېل قىز ماڭا دەسلەپتە سەتلا بىر قىزدەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى، بىراق ئۇ كىيىمىنى تولۇق سېلىۋېتىپ قىپيالىڭاچ بولغان چاغدا بولسا مەندىكى بۇ ھېسسىيات تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى، قىپيالىڭاچ بولۇپ بولغاندىن كېيىن بولسا ئاجايىپ مەۋھۇم، گۈزەل ھەم سىرلىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە قارىغانسېرى ئۇنىڭ بەدىنى مەۋھۇملىشىپ، خۇددى ئاياللارنىڭ تېنى تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە سىرلىق بولۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپمۇ ئۇنى خۇددى پۈتۈن بەدىنىنى تېخىمۇ مەھكەم ئورىۋالغاندەك ھېس قىلدىم، ئۇ ماڭا زادىلا يالىڭاچ تۇيۇلمىدى. ئادەتتىكى كىيىم كىيىپ تۇرغان چاغلىرىدىكىچىلىكمۇ يالىڭاچ تۇيۇلمىدى. ئۇ كىيىمىنى سېلىۋاتقاندا سىنىپ ئىچىنى دەھشەتلىك جىمجىتلىق باسقانىدى.

مەن خۇددى يېنىمدا ئولتۇرغان باشقا ساۋاقداشلىرىمنىڭمۇ يۈرەكلىرىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتىم. سىنىپ ئىچى غەلىتە گۈپۈلدىگەن ئاۋاز بىلەن لىق تولۇپ كېتىپ، ئاشۇ ئاۋازنىڭ دەستىدىن تىنغىلى بولماي قېلىۋاتقاندەك ھەممەيلەننىڭ نەپىسىمىز قىسىلماقتىدى ... مۇئەللىم مەشق باشلىنىشتىن ئاۋۋال بىزگە ئادەم بەدىنىنىڭ رەسساملىقتىكى ئەھمىيىتى ۋە بەدەن گۈزەللىكى توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقاندىلا مەندە ئاشۇ غەلىتە سېزىم باشلانغانىدى. مۇئەللىم يەنە يالىڭاچ بەدەنگە باشقىچە ھېسسىيات بىلەن بېزەڭلىك قىلىپ قاراپ تۇرۇۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ناھايىتى ئەدەبسىزلىك ۋە بىنورماللىقنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بىزگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. بىز بولساق ھەممىمىز تىنىقىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتالماي قالدۇق. كۆزلىرىمىزنى ئاشۇ يالىڭاچ تەندىن زادىلا ئۈزەلمەي قالدۇق. ئەجەبا بىزنىڭ ھەممىمىز بىنورمالمۇ؟ بەلكىم ئاياللارنىڭ كىيىم كىيگىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەر دۇنيادا بار بولسا پەقەت شۇلارلا نورمال ھېسابلىنار. بىزدەك ئاياللارنى كىيىم بىلەنلا كۆرۈپ كەلگەن ئادەملەر خۇددى مەڭگۈ سېلىۋېتىلمەيدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئاشۇ كىيىملەر دەستىدىن نورماللىقتىن مەڭگۈ مەھرۇم بولغاندۇرمىز.

قانداق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالماي قالغان ئايالنىڭ يالىڭاچ تېنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا ياتاتتى، بىراق مەن ئۇنى زادىلا يالىڭاچتەك ھېس قىلالمىدىم. مەن ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ پەرىدەنىڭ يالىڭاچ تېنىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا تىرىشتىم. بىراق، زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. بۇ دۇنيادا پەرىدەنىڭ يالىڭاچ تېنى مەۋجۇت ئەمەستەك، مەڭگۈ مەۋجۇت بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن يەنە سانسىزلىغان يالىڭاچ ئاياللارنى كۆرۈپمۇ پەرىدەنىڭ يالىڭاچ تېنىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم، ئاخىرىدا ئاياللارنىڭ تېنى مەن ئۈچۈن ئەڭ ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان چاغدىمۇ ئۇنىڭ بەدىنىنى يەنىلا شۇنداق سىرلىق ھېس قىلاتتىم. چۈنكى، ئۇ مەن ئۈچۈن سىرى مەڭگۈ يېشىلمەيدىغان مۇقەددەس نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ھەر قانداق

مۇقەددەس نەرسە سىرلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا مۇقەددەس . كۈنلەردىن
بىر كۈنى پەرىدەنىڭ ۋۇجۇدى مەن ئۈچۈن مۇقەددەس بولمايدىغان بو-
لۇپ قالسا ئۇ چاغدا ھەممە نەرسە تۈگىشىدۇ . مېنىڭ ئۇن سەككىز يىل
سەرپ قىلىپ تىكلىگەن مۇقەددەس سەنئىتىم گۇمران بولىدۇ . مېنىڭ
ۋېناسىم پاچاقلىنىپ تاشلىنىدۇ .

يالىڭاچ تەن مەندە چەكسىز بىر خىل پەرىشانلىقنى پەيدا قىلدى ،
بۇ ئاياللارنىڭ تېنىگە قىيماسلىقتىن كېلىپ چىققان پەرىشانلىق ئىدى .
مەن كۆرگەنلىرىمنى ئاياللارنىڭ يالىڭاچ تېنى ئەمەس دەپ بار كۈچۈم
بىلەن ئىنكار قىلىشقا تىرىشاتتىم . ئاياللارنىڭ يالىڭاچ تېنىنىڭ پەقەتلا
شۇنچىلىك بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەن چىدىيالمايتتىم .
ئاخىرى مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق ھۇجەيرىلەر ئالدىمىزدىكى
بۇ غەلىتە نەرسىنىڭ ئاياللارنىڭ ھەقىقىي تېنى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قى-
لىشقا ئۈندىدى . ئىككى سائەتلىك دەھشەتلىك ھاياجان دەستىدىن باش-
لىرىم قاپاقتەك گاراڭ بولغان ھالدا دەرستىن قايتىپ چىقىۋاتقۇچە يول
بويىدا پەرىدەنى كۆرۈپ ئۆزۈمدىكى بۇ ھېسسىياتنى تېخىمۇ مۇقىملاش-
تۇردۇم ... دەرس ۋاقتىدا ماڭا خۇددى پۈتۈن دۇنيا تامامەن بىردىنلا
ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلغانىدى ، سىرتقا چىقىپ ھەممە ئاياللارنىڭ
كىيىم بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ، مېنىڭ خاتىرەمدىكى
مەن ھېلىلا كۆرگەن يالىڭاچ تەن مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىن بارا ـ بارا غا-
يىب بولۇپ ، مەن ئەزەلدىن ئۇنداق بىر نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغاندەك ئاشۇ
يالىڭاچ تەننى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەي قالدىم . ئۇنى ھېلىلا كۆرگەن-
لىكىمگە ئىشىنەلمەي قېلىۋاتاتتىم . مەن يەنىلا ئاياللارنىڭ يالىڭاچ تېنىنى
زادىلا كۆرۈپ باقمىغان چاغدىكى روھىي ھالىتىمگە كېلىپ قالدىم . پە-
رىدەنى كۆرگەندە بولسا يالىڭاچ تەننى كۆرگەن ئاشۇ ئىككى سائەت مې-
نىڭ ھاياتىمدا زادى بولۇپ باقمىغاندەك ، خاتىرەمدىن ئۆچۈپلا كەتكەن-
دەك بولدى . دۇنيا يەنىلا شۇ پېتى ئىدى . بۇ رەھىمسىز رېئاللىق بۇ
دۇنيادا ئاياللارنىڭ يالىڭاچ تېنىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قى-
لىشقا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى . مەن ئۇنىڭدىن كېيىن سانسىز قېتىم ئا-

ياللارنىڭ تېنىنى سىزىۋېتىپمۇ مۇشۇ خىل تۇيغۇدىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم. ئۇچۇ؟ ئۇ ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنىنى كۆرگەن چاغدىمۇ مەندەك تۇيغۇدا بولغانمىدۇ؟ بەلكىم ئۇ پەرىدەنىڭ يالىڭاچ بەدەنلىرىنى سانسىز قېتىم سىزىغاندۇ ... بىراق مېنىڭ نەزەرىمدە ھېچ نەرسە بۇ دۇنيادا ئادەمگە ھەقىقىي يالىڭاچلىق تۇيغۇسى بېرەلمەيدۇ.

پەرىدە گەپ قىلماستىن يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مېنى كۆرگەنلىكى ئېنىق ئىدى. مەن ئەسلىمگە ئەمەس پەقەت بىرلا ئابستراكت ئۇقۇمغا ئايلىنىپ قالغان ئاياللارنىڭ يالىڭاچ تېنىنى ئۇنىڭ گۈزەل ۋۇجۇدى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۇرۇناتتىم، بىراق زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم، پەقەت مەنلا ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدا ۋە پۈتۈن دۇنيادا قىپيالىڭاچ ھېس قىلاتتىم. رەسىم مەشقى ۋاقتىدا ئۇ يەردە يالىڭاچ تۇرۇپ بەرگەن زادى كىم؟ ئۇ زادى بىر يات ئايالمۇ ياكى مەنمۇ؟ مېنىڭ ئەسلىمەمدە بۇ نەرسە غۇۋالىششقا باشلىدى. مەن ئۇ يەردە يالىڭاچ تۇرغۇچىنىڭ بىر ئايال ئىكەنلىكى ياكى مېنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدىم.

ياتاققا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ بىزەڭلىك بىلەن ھېلىقى يالىڭاچ ئايال توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى خۇددى مېنىڭ ئۆزۈمگە قىلىنىۋاتقان ھاقارەتتەكلا تۇيۇلماقتىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا شۇنداق ھېس قىلغىنىمنى مەڭگۈ چۈشەنمەيمەن، بەلكىم مېنىڭ ئېڭىمدىكى ئەڭ مۇقەددەس نەرسىنىڭ — يەنى ئاياللارنىڭ تېنىنىڭ — مېنىڭ ئاشۇ باللىق چاغلىرىمدىكى چۈشلىرىمنىڭ شېرىن جەۋھىرى، ياشلىق چاغلىرىمدىكى ئەسەبىيلىكلىرىمنىڭ ئاچچىق لەززەتلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل پەللىلىرى ئۇلارنىڭ ئاغزىدا ئادەم چىداپ بولغۇسىز دەرىجىدە تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى، مەن ئۈچۈن شۇ قەدەر يۈكسەك نەرسە ئۇلارنىڭ ئاغزىدا كۈلكىلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى، مەن بەلكىم مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى خۇددى دەپسەندە بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلغاندىمەن.

كۆز ئالدىمدىكى غۇۋا ھەم ئابستراكت ئوبرازلار بارا - بارا رو-

شەنلىشىپ، كونكرېتلىششقا باشلىدى. مەن ئۇنى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن تىكىلىپ قارىدىم، بىراق زادىلا ئېنىق كۆرەلمىدىم. مەن ئۇنى ئاسىيە دەپ ئويلىدىم، لېكىن ئۇنىڭ چىرايى توختىماي ئالمىشىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنى ئاسىيە دەپ ئويلاۋەردىم. ئۇ ئالدىمدا قىپيالىڭاچ ياتاتتى. مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدىم. ئۇنى باغرىمغا باستىم. يۈرىكىم قولغا چۈشۈپ قالغان قۇشنىڭ يۈرىكىدەك سالماقتىدى. مەن پۈتۈن دۇنيادىن يۈرەكنىڭ سىلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازنى سەزمەكتىدىم.

بىر نەچچە يىللاردىن كېيىن چۈشۈمدە كۆرگەن ئاشۇ مەنزىرىنى ئويلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. بەدىنىمدىن تەر قۇيۇلماقتىدى. ئۇ بىر تال لۆڭگىنى ئېلىپ تەرلىرىمنى ئېرتتى. مەن ئاياللارنىڭ يالىڭاچ تېنى بىلەن ئۆز تېنىمنىڭ بىۋاستە ئۇچرىششىنى زادىلا باشتىن كەچۈرمەي تۇرۇپ، ئۇنى شۇ قەدەر تولۇق ۋە ئىنچىكە ھېس قىلالىغىنىمغا ھەيران قالغانىدىم.

ئاياللارنىڭ يالىڭاچ تېنىنى كۆرۈش مېنىڭ قەلبىمدىكى ئاياللارنىڭ تېنىنىڭ ئورنىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدى. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە يەنىلا شۇنداق مۇقەددەس ئورنىنى ساقلاپ قېلىۋەردى.

ئاشۇ كۈنى ۋۇجۇدۇم تۇنجى قېتىم چەكسىز ئازادىلىك ھېس قىلدى. ئۆز تېنىمدە يۈز بېرىۋاتقان تۇيغۇلارنى ھەيرانلىق بىلەن تاماشا قىلىپ ئۇنىڭدىن لەززەتلەنمەكتىدىم. بۇنداق تۇيغۇنىڭ تېخىمۇ ئۇزاقراق سوزۇلۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق، ئۇ ناھايىتى تېزلا مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. مېنىڭ ۋۇجۇدۇم يەنىلا بىر خىل سوغۇق تۇيغۇ بىلەن تەنھا قالدى...

مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم ھېلىقى مەن تۇنجى كۆرگەن يالىڭاچ ئايالغا ئوخشاش بىر خىل شەھۋانىي تۇيغۇ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلغان ئاشۇ كۈنى يازنىڭ تىنجىق بىر نامازشام ۋاقتى ئىدى. مەن ئاشۇ كۈنى ئۆزۈمنىڭ بۇنداق تەسەۋۋۇرۇمغا ھەيران قالغانىدىم.

ئۇ بىر نەچچە قىزلار بىلەن بىللە ئوقۇتۇش بىناسىدىن چۈشۈپ بىنا ئالدىدا گازلىق سۇ ۋە توڭلىتىلغان قېتىق ساتىدىغان ئايالنىڭ ئال-

دىغا كېلىپ ئۇلار بىلەن بىللە بىر بوتۇلكىدىن گازلىق سۇ ئىچتى. ئۇ-
نىڭ گازلىق سۇ ئىچىۋاتقان چاغدىكى شۇ ھالىتىنى كۆرۈپ خۇددى ئۇنى
قىپيالىڭاچ ھالدا كۆرگەندەك ۋۇجۇدۇم تىكەنلىشىپ يۈرىكىم قورۇلۇپ
كەتتى. بۇ ئۇنى تۇنجى قېتىم قىپيالىڭاچ ھالەتتە كۆرگەندەك ھېسسىياتقا
كېلىشىم ئىدى؛ بۇ چاغدا ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنىنى كارىۋاتتا بىللە ياتقان
چاغدىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئوچۇق ۋە كونكرېت ھالەتتە كۆرگەندەك
بولغانىدىم. ئادەتتە ئوقۇتۇش بىناسىدا كەچلىك دەرس تەكرارلاش بى-
لەن بولۇۋاتقانلار سەل ئۇسساپ كەتسىلا تۆۋەنگە چۈشۈپ بىردەم ھاۋا
يېگەچ ۋە پاراڭلاشقاچ گازلىق سۇ ئىچىشەتتى. بۇ ئادەتتىكى ئىنتايىن
نورمال ئەھۋال ئىدى، بۇنىڭ جىنسىيەت بىلەن باغلىنىشلىق ھېچ يېرى
يوق ئىدى، گازلىق سۇنى قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىچىشەتتى،
باشقىلارنىڭ ئىچكىنىنى كۆرگەن چېغىمدا ھېچقاچان بۇنداق ھېسسىياتقا
كېلىپ باقمىغانىدىم، پەقەت ئۇنىڭغا نىسبەتەنلا شۇنداق تۇيغۇدا بولۇ-
شۇمغا ئۆزۈممۇ بەكلا ھەيران قالدىم. ئۇ مۇزدەك سوغۇق گازلىق سۇنى
توختىماي بىر ئوتلىۋېتىپ ناھايىتى خۇش ياققان ھالدا ئاۋازلىق چوڭ
تىنىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ئاۋازى ماڭا نېمىلەرنى ئەسلەتتىكىن ــ تاڭ،
مېنى بىردىنلا قاتتىق ھاياجانغا سېلىۋەتتى. بۇ ئاۋازدا ھەم تاتلىق ھايا-
جان ھەم ئازابلىق نالىگە ئوخشاش بىر نەرسە ئۆز ئارا قوشۇلۇپ كەتكە-
نىدى، مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يەنە شۇنداق ئاۋازىنى ئاڭلاشقا
ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنىنى كۆرۈشتىن بەكرەك كۈچلۈك بىر ئىستەك بىلەن
تەشنا بولىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ ئاۋاز ماڭا بەكمۇ تونۇش ئىدى،
بىراق زادى قانداق تونۇش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيتتىم.

كىشىلەر چۆچەكتىكى قىزلارنىڭ بەكمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىغا
ئىككىلەنمەستىنلا ئىشىنىدۇ. چۈنكى، چۆچەك دېگەن چۆچەكتە! ئە-
گەر ئۇ چۆچەك بولمىغان بولسا، ئۇنى بۇنچە گۈزەل ھالدا كۆز ئالدى-
مىزغا كەلتۈرۈش قىيىن ئىدى. سەن بىر قىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە
گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقچى بولساڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋى-
سالىدىن مەڭگۈ مەھرۇم بولۇشۇڭ كېرەك. قېنى سەندە شۇنچىلىك

جۇرئەت بارمۇ ؟ سەن بۇنى بىلىپ يېتەلمىسەڭ مەيلى ، سەن قانچىلىغان
قىزلارنى ئەڭ گۈزەل ھېسابلاپ سۆي ، بىراق ئۇلارنى گۈزەل ھېس قى-
لىشىڭنىڭ سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى گۈزەللىك ئۆلچىمىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن-
لىكىدىن بولغانلىقىنى بىلسەڭ ئىدىڭ ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق گۈزەل ئە-
مەسلىكىنى ، گۈزەللىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى تېخى سىزىپ يېتەل-
مىگەنلىكىڭنى بىلەلەيتتىڭ ، بۇ ئىنسان ئۈچۈن نەقەدەر ئازاب ـ ھە ؟!
سەن كۆڭلۈڭدىكى گۈزەللىك ئۆلچىمىڭنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلى-
كىنى بىلىۋالمىدىڭ ئەمەس بىلىۋالدىڭ ! سەن خاتالىقلارغا بەكمۇ
مەپتۇن ئىدىڭ ، ھاياتتا سېنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغىنى خاتالىشىش —
ئېزىش ئىدى ، سېنىڭ ئېزىشلىرىڭ ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل ، ھەقىقەتەنمۇ
مەردانە ئېزىشلار ئىدى . سەن ئۆزۈڭنىڭ ئېزىۋاتقانلىقىڭنى مەڭگۈ ھېس
قىلماي ئۆتۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىڭ ، گۈزەل مەلىكىنىڭ ئەۋەتكەن
مەكتۇپلىرىدىكى ھەر بىر ھەرپ ئارىسىدا دۇنيانى بىر قېتىم ئايلىنىپ
چىققاندىنمۇ بەتتەررەك سەرسان بولۇپ كېزىپ ، نېمىلەرنىدۇر ئىزدەيت-
تىڭ ، ئىزدىگەن نەرسەڭ ئۆزۈڭگىمۇ ئانچە ئايان ئەمەس ئىدى ، سەن
مەكتۇپتىكى سۆزلەرنى خاتا چۈشىنىشكە جان ـ جەھلىڭ بىلەن تىرى-
شاتتىڭ . بىراق ، ھەرقانچە قىلغىنىڭ بىلەنمۇ خەتتىكى ھەرپلەر ۋە
سۆزلەر ئۆزگىرىپ قالمايتتى ، سەن بولساڭ ئۇنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشات-
تىڭ ، ھەر بىر سۆزنىڭ سەن نېمىنى خالىساڭ شۇ مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان
بولۇشىنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتىڭ ، شۇنداق بولسا ئىدى ، مەيلى
ئۇ خەت مەۋجۇت ئادەم ئەمەس بىرەر ئەرۋاھتىن ياكى بىرەر ئېزىتقۇ
مەۋھۇم نەرسىدىن كەلگەن بولسىمۇ ، سەن يەنىلا مۇرادىڭغا يېتەتتىڭ ،
ۋىسال پەيزىنى سۈرگەندەك بولۇپ ياشىرىپ كېتەتتىڭ ، خۇددى گۆدەك
بالىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك بولاتتىڭ ، ئېرىق بويىغا چىقىۋېلىپ لايدا
قونچاق ياساپ ئوينىغان بولاتتىڭ ، ھەممە دەردنى ئۇنتۇپ كېتەتتىڭ .
بۇ دەل مەلىكىنى ئۇنتۇلۇش ئىدى . سەن قىپيالىڭاچ ھالدا كەڭ كو-
چىلاردا كېزىپ يۈرەلەيتتىڭ ، سەن جەننەتتە ئەقىل مېۋىسى يېيىشتىن
بۇرۇنقى گۆدەك ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالاتتىڭ ، دۇنيا سېنىڭ

جەننىتىنىڭ بولاتتى. بىراق، سەن ھازىر ئاللىقاچان جەننەتتىن ھەيدىلىپ بولغانسەن! ئەقىل مېۋىسى يېگەن ئىكەنسەن، ئەقىل ساڭا جەننەتنى مەڭگۈ ھېس قىلدۇرمايدۇ، سېنىڭ يۇلقۇنۇپ تىپىرلاشلىرىڭ ھامان بىكار! سەن ھەرپلەر ئارىسىدا بۈيۈك سەرگەردانغا ئايلانغان چېغىڭدا تىل بىلەن قاتتىق ئېلىشاتتىڭ، تىل روھىي ئەركىنلىكىنىڭ دۈشمىنى ئىدى. شۇنداقتىمۇ سەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا يۈزلەنگەنىدىڭ. قولۇڭدا نازاكەتلىك گۈزەل مەلىكىدىن كەلگەن خەت بار ئىدى. ئۇ ئەينەكتەك نېپىز يالتىراپ، جۇلالاپ تۇرغان ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ گۈللەر تۈۋىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرىدىن بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى قىپيالىڭاچ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاپئاق ۋە سىلىق كەلگەن بۇ كېلىشكەن بەدەنگە نېپىز جۇلالىق كىيىم تېخىمۇ چىرايلىق رەڭ بېرىپ، قارىغان كىشىنىڭ يۈرىكىنى قورۇپ يۈرەكتىكى قاننى سىرغىتىۋېتەتتى... سەن خەتنى ئوقۇۋېتىپ شۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلدىڭ، بۇ خەتنىڭ دەل ئۇنىڭدىن كەلگەنلىكىگە ئىسپات ئەمەسمۇ؟ ئۆزۈڭگە كەلگەن ھەرقانداق خەتنى مەلىكىدىن كەلگەن مەكتۇپ دەپ ئىشىنىش ھوقۇقۇڭ بار، بۇنىڭغا كىممۇ توسقۇنلۇق قىلالايدىكىن؟! بۇ پۈتۈنلەي ئۆز ھوقۇقۇڭ! ھېچكىممۇ سېنىڭ ئېڭىڭنى كونترول قىلىۋالالمايدۇ. خىيالىڭنى باشقىلارنىڭ كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇشى پۈتۈنلەي ئەخمەقلىق، چۈنكى ئۇ سېنىڭ خىيالىڭ ـ دە، سېنىڭ كۆرگىنىڭ، تۇتقىنىڭ بولماس ئېڭىڭدا ئېقىپ يۈرگەن مەۋھۇم نەرسىنى سەن ئۆزۈڭمۇ كونترول قىلالماي يۈرسەڭ باشقىلار قانداقمۇ كونترول قىلالىسۇن؟ سەن بۇ خەتلەرنى مەلىكىدىن كەلگەن دەپ ئىشىنەلىسەڭلا ئىشىنىۋەر! ئەڭ مۇھىمى سەندە مانا شۇنچىلىك ئىقتىدارنىڭ بار ياكى يوقلۇقى. كىشىلەردە مانا مۇشۇنداق ئىقتىدار بولسىمۇ ئۆزىدىكى بۇ ئىقتىداردىن قورقىدۇ، ئۆزىدە بۇنداق ئىقتىدار بارلىقىنى بىلىشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ رېئاللىقنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتىدۇ. ئۇلارنى نەس باسقىنى باسقان، ئۇلار سەندەك بەختلىك بولالمايدۇ!

مەن ئۇنى ئۇ زادىلا خالىمىغان ھالەتتە سۆيۈشكە تىرىشقانىدىم.

ئۇ بولسا خۇددى تۇتقۇن بولۇۋاتقان قۇشتەك قوينۇمدا تىپىرلىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ پۈتۈنلەي ساراڭلارچە خۇدنى يوقاتقان ھالەتتە ئىكەنلىكىمنى كېيىن ھېس قىلدىم. ئۆزۈمنىڭ قىلغان ئىشىمغا ئۆزۈممۇ ھازىرغىچە ھەيران. ئۇنىڭ زادى قەيەرلىرىگە سۆيگىنىمنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ كۆكسىنى مىجىۋالدىم. بىز يىقىلىپ چۈشتۇق. ئۇ مېنى بار كۈچى بىلەن ئىتتىرەتتى. ئۇ ئاخىر مېنىڭ تەلۋىلەرچە قۇچاقلىشىمدىن قۇتۇلدى ـ دە، يۈگۈرگىنىچە قاراڭغۇلۇق ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى. بەلكىم، ئۇنداق بولمىغاندۇ ... بەلكىم ئۇ ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە ئاستا قەدەملەر بىلەن كېتىپ قالغاندۇ ... قاراڭغۇلۇق قوينىدا، دەرەخلەر ئارىسىدا ئۇلار سۆيۈشۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ بوش ئاۋازلار بىلەن شىۋىرلاشلىرى ۋە كۈلۈشلىرى دەرەخلىك ئارىسىدىن ئەرۋاھلاردەك لەيلەپ چىقاتتى. ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولمايتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن پەقەت ئاپئاق، ئۇزۇن كۆڭلىكىنىلا كۆرگىلى بولاتتى. بۇ كۆڭلەك تۇرۇپلا يىراقتىكى ئۇپۇقنى كۆرسىتىدىغان يوچۇقتەك كۆرۈنەتتى. قاراڭغۇلۇقتا سۇس ۋە كۆكۈش رەڭدە بىلىنەتتى. ناھايىتى سىنچىلاپ قارىمىغاندا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى، شۇنداقتىمۇ بۇ كۆلەڭگىنىڭ ئۇ ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. بەلكىم، ئۇلار بىر ـ بىرىگە خۇددى بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك چاپلاشقان ھالەتتىدۇر. ھەممىدىن ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، مەن بۇنىڭدىن زادىلا ئازاب ھېس قىلمىدىم. خۇددى مارىلاش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغان كېسەل ئادەمگە ئوخشاش ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇش ماڭا قانداقتۇر بىر خىل يىرگىنچلىك ھۇزۇر بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

پەرىدە ئاشۇ كۈنى ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. مەن قاراڭغۇلۇقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان كېپەنگە ئوخشايدىغان ھېلىقى ئاق نەرسىنى دەل ئۇنىڭ ئۆزى دەپ پەرەز قىلدىم، بىر تۇرۇپ ئۇنى يالغۇز بولسا ئىدى دەپ ئويلاپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ يالغۇزلۇقىغا ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتىم. ئۇ يەردە ئۇ راستىنلا يالغۇزدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى گەۋدە ئۇ كۈنى قارامتۇلراق رەختتىن كىيىم كىيىۋالغان بولسا كېرەك، قاراڭغۇلۇق

ئىچىدە زادىلا كۆرۈنمەي قالدى ، مەن شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇ يەردە يالغۇز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدىم . مەن قاتتىق ئازابلىنىشىم كېرەك دەپ ئويلايتتىم ، بىراق زادىلا ئازابلىنالمىدىم . مەن ئازابلىنىشىم كېرەك ! چۈنكى بۇ مەنزىرە مەن ئۈچۈن ئەڭ دەھشەتلىك مەنزىرە ، شۇڭا مەن ئۇنى يالغۇز دەپ ئىشەندىم . قاراڭغۇلۇقتا ئۇ ئۆزى يالغۇز تۇرغاندەك ياكى ئالدىدىكى قارا كۆلەڭگىدىن خېلىلا يىراقتا تۇرغاندەك سېزىلەتتى . ئۇ- نىڭ ئاق كۆڭلىكى دەرەخلەرگە ئىلىشىپ قالغان كىپەندەك كۆرۈنەتتى ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى كۆلەڭگىنى بىردەم - بىردەم كۆرگىلى بولماي قالاتتى - دە ، سەل يىراقتىكى ئاشۇ كۆلەڭگىگە قارىغاندا تېخىمۇ قارىداپ كۆرۈنگەن نەرسىنى ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ ، پەرق قىلالماي قالاتتىم . كۆلەڭگىلەر قاراڭغۇلۇقتا تاتۇقتەك سەت كۆرۈنەتتى . ئۇ بەلكىم مۇشۇ تاتۇقلار ئارىسىدىكى بىر تاتۇقتۇر . ئۇنىڭ ھۆكىرەپ يىغلىغاندا چىقارغان ئاۋازى دەل مېنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى . مەن قانداقتۇر بىر دەھشەتلىك ئازابنى ھېس قىلىشىم كېرەك دەپ ئويلاتتىم ، بىراق تۇيغۇم ۋە تەپەككۇرۇمدا ئالدىمدىكى مەنزىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى . مەن ئۇنى ھاياتلىقتا ماڭا تەۋە ، بىردىنبىر ماڭىلا تەۋە ۋۇجۇد ۋە جان دەپ ئويلايتتىم ، بىراق باشقىلارنىڭ ئۇنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغاندا بولسا گويا بەكمۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك ، ۋۇجۇدۇمدا ئازاب دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەستەك ، لەيلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم . بەلكىم قاراڭغۇلۇقتىكى ئاشۇ گەۋدىلەرنى ئۇلار ئەمەس دەپ ئويلاپ قالغاندىمەن . قاراڭغۇلۇقنىڭ تارتۇقلىرى ... بەلكىم مەنمۇ ئاشۇ تاتۇقلارنىڭ بىرىدۇرمەن . مېنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ھېسسىياتىم ئۇنىڭ ھۆكىرەپ يىغلىشىغا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ ھۆكىرەپ يىغلىغان ئاۋازىدىنمۇ ئاشۇ چاغدىكىدەك بىر قۇپقۇرۇقلۇق ، بوشلۇقنى سېزىپ يەتتىم . مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش يەككە - يېگانە ھالدا ئاستا كېتىپ قالغانىدىم ، بىراق ھۆكىرەپ يىغلىمىغانىدىم . نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ھۆكىرەپ يىغلىغان ئاۋازىنى يەنە بىردەم ئاڭلىغۇم بار ئىدى ، ئاشۇ ئاۋاز ئىچىدە ئۆزۈمگە كېرەكلىك بولغان بەكمۇ شېرىن بىر نەرسە باردەك

هېس قىلغانىدىم ، بىراق ئۇ كېتىپ قالدى . ئاشۇ ھالەتلەرنى پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە كىشىلەرنىڭ كۆرگەن بولۇشىنى ئارزۇ قىلغاندەك ئەتراپقا قارىدىم ، ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى ، نېمە ئامالىڭ ، كىشىلەردىن يوشۇرۇشقا تىرىشقان سىرلىرىڭ بىردەمدىلا پۇر كېتىدۇ ، باشقىلارنىڭ كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلساڭ ھېچ كىشى يوق بولۇپ چىقىدۇ ، دۇنيا ئادەمسىز ، چۆلدەردەپ قالغاندەك سېزىسەن . ۋېناسىنىڭ تولغان ، بۇدرۇقىنە قىپيالىڭاچ ( گەجدىن ياسالغان ) كۆكسىنى قەدىمكى زامان ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى كۆرگەن ، بىراق ئۇ گەجدىن ياسالغان . سەن ئۇنداق ئەمەس دېيەلەمسەن ، ئۇنىڭ گەجدىن ياسالغانلىقىنى ئىنكار قىلالامسەن ؟ ئىنكار قىلىشقا تىرىششقا پېتىنالامسەن ؟ سەن ئۇنى دەلمۇ دەل ئون سەككىز يىل سەرپ قىلىپ ياساپ چىقتىڭ ، بىر ئايالنىڭ روھىڭدىكى ئوبرازىنى ئەڭ مۇكەممەل قىياپەتكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئون سەككىز يىل كەتتى . سەن ئۇنى پايانسىز مەۋھۇملۇق قوينىدىن مەۋجۇتلۇققا قاراپ ئون سەككىز يىل سۆرىدىڭ . ئىنسانلار ئۆز سۆيگۈ ھېسسىياتىنى ماددىغا ئايلاندۇرۇشقا ئەنە شۇنداق ئەسەبىيلەرچە ، خۇددى جىن تەگكەندەك تىرىشتى . سەن ھەيكەلنى ھەقىقىي ئايال بىلەن خىيالىي ئايالنىڭ بىرلەشمىسى دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدىڭ ... ياق ئۇنى ھەقىقىي مەۋجۇدىيەتكە ئايلاندى دەپ ئويلىغانىدىڭ ، بىراق ئۇنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇدىيەتكە ئايلىنىپ كەتسە قانداق ئاقىۋەتلەر پەيدا بولۇشىنى زېرىكىپ قالغان چاغلىرىڭدا ھەممە خىيالنى قىلىشقا ۋاقتىڭ يېتىپ ئېشىپ قالغۇدەك تۇرسىمۇ ئويلاپ قويمىدىڭ . ۋېناسىنىڭ ئوبرازىنىڭ ساڭا نېمىشقا شۇنچە تونۇشلۇق ئىكەنلىكىگە ھەيران قالاتتىڭ ، چۈنكى تۇغۇلۇشۇڭدىن تارتىپلا ئۇنى ياساشقا باشلىغانلىقىڭنى بىلمەيتتىڭ . خۇددى كېسەلدىن قۇتۇلالمىغاندەك قانداقتۇر بىر تۇيغۇنىڭ سەن خالىمىساڭمۇ كېسەلگە ئوخشاش ئۆزۈڭگە چاپلىشىۋېلىپ ئارام بەرگۈزمىگىنىنى ، بىراق ئون سەككىز يىل ئەمدىلا لايدىن ياسىلىپ ، تېخى ئىلاھىي نەپەس پۈۋلەپ كىرگۈزۈلمىگەن ئادەملەردەك مەقسەتسىز ، ئاڭسىز ھالدا قىمىرلاپ ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەيتتىڭ . ۋېناسىنىڭ ئاجايىپ سىرلىق ۋە غەلىتە ، بىراق دۇنيادىكى ئەڭ

ئاددىي نەرسىدەك كۆرۈنىدىغان ھەيكىلى ئالدىڭدا مەغرۇرانە گۈزەل قىد-
ياپەت بىلەن قىپيالىڭاچ بولسىمۇ كىيىم كىيىۋالغان چاغلىرىدىنمۇ نەچچە
ھەسسە غۇۋا ھالدا ، غۇۋا بىر چۈشتىكى دەقىقە ئارىلىقىدا يالتىدە ئۆ-
تۈپ كەتكەن مەنزىرىدەك تۇتۇق ھالەتتە پەيدا بولغىنىدا نىمە قىلىشنى
بىلمەي ئالاقزادە بولۇپ كەتتىڭ . ئاشۇ ھەيكەل تېنىڭگە ئىلاھىي نە-
پەسنى پۈۋلەپ كىرگۈزگەندەك ، ئۆزۈڭدە ( ئۆز تېنىڭدە ) بۇنىڭدىن
بۇرۇن بولۇپ باقمىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ( ئۆزۈڭنىڭ
بارلىققا كەلگەنلىكىڭنى ) كېيىنچە ھېس قىلىپ يەتتىڭ . بۇرۇنقى ھايا-
تىڭ بىردىنلا غۇۋالىشىپ كۆز ئالدىڭدىن مەڭگۈلۈك يىتتى . ئۆزۈڭنىڭ
ئون سەككىز يىلدىن بۇيان قانداق ياشاپ كەلگەنلىكىڭنى ، قانداق كە-
چۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىڭنى ، ھەتتا كەچۈرمىشلىرىڭدىكى
بارلىق مەنزىرىلەرنى بۇرۇن ياشاپ باقمىغاندەكلا ، ئەزەلدىن يوقتەكلا
ھېس قىلدىڭ . ۋاقىت دېگەن نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى سېزىپ
يەتتىڭ . ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچ نەرسە بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ باقمى-
غانىدى . ھەممە نەرسە ئەمدىلا باشلانغانىدى . كۆزلىرىڭ كۆرۈشكە باش-
لىغانىدى . قۇلىقىڭ ئاڭلاشقا باشلىغانىدى . بارلىق سەزگۈلىرىڭ ئەمدىلا
بارلىققا كەلگەنىدى . سەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىڭ . ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ
قالغانىدىڭ . ئالتە ئوغرى [1] سېنى پۈتۈنلەي ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانى-
دى . ئالتە ئوغرى سېنى تامامەن بۇلىغانىدى . ئالتە ئوغرى سېنى قار-
غىش تەگكەن رەزىل دۇنيانى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىماقتىدى . دۇنيا ،
رېئاللىق خۇددى كېسەلگە ئوخشاش ئالتە سەزگۈ ( ئالتە ئوغرى ) ئارقى-
لىق سېنىڭ روھىڭغا باستۇرۇپ كىرىپ كېسەللىككە ئوخشاش ئۆز پاس-
كىنىلىقى ( گۇناھ ) بىلەن روھىڭنى بۇلغىماقتىدى . سەن كۆزلىرىڭنى
چىڭ يۇماتتىڭ ، قۇلىقىڭنى بارلىق سادالاردىن ئېلىپ قاچاتتىڭ ، سەز-
گۈلىرىڭنى گۇناھلىق دۇنيادىن دالدىغا ئالاتتىڭ . ۋېناس ... ئايال ...

---

① ئالتە ئوغرى — بۇددا دىنىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ ، بۇددا دىنىدا ئادەمنىڭ تېنىدىكى
كۆز ، قۇلاق ، تىل ، بۇرۇن ، مېڭە ۋە تەندىن ئىبارەت ئالتە ئەزا ئادەمنى دائىم ئازدۇرىدۇ ،
بۇلار بۇتكۈل جىنايەتنىڭ مەنبەئى دەپ قارىلىدۇ .

سەن قاتتىق ۋەھىمىگە چۆمدۈڭ . ئۆزۈڭگە چۈشىنىكسىز بولغان بىر خىل ئىقتىدارنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا لۆمشۈپ ، بارا ـ بارا ئۆز كەشلەۋاتقانلىقىنى سېزىپ يەتتىڭ . ئۆزۈڭنى تۇگەشكەندەك ھېس قىلاتتىڭ . بىراق ، تۇگەشمەستىن بەلكى ئەمدى بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىڭنىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر ئىدىڭ . سەندە بۇرۇن سەن ھېس قىلىپ باقمىغان بىر نەرسە پەيدا بولغانىدى . رېئاللىق ، ھايات نېمە ئۈچۈندۇر كۆز ئالدىڭدا جانلىنىپ كەتتى . دۇنيادا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرىڭنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلاتتىڭ . بۇ ئىشلار گۇناھ ئىدى . قىلمىسا بولمايدىغان مۇقەددەس گۇناھ ئىدى . نېمە ئامالىڭ ؟ سەن ئاشۇ ئىشلارنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن ھامان ، ئۇ ئىشلار ساڭا ئەڭ شېرىن ئىش بولۇپ تۇيۇلىدىكەن . بۇرۇن قانداق ياشاپ كەلگەنلىكىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم . كىم بىلىدۇ ، بەلكىم بۇرۇن ياشىمىغاندىمەن ، بەلكىم بۇرۇن تامامەن مەۋجۇت ئەمەس بولغىيدىم . مەۋجۇت ئىكەنلىكىمنى سېزىش ئارىلىقىدىكى ( دەقىقە ئارىلىقىدىكى ) خامۇشلۇقنى ياكى ئەڭ دەھشەتلىك مەستلىكنى ئەڭ بولمىغاندا ھوشسىزلىقنى ياشىدىم دەپ ئويلىغاندىمەن ، مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىم دەپ ھېس قىلغاندىمەن .

رەھىمسىز دۇنيا ! ... مەن مانا بۈگۈنلا دۇنيانىڭ قانچىلىك دەرىجىدە رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى تامامەن چۈشىنىپ يەتتىم ... ياق ، بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئۆزۈمنى ئەيىبلاشلا كۇپايە ... چۈنكى مەن ئۆز سەزگۈمگە ئالدىنىپ ... ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەلەپ قىپتىمەن . سانسىز ھاياجانلىنىشلار ... سانسىز ئۈمىدلەر پەقەت ئۆز نېرۋام ... ئۆز سەزگۈلىرىم پەيدا قىلغان خىيالىي نەرسىلەر ئۈچۈن زايا بوپتۇ ... بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىقىم ... بۈگۈن ، مانا بۈگۈنلا ھەممىنىڭ قۇپقۇرۇق بوشلۇق ئىكەنلىكىنى ، دۇنيادا ئۆزۈمنىڭ يەككە ـ يېگانە بىر كىشى ئىكەنلىكىمنى ، دۇنيادا پۈتۈن رېئاللىقتا مەندىن باشقا ھېچ نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ... ياق ... ئۆزۈمنىڭمۇ ئەسلا مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم . بۇ نەقەدەر كېچىكىپ ھېس قىلىش ـ ھە ! ئەگەر بۇرۇنلا

بىلگەن بولسام ھەرگىزمۇ ئاللىنېمىلەرگىدۇر پالاقلاپ يۈرمەيتتىم . نېمە-لەرنىڭدۇر غېمىنى يەپ ، خىياللارغا مەپتۇن بولۇپ يۈرمەيتتىم . ئىشقى-لىپ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولماسلىقنىڭ ئاماللىرىنىلا ئويلايتتىم . پەقەت شۇ-نىڭ ئۈچۈنلا پالاقلىغان بولاتتىم ... ھە راست ... مەن مەۋجۇت ئەمەس-مەن ... مەن شۇنداقتىمۇ يوقىلىشىم كېرەك . مەۋجۇت ئەمەس تۇرۇپ يەنە يوقىلىشقا ئۇرۇنۇش بەلكىم بۇمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىر بىمەنىلىكتۇر . بى-مەنىلىك پۈتۈنلەي مۇمكىنسىزلىك بىلەن تولغان ، شۇڭا ئۇنداق بولال-شىم مۇمكىن ئەمەس . ئاشۇ ئارزۇيۇمغا يېتىشىم بىلەن يېتەلمەسلىكىممۇ بىر - بىرىدىن قىلچە پەرقسىز . ئەگەر ئۆلۈۋالسام بۇ ئۇسۇل تېخىمۇ ساراڭلىق بولىدۇ . مېنىڭ سەزگۈلىرىم بىر ھازا ئۆزۈم پەيدا قىلغان ئازابلىنىشلارنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ . كىم بىلىدۇ ، سەزگۈلىرىم يەنە باشقا بىر تەننى پەيدا قىلىپ ، مەندىن يەنە بىرنى ۋۇ-جۇدقا كەلتۈرسە ئۇ ھالدا نېمە قىلغۇلۇق ... ئەگەر مەن ئۆلسەم سەزگۈ-لىرىممۇ ئۆلسە ئىدى . ئۇ چاغدا دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىدىغان ئادەم قالمايتتى .

مەن ھازىر ئازابلىنىۋاتقىنىم يوق . چۈنكى ، ئازابمۇ بىھۇدە ! مەن ئالىقاچان ئازابلىنىشنى خالىسام ئازابلىنىپ ، ئازابلىنىشنى خالىمىسام ئازابلانماسلىقنى ئۆگىنىۋالدىم . بۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىختىيارىم . بى-كاردىن ھەسرەتلىنىك خىيال قىلىشىمنى توختىتالماسلا بولمىدىمۇ ... ئۆزۈم خىيال قىلسام ئۆزۈم ئازابلىنىمەن . ئۇنداقتا يەنە نېمىشقا خىيال قىلىدى-كەنمەن . ئازابلانماسلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى مۇنداق . . .

لا ... لا ... لا ... لا ... لا ... لا ...

دەسلەپتە دائىم ئاشۇلارنىلا بوش ۋارقىراپ يۈرۈشنى ئۆگىنىش خېلى خوپ تەسكە چۈشتى . چۈنكى ، ھەر قانچە قالايمىقان ۋارقىراي دېسەممۇ ئۇ بۇرۇن ئېسىمدە قالغان ئاھاڭلارغا چۈشۈۋېلىپ ياكى بىر خىل رېتىم پەيدا قىلىۋېلىپ خاپا قىلدى . قالايمىقان توۋلىماق تەس ئى-كەن . ئەمدى چوقۇم قالايمىقان توۋلايمەن ... چوقۇم توۋلىيالايمەن ...

شۇندىلا ئۇ بۇرۇنقى ئاھاڭلارغا ئوخشاپ قالمايدۇ ـ دە ، ئاللىقانداق ئەس-
لىمە ۋە ناخشا تېكىستلىرى توغرىسىدىكى خىياللارنىڭ كاللامدىن ئۆتۈ-
شىگە يول قويمايدۇ ... شۇنىڭ بىلەن خىيال ۋە سەزگۈلەردىن قۇتۇل-
مەن . ھەي ئېست ! ... مەن خىيال قىلمايدىغان بولغانىدىم ئەمەسمۇ ،
دۈتىلۈكۈمنى قاراڭلار ... تېخى يولدىن ئويۇنچۇق تېپىۋېلىپ خۇشال بو-
لۇپ كەتكەن ساراڭدەك بىر ھازا ئۆزۈمگە سۆزلەپ كەتكىنىمنى قارىما-
دىغان ...

لا ... لا ... لا ... لا ...
لا ... لا ... لا ...لا ...
لا ... لا ... لا ... لا ...

ھەي بۇ ئۇسۇلمۇ ئاقمايدىغان بولدى ... ھېلىقى قىز ... ئارتىس
ئىدى ئەمەسمۇ ... ياق ... بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ سەزگۈلىرىم پەيدا
قىلغان نەرسە ... ئۇ مەۋجۇت ئەمەس . بولدىلا ... خىيال قىلماي ... بىراق
لا ... لا ... لا ... دېسەم خىيالىم ناخشا ، ناخشىچى ... ناخشىچى قىز دېگەن-
لەرگە كېتىپ قېلىپ ئۇنى خىيالىمغا يەتكۈزۈپ قويۇۋاتىدۇ .
قانداق قىلغاندا خىيال قىلىشتىن تامامەن قۇتۇلۇپ مېڭىنى پۈ-
تۈنلەي ساپ ھالەتكە كەلتۈرگىلى بولار ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن يەتتە ـ سەك-
كىز كۈن تاماق يېمەي بۇ دۇنيانىڭ بۇلغىنىشىدىن پاكلانسامچۇ ؟ ساكيا-
مۇنى ئەنە شۇنداق قىلىش ئارقىلىق نىرۋاناغا يەتكەن . مېڭەڭ قاتتىق
ئاچلىق دەستىدىن ھالسىراپ ھېچ نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بو-
لۇپ قالغان ئاشۇ چاغ بەلكىم دەل ئاشۇ ساكيامۇنى ئېيتقان نىرۋانامىدۇ ؟
ساكيامۇنى دەل مۇشۇنداق ئۇنۇمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەپتىلەپ تاماق
يېمىگەنمىدۇ ؟ ئۆز بەدىنىنى ئۆزى خاراب قىلىش ئادەم ئۈچۈن لەززەتلىك
بىر ئىش بولسا كېرەك ، بىراق مەن ئۇنىڭ ھاياجانلىرىغا بەرداشلىق بې-
رەلمەي قېلىشىمدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن . ھېچقانداق مەنىسى يوق « لا »
دېگەن تاۋۇشنىڭ قاتار ئېيتىلىشى سىنى ھەممىدىن قۇتۇلدۇرۇپ
قالالايدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق . ئۇ ھېچنېمە ئەمەس .

بىراق ، ئۇنىڭ مەلۇم بىر رىتىمغا چۈشۈپ قىلىشىدىن ، مەلۇم بىر ناخشىـ
نىڭ ئاھاڭىنى ئىپادىلەپ قىلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك . مېڭەڭنىڭ قاتـ
تىق ئاغرىق دەستىدىن « زىڭ ... زىڭ » قىلىپ چىقارغان ئاۋازىغا قۇلاق
سالغاندەك ، زېھنىڭنى ئاشۇ مەنىسىز ئىككىلا تاۋۇشقا مەركەزلەشتۈرسەڭ ،
سەن ئۈچۈن ھېچ نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ . ئالىقىنىڭنى ئېچىپ ، قوـ
لۇڭنى يۈزۈڭگە ئۇدۇل قىلىپ ، پۈتۈن دۇنيانىڭ ، رېئاللىقنىڭ ھۇجۇمىغا
قالقان قىلغاندەك ئالدىڭغا تىكلەپ ، ھېچنېمىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن
كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ ، ئاشۇ ھەرپلەرنى تىنماستىن تەكرارلاپ تۇرساڭ ،
گۇناھكار دۇنيادىن ئۆزۈڭنى چەتكە ئالالايسەن . دۇنيادا سەن ئۈـ
چۈن « ل » بىلەن « ئا » دىن ئىبارەت ئىككى تاۋۇشنىڭ بىرىكىشىدىن
باشقا ھېچ نەرسە يوقتەك ئولتۇرساڭ ، ھېچ نەرسىنى خىيال قىلماسلىق
ئارزۇيۇڭغا يېتەلەيسەن . چۈنكى ، مېڭە بىر دەقىقىمۇ تەپەككۇردىن توخـ
تىمايدۇ . تەپەككۇرنى بىرلا ئاشۇ تاۋۇشلارغا يىغىنچاقلىۋالساڭ تەپەكـ
كۇرۇڭنى توختىتىۋالغان ، قاتۇرۇۋالغاندەك بولىسەن . « لا لا لا لا... لا ...
لا ... »

مەن تەپەككۇرۇمنى ئۆلتۈرۈپ ماددىي دۇنيانىڭ ئاسارىتىدىن
قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر مەزگىل جاھىل بۇددىستلاردەك رەھىمسىز مەشقـ
لەرنى ئېلىپ باردىم ، بىراق ماددىلارنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن زادىلا قۇتۇلالـ
مىدىم .

مەن كۆڭلۈمدە ھەممە نەرسىنى كەچۈرۈۋەتتىم ، پەرىدەنىڭ مېنى
« ھازىر مۇھەببەت باغلىمايمەن » دەپ قويۇش ئارقىلىق رەت قىلىپ
ئەركىن بىلەن يۈرۈۋېلىشىنىمۇ كەچۈرۈۋەتتىم ، رەشىدەنىڭ بىردىنلا پەـ
رىدە بىلەن دوست بولۇپ كېتىپ ماڭا دائىم زەھەرخەندىلىك بىلەن تەنە
گەپ قىلىدىغان بولۇۋالغانلىقىنىمۇ كەچۈرۈۋەتتىم ، بىراق ئەركىننىڭ
ئۇنى خۇددى زادىلا ياخشى كۆرمەيدىغاندەك « ئۇ دېگەن بىر شاپاقچى »
دەپ قويۇپ يەنە ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈۋېلىشىنى زادىلا ئىدىيەمدىن ئۆتكۈـ
زەلمىدىم . ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى كولدۇرلاتقانىدى . پەرىدە خۇددى
ئەركىندىن باشقا بىرسىنى سۆيۈشى مۇمكىن ئەمەستەك گەپلەرنى قىلىپ

يۈردۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ دۇنيادىكى مەندىن باشقا ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئادەمنى قۇرتتۇەتكۈدەك ھېلىقى قاغجىراق شەھۋانىي كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ مۇئامىلە قىلىدۇ.

مۇزدەك سوغۇق شامال مەستلىكتىن قىزىپ كەتكەن مېڭەمنى سەگەكلەشتۈردى. مەن ئاستا كۆزۈمنى ئاچسام ئولتۇرۇش تېخىچە داۋاملاشماقتىدى. ئەركىن ئاشۇ ئولتۇرۇشتا پەرىدەنى زادىلا تانسىغا تارتمىدى، مەن ئۇنىڭ قەستەن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. ئۇ پۈتۈن ئولتۇرۇش جەريانىدا مەندىنمۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يۈردى، ھاراق ماڭا كەلگەندە بولسا ئۇ ھاراقنى ماڭا قارىمايلا تەڭلەيتتى.

ئاشۇ مۇزدەك سەھەردە مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى خۇددى ماتەم كۈيىدەك ئېچىنىشلىق ئاڭلىناتتى. كېچىچە قىلىنغان ئولتۇرۇشتىن ھەمەيلەن چارچىغاندەك قىلاتتى، مەن پەرىدەنىڭ دۈمبىسىگە يېيىلدۇرۇۋالغان چاچلىرىغا كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتىم.

«لەۋلىرى خېلىلا ئۇماق ئىكەن. شۇڭا، سۆيۈپ قويدۇم» دېگەنىدى ئەركىن. كۆكسىنى تۇتۇپ باقسام ... ھۆق ... ساپلا ئۇپا سۈركىۋاپتۇ ...

پەرىدەنىڭ ۋۇجۇدى كىچىك باللارغىلا ئوخشايتتى. ئامراقلىق قىلىپ ئەركىلەتكۈدەك كېلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېسسىياتتا بولۇش گۇناھدەك ھېس قىلاتتىڭ. ئۇ ئۇنى سۆيدى. ئۇنىڭ ھېلىقى تولۇپ تۇرغان، كىچىككىنە غۇنچىدەك ئوماق لەۋلىرىگە، ھەر دائىم ئىككى بارمىقى بىلەن چۆرىسىگە باغلاپ كەتكەن گەزلەرنى ئېرتىپ تۇرىدىغان لەۋلىرى بىلەن ... ئۇ ئوماققىنە كۈلۈپ تۇراتتى ... ئۇنىڭ لەۋلىرى كۈلۈمسىرەش ئۈچۈنلا ... بۇ دۇنيادا ئاجايىپ سەبىي ۋە ئوماق كۈلكىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك ... سۆيۈش ... ئۇنىڭ لەۋلىرى. گەز باغلىغان قانسىز، سوغۇق، ئۆلۈك ... سەت گەپ قىلىش ئۈچۈنلا يارىتىلغان لەۋلەر ...

رەشىدەنىڭ بەدىنىگە چىڭ كەلگەن، يېڭى بوغما خۇرۇم چاپىنى — قىزغۇچ خۇرۇم چاپان — تىكىلىشىدىنلا مەيدىسى كەڭرەك

تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆكسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، قانچىلىك ئىكەنلىكىنى پەرق قىلىش قىيىن ئىدى. ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن گىدىيىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرى ماڭا دۈشمەنلىك بىلەن تىكىلگەن. مېنىڭ چىرايىمدىن قانداقتۇر بىر كېسەللىك ئالامىتىنى بايقىۋالغاندەك گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ھالدا شۇنداق دېدى:

— نېمانچە ھەممىڭلار ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، تۇشمۇ تۇشتىن تەلەپ قويۇپ كەتتىڭلار؟ مەن ئۇنىڭ «تەلەپ قويۇش» دېگەن ئاتالغۇسىنى ئىلاجىسىز چۈشىنىشكە مەجبۇر بولدۇم. بىراق ئۈندىمىدىم. نېملا دېگەن بىلەن قىزلار بىلەن مۇھەببەت توغرۇلۇق پاراڭلىشىش كۆڭۈللۈك ئىدى، بەلكىم ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ بىرەر نەرسىنى ئاشكارىلاپ قويۇشنى ھەم پەردىنىڭ قەلبىدىكى ئۆز ئورنۇمنى سېزىۋېلىشنى ئويلىغاندىمەن. ئۇنىڭ ئۇ توغرۇلۇق كۆپلەپ پاراڭ قىلىشنى خالاپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ گېپى كاللامغا كىرمىگەنىدى.

— نېمە دېدىڭ؟ — بۇ مېنىڭ سۆزۈم. ئەركىن باياتىن دېگەن سۆزنى تەكرارلىدى:

— سەت نېمە جۇمۇ ئۇ. لەۋلىرى خېلى ئوماق ئىكەن سۆيۈپ قويدۇم. ئۇ دېگەن بىر جالاپ.

سۆيۈش — بىر - بىرىگە تېگىشكەن لەۋلەر — لەۋلەر ئارقىلىق ئىككى روھىي ئالەمنىڭ ئۇچرىشىشى — بۇ مۇمكىن ئەمەس!

— جالاپ بولسىمۇ، خوتۇن دېگەن چىرايلىق بولمىسا بولمايدۇ. كوچىدا ماڭدامدا بىر گۈزەل ئاياللار ئۇچراپ تۇرسا ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئايالىڭغا مېنىڭ ئابالىم دەپ قاراش نېمە دېگەن ئازاب! — دېدىم مەن، «جالاپ بولسىمۇ چىرايلىق بولسىلا خوتۇن قىلىۋېرىمەن». ياق بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى مەن دېمىدىم. مېنىڭ دېگەنلىرىم بۇنچىۋالا مۇكەممەل سۆز بولۇشى ناتايىن، بەلكىم ئاخىرىدىكى سۆزنى دېمىگەندىمەن. پەقەت دېيىشنى خىيال قىلىپ يەنە ئىچىمگە يۇتۇۋەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن. «جالاپ» نېمە دېگەن گۈزەل، نېمە دېگەن يېقىملىق سۆز — ھە! «جالاپ» دېگەن سۆز كىمگىمۇ سەت گەپ بولۇپ تۇيۇلسۇن؟!

ھەممە ئادەم ئۇنى سەت گەپ ئورنىدا ئىشلەتسىمۇ ناھايىتى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ، كۈچلۈك بىر ھەۋەس بىلەن خۇددى ئاياللارنى ئەركىلەتكەن سۆزدەكلا ئىشلىتىدۇ ھەم ئۆز ئاغزىدىن چىقىرىپ ئۆزى ھۇزۇرلىنىدۇ. مەن نېمىشقىدۇر بىر كىمنىڭ بىرەر ئايالنى جالاپ دەپ تىللاۋاتقىنىنى ئاڭلىغان ھامانلا گەرچە ئۇلار تىللاۋاتقان ئايالنى كۆرۈپ باقمىغان بولسامۇ، ئەڭ گۈزەل ئاياللارنىڭ قىياپىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. ئۆمرۈمدە مېنى تاڭ قالدۇرغان، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئۇيات ھېس قىلدۇرغان مەھەللىمىزدىكى گۈزەل ئاياللار، ئوقۇتقۇچىلىرىم ۋە دادامنىڭ خىزمەتداشلىرى ... ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ ئەڭ گۈزەل يەرلىرىنى كۆرۈش كىشىگە ئۇيات ھېس قىلىش ئېلىپ كېلەتتى. « جالاپ » دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھامان يادىمغا شۇلار كېلەتتى. « جالاپ » دېگەن ئاشۇ سۆزنى ئەڭ دەسلەپ قەيەردە ئاڭلىغان بولغىيدىم؟ « ئەجەب پەس جالاپكىنا ئۇ » دېدى قوشنىمىز ئانامغا دادامنىڭ بىر ئايال خىزمەتدىشى توغرىلىق توختىلىپ، بىردىنلا چەكچەيگىنىمچە بۇ يەردىكى ئاياللارغا قاراپ قالدىم. يۈزلىرىم نېمىشقىدۇر ئوت ئالغاندەك قىزىپ كەتتى. دادام بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان بۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى قىپيالىڭاچ ھالدا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرگەندەك تۇيۇلاتتى. يېزىدىكى ئاياللار بۇنداق يۈرمەيتتى، ھەممىسى يوپكىلىرىنىڭ ئىچىگە ئىشتان كىيەۋالاتتى. مەن ئۇلارغا تارتىنىش ۋە ھودۇقۇش ئىچىدە لەپپىدە قاراپ قويۇپ يەرگە قاراۋالدىم. يېشى سەل چوڭراق بىر ئايال كېلىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ مېنى ئەركىلەتتى. مەن ئىزچىل ھالدا يەرگە قاراپ تۇراتتىم. كۆرۈش دائىرەمنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ يالىڭاچ پۇتلىرى بار ئىدى.

« ھوشەۋا جالاپ! » ئۇ شۇنداق دەپ ئىنەكنىڭ ساغرىسىغا بىرنى سالدى. ئۇنىڭ قولى « پاق » قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ ئىنەكنىڭ پارقىراپ تۇرغان قىزغۇچ تۈكلۈك ئېتىگە تەگدى. يەنە بىر قولى كالىنىڭ يېلىنىدا ئىدى. كالا ئېرىنچەكلىك بىلەن بىر پۇتىنى بىر نەچچە سانتىمېتىر يۆتكىدى، شۇنىڭ بىلەن سۈت سىرغىپ چۈشۈۋاتقان سۈت چېلەكنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلدى. كىشىلەر « جالاپ »

دېگەن سۆزنى سەت تىللىغان مەنىدە ئىشلىتىدۇ ، ئۇ بۇ ئىنەكنى دائىم
دېگۈدەك شۇنداق تىللاپ قويسا كېرەك . بۇ سۆزدىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ
سۈتلۈك ئىنىكىگە قانچىلىك مەپتۇن ئىكەنلىكىنى ، ئۇنى خۇددى ئۆزىنىڭ
بالىسىدەك ئەركىلىتىۋاتقانلىقىنى ، « جالاپ » دېگەن سۆزنى سۆيۈنۈپ
تۇرۇپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇ سۆز
كىشىگە سۆزلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ يېقىملىق ، كىشىنى ئەڭ هايا-
جانلاندۇرىدىغان سۆزدەك ئاڭلىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ۋېناسىنىڭ بۇدرۇق-
قىنە كۆكسىگە ۋە تولغان ساغرىلىرىغا قاراپ چىن دىلىڭدىن سۆ-
يۈنۈپ تۇرۇپ ئىچىڭدە « جالاپ » دەپ پىچىرلايسەن . ئۇنى پۈتۈنلەيلا
جالاپ دېگەن ئاشۇ سۆيۈملۈك نام بىلەن ئاتاش نەقەدەر راهەت دەپ
ئويلايسەن . ئايالالارنى ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سۆز بىلەن ئەركە-
لىتىش باشقا هەرقانداق نەرسىنى ئەركىلىتىشكە ئوخشىمايدۇ . مۈشۈكنى ،
ئىتنى ئەركىلەتكەندەك سۆزلەر بىلەن ئەركىلەتكىلى بولمايدۇ . سەن ئۇ-
نىڭ گۈزەل بەدىنىگە قاراپ « جالاپ » دېگەن سۆزنى كاللاڭدىن ئۆت-
كۈزگەنىڭدە بىراق ، ئۇ سېنى هازىر ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىش ئۈچۈن
كۈچەۋاتىدۇ . ئون سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ گۈزەللىك ئىلا-
هىنى ئىختىرا قىلدىڭ . يىگىرمە ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆزۈڭ-
نىڭ ئۆلۈمىنى ئىختىرا قىلدىڭ . « جاللات ! » دەپ ۋارقىرىدى ئۇ . سەن
ئۆزۈڭنىڭ نەدە ، قانداق هالەتتە ، نېمە ئىش قىلىپ تۇرغانلىقىڭنى ئەم-
دىلا بىلگەندەك ، كۆزلىرىڭ ( باياتىن بېرى كۆزلىرىڭدە كۆرۈش رولى
تامامەن يوق ئىدى ) بىلەن ئەتراپقا كۆرمەسلىك ئۈچۈنلا قاراپ تۇرغان-
دەك جانسىز قاراپ تۇراتتىڭ . كۆز نۇرۇڭ هېچ نەرسە يوق بوشلۇقلاردا
لەيلەپ يۈرەتتى . كۆز نۇرۇڭنى پادىشاهنىڭ تەختى ، ئەتراپتىكى نەۋ-
كەرلەر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىدىكى قۇپقۇرۇق بوشلۇقلارغا
تاشلاپ تۇراتتىڭ ، كۆز نۇرۇڭ ئۇنىڭدىن سەل نېرىغا بارمايتتى . كۆز
نۇرۇڭ يېتىپ بارمىغان جايدا ئوردا ئىچىدىكى هەممە نەرسە خۇددى چې-
كىت چېكىش ئۇسۇلى بىلەن سىزىلغان كۆرۈنۈشتەك ياكى ناهايىتى
سۇيۇقلاندۇرۇۋېتىلگەن سۇ بوياقلىرى بىلەن سىزىلغان غۇۋا بىراق ،

سۇزۇك كۆرۈنۈشتەك ، قويۇق تۇمان كەينىدىكى مەنزىرىدەك يىراق ۋە
گۇڭگا ئىدى . بىردىنلا ئايال پادىشاھقا ۋە ئۇردا ئىچىدىكىلەرگە
تاشلاندى . سەن ھەيرانلىق بىلەن « سىلەر نېمە ئىش قىلىۋاتقان ئادەم-
لەر ، سىلەر كىملەر » دېگەندەك ئۇلارغا چۆچۈش ۋە ھەيرانلىق بىلەن
قاراپ چىقتىڭ . ئاندىن ئايال پادىشاھقا قاراپ تىكىلىپ ھاڭۋاققىنىڭچە
قاراپ قالدىڭ . ئۇنىڭ « جاللات ! » دېگەن ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدىڭ ،
بۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايتتى ، بىراق ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىق-
قان ئاۋاز « جالاپ » دېگەن ئاۋازدەكلا قىلاتتى .
« سېنى مەن ياراتتىم بىلەمسەن ؟ » دېدىڭ شاھقا قاراپ . لەۋلى-
رىڭ سېنىڭ سۆزلىشىڭنى لايىق كۆرمىگەندەك تىترەيتتى . سۆزلەر سې-
نىڭ ئاغزىڭدىن چىقماستىن بەلكى بوشلۇقتا ئۆزلۈكىدىن ياڭراۋاتقان ،
غايىبتىن پەيدا بولغان ئاۋازغا قاراپ لەۋلىرىڭنى مىدىرلىتىۋاتقاندەك تۇ-
يۇلاتتى . « مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئىزچىل ھالدا
سېنى ياساشقا بەنت بولۇپ كەلدىم . بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى بەدەل قى-
لىشقا رازى بولدۇم . سەنچۇ ؟ سەن ماڭا ئازابتىن باشقا ھېچ نەرسە ئاتا
قىلمىدىڭ ! مەن سېنىڭ ئازابلىرىڭنى بولسىمۇ قەدىرلەپ كەلدىم ،
سەنچۇ ؟ گويا ئېرىماس ياردەك ساڭا چاپلاشسام سېنىڭ پەرۋايىڭمۇ
بولمىدى . بەدىنىڭدىكى ئېرىماس يارىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا مېنى ئۇن-
تۇپ كەتتىڭ . بۈگۈن جاۋابكار ئورنىدا ماڭا جاۋاب قايتۇر ! »
سەن ئۆزۈڭنىڭ سوتچى ئىكەنلىكىڭنى سەزدىڭ . ( ئەسلىدىنغۇ
شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى . ) جىنايەتكار شاھلىق تەختىدە مەغ-
رۇر ھالدا ئولتۇراتتى . سەن ئۆزۈڭنىڭ مەھكۇم ئىكەنلىكىڭنى سەزدىڭ .
مۇۋەششەھ يېزىپ باققانمۇ سىز ؟

. . . . . . . . . . . .

تاھىرنىڭ خاتىرىسى ئاخىرى قالايمىقانلىشىپ ، ھېچ نەرسىنى
چۈشەنگىلى بولمىغۇدەك ھالەتكە كىرىپ قالغانىدى .
تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ جايلار بىر قاراشتا ئۆزىنىڭ ھاياتى-
دىن خۇلاسە چىقىرىپ يازغان بىر مەسىلگە ئوخشايتتى ، يەنە بىر قاراشتا

خۇددى ئەسەبىيلەرچە جۆيلۈشلەرگە ئوخشايتتى . رەشىدە ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن ھەممە نەرسىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولاتتى ، بىراق بۇ چۈشەنچە ھامان بىر خىل ئۇقۇم شەكلىگە كىرمەستىن پەقەت بىر خىل تەسىرات شەكلىدىلا مەۋجۇت بولاتتى . بۇ تاھىرنىڭ رەسىملىرىگە ئوخشايتتى . خۇددى ستېرېئولۇق رەسسامچىلىق ئېقىمىنىڭ رەسىملىرىدىكىدەك بۇ خاتىرىدە بارلىق ماددىي ئوبراز ، ئەسلىمە ۋە كۆرۈنۈشلەر پارچىلىنىپ ، بۇزۇپ تاشلىنىپ ، ئاندىن ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭى بويىچە قايتىدىن قۇراشتۇرۇلۇپ چىقىلغانىدى . رەشىدە خاتىرىنىڭ بۇ بۆلەكلىرىنى ئوقۇۋاتقاندىلا ئاندىن تاھىرنى ھەقىقىي چۈشەنگەندەك بولدى . ئۇ بۇرۇن تاھىرنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى كۆرگەندە ئۇنى شەكىل قوغلىشىپ ، يەنى ئەڭ زامانىۋى شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزىدىكى غالجىر تۇيغۇلارنى ئىپادىلەيدۇ ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇنداق ئەمەس ئىكەن . تاھىر قانداقتۇر يېڭى ئۇسلۇب يارىتىش ئۈچۈن ، غەرب رەسساملىرىغا تەقلىد قىلىپ ئۇنداق قىلغان ئەمەس ئىكەن . تۇرمۇش كارتىنىلىرى ۋە خام ــ خىياللاردىكى لوگىكىلىق باغلىنىش ئەسلىدىنلا تاھىرنىڭ ئېڭىدىلا پاچاقلىنىپ تاشلانغانىكەن . بۇ رەسىملەردىكى ئۇسلۇب تاھىرنىڭ بەربات بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئاشۇ تەپەككۇرىنىڭ بىۋاسىتە ئىپادىلىنىشى ئىكەن . تاھىرنىڭ ئېڭىدا ئەقلىيلىك چەك ــ چېگىدىن بۆسۈلۈپ تاشلانغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ ئەنە شۇنداق رەسىملەرنى سىزغانىكەن .

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ بۆلەك توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ ئويلاندى . ئۇ تاھىرنىڭ ئېڭىدىكى ئەقلىيلىكنىڭ بەربات بولۇشىنى تالانت دەپ چۈشەنگەنىدى . ئەمدى ئۇ گاڭگىراپ قالدى . ئەجەبا تالانت بىلەن ساراڭلىق بىر گەپمىدۇ ؟!

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى قايتا ــ قايتا ئوقۇدى . خۇددى سەسەلگە ئوخشاش يېزىلغان بۇ بۆلەك پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى قارىشىغا دارىتمىلانغاندەك كۆرۈنەتتى .

تاھىر ئۆزىنىڭ گۈزەللىك بىلەن قاتتىق ئېلىشقانلىقىنى يازغا-

نىدى. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەللىك ئېستېتىكىسى ۋە مۇھەببەت قارىشىغا دارىتىملانغان ۋېناس بىلەن ئۇ قاتتىق ئېلىشقان، دېمەك تاھىر ئۆز ئېڭىدا پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىلەن ئېلىشقان. ئۇ پۈتكۈل گۈزەللىكنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ زادى نېمىنى كۆتۈرۈپ چىقارماقچى؟ رەشىدە بۇ ھەقتە ناھايىتى ئۇزاق ئويلاندى. ئۇ ئىنسانىيەتكە قانداق بىر يۈكسەكلىكنى تىكلەپ بەرمەكچى؟

روشەنكى ئۇ تىكلىمەكچى بولغان مۇقەددەس نەرسە ئۆلۈم ئىدى.

تاھىرنىڭ باللىق چاغلىرىدىكى ئېڭىدىلا گۈزەللىك ئۇقۇمى تامامەن بۇرمىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ گۈزەللىك بىلەن بۇزۇقچىلىقنى بىر گەۋدە دەپ قارىۋالغانىدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىنى بىر پسىخىك ئانالىز ماتېرىيالى ھېسابلاپ ئانالىز ئېلىپ بارغاندا، بۇ نەرسىنى تەھلىل قىلىپ چىقىش تەس ئەمەس ئىدى. تاھىرنىڭ باللىق دەۋرىدە دادىسىنىڭ خىزمەتداشلىرى بولغان سەتەڭ ئاياللار قالدۇرغان تۈيغۇ بىلەن كېيىن پەرىدە قالدۇرغان تەسىرات ئۆز ئارا ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ بەرباتلىققا يۈزلەنگەن ئېڭىدا ۋاقىت ئۇقۇمى يوقالغانىدى. ئۇ ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتتا، ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردا يۈز بەرگەن ئىشلارنى پەرق قىلالماستىن، خاتىرىلىگۈچە بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرىۋەتكەنىدى. ھەتتا ئۇ خام خىيالى بىلەن چۈشىنمۇ بۈنىڭغا كىرىشتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، يازغانلىرى جۆيلۈشكىلا ئوخشايتتى. بۇلارنى ئوقۇغىچە رەشىدەنىڭ مېڭىسىمۇ قوچۇلۇپ، ئېلىشىپ كەتتى.

ئاشۇ چاغلاردا تاھىرنىڭ ۋۇجۇدىنى يەنىلا بىر خىل سىرلىق ۋەسۋەسە ئىگىلىۋالغانىدى. بۇ خىل ۋەسۋەسە ئۆلۈۋېلىش ۋەسۋەسىسى ئىدى. ئاشۇ قېتىمقىسى تاھىرنىڭ يەنە بىر قېتىم ئەڭ كەسكىن ۋە ئەڭ كۆلەمدىكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھاياجىنى ئىدى.

ئۇ ئۆزىدە غەلىتە بىر خىل ھاياجاننىڭ ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بارغانسېرى سېزىپ يەتمەكتىدى. بۇ بىر خىل پەقەت بەدەنگىلا مەنسۇپ بولغان، ئىدراك بىلەن قىلچە ئالاقىسىز ھاياجان ئىدى. ئۇ بۇ خىل ھاياجاننىڭ خۇددى جىنسىي ھاياجانغا ئوخشاشلا كونترول قىلىش

قىيىن بولغان هاياجان ئىكەنلىكىنى هېس قىلدى . بۇ بىر خىل ئۆلۈۋې-
لىش هاياجىنى ئىدى ، ئۇ خۇددى ئادەملەرنىڭ جىنسىي تەلپىگە ئوخ-
شاش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇن ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن .
ئۇنىڭدا خۇددى تاماققا ۋە ئاياللارغا بولغان تەلەپتەكلا ئۆلۈۋېلىش تەلپى
كۆچىيىپ كېتەتتى ، ئۇ ئۆزىنى ئېچىرقاپ كەتكەندەك هېس قىلاتتى ،
ئاشۇ خىل هاياجان ئۇنى تاماققا بولغان ئېچىرقاشقا ئوخشاشلا قىينايتتى .
ئۇ ئۆزىدە بۇ خىل هاياجاننىڭ زادى قاچاندىن باشلاپ يېتىلگەنلىكىنى
هەرقانچە ئويلاپمۇ بىلەلمىدى ، بەلكىم ئۇ تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئاشۇ هاياجان
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يېتىلگەندۇ ، بەلكىم بۇ
ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ ، خۇددى كېسەلدەك يوشۇرۇن
ساقلىنىپ تۇرغان بولغىيتتى . بەلكىم ، ئۇنىڭ ئەجدادلىرى بۇ دۇنياغا
قالدۇرغىدەك مىراس بولمىغاچقا ئاشۇ گۈزەل ۋە قورقۇنچلۇق هاياجاننى
ئەڭ مۇهىم تەۋەررۈك سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەندۇ . ئۇنىڭ ئۆزىدىكى
ئۆلۈۋېلىش هاياجىنىنىڭ زادى قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى بىلىپ يېتىشى
مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى . ئۇنىڭ بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشىغا چەكسىز
ئىمكانىيەت بار ئىدى . ئاشۇ كۈنى ئۆلۈۋېلىش هاياجىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇ-
دىدا ئەڭ دەهشەتلىك تۈردە قۇترىغانىدى . ئۇ توختىماستىن ئۆز ـ ئۆزىگە
پىچىرلايتتى : « ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك ؟ ئەمدى ياشاۋېرىشكە قانداق
بانا تاپىمەن ؟ هەممىسى تۈگەشتى . هەتتا ئۇنىڭ نەپرىتىگىمۇ ئېرىشەل-
مەيمەن . ئەمدى هېچ نەرسە قالمىدى ، ئەمدى داۋاملىق ياشاۋېرىشكە
هېچقانداق باهانە تاپالمايمەن ... هەممىسى بەربات بولدى . »
تاهىر ئاشۇ كۈنى ئۆزىنىڭ مېڭىسىنى ئادەتتىكى هەر قانداق
چاغدىكىدىن بەكرەك سەگەك هېس قىلاتتى . لېكىن ، ئۆز ـ ئۆزىگە
توختىماي سۆزلەيتتى . ئەمدى ياشاۋېرىشنىڭ هاجىتى قالمىدى . قانداق
قىلىش كېرەك ؟ ئۆلۈپلا تۈگىشىش كېرەكمۇ ياكى ياشاۋېرىش كېرەك-
مۇ ؟ ئۆلۈۋالسام زادى نېمىگە ئاساسەن ئۆلۈۋالىمەن ؟ ياشاۋەرسەم زادى
نېمىگە ئاساسەن ياشاۋېرىمەن ؟ مېنىڭ ئەمدى تىرىكىم بىلەن ئۆلۈكۈم-
نىڭ هېچقانداق پەرقى يوق ، كۈنلەر ئۆتۈۋېرىدۇ ، مەن ئىنتىلىدىغان

ھېچ نەرسە قالمىدى ، ئۇ ھەممە نەرسىنى يوق قىلىۋەتتى ، مەن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھېچ نەرسە مېنى خۇشال قىلالمايدۇ ، ھېچ نەرسە مېنى ئازابلىيالمايدۇ . مېنىڭ ھەرىكەتلىنىپ يۈرۈشۈم بىلەن تاماق يېيىشىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۆلۈكتىن ھېچقانداق پەرقىم يوق . ئازابىمۇ يوق ، سۆيگۈمۇ يوق ، نەپرەتمۇ يوق ، ۋۇجۇدۇمدا ئەمدى ئىنساندا بولىدىغان ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بولمايدۇ . شۇڭا ياشاش بىلەن ئۆلۈش مەن ئۈچۈن بەرىبىر .

تاھىر خۇددى يوقاتقاندەك ئىدى ، بىراق مېڭىسى ھەر قانداق چاغدىكىدىن سەگەك بولۇپ زادىلا ئىپلىشىپ قېلىش باردەك قىلمايتتى . چوڭ كوچىدا ماشىنىلار توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . تاھىر يول بويىدا ئاستا مېڭىپ كېتىۋېتىپ توختاپ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا بىر ـ بىرلەپ سەپسالدى . ئۇ ماشىنىلارنىڭ چاقى ئاستىدىن نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك قىلاتتى . ياشاۋېرىش ھېچقانچىلىك ئىش ئەمەس ، ھەممە ئادەم ياشاۋاتامدۇ ؟ ئۆلۈۋېلىشنىڭمۇ ھەيران قالغۇدەك بىر يېرى يوق ، كىشىلەر دائىملا ئۆلۈپ تۇرۇۋاتامدۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق ئادەم ھامان ئۆلىدۇ . بىراق ، مەن ئۆلۈۋالسام كىشىلەرگە بەكمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلۇشى مۇمكىن . ئۇلار مېنى بىر قىز ئۈچۈن ئۆلۈۋالدى ، دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ ، بىراق ئۆلۈم بىلەن تەڭلا ھەممە نەرسە تۈگىشىدۇ . مەن بولسام ئۇلارنىڭ مەسخىرىلىرىنى ھېس قىلالمايمەن . بۇ مەسخىرىلەر مەن ئۈچۈن مەۋجۇت بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشى مەن ئۈچۈن بەرىبىر . بىراق ، مەن ھەرگىزمۇ بىر قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆلۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقىنىم يوق ، ئەڭ مۇھىمى ئەمدى مېنى ياشاۋېرىش كېرەك دېگەن ئويغا كەلتۈرىدىغان ھېچ نەرسە قالمىدى ... دەپ ئويلايتتى تاھىر ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چاقى ئاستىغا تىكىلىپ ، شىددەت بىلەن ئايلىنىۋاتقان قورقۇنچلۇق چاق ئۇنى ئۆزىگە تارتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى . بىردىنلا تاھىرنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇ بۇرۇن كۆرگەن مۇنداق كۆرۈنۈشلەر لەپىلدەپ ئۆتۈشكە باشلىدى :

قاتناش بىخەتەرلىكى تەشۋىقات تاختىسىدىكى قاتناش ھادىسى-

سىگە ئۇچراپ ئۆلگەنلەرنىڭ رەسىملىرى ، تاھىر ئۆز كۆزى بىلەن كۆر-
گەن قاتناش ھادىسىلىرىدە قان ئىچىدە ياتقان ئادەمنىڭ قورقۇنچلۇق
كۆرۈنۈشلىرى ... ھەم قورقۇنچلۇق ھەم يىرگىنچلىك قان ...

تاھىر ئۆزىنى ماشىنىنىڭ ئاستىغا تاشلاش نىيىتىدىن ياندى ،
ياق ، بۇنىڭدا ئادەمنىڭ قىياپىتى بەكمۇ بەدبەشىرە بولۇپ كېتىدىكەن ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆزۈمنى ئاتقاندا شوپۇر كۆرۈپ قې-
لىپ رولنى بۇراپ مەندىن ماشىنىسىنى ئېلىپ قاچسا ئۆلمەي قېلىشىم ،
بىراق مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن . شۇنىڭ بىلەن ياشاش-
نىڭ ئازابىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىشقا مەجبۇر بولىمەن ، دەپ ئويلىدى
ئۇ .

تاھىر ئېگىز بىر بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ بىنانىڭ ئۈستىگە چى-
قىشقا باشلىدى . تاھىرنىڭ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان پۇتلىرى ناھايىتى
ھارغىن ، بىراق كەسكىن قەدەم تاشلايتتى . تاھىر ئېگىز بىنانىڭ ئۈس-
تىگە چىقىپ يىراقلارغا قارىغىنىچە جىمجىت تۇرۇپ قالدى . ئۆلۈپلا تۈ-
گىشىش كېرەك دەپ ئويلاتتى ئۇ ، بىراق ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئۆلمەي قې-
لىش ئىدى . بۇ بىنادىن ئۆزۈمنى تاشلىسام تاسادىپىي ئۆلمەي قالسام
قانداق قىلىش كېرەك ؟ پۈتۈنلەي ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن ئادەمدە ئۆلمەي
قېلىشقا بولغان تەييارلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ، ئۆلۈمنى
جوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرماي بولمايدۇ . تاھىر بىنادىن تۆۋەنگە قاراپ يەنىلا
يالتىيىپ قالدى . ئەگەر ئۆلمەي بىرەر يەرلىرى سۇنغان ھالدا ھايات قال-
سىچۇ ؟

ئۇ زادى قانداق ئۆلۈۋېلىش ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ئويلىنىشقا
مەجبۇر بولدى . چوقۇم ئۆلۈۋېلىش كېرەك دەپ ئويلايتتى ئۇ ، ھازىر ئەڭ
قورقىدىغىنى مۇۋاپىقراق ئۆلۈۋېلىش ئۇسۇلىنى تاپالماي ، ۋاقىت كەينىگە
سۈرۈلۈۋىرگەنسېرى ئۇنىڭ ئۆلۈمگە بولغان ئىشەنچ ۋە جاسارىتى سۇس-
لىشىپ ، ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن يالتىيىپ قېلىش
ئىدى . ئۆلۈۋېلىشتا نېمىشقىدۇر ھېچ كىشى ئىشلىتىپ باقمىغان ئۇسۇل بى-
لەن ئۆلۈش ئارزۇسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۇلغىۋالدى . بىراق ، ئۆلۈۋېلىش

ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى كىشلەر قوللىنىپ بولغاندەك ، ئۇ زادىلا يېڭى بىر ئۇسۇلنى ئويلاپ تاپالمىدى . ئۇ ئەڭ غەلىتە ئۇسۇل بىلەن ئۆلۈۋېلىپ كىشلەرنى ھەيران قالدۇرۇشنى ئويلايتتى .

مەن ئەڭ يېڭى ، ئەڭ ئاجايىپ ئۇسۇلدا ئۆلۈۋېلىش ئارقىلىق ئۆ-زۈمنىڭ ئۆزۈمنى مەردانىلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكىمنى ، ئازاب ۋە دەرد ئىلـ-كىدە مەغرۇرلۇق ۋە ھەيران قالارلىق ئۇسۇل بىلەن ئۆلگەنلىكىمنى ، ھا-يات ئۈستىدىن ، ھاياتقا بولغان چەكسىز مۇھەببەتنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن قانداق غالىب كەلگەنلىكىمنى سەلتەنەتلىك ئۆلۈمىم ئارقىلىق تەنتەنە بىلەن جاكارلىشىم كېرەك ، دەپ ئويلايتتى ئۇ .

بىراق ، تاھىر يەنىلا ئەڭ قەدىمكى ئۇسۇلدىن باشقىنى مۇۋاپىق تاپالمىدى . ئەتىسى ئەتىگەندە ياتاق ئىچى جىمجىت ئىدى . تاھىرنىڭ ساۋاقداشلىرى يوتقاندىن باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تاڭ ئاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلىغانىدى . ئۇلاردىن بىرەيلەن ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ ئەينەك ئالدىدا ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ چېچىنى تاراۋاتقان تاھىرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى .

— تاھىر ، بۈگۈن ئەجەب سەھەر تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ ، قاياقتىن كۈن چىقتى ؟

تاھىر ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى . بۇ كۈلكە شۇ قەدىر ئازادە ۋە خاتىرجەم كۈلكە ئىدىكى ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ بۇنداق كۈ-لۈمسىرىشىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . ھەممەيلەن پەقەتلا تاھىرنىڭ سەھەر تۇرۇپ كەتكىنىگىلا ھەيران قېلىشقانىدى .

— ھوي ، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى ؟

— كۈندە دەرسكە كېچىكىپ قالاتتىڭ ، بۈگۈن ئەجەب بالدۇر تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ ؟

— قاراڭلار ، بۇنىڭ ياسىنىپ كەتكىنىنى .

تاھىر ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىۋالغان بولۇپ . بوينىدا گالستۇك بار ئىدى .

— قاراڭلار ، گالستۇك تاقاپتۇ تېخى !

تاھىر بىر خىل كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئىللىقلىق ۋە مۇلايىملىق.

— ھوي تاھىر يىگىت بولۇپ كېتىپسەنغۇ، نېمانچە تويۇڭ بولىدىغاندەكلا ياسىنىۋالدىڭ؟!

تاھىر بوشلا كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— بۈگۈن مېنىڭ تويۇم بولىدۇ.

تاھىرنىڭ بۇ سۆزىنى ھېچكىم چۈشەنمىگەن ھەم ھېچكىم دىققەت قىلمىغانىدى. ئۇ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ يىراق سەپەرگە ھازىرلىنىۋاتقاندەكلا كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. ھېچكىم ئۇنىڭ ئاشۇ جاۋابىدىن بىرەر غەلىتىلىك ھېس قىلمىغانىدى. بۇ سۆزنىڭ ئۇنىڭ ئەڭ كەسكىن تاللىشى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

بۇ ئارقىغا يېنىۋېلىش ئىمكانىيىتى چورتلا قالدۇرۇلمىغان تاللاش ئىدى.

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇپ كېلىۋېتىپ تاھىر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغان ئاشۇ كۈننى ئەسلىدى. ئۇ قىرائەتخانىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان پەرىدەنى چاقىرىپ تاھىرنىڭ دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا پەرىدە ھاڭ ـ تاڭ قالغانىدى، ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇلار يۈگۈرگىنىچە بىرلىكتە دوختۇرخانىغا كەلدى. ھەم تاھىرنىڭ دوختۇرخانىدىن چىققان چاغدا كۆرگەن بىرىنچى ئادىمىمۇ شۇ ئىككىسى ئىدى. رەشىدە ئاشۇ مەكتەپتە نېمىشقا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا دائىم ئېلىشىپ قېلىش ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئىشلىرىنىڭ يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمەيتتى. مەكتەپتە دەرس ئېغىرمىكىن دېسە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئوقۇغۇچىلار كۆپىنچە ۋاقىتنى ئىختىيارىي ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قارىغاندا دەرسنى زادىلا ئېغىر دېگىلى بولمايتتى.

رەشىدە بىر تەتىلدە شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئۇ يەردە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلار ۋە ساراڭ بولۇپ قالىدىغانلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈردى. بۇ مەكتەپلەردە ئاساسىي جەھەتتىن يوق دې-

گۇدەك ئىدى . بىراق ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە كۆپ يۈز بېرەتتى . ھەر قېتىم مەكتەپ بويىچە ئاچقان يىغىندا بۇنداق غەلىتە ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەنمەي قالمايتتى . بۇ يەردە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلار ۋە ساراڭ بولۇپ قالىدىغانلار نېمىشقا شۇنچە كۆپتۇ ؟ رەشىدە بۇ توغرىدا ئويلاپ ــ ئويلاپ زادىلا ئاخىرىغا چىقالمىدى . ئۇ دائىم بۇ توغرىدا خىيال قىلاتتى . ئۇ مەكتەپتە ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۇدەك بىنورمال ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇراتتى . بۇ ھەپتە بىراۋنىڭ دەرۋىش بولۇپ مەكتەپنى تاشلاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقالسا ، يەنە بىر ھەپتە بىراۋلارنىڭ قىپيالىڭاچ بولۇپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكى ياكى بىراۋلاندڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر تارقىلاتتى . كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان خەۋەرلەر بۇ تېپتىنچ ، بەختىيارلىق بىلەن تولغان گۈزەل مەكتەپ قوينىدا داۋلغۇش پەيدا قىلىپ قويۇپلا ئارقىدىن ھەممە ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كېتەتتى . پەقەت كىشىلەرنى سەل ئۈزاقراق ۋاقىتقىچە ھەيران قالدۇرالىغىنى بىر تىبەت ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆلۈۋېلىشقا باشقا يەر تاپالمىغاندەك مەينەت سۇ ئېقىپ چىقىپ كېتىدىغان يەر ئاستى سۇ يولىنىڭ ئازگىلىغا ئۆزىنى بېشىچە تاشلاپ ئۆلۈۋالغىنى بولدى . ئۇنىڭ جەسىتىنى بايقاپ ئازگالدىن تارتىۋالغانلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ ئاشۇ ئازگالدا كىشىلەرنىڭ يىغىلىپ قالغان گەندىلىرىگە چۆكۈپ كەتكەن بولۇپ ، ئېغىز بۇرۇنلىرى گەندە بىلەن لىق تولۇپ كېتىپتۇ . ھاجەتخانىنى تازىلايدىغان تازىلىق ئىشچىلىرىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا بارالماپتۇ . ھەممىدىن غەلىتە يېرى شۇكى ، باشقىلار ئۇنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ قارىسا ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىگە : « مەن بۇ دۇنيانىڭ مەينەتچىلىكىگە زادىلا چىداپ بولالمىدىم ، دۇنيا بەكمۇ مەينەتلىشىپ كېتىپتۇ » دەپ يېزىپ قويغانىكەن .

رەشىدە دائىم بۇ ھەقتە ئويلىناتتى . ئۇ ئاخىرى بۇنداق ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ قەلبىدە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولغان بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى . تاھىر دورا يەۋالغانىدى ، بەل-

كىم بۇ ئۇنىڭ تاللىغان ئەڭ ياخشى ئۆلۈش چارىسىدۇر ، بىراق تاھىر زادىلا ۋەسىيەت قالدۇرمىغانىدى . ئۇ بەلكىم ئۆزىنىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبلىرىنىڭ مەڭگۈ بىر سىر بولۇپ قېلىشىنى تاللىغاندۇ ، بەلكىم ئۆلۈۋېلىشمۇ بارلىق مۇقەددەس نەرسىلەرگە ئوخشاش سىرلىق بولغاندىلا ئاندىن مۇقەددەسلىك ئورنىغا ئىگە بولىدۇ ، دەپ قارىغاندۇ .

كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان بۇ خەۋەر پۈتۈن مەكتەپكە بوراندەك تېزلىك بىلەن تاقالدى . بەزىلەر بۇ ئىش تاھىرنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى ، بىراق دەل ئاشۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇش سەۋەبىدىن تاھىرنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئابرۇيى بىردىنلا شىددەت بىلەن ئۆسۈپ كەتتى . كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تاھىرنىڭ سەنئەتكە ئۇسلۇبى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى مەڭگۈلۈك بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ ، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى ئوبرازىنى چەكسىز كەڭلىككە ۋە يۈكسەكلىككە ئىگە قىلدى . تاھىرنىڭ سەنئىتى بىلەن ئۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى بىر بىرىنى تولۇقلاپ ، مۇكەممەللىككە ئىگە قىلدى . تاھىرنىڭ ئۆلۈۋېلىشى ئۇنىڭ سەنئىتىنى مۇكەممەللەشتۈردى ، ئۇنىڭ سەنئىتى بولسا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى ، ئۇنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ بىر قىسمى ئىدى .

رەشىدە بۇلارنى ھېس قىلىپ يەتكەن ۋاقىتىدا ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنىڭمۇ تاھىرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى . ئۇ تاھىرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن پىكىر قىلىپ ، تاھىرنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن رەسىم سىزىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى . بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى تاھىرنىڭ ئۇسلۇبىغا قارىغۇلارچە ئەگەشتىڭ دەپ تەنقىد قىلدى ، بىراق ئۇ بۇنىڭدىن زادىلا قۇتۇلالمىدى . ئۇنىڭ ئاشۇ چاغدا ھەممىدىن بەكرەك ئەنسىرەيدىغىنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيانى تاھىرنىڭ كۆزى بىلەنلا كۆزىتىدىغان بولۇپ قېلىشى ئىدى .

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى داۋاملىق ئوقۇۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي ، بىر نەچچە كۈن توختىتىپ قويدى . ئەمدى ھەقىقەتەنمۇ خا-

تىرىنىڭ ئادەمنى ئەڭ ئازابلايدىغان يېرىگە كەلگەنىدى .
تاھىر ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېڭىچە تۇرمۇش شەكلىگە مەشغۇل بولۇش ئارقىلىق پەردەنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشتى .
« مېنىڭ يۈرىكىم گويا يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدە مۆكۈنۈپ تۇرغان ، يامغۇر ۋە بورانلاردا بۇزۇۋېتىلگەن تەنھا قەبرىگە ئوخشايدۇ . ئۇنىڭ قەبرە ئىكەنلىكىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭغا گۈمبەز ياكى خاتىرە تاش دېگەندەك نەرسىلەر ئورنىتىلمىغان . ھېچ كىشى ئۆزىنى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئويلىمايدۇ ، ھېچ كىشى ئۇنى يوقلاپ قويمايدۇ . كىشىلەر ئۇنىڭدا مېنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچ ۋە سۆيگۈمنىڭ سوغۇق جەسىتىنىڭ دەپنە قىلىنغانلىقىنى بىلمەيدۇ ... »
مانا بۇلار تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى سۆزلەر .
تاھىرنىڭ يۈرىكى ھەقىقەتەنمۇ بىر قەبرىگە ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇنىڭدا نە سۆيگۈ ، نە ئۈمىد ، نە ئىشتىياق دېگەنلەردىن ئەسەر يوق ئىدى . ئۇ ھېچ نەرسىگە تەلپۈنمەيتتى ، ھېچ نەرسىنى قوغلاشمايتتى . ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن تاكى پەردە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگۈچە ئەنە شۇنداق ئۆتتى . پەردە ئۇنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرەتتى . بۇ ئىككى يىل ئۇ ئۆزى ئېرىشەلمىگەن نەرسىنى دائىم كۆرۈپ تۇرۇشتەك ئازابتىن سەل خالىي بولدى . ئۆزىنىڭ مەڭگۈ ئېرىشەلمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ساراڭلارچە قوغلىشىش ۋەسۋەسىسىمۇ ئۇنىڭدىن سەل يىراقلىشىپ كەتتى . بىراق ، پەردە دائىملا ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋالاتتى . لېكىن ، ئۇ ئۈمىد ياكى مەنزىل ھالىتىدە ئەمەس ، پەقەت ئۆلۈمدەك كەسكىن ، ئۆلۈمدەك ئېنىق بىر پاسىل چورتلا ئايرىۋەتكەن بىچارە ئۆتمۈش ھالىتىدە ئۇنىڭ ئېڭىدا پەيدا بولاتتى . بۇ ئاڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تۈگىمەس پىغانلارنى قوزغايتتى ، بىراق بۇ پىغان ئېرىشەلمەسلىكنى بىلىپ تۇرۇپ قوغلىشىشتەك ئۇنچىۋالا ئازابلىق ئەمەس ئىدى . بۇ خىل ھېسسىيات ئۇنىڭ قەلبىدە ئازابلىق دولقۇن پەيدا قىلىپ ، ئۇنى تەلپۈندۈرمەستىن ئەكسىچە قەلبىنى تىخىمۇ قاتۇرۇپ ، ئېرىدمەس مۇز ئوكيانغا ئايلاندۇرۇۋېتىپ بارغاندەك تۇيىلاتتى . ئۇ دەسلەپىدە ئۆزد-

نىڭ ھاياتىدىكى مۇھەببەتسىز ، ھاياجانسىز ئاشۇ تىنچ كۈنلىرىنى بىر
خىل ئارام ئېلىش دەپ ئويلىغانىدى . ئۇنى مۇھەببەت ــــ ئاشۇ ئەسەبىي-
لەرچە كۈچلۈك ھاياجانلار قاتتىق ھالسىرىتىپ جۇلىقىنى چىقىرىۋەتكە-
نىدى . شۇڭا ، ئۇ پەرىدەنى ئۇچرىتالماس بولغان ئاشۇ مەزگىللەردە
كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ دەپ ئويلىغانىدى . بىراق ، نەتىجە بۇنىڭ ئەكسىچە
بولۇپ چىقتى . ئۇ ئۆزىنىڭ كۈنلىرىنى بەكمۇ مەنىسىز ھېس قىلىپ ، بۇ
جىمجىت كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئازابىنىڭ تېخىمۇ دەھشەتلىك ئىكەن-
لىكىنى بىلىپ يەتتى . ئۇ بۇ خىل ھالەتكە ئۆزىنىڭ تېخىمۇ چىدىيالماي-
دىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ مۇھەببەت ئوتىنىڭ پۇچىلىشى بىلەن
ھەسرەتلىك تۈيۈلغان ئاشۇ چىدىغۇسىز ئازابلىق كۈنلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە
مۇھەببەت ۋە ھاياجان بولمىغان بۇ كۈنلەردىن ياخشى ئىكەنلىكىنى سې-
زىپ يەتتى . ئۇ پەقەت مۇھەببەت ھەسرىتىدەك ئاشۇنداق ھەسرەتلەرلا
ھاياتنى مەنىلىك قىلالايدىكەن ، ھاياتنى گۈزەل تۇسكە كىرگۈزەلەيدى-
كەن دەپ ئويلايدىغان بولدى . بىراق ، ئۇ باشقىلارغا ئاشىق بولۇپ ،
مۇھەببەتنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن قوغلىشىشنىڭ ئۆزىنى بىر كۈنى
تۈگەشتۈرۈۋېتىشىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ بىر قېتىم
تەلتۆكۈس ، تامامەن تۈگىشىپ بولغانىدى ، ئۇ تۈگىشىشنىڭ تەمىنى بىر
قېتىم تولۇق تېتىپ بولغانىدى . ھازىرقىسى ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق
ھاياتى ئىدى . بۇ ھايات ئۇنىڭغا خۇددى بوۋاقلارنىڭ كۆزىدىكى ھايات-
تەك ھەم قىزىقارلىق ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى . ئۇ ھاياتنى ئەمدى تونۇپ
يېتىشۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى ، بىراق ئۇنىڭ قەلبىنى يەنە نېمىشقىدۇر بىر
خىل چۈشىنىكسىز « ئاخىرلىشىش تۇيغۇسى » قاپلىۋالغانىدى . ئۇ نې-
مىشقىدۇر ھەممە نەرسىگە ئاشۇنداق ئاخىرلىشىش تۇيغۇسى بىلەن مۇئا-
مىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇ ئۆزىدە بۇ تۇيغۇنىڭ قانداق پەيدا
بولۇپ قالغانلىقىنى زادىلا بىلمەيتتى . ئۇ گويا بۇ دۇنيا ئاخىرلىشىۋاتقان-
دەك ، بۇ ھايات ئاخىرلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . بۇ ئۇنىڭدىكى تاما-
مەن يېڭىۋاستە تۇيغۇ بولۇپ ، بۇنىڭدا زادىلا ئەقلىيلىكتىن سۆز ئاچقىلى
بولمايتتى . ئۇنىڭ نەزەرىدە ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۈچۈن بەزىبىر ئىدى ؛

چۈنكى ھەممە نەرسە ئاخىرلاشماقتىدى . ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت دېگەن نەرسە قالمىغانىدى . مانا بۇ ئۇنىڭ ئېگىدا پەيدا بولغان ئاخىرلىششىش تۇيغۇسىنىڭ مەنبەسى ئىدى . ئۇ ھېچ يەرگە ھېچكىمنى يوقلاپ بارمايتتى . ھېچكىممۇ ئۇنى ئىزدەپ كەلمەيتتى . خۇددى ھەممە ئادەم ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك . بۇ شەھەردە سانسىزلىغان كىشىلەر توپى ئارىسىدا ھېچكىم ئۇنى ئۇچرىتالمايتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەن قۇرۇلغان ئېزىتقۇ سارايلار بىلەن تولغان خىلۋەت دۇنياسىغا بىكىنىۋېلىپ تاشقى دۇنياغا چىقىشنى خالىمايتتى . ئۇ قەلبىنىڭ سىرلىق دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىپ چەكسىز ئېزىقىشلار ئىلكىدە ھېرىپ ـ چارچاپ زادىلا بولالماي قالغاندىلا ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىش يولىنى ئىزدەپ ئۇرۇناتتى . ئاشۇ تۈگىمەس چۈشلەردىن ئويغىنىش ئۇچۈن ئىگراپ تولغىناتتى . ئۇنىڭ پۈتكۈل دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى پەقەتلا سەنئەت ئىدى . ئۇ پەقەت سەنئەت ئىجادىيىتى ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا ھايات ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلالايتتى .

ئۇ سىزغان بىر پارچە رەسىم خەلقئارا رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلغانىدى . بۇ ئىش ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خىزمەتداشلىرى ۋە كەسپداشلىرى ئارىسىدا ناھايىتى زور داغدۇغا پەيدا قىلدى . بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئەڭ باشتا ئاسىيە يەتكۈزدى .

— تاھىر ، بىزنى بىرەر رېستورانغا باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلمىساڭ بولمايدۇ . ساڭا ئۆمرۈڭدىكى ئەڭ مۇھىم خوش خەۋەردىن بىرنى ئېلىپ كەلدۇق .

بۇ چاغدا تاھىر ئۆزى سىزغان بىر پارچە رەسىمگە تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى . ئۇ ئاسىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەتتا زادى نېمە خەۋەردۇر دەپ بولسىمۇ بېشىنى بۇراپ قاراپ قويماي دېمىدى ، خۇددى ئاسىيەنى كۆرمىگەندەك ھېلىقى رەسىمدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇۋەردى . ئاسىيە ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەندە باشقىلاردەك ئالاھىدە سالام ـ سائەت قىلىشىپ كەتمەيدىغان خۇيىغا كۆنۈك ئىدى ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئانچە ھەيران قالمىدى . ئۇ تاھىرنىڭ پەرۋاسىز ئولتۇرۇشىغا قاراپ ئۇنى ئاللە-

بۇرۇن ئاڭلاپ بولغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدى .

— ۋاي ئېسىت ، مەن ھەممىنىڭ ئالدىدا يەتكۈزدۈم دەپ ئويلاپ خۇشال بولغانىدىم ، ئەسلىدە ئاڭلاپ بولۇپتىكەنسەن — دە !

ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاسىيە رەسساملار جەمئىيىتىگە تەرجىمان بولۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقانىدى . ئۇ ھەم كاتىپلىقمۇ قىلاتتى . قىزىق يېرى شۇكى ، رەسىم سەنئىتىگە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان رەشىدە ھەرقانداق قىلىپمۇ بۇ ئورۇنغا خىزمەتكە كىرەلمىدى . ناھايىتى نۇرغۇن يول مېڭىشلارنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى . ئاسىيە بۇ خىزمەتكە ئورۇنلاشقىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى ، چۈنكى ئۇ بۇ ئارقىلىق تاھىر بىلەن يېقىن بولالايتتى . تاھىر بىلەن ئارىلىقى سەل يېقىنلايتتى . بىراق ، كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئىش تاھىرغا زادىلا تەسىر قىلمىدى . ئۇ ئاسىيەگە ئۆزىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى . بىراق ، ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى جاسارەتلىك ئەركەك مىجەز قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاسىيەگە پەردەنى ھازىر پۈتۈنلەي ئۈنتۇلۇپ كەتتىم دېگەنىدى ، بىراق ئۇ ئاخىرىدا ھەسرەت بىلەن ناھايىتى ئېغىر بىر تىنىپ سالدى .

— تېخىچە قەلبىمدىن چىقىرالماپسەن — دە ، — دېدى ئاسىيە .

— ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كەتتىم . ئۇ قەلبىمدە مەۋجۇت ئەمەس ، ھازىر قەلبىمدە ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ، قەلبىم خۇددى ئاپئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ . ئاپئاق ، قۇپقۇرۇق ، چەكسىز ۋە بىپايان .

— ئۇنىڭغا مەن چەكسىز نەرسىلەرنى يېزىشنى خالايمەن .

— ئۇنداق دېمە ئاسىيە ، سېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىڭ بار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم .

— ئۇ مەن ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئەمەس . ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىپ سەن بىلەن يۈرمەكچى ئەمەسمەن ، مەن پەقەت سېنىڭ ئاشۇ ئاپئاق قەغەزدەك كۆڭلۈڭگە بىر داستان پۈتمەكچى .

ئۇلار شۇنداق دېيىشكەندە ئاسماندا قۇياش دەھشەتلىك نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى . ئۇلار ئۇپۇققا قاراپ سوزۇلغان تاشيولدا ئاستا پاراڭ-

لىشىپ كەلمەكتىدى . قۇياش نۇرى تاھىرنىڭ مېڭىسىنى قىزىتىۋەتكەنـ
دەك قىلاتتى . تاھىر ئۆزىنى قۇياشنىڭ تەپتىدە كۆيۈپ كۈل بولىدىغانـ
دەكلا ھېس قىلدى . تاھىر كىچىك چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ يۇپيۇمىلاق ،
يوغان ۋە ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن قۇياشقا ئۇن مىنۇتلاپ تىكىلىپ قاراپ
تۇراتتى . بۇنى كۆرۈپ قالسا دادىسى دائىم « قارىغۇ بولغۇڭ كېلىۋاتامـ
دۇ ، ساراڭمۇ سەن ؟ كۈنگە بۇنداق قاراۋەرسەڭ ئۇنىڭدىن بىر نەرسە
چىقامدىكەن ؟ ھۇ دۆت ئېشەك ! » دەپ تىللايتتى . بىراق ، ئۇ قارىغۇ
بولۇپ قېلىشنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى . ئۇ دائىم شۇنداق قىلاتتى .
ئۇ كۆزلىرىنى بۇناڭ بىلەن تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس
قىلاتتى ، زادىلا قارىغۇ بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى كۆرۈلمىگەنىدى . قۇياش
ئۇ تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندا دەسلەپتە قىپقىزىل كۆرۈنەتتى ، قاراپ تۇرـ
رۇش ئۇزاققا سوزۇلغانسېرى قۇياشنىڭ رەڭگى بارا ـ بارا يېشىل رەڭگە
ئاندىن كۆك رەڭگە ئەڭ ئاخىرىدا قاپقارا رەڭگە كىرىپ قالاتتى . ئۇ قۇـ
ياشنىڭ ئەسلى رەڭگىنىڭ قانداق بولۇشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا دائىم
خىيال قىلاتتى .

ئېبلىس ئوتتىن يارالغان . قۇياش ئالەمدىكى ئەڭ زور ئوت شاـ
رى ، بەلكىم ئېبلىس ئۇنىڭدىن يارالغان بولسا كېرەك . قۇياش ئۇنى ئېـ
زىقتۇرماقتا ، ئۇ تاھىرنى ياشاشقا مەجبۇرلىماقتا ...

يول بويىدىكى چىغىر يوللار تۆپىلىكتىن گويا قاتارلىشىپ چۇـ
شۇۋاتقان يىلانلاردەك ئېگىلىپ تۆۋەنگە سوزۇلۇپ ياتاتتى . تاھىر چوڭ
يولدىن چىقىپ ئاسىيە بىلەن ئاشۇ چىغىر يوللارغا كىرىپ كېتىشنى
ئويلايتتى ، ئۇ چىغىر يوللارنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى ، ئۇـ
نىڭدا نىشان يوق ئىدى ، ئاشۇ يوللار قەيەرگە بارسا شۇ يەرگىچە —
ئۆزى ئۇچۇن ناتونۇش بولغان بىر مەنزىلگە بېرىشنى ئويلايتتى . بىراق
بۇ خىيالىنى ئاسىيەگە دېمىدى .

— ئاجايىپكەنسەن ، ئۇنى يۈرىكىمدىن چىقىرىۋەتتىم دېگەنسېرى
كۆزلىرىڭدە تولىمۇ ياۋايى بىر مىسكىنلىك چىقىپ تۇرىدۇ ، بۇ قانداقمۇ
سۆزلىرىڭنىڭ راستلىقىدىن كىشىنى گۇمانلاندۇرمىسۇن . پەرىدەنى يۇـ

رىكىڭدىن چىقىرىۋەت ، غەيرەت قىلساڭلا چوقۇم چىقىرىۋېتەلەيسەن .
بىلىمەن ، ئۇ گويا سۇنۇپ يېرىمى ئىچىدە قالغان تىكەندەك سېنىڭ يۈ-
رىكىڭنى زەرداپ قىلماقتا . يالقۇنلاپ تۇرغان ئوت قانداقمۇ مۇزدەك سو-
غۇق سۇدا ياشىيالىسۇن ؟! بولدى ئۇنى خىيال قىلما ! سەن بىر ئوت ، ئۇ
بىر مۇز ، سېنىڭ هارارىتىڭنى پەقەت مەنلا هېس قىلالايمەن . ساڭا ــــ
سەندەك بىر ئوتقا چوقۇم چەكسىزلىكىگە كۆز يەتمەيدىغان ئوت دېڭىزى
تېپىلىدۇ . سەن پەقەت شۇ ئوت ئىچىدىلا ئۆز هاياتىڭنى تاپالايسەن ! قى-
ياپىتىڭدىن تەسۋىرلەپ بولغۇسىز بىر خىل دەرد ـ هەسرەت تۆكۈلۈپ
تۇرىدۇ . ئەجەبمۇ ئۆزگىرىپ كەتتىڭا ، بۇرۇن ئەجەب شوخ ئوماق ئى-
دىڭ ، هازىر ئۇلاردىن ئەسلا ئەسەر قالماپتۇ . قارىغىنا هېلىتىن پېشانەڭگە
قورۇق چۈشكىلى تۇرۇپتۇ .

ــ مەن ئازابنى سۆيىمەن !

ــ ئازابنى هېچكىم سۆيمەيدۇ .

ــــ مەن سۆيىمەن ، چۈنكى ئازابلا هاياتنى مەنىلىك قىلالايدۇ .

ــــ نېمىشقا ؟

ــــ هاياتنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ ، بىراق
پەقەت سانسىزلىغان ئازابلار قوينىغا غەرق بولغاندىلا ئاندىن هەسرەتلىك
خىياللاردىن باش كۆتۈرمەيسەن ـ دە ، هاياتنىڭ مەنىسى بار ـ يوقلۇقى ،
ياشاشنىڭ هاجىتى بار ـ يوقلۇقى توغرىسىدا ئويلىنىپ ئولتۇرۇشقا ئېشى-
نالمايسەن ، شۇنىڭ بىلەن هاياتنىڭ مەنىسىزلىكىنى ئۇنتۇپ ، هاياتتا گويا
مەنە باردەك هېس قىلالايدىغان بولىسەن . شۇڭا ، رېئاللىقتىن ئازاب ئىز-
دەش كېرەك .

ــ سېنىڭ غەلىتە پەلسەپىلىرىڭ مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى ،
بەلكىم بۇلارنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەسلىكىم مۇمكىن .

ئاسىيە تاهىرغا هەيران قالدى . ئۇ دائىم شۇنداق هەيران قالاتتى .
بۇ چاغدا ئۇلار قۇياشقا قاراپ كېتىۋاتتى .

ئاسىيە تاهىرنىڭ قەلبىدە مەلۇم ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن پى-
قەت ئۆزىنىڭ تاهىر سۆيىدىغان كەسىپ بىلەن ئالاقىدار ئورۇنغا خىز-

مەتكە تەقسىم قىلىنغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولدى. رەشىدە بولسا ئۆزىـ
نىڭ ئۆزى سۆيىدىغان كەسىپكە ئورۇنلىشالماسلىقىنى تاھىردىن كۆردى.
چۈنكى، ئۇ تاھىرنىڭ تالانتىغا بەكلا چوقۇنۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن
رەسىملىرىدە تاھىرنىڭ رەڭ ئىشلىتىشتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆپ قولـ
لىنىپ كەتكەنىدى. تاھىرنىڭ رەسىملىرىدە قارا رەڭ كۆپ ئىدى. كىـ
شىگە ناھايىتى ئېغىر ۋە خۇنۇك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇنداق رەسىملەر ئەنئەـ
نىۋى ماي بوياق رەسىملىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە قارشى بولغانلىقى ئۈـ
چۈن، رەسساملىق ساھەسىدە داۋاملىق قارشى ئېلىنماي كېلىنىۋاتاتتى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە تاھىرنىڭ رەسىملىرىدە يېڭى سىناقلار بەكمۇ كۆپ بوـ
لۇپ، ئىدىيىسى دەرىجىدىن تاشقىرى رادىكال ئىدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ
چۈس ۋە جاھىل مىجەزى قوشۇلۇپ ئۇنى كەسىپداشلاردىن بەكمۇ ئايـ
رىپ قويغانىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ رەسىملىرىنى كۆرسىلا نېرۋىسى قوداڭـ
شىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ رەسىملىرىدىكى ئابستراكتلىق ۋە تۇيغۇلىشىپ
كېتىش كىشىلەر زادىلا قوبۇل قىلالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتكەنىدى.
بىراق، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ گېپىدە ۋە ئۇسلۇبىدا چىڭ تۇراتتى. رەشىدە
تاھىرنىڭ ئۇسلۇبىدىكى بۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بەكمۇ تەسىرىگە
ئۇچراپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ خىزمەت ئىزدەپ قەيەرگىلا بارسا ئۇـ
نىڭ ئەسەرلىرىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىققان رەھبەرلەر ئۇنى خىزمەتكە
قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. ئۇ ئاخىرى رەسىم بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقىـ
سىز بىر ئورۇنغا تەرجىمان بولۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ
داۋاملىق رەسساملىق ساھەسىدىكىلەر بىلەن قىزغىن باردى ـ كەلدى قىـ
لىپ ئارىلىشىپ ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ يۈردى. تاھىر بولسا پۈتۈن
دۇنيادىن خەۋەرسىز ھالدا ئايرىلىپ ياشىماقتىدى. ئۇنىڭ رەسىمى دەسـ
لەپىدە رەسساملار جەمئىيىتى تەرىپىدىن تاللىنىپ دۆلەتلىك كۆرگەزمىگە
قاتناشتۇرۇلغانىدى. ئۇنى تاللاشتا باشتىن ئاخىر رەشىدە بىلەن ئاسىيە
بىرلىشىپ ئالاھىدە كۈچ چىقارغانىدى. ئۇلار تاھىرنىڭ ئادەتتىن تاشـ
قىرى تالانتىنى كىشىلەرگە كۈچەپ تونۇشتۇرمىغان بولسا، ئۇنىڭ رەـ
سىمى ھېچقانداق كۆرگەزمىگە قاتناشمىغان بولاتتى. چۈنكى، تاھىر

ئۆزى ئۇنداق ئىشلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايتتى . ئەگەر ئاسىيە كېـ
لىپ ئۇنىڭ رەسىمنى ئېلىپ كەتمىگەن بولسا ، تاھىر ئاشۇ رەسىم
كۆرگەزمىسىگە ئەسەر قاتناشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇ-
رۇپ ئالسىمۇ ئوقۇپمۇ قويماي تاشلاپ قويغان پېتى ئۇ ئىشلار بىلەن چا-
تىقى بولمايتتى .

— تاھىر ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان بىر رەسسام . ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىدە ھەم ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان مىللىي ئۇسلۇب بار ھەم تا-
ھىرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بىر خىل رەڭ سەزگۈسى بار . ئۇ رەسىم-
لىرىنى باشقىلاردەك مىللىي ئۆرپ — ئادەت كۆرگەزمىسىگە ئايلاندۇ-
رۇۋالمايدۇ ، ھەم مەلۇم ئىدىيىنىڭ ياكى شوئارنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى
قىلىۋالمايدۇ . نوقۇل پەندى - نەسىھەت مەزمۇننى ئىپادىلىمەيدۇ . ئۇ
ھەقىقىي سەنئەتكارلارغا خاس كۆز بىلەن رېئاللىقنى كۆزىتەلەيدۇ ، رې-
ئاللىقنى ئۆلۈك ھالدا ئەكس ئەتتۈرمەستىن رېئاللىقنى قېزىپ چىقالايدۇ .
بەزىلەر ئۇنىڭ رەسىملىرىنى رېئاللىقتىن چەتنىگەن ، خام - خىيال ۋە
بىمەنىلىك بىلەن تولغان دەپ قارىشى مۇمكىن ، ئەمەلىيەتتە ئۇ رېئاللىقنى
خۇددى فوتو سۈرەتتەك قايتا ئەكس ئەتتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈنلا شۇنداق
تۇرۇۋىدۇ . ئۇ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئەمەس ، بايقىغۇچى ،
قازغۇچى ... بىر مۇھاكىمە يىغىنىدا رەشىدە تاھىرنىڭ ئەسەرلىرىنى تو-
نۇشتۇرۇپ ئالاھىدە بىر سائەت سۆزلىگەنىدى . ئاشۇ قېتىم تاھىرنىڭ
رەسىمى ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقانىدى . تاھىر
شۇنىڭ بىلەن تۇيۇقسىزلا ئوتتۇرىغا چىققاندەك بولۇپ قالدى . ئەمدى
بولسا مانا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلقئارا كۆرگەزمىلەردىن ئورۇن ئالدى . بۇ
ئىش پۈتكۈل رەسساملىق ساھەسى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ بىر ئىش
ئىدى ، بۇ خەۋەر رەسساملارنى زىلزىلىگە كەلتۈردى . ھەممە رەسساملار
بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى . بەزىلىرى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشسا ، بەزىلىرى غەزەپ بىلەن تىللاشتى . رەشىدە ئۆز ساۋاقدىشىنىڭ
مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانىدى . بۇ خەۋەر ئەڭ دەسلەپتە
رەسساملار جەمئىيىتىگە يەتكۈزۈلگەنىدى . بىرىنچى بولۇپ بۇ خۇش

خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاسىيە خۇشال ھالدا بۇنى بىرىنچى بولۇپ تاھىرغا يەتكۈزىمەن ، دەپ ئاڭلاپلا تېزلىك بىلەن كەلگەنىدى . تاھىرنىڭ مۇئا-مىلىسى ئۇنى ئاڭلاپ بولغان ئوخشايدۇ دېگەن خىيالغا كەلتۈردى .

— سەن قانداق خەۋەر ئاپقانىدىڭ ؟ سېنىڭ قولىقىڭ بىزنىڭكى-دىنمۇ ئۇزۇنمۇ نېمە ! — دېدى ئاسىيە .

تاھىر تىكىلىپ تۇرغان نۇقتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي بىر ھازا جىمجىت تۇرغاندىن كېيىن بوشلا ئاۋاز بىلەن غۇدۇراپ قويدى :

— بۈگۈن بىزنىڭ بىنانىڭ ھاجەتخانىسى بۇزۇلۇپ قاپتۇ ، مەن ئۇنىڭدىن باشقا يېڭى خەۋەر ئاڭلىمىدىم .

— نېمە ؟! سەن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىمىغانمۇ ؟

— مەن ئىككى كۈن بولدى بۇ بىنادىن سىرتقا چىقىپ باقمىدىم .

— سېنىڭ ھېلىقى « ۋۇجۇد دەرۋازىسى » ناملىق رەسىمىڭ خەلقئارا رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلۇپ ، توكيودا كۆرگەزمە قى-لىنىۋېتىپتۇ .

ئاسىيە بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاھىر قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر دەپ ، ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن ئەسەبىيلەشكەن چېھرىنى كۆرۈش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تاھىرنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇراتتى . بىراق ، ئويلىمىغان يەردىن بۇ سۆزگە قارىتا تاھىرنىڭ چىرايىدا ھېچ-قانداق ئىنكاس پەيدا بولمىدى . بۇ ئىش ئاسىيەنى ئىنتايىن گاڭگى-رىتىپ قويدى .

— خۇش خەۋەر دېدىڭمۇ ؟ مەن ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيادا ئەمدى خۇش خەۋەر مەۋجۇت ئەمەس ، ئەگەر مەۋجۇت بولغان بولسا ئالدىنقى يىلى ھېلىقى قىشتا ئاڭلىغان بولاتتىم .

تاھىرنىڭ مۇستەھكەم قاتقان ، تاشتەك سوغۇق چىرايى ئۇنى چۆچۈتۈپ تېنىنى شۈركەندۈرۈۋەتتى . ئۇ ھەيرانلىق بىلەن تاھىرغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ قالدى . ئاسىيە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئاشۇنداق ھەيرانلىق بىلەن قانچىلىك ۋاقىت قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى . ئاسى-يەنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە ، تاھىر ئاسىيەنىڭ بۇ يەردە بارلىقىنى ئۇنتۇپ

قالغاندەك ھېچ نەرسگە دىققىتىنى بۆلمەستىن بېرىپ ئۆزى سىزىۋاتقان بىر پارچە رەسىمنى سىزىشنى داۋاملاشتۇردى . تاھىرنىڭ زېھنى رەسىم جاھازىسىغا شۇ قەدەر مەركەزلەشكەن ئىدىكى ، ئۇنىڭ بىرەر ئادەمنى ھا- ياجانلاندۇرىدىغان خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغانلىقىغا ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . ماي بوياق رەسىم سىزىدىغان رەختكە سىزغان ھەر بىر سىزىقى شۇ قەدەر جايىدا ئىدىكى ، ئاسىيە ئەقلى لال بولغان ھالدا قاراپ قالدى . ئاسىيەنىڭ نەزەرىدە ئەگەر باشقا رەسسام ئاشۇنداق خەۋەردىن بىرنى ئاڭلىغان بولسا ، بىرەر يىلغىچە دېمىگەن تەقدىردىمۇ ئەڭ بولمىغاندا بىرەر ئايغىچە زېھنىنى ئۇنچىلىك يىغالمىغان بولاتتى . خۇشاللىقتىن بىرەر ئاي قولى ئىشقا بارمايتتى .

تاھىرنىڭ ئىسىدە قېلىشىچە ، ئۇ ئاشۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان- دىن كېيىن دەرھال رەسىم سىزىشقا چۈشمىدى ، بەلكى بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ ئالدىرىماي بىر نەچچە چېكىم تارتىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن قولىغا بوياق بىلەن قەلەمنى ئاستا ئالدى ، بىراق بىر ھازاغىچە رەسىم سىزالماي قالدى . بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قازانغان غايەت زور مۇ- ۋەپپەقىيىتىدىن ھاياجانلىنىپ كېتىشىدىن ئەمەس بەلكى ئاسىيە ئۇنىڭ ئىسىگە پەرىدەنى سىلىپ قويغانلىقىدىن ئىدى . چۈنكى ، تاھىر ئۇچۇن پەرىدەنىڭ سۆيۈملۈك ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلەلمەيتتى . چۈنكى ، تاھىر ھامان ئاخىرلىشىش تۇيغۇسى بىلەن يا- شاۋاتاتتى .

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ ئۇزاق بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تاھىر قىزلارغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشنى باشلىغانىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۇھەببەت ئىزھار قىلغاندىكى ئىشلىرىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى . چۈنكى ، بۇ گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئويلىمىغان يەردىنلا چىقىپ كەتكە- نىدى . ئۇ شۇ چاغدا بىرقىزنىڭ يالىڭاچ رەسىمنى سىزىۋاتاتتى . قىز كارىۋاتتا ئۇزۇن سوزۇلۇپ ياتاتتى .

ئۇ تۇنجى قېتىم ئايالالارنىڭ بەدەن رەسىمنى سىزغان چاغلىرىدا ئۇنىڭغا ئايالار يالىڭاچ بولسىلا ھەممىسى ئوخشاشتەك ، ئۇلارنى چىرايلىق

ياكى سەت دەپ پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغاندەك ھېس قىلغانىدى . ئۇ-نىڭغا ئايالLارنى گۈزەل ياكى گۈزەل ئەمەس دەپ ئايرىش بەكمۇ مەنىسىز تۇيۇلغانىدى . چۈنكى ، ئايالLار يالىڭاچ بولسىلا بىر ـ بىرىدىن پەرقلەن-مەيتتى . تاھىر رەسىم سىزىدىغان مەشق سىنىپىدىن سىرتقا چىققاندىن كېيىنلا ئاندىن ئايالLارنىڭ گۈزەللىكتە بىر ـ بىرىدىن تامامەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالىغانىدى . كېيىنچە ئۇنىڭ بۇ خىل تۇيغۇلىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى . ئۇ يالىڭاچ ئايالLارنىڭ تېنىدىكى ئەڭ ئىن-چىكە ئوخشاشماسلىقنىمۇ پەرق قىلىۋالالايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى .

بۇگۈن ئۇ سىزىۋاتقان بۇ قىز ئېگىز بويلۇق ، بەدەنلىرى ئىنتايىن تولغان بىر قىز بولۇپ ، تاھىر ئۇنى كىيىم بىلەن تۇرغان چاغلىرىدا ئىن-تايىن گۈزەل ھېس قىلىپ ، ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە گۈزەل بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالماي قالغانىدى .

ئۇ مىجەزى ئىنتايىن ئوچۇق بىر قىز ئىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىلا ئەمەس پۈتۈن بەدىنى كۈلۈپلا تۇراتتى . تاھىر ئۇنى ئۇنىڭ ئىنچىكە ، ئاق ۋە سۈزۈك نازۇك بارماقلىرىدىن تارتىپ ، پۇتىدىكى ئاپئاق ئېگىز پاشنىلىق ئاياغلىرىغىچە كۈلۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى . تاھىرغا ھەتتا ئۇ-نىڭ كىيىملىرىدىمۇ بىر خىل چەكسىز كۈلكە باردەك تۇيۇلماقتىدى . ئۇ ھېچقانداق تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرمايلا تەشەببۇسكارلىق بىلەن كىيىمىنى سېلىۋەتتى . ئۇنىڭ ئاپئاق يالىڭاچ تەنلىرىدە بولسا بۇ دۇنيادىكى تە-بەسسۇملارنىڭ ھەممىسىنىڭ نۇرى يىغىلغاندەك تۇيۇلاتتى . باشقا قىزلار-دەك ئۇنىڭ چىرايىدا خۇددى باسقۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقاندەك بىر خىل رازى بولماسلىق ۋە زورلىنىش ئىپادىسى كۆرۈلمەيدى . تاھىر ئۇنىڭ بۇنداق دادىللىقى ئالدىدا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى . تاھىر ئۇچۇن ئا-ياللارنىڭ يالىڭاچ بەدىنى ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى . تاھىر ئۇلارنى تولا كۆرۈۋېرىپ كۆنۈپ قالغانىدى . ئۇ ئەڭ دەسلەپتە ئايالLار-نىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى كۆرگەن چاغلىرىدىكىدەك سىرلىق ۋە غەلىتە ھېسسىياتقا چۆمۈلمەس بولۇپ قالدى . كېيىنچە ئۇ يالىڭاچ تەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تامامەن چۈشىنىپ يەتتى ، بىراق ئۇنىڭ ئېڭىدا بۇ دۇنيا ،

بۇ رېئاللىق تامامەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى . ئۇ يالغاچ ئاياللارنى سى-
زىۋاتقاندا ئۆزىنى كوچىلاردىكىدەك كىيىم بىلەن يۈرىدىغان ئاياللاردەك
ئايالار زادىلا مەۋجۇت بولمىغان باشقا بىر دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك ، كو-
چىغا چىققاندا بولسا ئۆزىنى ئايالالارنىڭ يالغاچ بەدىنى زادىلا مەۋجۇت
بولمايدىغان بىر دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى .
تاھىر رەسىم سىزىۋاتقۇچە دائىم چۈشىنىپ بولغۇسىز بىر خىل
جىنايى تۇيغۇ پاتقىقىغا پېتىپ كېتەتتى . ئىنتايىن بىئارام بولۇپ ، ۋۇ-
جۇدى قورۇنۇپ كېتەتتى . بۇنداق تۇيغۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ يالغاچ
تۇرۇپ بەرگەن مودېل ئايالارنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بىر خىل ئازابلىق
كەيپىياتتىن دەپ ھېس قىلغانىدى . بۇگۈنكى قىزنىڭ چىرايىدا زادىلا
بۇنداق روھىي ئازاب ئەكس ئەتمىدى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى چەكسىز كۈ-
لۈمسىرىشى بىلەن ئادەمنى ئۆز قوينىغا چىللايتتى . بىراق ، تاھىر ئاشۇ
ۋۇجۇد ئالدىدىمۇ ھېلىقى جىنايى تۇيغۇدىن زادىلا قۇتۇلالمىدى . نۇرغۇن
يىللار ئىلگىرى تۇنجى قېتىم ئايالارنىڭ يالغاچ رەسىمىنى سىزغان چاغ-
لىرىدىكىگە ئوخشاش ئۇ ئايالارنىڭ يالغاچ بەدىنىنى كۆرۈۋېرىپ كۆ-
نۈپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنىلا بىر خىل سىرلىق تۇيغۇغا ئەسىر بولۇپ
قالدى . تۇنجى قېتىم ئايالارنىڭ يالغاچ تېنىنى كۆرگەن چاغلىرىغا
ئوخشاشلا ھازىرمۇ ئالدىدا تۇرغان يالغاچ ئايالنىڭ تېنىنى زادىلا يال-
غاچتەك ھېس قىلالماي قالدى . ئايالارنىڭ يالغاچ تېنىنى دائىم كۆرۈپ
تۇرغاچقا ، بارا ـ بارا ئۇنىڭ يالغاچ تەنگە بولغان تۇيغۇسى دەسلەپ
كۆرگەن چاغلىرىدىن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتى .
تاھىر تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قەلەمنى زادىلا ھەرىكەتكە
كەلتۈرەلمەي قالدى . بىراق ، بىر ئازدىن كېيىن بۇ خىل ھاياجان پەس-
يىيىپ قالدى . ئۇنىڭ بەدىنى خۇددى قىپقىزىل چوغدەك ياناتتى . بىراق ،
تاھىر ئۇنى زادىلا يالغاچ ھېس قىلالمىدى . ئۇ خۇددى يەنە بىر قۇر
كىيىم كىيىكلىكتەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى . چۈنكى ، تاھىرنىڭ نەزەرىدە يە-
نىلا ئايالارنىڭ بەدىنى — ئۇ كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپلا كېچە ـ
كۈندۈز ، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ تەسەۋۋۇر قىلىپ ، تەلپۈنۈپ كەلگەن بۇ

بەدەن تاھىرنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. ئۇ بۇ بەدەنگە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي قاراپ چىقتى، بىراق زادىلا يالىڭاچلىقنى تاپالمىدى. مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرلىشىش تۇيغۇسى ناھايىتى زور غەليان كۆتۈردى. ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە ئاخىرلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئاياللارنىڭ بەدىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق تىلسىمات ئىدى، بىراق ئەمدى بولسا شۇنچە ئاددىي ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچبىر سىر مەۋجۇت بولمىغان ھالدا تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بۇنىڭغا زادىلا چىدىيالمىدى. ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى، ۋاي كاساپەت دەپ ئىچىدە مىڭ قېتىم تەكرارلىدى. ئۇ نېمىشقىدۇر ناھايىتى چۈشىنىكسىزلا ھالدا خۇددى باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان قىزغا ئوخشاش تۈگىمەس خورلۇق ۋە جىنايەت تۇيغۇسىغا ئەسىر بولۇپ قالدى. قىزنىڭ يالىڭاچ بەدىنى ئالدىدا ئۇ دەپسەندە بولۇۋاتقاندەكلا ھېس قىلدى. قىزنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا قىپيالىڭاچ تۇرۇشى ئوچۇق ئاشكارا ھالدا تاھىرنىڭ ئىززەت - نومۇسىنى يەرگە ئۇرماقتىدى. ئۇنىڭ تېخىمۇ جېنىغا تەككىنى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپلا قوياي دەپ قالغان ھالىتىگە قاراپ قىز مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن تولۇپ، كۆزىنىڭ قىرىدا ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ قويدى. تاھىر ئۆزىنى ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلدى. قىزنىڭ كۈلكىسى خۇددى نومۇسسىز بىر داپيۈز ئادەمنىڭ بىزەڭ كۈلكىسىدەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ ئاشۇ كۈنى ئۆزىمۇ ئويلىمىغان يەردىن قىزغا تەلەپ قويۇپ تاشلىدى. ئۇ ئۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭدا زادىلا بىرەر قىزغا تەلەپ قويۇش خىيالى پەيدا بولۇپ باقمىغانىدى. بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئاشۇ كۈنكى سىم - سىم يامغۇر سەۋەب بولدى، ئۇ ئاشۇ ئىشلاردىن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن شۇنداق ئويلىدى. ئۇ كۈنى ئاجايىپ ھەسرەتلىك سىم - سىم يامغۇر ياغدى. ئۇ شۇ چاغدا رەسىمنى سىزىپ بولۇپ، قىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى.

— ئاياغلىرىڭىزنى سېلىۋېتىڭ، يامغۇر سۇيىدە كېرەكتىن چىقىپ

كەتمىسۇن ، — دېدى ئۇ ، شۇ گەپنى دەۋاتقاندا خۇددى كىيىمىڭىزنى سېلىڭ دەۋاتقاندەكلا جىددىيلىشىپ ، گەپلىرى قولاشماي قالدى . ئۇ ئاشۇ چاغدا پەردىنىڭ يامغۇردا ئايغىنى سېلىۋېتىپ سۇتەنەك ئاپئاق پۇتلىرى بىلەن يامغۇرلۇق ئاسفالت يولغا دەسسەپ ماڭغان كۆرۈنۈشىنىڭ ئۆمرىدە يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىشىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئارزۇ قىلىپ قالغان بولسا كېرەك .

— ئايغىمنى سېلىۋېنىپ ، يەرگە دەسسەپ ماڭامدىم ؟

— يامغۇردا ئاسفالت يول بەك پاكىز بولۇپ يۇيۇلۇپ كېتىپتۇ ! خۇرۇم ئاياغ سۇغا چىلاشسا تېزلا كاردىن چىقىپ كېتىدۇ .

— بىراق بۇ خۇرۇم ئاياغ ئەمەستە .

— مەن سىزنىڭ ئايغىڭىزنى سېلىۋېتىپ ماڭغان ھالىتىڭىزنى كۆرۈشنى بەكلا ياقتۇراتتىم ، — بۇ سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇنداقلا چىقىپ كەتتى . ئۇ بۇ گەپنى قىلىپ تاشلىغىنىدىن ناھايىتى نومۇس قىلىپ كەتتى ، خۇددى ئەڭ نومۇسلۇق ئىچكى سىرى ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى .

— نېمىشقا ئۇنى كۆرۈشنى خالاپ قالدىڭىز . . .

— بىلمەيمەن . . .

جىددىيلىشىشتىن تاھىرنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ گەپ قىلالماي قالدى . قىز بولسا يولدا مېڭىشتىن توختاپ يولنىڭ چېتىگە چىقىپ ئايغىنى سېلىۋەتتى . تاھىر ئۇنى يالىڭاچ بولغاندەك ھېس قىلىپ كەتتى . تاھىر باياتىن ئۇنى قىپيالىڭاچ ھالەتتە كۆرگەندە زادىلا بۇنداق ھېسسىياتقا كېلىپ باقمىغانىدى . قىز بىر جۈپ ئايغىنى سېلىۋېتىپلا باياتىنقىغا قارىغاندا يالىڭاچراق كۆرۈنۈپ كەتتى .

— ئادەمنى بۇنچىۋالا قىينىۋەتمەڭ . مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن ، نېمىشقا سىز دائىملا تەلىپىمنى رەت قىلىسىز ؟ سىز نېمىشقا مېنىلا تۇگىمەس ھەسرەتكە گىرىپتار قىلىسىز ؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قىز ھەيران قالدى ، ئۇ تاھىرنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى زادىلا ئاڭقىرالماي قالغانىدى . ئۇ ھاڭۋاقىنىچە تاھىرغا

قاراپ قالدى . تاھىرنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى .
ئۇ تاھىرنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئۇنىڭدىن تاھىرنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى . تاھىرنىڭ كۆزلىرىمۇ ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى ، بىراق زادىلا تىكىلىپ قارىغاندەك كۆرۈنمەيتتى ، چۈنكى بۇ كۆزلەر قىزغا ئەمەس بەلكى قىز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خىيالىي تۇيغۇسىدىكى بىر مەۋھۇم ئوبرازغا قارىماقتىدى . قىزنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن غەش بولۇپ كەتتى .
— تاھىر ، سىز نېمە دەۋاتىسىز ؟ — سورىدى قىز .
— پۈتۈن ئۆمرۈمدە سىزگە ئېرىشىش پۇرسىتى بولماسمۇ ؟
قىزنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى .
— مەن گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم .
تاھىر قىزنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى . قىز قولىنى ئېلىپ قاچمىدى .
— مەن نەچچە يىلدىن بېرى سىز ئۈچۈن بىر ساراڭغا ئايلىنىپ كەتتىم . سىز بولسىڭىز مېنى زادىلا ئويلاپ قويمىدىڭىز .
قىز مەڭدەپ تۇرغان ھالەتتە تاھىر ئۇنى قۇچاقلىۋالدى .
— بىز تېخى تۇنۇگۈن تونۇشتۇققۇ !
بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاھىر ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ تۇرۇپ قالدى .
— ھەئە تۇنۇگۈن تونۇشتۇق .
— ئۇنداقتا نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز ؟
— مەن شۇنداق ھېس قىلىپ كېتىپتىمەن . . . كەچۈرۈڭ .
قىز تاھىرنىڭ قويىندىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ تېز - تېز قەدەملەر بىلەن كېتىپ قالدى . تاھىر ئۇنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى . ئۇ سانسىزلىغان بىنالارنىڭ ئارىسىدا قاپقاراڭغۇ ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان سىم - سىم يامغۇر ئاستىدا يەككە - يېگانە تۇرماقتىدى .
تاھىر سىزىۋاتقان رەسىمنى پۈتكۈزەلمىدى . قىز ئۇنىڭدىن كېيىن زادىلا كەلمىدى .
مەست بولۇپ قېلىپ باشقىلارغا تەلەپ قويغان ئىشلىرىنى ئۇ كې-

يىن باشقىلاردىن ئاڭلىدى ، شۇڭا بۇ توغرىدا ئۇنىڭدا ناھايىتى غۇۋا تەسىراتتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى . تاھىر بۇ بىر نەچچە قېتىملىق ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى خاتىرىلەپ قويمىدى ، چۈنكى بۇلار ئۇنىڭ نەزىرىدە خاتىرىلىگۇدەكمۇ ئىشلار ئەمەس ئىدى .

ئۇنىڭ مىجەزى بارا – بارا ئۆزگىرىپ كەتمەكتىدى . مىجەزىلا ئەمەس . چىرايىمۇ كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتى ، كوچىدا ئۇچراپ قالغان ھېچقانداق تونۇشلىرىغا سالام قىلمايتتى . ئۆزىگە سالام قىلغانلارغا ھەيرانلىق بىلەن بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ قالاتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭغا سالام قىلغانلار خىجىل بولۇپ كېتىپ قېلىشاتتى . كىشىلەرنى ھەممىدىن بەكرەك بىزار قىلىدىغىنى مۇسكۇللىرى تارتىشىپ تۇرغان سەۋدايى كۆزلىرى ئىدى . ھەيرانلىق ، مەسخىرە ۋە باشقا ئاللىقانداق چۈشىنىكسىز مەنىلەر بىلەن كىشىلەرگە سىنچىلاپ قاراپ كېتىدىغان بۇ كۆزلەر ، ھەرقانداق بىر كۆز بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ، قارىغان ئادەمنىڭ تەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى .

ئۇ ئاستا كېتىۋاتماقتا . ئۇ گويا نىشانسىز مېڭىپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك ، تېز مېڭىش ياكى ئاستا مېڭىش كېرەكلىكىنى ئاڭقىرالمىغاندەك ئاجايىپ بىر خىل كەيپىياتتا كېتىۋاتىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ بول مېڭىش ئادەتلىرىنى تۇيۇقسىز ئەسلەپ قالدى . ئۇ نېمىشقا بۇنى ئەسلەپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمىدى . ئۇنى ئەسلەشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ بىراق كاللا دېگەن قۇيقۇرۇق تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس – دە ! بىر مىنۇت ، بىر سېكۇنتمۇ تەپەككۇردىن توختىمايدۇ . بەلكىم ئۇ پەقەت مۇشۇ زۆرۈرىيەت ئۈچۈنلا ئۇنى ئەسلەپ قالغان بولسا كېرەك . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يولدا قاچاندىن باشلاپ مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئەسلىيەلمىدى . بۇنداق مېڭىپ كېلىۋاتقىنىغا چەكسىز ئۇزاق يىللار بولغاندەك تۇيۇلدى . ياق ، بەلكى بىرەر يىل بولغاندۇ . لېكىن ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلىگۈسى كەلمىدى . خاتىرىسى پەقەت بىر يىل ئىلگىرىكى چاغدىن باشلانغاچقا ، بۇ ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ۋاقىت ئىدى . ئۇ ئەزەلدىن شۇنداق مېڭىپ كېلىۋاتىدۇ . پەقەت كىشىلەر يول ياساپ قويغانلىقى

ئۇچۇنلا مېڭىۋاتقاندەك ... ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئەنە شۇنداق . ھەر بىر
قەدەم ، ھەر بىر ئېغىز سۆز ، ھەر بىر كۈلكە ، ھەر بىر يىغا نېمە مەقسەتـ
تىن ؟ ئۇ بىلمەيدۇ . پەقەت بىلىدىغىنى ئادەم دېگەن بۇ عەلىتە نەرسە ئەنە
شۇنداق يىغلاپ ، كۈلۈپ ، سۆزلەپ ياشايدىكەن . شۇڭا ، ئۇمۇ ئادەم
بولغاچقا شۇنداق قىلىشى كېرەك .

ئادەم گويا رېئاللىق بىلەن ھېسسىيات ۋە ئارزۇ ـ تىلەكنىڭ كۈچ
سىنىشىدىغان بىر ئاغامچىسى ئىكەن . كىممۇ ئۈزۈلۈپ كېتىشنى خالىـ
سۇن . بىراق ، غايەت زور ئىككى كۈچ تارتىۋاتسا ئىنچىكە ئاغامچىدا نېمە
ئامال ؟ ئۇ ئەنە شۇنداق جان تالاشتى . ئەگەر ئۈزۈلمەي قالساڭ ھېسسىـ
يات ۋە ئارزۇ تەلەپلىرىڭ سېنى تارتىپ كېتىدۇ ـ دە ، سەرسان بولىـ
سەن ياكى رېئاللىق تارتىپ كېتىدۇ ـ دە ، يەر بىلەن يەكسان بولىـ
سەن !

ئېزىپ قېلىشتىن بۇرۇن ھېچكىممۇ ئېزىپ قېلىۋاتقىنىنى بىلمەيـ
دۇ . ئۇنداق بولمىغان بولسا ئازماس بولغىيتتى . ياق ، ئۇ ئېزىۋاتقانلىقىنى
تامامەن بىلىپ تۇردى . بىراق ، ئازماسلىققا ئىلاج قىلالمىدى . يېڭىلمەس
بىر غايىۋانە كۈچ ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆزى خالىغىنىچە ئاستىن ـ ئۈستىن
قىلىۋەردى . ئۇ ئاخىرى ئەنە شۇنداق بىر ئەسەبىي تەلۋىلىككە ئەسىر بو-
لۇپ قالدى . ھەممە ئادەم بىلمەي ئازىدۇ ، ئېزىش دېمەك بىلمەي مېڭىش
دېمەكتۇر ، بىراق ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ ئازدى .

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەركىن ئۇنى بەزى ـ بەزىدە ئىز-
دەپ كېلىپ قويىدىغان بولدى . ئۇ تاھىرنى ئۆزىگە باشتىن ـ ئاخىر
دوست ھېسابلايتتى . تاھىر بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىر مەغلۇب
دۈشمەن ھېسابلايتتى . ئۇنى كۆرسە ئازابلىناتتى . تاھىر ئەركىننى كۆ-
رۈشنى زادىلا خالىمايتتى . ئۇ پەردە توغرۇلۇق ئەركىن بىلەن زادىلا
پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى . ھەر ئىككىسى خۇددى ئارىسىدا پەردە دەپ
بىرسى مەۋجۇت ئەمەستەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشقانىدى . تاھىر ئەركىننى
كۆرسىلا خۇددى ئەركىن ئۆزىنىڭ غەلبىسىنى تەنتەنە قىلىشقا كەلگەنـ
دەك خورلۇق ھېس قىلاتتى ، بىراق نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ

يېقىن دوستلاردىن بولۇشنى خالايتتى. ئۇ ھامان بىر كۈنى ئەركىن ئۆزىنىڭمۇ پەرىدەگە ئاشىق بولۇپ يۈرگەن ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغان ئىشلىرى توغرىسىدا ئېغىز ئاچىدۇ دەپ ئويلايتتى. بىراق، ئۇ باشتىن – ئاخىر بۇ ھەقتە زادىلا ئېغىز ئاچمىدى. ئۇ تاھىرنىڭ پەرىدىنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ يۈرگەنىدى، تاھىرمۇ ئەركىننىڭ پەرىدە بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ پەرىدىنى قوغلاشتى، پەرىدەگە مۇھەببەت ئىزھار قىلدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچالمايتتى، چۈنكى ھەر ئىككىلىسىدە دوستلۇققا قارىتا ساداقەتسىزلىك بولغانىدى.

بۇنى رەشىدە ناھايىتى ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇغاندىلا ئاندىن بىلگەنىدى.

تاھىر پەرىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگۈچە ئەركىننىڭ زېرىكىپ كېتىپ ئىچ پۇشۇقى ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەرسى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا بۇنداق ئارزۇدا ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. بەلكىم، ئۇ ئاشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئەركىن باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا پەرىدە ئۆزىگە قالىدۇ، دەپ ئويلىغاندۇ.

ئۇ پەرىدىنى خىيالىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشىپ ئۆزى سىزغان رەسىملەر ئارىسىدىكى پەرىدىنىڭ سۈرىتىنى بىر يەرلەرگە تىقىۋەتكەندى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى، بىراق ئەركىننىڭ پات – پات ئىزدەپ كېلىپ قېلىشى ئۇنىڭ پىغانىنى قايتا ئۆرلىتىپ قوياتتى. ئەركىن بولسا قېرىشقاندەك زادىلا بىرەر قىزغا نەزەر كۆزىنى سالاي دېمىدى.

رەشىدە ئۆز ئۇسلۇبىدا تاھىرنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تاھىر بىلەن ئانچە كۆپ ئۇچراشماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى. ئاسىيە بولسا تاھىرنى داۋاملىق ئىزدەپ كېلىپ تۇردى. يىغىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاسىيە بىلەن ئەركىننىڭ ئىزدەپ كېلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تاھىر ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك سەنئەت دۇنياسىغا پۈتكۈل رېئال دۇنيادىن قېچىپ، پاناھلىق

ئىزدەپ كىرىۋالغانىدى.

بىر ئادەم پەقەت بىر نەچچە ئادەم ياكى ئادەملەر توپى ئارىسىدا مەۋجۇت، ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيادا مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! تاھىر ئەنە شۇنداق دەپ قارايتتى. ئۇ پەقەت ئەركىن بىلەن ئاسىيە ئارىسىدىلا مەۋجۇت ئىدى.

تاھىر بىر كۈنى رەسىم سىزىپ ئولتۇرسا، ئەركىن ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. قىزنىڭ زىلۋا، ئېگىز قامىتى بەكمۇ قاملاشقانىدى. خۇددى قورچاقتەك ياسىنىۋالغان بولۇپ، قىپقىزىل كىيىم كىيىۋالغانىدى. ئۇ قىپقىزىل كىيىم بىلەن قاراڭغۇلۇق قوينىدا لاۋۇلداپ تۇرغان قىپقىزىل يالقۇنغا ئوخشايتتى. يالقۇن مەيىن شامالدا ھەر تەرەپكە لەپىلدىگەندەك مېڭىش – تۇرۇشلىرى شۇنچە لەرزان ۋە يېقىملىق ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ تاھىر بىردىنلا ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل ئاياللارنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سېھرىي كۈچنى پەقەت ئاشۇ قىزنى كۆرگەندىلا ئاندىن يادىغا ئالدى. تاھىرنىڭ رەتسىز، مەينەت، بوياق، قالايمىقان قەغەز پارچىلىرى ۋە باشقا رەتسىز تاشلاپ قويغان نەرسىلەر بىلەن گويا ئەخلەتخانىغىلا ئوخشاپ قالغان ياتىقىدا گۈزەل بىر ۋۇجۇدنىڭ ئۇياق – بۇياق مېڭىپ يۈرۈشى تاھىرنىڭ زۇلمەتلىك يۈرىكىنى ۋاللىدە يورۇتۇۋەتكەندەك بولدى. بىراق، نېمىشقىدۇر ئۇ قىزنىڭ قىلىقلىرى ۋە ۋۇجۇدىدىن يەنىلا پەردەگە ئوخشاپ كېتىدىغان جايلارنى ئىزدىدى. قىزنىڭ نەپىس قەدەم تاشلاپ مېڭىشلىرى ۋە دولقۇنلۇق چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ قويۇشلىرى پەردەگە سەل ئوخشاپ كېتىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. بىراق، بۇمۇ كېيىن ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ قىزنىڭ پەردەگە بىر پىرسەنتمۇ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كېيىن ھېس قىلىپ يەتتى.

ئۇ قىز رەسىمگە ھەۋەس قىلىدىكەن. ئەركىن ئۇنى تاھىردىن رەسىم سىزىشنى ئۆگەنسۇن دەپ باشلاپ كەلگەنىكەن. تاھىر ئۇنىڭغا رەسىم سىزىشنى ئۆگىتىشنى باشلىدى. قىزنىڭ ئويناق كۆزلىرى دائىم تاھىرنىڭ گەپلىرىنى ئۈزۈپ قوياتتى، ئۇ ئاشۇ كۆزلەرگە قاراپلا سالسا

قولى بوباقنى خاتا سۇركەپ سالاتتى.
— رەسىم ماھارەت بىلەن قولنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس، قەلبىنىڭ ئىجادىيىتى، — دېگەنىدى تاھىر قىزغا، — يۈرىكى مۇھەببەت بىلەن يارا بولمىغان ئادەم سەنئەتكار بولالمايدۇ، مەن سىزگە ماھارەت ئۆگىتەلەيمەن، سىز ئۇنى ئىگىلەپلا رەسسام بولالايمەن دەپ ئويلاپ قالماڭ، ئەڭ مۇھىمى سىزدە سەنئەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىز كۈلۈپ قويىدى، تاھىر قىزنىڭ كۈلۈشلىرىنىڭ ئىنتايىن يېقىملىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، بىراق بۇ كۈلكىلەر پەرىدەنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى.
— تاھىر، بۇ قىز بولامدىكەن؟ — سورىدى بىر كۈنى ئەركىن تاھىردىن. بۇ چاغدا تاھىر كارىۋىتىدا يېنى بولغىنىچە خىيالغا پاتقانىدى.
— بولىدىكەن، خېلى تىرىشۋاتىدۇ، كېيىنچە تېخىمۇ...
— مەن ساڭا ئۇ قىز يارىدىمۇ دەۋاتىمەن. يارىغان بولسا رەسىم ئۆگەتكۈچە كەلتۈرۈۋالساڭ دېيمەن...
تاھىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىملا تۇرۇپ قالدى.
— مەن ئۆزۈم گەپ قىلىپ باقايمۇ يا؟ سەنغۇ بىرەر قىزغا گەپ قىلاي دېيدىغاندەك قىلمايسەن.
تاھىرنىڭ يۈزلىرىگە ئىسسىق قان تېپىپ چىقتى. ئۇ قىزىرىپ كەتكەن چىرايىنى ئەركىنگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن باشقا ياققا قارىۋالماقچى بولۇپ ئەتەي ئارقىسى تەرەپتىكى بىر پارچە رەسىمگە قول سوزدى، ئۇ رەسىمنى ئېلىپ قارىغان بولۇۋالدى. بىراق، خىجىللىقى تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى زادىلا قاملاشماي، چاندۇرۇپ قويغاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەركىن بولسا يۇقىرىقى سۆزنى خۇددى تاھىرنىڭ ئۆز سۆيگىنى پەرىدەنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى زادىلا بىلمەيدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئېيتقانىدى.
قىز تاھىرنى كۈندە ئىزدەپ كېلىپ تۇردى. ئۇ بەزىدە تاھىرغا تاماق ئېتىپ بېرەتتى. بۇ تاھىرغا ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىل-

دۇردى . بىراق ، دەل شۇنىڭ بىلەن بىرگە تاھىرنىڭ قەلبىدە يەنە ھېـ
لىقى چۈشىنىكسىز « ئاخىرلىشىش » تۇيغۇسى غەليان قىلىشقا باشلىدى ،
بۇ ئۇنىڭ روھىدىكى بۆھرانىنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۈ-
قىرى پەللىگە يېتىشى ئىدى . ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر بىر خىل تېگى يوق جىد-
دىيى تۇيغۇغا ئەسىر بولۇپ قالدى . ئاشۇ قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش
ئۇنىڭغا خۇددى خىيانەتتەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ ئۆز ۋىجدا-
نىغا خىلاپ ئىش قىلىۋاتقاندەك ئازابلىناتتى . بىر نەچچە يىلدىن كېيىن
رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى مۇشۇ توغرىدىكى بايانلارنى ئوقۇغاندا
ئەلۋەتتە تاھىردىكى بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇنى زادىلا چۈشىنىپ يېتەل-
مەيدۇ . بۇ نەرسە رەشىدەنىڭ زادىلا كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ .
رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى :

« قۇياش يەنىلا چەكسىز نۇرىنى چېچىپ تۇرغان بولسا كېرەك .
مەن ئۇنىڭ نۇرىدىن تامامەن مۇستەسنا يالغۇز ئۆيۈمدە ئولتۇراتتىم . ئۆي
ئىچى دائىملا قاراڭغۇ تۇراتتى . مەن بۇنداق قاراڭغۇلۇقنى خالايدىغان
بولۇپ قالدىم . ھەتتا ، رەسىم سىزغىنىمۇ مۇۋاپىق نۇر چۈشۈپ تۇ-
رۇشنى ئويلاپمۇ قويمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم . دېرىزىدىكى پەردىلەر
كىرلىشىپ تېخىمۇ قېلىنلاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى ، ئۇنىڭ ئەسلى
رەڭگىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى مەن ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قالاتتىم . مەن
پەقەت مانا مۇشۇنداق بىر مۇھىت ئىچىدىلا ئۆزۈمنى ناھايىتى ئەركىن
ھېس قىلاتتىم . باشقىلار خۇددى ئەخلەتخانىغا ئوخشىتىدىغان بۇ ئۆينىڭ
قالايمىقانلىقى مېنىڭ روھىي ھالىتىمگە بەكلا ماسلىشىپ كەتكەندەك تۇ-
يۇلاتتى . ئەركىن ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويغان قىزنىڭ ئىككى كۈن قاتتىق
تىرىشىشى بىلەن مېنىڭ بۇ ئۆيۈم رەتلىك ۋە بىر ئاز پاكىز قىياپەتكە
كىرگەندە بولسا ، مەن خۇددى يات بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالغان-
دەك ئۆي ئىچىدە قاتتىق قورۇنۇش ھېس قىلدىم . ئەركىن تا شۇ كەم-
گىچە پەردە توغرىسىدا ماڭا بىرەر قېتىممۇ ئېغىز ئېچىپ باقمىغانىدى ،
مېنىڭ پەردىگە ئەسەبىيلەرچە ئاشىق بولۇپ يۈرگىنىمنى بىلمەيدىغان-

دەك ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا توختىماي خەتلەرنى يازغىنىمدىن زادىلا خەۋىرى يوقتەك قىلاتتى . بىراق ، ئۇنىڭ ماڭا باشقا قىزلارنى تونۇشتۇرماقچى بولۇپ كېتىشلىرىدىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بولغانىدىم . ئۇ بەلكىم مېنىڭ پەردەنى قوغلىشىشىمنى بىرەر قىزنى تاپالماي قېلىۋاتقانلىقىدىن بولغان دەپ ئويلاپ ، مېنىڭ تەنھالىق دەردىنى تارتىۋاتقانلىقىمغا ھېسداشلىق قىلىپ شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ ... بىراق ئۇنىڭ بۇ ھېسداشلىقى ۋە ماڭا ئىچ ئاغرىتىشى ئوغامنى قايىنىتىۋەتكەنىدى ، شۇنداقتىمۇ چاندۇرماستىن ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قوشۇلغان بولۇپ قويدۇم ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇ ئىشى مېنى دەپسەندە قىلىشتەك تۇيۇلماقتىدى . مېنىڭ پەردەنى نېمىشقا قوغلىشىشىمنى ئۇنىڭ چۈشىنەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇ مېنى پەقەت بىر قىزغا ئېھتىياجلىق ؛ بىرەر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قالسىلا روھىي دۇنياسىدىكى بوھران ئاخىرلىشىپ ھەممە جەھەتتە ئوڭشىلىپ قالىدۇ دەپ ئويلىسا كېرەك . دەسلەپتە مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم . بىراق ، كېيىن بۇنىڭغا تامامەن ئىشەنمەس بولدۇم . چۈنكى مېنىڭ پەردەدىن ئىزدەيدىغىنىمنى باشقا ھېچكىمدىن تاپقىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى . مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئىزدەيدىغىنىم جىنسىي تەشناللىقنى قاندۇرۇش ئەمەس ئىكەنلىكىنى مەن ھېس قىلىپ يېتىكلىك ئىدىم . ئەگەر ماڭا كېرىكى نوقۇل ھالدىكى جىنسىي تەشناللىقنى قاندۇرۇش بولغان بولسا ، مېنىڭ بۇ تەشناللىقنى قاندۇرۇش پۇرسىتىم باردەكلا قىلاتتى .

ئۆي ئىچىدە ئۆزۈم يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا ، ناھايىتى ئېچىنىشلىق بىر ئاۋازدا ھۆۋلاپ باققۇم كېلەتتى ، پەقەت باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنداق قىلمايتتىم .

ئەركىن ماڭا تونۇشتۇرغان قىزنىڭ بەدەن رەسىمنى سىزماقچى بولۇۋېدىم ، ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلدى ، بىراق مەن ئۇنىڭ رەسىمنى ئاشۇ كۈنى سىزالماي قالدىم . چۈنكى ، ئۇ كىيىمنى سېلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز خۇدۇمنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتقانىدىم . ئۇ ئويلىمىغان بۇ ئىشتىن گاڭگىراپلا تۇرۇپ قالدى . مەن

يەنە ھەرىكەت قىلىشىۋىدىم، ئۇ ئۆي ئىچىدە بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى، رەسىم جاھازىسىمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشتى، مەن ئۇنىڭغا قايتىدىن يەنە قولۇمنى ئۇزىتىشىۋىدىم، ئۇ دەرھال ئۆزىگە كەلدى ـ دە، تىپىچەكلەپ ئاستىمدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتى. بۇ كۆرۈنۈش مېنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرەرگە يېقىن بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ، پەرىدەنى تۇيۇقسىز قۇچاقلىۋېلىپ سۆيۈشكە تىرىشقىنىم بىلەن ئېڭىمدا قوشۇلۇپ كەتتى، بىراق بۇ قوشۇلۇش مېنى تېخىمۇ تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان قوشۇلۇش ئىدى. پەرىدەنىڭ يۈكسەك ۋە خىيالىي ۋۇجۇدى ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، ئەگەر ئۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىسىلا ئۇ چاغدا مېنىڭ قەلبىمدىكى بارلىق يۈكسەكلىك بەربات بولۇپ كېتەتتى، مەن ئۇنى باشقىلارغا ئوخشاتسام، مېنىڭ قەلبىمدىكى ھېچقانداق مۇقەددەس نەرسە قالمايتتى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ روھىم چەكسىز ۋە ئازابلىق سەرسانلىققا دۇچار بولۇپ، دۇنيادىن يەنە بىر مۇقەددەس نەرسىنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولاتتى.

ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا قىيپالىڭاچ ياتاتتى. مەن بىردىنلا چەكسىز بىر خىل شەھۋانىي ھاياجانغا غەرق بولدۇم. ئاياللارنىڭ يالىڭاچ بەدىنى مەندە ئەزەلدىن بۇنداق تۇيغۇ پەيدا قىلىپ باقمىغانىدى.

مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىردىنلا ئاچ بۆرىگە ئوخشاش ئاتقان ۋاقتىمدا، ئۇ كىيىمنى سېلىشقا ئەمدىلا تەمشىلىشۋاتقانىدى. مەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يەشتىم. ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى يەشمەكچى بولدۇم ـ دە، ئېڭىشىپ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قارىدىم. بىراق، مەن زادىلا ئېنىق كۆرەلمىدىم، قاراڭغۇلۇقتا كۆرگىلى زادىلا بولمايتتى. ئۆينىڭ ئىچى ئاشۇ چاغدا تېخى كۈندۈز ئىدى، كۈندۈز ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە، لېكىن خاتىرەمدە نېمىشقا شۇنداق بىر قاراڭغۇلۇقنىڭ شەكىللىنىپ قالغانلىقىنى مەن زادىلا چۈشىنەلمەيمەن، مەن بۇ قاراڭغۇلۇقنى ئەسلىمەمدىن يوقىتىپ ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ دەقىقىلەر توغرىسىدىكى خاتىرەمنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولاتتىم، بىراق ئەسلىمەمگە ئارىلىشىۋالغان قاراڭغۇلۇقنى

زادىلا يوقىتىۋېتەلمىدىم . بەلكىم ، ئۇ بىر كېچە ۋاقتىدۇر . ئاستا سىلىشىم
بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرى قولۇمغا ئۇرۇلدى . بىر تۈگمە-
سىنى يېشىپ ئىككىنچىسىگە قول سوزۇشۇم بىلەن تەڭلا قولىنى ئېلىپ
كېلىپ قولۇمنى تۇتۇۋالدى . ئۇنىڭ قوللىرى يۇمران ۋە ئىللىق ئىدى .
مەن ئۇنىڭ قولىنى ئالىقىنىمغا ئېلىپ سىلاشقا باشلىدىم ، ئۇنىڭ كۆزلى-
رىگە تىكىلدىم ، ئۇنىڭ چىرايىدىن نېمىلەرنىدۇر كۆرمەكچى بولاتتىم ،
بىراق ھېچنېمىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى . ( بۇ ئېنىق كۆرگىلى بول-
ماسلىق ئۇنى بەكمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى ) . شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭ
يەرگە قارىۋالغانلىقىنى ، ھەتتا يەرگە ئېگىلگەن ئۇزۇن - ئۇزۇن قايرىما
كىرپىكلىرىنىمۇ قاراڭغۇلۇقتا ئېنىق كۆرگەندەك بولدۇم . ئۇنى قايتا سۆ-
يۈشكە باشلىدىم . ئۇنىڭ لەۋلىرى بەكمۇ ئىللىق ئىدى . تەمسىز ، بىراق
ئادەمگە لەززەت بېغىشلايدىغان ھۆللۈكنى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ھېس قىلات-
تىم ، قوللىرىم ئۇنىڭ قولىنى سىلايتتى ، ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ قولۇم
بىلەن كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىشكە باشلىدىم ، ئۇ بۇ نۆۋەت قو-
لۇمنى تۇتىۋالمىدى ، خۇددى ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى كۆزەتمەكچى
بولغان دوختۇردەك ئۇنىڭ كۆكسىنى ئاچتىم . ئۇنىڭ لىپتىكى يوق
تۇراتتى ، بايا باردەك قىلاتتى ، بەلكىم ئۆزى يېشىۋەتكەندۇ . مەن ئۇنىڭ
كۆكسىگە قاراشقا ئۇرۇنۇۋېدىم ، ئۇ ئەتەي مېنى چىڭ قۇچاقلاپ كۆك-
سىنى كۆكسۈمگە ياقتى ، ئۇنىڭ كۆكسىنىڭ يۇمشاق ۋە تولغان ئىكەنلى-
كىنى ، ئىللىق ھارارىتىنى ھېس قىلدىم . ۋۇجۇدلار بىر - بىرىگە سىڭ-
شىپ كېتىۋاتقاندەك ، قانلىرىمىز بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەندەك ،
مېنىڭ تومۇرلۇرۇمدىكى قان ئۇنىڭ تومۇرلىرىنىمۇ ئايلىنىپ كېلىۋاتقان-
دەك ، سەزگۈلىرىمىزمۇ ئۆز ئارا قوشۇلۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم .
ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشلىرىنى گويا ئۆز يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىدەكلا
ئېنىق ھېس قىلاتتىم . ئىككىمىزنىڭ تېزلىشىپ كەتكەن نەپەسلىرىمىز
خۇددى بىرلا نەپەس چىقىرىش يوللىرىدا بولۇۋاتقاندەك سېزەتتىم . بەل-
كىم ئۇلارمۇ ئەنە شۇنداق ھالەتتە بىر - بىرگە چىڭ چاپلىشىپ كەت-
كەندۇر .

مەن ئاشۇ دەقىقىلەر ھەققىدە دائىم ئويلايمەن. بىراق ئاشۇ چاغنىڭ كېچە ياكى كۈندۈز ئىكەنلىكىنى زادىلا پەرقلەندۈرەلمەيمەن. بەلكىم بۇنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يۈز بەرگەندۇر. ئاشۇ دەقىقىلەر كېچىمۇ ياكى كۈندۈزمۇ مەن زادىلا بىلمەيمەن؛ بىراق، ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە بارى: ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىقراق كۆرۈۋالماقچى بولدۇم. ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى قىلىقلىرىنى ۋە ناز كەرەشمىلىرىنىڭ چىرايىدا ئىپادىلىنىشىنى ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن سۆيۈشتىن توختاپ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يۈزلىرىنى كۆزەتتىم. بەلكىم ئۇمۇ يۈزلىرىمنى دەل مەندەك كۆزەتكەندۇر. كۈچلۈك چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ قىپيالىڭاچ يۈزلىرىدىكى ھەر بىر تال سىزىقچە ۋە رەڭلەرنى، شەرمەندىلەرچە گۈزەللىكىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بىراق، مەن ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئېنىق كۆردۈم دەپ ھېسابلايمەن. ئاۋۇ تەرەپتىكى بىنالارنىڭ دېرىزىلىرىدىن چۈشۈۋاتقان ناھايىتى سۇس چىراغ نۇرلىرى ئۆينى يورۇتماستىن بەلكى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرۇۋېتىپ بارغاندەك قىلاتتى. مەن ئاۋۋال ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم، قاراڭغۇدا ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى، چۈنكى ئاۋۇ تەرەپتىكى بىنانىڭ يورۇق تۇرغان بىر نەچچە دېرىزىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان نۇر ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋە قاپاقلىرىغا چۈشمەيتتى. پەقەت پېشانىسى، بۇرۇن، مەڭىز ۋە لەۋلىرىنىلا ئاران ئىلغا ئالغىلى بولغۇدەك ھالدا غۇۋا، بەكمۇ غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. قاراڭغۇلۇق بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ شولا ئۇنىڭ مەڭىز، بۇرۇن، ئېڭەك، لەۋلىرى ۋە پېشانىسىنى كۆكۈش، مۇزدەك سوغۇق بىر ھالەتتە سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دېرىزە تەرەپتىكى ئوڭ كۆزىنىڭ بىر قىسمىغىمۇ ئاشۇ كۆكۈش شولا چۈشۈپ تۇراتتى، بىر قىسمىغا چۈشمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىكى كۆزلىرى پۈتۈنلەي زۇلمەت ئىلكىدە بولۇپ قاپقاراڭغۇلۇقتا شېرىن لەززەت ۋە جاندىن ئۆتىدىغان غىدىقلىنىش بىلەن قاپقارا يالتىراپ تۇراتتى، تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ ۋە چوڭىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. سەل - پەل ئېچىلىپ تۇرغان لەۋلىرى قارىيىپ كۆرۈ-

نەتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ يىمىرىلمەس ھەۋەس ۋە ئاچكۆزلۈك ــ تويـ
ماسلىق بىلەن چاڭقىغان ھالدا مىدىرلاپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغىلى
بولاتتى . كىشىنى مەپتۇن قىلغۇچى ئىڭراۋاتقان ئاۋازدىن ئۇنىڭ يۈرەك
سوقۇشىنىڭ جىددىيلىشىپ ، نەپسىنىڭ سىقىلىپ كېتىۋاتقانلىقى چىقىپ
تۇراتتى . ئۇ مانا بۇلارغا تەشنا ئىدى . بۇ خىل سەزگۈنىڭ تېخىمۇ كۈ-
چىيىشىنى ، يارتىلىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتەتتى ، بۇ ھالەتنى شې-
رىن لەززەت پەيدا قىلغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنىڭ نې-
مىشقا قاتتىق ھېرىش ۋە ئازابنىڭ پەيدا قىلغان ھالىتى بىلەن تامامەن
ئوخشاشلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى . بۇ ئىككى خىل ئىپادە بىر ــ
بىرىگە مەيلى قانچىلىك ئوخشاشسا ئوخشاشسۇن ، بىراق بۇلارنىڭ بىرى
ئازاب ، بىرى بولسا لەززەت ئىدى . بەلكىم ئۇلارنىڭ كىشىگە بېرىدىغان
تۇيغۇسى ئەسلىدە ئوخشاش بولۇشى كېرەك بولغىيتتى . كىم بىلىدۇ ،
قاتتىق بېسىم دەستىدىن كۈچىيىپ بارغان ھەۋەس ئەسلىدە ئازابلىق بو-
لۇشقا تېگىشلىك تۇيغۇنى پەقەت ئۇزاق مەزگىللىك تەشنا روھىي ھالەت-
تىن پايدىلىنىپ لەززەتلىك تۇيغۇغا ئۆزگەرتىۋەتتىمۇ تېخى ؟!

ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ يۈزلىرىنى كۆزىتىۋاتقىنىمنى
سېزىپ دەرھال كۆزىنى يۇمۇۋالدى ، ئاندىن دۈمبەمنى سىلاۋاتقان قوللى-
رىنى ئېلىپ كېلىپ كۆزلىرىمنى ئېتىۋالدى ، مەن دەرھال ئۇنى سۆيدۈم .
ئۆي قاراڭغۇلاشتى . ئۇدۇلدىكى بىنانىڭ يېنىقلىق تۇرغان چىراغلىرىدىن
ئىككىسى تەڭلا ئۆچۈپ يورۇق دېرىزىدىن پەقەت بىرىلا قالدى . بىزنىڭ
ئۆينىڭ ئىچىدىكى قويۇق قاراڭغۇلۇق دەستىدىن بىر نەرسىنى ئاسانلىقچە
ئىلغا ئالغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ نازلىق ئاۋازى ۋە تاتلىق
ئىڭراشلىرى تېخىمۇ ئەسەبىي ھالەتكە چىقتى ، بۇ ئاۋازلارغا شۇنچە مەپ-
تۇن بولسامۇ نېمىشقىدۇر ئۇنى بىنورمالدەك ھېس قىلاتتىم . بەلكىم ،
بۇنداق چاغدا ئەنە شۇنداق غەيرىي نورمال ھالەتكە كېلىپ قېلىشقا توغرا
كېلىدىغاندۇر . ئۆي قاراڭغۇلاشقانسېرى ئۇنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋاتقان-
دەك ھېس قىلاتتىم . ئەمدى باياتىنقى غۇۋا سوغۇق شولا چۈشۈپ تۇر-
غان يۈزلەر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى ، قاراڭغۇلۇق

ئۇنى كۆرۈۋېلىشىمدىكى غۇۋالىقنى سۇپۇرۇپ تاشلىغانىدى . مەن ئۇنىڭ ئوبرازىنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ پۈتۈنلەي يېڭى ۋە ئەڭ تونۇش هالەتتە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم . بىر نەچچە سېكۇنت ئاۋۋالقى ئۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . باياتىن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ۋە بەدىنىنى غۇۋا كۆرگەن ياكى كۆرمىگەنلىكىمنى بىلەلمىگۈدەك هالدا ئۇنىڭ باياتىنقى گۆشتىن تۈزۈلگەن قىياپىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيتتىم . ئۇ يوقالغانىدى ، ئۇ ئەمدى هەرگىزمۇ بىر نەچچە سېكۇنت ئاۋۋالقى ئۇ ئەمەس ئىدى . ئۇ ئەمدى باياتىنقى ئېغىز ، بۇرۇن ، يۈز ، كۆزلەرگە ئىگە ، بەدەن ۋۇجۇدقا ئىگە ئۇ ئەمەس ئىدى ، ئۇ ئەمدى تۇتقىلى ، كۆرگىلى بولمايدىغان بىر تۇيغۇ ، بىر كۈيگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى . مەن قاراڭغۇلۇق قوينىدا ئاشۇ كۈينىڭ گۈزەل دولقۇنلىرىدا بىر تال پەيدەك ئەركىن لەيلەپ ، سويلاپ يۈرەتتىم . ئېنىقكى ئۇ هەرگىزمۇ بۇنداق لەززەتتىن بەهرىمەن بولالمايدۇ ، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ ئالدىدا بۇنداق يۈكسەك نەرسە بولماستىن بەلكى پەقەت گۆشتىن تۈزۈلگەن بىر ماددا ، پەقەت گۆشلا ئىكەنلىكىدىن باشقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان باشقا هېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس .

— نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز ؟ — سورىدى ئۇ مەندىن .

— شۇ تاپتا بىرەر نەرسىنى ئويلاش مۇمكىنمۇ ؟ — دېدىم مەن .

— ئۇنداقتا كۆزلىرىڭىزنى بىر نۇقتىغا تىكىپ نېمە قىلىۋاتىسىز ؟

قىز شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ كەتتى . بۇ كۈلكە مېنىڭ ئوغامنى قايىنتىۋەتتى . مەن باشقىلارنىڭ ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدەك سەتەڭ قىزلارنىڭ شوخ هالىتىنى ياقتۇرمايتتىم ، بەلكىم بۇ مەندىكى ئىچى تارلىقتىن بولۇۋاتقاندۇ . مەن دائىم هەسرەتلىك خىياللارغا چۆمۈلۈپلا يۈرگەچكە باشقىلارنىڭ خۇشال هالىتىنى كۆرۈشنى نېمە ئۈچۈندۇر زادىلا خالىمايتتىم .

مەن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدىم ، ئۇ يەنە مەندىن سوئال سورىدى :

— سىز ئەركىن بىلەن بەك يېقىنمۇ ؟

مەن يەنىلا گەپ قىلمىدىم .

— گەپ قىلمايسىزغۇ ؟

— مەن ھېچكىم بىلەن يېقىن ئەمەس ، — دېدىم مەن .

— مەن بىلەنمۇ يېقىن ئەمەسمۇ ؟

— مەن سىز بىلەن يېقىنلاشماقچى ئىدىم ، بىراق بىزنىڭ بىللە يېتىشىمىز بىزنىڭ ئارىلىقىمىزنى يىراقلاشتۇرۇۋەتكەندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ . مەن سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزنىڭ چەكسىزلىكىنى ھېس قىلدىم ، مەن بۇ چەكسىزلىك ئىچىدە ئېزىقىپ قالدىم . مەن سىزنى زادىلا تونۇيالماي قالدىم . سىز كىم ؟

— سىز بەكمۇ شائىرانە گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز . سىزدە ھەقىقىي سەنئەتكارغا خاس روھ بەكمۇ تولۇق ئىكەن . سىز سەنئەتكە بەكمۇ جان پىدا ئىكەنسىز ، ھەربىر پارچە ئەسىرىڭىزدىن سەنئەتكە بەكمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ . لېكىن ، سىز تۇرمۇشقا زادىلا ئەستايىدىل ئەمەسكەنسىز ، مۇشۇ تارغىنە بىر ئېغىز ئۆيىڭىزنىمۇ رەتلىمەي ، چىرايلىقراق تۇتاي دېمەيدىكەنسىز . خۇددى بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئەمەستەك .

— بولارنىڭ ھەممىسى قىسقا ۋاقىتلىق پايدىلىنىلىدىغان نەرسىلەر ، بۇ دۇنيادا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ، يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلغۇدەك ھېچ نەرسە يوق . پەقەت بولار بىر مەزگىل مېنىڭ ھاجىتىمدىن چىقسىلا بولدى . بىز بۇ دۇنياغا مېھمان ، بۇ بىر مېھمانخانا ، بىز يولۇچىدەكلا قونۇپلا ئۆتۈپ كېتىمىز . سىز بىرەر مېھمانخانىدا بىر نەچچە كۈن قونۇپ ئۆتۈپ كەتسىڭىز ئۇ مېھمانخانىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىڭىز ھېسابلاپ ، تاپقان پۇلىڭىزنى خەجلەپ ئۇ ئۆينى ئېسىل قىلىپ بېزەپ قويۇپ كېتەمسىز ؟ بۇ نەرسىلەر بىزگە مەڭگۈلۈك ئەمەس ، بىز ئۈچۈن بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك نەرسە پەقەتلا ئىككى ، ئۇنىڭ بىرى سەنئەت يەنە بىرى ئۆلۈم . بىز سەنئەت ئارقىلىق دەقىقە ئارىلىقىدىكى ئەڭ ئىنچىكە ۋە غۇۋا ھېس تۇيغۇلىرىمىزنى ئىپادىلەپ ، ئاشۇ ھېس تۇيغۇلارنى مەڭگۈلۈككە ئىگە قىلالايمىز . بىز ئۆلسەكمۇ بىزنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ تۇيغۇلىرىمىز ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قايتا ـ

يۈز بېرىپ مەڭگۈ ياشايدۇ . بىزنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشەلەيدىغىنىمىز پە-قەتلا سەنئەتكارانە ھېس - تۇيغۇدىنلا ئىبارەت . بىز ئاشۇ تۇيغۇ ئۈچۈنلا ۋە ئۇنى مەڭگۈلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈنلا ياشايمىز ، يەنە بىرى ئۆلۈم . ئۆلۈم چەكسىزلىككە ۋە مەڭگۈلۈككە ئىگە . بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلال-مايدۇ . بىز پەقەت مەڭگۈلۈك بولغان نەرسىلەرنىلا ئۇلۇغلىيالايمىز ، مەڭگۈلۈك بولمىغان نەرسىلەرنى ئۇلۇغلاشنىڭ نېمە قىممىتى ؟ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ شۇڭا مېنىڭ ھاياتىمدا ئەڭ بېرىلىپ ئويلايدىغىنىم ئۆلۈم . سەنئەت بىلەن ئۆلۈم ئوخشاشلا نەرسە ، ئامېرىكا شائىرى سىلۋىيە پلاس ئېيتقاندەك ئۆلۈممۇ بىر تۈرلۈك سەنئەت !

ئۇ جىنسىي تۇيغۇغا باي زىل ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئۇزۇنغىچە كۈ-لۈپ كەتتى . مېنىڭ شۇ قەدەر دەھشەتلىك سۆزلىرىم ئۇنىڭغا شۇ قەدەر كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۆلۈم توغرىسىدىكى خىياللىرىمدىن كۈلۈۋاتاتتى . ئۆلۈم ئۇنىڭغا ھەر قانداق قىزىقارلىق يۇمۇردىنمۇ كۈلكە-لىك بولۇپ تۇيۇلغان بولسا كېرەك . مەن ئۇنىڭ جاسارىتىگە ھەيران قالدىم .

— سىزنىڭچە ئاياللارنىڭ تېنى مەڭگۈلۈك ئەمەسمۇ ؟

مەن سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن :

— ياق ، ئۇمۇ چىرىپ تۈگەيدۇ ، — دېدىم .

— ئۇنداقتا ئاياللارنىڭ تېنى مۇقەددەس ئەمەسمۇ ؟ مېنىڭچە سىز ئاياللارنىڭ تېنىنى ھەممىدىن مۇقەددەس بىلىسىز ، سىز ئاشۇ تەننىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىشكە رازى . بىراق ، سىز-دىكى بۇ ئەسەبىيلەرچە ئىستەك ، ئاياللارنى ئاياللارنىڭ نېنى بىلەن ھايۋانلارنىڭ تېنىنىمۇ ئانچە پەرقلەندۈرۈپ كېتەي دېمەستىن ھەر ئىككىسىدىن ئوخشاشلا لەززەتلىنەلەيدىغان بەزى ئەرلەرچىلىكمۇ خۇشال قىلىۋېتەلمەيدۇ .

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نېمە قىلىشنى زادىلا بىلەلمەي قالدىم . ۋۇجۇدۇم ئوت ئالغاندەك بولۇپ ، يۈزلىرىمدىن تەر قۇيۇلدى . مەن ئۇنىڭغا قارىيالماستىن باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالدىم .

— پاھ ، خىجىل بولۇپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭ ، — ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىيلەرچە كۈلۈشكە باشلىدى ، — يۈزلىرىڭىز قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى . پاھ ، نېمانچە قىزىرىسىز ؟ مەن كىيىملىرىمنى سېلىپ ئالدىڭىزدا قىپيالىڭاچ ھالدا ھازىر بولغان ۋاقتىمدا سىزنىڭ قانداق جىددىيلىشىپ كەتكىنىڭىزنى ، سىزنىڭ قانداق ھالەتتە جالاقلاپ تىترىگەنلىكىڭىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايمەن . سىز ھوشىڭىزدىن كەتكىلى تاس قالدىڭىز ، سىزگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى . راستىنلا ئىچىم سىيرىلىپ يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى . سىزنىڭ ئاشۇ ھالىتىڭىز ماڭا ھەم ناھايىتى كۈلكىلىك ھەم ناھايىتى ئېچىنىشلىق تۇيۇلدى .

بىر ھازادىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى رۇسلىۋېلىشقا تىرىشىپ ، تۇيۇقسىزلا :

— مەن سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن ، — دەپ سالدىم .

ئۆزۈمنى رۇسلىۋېلىشقا تىرىشقانسېرى شۇنچە ئوسال كەيپىيات ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتىم . مەن ئۇ سۆزنىڭ قانداق ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكىنىنى بىلەلمەيلا قالدىم ۋە ئۆزۈمنىڭ دېگەن سۆزۈمگە ھەيران بولدۇم .

— بۇنداق گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭىزغا ئېلىپ سالماڭ ، مەن بۇنداق گەپلەرگە بەك ئۆچ . بۇنداق سۆزنى قىلغان ئەرلەرگىمۇ ئۆچ . بۇ سۆز سىزنىڭ ئوبرازىڭىزنى خۇنۈكلاشتۇرۇۋەتتى . بۇنداق سۆزنى ئەرلەرنىڭ ئەڭ زەئىپلىرى قىلىدۇ . مەن بۇنداق لاۋزا سۆزلەرنى ئاڭلىسام غىدىقىم كېلىپ زادىلا چىدىيالماي قالىمەن .

مەن تېخىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقىنىمنى سەزمەكتىدىم . ئۇ مېنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىمنى بايقىۋالغاندەكلا قىلاتتى . ئۇ مېنىڭ مۇھەببەتلىك سۆزلىرىمنى ناھايىتى ئۇزۇنغىچە مەسخىرە قىلدى ۋە ھاقارەت قىلدى . شۇ تاپتا ئۇ خۇددى مېنىڭ خۇددۇك ئالدىغانلىقىمنى بىلىۋالغاندەك ، مېنىڭ ئاشۇ نومۇسلۇق يارا ئېغىزىمنى بايقىۋالغاندەك كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى . بىراق ، مەن يەنىلا ئاڭلاشنى خالىدىم . ئايالنىڭ كۆزلىرى خۇددى مېنىڭ بارلىق رەسۋالارچە ھالىتىمنى

كۆرۈپ يەتكەندەك ناھايىتى چەكسىز بىر خىل بىزەڭلىك بىلەن مەنىلىك قارايتتى . مەن بۇلارغا سەۋرى قىلالماي قالسامۇ يەنىلا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم . ئاشۇ كۈنى قانداق بىر كۈچ بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاخىر-غىچە ئاڭلىغانلىقىمغا ھەيرانمەن . كېيىن ئاشۇ ئىشلارنى قايتا ئەسلىگەن چاغلىرىمدا بۇنىڭغا ھەيران قالىمەن . ئاشۇ كۈنى ھاراقنى ئانچە كۆپ ئىچكەندەك قىلمىغانىدىم ، بىراق ئاشۇ سۆزلەرنى ئاڭلاشقا سەۋرى قىلا-لىشىمنى يەنىلا ھاراق بىلەن باغلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلماي ئىلاج يوق ، شۇڭا مەن ئاخىر ئىلاجىسىز ئاشۇ كۈنى مەست بولسام كېرەك دەپ ئويـ-لىدىم .

— قەدىمكى بابىل شەھىرىنىڭ — شۇنداق ئاۋات ۋە سەلتەنەت-لىك شەھەرنىڭ خاراب بولۇپ ، يەر يۈزىدىن ئۆچۈشكە سەۋەب بولغان نەرسە ئەنە شۇنداق كېسەل يەنى بۇزۇقچىلىق . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بابىل شەھىرىدە جىنسىي ئازادلىق قاتتىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ، شۇڭا بابىل شەھىرى قارغىشقا كەتكەن دېيىلىدۇ . بابىل شەھىرىنىڭ مەركىزـ-دىكى غايەت زور بىر فونتاننىڭ يېنىغا كىشىلەر ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ دەپ قارالغان جالاپلارنىڭ ھەيكىلىنى ئورناتقان . جالاپلارنى تاللاپ ئەڭ شاللاقلىرىنى كىشىلەر ئەڭ ئۇلۇغ جالاپلار دەپ ئاتاشقان-كەن . دېمەك بابىلدا بۇزۇقچىلىق شۇ قەدەر ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاخىر بۇ شەھەردە قورقۇنچلۇق جىنسىي كېسەللىكلەر تارقىلىپ شەھەر ئاھالىسى قىرىلىپ تۈگىگەنىكەن . بۇزۇقچىلىق بابىلنى دۇنيادىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغان .

— سىز بايا بابىل شەھىرىنى شۇنداق ئاۋات ۋە سەلتەنەتلىك شەھەر دېدىڭىز ، دېمەك ئۇ شەھەر ئەنە شۇنداق ئاۋات ۋە سەلتەنەتلىك بولغاچقىلا ، ئۇلۇغ جالاپلار ئوتتۇرىغا چىققان . بۇ ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەر-رەر يولى . ئەگەر بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزمۇ قەدىمكى بابىلدەك دۇنيادىكى ئەڭ سەلتەنەتلىك شەھەرگە ئايلانسا ، سىز بۇ شەھەرنىڭ پۇقراسى بو-لۇشنى خالىماي شەھەرنى تاشلاپ كېتەمسىز ؟

— ئۇ چاغدا ، سىزنىڭ ھەيكىلىڭىزنى شەھەرنىڭ مەركىزىگە

ئورنىتاتتىم. چۈنكى، شەھەرنىڭ ئەنە شۇنداق مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇشىغا بىر شەھەر پۇقراسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېنىڭمۇ ئارىلىشىش ھەققىم بار. مېنىڭ ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشىم بىلەن بۇنداق شەھەرنى قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇنىڭ ھەممىسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىم كېرەك.

ئايال ئەسەبىيلەرچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ كارىۋاتتا ھېچ يېرىنى ياپماستىن قىپيالىڭاچ ياتاتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بابىلنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى ئۇلۇغ جالاپنىڭ ھەيكىلىنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. كۈلكىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۇ ماڭا خۇددى ساراڭدەكلا كۆرۈندى. ئادەتتىن تاشقىرى شاللاقلىقنىڭ ئۆزىلا بىر خىل روھىي كېسەل، ئەجەبا ئۇ روھىي كېسەل بولۇپ تۇرۇپ شۇنچە ئۇزۇن، بولۇپمۇ مۇشۇ كەمگىچە قانداق قىلىپ ئەقلى ھوشىنى يوقاتماي كەلگەندۇ ... مەن ئۇنىڭغا قاراپ نېمە ئۈچۈندۇر پەرىدەنى ئويلاپ قالدىم.

مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سىرلىق بولىدۇ، سىرلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل بولىدۇ. مۇقەددەس نەرسىلەردىكى چەكسىز جەلپ قىلىش كۈچى ئۇنىڭ سىرلىق بولغانلىقىدىنلا ئىبارەت. ئۇ سىرلىق بولغاچقا، ئۆزىنىڭ چەكسىز گۈزەللىكى بىلەن بىزنى مەپتۇن قىلىدۇ ياكى ئۇ ئۆزىنىڭ سىرلىقلىقى بىلەن گۈزەل تۇيۇلىدۇ. ھەممە نەرسە يالىڭاچلانماقتا. دۇنيادا ئەمدى سىرلىقلىق مەۋجۇت ئەمەس. مۇقەددەسلىكنى ھېس قىلدۇرىدىغان سىرلىقلىق بولمىغانىكەن، دۇنيادا ئەمدى گۈزەللىكمۇ مەۋجۇت ئەمەس، ھېچ نەرسە بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ. قۇپقۇرۇق رېئاللىق بوراندەك ھۇۋلىماقتا. دۇنيادا روھى جەھەتتىن بىزنى يۆلەپ تۇرىدىغان، بىزگە مەڭگۈلۈك ئۈمىد ۋە مەڭگۈلۈك غايە ئاتا قىلىدىغان مۇقەددەسلىك بولمىسا ئەمدى نېمىگە تايىنىپ ياشاش كېرەك؟ بىزنى چەكسىز خىياللارغا، چەكسىز تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىدىغان سىر ۋە مەخپىيەت قالمىسا، بىز دائىم سىرلىق خىياللارغا ۋە سىرلىق تۇيغۇلارغا ئەسىر بولۇپ تۇرمىساق، بىز زادى بۇ دۇنيادىن نېمىنى ئىزدەپ ياشايمىز؟ دۇنيادا گۈزەللىك بولمىسا بىز زادى

نېمىگە تەشنا بولۇپ ، نېمىنى سۆيۈپ ياشايمىز ؟ ھەممە نەرسە يالـ
ڭاچلاندى . قىپيالىڭاچ رېئاللىق ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي قۇپقۇرۇق ئىكەنلىـ
كىنى ئاشكارىلىدى . ئەمدى مېنى ھېچ نەرسە ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ .
دۇنيادا پەقەت سىر بولۇپ بىرلا نەرسە قالدى ، ئۇ بولسىمۇ — ئۆلۈم !

ئۆلۈم سىرلىق بولغانلىقى ئۈچۈن گۈزەل ، سىرلىق بولغانلىقى
ئۈچۈن ئۇنىڭدا قورقۇنچلۇق بىر خىل مەپتۇن قىلىش كۈچى بار . مەن
بۇ خىل مەپتۇن قىلىشقا زادىلا تاقابىل تۇرالمايمەن ، مەن دائىم بۇ مەپـ
تۇنلۇق ئالدىدا ئىدراكىمنى يوقىتىمەن . ئۆلۈم سىرلىق بولغانلىقى ئۈچۈن
مۇقەددەس ، شۇڭا مەن روھىي جەھەتتە پەقەت ئۆلۈمگىلا تايىنالايمەن .
بۇ قۇپقۇرۇق دۇنيادا پەقەت ئۆلۈمگىلا تايىنىپ ياشاش لازىم . پەقەت ئۆـ
لۈمنىڭ سىرلىقلىقى ۋە مۇقەددەسلىكىلا ماڭا مەڭگۈلۈك تەسەللى بېرەـ
لەيدۇ . بىراق ، ئادەمنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئېچىنىشلىق يېرى
شۇكى ، ماڭا ئۆلۈمنىڭمۇ سىرى قالمىغاندەكلا تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالـ
دى ، بىراق بۇ بەكمۇ دەھشەتلىك تۇيغۇ بولغاچقا ، مەن جان ـ جەھلىم
بىلەن بىچارىلەرچە ھالدا ، پۈتۈنلەي ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا
قانداقتۇر بىر ئۈمىدلەر بىلەن بۇنى ئىنكار قىلىپ ، ئۆلۈمنى سىرلىق ھېس
قىلىشقا تىرىشىمەن . ئەگەر ئۆلۈمنىڭمۇ سىرى قالمىسا ، ئۇ چاغدا ھەممە
نەرسە تەسەۋۋۇرغا سىغماي قالىدۇ . بۇ دۇنيانىڭ زادى نېمە ئىكەنـ
لىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش زادىلا مۇمكىن بولماي قالىدۇ . شۇڭا ، مەن
ئۆلۈمنىمۇ ئادەتتىكىلا بىر نەرسىدەك ھېس قىلىشلىرىم بىلەن قاتتىق ئېـ
لىشىمەن . بىراق ، خۇددى ئۆلۈمنى سانسىز قېتىم ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈـ
زۈپ باققاندەك بىر خىل تەسىراتتىن ھامان قۇتۇلالمايلا كەلدىم . بەلكىم
دائىم ئۆلۈۋالماقچى بولىۋېرىپ ، ئۆلۈمنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن
تەپسىلى تەسەۋۋۇر قىلىۋېرىپ ، ئۆلۈم پەيدا قىلىدىغان ھەقىقىي تۇيغۇنى
خۇددى راستتىنلا ئۆلگەندەك ۋۇجۇدۇمدا نۇرغۇن قېتىم باشتىن كەچۈـ
رۈپ چىققاندىمەن . بۇ خىيالىي تەسىراتلار بەلكىم ئۆلۈمنىڭ ھەقىقىي
تەسىراتى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاشتۇر ...

ئۆلۈۋېلىش ۋەسۋەسىسى ۋۇجۇدۇمدا قايتىدىن قارشى تۇرۇپ

بولغۇسىز دەرىجىدە غەليان كۆتۈرۈشكە باشلىغانىدى . مەن پارلاق قۇياش نۇرى، ئاستىدا ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىپ بارىمەن .

ئەمدى ھەممە نەرسە يالىڭاچلاندى ...

شۇ تاپتا كوچىلاردا ئۇچراپ قالغان ئاياللارنىڭمۇ ھەممىسى ماڭا قىپيالىڭاچ تۇيۇلدۇ . مەن يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاياللارغا ھەم قىزىقىش ھەم يىرگىنىش بىلەن سەپ سېلىپ ئۆتۈپ كېتىمەن . مېنى خۇددى ھەۋەسنى چەكلىگۈچىلەردە بولىدىغان بىر خىل بىنورمال ھېسسىيات چىرمىۋالغان . ھەۋەسنى چەكلىگۈچىلەر ھەتتا ئاياللارنىڭ پۈتىنىڭ ئوشۇقىنىڭ ئېچىلىپ قالغىنىنى كۆرسىمۇ بىر ھازا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇلارنى قارغاپلا كېتىدۇ . ئۇلارنىڭ دىلى ئەنە شۇنچىلىك يالىڭاچلىقتىنمۇ ئازار يەيدۇ . ئۇلار ھەممە نەرسىنى چەكلەشكە ئۇرۇنىدۇ . بەلكىم بۇ باشقا سەۋەبتىن ئەمەس دەل ئۇلارنىڭ ئاياللارنىڭ تېنىنى بەكمۇ سىرلىق بولسا دەپ ئارزۇ قىلغىنىدىن بولسا كېرەك . ئاياللارنىڭ بەدىنى قېلىن كىيىم ئىچىدە پىنھان تۇرسا ئۇلارغا سىرلىق تۇيۇلىدۇ ، قانچە سىرلىق بولسا ئۇلارنى شۇنچە جەلپ قىلىدۇ ۋە شۇنچە مۇقەددەس تۇيۇلىدۇ . مېنىڭچە ئۇلارنىڭ ئاياللارنىڭ تېنىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىغا قارشى تۇرۇشى ھەرگىزمۇ مەلۇم ئېتىقاد تۈپەيلىدىن ئەمەس ، ئۇلار ئېتىقادنى ئۆزلىرىگە چۈمپەردە قىلىۋالغان ، خۇددى راستىنلا ئېتىقاد تۈپەيلىدىن شۇنداق قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقان ، ھەم ئېتىقاد سەۋەبىدىن شۇنداق قىلىۋاتىمىز دەپ شەكسىز ئىشەنگەن . بىراق ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ ئاياللارنىڭ تېنىنى مۇقەددەس بىلگەنلىكىدە ! ئۇلار بۇنداق مۇقەددەس نەرسىنىڭ قىپيالىڭاچ بولۇپ ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاددىيلىقى بىلەن ئادەمنى ئەجەللىك ئۈمىدسىزلىككە گىرىپتار قىلىشىنى خالىمايدۇ .

تېنىمدە ئۇنىڭ بەدىنى قالدۇرغان ھارارەتنى ھازىرغىچە ھېس قىلىپ تۇرۇپتىمەن . خۇددى تۇتۇۋېلىنغان قۇشنىڭ تىترەشلىرىدەك ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشلىرى قالدۇرغان تۇيغۇ ھازىرغىچە كۆكسۈمدە جۇش ئۇرۇپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ . مەن بىر نەچچە كۈنگىچە مۇشۇ

تۈيغۇدىن قۇتۇلالماي يۈردۈم. قوللىرىمدىن ئۇنىڭ كۆكسىنىڭ ھارارىتى زادىلا نېرى بولمىدى، ئۇنىڭ ئاپئاق ۋە تولۇق كۆكسىنى ئويلىساملا قو-لۇمدا ئۇ قالدۇرغان ھارارەتنى ھېس قىلىمەن ـ دە، ئىختىيارسىز قولۇمنى يىغىۋالىمەن.

مەن دائىم بەدىنىمنىڭ بىر يەرلىرىگە ياكى كۆڭلەكلىرىمگە، كە-يىملىرىمگە ئۆز ئىسمىمنى ۋە مېنىڭ سالاھىيىتىمنى ئېنىقلايدىغان سۆز-لەرنى يېزىپ قويۇشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدىم. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن. مەن بۇلارنى يېزىپ قويۇشنى زادىلا ئېسىمدىن چىقارمايمەن. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ساۋاقداشلىرىم ۋە دوستلىرىم بۇنىڭغا ھەيران قېلىپ مەندىن سورىشاتتى:

— ھـەي تـاھــىر، بىر چىرايلىق كىيىمنى مەينەت قىلىپ سىيا بىلەن بوياپ نېمە قىلىسەن، ئاپئاق كۆڭلەككە ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى يېزىپ قويمىساڭ نېمە بولىدۇ، بۇ كۆڭلەكلەرنى ئوغرى ئېلىۋالسا تونۇۋا-لىمەن دەپ شۇنداق قىلامسەن ـ يا؟

— ئـىـســمـىـڭـنـى يېزىپ قويمىساڭ كۆڭلىكىڭنى بىرەرسى كىيىۋالارمۇ؟

— سەن بەك چىڭ جۇمۇ!

مـەن ئۇلارغا پەرۋامۇ قىلمايتتىم، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ بۇ خەت-لەرنى يېزىپ قويۇشۇمدىكى مەقسىتىمنى زادىلا چۈشەنمەيتتى، مەن قانداقتۇر كىيىملىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ياكى ئوغرى ئې-لىۋالسا تونۇۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ يوقىلىپ كېتىپ قەيەرلەردىدۇر جەسىتىم تېپىلىپ قالسا باشقىلارنىڭ مېنى تونۇۋېلىشى، كىم ئىكەنلىكىمنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئىدى. مەن بۇ شەھەرنىڭ مۇ-رەككەپ، ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلىرىنىڭ بىرىدە بىر كۈنى مېنىڭ جەسىتىم بايقىلىپ قالسا كىملىكىمنى ھېچكىمنىڭ بىلەلمەي ئۇنى ئۇياق ـ بۇياق سۆرەپ يۈرۈشىنى خالىمايتتىم. گەرچە بۇ ئىش ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى يۈز بەرگەندىن كېيىن مەن بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ.

مەن قوللىرىمغا يېزىۋېلىپ يەنە خاتىرجەم بولالمايتتىم، ئەگەر قوللىرىم بىرەر يەردە ئۈزۈلۈپ قالسىچۇ؟ ئاندىن يەنە مەيدەمگە يېزىۋالاتتىم، ئەگەر خەت يېزىلغان ئاشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا بىرەر نەرسە تەگىدىن زەخىملىنىپ خەتنى ئوقۇغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالسىچۇ؟ شۇنىڭ بىلەن مەن بەدىنىمنىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن يېزىشقا باشلايتتىم، كۆڭلىكىمنىڭ، چاپىنىمنىڭ، ئىشتانلىرىمنىڭمۇ ھەممە يېرىگە يازاتتىم. پەقەت تىتما ـ تالاڭ بولۇپ كەتمىسەملا مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى چوقۇم بىلگىلى بولىدۇ دەپ ئويلىغاندىلا ئاندىن يېزىشتىن توختايتتىم.

قەلەمنىڭ مۇزدەك سوغۇق ئۇچى تېنىمگە خەت يازغاندا بەدىنىم غەلىتە بولۇپ كېتەتتى. ئۇ بەدىنىمدىكى بۇ خەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە مېنىڭ نېمىشقا ئۇنداق يېزىۋالغانلىقىمنى سورىدى. مەن «ئۇقمايمەن» دېۋىدىم، ئۇ زىل ئاۋازى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ تولغان ئاپئاق ۋە سۈزۈك كۆكسى ھەر بىر كۈلكە ساداسى بىلەن تەڭ تىترەپ دولقۇنلىناتتى. مەن ئۇنىڭ كۆكسىدىكى بۇ ئەھۋالغا قاراپ تۇردۇم.

مەن ئۇيغۇر تارىخىدىكى پۈتۈن ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئەسەبىيلىكىنى ئۆز ۋۇجۇدۇمغا مۇجەسسەم قىلغانىدىم. بۇ خىل ئەسەبىيلىك مەندە پەقەت پەرىدەگىلا قارىتىلغاندەك قىلاتتى. خۇددى ئۇ باشقا ئاياللار بىلەن ئوخشىمايدىغاندەك، باشقا ھەر قانداق ئايالغا قارىتا مەندە ئۇنداق تۇيغۇ قوزغالمايتتى. ماڭا ھەتتا پەرىدەگە نىسبەتەن ئاللىقانداق بولمىغۇر خىياللاردا بولۇشمۇ خۇددى يىرگىنچلىك گۇناھتەك تۇيۇلاتتى. مەن ھەممە ئاياللارنى ئۆزۈم خالىغانچە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم، بىراق پەقەت پەرىدە ھەققىدىلا ئۇنداق تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشقا پېتىنالمايتتىم. پەرىدەنى ياخشى كۆرۈشۈم زادى نېمە سەۋەبتىن، ئەگەر بۇ جىنسىي ئېھتىراس بولمىسا مەن ئۇنى نېمىشقا ياخشى كۆرىمەن؟ مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن باشقا زادى قانداق مۇناسىۋىتىم بار بولۇشى مۇمكىن؟ دەسلەپ ئۇنىڭغا خەت يازغاندا ئەجەبا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيتتىمغۇ؟

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ قىسمىنى ئوقۇپ زادىلا چىد-
دىيالماي قالدى . ئۇ تاھىرنىڭ روھىي جەھەتتە بەربات بولۇپ بۇ ھالغا
چۈشۈپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى . ئۇ تاھىرنى ئۇنچىۋالا
تۈگىشىپ كەتكەن دەپ ئويلىمىغانىدى .

تاھىرنى تۈگەشتۈرۈۋەتكەن كىم ؟ پەرىدەمۇ ياكى ئۆزى ؟ ئۇ
تاھىرنى جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىش لازىملىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى . بىراق ،
بۇنىڭغا زادى نېمە ئامال بار ؟ ئۇنى يەنىلا پەرىدە قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ .
ئۇنىڭ بۇ شەھەرگە كېلىشى بەلكىم تاھىرنىڭ قەلبىدە قايتىدىن مۇھەب-
بەت ئويغىتىپ ئۇنى نورمال ئادەمگە ئايلاندۇرار ، بىراق تاھىر ئۇنىڭغا
داۋاملىق ئېرىشەلمىسىچۇ ، بۇ تېخىمۇ چاتاق .

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇشنى توختىتىپ پەرىدە ئو-
قۇش پۈتتۈرۈپ ، ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئاشۇ چاغلارنى ئەسلىدى . ئاشۇ
كۈنى رەشىدە ياتىقىدا يالغۇز ئولتۇراتتى .

ياتاق ئىچى ئاددىي ، رەتلىك بولۇپ كىشىگە ئازادىلىك تۇيغۇسى
بېغىشلايتتى . ياتاقتا رەشىدە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى .
بۇ چاغدا « تاك ... تاك ... » قىلىپ ئىشىك چېكىلدى . رەشىدە ئىشىك
چەككۈچىنىڭ پەرىدە بولۇپ چىقىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى .

رەشىدە كىتابنى قويۇپ :

— كىرىڭ ! — دېۋىدى ، ئىشىك ئېچىلىپ پەرىدە كىرىپ
كەلدى . ئۇ كۈلگىنىچە رەشىدەگە قاراپ تۇراتتى . رەشىدە ئۇنى كۆرۈپ
بىردىنلا « ۋۇي ، پەرىدەغۇ بۇ ! » دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى . ئىككى
دوست قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . ئاندىن ئۆز - ئارا ئەھۋال سوراشتى .

ئۇلار ئىشىك ئالدىغا چىقىپ پەرىدەنىڭ سومكا ، چامادانلىرىنى
ئېلىپ كىردى . رەشىدە پەرىدەنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ، ئۇنىڭ
ئالدىغا ئۆششاق - چۈششەك يېمەك - ئىچمەكلەرنى تىزغاچ پاراڭلاشتى .

— ئاداش خىزمەتكە چىقسا ياخشى بولامدىكەن ؟

— نەرى ياخشى بولسۇن . بەلكىم ئۆمرىمىزدىكى ئەڭ مەنىلىك

كۆنلەر ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى بولسا كېرەك . ئۇ چاغلاردا مەن نۇرغۇنلىغان ئارزۇ ۋە غايىلەرگە ئىگە ئىدىم . ئۆزۈمنىڭ ئۇ ئارزۇلىرىمدىن پەخىرلىنەتتىم . روھلىناتتىم ، كاللام سانسىزلىغان خام خىياللار بىلەن تولغانىدى . ئاشۇ خام خىياللارنىڭ لەززىتى بىلەن ھاياتىم ئىنتايىن مەنىلىك تۇيۇلاتتى . ئۇچاغدا جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش مېنىڭ نەزەرىمدە بىر پارچە ئاق قەغەز ئىدى . ئۇنىڭ ئاقلىقى بىزگە سانسىزلىغان ئىمكانىيەت بېرەلەيتتى . ئۇنىڭ ئۈستىدە سىزىلىش ئېھتىمالى بولغان ھەددى ــ ھېسابسىز گۈزەل كارتىنىلارنى خالىغانچە تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولاتتى . بىراق ، ئۇنىڭغا سۈرەت سىزاي دەپ قولغا قەلەمنى رەسمىي ئالغان چاغدا ئۇنىڭ ئاللا بۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن ھەددى ــ ھېسابسىز قالايمىقان سىزىقلار بىلەن جىجىلىپ كەتكەنلىكىنى سىزىپ يېتىدىكەنمىز . شۇنىڭ بىلەن ھەممە نەرسە كۆپۈككە ئايلىنىپ ، ئاشۇ سانسىزلىغان قالايمىقان سىزىقلار ئىچىگە غايىب بولۇپ كېتىدىكەنمىز . ئىلاجىسىز تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئاددىي تەلەپلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ كېتىدىكەنمىز .

— قىزىق ئىش ، سىز گۈزەل سەنئەتتە ئوقۇۋېتىپ قانداق قىلىپ تەرجىمانلىق خىزمىتىگە ئورۇنلىشىپ قالدىڭىز ؟ يازغان خەتلىرىڭىزدە بۇ توغرىلىق گەپ قىلماپسىز .

— مۇشۇ خىزمەتنىڭ تېپىلغىنىغا يۈزمىڭ شۈكرى دەڭە . بىزنىڭ ساۋاقداشلار ئارىسىدا ئىشچى بولۇپ سېختا ئىشلەۋاتقانلارمۇ بار تېخى ! ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىر يىلدىن بېرى خىزمەت يوق يۈرگەنلەرنى نېمە دەيسىز .

رەشىدەنىڭ سۆزلىرى پەرىدەنىڭ زادىلا كاللىسىدىن ئۆتمىدى . ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئوتتەك قىزغىن غايىلەر ئۇنىڭ تېززەك ئوقۇش پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە چىقىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدى .

— بىر يىلدىن بېرى خىزمەت يوق يۈرگەنلەرمۇ بارمۇ تېخى ؟

— بىردىر يىلغىچە بۇنداق ئىشلارغىمۇ زادىلا ھەيران قالماس بولۇپ قالىسىز . ھەي بىز قىزلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئورۇنلىشىشىمىز بەك تەس ، نەگىلا بارسىڭىز ئوغۇل بالا ئالاتتۇق ، قىز بالا كې-

رەك ئەمەس ، دەپ مەيدىڭىزدىن ئىتتىرىپلا تۇرىدۇ .
رەشىدە پەرىدەنىڭ ئۇدۇلىدا پەرىدەگە قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ كۈلۈپ قويدى . پەرىدە ئالدىغا قويۇلغان چايدىن بىر يۇتۇمنۇ ئوتلاپ قويىغۇسى كەلمىدى . رەشىدەنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ ئىچىنى تاتىلىغاندەك بولاتتى . ئۇ ھەدەپ رەشىدەنىڭ گېپىنى ئىنكار قىلىشقا تىرىشاتتى . ئۇ ئۆز خيالى — بۇرۇنقى ئۆز ئىستىقبالى توغرىسىدىكى خام خيال ۋە پىلانلاردىن قۇرۇلغان كەلگۈسىنىڭ خيالىي ئوبرازى بىلەن رەشىدە ئېيتىۋاتقان پاكىتلارنى ئىنكار قىلىشقا تىرىشاتتى .
— بىز قىزلار بەك ئاجىز ئىكەنمىز ، — دېدى رەشىدە خۇرسىنىپ .
— ياق قىزلار ئاجىز ئەمەس ، مەن بۇنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايمەن .
— مەن تىرىشىمەن . سىز كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلماڭ . مەن چوقۇم چوڭ كارخانىدىن بىرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىمەن ، كەسىپ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىم بىلەن كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىمەن . بۇ غايەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ۋاز كەچكىنىمدىن ئۆلۈپلا تۈگەشكىنىم ياخشى . مەن ئۆز غايەم ئۈچۈن ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن يانمايمەن .
— ۋاي - ۋۇي دوستۇم ، جاسارىتىڭىزدىن ئۆرگىلەي ، بىراق بۇ گەپنى كىشىلەر ئالدىدا دەپ سالماڭ ، كۈلكىگە قالىسىز . ھازىر سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى خىزمەت ئورنى .
— توغرا ياخشىراق خىزمەت ئورنى تېپىش لازىم .
— بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ياخشى ئورۇن ، ناچار ئورۇن ، كەسپىمدە ئىشلەيتتىم ، كەسپىمدە ئىشلىمەيتتىم دېگەن سۆزلەرنى ئۆزىڭىزنىڭ لۇغەت تەركىبىدىن ئۆزىڭىزمۇ تۇيمىغان ھالدا ئۆچۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولارسىزمىكىن .
— مەن قانداقلا بولمىسۇن ئۆز غايەم ئۈچۈن تىرىشىمەن .
— ئەڭ مۇھىمى ، دەسلىپىدە بىر يەرگە خىزمەتكە ئورۇن-

لىشۋېلىڭ. ئەركىن بۇ ھەقتە نېمە دەيدۇ؟

— ئەركىن چوقۇم ئامالىنى قىلمىساق بولمايدۇ دەيدۇ. بىراق زادى قانداق ئامال قىلىش كېرەكلىكىنى دېمىدى.

— ئەركىن ئۆزگىرىپ قالمىغاندۇ يەنە، ئۇ نېمىشقا سىز بىلەن بىللە كەلمىدى؟

پەرىدە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدى:

— سىزنىڭچە ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى ئۆزگىرىپ قالارمۇ؟

— مېنىڭچە ئۆزگەرمەيدۇ، — دېدى رەشىدە.

ئۇلار يەنە ئۇزۇن پاراڭلاشتى، بىراق گەپلەر زادىلا پەرىدەنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. رەشىدەنىڭ سۆزلىرى ئۇنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويغانىدى.

بىر كۈنى رەشىدەنىڭ ئىزدەپ كېلىشى بىلەن تاھىرنىڭ ھاياتىدا بىردىنلا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئۇ خۇددى ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىللىك بىر مۇدھىش مەستلىكتىن ئويغانغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر ئۇنىڭدىن ياتلىشىپ كەتكەن بىر شېرىن تۇيغۇلار ئويغىنىشقا باشلىدى.

تاھىر ئىشخانىسىدا ئۆزى يالغۇز رەسىم سىزىپ ئولتۇراتتى. ئىشىك ئېچىلىپ رەشىدە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاستا كېلىپ تاھىرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ سىزىۋاتقانلىرىغا زەن سېلىپ قاراپ تۇردى. تاھىر بىر ئازدىن كېيىن رەشىدەنىڭ كەينىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىتتىك بۇرۇلۇپ رەشىدەنى كۆرۈپ سوغۇققىنا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ۋاي - ۋۇي بۇ رەسىم ھەقىقەتەن قالتىس سىزىلىپتۇ. كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ، جىق رەسىملەرنى سىزىۋېتىپسىز، بىرەر كۆرگەزمە ئېچىشنى پىلانلاۋاتامسىز يا، — دەپ سورىدى رەشىدە كۈلۈمسىرەپ.

تاھىر رەسىم سىزىشتىن توختىماستىن ئۇنىڭغا قارىمايلا جاۋاب بەردى:

— مەن ھېچقاچان بىرەر مەقسەت بىلەن رەسىم سىزىپ

باقمىغان ، مەن ئۆز قەلبىمدىكى تۇيغۇلارنى رەسىم يۈزىگە ئىپادىلەپ چىقارسامىلا بولدى .

— سىز كىشلەرگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان رەسىملەرنى سىزىشنى زادىلا خالىمامسىز ؟ — دېدى رەشىدە ، — سىزنىڭ رەسىملىرىڭىز ئا-دەمنى تۇگەشتۈرۈۋېتكۈدەك كۈچكە ئىگە .

— مەن ئۆزۈمنى ئالداشنى خالىمايمەن .

— پەرىدە كەلدى ، ئۇرۇمچىدە قالسام دەيدۇ ، — دېدى رەشىدە ئۇدۇللا قىلىپ .

تاھىر رەشىدەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەت-تى ، بىراق چاندۇرماستىن رەشىدەگە قاراپمۇ قويماي كۆزىنى ئۆزى سى-زىۋاتقان رەسىمدىن ئۈزمىدى . ئۇنىڭ قەلەم تۇتقان قوللىرى تىترەشكە باشلىدى .

— قايسى پەرىدە ئۇ ؟

— ئاشۇ پەرىدەچۇ ، ۋاي . . . ۋۆي ئەمدى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ ؟

— تونۇمىسام قانداق ئۇنتۇپ قالىمەن ...

تاھىرنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ گېپى تەستە چىقاتتى . جىددىيلىشىش دەستىدىن قوللىرى تىترەپ بوياقلارنى قالايمىقان سۈركەشكە باشلىدى . ئۇ ئۆزىنى كونترول قىلىشقا شۇنچە تىرىشىپمۇ كونترول قىلالمىدى . پە-رىدەنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەنلا يۈرىكى ئېغىپ كەتكەنىدى . قوللىرى خۇددى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك ، زادىلا تىترەشتىن توختىتالمىدى . يالغاندىن كۈلۈمسىرەپ قويماقچى بولۇۋېدى ، زادىلا قاملاشماي قالدى ، كۈلگەنگە ئەمەس يىغلىغانغا ئوخشاپ قالدى . ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا تۇ-تۇپ تۇرغان قەلىمى باياتىن بېرى كۆڭۈل قويۇپ سىزغان رەسىمنى بۇزماقتىدى . ئۇ چاندۇرماسلىق ئۈچۈن رەسىم سىزىشنى داۋاملاشتۇ-رۇۋاتقان بولۇۋالدى . بىراق ، ئۆزىنىڭ زادى نېمە سىزىۋاتقانلىقىنى ئۆ-زىمۇ بىلمەي قالدى . ئۇنىڭ خۇددى يوقاتقان قوللىرى رەسىمنى بارا — بارا قالايمىقان بوياشقا باشلىدى .

— بولدى ، تاھىر ، ئۇ ئىشلارنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ .

— ئۇ سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرۇۋاتامدۇ ؟

— ئۇنىڭ تۇرىدىغان باشقا يېرى يوق ـ دە !

— ئەركىننىڭ ياتىقىچۇ ؟

تاھىر ئەركىننىڭ ياتىقىنىڭ بوياقلارنىڭ ئۇپچى ياتىقى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ زەھەرخەندىلىك بىلەن شۇنداق سورىغانىدى .

— ۋاي ـ ۋۇي ، نېمە دەيدىغانسىز ، ئالتە ئەركىشى ياتىدىغان ياتاقتا ياتامدۇ ؟

— يېتىۋېرەمدىكىن دەيمىنا !

— توۋا دەگىنا ...

— دەپ قويۇڭ ، ئالتە ئەر بىلەن بىللە ياتسۇن ، ئاندىن ئەرلەرگە قانارمىكىن !

تاھىرنىڭ قولىدىكى قەلەم بوياقلارنى قالايمىقان سىزماقتىدى :

— ماڭا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرمەڭ ! ئاڭلاشنى خالىمايمەن . مەن ھازىر ئۇنى ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرىمەن .

— ئۆچ كۆرۈش مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ، مۇھەببەت چېكىدىن ئېشىپ كەتكەندە ئۆچ كۆرۈشكە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ .

— ئۇ ئالدىنقى كۈنى كەلدى ، ئۇدۇللا سىزنىڭ يېنىڭىزغا باردى . مەن بۇلارنى بىلىمەن . مەن ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدە قېلىشىنى خالىمايمەن . ئۇ ئۆز يۇرتىغا كەتسۇن ! شۇنداق قىلغاندا بىز بەلكىم بۇندىن كېيىن مەڭگۈ ئۇچرىشالماسلىقىمىز مۇمكىن . مەن شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن . مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر شەھەردە ياشاشنىڭ ، ئۇنى دائىم كۆرۈپ تۇرۇشنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن . رەشىدە ، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، سىز ئۇنى ياتىقىڭىزدا تۇرغۇزماڭ . ئۇنىڭ خىزمەت ئالاقىلىشىشىغا ياردەم بەرمەڭ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلاجسىز بۇ يەردىن كېتىدۇ .

تاھىر سۆزلىگەنسېرى جىددىيلىشىپ ئاۋازى تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى . قوللىرى تىترەپ رەسىم يۈزى قالايمىقان بوياقلار بىلەن تولۇپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ قوللىرى قەلەمنى چىڭ تۇتۇپ رەسىمنى ئەسەبىي-

لەرچە قالايمىقان بويىماقتىدى. قەلەم شىددەت بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى.

رەشىدەنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا تاھىر سىزىۋاتقان رەسىمگە چۈشۈپ چۆچۈپ كەتتى. تاھىرنىڭ قوللىرى رەسىم يۈزىگە ئەسەبىيلەرچە بوياق ئۇرماقتىدى. بۇ قوللار تامامەن ئىدراكىنىڭ كونترول قىلىشىدىن قۇتۇلغان، خۇددى يوقاتقان ھالدا ھەرىكەتلەنمەكتىدى. بۇ قوللارنىڭ شۇنچە تېز ھەرىكىتى رەشىدەنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ ئاخىرى ئېتىلىپ كېلىپ تاھىرنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

ئاشۇ كۈنى پۈتۈن بىر كۈن تاھىرنىڭ قوللىرىنىڭ ساراڭلارچە ھەرىكىتى رەشىدەنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى. رەشىدە تاھىرنى بۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كېتەر دەپ زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. تاھىرنىڭ ئىككى يىلدىن بېرى پەردەنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا يۈرۈشىگە قاراپ، ئۇ تاھىر پەقەت ئۇنى ئازابلىق ئەسلىمە سۈپىتىلا ئەسلەپ قويىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا كۆڭلىدىن چوقۇم چىقىرىۋەتتى دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدى.

كەچتە رەشىدە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يوتقىنىدا يېتىپ تۇرۇپ بۇ ئەھۋالنى پەردەگە ئېيتىپ بەردى.

— مەن تاھىردىن راستتىنلا قورقۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بۈگۈنكى ھەرىكىتى مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈشى ھەقىقەتەنمۇ بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايدىغان دەرىجىدە ئىكەن.

— ئۇنىڭدا ئېغىر پسىخىك توسالغۇ بار. ئۇ كېسەل.

— باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش دەستىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش دېگەنلەرنى ئاڭلىغان. بىراق، ئۇنىڭ بىزنىڭ مۇشۇ رېئاللىقىمىزدىمۇ مەۋجۇت بولۇشىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. ساۋاقداشلار ئۇنى دەل ۋاقتىدا ئۈلگۈرتۈپ دوختۇرغا ئېلىپ بارمىغان بولسا ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بولار ئىكەندۇق.

— سىز ئۇنى راستتىنلا مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، مۇھەببەت ئازابىغا چىدىيالماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغان دەپ ئويلامسىز؟

— بەلكىم ئۇ شۇنداق قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ سىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھېسداشلىقىڭىزنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغاندۇ.

— ياق ، ئاداش ، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس . تاھىر ئېغىر دەرد- جىدە پىسخىك يېتەرسىزلىككە گىرىپتار بولغان ئادەم . ئۇنىڭدا ئەسلىدىنلا بىر خىل ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئىستىكى بار .

— سىز ھەممە نەرسىنى روھىي ئانالىز تەلىماتىغا سېلىپ تەھلىل قىلىسىز . بىراق ، ئۇنىڭ سىزنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈشى ئەمەلىيەتقۇ ؟

— ئۇ توغرا ، بىراق ئۇنىڭ مېنى بۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈشىدىمۇ سەۋەب بار - دە ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئۆلۈۋېلىش ئىستىكى دائىم ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا يوشۇرۇن ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا رول ئويناپ تۇرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بەزىبىر نورمال بول- مىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ . ئۇ بولسا بۇنى ناھايىتى نورمال دەپ ئويلايدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىراۋنى بۇ قەدەر ياخشى كۆرۈپ قېلىشى زادىلا نورمال ئەھۋال ئەمەس ، بىراق ئۇ بۇنى پۈتۈنلەي نورمال دەپ ئە- شىنىدۇ . ئۇ رېئال دۇنيادا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئۆلۈۋېلىش ئىستىكىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ ، ئۇنىڭ ئېڭىنى ئادەتتىكى ھالەتتە ئەقىل ئىگىلەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئوچۇق ئاشكارا ۋە بىۋاستىلا ھالدا ، ھېچقانداق سەۋەبسىز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس . ئۇ ئەپلەپ - سەپلەپ رېئال دۇنيادىن قىل سىغمايدىغان بىرەر باھانە - سەۋەب ئىزدەيدۇ . شۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى كونتـ رول قىلىپ تۇرغان ئەقلىنى ئالدايدۇ . ماڭا ئاشىق بولۇپ قېلىشنى ئۆلۈ- ۋېلىش ئىستىكىنى قاندۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم باھانىسى قىلىپ تاللىۋال- غان . ئەگەر مەن ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالمىغان بولسام ، ئۇ چوقۇم بۇنىڭ ئۈچۈن باشقا باھانىلەرنى تاپالىغان بولاتتى . مەسىلەن : ئۇ كەسپكە جان - جەھلى بىلەن بېرىلىشى مۇمكىن ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ كەسپتىكى مۇۋەپپەقىيىتىگە قانائەت ھاسىل قىلماستىن چۈشكۈنلىشىشىمۇ ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىغا يېتىپ ئاشىدۇ . بۇنداق ئۆلۈۋالغانلارمۇ جىققۇ ، مەسىلەن : يېسنىن ، ماياكوۋسكى ، ستفان زىۋېگ . ئىشقىلىپ ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئۆلۈۋېلىش ئىستىكى ئۇنى ئاخىرى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ . ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس !

— ياق ، ئاداش ، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس . تاھىر ئىبنى دەرىجىدە پسىخىك يېتەرسىزلىككە گىرىپتار بولغان ئادەم . ئۇنىڭدا ئەسلىدىنلا بىر خىل ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئىستىكى بار .

— سىز ھەممە نەرسىنى روھىي ئانالىز تەلىماتىغا سىلىپ تەھلىل قىلىسىز . بىراق ، ئۇنىڭ سىزنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈشى ئەمەلىيەتقۇ ؟

— ئۇ توغرا ، بىراق ئۇنىڭ مېنى بۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈشىدىمۇ سەۋەب بار - دە ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىڭىدىكى ئۆلۈۋېلىش ئىستىكى دائىم ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا يوشۇرۇن ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا رول ئويناپ تۇرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بەزىبىر نورمال بولمىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ . ئۇ بولسا بۇنى ناھايىتى نورمال دەپ ئويلايدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىراۋنى بۇ قەدەر ياخشى كۆرۈپ قېلىشى زادىلا نورمال ئەھۋال ئەمەس ، بىراق ئۇ بۇنى پۈتۈنلەي نورمال دەپ ئىشىنىدۇ . ئۇ رېئال دۇنيادا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىڭىدىكى ئۆلۈۋېلىش ئىستىكىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ ، ئۇنىڭ ئىڭىنى ئادەتتىكى ھالەتتە ئەقىل ئىگىلەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئوچۇق ئاشكارا ۋە بىۋاستىلا ھالدا ، ھېچقانداق سەۋەبسىز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس . ئۇ ئەپلەپ - سەپلەپ رېئال دۇنيادىن قىل سىغمايدىغان بىرەر باھانە - سەۋەب ئىزدەيدۇ . شۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ تۇرغان ئەقلىنى ئالدايدۇ . ماڭا ئاشىق بولۇپ قېلىشىنى ئۆلۈۋېلىش ئىستىكىنى قاندۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم باھانىسى قىلىپ تاللىۋالغان . ئەگەر مەن ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالمىغان بولسام ، ئۇ چوقۇم بۇنىڭ ئۈچۈن باشقا باھانىلەرنى تاپالىغان بولاتتى . مەسىلەن : ئۇ كەسپكە جان - جەھلى بىلەن بېرىلىشى مۇمكىن ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ كەسپتىكى مۇۋەپپەقىيەتتىن قانائەت ھاسىل قىلماستىن چۈشكۈنلىشىشىمۇ ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىغا يېتىپ ئاشىدۇ . بۇنداق ئۆلۈۋالغانلارمۇ جىققۇ ، مەسىلەن : يېسىنىن ، ماياكوۋسكى ، ستېفان زىۋېگ . ئىشقىلىپ ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىڭىدىكى ئۆلۈۋېلىش ئىستىكى ئۇنى ئاخىرى ئۆلۈمگە ئىلىپ بارىدۇ . ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس !

ئاشۇ كۈندىن باشلاپ تاھىرنىڭ قولى زادىلا ئىشقا بارمىدى . ئۇ پەردىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنلا ، خۇددى يۈرىكىگە ئوق تەگكەن قەپەزدىكى يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشاش تىپىرلاپ كەتتى . ئۇنىڭ ھېچ ئىشقا قولى بارمايتتى . نېمە ئىشلارنىدۇر قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلاتتى ، بىراق زادى نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى . گاھ ئىشىك ئالدىغا چىقاتتى ، گاھ ياتاققا كىرەتتى ، گاھ سىرتقا چىقاتتى ، زادىلا بىر ئورۇندا تۇرالمايتتى .

ئۇ ئاخىرى ناھايىتى زور غەيرەت بىلەن رەسىم سىزماقچى بولۇپ ئولتۇرۇۋىدى ، كۆزلىرىگە ماي بوياق رەختى شۇنچىۋالا سەت كۆرۈنۈپ كەتتىكى ، ئاخىرى چىدىيالماي قولىدىكى قەلەمنى رەختنى يىرتىۋەتمەكچى بولغاندەك رەختكە غەزەپ بىلەن ئۇردى . رەسىم جاھازىسى ئۆرۈلۈپ كەتتى . ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى .

ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇياشنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قارىدى . ئۇ تىپىرلاش ئىچىدە بىر كۈننى ئۆتكۈزدۇم دەپ ئويلىغانىدى . ئەمەلىيەتتە تېخى ئەتىگەن ئىدى . ئۇ ئېچىرقاپ كەتكەن ھايۋانغا ئوخشاش كەڭ كوچىلارغا تاشلاندى .

يوللار تاھىرنى رەشىدەنىڭ ياتىقى بار بىنانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . تاھىر ھاراق تاماكا تىزىلغان بىر بوتكىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ تاماكىنى ئاچچىق شورىغان ھالدا رەشىدەنىڭ ياتىقى بار بىنا تەرەپكە قاراپ تۇراتتى . بىر ئازدىن كېيىن پەردە بىلەن رەشىدە بىرلىكتە بىنادىن چۈشۈپ كەلدى . ئۇلارنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا تاھىر قاتتىق جىددىيلىشىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋالدى .

تاھىر پەردەنى ئېنىق كۆرمىگەنىدى . پەقەت ئۇنىڭ چاچلىرىنى كۆرۈپلا ئۇنى تونۇۋالدى . رەشىدەنىڭ گەۋدىسى پەردەنى توسۇۋالغانىدى . پەردە چېچىنى پانتىلىۋالغان بولۇپ ، تاھىر ئۇنىڭ بۇنداق قىلىۋالغىنىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى . بىراق ، شۇنداقتىمۇ يەنىلا نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرمەكلىۋالغان چاچلىرىنى كۆرۈپلا ئۇنى تونۇۋالدى .

لىـقنى ياكى ئويلىنىشقىمۇ خوش ياقمايۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى .

پـەرىدە دوستىنىڭ كۆزىگە يۇر چىقىپ كېتەيلى دېگەندەك قاراپ قـويۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈشكە تەمشىلىۋاتقاندىلا ، ئاندىن باشلىقنىڭ قىمـ. مەتلىك ئاغزى ئېچىلدى .

ـــ سىزنىڭ يۇرتىڭىز قەيەر ؟

ـــ قەشقەردىن .

باشلىق يەنە جىمىپ كەتتى .

ـــ ئۇ سىز بىلەن بىر يۇرتلۇق ، جوجاڭ ، قەشقەر يېڭىشەھەر. دىن ، ـــ دېدى رەشىدە ئالدىراشلىق بىلەن .

باشلىقنىڭ بۇرۇقتۇرما چىرايى سەل ـ پەل ئېچىلىپ پەرىدەگە قاراپ قويۇپ :

ـــ يېڭىشەھەرنىڭ قەيىرىدىن ؟ ـــ دەپ سورىدى .

پەرىدە بۇ سۆزگە ھەيران قالدى . چۈنكى ، ئۇ بىر نەچچە يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا باشقىلار بىلەن زادىلا يۇرت سۈرۈشتۈرۈپ باقمى. غانىدى . بۇ يەردە ۋىلايەت سۈرۈشتۈرسىغۇ مەيلى ، بوپتۇ ناھىيىمۇ سۈ. رۈشتۈرسۇن ، ھەتتا يېزىسىمۇ سۈرۈشتۈرىدىغانلىقىنى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى .

ـــ مەنمۇ يېڭىشەھەردىن ، بىزنىڭ ئۆي ياپچاندا ، سىلەر بىلەن بىللە ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر ئىچىدە ياپچانلىق باللار يوقمۇ ، ياپچانلىقلار بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى .

بـۇ سۆزلەر پەرىدەنىڭ سەۋرىسىنى تۈگىتىۋەتتى . ئۇ ئاخىرى چـىدىيالماي بىردىنلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا باش. لىقنىڭ ئىشىكىنى جاققىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى ، رەشىدە ئۇنىڭ ھەرىـ كىتىدىن چۆچۈپ كېتىپ خىجالەت ئىچىدە باشلىققا قاراپ قويۇپ پەرى. دەنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى .

پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا رەشىدە پەرىدەگە يېتىشىۋالدى . پە. رىدە چېچىلغان ھالدا رەشىدەگە قارىماي مىڭىۋەردى .

ـــ پەرىدە سىزگە نېمە بولدى ؟ نېمىگە ئاچچىقىڭىز تۇتۇپ

قالدى ؟

ــ ئۇنىڭغا مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ نېمە كېرىكى ؟

ــ ئاداش بۇنداق قىلىسىڭىز خىزمەت ئالاقىلاشقىلى بولمايدۇ ، بىزنىڭ نېمە ئىلاجىمىز ؟ رېئاللىقتا ئازراق بولسىمۇ ھۆرمەت قىلمىساق بولمايدۇ . بۇ تېخى ھېچقانچىلىك ئىش ئەمەس . خېلى ـ خېلى ئىشلارمۇ ئۇچرايدۇ ، بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتسىڭىز باشقىلىرىغا قانداق قىلىمىز ؟

پەرىدە كېيىنچە ئۆزىنىڭ بىر يۇرتلۇقى بولغان باشلىقنىڭ ئاشۇ كۈندىكى مۇئامىلىسىنىڭ ئەسلىدە ئۆزىگە يۇرتداشلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ يېقىنچىلىق قىلىپ قىلغان مۇئامىلە ئىكەنلىكىنى كېيىن باشقا باشلىقلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئاندىن ھېس قىلىپ يەتكەنىدى .

ــ پەرىدەنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىمۇ ئالاھىدە ياخشى ، سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولۇپ ئوقۇغان ، ئۇنىڭ نەتىجە جەدۋىلىنىمۇ ئېلىپ كەلدۇق ــ دېگەنىدى رەشىدە پەرىدەنى تەرىپلەپ ، يەنە بىر باشلىققا پەرىدەنىڭ نەتىجە جەدۋىلىنى سۇنۇپ تۇرۇپ ، ــ ھازىر ئالىي مەكتەپلەردە ئۇنىڭدەك ياخشى ئوقىغان قىزلارنى تاپماق تەس . مانا بۇ ئۇنىڭ نەتىجە جەدۋىلى ، كۆرۈپ بېقىڭ .

باشلىق قەغەزگە قولىنى ئۇزىتىپمۇ قويمىدى . رەشىدە تەڭلەپ تۇرۇۋېرىشتىن ئىزا تارتىپ قەغەزلەرنى باشلىقنىڭ ئالدىغا ئېچىپ قويۇپ قويدى ، قەغەزلەر شۇ پېتى تۇرۇۋەردى ، باشلىق ئۇنىڭغا ۋاراقلاپ قاراپ باقايمۇ دېمىدى . بۇلار پەرىدەنىڭ بەش يىللىق ھاياتى ئىدى . باشلىق ئۈن ـ تىنسىز بىر نەچچە پارچە گېزىتنى ئۇيان ـ بويان ئۆرۈپ كۆرگەچ رەشىدەنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدى . رەشىدە پەرىدەنى يەنە بىر مۇنچە تەرىپلەپ سۆزلىدى . باشلىقنىڭ زادى دىققەت قىلىۋاتقان ياكى قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى . ھەممىدىن پەرىدەنىڭ جېنىغا تەگكىنى شۇ بولدىكى ، باشلىق قولىدىكى بىر پارچە گېزىتنى تاشلاپ قويۇۋېدى ، پەرىدەنىڭ نەتىجە قەغىزىنى بېسىۋالدى . ئۇ پەرىدەنىڭ بەش يىللىق ئوقۇش

ھاياتى ئىدى. پەرىدەنىڭ نەتىجە قەغىزى پەرىدەگە خۇددى يۈزى يېپىپ قويۇلغان جەسەتتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۈتكەن جاۋابى مۇسىبەت خەۋىرىدەك ئازابلىق ئىدى:

— ئوچۇق گەپنى قىلماي سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ يۈرگىنىمنىڭ پايدىسى يوق. بىز ئادەم ئېلىشنى ئالىمىز، بىراق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بولسا ئالىمىز. قىزلارنى ئالمايمىز.

پەرىدە ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى.

— بۇ ئىدارىدە ئەرگە تېگەلمەي يۈرگەن قېرى قىزلار كۆپ ئوخشىمامدۇ، شۇلارنى ئەر تېپىۋالسۇن دەپ ئوغۇللارنى ئالماقچىمۇ؟

— ماڭا قاراڭ ئۇكام، بۇنىڭغا چېچىلىپ كەتمەڭ. ماڭا بۇنداق دەيدىغان يولىڭىز يوق. بۇ ئىدارىمىزنىڭ ئېھتىياجى.

پەرىدەنىڭ گېپى باشلىققا تەسىرمۇ قىلىپ قويمىدى.

— قىز بولامدۇ، ئوغۇل بولامدۇ ياخشى ئىشلىسىلا بولمىدىمۇ؟! — پەرىدە يەنە چۈشەندۈرمەكچىدى، ئۇ قولى بىلەن پەرىدەنىڭ نەتىجە قەغىزىنى پەرىدەنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى. پەرىدە ئۇنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئەمدى ئارتۇق سۆزلەشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. چۈنكى، باشلىقنىڭ خىيالىدىن ئۇلار چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى، ئۇلارنى ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئېلىش ياكى ئالماسلىق باشلىق ئۈچۈن بەرىبىر. باشلىقنىڭ پەرۋاسىزلىققا ئۆگىنىپ كەتكەن داپيۈزى باشقا ياققا قارىۋالغان بولۇپ، بېشىنى ئارقىغا تاشلىغىنىچە ئاسمانغا قاراپ تاماكىسىنى شوراشقا باشلىغانىدى.

رەشىدە «بىزنىڭ ئىدارىنى بىر كۆرۈپ بېقىڭ، قانداقراقكىن» دەپ پەرىدەنى ئىدارىسىگە ئەگەشتۈرۈپ كەلدى. پەرىدە ھەممە ئادەم ئىزدىنىش، تەتقىقات ۋە باشقا خىزمەتلەر بىلەن ئالدىراش دەپ كېلىۋىدى، ئەمەلىيەت تامامەن ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى.

ئىشخانىدا بىر نەچچە ئادەم پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. ئاياللارنىڭ قولى ھەدەپ پوپايكا توقۇش بىلەن، ئېغىزلىرى ئاللا قانداقتۇر تا-

ماق ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ھەققىدە پاراڭلاشماقتىدى .
— قىزىل يەلكەن ئاشخانىسىدا بېلىقنى بەك ياخشى قورۇيدۇ .
— مەن بېلىقنى تولا يەپ ئۆچ بولۇپ كەتتىم ، يەنىلا توخۇ قور-
دىقىغا يەتمەيدۇ ، ھەم تەملىك ھەم سىڭىشلىق ، بولۇپمۇ ھاراق ئىچكەندە
بەك ياخشى .
— مەن بېلىقنىڭ شورپىسىغا بەك ئامراق .
— مانا بۇ بىزنىڭ ئىشخانىمىز ، يەنە قارىسا يەنە شۇ ، خىزمەتكە
ئورۇنلاشقۇچە ئادەم زادى ئىشخانا دېگەننى جەننەتتەك تەسەۋۋۇر قىلىپ
كېتىدۇ . مەن مۇشۇنداق بىرەر ئىشخانىدا ئولتۇرالارمەنمۇ دەپ ئويلاپ
كەتكەنىدىم . ئاخىرى ئولتۇردۇم ، شۇنچىلىكلا ئىش ئىكەن .
رەشىدە ئالدىدىكى قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان قەغەز ماتېرى-
ياللارنى رەتلەپ شىرەنىڭ بىر چېتىگە سۈرۈپ قويۇپ ، پەرىدەنى ئولتۇ-
رۇشقا تەكلىپ قىلدى .
— ئەجەبمۇ زېرىكتىم بۇ تەرجىمانلىقتىن .
— بىكارغا مۇئاش ئېلىپمۇ نارازى بولىدىكەنسىز . ئايدا يىلدا بىر
ئىككى بەت ماتېرىيال تەرجىمە قىلىپ قويۇشنىڭ قەيىرى ئېغىر كېلىۋا-
تىدۇ ؟ — دېدى پەرىدە كۈلۈپ چاقچاق قىلىپ .
— كەسپىمدىن بەكلا ئايرىلىپ قالدىم . باشتا ئۆز كەسپىمگە
مۇۋاپىقراق كېلىدىغان بىر يەرگە ئالمىشىش كويىدا يۈرگەنىدىم . ئەمدى
كۆنۈپ قالدىم . بىراق ، تەرجىمە قىلىشقا كەلگەندىلا ئانچە ـ مۇنچە ۋاي-
ساپ قويىمەن .
ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ قويدى ، شۇ چاغدا
سىرتتا بىراۋنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .
— رەشىدە ! رەشىدە !
— ھە ، مانا مەن ! — رەشىدە ئورنىدىن تۇردى .
— سىزگە تېلېفون !
پەرىدە خىيالغا چۆمگەن ھالدا ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدى .
بىردەمدىن كېيىن رەشىدە قايتىپ كىردى .

— كىمدىن تېلېفون كەپتۇ ؟ — سورىدى پەرىدە .
رەشىدە كۇلگەن ھالدا :
— كەچتە بىرەيلەن بىزنى مېھمان قىلماقچى ، — دەپ جاۋاب بەردى .
— كىم ؟
— بارغاندا بىلىسىز . ئۇلارنىڭ ھەممىسى قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەر ، شۇلار سىزگە بىرەر يول تېپىشىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس ، رېستورانىدا جوزا بولاپتۇ .
— نېمە مەقسەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئولتۇرۇشكەن بۇ ؟
— يەنە نېمە مەقسەت بولسۇن ؟ تاماق يېيىش ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى دېگەندە قىزلار بولمىسا مەززىسى بولامدۇ ؟ شۇڭا بىزنىمۇ چاقىرىۋالغان گەپ . مەن ناھايىتى چىرايلىق بىر دوستۇم بار ، سىزنىمۇ بىللە ئېلىپ بارىمەن دەپ قويدۇم . ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ قويىسىڭىز ھامان پايدىسى تېگىدۇ . بۇ يەردە كىشىلەر ئاشۇنداق قىلىپ ئىشلىرىنى ھەل قىلىدۇ . ھازىرقى دەۋردە مۇناسىۋەتشۇناسلىقتا تالانتىڭىز بولمىسا كەسپىي جەھەتتە ھەرقانچە تالانتلىق بولسىڭىزمۇ ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسىز .
كەچتە ئۇلار بىرلىكتە داڭلىق بىر رېستورانغا باردى . رېستوراندا ھازىرقى زاماننىڭ ئەڭ مودا ناخشىلىرى ياڭراپ تۇراتتى . رېستوراننىڭ ئىچى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن . كىشىلەر ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ قىزغىن دېسكو ئويىنىماقتا . رەڭگارەڭ چىراغ نۇرلىرى كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا پىرقىرايتتى .
رېستوراننىڭ چەت تەرىپىدىكى ئورۇندا رەشىدە بىلەن پەرىدە بىر توپ كىشىلەر بىلەن ئولتۇراتتى . ئۇلار ناھايىتى چىرايلىق ياسانغانىدى . ئەرلەر ھەدەپ ئاياللارغا خوشامەت قىلىپ ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەككە تەكلىپ قىلاتتى ، ئاچكۆزلۈك بىلەن ئاياللارغا تىكىلىشەتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كامىل ئىسىملىك بىرەيلەن پەرىدەدىن زادىلا كۆزىنى ئۈزەلمەي قالغانىدى . قورساقلىرى تومپىيىپ چىققان سېمىز بىر ئادەم قورساقلىرىنى

شىرەنىڭ گىرۋىكىگە تاقاپ تۇرۇپ قىسقا ، دىقماق قوللىرى بىلەن رومـ-
كىنى لىق تولغان ھاراقنى پەرىدەگە تۇتتى :

— ئـۇكـام پـەرىـدە ، بۇ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى ، بىر ئىچىۋېتىپ ئېچىلىپىراق ئولتۇرۇپ بېرىڭە .

پەرىدە چىرايلىقچە رەت قىلدى :

— بـەك جـىق بولۇپ كېتىپتۇ ، مەن ئىچەلمەيمەن . زورلىماڭ ، راستىنلا ئىچەلمەيمەن .

— مۇشۇنى ئىچىۋەتسىڭىزلا كەيپىياتىڭىز كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ .

رەشىدە پەرىدەنى :

— پەرىدە ، ئايۇپكامنىڭ قولىنى قايتۇرماڭ ، ھۆرمەتسىزلىك بوـ-
لىدۇ . ئايۇپ جۇجاڭ كىچىك ئادەم ئەمەس جۇمۇ ! — دەپ ئىچىشكە ئۈندىدى .

ئايۇپنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرى پەرىدەگە يەۋەتكۈدەك قارايتتى . ئۇ توختىماستىن نۇمۇسسىزلارچە ھىجىيىپ زورلايتتى .

— ئايۇپكا ، دوستۇمنىڭ بەك كۆڭلى يېرىم ، — دېدى رەشىدە .

— نـېـمـىـشـقـا ؟ شۇنداق چىرايلىق قىزلارنىڭمۇ غېمى بولامـ-
دىكەن ؟ — دېدى ئايۇپ .

رەشىدە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ پەرىدەگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— بـۇ دوستۇمغا مۇۋاپىقراق خىزمەت يوق . بۇ يىل مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنىدى . بەك ياخشى ئوقۇغان ، كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت ئالالمىغاچقا كۆڭلى بەك يېرىم .

— ۋاي ۋۇي شـۇ ئـىـشـمىدى ! نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭلار ؟ ماڭا دېگەن بولساڭلار ئاللا بۇرۇن ھەل بولماسمىدى .

— ئايۇپكا ، سىزنى بۇنچىلىك كىچىك ئىشلارغا ئاۋارە قىلىشنى خالىمىدۇق .

پەرىدە ئايۇپقا بىزارلىق بىلەن قاراپ قويۇپ ئۇنىڭ قولىدىكى ھاراقنى ئالدى . رومكىغا قىزىل ھاراق تولدۇرۇلغان بولۇپ ، پەرىدە رومكا

ئىچىدىن ئايۇپقا قاراپ قويۇپ، ھاراقنى گۈپپىدە ئىچىۋەتتى.

يېڭى مۇزىكا باشلىنىش بىلەن تەڭلا كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ پەرىدەنى، يەنە بىر ەيلەن رەشىدەنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى.

پەرىدە بىلەن كامىل تانسا ئوينىدى. پەرىدەنىڭ تىرناقلىرىغا قىپقىزىل لاك سۈرتۈلگەن پۈتلىرى نەپىس ۋالىسقا پىرقىرايتتى. كامىل ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن ھەدەپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلەتتى. پەرىدە بولسا بۇنى تۇيمىغاندەك يەرگە قارىۋېلىپ تىپتىنچ تانسا ئويناۋەردى. ئۇ كامىلنىڭ ئۆزىگە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتى. خۇددى ئۇنىڭغا قاراپلا قويسا ئۇنىڭ سۆزىنى دەۋېلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىدىغاندەك پەرىدە كۆزىنى دائىملا ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى. ئۇ ئاشۇنداق سورۇنلاردا ئۆزىگە پايدىلىق بىرەر گەپ ئاڭلاش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تانسىغا تۇرۇپ كەتكەن بولۇپ پەقەت بىر ئايال بىلەن ئايۇپ ۋە يەنە بىر ئەركىشى قالغانىدى. ئايۇپنىڭ كۆزلىرى كامىل بىلەن تانسا ئويناۋاتقان پەرىدەدىن ئۈزۈلمەي قالغانىدى.

— ئايۇپ، تانسا ئوينىمايسەنغۇ ئاداش! — ئەر ئايۇپتىن سورىدى.

ئايۇپنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئايال كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ شەھۋانىي نەزەر بىلەن ئەركىلەپ:

— بۇنىڭ كۆزى باشقا بىر يەردە بولغۇن، — دېدى پەرىدەنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ. ئايۇپ ئېغىر خۇرسىندى.

— نەلەردە چوڭ بولغان نېمىدۇر بۇ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىكىنا كاساپەت، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئەجەب مۇشۇنچىلىك چىرايلىق بىر نېمىلەر يوق ئىدى...

پەرىدە بىلەن كامىل تانسا ئويناۋاتاتتى. كامىل ئاخىرى يەنىلا ئېغىز ئاچتى:

— پەرىدە، مېنىڭ ئىسمىم كامىل، بۇنىڭدىن كېيىن ئارىلىشىپ ئۆتەيلى، بىز رەشىدە بىلەن ياخشى تونۇشىمىز، رەشىدە خېلى ياخشى

قىز . بىرەر ھاجىتىڭىز چۈشسە رەشىدە بىلەن ئىزدىسىڭىز بو-
لىدۇ . خىزمەت ئىشىڭىزنى داۋامغا دەپ باقساقمۇ بولىدۇ ، مېنىڭ داۋام
مۇئاۋىن نازىر .

كامىل پەرىدەنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاشقا ئىنتىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى .
پەرىدە ئۈندىمىدى .

بىر ئازدىن كېيىن كىشىلەر دىسكو ئويناشقا باشلىدى . ھەممەيلەن
ئەسەبىيلەرچە دىسكوغا چۈشۈپ كەتتى . چەتتە بۇلۇڭدىكى ئورۇندا يال-
غۇز ئولتۇرۇپ قالغان كامىل ئۆزى يالغۇز كەينى - كەينىدىن ھاراق قو-
يۇپ ئىچىۋەتتى . ئۇ پەرىدەدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى .

پەرىدە نازۇك بەدەنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ دىسكو ئوينايتتى .
بىر نەچچەيلەن پەرىدەنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى . پەرىدەنىڭ چاچلىرى
مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ دولقۇنلىناتتى .

تانسا ئارىلىقىدا رەشىدە پەرىدەنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

— ئاداش ، بۈگۈن ئەجەب ئېچىلالمىدىڭىز ، ئېچىلىپراق
ئولتۇرسىڭىزچۇ !

پەرىدەگە ۋاقىت ناھايىتى تەستە ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى . سو-
رۇندا بىرلا خىل ھەرىكەت داۋام قىلماقتىدى . پەرىدە بۇلارغا قاراپ ۋا-
قىت توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدى . ۋاقىت دېمەك تەكرارلىنىش دېمەكتۇر ،
شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت كىشىلەردە بىزارلىق پەيدا قىلىدۇ . ۋاقىت سان-
سىزلىغان تەكرارلىنىشلارنىڭ سانىلىشىدىن شەكىللەنگەن ، دەۋر قىلىش
بولمىغان بولسا ۋاقىت ئۇقۇمى مەۋجۇت بولمايتتى . ئۇ دۇنيادىكى مۇ-
شۇنداق دەۋرلىنىشلەرنىڭ بىردىنلا بۇزۇلۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىپ
قالدى . سائەتنىڭ ، كۈننىڭ ، ئاينىڭ ۋە پەسىلنىڭ دەۋرلىنىشى بولمى-
غان بولسا ئىدى ، دۇنيا يېڭىلىق بىلەن تولغان بولار ئىدى . بىراق ،
كىممۇ ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ ؟

— بۇلاردىن بەكمۇ بىزار بولدۇم .

— ئۇلار ھەممىسى چىرايلىقراق قىزلارنى كۆرسە خۇددى يوقى-
تىپ قويىدىغانلار ، ئۇلارغا ھېچىبىپ قويۇپ قولىڭىزنىڭ ئۇچىنى تۇت-

قوزماي نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. مەنمۇ دەل شۇلارغا تايىنىپ، ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن تولا تەستە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان.

— رەشىدە، بولدى ئاداش، ئۇلارنى ئويلىسام قۇسۇپ تاشلايمەن.

ھەر قېتىم مۇزىكا باشلىنىشى بىلەنلا ئەرلەر خۇددى قوتاندىن قويۇۋېتىلگەن بۇقىلاردەك گۈررىدە ئاياللار تەرەپكە يۈگۈرۈشەتتى. ئايۇپ پەرىدەنى يەنە تانسىغا تارتتى.

— پەرىدە سىز بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىم بەك ياخشى بولدى. بۈگۈن كەچتە مەن سىلەرنى راۋۇرۇس مېھمان قىلىمەن. بۇ يەردىن قايتقاندا مەن سىلەرنى يېقىن بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارىمەن، سىز، مەن رەشىدە ئۈچەيلەنلا بارىمىز. بېرىپ كىچىككىچە ئولتۇرىمىز، — دېدى ئايۇپ پەرىدەگە.

پەرىدە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۈندىمىدى.

— بولامدۇ يا خالىمامسىز؟

— كېيىنچە پۇرسەت بولۇپ قالار. بۈگۈنچە بارماي تۇرايلى.

— بۈگۈن ئەجەب ئېچىلالمايسىزغۇ؟

پەرىدە بىردىنلا سورىدى:

— كېچىچە ئولتۇرۇپ نېمە ئىش قىلىمىز؟

— پاراڭلىشىپ كۆڭۈل ئاچىمىز.

پەرىدە زەردە بىلەن سورىدى:

— نېمە توغرىسىدا پاراڭلىشىمىز؟

— پاراڭلىشىدىغان گەپلەر شۇ يەرگە بارغاندا چىقىدۇ.

— بىز بۈگۈن تونۇشۇۋاتساق، بىزنىڭ ياكى كەسىپ جەھەتتە ياكى باشقا جەھەتتە ئورتاق پاراڭ تېپىمىز بولمىسا بىر كېچە ئۇخلىماي ئۆزىمىزنى ئاۋارە قىلغىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى پەرىدە.

— ئۇنداق دېمەڭ، بىز بىلەن بىللە ئولتۇرسىڭىز چوقۇم كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ. خىزمەت ئىشىڭىزنىڭ غېمىنى قىلماڭ. مەن ئۆز

قولۇم بىلەن ھەل قىلىۋېتىمەن .
ئايۇپنىڭ قولى پەرىدەنىڭ دۈمبىسىدە ھەرىكەتلىنىپ پەرىدەنىڭ تولغان ساغرىسىغا چۈشتى . ئۇ ئۇنىڭ ساغرىلىرىنى سىلاپ ئاستا ئۆزىگە تارتىۋىدى ، پەرىدە ئايۇپقا نەپرەت بىلەن تىكىلدى . ئايۇپ ئۇنىڭ تىكىلىشلىرىدىن مەڭدەپ قالدى . پەرىدە ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىغا بېرىپ سومكىسىنى ئېلىپ تېزلىك بىلەن سىرتقا قاراپ ماڭدى . رەشىدە بىلەن كامىل ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى .
— پەرىدە نېمە بولدىڭىز ؟
— نېمە ئىش بولدى ؟
— مەن كېتىمەن ! — دېدى پەرىدە غەزەپ بىلەن .
كامىل ئۇ كۆڭلى پەرىدە بىلەن رەشىدەنى ئۆن - تىنسىز ياتىقىغا ئاپىرىپ قويدى . يولدا بارغۇچە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى زۇۋان سۈرمىدى . غەزەپتىن پەرىدەنىڭ كاللىسى قوپقۇرۇق بولۇپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ھەتتا ئايۇپنىڭ قىلىقىنى تىللاپ بىر نەرسىلەرنى دەي دەپمۇ گەپ تاپالماي قالدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا بىھېساب گادىرماچ خىياللار خۇددى كىگىزنىڭ يۇڭلىرىدەك بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، بۇ خىياللار ئىچىدىن ھېچقايسىسىنىڭ يىپ ئۇچىنى تاپقىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ مېڭىسى خۇددى تەپەككۇر قىلىشتىن توختاپ قالغاندەكلا بولۇپ قالغانىدى .
ئۇلار ياتاققا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن بىر ھازا سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ قالدى . پەرىدە رەشىدەنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلماسلىقىنى ئىچىدە خۇدادىن تىلىدى ، ئەگەر رەشىدە ئۇنىڭغا تەسەللى گەپتىن بىرەرنى قىلسىلا ، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىقى ئېنىق ئىدى . بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئەرلەر تەرىپىدىن نومۇسسىزلارچە خورلىنىشى ئىدى . بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولدى . راست دېگەندەك رەشىدە ئېغىزىنى ئېچىۋىدى ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆركىرەپلا يىغلاپ تاشلىدى . يىغىدىن ئۇنىڭ مۈرىسى توختاۋسىز تىترەيتتى .
ئەتىسى ئۇ ئەركىننى ئىزدەپ باردى . ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە

كوچا ئايلاندى . ئۇ تۇنۇگۇن بولغان ئىشلارنى ئەركىنگە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىشنى ئويلىغاندى ، بىراق ئەركىننى كۆرۈپلا بۇلارنى دېيىشتىن يالتىيىپ قالدى .

تۇنۇگۇن كېچە يامغۇر ياغقانىكەن ، ئەتىگەندە ھاۋادىن تېخى يامغۇرنىڭ نەم ھىدى كەتمىگەنىدى . يوللارمۇ تولۇق قۇرۇپ كەتمىگەنىدى . پەرىدە ئەركىننىڭ بىلىكىگە ئېسىلغىنىچە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كەلمەكتىدى . قاتتىق يامغۇردىن كېيىن ھاۋا ئوچۇق ۋە يارقىن ئىدى . ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ نۇرى يول بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئاراشلىرىدىن ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ گەۋدىلىرىدە ئوينايتتى .

— قىز بالا بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغىنىم مېنىڭ گۇناھىممۇ ، نەگىلا بارسا قىزلارنى خىزمەتكە ئالمايمىز دەپلا تۇرىدىكەن . كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە قىزلارنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ .

— سىزغۇ 2 ـ ساچېرخانىم بولۇشنى ئويلايسىز . بىراق ، بىزنىڭ رېئاللىقىمىز بۇنىڭغا يول قويمايدۇ . ئاياللار قانۇنىي جەھەتتە ئەرلەر بىلەن تولۇق باراۋەر بولغىنى بىلەن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتىكى چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن يەنىلا ئاگىسز ھالدا چەتكە قېقىلىۋاتىدۇ . نېمىلا بولمىسۇن سىز ھامان خىزمەتكە ئورۇنلىشالايسىز . سىز خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ھامانلا بەختلىك ئائىلىمىزنى قۇرۇشنى ئويلايمەن .

ئەركىننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ پەرىدە مەيۈسلىنىپ قالدى . ئۇ ئېچىنىشلىق بىر خىل مەيۈسلۈك بىلەن :

— مەن ئالدىراپ توي قىلىشنى خالىمايمەن ! — دەپ شىۋىرلىدى .

— نېمىشقا ؟ — ئەركىن ھەيران قالدى .

— مۇشۇ كۈنلەردە ئادەملەر نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ـ ھە ! قىزلارنىڭ دۇنيادا ئۆي تۇتۇپ بالا بېقىشتىن باشقا رولى يوقمۇ ؟ ئەمدى جەمئىيەتكە چىقىپلا سىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بولۇپ كەتتىڭىزمۇ ؟

— پەرىدە سىزگە نېمە بولدى ، مەندىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ ؟

قايىسى گېپىمگە رەنجىدىڭىز ؟ — سورىدى ئەركىن گاڭگىرىغان هالدا .
— مەن بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارمىغۇچە توي قىلماي-مەن . مەن ئۆزۈمگە قەسەم قىلغان ! بىلەمسىز ، مەن چوقۇم بارچە تو-سالغۇلارنى يېڭىپ ، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن . مەن ئۇلارنىڭ بارلىق توسالغۇلىرى ، قىزلارنى كۆزگە ئىلماسلىقلىرى ۋە ئاياللارغا بول-غان ئاچكۆزلۈكلىرى ئارىسىدىن چوقۇم چوڭ بىر يوچۇق تاپالايمەن . مېنىڭ قىز بالا بولۇپ قالغانلىقىم هازىر ماڭا توسالغۇ بولغىنى بىلەن مەن ئۇنى چوقۇم ماڭا پايدىلىق بولغان ئارتۇقچىلىققا ئۆزگەرتىۋېتەلەيمەن . ئويلاپ باقسام مەن ئۆزۈمگە يول ئېچىشتا ئۆزۈمنىڭ قىز بالا ئىكەنلىكىم-دىن ئۇنۇملۇك پايدىلانسام بولغىدەك .
— نېمە ، سىز ئۆز تىرىشچانلىقىڭىز بىلەن ئەمەس قىز بول-غانلىقىڭىز بىلەن يول تاپامسىز ؟
— هازىرقى ئەهۋالدىن قارىغاندا ، تىرىشچانلىقنىڭ هەممىسى بىكار ئوخشايدۇ . مېنىڭ بارمىغان يېرىم قالمىدى . يۈزدىن ئارتۇقراق ئا-دەمنىڭ ئالدىغا بارغاندىمەن ، هەممىسى خىزمەتكە يېقىن كەلتۈرمىدى . خۇددى ئاياللار ئەرلەرنىڭ جىنسىي هەۋىسى ئۈچۈنلا تۇغۇلغاندەك ، هەممە ئادەم ئۆزىنىڭ شەهۋانىي هەۋىسى ئۈچۈن ساراڭ بولۇپ ، خۇددى ئاياللار بولمىسا ياشىيالمايدىغاندەك قىلىپ كېتىدىكەن ، بىراق خىزمەتكە كەلگەندىلا ئاياللاردىن ۋابادىن قاچقاندەك قاچىدىكەن .
— پەرىدە ، مەن سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن بۇنداق نومۇسسىز گەپ-لەرنى ئاڭلارمەن دەپ ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن . دېمەك سىز ئەرلەرنىڭ جىنسىي هەۋەسكە ئەسەبىيلەرچە بېرىلىدىغان ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىڭىزنىڭ قىز بالا بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغىنىڭىزنى توسالغۇ ئەمەس ، ئارتۇقچىلىققا ئايلاندۇرماقچىمۇ ؟ — ئەركىن بىردىنلا ئورنىدا تۇرۇپ پە-رىدەنىڭ كۆزىگە ئاچچىق بىلەن تىكىلدى .
— شۇنداق ، بىراق سىز خاتا چۈشىنىۋالماڭ !
— مېنىڭ خاتا چۈشەنگىنىم يوق . سىز گەپنى شۇنچە ئوچۇق ئاشكارا ، شۇنچە يالىڭاچلاپ ، هېچ نەرسىنى يوشۇرماي دەۋاتىسىز ،

يەنە نېمىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىم مۇمكىن ؟ ناھايىتى توغرا چۈشەندىم . مەن خاتا چۈشىنىپ سىزنى ئۆز تېنىنى ساتمايدىكەن دەپ ئويلاپ قالمىغاندىمەن ؟ شۇنداق ئويلاپ قالغان بولسام ئاندىن خاتا چۈشەنگەن بولاتتىم .

پەرىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىراپ تاشلىدى :

— ئەركىن ، بولدى !

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئاچچىقلانغان ھالدا كېتىپ قالدى . ئەركىن بولسا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئۇنىڭ كەينىدىن قارىغانچە تۇرۇپ قالدى . ئەركىن ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاشۇنداق قېيداپ كېتىپ قېلىشىدىن قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى ، ئۆز تەقدىرىدىكى مەڭگۈلۈك بىر ئازابىنى تۇيغاندەك بولغانىدى . رەشىدەنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە ئاشۇ بىر قېتىملىق سۆھبەت ئەركىن بىلەن پەرىدەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ بېشارىتى ئىدى . بىراق ، پەرىدە ئۇ ئىشلارنى تېزلا ئۇنتۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئاشۇ بىر مەزگىللىك كەچۈرمىشى ئىچىدە ئۇنتۇلغۇسىز بولۇپ ئېسىدە قالغانلىرى پەقەت ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىزدەش جەريانىدىكى چەكسىز ئۈمىدسىزلىكى ۋە ئۇرۇنۇشى ئىدى . چۈنكى ، ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئەڭ تەسىر قالدۇرالايدىغان — ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش شۇ ئىدى . پەرىدە ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىزدەش جەريانىدا يولۇققان ئىشلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئەركىنگە دەپ بەرگەنىدى . بىراق ، پەرىدە ئەھمىيەتسىز دەپ ئويلىغان ئاشۇ ئىشلار بولسا ئۇنىڭ يۈرىكىدىن مەڭگۈ چىقماس بولۇپ ئورۇن ئېلىپ كەتكەنىدى .

پەرىدە ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن تاھىر ئۆزىنى زادىلا قويالماي قالدى . يۈرىكىدە خۇددى چوغ كۆيۈۋاتقاندەك ئازابلىق تولغىناتتى . پەرىدە ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان كوچىلارنى ئايلىناتتى . بىر كۈنى تاھىر مىژىلداپ تۇرغان كىشىلەر توپىدا ئېغىر خىيالغا پاتقان ھالدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز چۆچۈپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ كەينىدە كېلىۋاتقان پەرىدە بىلەن رەشىدەنى كۆرۈپ قالدى . تاھىر ئىنتىك ئالدىغا قارىۋالدى . پەرىدە بىلەن رەشىدە ئۇنى كۆرمىدى . ئۇلار سۈركەلگىنىچە

ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى . تاھىر ئۇلارنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە ئورنىدا كۆزىنى ئۇزەلمەي تۇرۇپ قالدى .

كىشىلەر توپىنىڭ تاھىرنىڭ گەۋدىسىگە ئۇرۇلۇپ سوقۇلۇشى ، سۈركىلىپ ئۆتۈشى بىلەن تاھىر پات - پات دەلدەڭشىپ ، دەلدۈگىنىپ كېتەتتى .

تاھىر ئۇنى كۆرۈپ يەنىلا گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى ، ئۇ زادى نېمە دېيىشى كېرەك ؟ ئۇ پەرىدەنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەچكە ، كامىلدەك خالىغان ۋاقىتىدا ئۇنى ئىزدەپ بارالمايتتى .

رەشىدە بىلەن پەرىدە تاماق يەپ ئولتۇرغاندا ئىشىك چېكىلدى . رەشىدە بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . ئىشىك ئالدىدا گالاستۇكلارنى تاقاپ يۈزۈر ياسىنىۋالغان كامىل تۇراتتى . ئۇ كىرىپ قىزلار بىلەن سالاملاشتى .

پەرىدە تاماق يەۋېتىپ پات - پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى . كامىل ئۇنىڭ بىرەر ئىشقا ئالدىراپ تۇرغانلىقىنى پەملەپ قالدى . ئۇ پەرىدەدىن ئەھۋال سورىدى :

— پەرىدە ، ئىشلىرىڭىز قانداق كېتىپ بارىدۇ ؟ بىرەر يەرنى ئالاقىلىشالىدىڭىزمۇ ؟

— بىرەيلەن خېلى يامان ئەمەس گەپ قىلىۋاتىدۇ ، لېكىن ئۈمىد ئانچە چوڭ ئەمەس ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت بىر يېرىمدا كۆرۈشمەكچىدىم ، شۇنىڭغا ئالدىراۋاتىمەن .

— تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىساڭلار ئېيتىڭلار . سىز خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ بولغۇچە بۇ شەھەرگە مۇساپىر دەڭا . قولىمىزدىن چوڭ ئىش كەلمىسىمۇ ياردىمىمىز تېگىدۇ .

— ھېلىمۇ ياخشى دوستۇم رەشىدە بار ئىكەن ، بولمىسا قانداق قىلاتتىمكىن تاڭ !

— بۇ دۇنيادا ياخشى ئادەملەر كۆپ ، ئەڭ مۇھىمى سىزنىڭ ئۇلارنى بايقىۋېلىشىڭىزدا ، — ئۇ شۇنداق دەپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى ، — ياخشى ئادەملەرنى بايقىماي قالسىڭىز ھەممە ئادەم ئەسكى

كۆرۈندۇ .

پەردە :

— مەن ئەمسە ھېلىقى يەرگە بېرىپ كېلەي ، — دەپ ئاغزىنى ئېرتىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، سومكىسىنى ئېلىپ، سىرتقا ماڭدى . ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا كامىل رەشىدەدىن سورىدى :

— رەشىدە بۇ قانداقراق قىز ؟

— نېمە قىلاتتىڭىز ؟ — رەشىدە كۈلۈپ قويىدى ، — ھە راست سىزنىڭ دادىڭىز باشلىق بولغاندىكىن شۇنىڭغا دەپ باقسىڭىز بوپتىكەن . ئۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسا .

- چاتاق يوق ، بىراق ئۇ تازا ئېرەك قىلمايۋاتسا ... مەن دادامغا دەپلا چىلك تۇرۇۋالسام چوقۇم ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇ- رىدۇ . ئەمدى ماڭا ئۇ ئېھتىياجلىق تۇرسا ، ئۇ ماڭا ئەمەس ، مەن ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلامدىم .

— ۋۇي ، خۇشامەت قىلسىڭىز خۇشامەت قىلغۇچىكى بار .

— بوپتۇ ، خۇشامەت قىلسام قىلدىم ، كەچتە سىلەرنى بىر رېستورانغا ئېلىپ بېرىپ مېھمان قىلىمەن ، بولامدۇ ؟

— بىھۇدە پۇل خەجلەپ قويارسىزمىكىن .

- نېمىشقا بۇنداق دەيسىز ؟

— ئۇنىڭ سۆيگىنى بار . ئۇلار بىر - بىرىنى بەكلا ياخشى كۆ- رىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلى- كىنى سىزدەك قەلبىدە مۇھەببەت بولمىغان ئادەملەر تەسەۋۋۇر قىلىپ يې- تەلمەيدۇ .

— ۋاي - ۋۇي ، ئەجەب دەپ كەتتىڭىزغۇ ، مەن خېلى - خېلى ئاشىق - مەشۇقلارنى كۆرگەن . مۇھەببەت باشقا تۇرمۇش باشقا .

— ئۇ ئەركىنىنى ياخشى كۆرىدۇ ، سىز كۆڭلىنى باشقىلارغا بەرگەن قىزنىڭ دائىم سىز بىلەن بىرگە ياشاۋېتىپ ، كۆڭلىدە باشقا بىراۋنى ئويلاپ يۈرۈشكە چىدىيالامسىز ؟

— بۇ ھەممە ئىشقا چىداشقا ئەرزىگۈدەك قىز ئىكەن .

رەشىدە جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى بىنالارنىڭ تاملىرىغا ئۇرۇلۇپ قايتىپ، ھەممە ياق جاراڭلاپ كەتكەندەك بولدى.

كەچتە ئۇلار رېستۇراندا پەيدا بولدى.

مۇڭلۇق مۇزىكا ياڭراپ تۇراتتى. پەرىدە، رەشىدە، كامىل ئۈچەيلەن بىر ئورۇندا ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا خىلمۇ خىل قورۇمىلار لىق دۆۋىلەنگەن، پەرىدە قىپقىزىل كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق گۈزەللىكنى بىردىنلا ئاشكارىلاپ تۇراتتى. ئۇ نازۇك قوللىرى بىلەن رومكىدىكى لىق تولدۇرۇلغان ھاراقنى تۇتۇپ تۇراتتى. كامىل قولىدىكى رومكىنى پەرىدەنىڭ رومكىسى ۋە رەشىدەنىڭ رومكىسى بىلەن سوقۇشتۇردى.

لەرزان مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ بىرەيلەن سەھنىدە مۇڭلۇق ناخشا ئېيتماقتىدى. پەرىدە كەينى ـ كەينىدىن رومكىغا لىق تولدۇرۇپ ئىچىۋەتتى. كامىل ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولغان ھالدا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. پەرىدە نازۇك قوللىرى بىلەن ئالدىغا يېيىلىپ چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى كەينىگە قىلىپ، باشلىرىنى سىلكىپ قويۇپ ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ ھاراقنى ئىچىۋەردى.

ئۇ كۈنى پەرىدەنىڭ ئىچىپ كەتكىنىگە ھەممەيلەن ھەيران قالدى. ئۇ كەينى ـ كەينىدىن ھاراق ئىچكەندىن كېيىن چىرايى قىزىل گۈلدەك قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ بىردىنلا ئېچىلىپ ئۆزىلا مەيدانغا ئۇسسۇلغا چۈشۈۋالدى. ئۇ شۇ كېچە مەيداندىن چىقماي ئوينىدى. ھەممەيلەن پەرىدەنى بىرەر خوشلۇقى بار دەپ ئويلاپ قالغانىدى. بىراق، پەرىدەنىڭ شۇنچىۋالا ئېچىلىپ كېتىشى ئۇنىڭ قاتتىق ئۈمىدسىزلىك دەستىدىن پۈتۈنلەي ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، قاتتىق ئازاب يۇقىرى پەللىگە چىققاندا پەيدا بولغان ئېچىلىپ كېتىش ئىكەنلىكىنى ئۇلار چۈشەنمەيتتى. پەرىدەنىڭ كۈلكىلىرى ئەمەلىيەتتە يىغىدىنمۇ ئېچىنىشلىق كۈلكە ئىدى.

ئۇلار رېستۇراندىن قايتىپ چىققاندا ئاللىقاچان يېرىم كېچە بولۇپ

كەتكەندى . كوچا جىمجىت بولۇپ ئادەم ئايىغى ئۈزۈلگەندى . سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى . يامغۇر سۈيى بىلەن ھۆللەنگەن ئاسفالت يول كوچا چىراغلىرىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا يالتىراپ ، سوزۇلۇپ ياتاتتى . پەرىدە غەرق مەست بولۇپ كەتكەن بولۇپ رەشىدە بىلەن كامىلمۇ خېلى مەست ئىدى . ئۇلار بىر ـ بىرىنى يۆلەشكىنىچە دەلدەڭشىپ يولغا چۈشتى .

— پاھ ، سىم ـ سىم يامغۇر ، ئەجەب تاتلىق كېچە بۇ ! — دېدى كامىل ھاراقنىڭ كۈچىدىن قىزىپ كەتكەن يۈزلىرىنى ئاسمانغا قىلىپ ، يامغۇرغا تۇتۇپ .

— بۇ كېچىنىڭ نەرى تاتلىق بولسۇن ! سىم ـ سىم يامغۇر ... ۋاي بېشىڭنى يېگۇ ... ئۆلگۈر سىم ـ سىم يامغۇر ! بۇنىڭ نەرى ياخشى ؟ ياكى سىم ـ سىم يامغۇر ياغدى دەپ مېنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويامدىكەن ـ يا !

— خىزمەت ، خىزمەت ، سىزنىڭ ئويلايدىغان باشقا نەرسىڭىز يوقمۇ ؟

— كىمدە نېمە كەم بولسا شۇنى ئويلايدۇ . سىزدە سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان كېچە كەم . شۇڭا ، سىز سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان مۇشۇ كېچىنى ئويلايسىز . مەن بولسام خىزمەتنى .

پەرىدە دەلدەڭشىپ گاھ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتسە گاھ بۇ تەرىپىگە ئۆتەتتى . ئۇ پۇتىدىكى ئايىغىنى سېلىۋەتتى . ئۇنىڭ يالىڭاچ پۇتلىرى يامغۇرلۇق قاپقارا سېمونت يولنىڭ رەڭگى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ ئۇنىڭ پۇتلىرى تېخىمۇ ئاپئاق ۋە سۇزۈك كۆرۈنۈپ كەتتى . پەرىدە ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى :

— سىلەر ئويلاپ باقساڭلارچۇ ، مەن كەلگىلى ئۈچ ئاي بولۇپ كەتتى . ھېلىمۇ ياخشى دوستۇم رەشىدە بارئىكەن ، بولمىسا نەدە يېتىپ قوپۇپ ، كىملەر بىلەن كۆرۈشۈپ خىزمەت تاپار ئىدىم .

رەشىدە كېلىپ پەرىدەنى قۇچاقلىۋالدى .

— يىغلىماڭ ئاداش ، يىغلىماڭ . نېمىشقا يىغلايسىز ؟!

— ئۈچ ئايدىن بېرى بارمىغان يېرىم قالمىسا ، ھېچ ئىشىم ئاقمىسا

نېمىشقا يىغلىمايدىكەنمەن .

پەرىدەنى قۇچاقلاپ رەشىدەمۇ يىغلاشقا باشلىدى . ئۇ يىغلىغانـ سېـرى ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلىماقتىدى . كامىل ئۇلارنىڭ يىغىسىنى توختىتىشقا تىرىشىپ :

ــ بـولدى ھەي ، يىغلىماڭلار ، سەت تۇرىدۇ ، يىغلىماڭلار ... سەت تۇرىدۇ .

ــ ئادەملەرنىڭ شۇنچىۋالا ئىپلاسلىقلىرى سەت تۇرماي ، مېنىڭ ئىشلىرىمنى ھەل قىلالماي يىغلىغىنىم سەت تۇرامدىكەن ؟!

يـولدا بىر تاكسى كۆرۈنۈپ كامىل قولىنى كۆتۈرۈشى بىلەنلا تاكسى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى . كامىل مەستلەرنى تاكسىغا چىقىرىشقا تىرىشىپ بىر مۇنچە ھەپىلەشتى .

ــ ھەي رەشىدە ، سىزگە نېمە بولدى ، تاكسىغا چىقىڭلار .

ــ ياق مەن تاكسىغا چىقمايمەن ! ــ پەرىدە تاكسى تەرەپكە تارتقان كامىلنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى ، ــ مېنىڭ تاكسىغا چىققۇدەك پۇلۇم يوق ! مەن مېڭىپ كېتىمەن .

ــ مەندە پۇل بار ، ــ كامىل ھەدەپ ئۇنىڭ قولىدىن تاكسى تەرەپكە تارتتى .

ــ ئۇنداق بولسا سىز چىقىپ كېتىۋېرىڭ ، مېنىڭ پۇلۇم يوق ، خىزمىتىم يوق ، ئۆيۈم يوق ... ھېچ نەرسەم يوق !

كامىل رەشىدەنى سىلكىشلىدى :

ــ رەشىدە ، سىز بولسىڭىزمۇ يىغلىماي تۇرۇڭە !

رەشىـدە سەل ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئاخىرى كامىلغا ياردەملىشىپ پەرىدەنى زورلاپ ماشىنىغا چىقاردى . ئۇلار ماشىنىغا چىقىشى بىلەنلا ماـ شىنا تېزلىكتە ئالغا سىلجىپ يىراقلاپ كەتتى . دەل شۇ چاغدا يولنىڭ چېتىدىكى بىر قاراڭغۇ دالدىدىكى قىزىرىپ كۆرۈنگەن تاماكا چوغىنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى . بۇ چوغ چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ناھايىتى مـۇڭلۇق ۋە غېرىبانە ئىدى . تاھىر ئۇ يەردە تاماكىنى ئاچچىق شورىغىـ نىچە قاراپ تۇراتتى . تاماكىنىڭ چوغى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تاھىرنىڭ ھەر

بىر تارتىشى بىلەن بىر كۈچىيىپ بىر ئاجىزلىشىپ، گويا تاھىرنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىدتەك گاھ روشەنلىشىپ گاھ خۇنۇكلىشىپ تۇراتتى.
تاھىر ماشىنىدىن كۆزىنى ئۈزمەي بىر ھازا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ ئورۇق يۈزلىرى قاراڭغۇلۇق قوينىدا تېخىمۇ ئورۇق ۋە ئازابلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ قاراڭغۇ بۇلۇڭدىن چىقىۋىدى، سىم ـ سىم يامغۇر يۈزلىرىگە ئۇرۇلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىم ـ سىم يامغۇر زادىلا تەسىر قىلمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ ئاستا قەدەملەر بىلەن يولغا چۈشتى. بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن تاماكىنى شورىۋىدى، ئۇنىڭ يامغۇردا ھۆل بولۇپ ئاللىقاچان ئۆچۈپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يامغۇرغا تاشلىۋەتتى.
ئەتىسى پەرىدە بېشى ئاجراپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىغان ھالدا ئويغاندى. رەشىدە ئاللىقاچان ئىشقا كېتىپ بولغانىدى. پەرىدە ئورنىدىن تۇرۇۋاتسا ئىشىك چېكىلدى، كەلگۈچى ئەركىن ئىدى. پەرىدە ئەركىننى سۈسقىنا كۈلۈمسىرىشى بىلەن كۈتۈۋالدى.
— ئىشلىرىڭىز قانداق بولۇپ كېتىپ بارىدۇ؟ — سورىدى ئەركىن.
— قانداق بولاتتى، يەنىلا ئوخشاش.
— قايسى كۈنى رەشىدەنىڭ بىر توغقىنىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتىڭلارغۇ؟
— ئۇنىڭمۇ يېلى چىقىپ بولدى.
— تۈنۈگۈن كەچتە نەگە باردىڭلار.
— مېھماندارچىلىققا.
ئەركىن كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.
— ئاخشام كەلسەم يوقكەنسىلەر، كەچ سائەت 12 گىچە ساقلىدىم، كەلمىدىڭلار. شۇنىڭ بىلەن باشقا بىر يەردە قونۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. ئەرلەرنىڭ شەھۋانىي ھەۋەسىدىن پايدىلىنىپ يول تېپىشنى باشلىۋەتتىڭىزمۇ يا !؟
پەرىدە نارازىلىق بىلەن ئەركىننىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— ئەركىن ، ماڭا سىېسق گەپلەرنى ئازراق قىلىڭ ، ئۆزۈمنىڭ دەردىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ .

ئەركىن چىچىلدى :

— راستىڭىزنى ئېيتىڭ ، تۇنۇگۈن نەگە باردىڭلار ؟

— بىرەيلەن رېستورانغا ئېلىپ بېرىپ مېھمان قىلدى . ئۇ رەشىدە بىلەن ياخشى ئۆتىدىكەن .

— ئىككىڭدىن جۈپ بولۇپ ئولتۇردۇڭلارمۇ ؟

پەرىدە ئەركىننى سىلكىۋەتتى :

— ئەركىن ! بولدى ! سىز ماڭا نېمىشقا شۇنچىۋالا ئىشەنمەس بولۇپ قالدىڭىز ؟ مېنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلمەمسىز ؟

— مەن بۇرۇن شۇنداق دەپ ئويلايتتىم . بىراق ، ھازىر تازا ئىشەنمەس بولۇپ قالدىم . سىز ھازىر مېنى ئۇنتۇپلا كېتىۋاتىسىز ... خىزمەت ، خىزمەتلا دەيسىز ! سىزنى ئاخىرى ئۈمىدسىزلىنىپ يامان يولغا مېڭىپ كېتىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن .

پەرىدە ئەركىننىڭ كۆزىگە تىكىلدى ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە تىكىلىشكىنىچە بىر ھازا ئولتۇرۇپ قالدى .

— ئەسلىدە سىز مېنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەنسىز ، بۇرۇن مەن بۇلارنى ھېس قىلمىغانىكەنمەن .

— مېنى كەچۈرۈڭ جېنىم ، ئوقۇۋاتقان چاغدا ئىككىمىز پۈتۈن دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئايرىم بىر دۇنيا ئىدۇق ، ھېچ نەرسە بىزنىڭ ئارىمىزغا سىغدىلىپ كىرەلمەيتتى . بىز دائىملا بىللە يۈرەتتۇق ، مەن شۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان بولغاچقا ھازىر سىزدىن دائىملا ئايرىلىپ تۇرۇشقا چىدىيالمايلا قالدىم .

ئەركىن ئۇ كۈنى پەرىدەگە قاتتىق تەگمەكچى ئىدى . بىراق پەرىدەنىڭ سۈيسۈزۈك بىغۇبار كۆزلىرى ئۇنىڭدا بۇنداق قىلغۇدەك ماغدۇرنى قويمىدى . بۇ كۆزلەر ھەرقانداق ئادەمنى ئەل قىلالايتتى .

— ياخشىراق بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئۈچۈن ۋاستە تال-

لىماي بەزى ئىشلارنى قىلىپ سالارمۇ دەپ ئەنسىرەيدىكەنمەن ، سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىماي بەزى سۆزلەرنى قاتتىقراق ئېيتتىم ، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ ، — دېدى ئەركىن .

ئويلىمىغان يەردە پەرىدەنىڭ كۆزلىرىدە ياش يالتىراپ كەتتى . بۇنى كۆرۈپ ئەركىن ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي قالدى . پەرىدە بىر نەرسىلەرنى دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىبۇ ، بوغۇزىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك گەپ قىلالماي قالدى .

— سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىزدىن بىر تەرەپتىن ھۇزۇرلانسام بىر تەرەپتىن ئازابلىنىمەن . سىزدەك چىرايلىق قىزلارنى كۆرسە تالاي ئادەملەر پاي پېتەك بولۇپ كېتىدۇ ... مەنغۇ سىزنى چۈشىنىمەن ... بىراق باشقىلار چۈشەنمەيدۇ ـ دە ! ئۆزىڭىز تۇزلىكىڭىزگە ئېلىپ يۈرۈۋەرگەنلىكىڭىز بىلەن باشقىلار گەپ تاپىدۇ . قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق دەپ باشقىلار سىزنىڭ كەينىڭىزدىن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىڭىزدىلا ھەر خىل گەپلەرنى توقۇپ چىقارمىغانمۇ ؟ سىز باشقىلارغا زادىلا ئوخشىمايدىغان چىرايلىق بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى سىزدە . ئاشۇنداق باشقىلار بىلەن رېستورانلاردا بىللە يۈرسىڭىز كىشىلەر يەنە گەپ تاپماي قويامدۇ . ئۇ چاغدا ھەرئىككىمىزگە ئازاب بولىدۇ .

ـ ئۇلارنى ئويلىغۇدەك ماجالىم يوق ، — دېدى پەرىدە — مېنىڭ قەلبىمدە نۇرغۇنلىغان يۈكسەك غايىلەر بار . مەن ئاشۇ غايىلىرىمنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىشىدىن ئەنسىرەيمەن . ئۇ چاغدا مەن تۈگىشىپ كېتىمەن ، ياشىغىنىم بىلەن ياشىمىغىنىمنىڭ ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ .

— پەرىدە ، رېئاللىققا يۈزلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ . غايە بەك يۈكسەك بولۇپ ، رېئاللىقتىن بەك يىراقلاپ كەتسە ئادەم ئۈچۈن تۈگىمەس ئازاب بولىدۇ . ئۇنىڭدا يا غەلىبە قىلالماي يا بىراقلا ۋاز كېچىۋېتەلمەي ئۆمۈر بويى ئازابىنى تارتىسىز .

— قىلىشقا كۆزى تامامەن يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىش غەلىبە بولمايدۇ . قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن ئىشلارغا دادىللىق بىلەن قول سېلىپ

ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىشلا غەلىبە بولىدۇ. يېڭىكرەك مەغلۇبىيەتمۇ ئالدىنقىسىنىڭ غەلىبىسىدىن قەدىرلىك بولىدۇ. ئورۇنلاشقا مۇمكىن بولىدىغان ئىشلارنىلا قىلىپ، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىمىغان كىشى پۈتكۈل ھاياتىنى قۇپقۇرۇق ۋە ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزگەن ھېسابلىنىدۇ. مەن پۈتكۈل ھاياتىمنى ئۇششاق ئىشلارنىڭ قۇربانى قىلىشنى خالىمايمەن. بەخت دېگەن نېمە؟ قەلبى غايىگە تولۇپ تۇرمىغان كىشىلەر ئۈچۈنلا ھەممە نەرسە ئۇنى بەختلىك قىلالايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئادەمدە غايە بولمىسا ئازابمۇ بولمايدۇ. غايە دېمەك ئازاب دېمەكتۇر. شۇڭا، مەن ئۆز غايەم ئۈچۈن ئازاب چېكىشكە تەييار.

ئەركىن پەرىدەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز گۇمانلىرى ئۈچۈن خىجىل بولدى. ئۇنىڭغا گويا كىيىملىرى قىزىق سۇغا چىلانغاندەك بەدىنىنى كۆيدۈرۈپ ئېچىشقاندەك بولدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن قىزىق تەر ئۇرغۇپ چىقماقتىدى.

پەرىدە خىزمەت ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن پالاقشىشلارنى باشتىن ئۆتكۈزدى. پەرىدە كۆپىنچە تۇرمۇشتا رەشىدەنىڭ مائاشىغا تايىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي مەنبئى پەقەتلا رەشىدە بىلەن ئەركىننىڭ باردىمى ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى بەزىدە ئاز ـ پاز پۇل ئەۋەتىپ قالاتتى. شۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن رەشىدە بىلەن ئەركىن ئۇنىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. پەرىدە دائىم رەشىدەنىڭ كۆزىگە ئۇنى بىزار بولدىمىكىن دەپ قاراپ قوياتتى، بىراق رەشىدە زادىلا ئۇنداق ئالامەت كۆرۈنمەيتتى.

قىش كىرەي دەپ قالدى. پەرىدە بىر قېتىم كوچىدا كېتىۋېتىپ تاھىرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ تاھىرنى كۆرۈپلا قاتتىق جىددىيلىشىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. تاھىر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۇنىڭغا سۈركىلىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتتى. پەرىدە ئۇنىڭغا نېمىلا بولمىسۇن تونۇشلۇقنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ خۇددى بازاردىكى ئاشخانىلار ئىچىدە ئۆزى كۆپرەك كىرىدىغان ئاشخانىنىڭ ئاشپەزلىرى ئۇچراپ قالسىمۇ سالام قىلىپ قويغاندەك، شۇنداقلا سالام قىلىپ قويماقچىدى. بىراق، تاھىرنىڭ

چىرايىغا بىر قاراپلا سالام قىلالماي قالدى . ئۇ بەلكىم تاھىرنىڭ چىرايىدىكى ئاشۇ چاغدىكى ئىپادىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالماس . ئۇ نا شۇ كەمگىچە بۇنداق ھاياجانلانغان ، بۇنداق مىسكىن ، بۇنداق بىچارە ۋە بۇنداق ئىنتىلىش ۋە ئۈمىدسىزلىك ئارىسىدا پۇچىلانغان چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . ئاشۇ كۈنكى ھاۋا ئىنتايىن كۆڭۈلسىز ئىدى . پەرىدەنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھاۋا شۇنچە ناچار تۇيۇلۇپ كەتتىمۇ ياكى ھاۋا شۇنداق ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن پەرىدەنىڭ كۆڭلى غەشمۇ بۇنى بىلىپ بولمايتتى . ئىزغىرىن شامال ئادەمنى تىكەندەك چاقاتتى . يالڭاچلىنىپ قالغان يوپۇرماقسىز دەرەخلەر گويا كوچىلاردا تىترەپ تەمتىرەپ يۈرگەن ئاجىز تىلەمچىلەردەك شامالدا سۇس ئىڭراشاتتى . ئۇ تاھىرنى كۆرگەندىن كېيىن گويا ھاۋا تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى . ئاشۇ كۈنى ئۇ ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۈچۈرىدىغان بۇ ھاۋاغا زادىلا چىداپ تۇرالمىدى . خۇددى بۇ مۇھىتتىن قېچىپ قۇتۇلماقچى بولغاندەك قەدەملىرىنى تېز ــ تېز ئېلىپ يۈگۈرگەندەكلا ماڭاتتى . ئەتىسى ئۇ تاھىرنىڭ ئۆزىگە يازغان تۆگىمەس سۆيگۈ خەتلىرىنى يىغىپ رەشىدەدىن ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى . ئۇ تاھىردىن قانداق قۇتۇلۇش توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ باش قاتۇرغانىدى ، بىراق ھېچبىر ئامالىنى تاپالمىدى . ئۇ تاھىرنىڭ ئۆزىگە يېپىنىشلىرىنى ئويلىسا كۆڭلى ئىنتايىن غەش بولاتتى ، ھەم تاھىردىن بىزار بولاتتى ھەم ئىچى ئاغرىيتتى .

بىر كۈنى پەرىدە رەشىدە بىلەن كوچىلارنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، رەشىدەدىن بۇنىڭ ئامالىنى سورىغانىدى . ئويلىمىغان يەردىن رەشىدە كامىلنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى .

ــ سىزنىڭچە كامىل قانداقراق ؟

ــ بولىدۇ ، خېلى ياخشى يىگىت ئىكەن .

ــ ئىككىڭلار يۈرۈپ قالساڭلار ياخشى بولار ئىدى .

پەرىدە چۆچۈپ ھەيرانلىق بىلەن رەشىدەگە قاراپلا قالدى .

ــ نېمە دېدىڭىز ؟ مۇشۇ گەپ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىقتىۋاتامدۇ ؟ ئەركىن بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىر ــ بىرىمىزنى قانچىلىك ياخشى

كۆرىدىغانلىقىمىزنى بىلىسىزغۇ ؟!
— بۇنى بىلىمەن ، بىراق سىز ئۆمرىڭىزدە بىرەر چوڭ نەتىجە قازىنىشنى ھەرقانداق ئىشتىن مۇھىم ئورۇنغا قويىمەن دېگەندەك قىلىۋاتاتتىڭىزغۇ ، ئۇنىڭ بىلەن يۇرسىڭىز ھەممە يولىڭىز ئېچىلىپ كېتىدۇ . ئۇ سىزنىڭ ئەڭ يۇكسەك غايىلىرىڭىزگە يامىشىپ چىقىدىغان شوتىنغا ئايلىنالايدۇ . سىز ئۇنىڭدىن پايدىلانسىڭىز خېلى ئىشلارنى قىلىۋېتەلەيسىز .
رەشىدە قولى بىلەن بىر بىنانى كۆرسەتتى :
— مانا بۇ ئۇنىڭ دادىسى ئىشلەيدىغان بىنا ، ئاشۇنداق بىرەر ئىدارىغا ئورۇنلىشىش سىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيىڭىز ئەمەسمىدى .
— بىراق مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئادەمدىن ئايرىلسام ، مېنىڭ ئۆمرۈم پۇتۇنلەي ھەسرەت ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ .
— ئىشقىلىپ ھازىر سىز ئىككىدىن بىرىنى تاللايسىز . چۈنكى ، ئىككىلىسىگە ئېرىشەلىشىڭىز ھازىرقى شارائىتتا مۇمكىن ئەمەس . سىز ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشتىكى بەختىڭىزنى ۋە ھاياتلىق لەززىتىنى ئويلىسىڭىز كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىڭىز ناتايىن . سىز كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارمىسام ھاياتىم مەنىسىز ئۆتىدۇ دەپ ئويلىسىڭىز ، ئۇ چاغدا مۇھەببەت ۋە تۇرمۇش لەززىتىدىن ۋاز كەچسىڭىز بولىدۇ ، لېكىن بۇ سىزنى ئۆمۈرلۈك دەردكە گىرىپتار قىلىدۇ . بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ كەتكەن بولسا ئىدى ، چەكسىز بەختلىك بولاتتىڭىز ، بىراق ھازىر كەسىپ بىلەن مۇھەببەت بىر - بىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى ، سىز زادى قايسىسىنى تاللايسىز ؟
— مېنىڭ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ۋاز كەچكۈم يوق .
— ئەگەر چوقۇم تاللاشقا توغرا كەلسىچۇ ؟
پەرىدە ئازاب بىلەن سۈكۈتكە چۆمۈپ بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمىدى . ئۇلار ئۈن - تىنسىز يولنى داۋام قىلدى .
— ھەي بىز قىزلار بەك ئاجىز ئىكەنمىز ، — دېدى رەشىدە خورسىنىپ .
— ياق ، بىز ئاجىز ئەمەس ، — پەرىدە كەسكىن قىلىپ ئېيتتى .

— ئاداش ، بۇ رېئاللىق ، بىزنىڭ باشقىچە تاللىشىمىز يوق .
— قىز بالا بولۇپ تۇغۇلۇپ قېلىش بىزنىڭ گۇناھىمىزمۇ ؟
— ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكى مانا مۇشۇ يەردە . بىز بۇ دۇنيادا مانا مۇشۇنداقلا تۆرىلىپ قالغان ، ئۆزىمىز قىز ياكى ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلۇشىمىزنى ، قايسى مىللەتكە ، قايسى دۆلەتكە تەۋە بولۇپ تۇغۇلۇشىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلىيەلمەيمىز . بۇلار بىز تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋاللا بەلگىلىنىپ بولغان . باشقىلار تەرىپىدىن يولسىزلىق بىلەن بىزگە تېڭىلغان . بىراق ، بىز ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ ئازابىنى تارتىمىز ، خۇددى ئۇ بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىزدەك ، خۇددى بىز ئۆزىمىز خالاپ قىز بولۇپ تۇغۇلۇۋالغاندەك ...
پەرىدە ئۇنىڭ سۆزىنى چورتلا بۆلۈۋەتتى :
— ئاياللار ئاجىز ئەمەس ! مەن بۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن ئىسپاتلىيەلەيمەن . فىرانسىيىنىڭ ئايال مۇتەپەككۇرى ، ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى س . دې بوفۋانىڭ ① سۆزى بويىچە ئېيتقاندا : ئاياللار ئەزەلدىنلا ئايال بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغان ئەمەس ، پەقەت كېيىنلا ئايالغا ئايلىنىپ كەتكەن . جەمئىيەت ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر تورى ئارىسىدا بىر پەقەت ناھايىتى ئاددىيلا بىر ۋېنتا ، كىشىلەر بىزنى ئايال دەپ قارايدۇ ۋە ئايال بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ . بىراق مەن بۇنىڭغا باش ئەگمەيمەن . بەزىدە ئاياللار ئىقتىدار جەھەتتە ھەتتا ھەرقانداق ئەرنى بىسىپ چۈشەلىشى مۇمكىن .
ئۇلار كىشىلەر توپى ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ يوقالدى . كىشىلەر كوچىدا مىغىلداپ تۇراتتى . كىشىلەر توپى ئارىسىدا پەرىدە بىلەن رەشىدە كۆرۈنمەي قالدى . پەرىدەنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە گەۋدىسى شۇنچە نۇرغۇن ئادەملەر سىغىۋاتقان بۇ شەھەرگە سىغمايۋاتاتتى .
— كامىل ھېلىقى رېستوراندا ساقلاپ تۇرماقچى ئىدى ، يۈرۈڭ بېرىپ كېلەيلى ، — دېدى پەرىدەگە رەشىدە كەچتە .
— مېنىڭ بارغۇم يوق .

① س . دې بوفۋا — فىرانسىيىنىڭ مەشھۇر ئايال مۇتەپەككۇرى . مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى بولغان سارتىرېنىڭ يېقىن ھەمراھى .

— كەچلىك تاماققا تۇشلۇق بىر نەرسە قالمىدى ئاداش، يۈرۈك ھېچبولمىغاندا قورساقنى بولسىمۇ تويغۇزۇپ كېلەيلى.

پەرىدەنىڭ كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى:

— ئۆيدىكىلەر پۇل ئەۋەتتۇق دەپ خەت ساپتىكەن، خېتى كېلىپ بولدى، پۇلى نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ. مەن خىزمەتنى يەنە قانچىلىك ساقلارمەن؟

— بولدى، دوستۇم كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ. ئەتە بىر كۈننى ئۆتكۈزۈۋالساق ئۆگۈنلۈككە بىزگە مائاش بېرىدىغۇ...

پەرىدە كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ رەشىدە بىلەن سىرتقا چىقىشقا ھازىرلاندى. شۇ چاغدا تاھىر دەرەخ تۈۋىدە كۆزىنى ئۈزمەستىن رەشىدەنىڭ ياتىقى تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى ياساۋاتقان پەرىدە بىلەن رەشىدەنىڭ گەۋدىسى ئەينەكتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن چىراغ ئۆچۈپ، ئۇلار بىنانىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى.

ئاشۇ كۈنى ئۇلار رېستۇراندا ئولتۇرۇپ يەپ-ئىچىۋاتقاندا بولسا تاھىرنىڭ ئەينەككە چىلىق يېپىشقان كۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى بايقىمىغانىدى. كامىل پەرىدەگە خۇشامەت قىلىپ ھەدەپ ئۇنى-بۇنى يېيىشكە تەكلىپ قىلاتتى.

شۇ كۈنى كەچتە تاھىر غەرق مەست بولۇپ كەتتى. ئۇ غەرق مەست بولۇۋېلىپ پەرىدەنى ئىزدەپ بېرىشنى ئويلىغانىدى، قىزىق يېرى شۇكى ئۇ غەرق مەست بولۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ يەنىلا پەرىدەنىڭ يېنىغا ئىزدەپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ دەلدەڭشىپ مەست ئەلەس كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ قايتىپ كىرىپ كەتتى. ئۇ شۇ كۈنى رېستۇراندا پەرىدەنىڭ باشقىلار بىلەن ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، بىر بوتۇلكا ھاراق سېتىۋېلىپ ئۇنى ياتىقىغا قايتقىچە يول بويى ئىچىپ ماڭغانىدى. ئۇ قولىدا بوتۇلكىنى كۆتۈرۈۋالغىنىچە كوچىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ماڭاتتى. كېتىۋېتىپ پات-پات توختاپ قولىدىكى بوتۇلكىدىكى ھاراقتىن ئوتلاپ قوياتتى.

ئۇ بوتۇلكىنى ئۈدۈل كەلگەن بىر يەرگە ئېتىۋەتكەنىدى . بوتۇل-
كىنىڭ جاراڭلاپ دېرىزىگە تېگىپ سۇنغان ئاۋازى كەينىدىنلا بىراۋنىڭ
ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنى ئاڭلاندى .

ئاشۇ چاغلاردا تاھىرنىڭ ئېڭىدا ۋاقىت ئۇقۇمى چورتلا يو-
قالغانىدى . ئۇ قايسى چاغ ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر
كۈنى ، ئۇنى ئىزدەپ كەلمىگىلى ئۇزۇن بولغان رەشىدە ئىزدەپ
كېلىپ قالدى .

— مېنى نېمىشقا ئىزدەپ كېلىسىز ؟

رەشىدە تاھىرنىڭ سۆزىگە ھاڭ - تاڭ قېلىپ نېمە دېيىشىنى بى-
لەلمەي قالدى . ئاشۇ كۈنكى تاھىرنىڭ چىرايى رەشىدەنىڭ ھېلىمۇ ئېنىق
ئېسىدە . تاھىر قاتتىق ئورۇقلاپ كەتكەن بولۇپ ، قورۇلۇپ ئۇچكىگىلا
ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇنىڭ مەڭىز سۆڭەكلىرى بۈرتۈپ چىققان ، كۆز-
لىرى ئولتۇرۇشۇپ ئېغىر كېسەل تارتقان ئادەمنىڭكىدەك خۇنى قېچىپ
نۇرسىزلىنىپ كەتكەنىدى . ئىككى مەڭزى ئورۇقلاش دەستىدىن سۆ-
ڭەككە چاپلىشىپ كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ ، ئىككى ئويمان جايى بىر
قاراشتىلا يوغان ئىككى تارتۇقتەكلا كۆرۈنەتتى . رەشىدە بۇرۇن دىققەت
قىلىپ قاراپ باقمىغاچقا بۇنى ئانچە تۇيمىغانىدى . ئۇ تاھىرغا بىردەم
قاراپ تۇرغاندىن كېيىن خۇددى ئۆزى قاراپ تۇرغان ئادەم تاھىر ئە-
مەستەكلا ھېس قىلىپ كەتتى .

— سىز نېمىشقا مېنىڭ يېنىمغا كېلىسىز ؟ مەن سىزنى ئەڭ يېقىن
دوستۇم دەپ ئويلايتتىم ، ھازىر سىزگە ئۆچ بولۇپ كەتتىم . سىز بىلەن
كۆرۈشۈپ كۆڭلۈمنى غەش قىلىشنى خالىمايمەن ، ئۇقتىڭىزمۇ ؟

— تاھىر مەن سىزگە نېمە قىلدىم ؟

— سىز پەردىدەگە نېمانچە ياخشىلىق قىلىپ كېتىسىز ؟

— ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلسام سىزگە نېمە يامىنى ؟

— رەشىدە ، مېنى ئارام خۇدا قويساڭلار بولمامدۇ ؟ ئۇ بۇ
يەردە يوق بولسا مەن ئۆزۈمنىڭ جىمجىت تەنھالىقىم ئىچىگە
چۆكۈپ ئۆتسەم بولمامدۇ ؟ ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا يۈرسە مېنىڭ

ئۇنى قوغلاشماسلىقتا، ئۇنىڭ كەينىدىن ساراڭلارچە مەھلىيا بولۇپ يۈرمەسلىككە ئىلاجىم يوق. بىراق بۇنىڭ ھەممىسى ماڭا تىنىمسىز ئازاب ئېلىپ كېلىۋەرسە، مەن ئۇنى ھەر بىر كۆرگەن چاغدىكى ھاياجانلارغا ۋە ئازابقا بەرداشلىق بېرىۋېرەمدىم. مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، سىز ئۇنى بۇ شەھەردىن كېتىشكە ئۈندەڭ.

رەشىدە تاھىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇ خۇددى يات بىر تىلدا سۆزلەۋاتقاندەك ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدى.

رەشىدە تاھىرنىڭ ئاشۇ كۆنى قىلغان سۆزلىرىنى زادىلا ئۇنتۇيالمايدۇ. بەلكىم بۇ رەشىدەنىڭ تاھىرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئەڭ ئاخىرقى نورسال سۆزلەر بولسا كېرەك، بۇ سۆزلەرمۇ ئوخشاشلا ئەسەبىيلىك بىلەن تولغان بولسىمۇ، بىراق تاھىرنىڭ باشقا چاغدىكى سۆزلىرىدىن بەكمۇ يىراقلىشىپ كەتمىگەنىدى. رەشىدە شۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

«مېنىڭ قىشمۇ ياز كۆن نۇرى چۈشمەيدىغان بۇ ئۆيۈمگە كېچە شەھەرنىڭ باشقا ھەرقانداق جايىدىن بالدۇرراق يېتىپ كېلىدۇ. سىرتتىن — كىشىلەرنىڭ قاينام — تاشقىنلىق تۇرمۇشىدىن كېلىۋاتقان ئاۋاز ئۈزۈلۈكسىز ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. مەن ئۆي ئىچى قاراڭغۇلىشىپ بىر نەرسىلەرنى تازا پەرق قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىۋاتقان ئاشۇ چاغلاردىمۇ سىرتنىڭ تېخى يورۇق ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرىمەن. جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۆي ئىچىگە ئاستا يېيىلىۋاتقان قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرلىشىپ ئەسلى رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن كىرلىك يېپىلغان كارىۋات، تېخى سىزىلىپ پۈتمىگەن رەسىم قويۇلغان رەسىم سىزىش جاھازىسى ۋە تاملارغا قالايمىقان ئېسىپ قويۇلغان ھەم بۇلۇڭلارغا دۆۋىلىۋېتىلگەن ئەسەرلىرىمنىڭ ئاستا — ئاستا چۆكۈپ يوقىلىشىنى ئۈزاقتىن بىر — بىرلەپ تاماشا قىلىمەن.

مەن رەسىم سىزغاندا تۇرۇپ بەرگەن مودېل قىزلار دائىم مېنىڭ

ياتىقىمنىڭ قالايمىقان ۋە مەينەت ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى توغرا ، ياتىقىم ھەقىقەتەن پاسكىنا ھەم قالايمىقانىدى ، چۈنكى ماڭا مۇشۇ قالايمىقانچىلىق ۋە پاسكىنىلىقلا ئازادىلىك تۇيغۇسى بېغىشلىيالايتتى . ئۆينىڭ ئىچى رەتلىك ۋە پاكىزە تۇرسا نېمە ئۈچۈندۇر قەلبىمنى بىر پىغان ئورىۋالاتتى . بۇ پىغان قۇپقۇرۇقلۇق ۋە مەڭگۈلۈك ئېچىرقاش ئىدى . ئۆينىڭ رەتلىك ۋە پاكىزە ھالىتى ئۆينى خۇددى ھېچ نەرسە يوقتەك ھېس قىلدۇرۇپ قوياتتى .

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھەممە نەرسە پۈتۈنلەي كۆزدىن غايىب بولۇپ بولغىچە مەن بىچارە يورۇقلۇقنىڭ بارا - بارا ئاجىزلىشىشىنىڭ قانداق داۋاملىشىشىنى ، قاراڭغۇلۇقنىڭ قانداق قىلىپ بارا - بارا ھەممە نەرسىنى ئىلكىگە ئېلىپ بولۇشىنى بىر - بىرلەپ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇراتتىم . پۈتۈنلەي قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئورنۇمدا مىدىر - سىدىر قىلماي نەچچە سائەتلەپ چىراغنىمۇ ياقماستىن ئولتۇر-مەن ، چۈنكى چىراغنى ياقسام‌لا روھىم چۈشۈپ كېتىدۇ ، چىراغ يېقىلىشى بىلەنلا ئۆي ئىچىدىكى ھەممە نەرسە بىردىنلا كۆزۈمگە تاشلىنىپ ، قاراڭغۇلۇقنىڭ ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىپ ھەممە نەرسىنى يۇتۇپ كېتىشى قەلبىمدە پەيدا قىلغان تەسەللىنى بىردىنلا يوق قىلىۋېتىدۇ .

ھەممە نەرسە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولغاندا بىنانىڭ پەلەمپە-يىدىن ئۈستۈنكى قەۋەتلەرگە چىقىپ كېتىۋاتقانلار ياكى ئۈستۈنكى قە-ۋەتتىن چۈشۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرى ۋە پاراڭلىرىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولمىغان بىردىنبىر نەرسىلەر بولۇپ قالىدۇ .

مەن ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ تەلەپسىزلىكىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان ئۇنداق قارا نىيەت ئادەم ئەمەس ، مەن پەردىنىڭ بۇ شەھەردە خىزمەت ئالالىغانلىقى ئۈچۈن سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتقىنىدىن خۇشال ئىدىم ، ئۇنىڭ بۇ شەھەردىن خىزمەت تاپالماي كېتىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم ، بىراق مەن يەنىلا ئۆزۈمدىكى بۇ ئارزۇغا ئانچە ئىشىنىپ كېتەلمەيتتىم . چۈنكى ، يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرىدە يەنىلا ئازاب بىلەن پەردىگە قىيمايتتىم . مې-نىڭ روھىمدا پەردىگە بولغان ئەسەبىيلەرچە مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭغا

ئىرىشەلمەسلىك پەيدا قىلغان ئىچكى تارلىق ۋە ئۆچمەنلىك ئۆز ئارا ئارىلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. كۆڭلۈمدە بىر خىل ئەسەبىيلەرچە ئىستەك دائىم مېنى خۇدۇمنى يوقىتىپ ۋە بەزى ساراڭلارچە ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزۈمنى تاشلاپ يىغلىغۇم، ئۇنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ يىلىنغۇم كېلەتتى ۋە ئارقىدىنلا ئۆزۈمدە پەيدا بولغان بۇ خىيالىمدىن ئۆزۈم قاتتىق نومۇس قىلىپ كېتەتتىم. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بۇ شەھەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مەن ئۈچۈن تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدىكى بىر خىل ھاياجانلىق ۋە قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى. مەن بۇنىڭ بىلەن ئىدراكىمنى يوقىتىشقا باشلىغانىدىم. مېنىڭ ۋۇجۇدۇم بىلەن روھىم دەھشەتلىك ئېلىشماقتىدى. ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭ گۈزەللىكى پەيدا قىلغان دەھشەتلىك ئوتتا پۇچىلانماقتىدى، ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭ مۇقەددەس تېنىگە تەشنا ئىدى، ئۇنىڭ گۈزەل گەۋدىسىنىڭ خىيالى سىزىمى ئۇنى خانىۋەيران قىلماقتىدى. ئۇ ئۇنىڭ قىپيالىڭاچ تېنىنى جان ـ جەھلى بىلەن ئىزدەۋاتقاندا مېنىڭ ئازابقا چەكسىز مەپتۇن روھىمنىڭ قاتتىق تۇسالغۇسىغا ئۇچراپ ئۆز ئۆزىدىن تىتىلماقتىدى. روھىم بولسا تېنىمنىڭ بۇ خىل بەرداشسىز ئازابىدىن ھۇزۇرلانماقتىدى.

مەن ئۇنى سۆيۈش بىلەن ئۆلۈمنى مەڭگۈلۈك بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋالغانىدىم.

ئۆلۈم دۇنيادىكى بىردىنبىر مەڭگۈلۈك جاۋاب. دۇنيادىكى بارلىق سوئاللارغا سانسىزلىغان جاۋابلار بار، بۇ جاۋابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتىدۇ، بىر خىل سوئالغا بۇ دەۋردە بىر خىل جاۋاب بېرىلسە، يەنە بىر دەۋردە يەنە بىر خىل جاۋاب بېرىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ جاۋابلار ھامان مۇكەممەل ئەمەس. بۇ دۇنيادا بىردىنبىر ئەڭ مۇكەممەل جاۋاب، شۇنداقلا دۇنيادىكى بارلىق سوئاللارغا بېرىلگەن ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك جاۋاب ــ ئۆلۈم.

مەن يەنىلا دائىم ئۆلۈم توغرۇلۇق خىياللارنى قىلىمەن. ئۆزۈم يالغۇز باتاق ئىچىدە قالغان چاغلىرىمدا، دائىم ناھايىتى قورقۇنچلۇق

ئاۋازلاردا ھـۈۋلاپ باققۇم كېلەتتى . بۇ ھۈۋلىشىمنىڭ پۈتۈن كىشىلەرگە گۇمران بولۇش دەۋرى ۋە چەكسىز شۇملۇقنىڭ بېشارىتى بولۇپ تۇيۇ- لۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم . دائىم ھۈۋلىۋەتكىلى تاس ـ تاس قالاتتىم ، بۇنداق چاغدا ناھايىتى تەستە ئۆزۈمنى بېسىۋالاتتىم . چۈنكى ، بۇ ھەممە ئادەمنىڭ نەزەرىدە نورمال بولمىغان ئەھۋال ئىدى ، مەنمۇ ھەم بۇنى نور- مال ئەھـۋال ئەمەس دەپ قارايتتىم ، بىراق ئۆزۈمدە بۇنداق بىر خىل ھا- ياجان ھازىر پەيدا بولغانىكەن ، بۇنى ھامان بىر كۈنى تامامەن نورمال ئىش بىلىپ تامامەن قوبۇل قىلىدىغانلىقىمنىمۇ بىلەتتىم . ھامان بىركۈنى خۇددى ئۆلۈۋاتقان بىر بۆرىنىڭ ئاخىرقى قېتىم جان تالىشىپ ئىڭراپ ھۈۋلىشىدەك بار ئاۋازىم بىلەن ھۈۋلاپ تاشلايدىغانلىقىمنى دائىم تەسەۋ- ۋۇر قىلاتتىم .

پەرىدەنى چۈشۈمدە بولسىمۇ كۆرۈشنى ۋە ئۇنىڭ ۋىسالىغا يې- تىشنى ئارزۇ قىلاتتىم . بىراق ، ئۇ چۈشۈمگە بەكمۇ ئاز كىرەتتى ، ھەتتا زادىلا كىـرمەيتتى دېيىشكىمۇ بولاتتى ، چۈنكى چۈشۈمگە كىرگەندە ئۇ- نىڭ گەۋدىسى ناھايىتى مەۋھۇم بولۇپ ، مەن پەرىدە دەپ ئىشەنگەن سايىدەك ئاشۇ گەۋدىنىڭ ئەمەلىيەتتە پەرىدەنىڭ ئەمەس باشقا بىراۋنىڭ گـەۋدىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالاتتىم ، بىراق ئۇنى يەنىلا پەرىدە دەپ ئىشىنەتتىم . ئۇنى دائىم چۈشۈمگە كىرىپ قالسا ئىدى دېگەن ئارزۇ بىلەن ئۇخلاش ئالدىدا قايتا ـ قايتا خىيال قىلىپ ياتاتتىم ، مېڭەم ئاستا ئۇيقۇغا ئىلىشىۋاتقان چاغدا ئۇنى خىيال قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئوبرازىنى خۇددى رېئاللىقتىكىدەك كونكرېت ھالەتتە كۆز ئالدىمدا ھاسىل قىلىپ تۇرۇپ ئانـدىن ئاشۇ ئوبرازغا ئەگىشىپ چۈش مۇھىتىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە تـىرىشاتتىم ، بىراق چۈش مۇھىتىغا كىرىشىم بىلەنلا ئۇنىڭ ئوبرازى تا- مامەن كۆز ئالدىمدىن يوقىلىپ كەتسە كېرەك ، ئۇنى زادىلا كۆرەلمەيت- تىم .

ئۇنى چۈشۈمدە پەقەت بىرلا قېتىم رەسمىي كۆردۈم ، ئاشۇ چۈ- شۈمدە ئۇ باشقا چاغدىكىدەك تۇراقسىز ۋە ئۆزگىرىشچان ھالەتتە ھاسىل بولماي مۇقىم ئوبراز ھالىتىدە ھاسىل بولدى . ئۇنىڭ قولىدا پىچاق بار

ئىدى ، مەن بولسام چەكسىز ئۇزاق سوزۇلغان بىر قاراڭغۇ كارىدوردا كېتىۋاتاتتىم ، ئۇ مېنى قوغلىماقتىدى . مەن ئۆزۈمنىڭ قاپقارا بىر قۇش ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم ، بىراق ئۇچالمايتتىم ، قاراڭغۇ كارىدورنىڭ ئىچىگە قاراپ كىرىپ كېتىۋەردىم ...

مەن ئويغىنىپ ئۆزۈمنىڭ چۈشۈمدە قانداق بولۇپ بىر قۇشقا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى ئويلاپ ئەقلىم يەتمەيتتى . مەن ئادەملەردىكى باشقا نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كېتىش ئىستىكىنى زادىلا چۈشىنەلمەيتتىم . كىشىلەرنىڭ دائىم ئادەم بالىسى بولماي كېتەي ، ھايۋان بولۇپ كېتەي دەپ قەسەم قىلىشقىنىنى ۋە بىرقۇش بولۇپ يارىلىپ قالغان بولسامچۇ دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالاتتىم ، بۇ زادى قەيەردىن كەلگەن ئىستەك ، ئىنسانلار زادى نېمىشقا ئۆزىنىڭ باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىشنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ؟ بۇ تەسەۋۋۇر ئۇلاردا زادى نېمىشقا شەكىللىنىپ قالىدۇ ؟ ئەجەبا بۇ يەنىلا ئاشۇ قورقۇنچلۇق سانسارا بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىدۇ ؟ ھاياتلىقنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى ، ئادەمنىڭ ھايۋانغا ، قۇشلارغا ۋە جىنلارغا ئايلىنىپ يەنىلا ياشىشى راستمىدۇ ؟ كىشىلەر بۇنداق نەجرىبىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان بولسا بۇنداق تەسەۋۋۇر ئىنسانىيەتتە قانداقمۇ بارلىققا كېلىپ قالىدۇ ؟ ئۇ مېنى پىچاق بىلەن قوغلاۋاتىدۇ ، مەن قېچىۋاتىمەن ، مەن نەگە قېچىۋاتىمەن ؟ مەن بىر قۇشقا ئايلىنىپ قالغانىكەنمەن ، مەن چوقۇم سانساراغا قاراپ قېچىۋاتىمەن ... بۇ نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق !

يەنىلا بۇرۇنقىدەك ھېچ ئىشقا قولۇم بارمايدۇ ، تىپىرلاپ بىر ئورۇنۇمدا تۇرالمايمەن ، يۈرىكىم بۇ شەھەرنىڭ پەردە تۇرىۋاتقان تەرىپىگە قاراپ ئېغىپلا تۇرىدۇ . مەن بىر نەچچە قېتىم رەشىدەنى ئىزدىگەن بولۇپ پەردەنىڭ يېنىغا بېرىپ بېقىش خىيالىغا كەلدىم ، بىراق يەنىلا جۈرئەت قىلالمىدىم ، چۈنكى مەن بارساملا ئۇلار مېنىڭ پەردەنى ئىزدەپ بارغىنىمنى بىلىدۇ . مەن زادىلا ئىزدەپ بېرىپ باقمىغان رەشىدەنى بۈگۈن ئىزدەپ بارسام ئەلۋەتتە مېنىڭ ئىزدەپ بېرىش مەقسىتىم مانا مەن دەپ بىلىنىپلا قالىدۇ ــ دە ! بىراق مەن ئۇنى ئىزدىمەسلىككە زادىلا چىدىيال-

مسام قانداق قىلىمەن ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ پەرىدە كېلىشتىن بۇرۇن دائىم رەشىىدەنى ئىزدەپ بارىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرۈۋالمىغىنىمغا پۇشاي-مان قىلدىم . پەرىدە بىلەن ئۇچرىشىش قانچە ئازابلىق بولسا شۇنچە ھا-ياجانلىق ۋە شۇنچە لەززەتلىك بولاتتى .

مەن دائىم تىپچەكلەپ تۇرغان روھىمنى ۋۇجۇدۇمدىن ئىبارەت بۇ دوزاق ئىچىگە زادىلا سىغدۇرالماي قالدىم . مەن ئۇنى ئىزدەپ باردىم ، مەن ئۇنى ئىزدەپ كېتىۋاتقىچە خۇددى يول بويىدىكى ھەممە ئادەم مېنىڭ قەيەرگە نېمە ئىش ئۈچۈن كېتىۋاتقىنىمنى بىلىپ ماڭا قاراۋاتقاندەك ، ھېلىلا بىرسى مېنىڭ ئالدىمنى توسۇپ رەسۋالارچە ھەجايىغان ھالدا مەن-دىن قەيەرگە ، نېمىشقا ماڭغىنىمنى تەپسىلىي سوراپ كېتىدىغاندەكلا تۇ-يىلاتتى . يولدا خۇددى ئوغرىدەك خۇدۇكسىرەش ۋە جىنايى تۇيغۇ ئى-چىدە ماڭاتتىم . ئاندىن ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئاشۇ بىنانىڭ ئالدىدا ئۇزاقتىن ئۇزاق ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇراتتىم . تاكى پەرىدەنىڭ گەۋدىسىنى بىر كۆرۈۋالمىغۇچە كەتمەيتتىم ، ئۆزۈمنىڭ بۇ كۈلكىلىك ۋە غەلىتە قىلىقىم-دىن ئۆزۈممۇ بىراز بولاتتىم ، بىراق زادىلا ئۆزۈمنى تارتالمايتتىم . چۈنكى ، ۋۇجۇدۇمنىڭ تېگى ـ تەكتىدە دەل ئاشۇ بىھۇدە ئىشنىڭ بىھۇ-دىلىقىدىن بولغان چەكسىز ئازابقا بولغان بىر خىل مەپتۇنلۇق بار ئىدى ، مەن ئۇنى بىر كۆرۈۋالسام بولاتتى ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسىنىمۇ تەلەپ قىلىپ كەتمەيتتىم . ئۇنى بىر كۆرسەملا ئۇنىڭ ئاشۇ كۈنكى قىياپىتىنى كاللامدا چىڭ ئورنىتىۋېلىپ كۆز ئالدىمدىن نېرى قىلماي ئۇنى يەنە بىر كۆرگىچە خىيال قىلاتتىم .

مەن ھەر قېتىم بىرەر پارچە رەسىم سىزسام سىزىپ بولۇپلا تاشلاپ قويىمەن . خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئۆتكىچە سىزىپ پۈتكۈز-گەن ئەسىرىمنى قولۇمغا زادىلا قايتا ئالغۇم كەلمەيدۇ ، ھەتتا قارىغۇممۇ كەلمەيدۇ ، نېمە ئۈچۈنكىن تاڭ ، سىزغان ئەسەرلىرىمنى قايتا كۆرسەم بەكمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ كېتىدۇ ... قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمەن . قەلبىمدىكى ئۆزۈمنىمۇ ھەيران قالدۇرغان قاتتىق ھاياجان ئەسەرنى سى-زىپ بولۇش بىلەن تەڭلا تۈگەپ كەتسە كېرەك ، مەن بولسام دەسلەپكى

چاغلاردا، ئەسەرنى قايتا قولۇمغا ئېلىپ بىر رەت قاراپ بېقىشقا ئالدىراپ كېتەتتىم، ئەسىرىمنى كۆرسەم گويا سىزىۋاتقان ۋاقتلىرىمدىكىدەكلا هاياجانلىنىمەن دەپ ئويلايتتىم، ئەسەردىكى هەر بىر سىزىقلار پەيدا قىلىدىغان هاياجاننى ئەسەر سىزىشقا سەرپ قىلىنىۋەتكەچكە هېچقانداق زوق ئالالمىغانلىقىم ۋە ئەسەرنىڭ مېنى قايتا هاياجانلاندۇرالماسلىقى ماڭا قاتتىق ئەلەم قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى مەغلۇپ بولغاندەك هېس قىلاتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تېخىمۇ ئەسەبىيلەشكەن هالدا رەسىم سىزاتتىم.

مېنىڭ بۇرۇنقى ۋاقتتا سىزغان بۇ ئەسەرلىرىمنى قايتا كۆرۈشكە خىجىل بولىدىغان بولۇپ قالغان ۋاقتلىرىمدا، بىر كۈنى قانداقتۇر بىر قىزىقىش بىلەن قايتا قولۇمغا ئېلىپ قاراپ باقتىم. بەلكىم، ئاشۇ ئادەتتىن تاشقىرى يەڭگىل، ئاسان هاياجانلىنىدىغان، قىزىققان ۋە گۆدەك چاغلىرىمنى. ئاشۇ ۋاقتلاردا زادى قانداق بىر ئىستەك بىلەن ئەسەر ئىجاد قىلغانلىقىمنى، ئاشۇ ۋاقتلاردا زادى نېمىلەردىن شۇنچە هاياجانلىنىپ كېتىدىغانلىقىمنى قايتىدىن ئەسلەپ باققۇم كېلىپ قالغاندۇ. ئۇ چاغلاردا مەن خىرىستوسنى بىلمەيتتىم، بىراق مېنىڭ قەلبىم خىرىستوس پۈتۈن ئىنسانىيەتنى سۆيگەندەك، ئىنسانلارغا بولغان چەكسىز مۇهەببەت بىلەن تولغانىدى. مەن دۇنيادا رەزىل ئادەملەر يوق دەپ ئويلايتتىم. خىرىستوس دۇنيادىكى هەممە رەزىل ئادەملەرنى پەقەت كېسەللەر دەپلا ئويلايدۇ، ئۇلارنى قۇتقۇزماقچى بولىدۇ، ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. مەن رەزىل ئادەملەرنىمۇ سۆيۈش كېرەك دەپ ئويلايتتىم. ئۇلارنى پەقەت سۆيۈش ۋە هېسداشلىق بىلەن قۇتقۇزغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەن جىنايەتچىلەرنى رەزىل ئادەملەر ئەمەس بەلكى بىچارە كىشىلەر دەپ ئويلايتتىم. باشقىلارنى رەزىل دەپ قاراش ئۇلارنىڭ بىچارىلەرچە مەنىۋى دۇنياسىنى كىشىلەرنىڭ هېس قىلىپ يېتەلمىگەنلىكىدىن دەپ قاتتىق ئىشىنەتتىم. شۇڭا ئەسەرلىرىمدە بۇنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتىم.

مەن بۇ ئەسەرلىرىمنى ئۇزاق مەزگىلگىچە قايتا قولۇمغا ئېلىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك ئەمدى قولۇمغا ئېلىپ قارىسام ئەينى

ۋاقىتتا ئەسەر ئىجاد قىلغان چاغلاردىكىدەكلا ھاياجانغا چۆمۈلگەنلىكىمنى
ھېس قىلدىم. ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتۈن ئىنسانلارنى سۆيۈشتەك چەكسىز
جاسارەتلىك ۋە گۈزەل مۇھەببەت، بۈگۈنكى ھەتتا ئۆزىنىمۇ زادىلا
سۆيمەيدىغان بولۇپ قالغان، تامامەن باشقا بىر ئادەمگە ئايلانغان مېنى
خېلىلا تەسىرلەندۈردى، ئۆزۈمنىڭ ئەمەس باشقا بىرەيلەننىڭ، ماڭا نا-
ھايىتىمۇ تونۇش بولغان باشقا بىرەيلەننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندەك
بولدۇم. ئاشۇ چاغلاردىكى گۆدەك ياش يىگىتنىڭ قەلبىدىكى گۈزەل
مۇھەببەت ۋە ھاياجانلارنىڭ پۈتۈنلەي قىممىتى يوق ئەمەسلىكىنى بايقاپ
قالغاندەك بولدۇم. ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتۈن ئىنسانلارنى سۆيۈشتەك جا-
سارەتنى ئاز - تولا قەدىرلەپ قويۇش نىيىتىدە دەسلەپكى بۇ ئەسەرلە-
رىمنى ساقلاپ قويدۇم.»

رەشىدە تاھىرغا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرى توغرىسىدا گەپ
قىلسا تاھىرنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىدىن بىزار ئىكەنلىكىنى
ئاڭلايتتى، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنى نېمىشقا تا ھازىرغىچە زا-
دىلا يوقىتىۋەتمەستىن ساقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. بۇ ئەسەرلەردە
رەڭ بىر قەدەر ئوچۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى رەسىملىرىدەك كىشىگە
دەھشەتلىك غەلىتە بىر خىل تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان رەسىملەر ئەمەس
ئىدى. كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان خۇنۇك رەڭ بىلەن تولغان
ھازىرقى رەسىملىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. رەشىدە بۇ رەسىملەر گەرچە
ئۇنىڭ ھازىرقى رەسىملىرىدىن پەرقلەنسىمۇ، بىراق پەرق ئانچە زور ئە-
مەس دەپ قارايتتى. چۈنكى، تاھىرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بىر خىل
چەكسىز چۈشكۈنلۈك ۋە ئازاب ئۇنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىدە ئوخشاشلا
مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى.

پەرىدە خىزمەت ئۇقۇشۇپ يۈرگەن ئاشۇ چاغلاردا، پەرىدەنىڭ
خىزمىتى توغرىسىدا ئەركىنىنىڭمۇ ئۇقۇشمىغان يېرى، دېمىگەن ئادىمى
قالمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گويا ئۇنىئالغۇغا ئېلىپ قويغان سۆزنى
قايتا - قايتا ياندۇرۇپ قويغاندەك بىرلا خىل جاۋابنى تەكرارلايتتى.

— مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتتى . قىشمۇ كىرىپ كەتتى . مەن زادى قانداق قىلىشىم كېرەك . مەن ئۆزۈمنىڭ بىر قىز بالا ئىكەنلىكىمنى بارا ـ بارا ھېس قىلماقتىمەن ، مەن ھازىر ياتاقسىز ، خىزمەتسىز ، ماكانسىز ، تايىنىدىغان ھېچقانداق يۆلەنچۈكۈم يوق ھالەتتە بۇ ناتونۇش شەھەردە پەقەت رەشىدەگە تايىنىپلا ئالتە ئاينى ئۆتكۈزدۈم . كۈنلەر ئۆتىۋېرىپ بارىدۇ ، ھېچ ئىشتىن ئۈمىد يوق ... قانداق قىلىش كېرەك ؟ مىگەمنى قاتتىق ئۈمىدسىزلىك چىرمىۋالدى . مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق ئۈمىدسىزلىنىپ باقمىغان ، — پەرىدە شۇنداق دېگەن چاغدا ، ئەركىن ئۇنىڭ چىھرىدىن ئۆزى ئەزەلدىن تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بىر خىل ئۈمىدسىزلىكنى كۆردى . پەرىدە كارىۋات ئۇستىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئەركىن ئۇنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ ، مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ ، لەۋلىرىگە سۆيۈپ ، كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتەتتى . پەرىدەنىڭ كۆزلىرىدىن بولسا ياش توختىماي تۆكۈلەتتى .

— ئېيتىڭە جېنىم ، مەن قانداق قىلىمەن ؟

— مەنمۇ تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ھەممىسىگە بىر قېتىمدىن يالۋۇرۇپ بولدۇم . يەنە ئازراق كۈتۈپ بېقىڭ ... قانداق قىلىمىز ئەمدى ... كامىل دېگەن بىرەيلەن دادىسىغا دەپ باقىدىغان بولدى دەۋاتاتتىڭىزغۇ ، ئۇمۇ ئاقمىدىمۇ ؟

— ئاقامتى ، ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا گەپ قىلدى .

— زادى نېمە دېدى ؟

— نېمە دەيتتى شۇ ، ياكى شتات تولۇق دەيدۇ ياكى بولمىسا بىزگە قىز بالا ئەمەس ئوغۇل بالا كېرەك دەيدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقا نېمە دەيتتى . ھەممىسىنىڭ گېپى ئوپئوخشاش .

كامىل پەرىدەنىڭ ئىشىنى دادىسى ئىبراھىمغا دائىملا دەپ سۆيلەپ تۇرغانىدى . كامىلنىڭ دادىسى چوڭ باشلىق بولغىنى بىلەن قىياپىتىدىن باشقا باشلىقلاردەك سالاپەتنى تاپقىلى بولمايدىغان ئادەم ئىدى . ئۇ خۇددى يېزىدىن تۇنۇگۈنلا كەلگەندەك سەھرا چىراي كۆرۈنەتتى . ئۇ

كۆتەكتەك مەزمۇت ئادەم ئىدى .

— بـالام شتات تولۇق تۇرسا ، مەندە نېمە ئامال ، كېلەر يىلى كـەلگەن بولسا پېنسىيگە چىقىدىغانلاردىن ئىككىسى بار ئىدى ـ دە ، — دەيتتى ئىبراھىم كامىلغا ھەرقېتىم .

— دادا ، نەدىنلا بولمىسۇن بىر ئامال قىلمىساڭ بولمايدۇ . ئەڭ بـولمىغاندا ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئىشلەپ تۇرسۇن ، — كامىل دائىم شۇنداق دەپ تۇرۇۋالاتتى .

— ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرسا مائاشىنى قانداق قىلىمىز ؟

— شىركەتلەردىن بىرەرسىگە كىرىپ ئىشلەپ تۇرسا بولمىدىمۇ ، ئۇنىڭ سەۋىيىسىمۇ بار ، ئۆزىمۇ ئەخلاقلىق ياخشى قىز .

— ئۇ سـاڭا بەكلا يېقىپ قالغان ئوخشىمامدۇ ؟ بىراق ھازىرقى قىزلار بەك يامان ، دەريانىڭ يېنىغا بۇرنۇڭدىن يېتىلەپ بېرىپ بىر تېمىم سۇ ئىچۈرمەي ياندۇرۇپ كەلمىسۇن يەنە .

— ياق ئۇ ئۇنداق قىز ئەمەس .

— چـىرايلىق قىزلارغا تازا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ ، خىز-مەتكە ئورۇنلىشىۋېلىپلا سېنى تاشلارمىكىن . ئېنىق بىر نەرسە دېيىشىپ ئاندىن ماڭا گەپ قىلساڭ بولارمىكىن .

ـ ھازىر ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە تېخى ئېغىز ئېچىشمىدۇق .

— ئۇنـداقتا ، سەن ھازىر ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاۋاتقان ئوخشىمامسەن ؟

ـ دادا ، ئىشقىلىپ سەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى نەدىن بولمىسۇن ھەل قىلىپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ .

— كامىل ، سېنىڭ يېشىڭمۇ بىر يەرگە باردى . سېنىڭ ئاغىنى-لىرىڭنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆي ئوچاقلىق بولۇپ بولدى ، سەن بول-ساڭ ھېلى ئۇ قىزنىڭ ، ھېلى بۇ قىزنىڭ كەينىدە يۈرۈپ بىرەرسىنى مۇ-قىم تۇتاي دېمىدىڭ . بۇنىڭمۇ كەينىدىن تۆت كۈن سوكۇلداپ باقار-سەنمىكىن . بۇ يىل سەن 27 ياشقا كىردىڭ ، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان پاراڭلىشىپ ، كۆڭلۈڭنى توختات . ئەگەر ئۇنى بىكىتىۋېتەلىسەڭلا ، مەن

ھەر ئاماللارنى قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىمەن.

كامىل خۇشاللىقىدىن سەكرىۋەتتى:

— ماقۇل دادا! — ئۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراپ رەشىدەنىڭ ياتىقىغا چاپتى. ئۇ بارغاندا رەشىدە يالغۇز ئولتۇراتتى.

— رەشىدە، مەن ھازىر ساراڭ بولايلا دەپ قالدىم. مەن تاكى مۇشۇ كەمگىچە بىرەر قىزغا بۇنداق بېرىلىپ باقمىغانىدىم، — دېدى كامىل رەشىدەگە ياردەم تەلەپ قىلغان بىر خىل تەرىزدە.

— ۋاي - ۋۇي، بۇنىڭغا مېنىڭ نېمە ئامالىم؟

— مەن ئۇنىڭغا قانداقراق تەسىرات بەرگەنىدىمەن.

رەشىدە بۇنىڭغا يىغىنچاقلاپ بىر جۈملە سۆز بىلەنلا جاۋاب بەردى.

— كۆرۈنۈشتە سىز پەرىدەگە ھېچقانداق تەسىرات بەرمىگەندەكلا، ئۇ پەقەت سىزنى نازىرنىڭ ئوغلى دەپلا چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سىزگە نىسبەتەن ھېچقانداق چۈشەنچە يوق.

كەچتە پەرىدە بىلەن رەشىدە يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىماي مۇڭدىشىپ چىقتى. پەرىدەنىڭ بىر سۆزى رەشىدەنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارامى بىردىنلا بۇزۇلغاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداقتۇر بىر مەخلۇق پەيدا بولۇپ قالغاندەك، ئۇلارنىڭ رىئاللىقى ھەر ئىككىسى ئۈچۈن بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

دېرىزىدىن ئاپئاق ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. پەرىدە بىلەن رەشىدە ياتقىنىچە مۇڭداشماقتىدى. پەرىدە چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى.

— ئامال تېپىلمايدىغان ئوخشايدۇ، قانداق قىلساق بولار؟ سىلەر بىلەن ئوقۇغان ھېلىقى سېرىق بىر قىز بارغۇ ئىسمى نېمە ئىدى، ھە توغرا مەلىكىزات، ھازىر كىتابخانىدا پىرىكازچىكلىك قىلىۋېتىپتۇ. باشتا ئۇمۇ بۇ خىزمەتنى ياراتماي يۈرگەن، ھازىر تېپىلغىنىغا خۇشال، سىزگە شۇنچىلىك خىزمەت بولسىمۇ بولاتتى - ھە!

تورۇسقا تىكىلگىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتقان پەرىدە تۇيۇقسىز رەشىدەدىن سورىدى :

— كامىل بىلەن توي قىلامسىز ـ يا ؟

رەشىدە پەرىدەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ، ئەندىككىنىچە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پەرىدەگە تىكىلدى :

— نېمە دېدىڭىز ؟! — رەشىدەنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن يۇپ-يۇمىلاق بولۇپ كەتكەنىدى .

ئۇلار ئۇنچىقماي بىردەم سۈكۈتكە پاتتى .

پەرىدە جىمجىتلىقنى بۇزدى :

— بىز ئەرلەرگە خوتۇن بولۇش ئۈچۈنلا يارىتىلغانمۇ ، بىزنىڭ جەمئىيەتتە باشقا ئورنىمىز يوقمۇ ؟ مەن ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بەختىمنى قۇربان قىلىش قارارىغا كەلدىم . مەن ئاخىرى شۇنى تاللىدىم .

— ۋاي - ۋۇي ، نېمە دەيدىغانسىز ... زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ .

— راست ، مەن شۇنداق قارارغا كەلدىم . مەن ناھايىتى ئۇزاق ئويلاندىم . ناھايىتى ئۇزاق ... بەكمۇ ئۇزاق ... بۇ ئازابلىق ئويلىنىش مېنىڭ ھالىمنى قويمىدى . بۇ قارارىم ئۆزگەرمەيدۇ . مەن ئۇن - تىنسىز ياشاپ ، ئۆمرۈمنى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئۇششاق تەلەپلىرى بىلەن ئۇن - تىنسىز ئۆتكۈزۈشنى خالىمايمەن . ئويلاپ باقسام مەن مۇھەببەت ئازابىغا چىدىيالىسام چىدىيالايمەنكى ، بۇ دۇنيادىن بىر چېۋىندەك ياكى بىر ھاشارەتتەك ئۆز ئېھتىياجىم بىلەنلا ، جانلىق بولۇپ يارىتىلىپ قالغىنىم ئۈچۈنلا ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ ياشاپ ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئازابىغا چىدىيالمىغۇدەكمەن .

ــ توۋا خۇدايىم ، زادى ئويلاپ باقماپتىمەن .

— ئۆتكەندە ئۆزىڭىز بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىڭىزغۇ ...

رەشىدە خۇددى پەرىدەنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاندەكلا پەرىدەگە تىكىلگەنىدى . ئۇ پەرىدەنىڭ چىرايى بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان

بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاشۇ ئوخشىماس-
لىقنى ئىزدەپ ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سىنچىلاپ قارايتتى. ئۇ پەرىدەگە
ھەيرانلىق بىلەن ئېيتتى:
— مەن سىزنىڭ قەتئىي قوشۇلمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپ
دەۋاتىمەنغۇ دەپ ئويلىغانىدىم.
پەرىدە ئورنىدىن تۇرۇپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى.
— ئاداش دېرىزىنى ئېچىۋېتەيمۇ؟
— ۋاي، نېمە دەيدىغانسىز، مەن شۇ تاپ سوغۇقتا توڭلاپ
ئۇخلىيالمايۋاتسام.
— ئىچىم بەك غەلىتە بولۇپ، دېمىم تۇتۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ.
— ئۇنداق قىلماڭ، كېسەل بولۇپ قالىسىز.
— مەن چىدىيالماي قېلىۋاتىمەن. زەھەردەك ئاچچىق بىر نەرسە
يېگۈم كېلىۋاتىدۇ. لازا بارمۇ، ئاچچىق لازا بولسا يېسەم يۈرىكىمنى قات-
تىق ئېچىشتۇرسا بولاتتى. بەكلا دېمىم تۇتۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەن چى-
دىيالماي قېلىۋاتىمەن. مۇزدەك سوغۇققا چىققۇم ياكى ئاچچىق بىر نەرسە
يەپ ئىچىمنى ئېچىشتۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ، شۇندىلا بۇ دەھشەتلىك دەم
تۇتۇلۇشنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالايدىغاندەك قىلىمەن. ھە راست بىر بو-
تۇلكا ئاق ھاراق تۇرغاندەك قىلاتتىغۇ.
رەشىدە پەرىدەگە ھەيرانلىق بىلەن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كې-
يىن ئورنىدىن تۇرۇپ بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ كەلدى. پەرىدە قولىغا
ھاراقنى ئېلىپ غورتۇلدىتىپلا بىر نەچچە يۇتۇم ئىچىپ بوتۇلكىنى قو-
يۇپ، بېشىنى دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرىگە ياققىنىچە تۇرۇپ قالدى. دېرى-
زىنىڭ مۇزدەك سوغۇق ئەينەكلىرى ئۇنىڭ قىزىپ كەتكەن مېڭىسىگە
ناھايىتى خوشياقتى. پەرىدە كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا دېرىزىگە پېشانى-
سىنى يېقىپ جىمجىت خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئېچىپ
سىرتقا قارىدى. ئۇ شۇندىلا يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس
قىلدى.
سىرتنى ئاپئاق قار قاپلىغان بولۇپ ئاپئاق قار ئايدىڭدا تېخىمۇ

جۇلالاپ كۆرۈنەتتى . ھەممە ئەتراپ جىمجىت ئىنس ـ جىنمۇ كۆرۈنـ
مەيتتى . ھەممە ياقتا چىراغلار ئۆچكەن .
پەرىدە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىردىنلا ۋارقىراپ تاشلىدى :
ـ تاھىر !
ـ قېنى تاھىر !؟ ـــ رەشىدە ھەيرانلىق بىلەن پەرىدەنىڭ يېنىغا
كېلىپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى .
پەس تەرەپتە تاھىر دۇگدەيگىنىچە دېرىزە تەرەپكە قاراپ تۇراتـ
تى . ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكا پات ـ پات چوغلىنىپ قىزىرىپ كۆرۈنەتـ
تى . ئۇ چەكسىز قار ئىچىدە . چەكـــسىز كـېـچـە قوينىدا جىمجىت ،
خـۇددى بۇ دۇنيادىن ھېچ نەرسە كۈتمەيدىغان ئادەمدەك سوغۇق بىر
خىل ئىشتىياق بىلەن قاراپ تۇراتتى ...

پـەرىدە ئاخىرى خىزمەتكە ئورۇنلاشتى . ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە
خۇشال بولۇپ كەتمىدى ، چۈنكى ئۇ ئۆز بەختىنى ، ئۆز مۇھەببىتىنى
بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل قىلغانىدى . بىراق ، نېمىلا بولمىسۇن كۆڭلى سەل
ئارام تاپقاندەك بولدى ،
شۇ كۈنى كامىل پەرىدەنى دادىسى ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا باشلاپ
ئېلىپ كىرگەنىدى . ئۇلار بىرلىكتە كىرىپ كەلگەن چاغدا ئىشخانىسىدا
گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىبراھىم بۇرۇلۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ،
كىرىپ كەلگەن كامىل بىلەن پەرىدەنى كۆرۈپ ، كۆز ئەينىكىنى ئېلىۋېـ
تىپ ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ تەبەسسۇم قىلدى .
ـ ھە ، كېلىڭ ، قىزىم ، يوقاپ كەتتىڭىزغۇ ؟
ئىبراھىم ئۇلارنى ساپاغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . ئۇلار ساپاغا
كېلىپ ئولتۇردى .
ـــ پات ـ پات كېلىپ تۇرامدىكىن دېسەم يوقاپ كەتتىڭىز ، قېنى
تەرجىمىھالىڭىزنى يېزىپ كەلدىڭىزمۇ ؟
ـ ھەئە ، مانا ، ئېلىپ كەلدىم ، ـــ پەرىدە شۇنداق دەپ ئالـ
دىراشلىق بىلەن يانچۇقىدىن ئىككى ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ ئىبراھىمغا

سۇندى . ئىبراھىم قەغەزلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى . پەردە ئىنتىزارلىق بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى .

— ياخشى ... ياخشى ... ۋۇي ، ئۇدا ئۈچتە ياخشى بولۇپ ئوقۇپ-تىكەنسىز دەڭا ، تېخى بېيجىڭ شەھىرى بويىچە 3 تە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالاندىم دەڭ .

— ئەگىلىك باشقۇرۇش توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىسىدىن ئۈچ پارچىسى مەكتەپنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ ، يېڭى كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلانغان .

— تالانتلىق قىز ئىكەنسىزغۇ ، مۇشۇنداق تىرىشىپ ماڭسىڭىز چوڭ كارخانىچى بولۇپ كېتەمسىز تېخى ... ھە ... ئېلان قىلىنغان ماقالە-ڭىزنىڭ ئىسمىنى يازماپسىزغۇ ... دەپ بېرىڭە ئاڭلاپ باقاي ...

پەردەنىڭ خۇشاللىقتىن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى :

— بىرى « مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش-نىڭ مۇھىم يوللىرىدىن بىرى — كارخانىغا يۈزلىنىش »

— يەنە بىرىچۇ ؟

— « كارخانىلاردا ئادەم ئىشلىتىشتىكى 100 خىل چارە » ، يەنە « كارخانا ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى »

— ياخشى ... ياخشى ... پۇرسەت تېپىپ مەنمۇ ماقالىڭىزنى كۆرۈپ باقاي ...

— مەن تېخى بۇلارغا قىزىقىدىغان ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن . شۇڭا ، تەرجىمىھالىمغا يازمىغانىدىم . مەن بارغان يەردىكىلەر ھەتتا نەتىجەم خاتىرىلەنگەن جەدۋەلگىمۇ قاراپ باقمىسا ... باشقىلار ...

— مۇنداق بولسۇن ، سىز ئەتىدىن باشلاپ بۇ يەرگە ئىشقا كېلى-ۋېرىڭ . مەن ھازىر سىزگە ۋەدە بېرەلمەيمەن . ئاۋۋال كۆرۈپ باقايلى . ئاندىن ئاستا ... ئاستا بىر نەرسە دەرمىز ... قانداق بولامدۇ ؟

پەردەنىڭ كۆزلىرىدىن تۇيۇقسىز ياش سىرغىپ چۈشتى . ئىبراھىم ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدى .

— ۋۇي قىزىم سىزگە نېمە بولدى ؟

— يېرىم يىلدىن ئېشىپ كەتتى . مەن مۇشۇ چاققىچە بىر ئادەمنىڭ مېنىڭ نەتىجىلىرىمنى ۋە تەرجىمىھالىمنى ئوقۇپ بېقىشىغىمۇ مۇيەسسەر بولالمىدىم ...

ئۇلار قايتىپ چىققاندا پەرىدە خۇددى بىر نەرسە تېپىۋالغان كىچىك بالىدەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى .

— ئەمدى ئىش پۈتتى ، مەن سىزگە خاتىرجەم بولۇڭ دېسەم ئىشەنمەيسىز ، — دېدى كامىل ، — يا ھەزرەت ، سىزنىڭمۇ قاپىقىڭىز ئېچىلىدىكەن - ھە ! سىزنىڭ كۆلگەن ھالىتىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا تولا تىرىشىپ باققانىدىم . مانا بۈگۈن بىردىنلا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇپ قالدىم . كۈلسىڭىز بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەنسىز ، ئەسلىدىكى گۈزەللىكىڭىز تېخىمۇ كۆچىيىپ كېتىدىكەن ...

پەرىدە كامىلغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ كۈلۈشتىن توختاپ قالدى . ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە بىردەم يولنى داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن كامىل يىپلىنغاندەك سورىدى :

— مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئاچچىقلىنىپ قالدىڭىزمۇ ؟

پەرىدە ئۈن - تىنسىز بېشىنى چايقاپ قويدى .

— دادامنىڭ ئاغزىدىن شۇنچىلىك گەپ چىققىنىمۇ بولدى ، سىزنىڭ ئىشىڭىز پۈتتى . بۈگۈن سىزنىڭ خۇشال بولىدىغان كۈنىڭىز ... قېنى ماڭا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىسىز ؟ بۈگۈن مېنى بىرەر رېستۇرانغا ئاپىرىپ مېھمان قىلامسىز ؟

پەرىدە بوش ئاۋازدا دېدى :

— رېستۇرانغا ئاپىرىپ مېھمان قىلغۇدەك پۇلۇم يوق . ئاشخانىغا كىرىپ بىرقاچا لەغمەن ئېلىپ بېرەي .

— ياق ، رېستۇرانغا كىرەيلى ، مەن پۇل تۆلەي ، سىزگە قەرز بولۇپ قالسۇن .

كامىل پەرىدەنى رېستۇرانغا باشلاپ كىردى . رېستۇراننىڭ غۇۋا رەڭلىك چىراغلىرى كامىلغا ناھايىتى ئازادىلىك ۋە شادلىق تۇيغۇسى بې-

غىشلايتتى . بىراق ، پەردەنى بولسا زەھەرلىك گازدەك تۇنجۇقتۇرماقتىدى . پەردە شۇ تاپتا تۇيۇقسىز توك كېتىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلماقتىدى . تۇيۇقسىز توك كېتىپ ھەممە ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتسە پەردەنىڭ كۆز ئالدىدىن ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە يوقاپ كەتسە شۇندىلا چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆزىنى ئازادە ھېس قىلالايتتى .

كەچتە ئۇلار رېستوراندىن مەست چىقتى . پەردە دەلدەڭشىيتتى . كامىل ئۇنى يۆلىۋالماقچى بولۇپ كەلسە ئۇ ئۇنى ئىتتىرىۋېتەتتى :

— مەن مەست بولمىدىم ، مېنى يالغۇز ماڭغىلى قويۇڭ ... مەن بىردەم ... مۇشۇ پۈتۈن دۇنيادا ... يالغۇز قالاي ... قەبرىستانلىقتا يالغۇز يىغلاپ ئولتۇرغان ئادەمدەك يالغۇز قالاي . . .

پەردە دەلدەڭشىپ كېتىۋېتىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشۈشىدى ، كامىل تېزدىن كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالدى . پەردە ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى . كامىل ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى .

جىمجىت كوچىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى . كامىل پەردەنى يۆلەپ باغرىغا باستى . پەردە بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى . كامىل ئۇنىڭ قويۇق چاچلىرىنى سىلاپ پېشانىسىگە سۆيدى . پەردە كۆزلىرىنى يۇمۇپ لەۋلىرىنى كامىلنىڭ لەۋلىرىگە ئۇزاتتى . ئۇلار سۆيۈشتى .

كامىل پەردەنىڭ چولپاندەك كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ پىچىرلايتتى :

— مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن نېمە ؟ ... بۇنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ ... مەن ساراڭ بولايلا دەپ قالدىم ... سىز مېنى ساراڭ قىلىۋەتتىڭىز ...

پەردەنىڭ كۆزلىرىدىن ياش سىرغىدى . ئۇ كۆزلىرىنى يۇمىۋالدى .

پەردە ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئەركىنگە زادى قانداق ئۇقتۇرۇشنى بىلەلمەي يۈردى . نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كامىل بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىنى دېمىسە بولمايتتى .

— نېمە ، نېمە دېدىڭىز ؟! مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم ... جۆيلۈۋاتامسىز ؟! — ئەركىن ھەيرانلىق بىلەن پەرىدەگە قادالغىنىچە تۇرۇپ قالدى .

پەرىدە كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتتى :

— ئەركىن ، مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن . بۇ سىزگە ئايان ... بىراق مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمنى چۈشىنىڭ ... بۇ مېنىڭ ئاخىرقى قارارىم .

— ياق ... ياق ... سىز ساراڭ بولۇپ قاپسىز ! — ئەركىن بىردىنلا ۋارقىراپ تاشلىدى .

— ئەركىن ، سوغۇققان بولۇڭ ...

— مەن قانداقمۇ سوغۇققان بولاي ، مەن سىزنىڭ ئاشۇ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ قانداق سوغۇققان بولالايمەن ؟! ئېيتىڭە .

— سىز ماڭا يول قويۇڭ . ئەركىن ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي . مەن ھازىر كامىل بىلەن يۈرۈۋاتىمەن ... ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ بولدۇم . سىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلمىسىڭىز بولمايدۇ .

ئەركىننىڭ نەپسى سىقىلىپ ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ ، پېشانىسىدىن تەر قۇيۇلدى . ئۇ ئېتىلىپ كېلىپ پەرىدەنى بىر تەستەك سالدى . تەستەكتىن چاڭىلدىغان ئاۋاز چىقىپ پەرىدە دەلدۈگۈنىپ كەتتى .

پەرىدە ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋېلىپ ئەركىننىڭ كۆزىگە تىكىلدى :

— رەھمەت ... رەھمەت ئەركىن ... مەن شۇ تاپ بۇ بىر تەستەككە بەكمۇ موھتاج ئىدىم ... سىز مېنى بىر تەستەك سالمىغان بولسىڭىز ... مەن سىزنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى ھالىتىڭىزنى ئۇنتۇيالماسلىققا چىداپ بولالمايتتىم ... ئۆتۈنۈپ قالاي ، مېنى تىللاڭ ... مېنى جالاپ دەپ تىللاڭ ... مېنى ۋىجدانسىز دەپ تىللاڭ ... مېنىڭ قەلبىمدە سىزگە نەپرەت پەيدا قىلىڭ ... مەن ئۆتۈنۈپ قالاي ... سىزنىڭ مۇھەببەتىڭىز قەلبىمدە سۇسلاشسۇن ، بولمىسا مەن چىدىيالمايمەن ... ئەركىن ... مېنى ئازابلانمىسۇن دېسىڭىز ماڭا نەپرەتلىنىڭ ... بۇندىن كېيىن مەن

بىلەن كۆرۈشمەك .

ئەركىن بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ يۈگۈرەپ كېلىپ پەردەنى باغرىغا بېسىپ ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ يېلىندى :

— پەردە خاپا بولماڭ ... ئۆرۈپ سالدىم ... پەردە ... مەن سىز بولمىسىڭىز قانداق ياشايمەن ... پەردە ئويلاپ باقسىڭىزچۇ ؟ ... پەردە ... مېنىڭ ھاياتىمدا! ماڭا بىردىنبىر خۇشاللىق بېغىشلىيالايدىغان سىز تۇرسىڭىز ... بۈگۈن ماڭا بۇ نېمە كۈن بولدى ... ئېيتىڭە پەردە ... مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن ؟ ....

ئۇلار قۇچاقلاشقىنىچە ئۈن ـ تىنسىز بىر ھازا تۇرۇپ قالدى . ئەركىن گويا يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان گۆھەرنى چىڭ قۇچاقلىغاندەك چەكسىز بىر قىيالماسلىق بىلەن پەردەنى باغرىغا باسقانىدى . ئۇ پەردەنىڭ نازۇك تېنىدىكى ھارارەتنى خۇددى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتقاندەك ئاشۇ ھارارەتكە قانماستىن بارغانسېرى چىڭ قۇچاقلايتتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقىلىپ تۇرغان ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئاياللارغا خاس پۇراقنى پۇرايتتى . ئۇنى خۇددى تۇنجى رەت سۆيگەندەك تىنالماستىن يۈرىكى قاتتىق سالغان ھالدا قانماي سۆيەتتى .

ئاشۇ كۈنى پەردە ئۈچۈن ئەڭ نەس باسقان بىر كۈن بولدى . ئۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندىلا كەيپىياتى ناھايىتى ئوسال قوپقانىدى . بۇنداق كۈندە ھەممە ئىش تەتۈرىگە تارتاتتى . ئاشۇ ئىشنى مۇشۇنداق بىر كۈننى تاللاپ ئەركىنگە دېگىنى ئۈچۈن ناھايىتى پۇشايمان قىلدى . ئۇ ئۆزى يەتكۈچە ئازابلىنىپ بولغانىدى ، شۇڭا ئۇ ئازاب ئۇنىڭ ئۈچۈن بەربىر ئىدى ، بىراق ئۇ ئەركىننىڭمۇ بەك ئازابلىنىپ كېتىشىنى خالىمايتتى . ئاشۇ كۈنى ئەركىن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىنمۇ بەك ئازابلىنىپ كەتتى .

پەردە شۇنىڭدىن كېيىن يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەككە ئوخشاپ قالدى . ئۇ ئەركىن بىلەن مۇھەببەتلەشكەن چاغلاردىكى ئۆزىنى تۇتىۋالغان پاك ھالىتىنى يوقىتىشقا يۈزلەنگەنىدى . ھاۋادا لەرزان لەيلەپ تۇرغان لەگلەك بىردىنلا يىپى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك ، ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىپ

ئەسلىدىكى جىمجىتلىقىنى يوقاتتى . ئۇنىڭ مىجەزى ھەتتا گەپ ـ سۆز-
لىرىمۇ ئەركىن بىلەن يۇرۇشتىن بۇرۇنقى چاغلارغا ئوخشاپ قالدى .
بۇنى ئەركىن ئۇ چاچلىرىنى ساپسېرىق بوياپ ، قاپاقلىرى ۋە كىرپىكلى-
رىنى كۆپكۆك رەڭدە بوياپ ، بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نېپىز ، قىم-
مەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىپ ، قولىدا يانفون كۆتۈرۈۋالغان ھالدا
كۆرگەن چاغلىرىدىلا ھېس قىلىپ يەتكەنىدى . پەرىدەنىڭ ۋۇجۇدىدىكى
قورقۇنچلۇق گۈزەللىك ئەركىننىڭ تېنىنى شۈركەندۈرۈۋەتتى . بۇ ھەر-
قانداق ئادەمنى ھەم ۋەھىمىگە سالىدىغان ھەم دەھشەتلىك بىر كۈچ بى-
لەن غىدىقلايدىغان گۈزەللىك ئىدى . پەرىدەنىڭ بۇرۇنقى ساددا ، يې-
قىشلىق گۈزەللىكى خۇددى تۈنۈگۈنكى بىر تاتلىق چۈشكە ئوخشاش
مەڭگۈلۈك غايىب بولغانىدى . ئۇ ھەرقانداق بىر ئەر بىلەن پاراڭلاشسا
ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەركىلەپ قاراپ ، نازلىق سۆزلەر بىلەن پاراڭلىشاتتى .
بۇ ئۇنىڭ گۇمران بولغان ھالىتى ئىدى . ھەر بىر ئەر بىلەن ئۇچراشقان
چاغدا ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدە مۇھەببەتكە تامامەن يات بولغان ،
ھېسسىيات ۋە روھ بىلەن مۇناسىۋەتسىز ، پەقەت بەدەنگىلا تەۋە بولغان
بىر خىل ھاۋايى ھەۋەس دولقۇنلىرى كۆتىرىلىپ كېتەتتى . ئۇنىڭ قەل-
بىدە مۇھەببەت دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . ئۇنىڭ كۈلكىلىرى ئا-
دەمگە سۆيگۈ ھېس قىلدۇرىدىغان كۈلكە ئەمەس ، ئادەمنى بەربات قىلى-
دىغان كۈلكىگە ئايلىنىپ قالغانىدى . ئۇ خۇددى بۇ كۈلكىلىرى بىلەن
كىشىلەرگە مۇھەببەت ئاتا قىلماستىن ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىۋاتقاندەك تۇ-
يۇلاتتى . بۇ پەرىدە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ ، داڭلىق شەخسكە ئايلىنىۋات-
قان چاغلاردىكى ھالەت ئىدى . بۇ زادى ئۇ ياساپ چىققان ھالەتمۇ ياكى
ئۇ ئەسلىدە ئاشۇنداق بىر ئايال بولۇپ ، پەقەت ئەركىن بىلەن يۈرگەن
چاغدىلا ئاندىن ئاق كۆڭۈل ، سادda ھالەتكە كىرگەنمۇ ياكى ئەركىن
بىلەن مۇھەببەتلەشكەن چاغدىكى ئاشۇ سادda ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى ئۇنىڭ
ئەسلى ماھىيىتى بولۇپ ئۇ ھازىر ئاشۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالدىمۇ ، بۇنى
بىلىش بەلكىم مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ئىدى ...
بۇ دۇنيا بەكمۇ كەڭرى ، بەكمۇ چوڭ ...

بىرى -- بىرى بىلەن مەڭگۈ ئۈچرىشالمايدىغان، بىرى - بىرى بىلەن مەڭگۈ تۈتاشمايدىغان سانسىزلىغان خىياللار دۇنياسى ھەر بىرى بىردىن كاللىنى ئىگىلەپ، ئاشۇ كاللىلارنىڭ ئىگىسى بولغان كىشىلەرنى گاھىدا بىر - بىرىنى ئۆلتۈرگۈزسە، گاھىدا بىر - بىرىگە ساراڭلارچە تەشنا قىلىپ، دۇنيادا قۇتىراپ يۈرۈشمەكتە ...

دۇنيادا خىياللار ئالىمى ئەنە شۇنداق كۆپ بولغاچقا، بىر كاللىدا رەزىللىك بولۇپ تۇيۇلغان نەرسە، يەنە بىر كاللىنىڭ قايسىدۇر بىر يەرلىرىدە گۈزەللىك بولۇپ تۇيۇلۇپ، ھايات رەزىللىك بىلەن گۈزەللىكنى، يامانلىق بىلەن ياخشىلىقنى پەرق ئېتىش تەس بولغۇدەك دەرىجىدە مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن. مانا بۇ ئەركىننى تېخىمۇ گاڭگىرىتىۋەتتى.

پەرىدە ئاخىرى خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ كەتتى. ھېلىقى نەس باسقان كۈنى رەشىدە كامىلنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرىدەگە دەپ بەرگەندە پەرىدە دەسلەپىدە قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

— بىرئىشنى سىزدىن سىر تۇرۇپ كەلگەنىدىم. ئەمدى ئېيتسام خاپا بولارسىزمۇ؟ — دېگەنىدى رەشىدە شۇ كۈنى پەرىدەگە.

— نېمە ئىش؟ مەن سىزدىن قاچان خاپا بولۇپ باققان؟

رەشىدە بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئېيتماسلىق قارارىغا كەلگەندەك جىم تۇرۇۋالدى.

— ئېيتمامسىز؟ — سۆيلىدى پەرىدە.

— بولدى، كېيىنچە بىلىپ قالارسىز ...

— ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ رەنجىمەيمەن، تېزراق ئېيتسىڭىزچۇ! ئەجەب، ئادەمنى تىت - تىت قىلدىڭىزا، ئېيتىڭە تېزراق!

رەشىدە بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئاخىرى ئېيتتى:

— پەرىدە، كامىل ئەسلىدە بىر ئوغرى ئىدى. ئۇ ئوغرىلىق قىلىش جەريانىدا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپ تۈرمىگە تاشلانغان. كېيىن دادىسىنىڭ ناھايىتى كۆپ پۇل مېڭىشى ۋە پۇل خەجلىشى بىلەن توققۇز يىللىق ھۆكۈم قىلىنىپ، ھازىر سىرتتا ئىجرا قىلىشقا قويۇپ بېرىلگەن.

ئۇغۇ ھازىر تۈزۈلۈپ كەتتى. بۇرۇنقىدەك ئالقاپلىقىنى تاشلاپ ھازىر ناھايىتى ئۆزىنى تۇتىۋالغان، سالاپەتلىك، ئەخلاقلىق ئادەم بولۇپ كەتتى ...

پەرىدە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاققان قوزۇقتەك ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. ئىچىدىن قانداقتۇر بىر نەرسە سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىلگەندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى كاۋاپ بولۇپ قالغاندەك، بۇ ھەقتە نېمىلەرنى ئويلاشنى، نېمىلەرنى دېيىشنى بىلەلمەي قالغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — سورىدى رەشىدە ئۇنىڭ جىم بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۇنى رەنجىپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ.

— ياق خاپا بولمىدىم، — دېدى پەرىدە ئاخىرى، — ئەگەر كامىلنىڭ ئورنىدا ئەركىن شۇنداق بولغان بولسا مەن ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ ئىش ئىدى. بىراق، كامىلنىڭ ئۇنداق بولۇشى مەن ئۈچۈن بەرىبىر. ئۇ ئوغرى بولامدۇ، قاتىل بولامدۇ، بۇنىڭ مەن بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق. بۇ تامامەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. بۇ ماڭا ھېسسىيات جەھەتتىن ھېچقانچىلىك تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. پەقەت سەل ئەنسىرەيدىغىنىم بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمغا تەسىر كۆرسىتىپ مېنىڭ كەسپىتىكى ئىزدىنىشلىرىمگە يامان نەتىجە ئېلىپ كەلمىسىلا بولىدى.

راست دېگەندەك بۇ ئىش پەرىدەگە ئانچە تەسىرمۇ قىلىپ كەتمىدى. ئۇ ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتى. بىراق، بۇنى ئويلىسا ئىبراھىمنىڭ يۈرىكى سۇ ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئوغلى كامىلنىڭ ئاشۇ ئىشلىرى كاساپىتىدىن ھېچكىمنىڭ قىزىنى بەرمەسلىكىدىن ئەنسىرەيتتى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ تەلىيى كېلىپ ھەم چىرايلىق ھەم ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئەقىللىق قىزدىن بىرنى تېپىۋالدى. بۇ ئۇنى ھەم خۇش قىلدى ھەم تەشۋىشكە سالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوغلىغا ئاشۇنداق قىزدىن بىرنى ئېلىپ بېرەلەيدىغانلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمايتتى. ئۇ ئوغلىغا دائىم تاپىلايتتى.

— بالام سېنىڭ كەلگۈسىڭنى ئويلىساملا بېشىمنىڭ ئىچىمۇ تېشىمۇ قېتىپ، كۈندۈزى قولۇم ئىشقا بارماي، كېچىسى كۆزۈم ئۇيقۇغا

بارمايتتى . ئەمدىلا مەن سېنىڭ پەرىدەدەك ياخشى بىر قىزنى تېپىۋالغىنىڭنى كۆرۈپ ئاخىرى « ئۇھ ! » دېدىم . سەن ئۇنى ھەرگىز قولدىن چىقىرىپ قويما .

— دادا ، مەن ئۇنى ئۆيلىسام يۈرىكىم سۇ . ئۇ دېگەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ھەم چىرايلىق ھەم بىلىملىك قىز . مەن بولسام تۈرمىدىن سىرتتا ئىجرا قىلىشقا قويۇپ بېرىلگەن جىنايەتچى . مەن سىزدەك بىر باشلىقنىڭ ئوغلى بولمىغان بولسام شۇ تاپ تۈرمىدە ئىدىم . ئۇ تېخى بۇلارنى بىلمەيدۇ .

— قانداق قىلارمىز .. ھەي ... بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپماي قالمايدۇ . ئۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ قەلبىدە ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇرمىساڭ بولمايدۇ . سەن ئۇنىڭدا ياخشى تەسىرات قالدۇرساڭ ئۇ بۇنى ئانچە ئويلاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن .

ئىبراھىم ئادەتتە ئوغلىنى خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئويلامدۇ ياكى ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئىشنى قايتا تىلغا ئېلىپ كۆڭلىنى غەش قىلىشنى خالىمامدۇ ياكى ئوغلىنىڭ دائىم بىر خىل روھىي چۈشكۈنلۈككە ۋە جىنايەت تۇيغۇسىغا پېتىپ تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەمدۇ قانداق ، ئىشقىلىپ ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى زادىلا تىلغا ئالمايتتى . ھەتتا ئادەتتە گەپنىڭ تېمىسىنىڭ ئاشۇ ئىش بىلەن سەل باغلىنىشلىق بولۇپ قېلىشىدىنمۇ ھەزەر ئەيلەيتتى . شۇڭا ، ئاشۇ ئىشقا تاقىلىپ قالىدىغان يەرگە كەلگەندىمۇ گېپىنى ئەپلەپ - سەپلەپ يانداپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى . ئاشۇ كۈنى بۇ ئىشنى ئوغلىنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىشى ئىدى .

كامىل يەرگە قارىغىنىچە جىمجىت تۇراتتى . ئىبراھىم ئۇنىڭغا خۇددى قارىماسلىق ئۈچۈنلا قارىغاندەك لەپپىدە قاراپ قويۇپ ، تاماكىسىنى ئىچىگە قاتتىق بىر شورىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسسىنى خۇددى ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى پۈدەپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك ئاسمانغا قاراپ چىڭقىلىپ تۇرۇپ پۈدىدى . ئىس تەندىن ئاجراپ چىققان روھ-

تەك ئاستا لەيلەپ چىقىپ تورۇسقا قاراپ سىغدالدى .

كـامىل ئاغزىنى بىر نەچچە قېتىم ئۆمەللىگەندىن كېيىن ئاندىن تەستە :

ـــ هـەمــمــــدە يەنىلا سىزگە تايىنىمەن دادا ... پەرىدەنىڭ غايە- ئارزۇلىرى بەك كۆپ ئىكەن ... ئۇ نۇرغۇنلىغان ... چوڭ ئىشلارنى ئويلايدىكەن .

بـۇ ئىبراھىمنىڭ تۇنجى قېتىم ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن « غايە » دې- گـەندەك ئابستراكت سۆزنى ئاڭلىشى ئىدى . شۇڭا ئۇ مەمنۇن بولۇپ كۈلۈپ قويدى .

پـەرىدە ئىشقا چۈشۈپ بىر ھەپتىگىچە خۇددى زادى بۇلار راست- تىنلا مەۋجۇت نەرسىلەرمۇ ـ ئەمەسمۇ دېگەندەك ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئۈستەل ۋە ئورۇندۇقلارغا ئىنچىكە كۆزىتىش نەزەرى بىلەن قاراۋېرىشتىن ئۆزىنى تارتالماي يۈردى . خۇددى بۇ نەرسىلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلماقچى بولغاندەك ئەركىندىن ئۇنىڭغا توختىماي تېلېفون كېلىپ تۇردى . ئۇ كامىلنىڭ بايقاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئەركىن بىلەن كۆ- رۈشۈشنى رەت قىلىپ كەلدى . ئەركىن دائىم تېلېفوندا ئۇنىڭ بىلەن كـۆرۈشـۈشـنــى تەلەپ قىلاتتى . ئۇ ئەركىننىڭ تەلىپىنى قانداق رەت قىلىشتىن باشقا ھېچ ئىشقا كاللىسىنى ئىشلىتەلمىدى .

يۇپيۇمىلاق كەلگەن ، سېمىز ، خۇددى توپقىلا ئوخشايدىغان ، بـىراق ئۆزىنى دۇنيادىكى تەڭداشسىز سەتەڭ دەپ ھېسابلايدىغان مەرەم- نىسا ئىسمىلىك ئايالنىڭ كۆكىرىپ قالغان نانەدەك داغ بىلەن تولغان يۈز- لىرى ئىشىكتە پەيدا بولۇپ :

ـ پــەرىــدە ، تېلېفون ! ـــ دەپ چاقىرغاندا ئۇنىڭ ئارامى بۇ- زۇلاتتى .

ئۇ تـېلېفون ئالغىلى چىقىپ كېتىشىگىلا ھەممەيلەن قاينىشىپ كېتەتتى . ئۇلار ئىبغىزلىرىنى پۈرۈشتۈرگەندە تۇمشۇقلىرى بىر ـ بىرىدىن ئۈزىراپ كېتەتتى .

ـــ بۇ سەتەڭگە ھېلىتىن ئىدارىمىزگە كەلمەي تۇرۇپلا تۇشمۇ

تۇشتىن تېلېفون يېغىپ كەتتىغۇ ...

— بۇ بىر نېمىنىڭمۇ چىرايىدىنلا چىقىپ تۇرىدۇ.

— ۋاي ۋۇي ... نېمە دەيدىغانسىلەر ... ئۇ دېگەن ھېلىقى كامىل دېگەن ئالىقاپىنىڭ يۇرگىنىمىش . شۇنداق بىرەر سەۋەبى بولمىسا ئۇنى بىزنىڭ ئىدارىگە خىزمەتكە ئالاتتىمۇ ؟ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بىر نەرسىلەرنى يىغىۋالدىغۇ بۇ ئىدارىگە . نەدىكى قەشقەرلىك ، خوتەنلىك بىر نېمىلەرنى ئېلىۋېرىدىكەن . بىز دېگەن بۇ ئىدارىدە ئىشلىگىلى 30 يىلدىن ئاشاي دەپ قالدى ، شۇنچە قىلىپ كەتسەممۇ ئاشۇ بىر بالامنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇراي دېمىدى .

— شۇنى دېمەمدىغان ، بىزنىڭ بۇ ئىدارىدە ئىشلەپ ، كۆرگەن ياخشىلىقىمىز زادى نېمە ؟ بېيجىڭدا ئوقۇپ كەپتىمىش تېخى ! ھازىر ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر كوچىدا ساماندەك ...

— بىزمۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرمىگەن تۇرۇپ ئىشلەۋاتىمىزغۇ ، — دېدى مەرەمنىسا تېخىمۇ قايناپ ، — مېنىڭ ئوغلۇم ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي بەش يىل بولدى يۇرگىلى ، ئىدارىگە شۇنداق دەپ كەتتىم . مۇشۇ ئىبراھىملا ئۇنىڭغا توسالغۇلۇق قىلىپ كەتتى ، بولمىسا ئورۇنلىشىپ كېتەتتى . مانا ئەمدى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئاشۇ نايناقنى ئەكەلدى .

— ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرسە قالتىسمىكەن ؟!

پەرىدەگە تېلېفون ئەركىندىن كەلگەنىدى .

— پەرىدە ، مېنىڭ نېمە قىلغىنىمغا سىز ماڭا بۇنداق قىلىسىز ؟ مەن زادى نېمە گۇناھ قىلدىم ... مەن چۈشۈمدىمۇ بۇنداق بولۇشنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن . مەن ھازىر ساراڭ بولايلا دەپ قالدىم ... مېنى بۇنچىۋالا ساراڭ قىلماڭ ! ۋەي ... ۋەي ! ... ۋەي !!! — دەيتتى ئەركىن تاقەتسىزلىنىپ ، پەرىدە تېلېفوننى قويۇۋېتىپ ، تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالاتتى . ئەركىن ھەيران قالغان ھالدا تۇرۇپكىنى بىردەم تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن قويۇۋېتىپ قايتىدىن يەنە ئۇرۇشقا باشلايتتى .

پەرىدە جىرىڭلىغان تېلېفوننى ئېلىپ بىر يەنە قولىغا ئالاتتى :

— ۋەي ... ھە ، مەن ...سىز بۇ يەرنىڭ تېلېفون نومۇرىنى نەدىن بىلىۋالدىڭىز ؟ ...

— تېلېفون نومۇر دەپتىرىدىن ئاختۇرۇپ تاپتىم ... مەن سىز بىلەن سۆزلەشمىسەم بولمايدۇ ... سىزگە زادى نېمە بولدى ؟

— بولدى ، كېيىن سۆزلىشەيلى ! — پەرىدە شۇنداق دەپلا تۇرۇپكىنى قويۇۋېتەتتى .

بىر چەتتە ئولتۇرغان مەرەمنىسا پەرىدەگە قاراپ زەھەرخەندىلىك بىلەن :

— ئۇكام ، تېلېفوننىڭ يېنىغا كۆچۈپلا كىرىۋالسىڭىز بوپتىكەن ... — دېدى بىر قېتىم .

پەرىدە خىجىل بولغان ھالدا :

— كەچۈرۈڭ سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم . بۇنىڭدىن كېيىن كىمدىنلا تېلېفون كەلسە ، خاپا بولماي مېنى يوق دەپ قويسىڭىز قانداق ، — دېۋىدى ، ئۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى :

— سىز ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتىپ قويسىڭىز ، خىزمەت ۋاقتىدا تېلېفون بەرمىسە ، خىزمىتىمىزگە تەسىر يېتىدىكەن ... بىز يا بۇ ئىدارىنىڭ تېلېفونىستى بولمىساق ...

— كەچۈرۈڭ ، بەك ئالدىراش ئوخشايسىز ، بىراق گەپنى خاتا قىلىپ قويدىڭىز ... خىزمەتكە تەسىر يېتىدىكەن دېمەي ، ئۇيقۇمغا تەسىر يېتىدىكەن دېيىشىڭىز كېرەك ئىدى .

پەرىدە شۇنداق دەپلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتى . مەرەمنىسا ئۇنىڭ كەينىدىن ھومايغىنىچە غۇدۇرىدى :

— تېخى بۇ ئىدارىگە ئورۇنلىشا - ئورۇنلاشمايلا تۇرۇپ گېپىنىڭ يامانلىقىنى قاراڭ !

پەرىدە ئىشخانىدا ئادەم بار چاغدا ئەركىن بىلەن پاراڭلاشسا بولمايتتى . ئاخىرى ھەممەيلەن ئىشتىن چۈشكەن چاغدا پەرىدە ئىشخانىدا قېلىۋىدى ، ئەركىندىن تېلېفون كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقراق سۆزلىشەلىدى .

— جىنىم پەرىدە ... ئېيتىڭە ، مەن سىز كەچۈرەلمىگۈدەك بىرەر گۇناھ قىلدىممۇ ؟ سىز زادى نېمىشقا بىردىنلا مېنى تاشلىۋېتىسىز ؟ ...

پەرىدە بىر ئۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۈن ـ تىنسىز ، گەپ قىلالماي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ قولىدىكى تېلېفون تۇرۇپكىسى تىترەيتتى .

— پەرىدە ، سىز گاچا بولۇپ قالدىڭىزمۇ ؟ نېمىشقا گېپىمگە جاۋاب بەرمەيسىز ؟!

پەرىدەنىڭ كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى :

— ئەركىن سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز ؟ ھەقىقىي ياخشى كۆرەمسىز ؟ — ئاخىرى ئېغىز ئاچتى ئۇ .

— سىز ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ ؟ بىز بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشكىلى قانچە يىللار بولدى . سىز مېنىڭ سىزنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمدىن ئەزەلدىن گۇمانلىنىپ باقمىغان . ئەمدى ... بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

— ئېيتىڭە سىز زادى مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرەمسىز ؟

— سىز ھازىر مېنىڭ ھەر بىر كۈنۈمنىڭ گويا زەھەر يەۋالغاندەك دەھشەتلىك ئازاب بىلەن ئۆتىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز ؟ سىز مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلەپ بولغان . سىنىپتىمۇ بىللە ، تاماقتىمۇ بىللە ، پىكىرىمىزمۇ ئورتاق ، غايىدىمۇ ئورتاق ... ئىشقىلىپ ئالتە يىلدىن بېرى ئۆتكۈزگەن ھەر بىر مىنۇتۇم ، ھەر بىر دەقىقەم سىزدىن مۇستەسنا ئەمەس . ئويلاپ بېقىڭە ، مەن بىردىنلا سىزنى يوقىتىپ قويسام بۇنىڭ ماڭا قانچىلىك زەربە بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز ؟ مەن خۇددى ۋۇجۇدۇمنىڭ ۋە روھىمنىڭ يېرىمىنى بىردىنلا يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ قالدىم . ئۆتكەندە مەن چىدىيالماستىن سىزنى ئۇرۇپ سالدىم . . . ئېيتىڭە ، مەن سىزدىن ئايرىلىشقا چىدىيالامدىم ؟ ...

— ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتۈش ، ئۆمۈر بويى سادىق بولۇش ، توي قىلىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەرگىزمۇ سىزنىڭ مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولمايدۇ . بۇ سىزدىكى

بىر خىل ئىگىلىۋېلىش ئىستىكى خالاس . سىز مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسىڭىز مېنى ئاسراڭ ، ماڭا ياردەم بېرىڭ ... مېنى ئازابلىماڭ ! بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا تېلېفون بەرمەڭ ، مەن بىلەن كۆرۈشمەڭ ! مېنى ياخشى كـۆرمەڭ . شۇ چاغدا سىز ماڭا ياردەم بەرگەن بولىسىز . شۇندىلا مەن ئۆز غايىلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمەن .

ــ مېنى كىم ئاسرايدۇ ، ماڭا كىم ياردەم قىلىدۇ ... ؟

ــ ياخشى كۆرۈش ــ پەقەت توي قىلىش ۋە بىللە ئۆتۈشلا ئەمەس . مەن بىزنىڭ نازىرنىڭ ئوغلى كامىل بىلەن يۈرۈۋاتىمەن . مەن ئىلاجـــســـــز شۇنداق قىلدىم . سىز بۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلسىڭىز مېنى يــاخـــشــى كۆرگەن ئەمەس ، ماڭا دۈشمەنلىك قىلغان بولىسىز ... مېنىڭ غايىلىرىمنىڭ ھەممىسى بەربات بولىدۇ .

ــ پەرىدە مېنىڭ نەزەرىمدىكى مۇھەببەت ــ مەڭگۈ بىر ـ بىرىگە كۆيىنىش ، بىر ـ بىرىنىڭ بەختىنى ئويلاش ، بىر ـ بىرى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاش . ئەگەر سىز ئۆز بەختىڭىز ئۈچۈن مەندىن يۈز ئۆرىسىڭىز پـەقەت بەختلىك بولالىسىڭىزلا مەن سىزگە ياردەم قىلسام قىلىمەنكى ھەرگىز سىزدىن ئاغرىنمايمەن ، شەھۋانىي ھېسسىيات مۇھەببەت ئەمەس . چۈنكى ، ئۇ ئاچ ئادەمنىڭ تاماققا بولغان تەقەززاسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ . ئۇ بىر خىل ئاچلىق ، ئۇ باشقىلارنى يەۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس . سىزنى باشقىلار يۇتۇپ كەتمەكچى .

ــ ئۇلار مېنى يۇتۇپ كېتەلمەيدۇ . ئۇلار پەقەت مېنىڭ تېنىمنىلا يۇتۇپ كېتەلەيدۇ .

ــ مەن پۈتۈن جىسمىمنى سىزگە يورۇقلۇق بېرىشكە ئاتىۋەتكەن شام . سەھەر قۇياش چىققاندا كېچىدىكى تەشنالىقىڭىزنى ئۇنتۇپ مېنى ئۆچـۈرسىڭىز مەيلى ، ئەگەر يەنە كەچ بولسا خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن .

ــ مــەن ســــزنــى مەڭگۈ ئۆچۈرمەيمەن ، دۇنيادا گۈزەل قىزلار ناھايىتى كۆپ .

ــ دۇنــيـادا گۈزەللىك ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس . پەقەت بىزنىڭ قەلبىمىزلا گۈزەللىكنى ياساپ چىقىرىدۇ . ئاندىن بىز ئۇنى راست

دەپ ئىشىنىمىز . سىز ئۆزىڭىزنى تونۇيدىغان مىڭ ئادەمنىڭ كۆزىدە مىڭ خىل « سىز » سىز . مېنىڭ قەلبىمدە سىز ھېچكىمنىڭ نەزەرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر ئادەم .

ئەركىنىنىڭ سۆزلىگەندىكى ئاۋازى بارا ـ بارا پەسىيىپ كەتتى ، خۇددى ئۇنىڭ ئاۋازى چەكسىز يىراق بىر جايدىن كېلىۋاتقاندەك ، ئۇ يەر پەرىدە مەڭگۈ يېتىپ بارالمايدىغان يەردەك ، ھەتتا ئىككىسى ئىككى دۇنيادا تۇرغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى . ئۇ ئەركىنىنىڭ ئاشۇ سۆزلەرنى قىلغان چاغدىكى ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىككە تولغان چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بېقىشقا تىرىشتى ، بىراق زادىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى . ئۇنىڭ ئازابلىق چىرايىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئېغىر گۇناھتەك پەرىدەنىڭ بۇنىڭغا زادىلا كۆڭلى ئۇنىمىغانىدى .

ئەركىن شۇ پېتى بىر نەچچە كۈن يوقاپ كەتتى . بىراق بىر كۈنى يەنە تۇيۇقسىز تېپىلىپ كېلىپ قالدى .

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ پەرىدەنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى . ئەركىن كاملىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدى .

ــ توۋا ... توۋا خۇدايىم ... بۇ قانداق جاھان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ . ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ، تەربىيە كۆرگەن بىر قىز ... ھە ، نېمىدېگەن بىمەنە ، ئادەمنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ ... سىز قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ ئوغرى بىلەن توي قىلماقچىمۇ ؟ ... زادىلا ئەقلىگە سىغمايدۇ ... سىز بۇنداق قىلسىڭىز تۈگەشمەمسىز ؟

پەرىدە بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئەركىنىنىڭ سوئالىغا كەسكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى .

ــ ياق ! نېمىشقا تۈگەشكۈدەكمەن ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام مەن كاملىنىڭ ئايالى بولۇپ كەتمەيمەن ، مەن ئەڭ مۇھىمى يەنىلا پەرىدە !

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

ــ توي قىلىش دېگەن مەن ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئەمەس . ئۇ

مېنى، مېنىڭ ياشاش ئۇسۇلۇمنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ ... ئۇ ماڭا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. مەن ئۈچۈن ئەمدى توي ۋە تۇرمۇش دېگەن نەرسىلەر مەۋجۇت ئەمەس! مەن توي قىلىمەن، بىراق بۇ توي مەن ئۈچۈن مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ مەن بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز ... بۇ توي مەن بىلەن تامامەن مۇناسىۋەتسىز، سىز بۇنى ... چۈشەندىڭىزمۇ ... توغرا ئۇ ئوغرىلىق قىلغان، بىراق بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

ئەركىن جىمپىلا كەتتى. پەرىدە ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئاخىرغىچە ئاڭلىغان ـ ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلەلمىدى.

پەرىدە تاھىرنى ئۇنتۇلۇپ قالاي دەپ قالدى. چۈنكى، تاھىرنىڭ ئەسەبىيلىكىنى ئويلىغىدەك ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. بىراق، ئاشۇ كۈنى كېچىدە تاھىر غەرق مەست ھالەتتە ئۇنىڭ ياتىقىغا كەلدى. شۇ چاغدا پەرىدە يوتقانغا يۆگىنىۋېلىپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. پەرىدە سەل قورقۇمسىراپ گاڭگىراپ بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن رەشىدە دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك ئىشىكنى ئاچتى، ئېچىشىغىلا ئىشىك ئالدىدا تاھىرنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇ دەلدەڭشىگەن ھالدا ياتاق ئىچىگە ئۇسۇپلا كىردى.

ئۇنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى تىكەندەك ئۆسۈپ كەتكەن، ھەممە يېرى بوياقلارنىڭ يۇقۇندىلىرى بىلەن بويىلىپ كەتكەن، كىيىملىرى ئەسلى رەڭگىنى بىلگۈسىز بولۇپ كەتكەن بولۇپ، بەكمۇ ۋەيرانە كۆرۈنەتتى. ئۇ خۇددى چېقىپ تاشلىۋەتكىلى ئۇزاق بولغان بىنانىڭ خارابىسىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئېڭىكى پەرىدەگە ئۈستىگە يانتاق تۇتۇپ قويغان كونا بىر ئەنجان تاملارنى ئەسلەتتى. پەرىدە ئۇنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىشىكنى چەككەندە ئاچمىسام بوپتىكەن دەپ ئويلاپ قالدى. ئىشىك چېكىلگەندە ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشنى تۇيغاندەك بولغانىدى، بىراق يەنىلا ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ قالدى.

تاھىر دەلدۈگىنىپ بىر ئورنىدا تۇرالمايتتى . ئۇنىڭ تۇرقى پەردىگە ھەم بىچارە ھەم ياۋۇز تۇيۇلدى . پەردە ئۆزىنى تۇزىۋالاي دەپمۇ تۇزىۋالالمىدى . تاھىرنىڭ كۆزلىرى مەستلىكتىن قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ ، قارچۇقلىرى يۇقىرىغا تارتىلىپ كەتكەن . ئۇ مەستلىكتىن ئەلەسلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن پەردەگە ئۇن ـ تىنسىز قاراپ تۇراتتى . سەنتۈرۈلۈپ ئورنىدا تۇرالماي بىرىپ تامغا يۆلىنىۋالدى .

— تاھىر مەست بولۇپ قاپسىز ... ھازىر بەك كەچ بولۇپ قالدى .

پەردە قورقۇپ نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى . تاھىر بولسا ئۇنىڭغا قارىغىنىچە زۇۋان سۈرمەي تۇراتتى . پەردە يەنە ياندۇرۇپ سورىدى :

— تاھىر ، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى ؟

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن .

— تاھىر ... تاھىر ... مەست بولۇپ قاپسىز ... ئەتە ... پاراڭلىشايلى .

— ياق ! — دېدى ئۇ بىردىنلا ۋارقىراپ ، — مەن مەست ئەمەس ! مەن مەست ئەمەس ! مەن ھازىر ھاراق ئىچمىگەن چاغلىرىمغا سېلىشتۇرغاندا يۈز پىرسەنت ساق ! مەن پەقەت ھاراق ئىچمىگەن چاغلىرىمدىلا بىر خىل ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولغان مەستلىك پاتقىقىغا پاتىمەن . مەن ھازىر مەست ... ئەمەس ! ... بۇ يەردە پەقەت سىزلا مەست .

پەردە تاھىردىن قورقۇپ تۇگۈلۈپلا كەتتى . تاھىرنىڭ ئالا ـ جوقا سۆزلىرى پەردە ئۈچۈن ھەم كۈلكىلىك ھەم قورقۇنچلۇق تۇيىلاتتى . ئۇ بىر خىل ۋەھىمە بىلەن تاھىرغا يېلىندى :

— تاھىر ... ئۇنداق قىلماڭ ...

— ھېچقانداق قىلغىنىم يوق ، پەقەتلا سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، سىزنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن باشقىلاردەك خىلمۇ خىل ۋاستىلەردىن پايدىلانغىنىم يوق . مەن پەقەتلا سىزنى ياخشى كۆرەلەيمەن ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايمەن . مەن بۈگۈن سىزنى ئوبدانراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ... راسا ھاراق ئىچتىم ... مەن شۇندىلا سىزنى ئېنىق كۆ-

رۇۋالالايمەن ... شۇ قەدەر يارقىن ... شۇ قەدەر گۈزەل . ئۇ رېئاللىقنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىدا غۇۋالاشمىغان ۋە دەپسەندە قىلىنمىغان پەرىدە ! ھاراق ئىچمىگەن بولسام سىزنى بۇنداق ياخشى كۆرۈۋالالمىغان بولاتتىم ...

ئارىنى يەنە بىر دەم سۈكۈت باستى . ئۇلار ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئۈن ـ تىنسىز قارىشىپ تۇراتتى . پەرىدەگە بۇنداق قارىشىپ تۇ- رۇش مەڭگۈ تۈگىمەيدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى . بۇ خۇددى دەھشەتلىك بىر پارتلاش ئالدىدىكى سۈكۈتتەك پەرىدەنىڭ يۈرىكىنى قىسماقتىدى . بۇ سۈكۈت ۋاقتىنىڭ چەكسىزلىكى ئارىسىدا ھەر بىر مى- نۇتنى چەكسىزلىككە ئىگە قىلماقتىدى . پەرىدە تىنىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ تاھىرغا قارايتتى . سۈكۈت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چەكسىز ھاڭنى كۆر- سەتمەكتىدى . ئۇ دەھشەتلىك بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى ، بىراق ئاخىر ھېچقانداق دەھشەتلىك ئىش يۈز بەرمىدى ، پەقەت :

ـــ سىز ئاخىر مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولىسىز ، ـــ دېدى تاھىر تۇيۇقسىزلا ، ـــ مەن دائىم بۇنى ھېس قىلىپ تۇرىمەن ... مەن سىزدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايمەن ... پەقەت سىز جېنىمغا زامىن بولىدىغان ئاشۇ كۈننى كۈتىمەن . ئۇ كۈن مەن ئۈچۈن ئەڭ بەختلىك بىر كۈن بولىدۇ !

تاھىر سۆزىنى تۈگىتىپ دەلدەڭشىگەن ھالدا كەينىگە ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتى . پەرىدە ئالمان ـ تالمان كېلىپ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئى- شىككە يۆلەنگىنىچە « ئۇھ » دەپ ئېغىر بىر تىندى . ئۇنىڭ بەدىنى لاس- سىدە بوشىشىپ ، چىرايىدىكى ۋەھىمە بۇلۇتلىرى تارقىلىشقا باشلىدى . ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ كارىۋاتقا كېلىپ ياتتى . قاراڭغۇلۇقتا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدى . ئۇ ئەتراپنى چەكسىز كېڭىيىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى .

پەرىدە قاراڭغۇلۇق قوينىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن خۇددى ئۆزىنىڭ يېنىدىلا تاھىر تېخىچە قاراپ تۇرغاندەك ھېس قىلىپ كەتتى ـ دە ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى ، ئاندىن ئەتراپقا

قاراپ تاھىر كۆرۈنمىگەندىن كېيىنلا خاتىرجەم بولدى . تاھىرنىڭ باياتىنقى سۆزلىرىنى قايتىدىن ئەسلەپ باقماقچى بولدى . بىراق ، زادىلا ئەسلىيەلمىدى . پەردە ئاشۇ كۈنى بولغان ئەھۋالنى رەشىدەگە سۆزلەپ بەرگەندە شۇنداق دېگەنىدى . بىراق ، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا ئاشۇ سۆزلەرنى ئەسلىيەلمىگەنلىكىنى رەشىدەگە دەپ بەرمىگەنىدى . « بەلكىم ئاشۇ سۆزلەرنى ئاڭلاش پەردە ئۈچۈن ئىنتايىن ئازابلىق ۋە ئەسلەشنى خالىمايدىغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئاڭلاپ بولۇپلا ئۇنتۇپ قالغاندۇ . » بىر نەچچە يىلدىن كېيىن رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇۋېتىپ شۇنداق دەپ ئويلىدى .

پەردە ئىشىكنى يېپىۋالغاندىن كېيىن تاھىرغا ئىشىكنىڭ يېپىلغان ئاۋازى خۇددى بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشىكنىڭ يېپىلىشىدەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇ ئىشىككە يۆلەنگىنىچە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن قانداقتۇر بىر سېزىم خۇددى ئىللىق سۇدەك ئۇنىڭ ئۇگىلىرىگە سىڭىپ ، ئۇ جانسىزلىنىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى . ئۇنىڭ ئىشىككە يۆلەنگەن گەۋدىسى ئاستا ـ ئاستا سىيرىلىپ ئۇ داق يەردە مۈكچىيىپ زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى .

ناھايىتى كىچە بولۇپ كەتكەن بولۇپ ئۇزۇن كارىدوردا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . تاھىرنىڭ كۆزىگە كارىدورنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئەينەك دېرىزە گاھ بىر ، گاھ ئىككى بولۇپ كۆرۈنەتتى . تاھىرنىڭ ئىچى ئېلىشىپ مېڭىسى ۋىڭىلدايتتى . ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى ۋىڭىلدىغان ئاۋازنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ كارىدورنىڭ ئۇ چېتىدىكى دېرىزە بارا ـ بارا يوقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى . تاھىر بۇ دۇنيادىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىردىنبىر يوچۇقتەك دېرىزىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى ، ئۇ دېرىزىگە قارىمىسىلا دېرىزە يوقىلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . شۇڭا ، ئۇ دېرىزىنى يوقىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن قاتتىق تىرىشتى . بىراق ، دېرىزە ئاخىرى ئاسمانغا ئۇچۇپلا چىقىپ كېتىپ يوقالدى . تاھىر يانغا قىڭغىيىپ ئاخىرى يېتىپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ھېلىقى دېرىزىنى — يوچۇقنى ئىزدەيتتى . بۇ قېتىم ئۇ يوچۇق گاھ ھاۋاغا ئۆرلەپ گاھ تۆۋەنگە چۆكۈپ

كېتىپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گاھ پەيدا بولۇپ گاھ يوقىلىپ ئاخىرى بۇ كۆرۈنۈشلەر بارا ـ بارا غۇۋالىشىپ دېرىزە ۋە غۇۋا كارىدۇر بىر خىل قىزىللىق ئىچىدە يوقاپ كەتتى. تاھىرنىڭ كۆز ئالدى قىپقىزىل قان يەنى بۇژۇلداپ ئۆركەشلەپ تۇرغان قان بىلەن تولدى. ئۇ ئۆزى ئاشۇ قىزىللىق ئىچىگە غەرق بولۇپ، كېتىۋاتامدۇ ياكى ئاشۇ قىزىللىق ئۇنىڭ پۈتكۈل سەزگۈلىرىگە سىڭىپ كىرىپ ئۇنىڭغا ئاشۇ قىزىللىقتىن باشقا ھېچ نەرسىنى ھېس قىلدۇرمايۋاتامدۇ، بۇنى تاھىرنىڭ ئۆزىمۇ مەڭگۈ بىلمەيدۇ.

پەرىدە ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىپ دېرىزىگە قاراپ، تاڭ ئاتقانلىقىنى بىلدى ـ دە، تېزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىپ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، قولىغا سوپۇن ۋە چىش پاستىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئىشىكنى ئېچىشىغىلا ئىشىككە يۆلەنگىنىچە ئۇخلاپ قالغان تاھىر ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن بىرگە يىقىلىپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن پەرىدە چۆچۈپ ۋارقىراپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەردە تېخىچە مەست ھالەتتە ياتقان تاھىرغا چەكچەيگەن ھالدا قادىلىپ قاراپ قالدى.

پەرىدە خىزمەتتە ئىبراھىمنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاشۇ بىر كۈنى ئىبراھىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەخسۇس پاراڭلاشقىنى ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقماس بىر قېتىملىق سۆھبەت ئىدى. ئۇ كۈنى ئىبراھىم ئۇنى ئىشخانىسىغا ئالاھىدە چاقىرتقانىدى.

ئىبراھىم ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلگەن پەرىدەنى كۈلۈمسىرەپ ساپادا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى:

— كېلىڭ قىزىم، ئولتۇرۇڭ...

پەرىدە ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى، ئىبراھىم ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى:

ـ رەسمىيەتلىرىڭىزنى تولۇق بېجىرىپ بولالىدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، بېجىرىپ بولدۇم.

— شۇنچىلىك ئاددىي ئىشمۇ ئەجەب كەينىگە سوزۇلۇپ كەتتى ـ

ھە ! بىر ، ئىككى سائەتلىك ئىشنى ئىچى يامان مۇناپىقلار ئىككى ئايغا سوزىۋەتتى . يا ئۆزىنىڭ قولىدىن پوق كەلمەيدۇ ، ئىچى زەھەر ، چېقىم-خورلارنىڭ ...

— كىم ئۇ چېقىمخورلۇق قىلغان ؟

— ھېلىقى مەرەمنىسا دېگەن دۆت ئېشەك بولمامدۇ .

— ئۇ نېمە دەپ چېقىمخورلۇق قىلىدىكەن ؟

ئىبراھىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ پەرىدە ھەيران قالدى . ئۇنىڭ نەزەرىدە دۇنيادا ئەسكى ئادەم يوق ئىدى . بۇ ئۇنىڭ ھايات ۋە ئادەملەر توغرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم كۆز قارىشى ئىدى . ئۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ، ئۆچمەنلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىنى چۈشەنمەسلىك دەپ قارايتتى . بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇ پۈتۈنلەي تىل دەپ قارايتتى . كىشىلەرنىڭ تىل ئىشلىتىش ئىقتىدارى ئوخشايدۇ . شۇڭا ، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن زىددىيەتلىشىدۇ ، ئۆچەكىشىدۇ . پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپىتىنى ئېلىپ كەلگۈچىمۇ دەل شۇ تىل . تىلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۇچۇن بەزىلەر ئاشۇ يېتەرسىزلىكنى ئۆز تەسەۋۋۇرى بىلەن تولۇقلاپ ئۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدە مەنىلەرنى چىقىرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن سۆزلەردىن ئۆز ـ ئارا پۈتاق چىقىرىۋېرىش نەتىجىسىدە تىلنىڭ مەنىسى شاخلاپ ، كېڭىيىپ بىر ـ بىرىگە پاتماي قىستىلىپ پارتلايدۇ . مانا بۇ ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . پەرىدە دۈشمەنلىشىشتىن بار كۈچى بىلەن قاچاتتى . ئۇ دۇنيادا بىكاردىن ـ بىكار باشقىلارغا ساپلا قارا نىيەت بىلەن دۈشمەنلىك قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى . شۇڭا ، ئۇ مەرەمنىسانىڭ ئۆزى بىلەن تونۇشماي تۇرۇپلا دۈشمەنلىك قىلىشىنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى .

ئىبراھىم تاماكىنى قاتتىق بىر شورىۋېتىپ جاۋاب بەردى :

— ئۇنىڭ يانچۇقچىلىق قىلىپ يۈرگەن بىر ئوغلى بار ئىدى ، شۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرماي ، ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمىنى ئارقا ئىشىك يەپ ئورۇنلاشتۇردى دەپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلمامدۇ ؟

— ئۇنىڭ ئوغلى قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ؟
— ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي ، كوچا - كويلاردا يانچۇقچىلىق قىلىپ يۈرگەن نەرسە بولىمامدۇ .
پەردە هاڭ - تاڭ قالغىنىچە تۇرۇپ قالدى :
— تـوۋا خۇدايىم ، راستىنلا غەلىتە ئىشقۇ بۇ ، ئۇنىڭچە بولغاندا بىزدەك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەنلەر ئىشسىز يۈرۈپ ئۇنىڭ ساۋاتسىز ئوغلى ئىشقا ئورۇنلىشىشى كېرەكمىكەن ؟ ... توۋا .. راستىنلا شۇنداق ئويلايدىغانلارمۇ بارمۇ ؟
— ئۇ سىزنى قولىدىن هېچ ئىش كەلمەيدۇ دەپتۇ .
— ئۇنىڭ ئوغلى نېمە ئىش قىلالايدىكەن ؟
— هەي ! ... ئۇنىڭدا نەدىمۇ بۇلارنى سىلىشتۇرغىدەك مىڭە بولسۇن . مانا مۇشۇنداق دۆت ئېشەكلەرنىڭ كۆپلىكىدىن هېچ ئىش ئاقمايدۇ . ئۇ سىزنى ئوغلى بىلەن ئەمەس ئۆزى بىلەن سىلىشتۇرىدۇ - دە !
— ئۇنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلىدۇ ؟ مەن بۇ ئىدارىگە كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ ئىشخانىدا مائاش جەدۋىلىگە ئىمزا قويۇشتىن باشقا بىرەر ئىش قىلغىنىنى كۆرۈپ باققىنىم يوققۇ ؟
— ئۇ مەن 30 يىللىق خىزمەتچى تۇرسام نېمىشقا مېنىڭ ئوغلۇمنى ئورۇنلاشتۇرمايسەن دەيدۇ . ئۇ بىر ساۋاتسىز مەخلۇق ، ئۇنىڭ 30 يىللىق خىزمەت ستاژىدىن باشقا هېچ نەرسىسى يوق ! ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ 30 يىللىق خىزمەت ستاژىنى سىلىشتۇرۇۋاتقان گەپ ... بۇنىڭ هەيران قالغۇدەك هېچ يېرى يوق . سىز ئەمدىلا خىزمەتكە قاتناشتىڭىز ، ئەقىلغا سىغمايدىغان غەلىتە ئىشلار ئالدىڭىزدا ساماندەك چېچىلىپ ياتىدۇ . ئۆتكەندە ئەكىلىپ بەرگەن ماقالىلىرىڭىزنى كۆردۈم .. ناھايىتى ياخشى ... بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۇلارغا ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىپ قويۇڭ . لېكىن ، ئۇلار بارلىق ئامالىرىنى ئىشقا سېلىپ سىزگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ .
پەردە تېخىمۇ هەيران بولۇپ سورىدى :
— نېمىشقا ؟

— سىز ئەمدىلا جەمئىيەتكە قەدەم قويۇۋاتىسىز ، بەزى گەپلەرگە بەلكىم ئىشەنگىنىڭىز كەلمەيدۇ ... ئۇلاردا ئەقلىي تەپەككۇر ، لوگىكىلىق تەپەككۇر مەۋجۇت ئەمەس . ئۇلارنىڭ كاللىسىدا سەۋەب ـ نەتىجە دېگەن ئەرسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەلىتە داۋلىلىرىغا ھەرگىزمۇ ئاساس تەلەپ قىلمايدۇ . سەۋەبسىزلا سىز بىلەن ئىچىشىۋېرىدۇ . بىراق ، ئۇنداق دېسەم ئىرادىڭىزنى بوشاشتۇرۇپ قويماڭ يەنە ، سىزنى قوللايدىغان ياخشى ئادەملەرمۇ جىق ، بىراق چىقىمخورلۇق ۋە بىتنىخورلۇقتىن باشقا ھېچ ئىش قولدىن كەلمەيدىغان ، ئادەمگە ماڭدامدا بىر زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلايدىغان مەخلۇقلارمۇ ئاز ئەمەس . شۇنداقتىمۇ سىز ھېچ نەرسىدىن ئەنسىرىمەي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەڭ . ھەر قانداق بىر ئىشىڭىز بولسا مەيلى خىزمەتتە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر بولسۇن ، مەيلى پىلانىڭىز بولسۇن ياكى مەسلىھەتىڭىز بولسۇن ماڭا دەڭ . مەن قولۇمدىن كېلىشىچە سىزنى يۆلەيمەن !

— رەھمەت ... مەن بۇنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇم .

— قېنى خىزمەتتە نېمە ئىشلارنى قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز ؟

پەردە بىردەم ئارىسالدىلىق ئىچىدە تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئىبراھىمغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ ، ئۇنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ سەل جانلانغاندەك بولۇپ ئاندىن ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى :

— نازارەتتىن ئازراق ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ئالغىلى بولارمۇ ؟

ئىبراھىم كۈلۈپ كېتىپ :

— نېمە ، بىرەر كارخانا بەرپا قىلىشنى ئويلاۋاتامسىز نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەئە ، بۇ مېنىڭ ھازىرقى ئارزۇيۇم .

— ھازىرچە سەل بالدۇرلۇق قىلارمىكىن . سىز ئەمدىلا خىزمەتكە قاتناشتىڭىز ، تازا تەجرىبىڭىز يوق .

— لېكىن مەندە ئىشەنچ بار .

— ھازىرچە سەل بالدۇر . يالغۇزلا ئىشەنچكە تايانغىلى بولمايدۇ .

ئەگەر بەك بىر ئىش قىلىپ پۇل تېپىشنى ئارزۇ قىلسىڭىز ، ئىشنى كىـ
چىكرەك ئىشلاردىن باشلىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، مەسىلەن باشتا مائاشنى تو،خـ
تىتىپ شتاتنى ساقلىتىپ قويۇپ ئازراق ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇلـ
لىنىپ كۆرۈپ بېقىڭ .

پەرىدە خىيالغا چۆمگىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپ ئېيتتى :

— هازىرقى دەۋر ئۇچۇر دەۋرى ، ئۇششاق — چۈششەك نەرسە-
لەرنى ئېلىپ سېتىش ، ئۇياقتىن — بۇياققا مال يۆتكەپ سېتىش قاتارلىق
تىجارەتلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى . ئىستىقبالى يوق ، ئەڭ مۇھىمى
مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە مەدەنىيىتى ئۈچۈن ھېچقانچىلىك ئەھمىيىتى
يوق . ئۇ كىشىلەرنى پۇلدىن ئىبارەت ناھايىتى تار رامكا ئىچىگە تەقىپ
قىلىپ قويىدۇ . ئۇ كىشىلەرنى پەقەت پۇل ئۈچۈنلا پۇل تېپىشقا ئېلىپ
بارىدۇ . بىز بولساق مىللەت ۋە خەلقىنىڭ روناق تېپىشى ، مەدەنىيەتنىڭ
راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پۇل تېپىشىمىز لازىم . هازىر باشقىلار كارخانىلا-
شىشقا ، شىركەتلىشىشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە . ئەڭ مۇھىمى مىللىتىمىز
ئىچىدە بۇ تېخى بىر بوز يەر ، كىشىلىرىمىز پەقەت ئېلىپ — سېتىش تى-
جارىتىگىلا يېپىشۋالغان ، بۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بەك كۆپ
بولغاچقا ، بۇنىڭ ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىشقا يوچۇق تاپماق تەس . شۇ-
ڭا ، ئەڭ مۇھىمى بىز ئاشۇ بوز يەرنى ئېچىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك .

ئىبراهىم پەرىدەگە مەسلىكى كەلگەن هالدا قاراپ كۈلدى :

— سىزنىڭ يۈكسەك غايىلىرىڭىزغا قايىلمەن . سىز بۇ توغرىدا
تەپسىلىيرەك توختىلىپ بىر پىلان يېزىپ چىقىڭ ، مەن كۆرۈپ باقاي .

پەرىدە خۇشاللىقىنى باسالماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— قىزىم ، سىزگە ئېيتىدىغان بىر گەپ بار ئىدى . بۇنى سىزگە
ئېيتىش ياكى ئېيتماسلىق توغرىسىدا كۆپ ئويلاندىم ، بىراق ئېيتمىسام
بەنىلا بولمىدى . سىز كامىلنى چۈشەنمەمسىز ؟

پەرىدە كامىلنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن چىرايى ئۆزگىرىپ
بىردىنلا غەمكىن هالەتكە كىرىپ قالدى . لېكىن ئۇ چاندۇرماستىن كۆ-
لۈمسىرەشكە تىرىشىپ :

— چۈشىنىمەن ... ئۇ ... ياخشى يىگىت ، — دەپ جاۋاب بەردى .
— مەن ئۇنىڭ سىزدەك بىر ياخشى قىزغا ئۇچراپ قالغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشالمەن ، مەن كامىلنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلىسام بېشىمغا تاغ چۈشكەندەك غەمگە قالاتتىم . ھەممىسى مېنىڭ سەۋەنلىكىم . مەن ئۆز ئىشلىرىم بىلەن بولۇپ كېتىپ ئائىلە تەربىيىسىگە تازا ئەھمىيەت بېرەلمىدىم .. كامىلنىڭ ئاخىر جىنايەت يولىدا مېڭىپ قىلىشىدا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئاز ئەمەس ، مەن ئەيىبلىك ، مەن ئەمدى ھەممە ئۈمىدنى سىزگە باغلىدىم . سىز بەلكىم كامىلنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ...
— ياق ... مەن بۇنى بىلىمەن .
— سىز ئۇنىڭ ئۆز يولىنى تېپىۋېلىشىغا يار.ەم قىلىڭ قىزىم .
ئىبراھىمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ پەرىدەنىڭ ئىچى ئاچچىق ئېچىشىپ كەتتى . ئىبراھىمنىڭ سۆزلىرى خۇددى ئۇنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن كەلگۈسى ئوتتۇرىسىنى كېسىپ تاشلايدىغان ئۆتكۈر پىچاقتەك تۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇ خۇددى ئەركىنى ۋە ئاشۇ گۈزەل مۇھەببەتلىك ئۆتمۈشنى ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدىنمۇ يوقىتىۋېتىپ قىلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ، بىرەر خالىي جاينى تېپىپ ئاشۇ گۈزەل كەچمىشلىرىنى قايتا ـ قايتا كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگۈسى كېلىپ كەتتى .
ئۇ ئىبراھىم بىلەن خوشلىشىپ ئالدىراپ ياتىقىغا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى . بۇ ئۇنىڭغا ئىدارىدىن بېرىلگەن ياتاق ئىدى . ياتاقتا ھازىرچە نېخى كارىۋاتتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى . ئۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ھەممە ئىشلارنى قايتىدىن ئەسلەپ چىقماقچى بولدى . بىراق ، بۇ ھالەت ئۇنىڭغا تازا ئارامخۇدا بىلىنمىدى ، ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرىگە نېمىلەردۇر تۇسالغۇلۇق قىلىدىغاندەك بىلىنەتتى . بۇنداق شېرىن ئەسلىمىلەرنى ئەڭ ياخشى ھالەتتە تۇرۇپ ئەسلەش كېرەكتەك ھېس قىلاتتى . ئۇ بىردەم تامغا يۆلىنىپ پۇتىنى ئۇزارتىپ ئولتۇرۇپ باقتى ، بىردەم ئىككى قولى بىلەن ئىڭىكىنى تىرەپ شىرەگە تايىنىپ ئولتۇرۇپ باقتى . نەتىجە يەنىلا ئوخشاش . ئۇ ھالىتىنى يەنە خىلمۇ خىل ئۆزگەر-

تىپ باقتى . نېمىدۇر بىر نەرسە ئۇنىڭ شېرىن، ئەسلىمىلەر قوينىغا چۆ-
مۈلۈشىگە توسالغۇلۇق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇنىڭ ئېڭىدا ئادەمنى
تولىمۇ بىئارام قىلىدىغان بىر خىل بوشلۇق بار ئىدى . ئۇ ھەرقانداق قى-
لىپمۇ بۇ بوشلۇقنى تولدۇرالمىدى . بۇ بوشلۇق ئۇنىڭ چەكسىز كەلگۈ-
سىدەك ئېچىرقاپ ، ھۆركىرەپ تۇراتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭ-
شىيەلمەسلىكىدىكى سەۋەبنىڭ ياتاقنىڭ مۇھىتىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى
باشقا پسىخىك سەۋەب بارلىقىنى زادىلا بىلەلمىدى . ئۇ زادىلا دىققىتىنى
يىغالماي تۇرغاندا قېرىشقاندەك ئىشىك چېكىلدى .
ئىشىك چەككۈچى كامىل ئىدى . پەرىدە ئۇنى كۆرۈپ نېمە
ئۈچۈندۇر چۆچۈگەن ھالدا داڭ قاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى ، ئۇنىڭ يوغان
كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى .
— نېمە ئىش بولدى ، نېمانداق چۆچۈپ كېتىسىز ؟ — سورىدى
كامىل .
پەرىدە ئېسىنى يىغىپ دەرھال ئۆزىنى تۈزەشتۈردى :
— ھېچ ئىش ... كېلىڭ ...
كامىل ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويۇپ پەرىدەنىڭ يېنىغا كېلىپ
ئولتۇردى ، پەرىدە يەنىلا بىر خىل ئەنسىزلىك ئىلكىدە ئولتۇراتتى . بىر
ئازدىن كېيىن ئۇ چاندۇرماستىن كامىلغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويماقچى
بولدى ، بىراق كۈلكىسى زادىلا قاملاشماي قالدى .
— يېڭى ياتىقىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن ، ئەمدىغۇ سەل خاتىرجەم
بولغانسىز ؟
- بۇ كۈنلەرگە بەكمۇ تەستە ئېرىشتىم .
— تېخى يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىسىز ، بۇ ئەمدىلا باش-
لىنىشى ، بۇنىڭدا كۆپ ياتسىڭىز يېرىم يىلدەك ياتارسىز ، ئۇنىڭدىن كې-
يىن دادام سىزگە ئىدارىنىڭ بىر يۈرۈش ئۆيىنى تەقسىم قىلدۇرۇپ بې-
رىدۇ ، ئۇ بىزنىڭ ئۆيىمىز بولىدۇ .
پەرىدە زورۇقۇپ كۈلۈمسىرەپ قويدى ، كامىل پەرىدەنىڭ مۈرى-
سىگە مېھرىبانلىق بىلەن قولىنى قويدى ، پەرىدە ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ

قويۇپ ئاندىن يەرگە قارىۋالدى ، كامىل ئۇنى قۇچاقلىماقچى بولۇپ ئۆ-
زىگە تارتىۋىدى ، پەرىدە قاتتىق جىددىيلىشىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ
كەتمەكچى بولدى . بۇنىڭغا باشقا باھانە تاپالماستىن :

— مەن سىزگە چاي قۇياي ... — دېدى - دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ
كەتتى .

— چاي قۇياي ؟ سىز بۇ ياتاققا ئەمدىلا كىرگەن تۇرۇپ ... تېخى
قاچا - قومۇچلارنى ئالمىغانسىز ؟ — ئۇ ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ چىقىپ
ھەيرانلىق بىلەن شۇنداق دېدى .

— يادىمدا يوق ... مەن ...

كامىل پەرىدەنى يەنىلا قۇچىقىغا تارتتى . پەرىدە ئۇنى ئىتتىرىۋې-
تىپ ، ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ كەتتى .

كامىل ھەيرانلىق بىلەن سورىدى :

— پەرىدە سىزگە نېمە بولدى ؟

پەرىدە كامىلغا قارىماستىن :

— ھېچ نەرسە ... — دەپ قويدى بوشلا ئاۋاز بىلەن .

— ئېيتىڭە ، زادى نېمە ئىش ؟ ... مېنى ... مېنى ياخشى كۆرمەس
بولۇپ قالغان ئوخشىماسسىز ؟

— ياق ، كامىل ئۇنداق ئەمەس ، بۇگۈن كەيپىياتىم تازا ياخشى
ئەمەس ... بىردەم يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرگۈم بار ئىدى .

— بۈگۈن ئەسلىدە سىز خۇشال بولۇشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ ،
ھەممە ئىشلىرىڭىز ھەل بولدى ... يەنە نېمىدىن غەم يەيسىز ...

— كەچۈرۈڭ ، كامىل ، مېنى بىردەم ئارامخۇدا قويۇڭ ... ئۆتۈنۈپ
قالاي .

كامىل پەرىدەنىڭ نېمىشقا بىردىنلا ئۆزىگە بۇنداق سوغۇق مۇئا-
مىلىدە بولۇپ قالغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى . ئۇ سەل رەنجىگەندەك
ئەلپاز بىلەن چىقىپ كەتتى . ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا خۇددى زىممى-
سىدىكى ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك پەرىدە ئۇھ دەپ چوڭقۇر بىر
تىنىپ سەل ئارام تاپقاندەك بولدى . كامىل ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۇنىڭغا

تېلېفون بەردى .

— پەرىدە ، سىز مەندىن نېمىشقا رەنجىپ قالدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى كامىلنىڭ ئاۋازى يېلىنغاندەك قىلىپ ، كامىلنىڭ تېلېفوندىكى ئاۋازى پەرىدەنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىۋەتتى : — تۈنۈگۈن بىر كۈن ناھايىتى كۆڭۈل غەشلىكتە ئۆتتۈم ... سىز مەندىن رەنجىپ قالغان بولسىڭىز راست گەپنى ئېيتىۋېرىڭ .

— ياق ، سىزدىن زادىلا رەنجىپ قالغىنىم يوق .

— ياق سىز مەندىن يوشۇرۇۋاتىسىز ... تۈنۈگۈن بىر كۈننى قانچىلىك تەسلىكتە ئۆتكۈزگىنىمنى بىلەمسىز ... سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ھەقىقىي گەپنى ئاڭلىمىسام زادى بولمايدۇ ... مېنىڭ كۆڭلۈم بەك يېرىم ... سىز رەنجىمىدىم دەپ يالغان قويۇۋاتىسىز .

پەرىدە :

— ياق سىزدىن رەنجىمىدىم ، ماڭا ئىشىنىڭ ، — دېۋىدى ، شۇنىڭ بىلەن كامىلنىڭ چىرايىدا ئازراق كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى :

— ئۇنداقتا بۈگۈن كەچتە كۆرۈشەيلى ، مەن ياتىقىڭىزغا بارىمەن ساقلاپ تۇرۇڭ ، كەچلىك تاماقنى بىرلىكتە يەيلى .

پەرىدە بۇنى قانداق رەت قىلىشنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قېلىپ ئاندىن جاۋاب بەردى :

— كەچتىمۇ ؟ ياق ، كەچتە چولۇم تەگمەيدۇ ... كەچتە ئازراق يازىدىغان بىر نەرسە بار ئىدى ...

— ھەئە بۈگۈن كېچە يېزىۋەتمىسەم بولمايدۇ ... خاپا بولماڭ ...

بىراق كامىل كەچتە كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ ، مەن يەنە بىر كېچە ئۇخلىيالمايمەن ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى سىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئارامىغا چۈشۈرمىسەم بولمايدۇ دەپ قاتتىق چىڭ تۇرۇۋالدى . كەچتە كامىل پەرىدەنى ئىزدەپ كەلدى . پەرىدە ئۇنىڭغا يەنىلا تۈنۈگۈن كەچتىكىدەك مۇئامىلە قىلىپ قويارمەنمۇ دەپ ئۇنى داۋاملىق رەنجىتىپ ئۇنىڭ كاللىسىدا باشقا گۇمانلارنىڭ تۇغۇلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ئەنسىرىگەنىدى .

كەچتە ئىشتىن يانغىچە مۇزدەك سوغۇق شامال بىلەن قار مەنزى-
سى ئۇنىڭ روھىنى سەل ئۇرغۇتۇپ قويدىمۇ ئەيتاۋۇر كەيپىياتى كۆتۈ-
رۈلۈپ قالدى . كۈندە تۇمان بېسىپ تۇرىدىغان بۇ شەھەر ئۇ كۈنى نا-
ھايىتى ئوچۇق ۋە ساپ ئىدى . كەچتە چەكسىز ئاسمان قوينىدا ئاپئاق
قار قاراڭغۇلۇقتا كۆكۈش كۆرۈنەتتى . بۇ كۆكۈش رەڭ ئۇنى ھەم سو-
غۇق ھەم سۈرلۈك ھەم لىرىكلىق قىلىپ كۆرسىتەتتى .

كامىل پەرىدەنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنىڭ لەۋلىرىگە قانماي سۆ-
يۈپ ، پەرىدەنىڭ كۆزلىرىگە مەپتۇنلۇق بىلەن تىكىلدى :

— پەرىدە ، سىز مېنىڭ ھاياتىمنى ئۆزگەرتتىڭىز . مەن بۇرۇن
ناھايىتى چۈشكۈن ئىدىم . ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا بوينۇمغىچە پاتقان-
دىم . كەلگۈسۈم قاپقاراڭغۇ تۇيۇلاتتى . سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىن
كېيىن مەن باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم . سىز مېنى تاشلى-
ۋەتمەڭ ... مەن خۇددى ھاياتىم ئەمدىلا باشلانغاندەك ، بۇرۇن زادىلا يا-
شاپ باقمىغاندەك بولۇپ قالدىم . بۇرۇن زادى نېمە خىيال نېمە ئارزۇلار
بىلەن ياشىغانلىقىمنى ، قانداق ياشىغانلىقىمنى ھازىر ئەسلىيەلمەيمەن .
خۇددى بۇرۇن ياشاپ باقمىغاندەك ، بۇرۇنقى ھاياتىم قۇپقۇرۇق تۇيۇلى-
دۇ . بۇرۇنقى ھاياتىم ئۆلگىدەك مەست بولغان ئادەمنىڭ ئەقلىنى يوقاتقان
چاغدىكى قىلغان ئىشلىرىدەك مەنىسىز ئىكەن . مەن ئەمدى ئاشۇ ئېغىر
مەستلىكتىن ئويغاندىم . مەن ئەمدى ئويغانسام بۇرۇنقى ھاياتىم غەرق
مەست كىشىنىڭ مەستلىكتىكى ، ئىشلىرىنى ئەسلىيەلمىگەندەك ... —

كامىل پەرىدەگە نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدى . پەرىدە بېشىنى كامىلنىڭ
مۈرىسىگە قويغان ھالدا خىيالغا پاتقان بولۇپ ئۇنىڭ ئېڭىدا تاھىرنىڭ
ئاشۇ ۋىجىككىنە كەلگەن گەۋدىسى ئاستا ـ ئاستا شەكىللەنمەكتىدى . ئۇ
ئاشۇ كۈنى ئۆزىنىڭ نېمىشقا تاھىرنى ئەسلەپ قالغىنىنى بىلمەيتتى . تا-
ھىر بىر تۈپ دەرەخكە يۆلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى :

— پەرىدە مەن ھازىر غەرق مەست ئادەم مەستلىكتىن ئويغاندەك
بولۇپ قالدىم . مېنىڭ بۇرۇنقى ھاياتىم خۇددى مەستنىڭ مەستلىكتىكى
ئىشلىرىدەك كۆز ئالدىمدىن بىردىنلا يوقالدى . مېنىڭ ھاياتىم ئەمدىلا

باشلاندى. بۇرۇن مېنىڭ قەلبىمدە مۇھەببەت يوق ئىدى. مەن بۇرۇن زادى نېمە خىيال، نېمە غايە بىلەن ياشىغانلىقىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. مەن ئەمدى بىردىنلا مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ناھايىتى مۇقەددەس بولغان گۈزەللىكنى بايقىۋالدىم. گەرچە ئۇ ئىنتايىن ئازابلىق بولسىمۇ، بىراق مەن ئۆز قەلبىمدە مۇھەببەت ئوتلىرىنىڭ يېلىنجىشىدىن خۇشالمەن. ئۇ كۈچەيگەنسېرى مېنى شۇنچە ئازابلايدۇ، ئۇ قانچە ئازابلىق بولغانسېرى شۇنچە مۇقەددەسلىشىدۇ ۋە گۈزەللىشىدۇ. مېنىڭ ھاياتىم سۆيگۈنىڭ گۈزەل كۈيلىرى بىلەن تولىدۇ. مۇھەببەت ئازابى مېنىڭ ھاياتىمغا زور مەنىلەرنى بەخش ئەتتى. مەن مۇھەببەتنىڭ شېرىن ئازابىنىڭ لەززىتىنى سۈرۈپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىمەن. سىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن بۇرۇن مېنىڭ ھاياتىمدا لەززەتلەنگۈدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى. پەرىدە بىز توي قىلايلى، مېنىڭ خىيالىم ھازىر شۇنىڭدىلا قالدى، — دېدى كامىل.

پەرىدە بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە خىيالدىن ئويغانماي قاراپ تۇراتتى. ئۇ كامىلنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندى. ئۇنىڭ ئېڭىدا تاھىرنىڭ ئوبرازى بىلەن ئەركىننىڭ ئوبرازى ئالماشتى.

ئەركىن مەمنۇنلۇق بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئەركىن ئېيتقىچە، ھاياتتىكى ئىشلارنى پەرەز قىلغىلى بولمايدۇ، ئەگەر بىر كۈنلىرى ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىپ قېلىشىمىزغا توغرا كەلسە سىز قانداق قىلىسىز؟ — سورىغانىدى پەرىدە.

— نېمە؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس!

— ئۇغۇ مۇمكىن ئەمەس، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا...

— مېنىڭ ئېڭىمدا ئايرىلىش دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس. مەڭگۈ مەۋجۇت بولمايدۇ، شۇڭا سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بەرمەيمەن.

پەرىدە كامىلنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە تۇراتتى.

ئەرلەرنىڭ ھەممىسى نېمىشقا خۇددى ئۇنىئالغۇغا ئېلىپ قويغاندەك

ئوخشاشلا سۆزلەيدىغاندۇ ؟ پەردە ھەيران قالدى . ياكى كىشلەر ئوباشاش بىر ھېسسىياتتا ئوخشاش بىر ئىشقا دۇچ كەلسە خىياللىرى ۋە سۆزلىرىمۇ بىر ـ بىرىنى دورىۋالمىسىمۇ شۇنداق ئوخشاپ قالامدىغاندۇ يا ! ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلەرنى قايسىدۇر بىرەر كىتابتىن ئۆگىنىۋالغان بولۇشىمۇ ناتايىن ... ئويلىدى پەردە . پەردە ئويلىغانسېرى خىياللىرى چىگىشلىشىپ ئاخىرىدا ھېچ نەرسىنى ئويلىيالماي قالدى . ئۇ شۇندىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ خۇددى كۆزلىرى ئارقىلىق ئىچىنى كۆرمەكچى بولغاندەك كامىلنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى . بۇ كۆزلەرگە قاراش بىلەنلا پەردەنىڭ كۆڭلى بەكمۇ غەش بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇشكە بىلەن يۇملاق قىلىپ تېشىپ قويغاندەكلا كۆرۈنەتتى . ئۇ پەردەگە غەلىتە بىر تۆشۈكتەكلا بىلىنىپ كەتتى . بۇ تۆشۈكنىڭ ئىچىدە خۇددى قۇرت باردەكلا تۇيۇلدى . پەردە بۇرۇن كامىلنىڭ چىرايىغا ئۆزىنىڭ زادىلا زەن سېلىپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ھەيران قالدى . تو ۋا ، خۇدايىم ، ئۇنى چىرايلىقمىدۇ يا سەتمىدۇ دەپ بولسىمۇ قاراپ باقماپتىمەنا ! پەردە بۇنى ئۇنتۇلۇپ قالغانىدى ، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەردىبىردەك تۇيۇلغانىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ ئېڭىدا ھېچكىمنىڭ ئوبرازى ئەركىننىڭ ئوبرازىنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى . ئۇ كامىلنىڭ چىرايىنى تېزلىكتە كۆزىتىپ چىقتى : ئۇچلۇق ئېڭەك ، ئۇنى تېخىمۇ ئېگىز بويلۇق ئادەمدەك كۆرسىتىدىغان ئورۇق ۋە سوزۇنچاقراق كەلگەن يۈز ، بۈركۈتنىڭكىدەك ئىلمەك ۋە ئېگىز بۇرۇن ... ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇستىدە ۋە ئەتراپلىرىدا سۇس سەپكۈنلەر بار بولۇپ ، بۇرنىنىڭ تېرىسى چوقچىيىپ تۇرغان قاڭشىرى دەستىدىن تارتىشىپ تۇراتتى . نېمە ئۈچۈندۇر بۇ چىراي پەردەگە كامىلنىڭ ئوغرىلىق قىلمىشىنى ئەسلىتىپ قويدى . ئۇ بۇ چىرايى بىلەن ئۇنىڭغا بەكلا شۇمپەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . بۇرۇن ئۇنىڭغا زادىلا بۇنداق تۇيۇلۇپ باقمىغانىدى . ئۇ كامىلنىڭ ئوغرىلىق قىلىۋاتقان چاغدىكى ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا تىرىشتى ، ئۇ بۇنى كامىلنىڭ چىرايى بىلەن بىرلەشتۈرمەكچى ئىدى . ئۇ بىردىنلا ئۆزىدىكى بۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىمەنە خىيال ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىدى . ئۇنىڭ

بۇ خىيالى ئۆزىگە بەكمۇ بىمەنە تۇيۇلاتتى، بىراق يەنىلا ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايتتى.

— مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — سورىدى كامىل.

— ھەئە! — جاۋاب بەردى پەرىدە، بىراق شۇنداق دەپ بولۇپلا ئىتتىك باشقا ياققا قارىۋېلىپ كۆزىنى كامىلنىڭ كۆزىدىن ئېلىپ قاچتى. ئۇ بۇنى تاتلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىشىم كېرەك ئىدى دەپ ئويلىدى، ئۇ كۈلۈمسىرەپ قويماقچى بولۇپ زادىلا قاملاشتۇرالمىدى، ئەكسىچە كۆڭلى يېرىم بولۇپ تېخىمۇ غەمكىنلىشىپ كەتتى.

ئۇ تەلەپپۇز ۋە چىراي ئىپادەمدىن يالغان سۆزلىگەنلىكىمنى چاندۇرۇپ قويدۇم، دەپ ئويلاپ كامىلنىڭ گۇمان قىلغان سۆزلىرى ۋە سوئاللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈشىنى كۈتتى. بىراق، كامىل ئۈندىمىدى.

ئاياللار كۆپىنچە سۆزلىرىگە ۋە قىياپىتىگە ياسالمىلىق ۋە يالغانىنى ئارىلاشتۇرۇۋالىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر قىزلىرى شۇنداق. چۈنكى، ئۇلار داۋاملىق ئۆز خاھىشى ۋە ئۆز تەلىپىدىن ئىلاجىسىز ۋاز كېچىدۇ. ئاياللار شۇنداق سىرلىق مەخلۇقكى، سەن ئۇلارنىڭ ئاشۇ سۆز ۋە قىياپەتلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئىشىنىسەن. بىراق، ئاياللارغا ئالدىنىش، ئاياللار ئۈچۈن ئېزىش ئەڭ گۈزەل، ئەڭ شېرىن ۋە پۇشايمانسىز ئېزىشتۇر.

كامىل پەرىدەنىڭ ئەركىنىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭدىن «مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟» دەپ سورىغانىدى. ئۇ پەرىدەنىڭ ئۆزى بىلەن نېمە مەقسەتتىن مۇھەببەتلەشكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇنىڭدىن ئاشۇ سۆزنى سورىغانىدى. پەرىدەنىڭ ئاشۇ جاۋابىلا كامىل ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. شۇڭا، كامىل ئۇنىڭدىن ئىنچىكىلەپ سوراپ ئولتۇرمىدى. ھەم شۇنىڭدىن كېيىن پەرىدەدىن زادىلا سوراپ باقمىدى. ئاشۇ ئىشلارنى پەرىدە رەشىدەگە سۆزلەپ بەرگەن چاغدا رەشىدە زادىلا ھەيران قالمىغانىدى. ئەمدى بولسا تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە كامىلنىڭ نېمىشقا

پەردەدىن ئىنچىكىلەپ سورىمىغانلىقىغا ھەيران قىلىۋاتاتتى.

ئاشۇ كۈنى تاھىر بىر ـ بىرى بىلەن سۆيۈشۈۋاتقان كامىل بىلەن پەردەگە مارىلاپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغانىدى. رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىن بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى ئوقۇدى:

« مەن كامىلنىڭ ئۇ يەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. پەردەنىڭ ياتىقى بار بىنانىڭ ئالدىدىكى بىر دالدا جايدا بىر ھازا كۈتۈپ تۇردۇم. كامىل چىقمىدى. يۈرىكىم نېمىشقىدۇر تۇيغاندەك جىددىيلەشمەكتىدى. كامىل خۇددى مېنىڭ غۇرۇرۇمنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ پەردەنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كېتىپ ئۇزۇنغىچە چىقماسلىقى مېنى دەپسەندە بولىنىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. مەن سانسىز قېتىم ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالماقچى بولغانىدىم، بىراق يەنىلا ئاشۇ قارغىش تەگكۈر جايدىن كېتىپ قالالمىدىم. ئاخىر قانداقتۇر بىر ۋەسۋەسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاستا قەدەم تاشلاپ بىنانىڭ ئۈستىگە قاراپ ماڭدىم.

مەن پەردەنىڭ ياتىقى ئالدىغا كېلىپ توختىدىم. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. قاپقاراڭغۇ كارىدوردا چىراغ يورۇقى يوق ئىدى. بۇ قاراڭغۇلۇق مېنى يۇتۇپ كەتمەكچى بولغاندەك تۇيۇلاتتى. مېنىڭ غېرىب گەۋدەم تىنۋش چىقارماستىن ئاستا سۈرىلىپ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. چۈشىنىكسىز بىر جىنايى تۇيغۇ مېڭەمنى ئېلىكىگە ئېلىۋالغانىدى. ئۆزۈمنى بەكمۇ رەزىل ھېس قىلماقتىدىم.

مەن تۈنۈگۈن ئەركىننى ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ناھايىتى غېرىبانە ھالدا كۆرگەنىدىم. مەن ئۇنى كۆرۈپلا بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ يۈرىكىم خۇددى مەلۇم بىر يەردە ئوغرىلىقنىڭ ئىپىنى بايقاپ قالغان ئوغرىنىڭ يۈرىكىدەك سىلىپ كەتتى.

ــ ئەركىن، بۆلەكچىلا كۆرۈنىسەنغۇ؟ ــ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئۇ ئۈن چىقمىدى. مەن بۇنىڭدىن ئۇنىڭ پەردە بىلەن ئايرىلىپ

كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى پەملىدىم . ئۇنىڭ بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا زادى نېمە سەۋەب بولغاندۇ . مەن ئويلاپ ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر سەۋەبنى تېپىپ چىقالمىدىم .

ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ئەركىنىنىڭ چاچلىرى كىرلىشىپ كەتكەنىدى ، ساقاللىرى تىكەندەك ئۆسۈپ كەتكەنىدى ، بىراق ھەممىدىن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى . ئۇ يەنىلا ماڭا شۇ قەدەر غالىبانە ۋە نۇرانە كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىنى ئۇنى ئەبگا قىياپەتكە كىرگۈزۈپ قويماستىن بەلكى تېخىمۇ نۇرانە ، تېخىمۇ قاملاشقان قىلىپ كۆرسىتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . بۇ مېنىڭ تېخىمۇ جېنىمغا تېگەتتى ، ئۇنىڭ ئاشۇ غالىبانە ھالىتى ۋە نۇرانە چىرايى خۇددى مېنىڭ ئەپت ـ بەشىرەمنى ئېچىۋېتىپ بارغاندەك ئۇ قانچە غالىبانە ، قانچە نۇرانە كۆرۈنسە مەن شۇنچە خۇدۇكسىرەپ ، يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتىم . مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىدىم .

— بىرەر پالاكەتكە ئۇچرىمىغانسەن ؟

— ياق .

— ئەمىسە نېمە بولدى .

— بۇنى ھېچكىمگە دېگۈم يوق .

مەن شۇ كۈنىلا رەشىدەگە تېلېفون ئۇرۇپ ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدىم . ئۇ ئەركىنىنىڭ پەرىدە بىلەن ئايرىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېيتتى ، بىراق نېمە ئۈچۈندۇر بۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بەرمىدى .

ماڭا بۇ بىر پۇرسەتتەك تۇيۇلۇپ ، جان كىرگەندەك بولدى . ئاشۇ كۈنى ئىشنى زادى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي ھېچ ئىشقا قولۇم بارماستىن بىر كۈننى ئۆتكۈزگەنىدىم . ئەتىسى ئاخىر پەرىدەنى ئىزدەپ بېرىش خىيالىغا كەلدىم .

پەرىدەنىڭ ياتىقىدىلا چىراغ يورۇقى بار بولۇپ ، ئىشىكنىڭ قىسلاچلىرىدىن چىراغ نۇرى خۇددى پىچاقنىڭ بىسىدەك يالتىراپ قاراڭغۇ كارىدورغا چۈشۈپ تۇراتتى . ئۇ خۇددى مېنىڭ ھاياتىمدىكى

ئەڭ سۆھىم بىر باسقۇچنى چورتلا كېسىپ تاشلاپ ئىككىگە بۆلىۋېتىدىـ
غاندەك كۆرۈنەتتى، بىراق ئەمەلىيەتتە زادىلا ئۇنداق بولمىدى.

مەن ئاستا بېرىپ ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ ئۆي ئىچىدىكى
ئاۋازغا قۇلاق سالدىم. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ شىددەت بىلەن سالاتتى. مەن
پۈتۈن سەزگۈلىرىمنى يىغىپ ئۆي ئىچىدىن مېنى تامامەن تۈگەشتۈرۈـ
ۋېتىدىغان ئاۋازلارنىڭ چىقىشىنى ھەم قورقۇنچ ھەم قىزىقىش ھەم تەشـ
نالىق بىلەن كۈتكەنىدىم. ئۆي ئىچىدىن بوشقىنا شىۋىرلاشقان ئاۋاز
ئاڭلىناتتى. ئاندىن كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يۈرىكىم
بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قالغاندەك بولدى. يۈرىكىمدىكى پۈتكۈل قان دەھـ
شەتلىك بىر سىقىلىش بىلەن سىرغىپ چىقىپ تومۇر ـ تومۇرلىرىمدا
شىددەتلىك چېڭقىلغاندەك ھېس قىلدىم. تۈكۈرۈكۈمنى خۇددى تىنىقىم
توختاپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قاتتىق كۈچىنىپ تۇرۇپ ئىچىمگە
يۇتتۇم. بەدەنلىرىمدىن غەلىتە قارسىلدىغان ئاۋازلار چىقىپ كېتىۋاتاتـ
تى. مېڭەم قۇپقۇرۇقلا بولۇپ قالدى.

مەن بىر ھازادىن كېيىن ئىشىكتىكى ئەسلىدىكى بىخەتەرلىك قۇـ
لۇپى بېكىتىلگەن جايىنى كۆردۈم. پەردە ئاشۇ ياتاققا كۆچۈپ كىرگەنـ
دىن كېيىن ئەسلىدىكى قۇلۇپنى ئېلىۋېتىپ، باشقا يەردىن تۆشۈك ئېـ
چىپ، يېڭى قۇلۇپ بېكىتكەنىدە ئاشۇ تۆشۈكنى ئېتىۋېتىشنى ئۇنتۇلۇپ
قالغان ياكى تېخى ئۈلگۈرەلمىگەن بولسا كېرەك، كونا قۇلۇپنى بېكىتىشتە
ئىشلىتىلگەن تۆشۈكتىن ئۆي ئىچىنى كۆرگىلى بولاتتى. مەن دەرھال
ئاشۇ تۆشۈك بىلەن ئۆي ئىچىگە قارىدىم. ھېلىقى ئەبلەخ پەردەنى —
ئاشۇ مەن ئۈچۈن مۇقەددەس بولغان ۋۇجۇدنى كارىۋاتقا بېسىۋېلىپ،
بارلىق ئىشتىياقى بىلەن سۆيمەكتىدى. ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمنى، مېنىڭ
ياشلىقىمنى، مەن ئۇزۇن يىللار كۆز ياشلىرىم بىلەن قۇرۇپ چىققان
گۈزەل قەسرىمنى ئىپلاس ئاياغلىرى بىلەن دەپسەندە قىلىپ، ۋەيران
قىلماقتىدى. ئاشۇ گۈزەل تەنىنىڭ ئۇنىڭ ئاستىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ
تۇرۇپ تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالمايتتىم. ئۇ مېنىڭ ئېڭىمدا دۇنيادىكى
ھەر قانداق بىر جىسىم يېقىن كېلەلمەيدىغان، ھەر قانداق ئادەمنىڭ يېـ

قىن كېلىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان، پەقەتلا خىيال قىلىشقا، چۈشەشكە، تېۋىنىشقا بولىدىغان مۇقەددەس ۋۇجۇد ئىدى، ئۇ رېئال دۇنياغا تەۋە ئەمەس ئىدى. مېنىڭ نەزەرىمدە ھەر قانداق ئادەم ئۇنى پەقەت خىياللا قىلالىشى، پەقەتلا چۈشەكىشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇ ھازىر ئەڭ ئاددىي بىر ئادەمنىڭ، بىر ئىپلاس تەننىڭ — مۇشۇ ئەخلەت ۋە نىجاسەت بىلەن تولغان دۇنياغا تەۋە تەننىڭ ئاستىدا ياتاتتى. ياق ... بۇ راست ئەمەس ... بۇ بىر يامان خىيال ... بۇ بىر خىيالىي سېزىم!..

ئۇلار توختىماي سۆيۈشۈۋاتاتتى. مانا بۇ ھالەت ماددىنىڭ ئاڭدىن سىرتقى مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاڭغا بويسۇنمايدىغانلىقىنى، ماددىنىڭ مەڭگۈ يېڭىلمەسلىكىدىن ئىبارەت دەھشەتلىك ئۇقۇمنى — كىشىنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان، ھالاكەتلىك، رەھىمسىز ھەقىقەتنى يۈرىكىمگە خۇددى زەھەردەك ئاستا - ئاستا، بىراق شىددەت بىلەن تارقاتماقتا.

ئەگەر بۇلار ھەممىسى پەقەتلا مېنىڭ سېزىمىم بولسا، سېزىمىم ئۆلسىلا — ئاشۇ ھالەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇلارنىڭ سۆيۈشۈپ تۇرغىنىنى كۆرىدىغان كۆرۈش سېزىمىم، ئۇلارنىڭ پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلايدىغان ئاڭلاش سېزىمىم، ئاشۇ يەردە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىدىغان تۇيۇش سېزىمىم، پۇراش سېزىمىم ۋە ئىدراكىم يوقالسىلا، بۇ دۇنيادا مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە يوقىلىپ كەتسە، مېنىڭ ئالدىمدا ئۇلارنىڭ سۆيۈشۈشى، مۇنۇ كارىدور، مۇنۇ بىنا، مۇنۇ زېمىن، مۇنۇ يەر شارى، مۇنۇ كائىنات ئاشۇ سېزىملىرىم بىلەن تەڭلا يوقالسا مەن شۇ ھامانلا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولاتتىم. ئەمدى مەن ياشىشىم كېرەك، چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا مېنىڭ ئېڭىمغا بويسۇنمىغان ھالدا ئېڭىمدىن سىرت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ... مەن ئاشۇ ماددىلاردىن ئۆچ ئېلىشىم، ئۇنى مېنى قىينىيالمايدىغان قىلىشىم كېرەك. بۇ قېتىم ماڭا ھايات ئاتا قىلغىنى مەغلۇبىيەت بولدى. مەن ماددا بىلەن رېئاللىق تەرىپىدىن يېڭىلدىم. شۇڭا، يەنىلا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالمىدىم. بولمىسا ۋۇجۇدۇمدا ئۆلۈۋېلىش ئىستىكى يەنە بىر قېتىم دەھشەتلىك غەليان كۆتۈرگەن بولاتتى.

ئۇلار سۆيۈشمەكتىدى. كاملىنىڭ قوللىرى پەردىنىڭ ئاپئاق يوتىلىرىنى سىلىماقتىدى. بۇلارنى كۆرۈپ تۇرغىنىم ئۈچۈن قاتتىق ئازابلىنىشىم كېرەك ئىدى، بىراق قىزىق يېرى شۇكى، خۇددى مارىلاش سەۋدالىقى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان روھىي كېسەلگە ئوخشاش دەھشەتلىك ھاياجان بىلەن كۆزۈمنى ئۈزەلمەستىن ئۇلارغا قاراپ تۇراتتىم. توختىماي تۆكۈرۈكۈمنى ئىچىمگە يۇتاتتىم. ۋۇجۇدۇمدا مارىلاش كېسىلى بار روھىي بىمارغا ئوخشاش بىر خىل قورقۇنچ ۋە قىزىقىش ئارىلاشقان ھاياجان بار ئىدى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمگە قاتتىق نەپرەتلەندىم، بەلكى مەڭگۈ نەپرەتلىنەرمەن. مەن ئاشۇ كۈنى ئۆزۈمنىڭ زادىلا ئازاب ھېس قىلمىغانلىقىمنى ئويلىسام دائىم چەكسىز ئازابلىنىمەن. بەلكىم، ئاشۇ چاغدا مەندە جىنسىي خام - خىيال پەيدا بولۇپ، مەن خىيالىي ھالدا كاملىنى ئۆزۈمگە ئوخشىتىپ قالغاندىمەن. مەن ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىقى ئاشۇ كۈنى ئازابلانماسلىق بولدى. كېيىنچە ئاشۇ كۈنى زادىلا ئازاب ھېس قىلالماسلىقىمنىڭ ئەمەلىيەتتە ئازابنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئۇ مېنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك ئازابلانغىنىم.

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى قويۇپ بىردەم تاھىر توغرىسىدا ئويلاندى. تاھىرنىڭ روھىي دۇنياسى دەسلەپتە ئۇنىڭغا ناھايىتى رومانتىك بىر شېئىرىي دۇنيا ئىدى، بىراق ئۇنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتتى. تاھىرنىڭ قەلبى كىشىنىڭ تېنىنى ئەيمەندۈرگىدەك دەرىجىدە قۇرۇق ۋە چەكسىز ئىدى. ئۇنىڭدىن ئېچىرقاپ تۇرغان بوشلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسىنى تاپقىلى بولمايتتى. رەشىدە بۇنى بۇرۇنمۇ ئازراق ھېس قىلغانىدى، بىراق بۇ دەرىجىدە دەپ ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇنى تاھىرنىڭ تۇرمۇشىدىن ئەمەس، رەسىملىرىدىن ھېس قىلغانىدى. ئۇنىڭ بىرقېتىم تاھىر بىلەن قىلغان سۆھبىتى يادىغا يېتىپ قالدى.

— سىز نېمىشقا رېئاللىقنىڭ گۈزەل تەرەپلىرىنى ھېس قىلىپ

يېتەلمەيسىز ؟

— ئۆزۈمنى ئالداشنى خالىمايمەن .

— رېئاللىقنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلمىسا بۇ دۇنيادا ياشىماق ناھايىتى تەس . شۇڭا ، ئۆزىڭىزنى ئالدىمىسىڭىز بولمايدۇ . سىز بەك رەھىمسىز ئىكەنسىز ، بولۇپمۇ ئۆزىڭىزگە .

— سىز رېئاللىقنىڭ قۇپقۇرۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىڭىزنى ئالدايسىز . سىز ئۆزىڭىز ئويدۇرۇپ چىقارغان گۈزەللىك بىلەن رېئاللىقنىڭ قۇپقۇرۇقلۇقى ئارىسىدا جان تالىشىسىز .

— ئادەم ئۇچۇن ئۇ نەرسە بولمىسا بولمايدۇ . سىز قەلبىڭىزدىكى بوشلۇقنى بىرەر غايە ياكى ئېتىقاد بىلەن تولدۇرۇشىڭىز كېرەك . سىزنىڭ روھىڭىزدا غايىمۇ ، ئېتىقادمۇ يوق ئىكەن . دىنغا ئىشىنەمسىز ؟

— ئىشىنىمەن . بىراق ، مېنىڭ ئىشىنىشىم باشقىلارنىڭ ئىشىنىشىگە ئوخشىمايدۇ ، — دېدى تاھىر ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، — باشقىلار دىنغا بىر خىل ماددىي مەۋجۇدىيەت قارىشى بىلەن ئۇنى پەننىي ھەقىقەتكە ئوخشاش كۆرۈپ ئىشىنىدۇ . مەن بولسام ئۇنىڭغا بىر خىل سەنئەت نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئىشىنىمەن . دىن بىر خىل سەنئەت ، سەنئەت بولغاندىمۇ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە گۈزەل سەنئەت . شۇڭا ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا پەننىي نۇقتىدىن چىقىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز لازىم ، بەلكى سەنئەت ياكى ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك . ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى ، خۇراپاتلار خۇدانى ماددىي مەۋجۇدىيەت ھالىتىدە ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ ، دىنسىزلار بولسا ئۇنى ماددىي مەۋجۇدىيەت ھالىتىدە ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ . مەن بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ياقلىمايمەن .

رەشىدە ئاشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى قايتا ۋاراقلاپ ، تاھىرنىڭ خاتىرىسى ئىچىدىن پەردىنىڭ توي باغقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىنكى قىسمىنى ئوقۇشقا باشلىدى . ئۇ پەردىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماستىن تاھىرغا باغاق يازدى ھەم باغاقنى ئۆزى ئاپىرىپ بەردى . ئاشۇ چاغدىكى مەنزىرە رەشىدەنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئې-

سىدە ، بىراق ئۇ ئەسلىسىلا بۇ خۇددى رەسىمنىڭ پىلىونكىسىدەك قارىسى
ئاقفا ، ئىقى قارىغا ئۆزگەرگەن ھالەتتە كۆز ئالدىغا كېلىدۇ . ھەم بۇنىڭغا
دائىم بەزى خىيالىي نەرسىلەر قوشۇلۇپ قالىدۇ . ئۇ نېمىشقا شۇنداق بو-
لىدىغانلىقىنى ھازىرغىچە چۈشەنمەيدۇ . ئاشۇ خىيالىي نەرسىلەر ئۇنىڭغا
راستتەكلا تۇيۇلىدۇ . ئاشۇ چاغدا تاھىر رەسىم جاھازىسى ئالدىدا پۈتۈن
دۇنيانى ئۇنتۇغان ھالدا رەسىم سىزىپ ئولتۇراتتى . رەشىدە كىرىپ
كەلگەندە تاھىر ئۇنىڭ بىلەن چاتىقى بولماستىن سىزىشنى داۋاملاشتۇ-
رۇۋەرگەندى . رەشىدە كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدىن سىزىۋاتقان رەسىمگە
بىردەم قاراپ تۇردى . بۇ رەسىمدە بىر ئادەمنىڭ گەۋدىسى پارچىلانغان
ھالدا سىزىلغانىدى . بۇ رەشىدەگە خۇددى تاھىرنىڭ روھىدىكى پارچە-
لىنىشتەك تۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇ بىر توپ باغاق ئېچىدىن تاھىرغا تېگىش-
لىك باغاقنى ئېلىپ تەگلىدى :
— تاھىر ، بۇ سىزنىڭ باغىقىڭىز .
تاھىر ئاڭلىمىغاندەك ئالدىغا قاراپ ئولتۇراتتى . رەشىدە ئۇنىڭ
چىراي ئىپادىسىگە زەن سېلىپ قاراپ بېقىۋېدى ، بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ
سۆزىگە بولغان ھېچقانداق ئىنكاسنى تاپالمىدى . ئۇنىڭ ماي بوياق قە-
لىمى پەرۋاسىز ھالدا رەسىم لاتىسى ئۈستىدە ھەرىكەتتە ئىدى . رەشىدە
ئۇڭايسىزلىنىپ باغاقنى يان تەرەپتىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى .
— تاھىر ، پەرىدە توي قىلماقچى ، بۇ ئۇنىڭ باغىقى ...
رەشىدەنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى . تاھىرنىڭ ھەيكەلدەك قې-
تىپ قالغان چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى . ئۇ تاھىرغا بىردەم
قاراپ تۇرغاندىن كېيىن رەسىمگە قارىدى . رەسىمدىكى كۆزلەر ئادەمنىڭ
تېنىنى جۇغۇلداتقۇدەك ئىدى ، بۇ كۆزلەر رەشىدەگە چەكسىز بىر گاڭ-
گىراش ئىچىدە تىكىلىپ تۇراتتى . رەشىدە ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن كۆزىنى
ئېلىپ قاچماقچى بولۇۋىدى ، شۇ دەقىقىدە ئاشۇ كۆزلەردىن قىپقىزىل قان
تامچىلاشقا باشلىدى ...
رەشىدە ئاشۇ كۆرۈنۈشنىڭ نېمىشقا ئاشۇنداق بولۇپ ئېسىدە قې-
لىپ قالغىنىنى مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ . ئۇنى ياكى چۈشۈمدىكى بىرەر مەن-

زىرە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويغان بولسام كېرەك دەپ ئويلايدۇ . ئۇ كېيىن ئۆز ئېڭىدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشنى بىر پارچە رەسىم قىلىپ سىزىپ چىقىشنى ئويلاپ قالدى .

— تاھىر ، بولدى ! نېمانچە قىلىپ كېتىسىز . ئۆزىڭىزنى ئازابلىغاننىڭ نېمە پايدىسى ؟ — دېگەنىدى رەشىدە . ئۇنىڭ ئاۋازى تاھىرغا خۇددى ئۇنىڭ ئالغۇ لېنتىنى سۈرىيەلمەي قالغاندا چىققان ئاۋازدەك ئاڭلىنىپ كەتكەنىدى ، بۇ ئاۋاز بارا ـ بارا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولغانىدى ، ئاخىرىدا تاھىرغا زادىلا ئاڭلانماي قالدى . رەشىدەنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە ئۇ ئۇنىڭغا :

— ئەمدى سىزمۇ بىرەرسىنى تېپىپ توي قىلىشقا ئالدىراڭ ... بۇ جاھان ... شۇنداق جاھان .. ئىكەن ... — دېگەنىدەك سۆزلەرنى ۋە يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلغاندەك ئىدى ، ھەممىسى ئېسىدە يوق . شۇ دەمدە تاھىر بىر نۇقتىغا مىختەك تىكىلگەنىدى . كۆزىنى مىتمۇ قىلماستىن بىر نۇقتىغا تىكىپ تۇرغان ئادەم ياكى بىر جەسەت ياكى ئادەتتىن تاشقىرى ھايات !

ئاشۇ چاغلاردىكى تۇيغۇلىرىنى تاھىر مۇنداق خاتىرىلەپ يازغانىدى :

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

بۈگۈن ھېچ يەردىن خەت كەلمىدى . خەت كەلمىگەنىكەن . خەتتە « ... تۇيۇقسىز دۇنيادا نەپرەتلەنگۈدەك ھېچ نەرسە يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم ـ دە ، قاتتىق ئازابلاندىم ...» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇشۇم مۇمكىن ئەمەس .

ھېچ كىشى مېنى ئىزدەپ كەلمىدى . ئىشىك تۈۋىدە ھېچقانداق ئاياغ تىۋىشى بىردەم چوڭقۇر خىيال بىلەن ئۆلگەندەك تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن ئىشىكنىڭ چېكىلگەن ئاۋازىغا ئۆزگىرىپ كەتمىدى . مەنمۇ كىملىكىنى كۆرۈشكە ئالدىراشنىڭ پەيزىنى سۈرەلمىدىم . ئاندىن جۇلگە ئوخشاش قالغجىراپ كەتكەن جىمجىتلىقمۇ پەيدا بولمىدى . ئاشۇ قاغ-

چىراق جىمجىتلىق ئىچىگە موخۇركامىنىڭ ئىسسىمۇ سۇدەك شۇڭغۇپ كىرمىدى . ھەرگىزمۇ ئۇنداق بولمىدى ! ياش چىقىرىش ئۈچۈن كۆزلىرىمگە تاماكا ئىسسىمۇ كىرىپ كەتمىدى . چاندۇرماي باشقا ياققا قارىۋېلىشىم ... تامدىكى يەنى ئۆزۈم بىلەن دائىم بىللە تۇرغان تامدىكى رەسىملەرگە بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاندەك بىردەم قاراپ تۇرۇۋېلىشىممۇ يۈز بەرمىدى .

ئىشىك چېكىلىپ باقمىدى ، بىراق نەچچە رەت ئىشىكنى ئاچتىم . ئىشىك ئالدىدا ھېچ كىشى يوق ئىدى . چەكسىز كۆرۈشۈش تەشنالىقى سەۋەبىدىن كۆرۈشۈشتىن ئەنسىرەپ ئىشىكنى ئاچماي بىر ھازا تۇرۇپ قالمىدىم .

ھېچكىمنىڭ شېئىرىنى ئوقۇمىدىم . شۇڭا ، شېئىرلاردا « جىنسىي ھەۋەس كۈللىرى » دېگەن مىسرالار يوق .

ئۆلۈۋېلىشنى خىيالمۇ قىلمىدىم . چۈنكى ، ياشاشنى خالىمايتتىم . تەشنالىقىمنى قاندۇرۇش مۇمكىن بولمىغاچقا سۇمۇ ئىچمىدىم .

تۈنۈگۈن كەچ ھېچقانداق چۈش كۆرمىدىم . بەلكىم ، ئۇخلىمىغاندىمەن ياكى ئۇيقۇم ئۆلۈم ئەمەستۇر ... چۈش ئىچىگە ھەر دائىمقىدەك سىرلىق نىرۋىلار ئېقىپ كىرمىدى . چۈش كۆرمىگەچكە ، چۈشۈمدە ناتونۇش يوللاردا ... تامامەن يات چىرايلار ئىچىدە قىلچە ياتسىراش ھېسسىياتى يوق ھالدا ، خۇددى ئۆز ئۆيۈمدەك ، مەھەللەمدىكى يوللاردەك ئەركىن ئازادە كېزىپ يۈرمىدىم . ئاللىقانداق ناتونۇش كىشىلەرنى ياكى نۇرغۇنلىغان ناتونۇش ئوبرازلارنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن تونۇش چىرايىنى ئىزدەپ يۈرمىدىم .

ئويغىنىپ نېمىدۇر بىر نەرسىدىن قاتتىق چۆچۈپ ، ۋەھىمە بىلەن چۈشۈمدىكى ئۇنتۇلۇپ قېلىنغان ، يوقالغان ياكى مەڭگۈ ئۆلگەن ئاللىقانداق نەرسىلەرنى ئەسلىمەكچى بولۇپ يۈرمىدىم . ھەم ئۇلارنى ئەسلىيەلمىگەنلىكىمدىن خۇشالمۇ بولۇپ كېتەلمىدىم ... ئازابلانمىدىم .

بۈگۈن ھېچ يەردىن خەت كەلمىدى . ئەگەر خەت كەلگەن بولسا خەتتە : « بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئازابلىنىۋەرمەسلىكىمىز ... بىر ـ بىرىمىزگە تارتىشماسلىقىمىز ئۈچۈن خەت شۇنداق يېزىلغىنى ياخشى ...

بارا ـ بارا تولۇقلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئاشۇ چەكسىز نۇرنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. كېيىنچە بەلكىم ئوپېراتسىيە چىرىغى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدى، ھەم ئەسلىمىسىدە بارا ـ بارا ئوپېراتسىيە چىراغلىرىنىڭ نۇرى بىلەن ئاشۇ نۇرنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. كېيىنچە بۇ مەنزىرە ئىچىگە ئاپئاق خالات كىيگەن دوختۇرلارنىڭ ناھايىتى غۇۋا گەۋدىلىرى قوشۇلدى. تاھىرنىڭ ئېنىقكى ئاشۇ كۆرۈنۈشتە پەقەت كۈچلۈك چىراغ نۇرىدا چۆرىدەپ تۇرغان بىر توپ ئاپئاق خالات كىيگەن، ماسكا تارتقان دوختۇرلارنىڭ گەۋدىلىرى كۆرۈنەتتى. بۇ كۆرۈنۈش ناھايىتى غۇۋا بولۇپ سۇ ئىچىدىكى كۆرۈنۈشتەك چايقىلىپ تۇراتتى. تاھىر ئازاب بىلەن تولغىناتتى. تاھىرنىڭ ئاغزىدىن قۇسۇق ئېتىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى مىت قىلماي قاراپ تۇراتتى. پەردە كۈلگىنىچە قاراپ تۇراتتى. تاھىر ئۆزىنىڭ چەكسىز چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ قولىنى پەردەگە سوزۇپ يېلىنىش ئىچىدە يولقۇندى، پەردە كۈلگىنىچە قاراپ تۇرۇۋەردى.

تاھىر تۆۋەنگە چۆكمەكتە، ئۇ چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى.

پەردە كۈلگىنىچە قاراپ تۇراتتى.

بۇ كۆرۈنۈش خۇددى چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن قاغجىراپ ھالىدىن كەتكەن ئادەمگە كۆرۈنگەن سەراپتەك غۇۋا بولۇپ، تاھىر بار كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا تىرىشاتتى، بىراق ئۇ يېقىنلاپ كەلگەن ھامان كۆزدىن غايىب بولۇپ تېخىمۇ يىراق بىر جايدا زاھىر بولاتتى. ئۇ خۇددى سەراپتەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تەشنالىق سېلىپ، ئۇنى تەلپۈندۈرەتتى. بىراق يېقىن كەلتۈرمەيتتى. تاھىر ئاشۇ مەنزىرىنى زادىلا تولۇق بىر ئەسلىمە شەكلىگە كىرگۈزەلمىدى. پەقەت ئىلگىرىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىن مۇكەممەلرەك شەكىلگە كىرگىنى بىر قېتىمقى ئۇنىڭ چۈشىدىكى مەنزىرە بولدى. بىراق، بۇنىڭغا تۈگىمەس بىر قەي قىلىش ئارىلىشىۋالدى. تاھىر ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قۇسقان ياكى قۇسمىغانلىقىنى بىلەلمىدى. تاھىر ئاشۇ كۆرۈنۈش ئىچىدە قاتتىق قۇسماقتىدى. ئۇ

قۇسقىنىچە ئويغىنىپ كەتتى، بىرىپ ياتاقنىڭ چىرىغىنى يورۇتتى، ئاندىن ئاغزىدىكى قۇسۇقنىڭ يۇقۇندىلىرىنى لۆڭگە بىلەن ئېرتتى. بىر ھازا ئورنىدا قېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن كۆڭۈل ئېلىشىشى سەل بېسىققاندەك بولۇپ كارىۋىتىغا بېرىپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىچارە كۆزلىرى نۇرسىزلىنىپ، خۇددى ئۇزۇن مەزگىل سۇرتۇلمەي خىرەلىشىپ كەتكەن دېرىزە ئەينەكلىرىگە ئوخشاپ قالدى. كەينىدىنلا ئۇنىڭدا ياش لىغىرلاپ كەتتى. پەردىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنى بولسا ئاشۇ مەنزىرە ئۇنىڭ ئېسىدا قايتا ـ قايتا شەكىللىنىپ خۇددى زىمىستان سوغۇقتا، قار ـ مۇز ئۈستىگە يالاڭ ئاياغ دەسسەپ توڭلاپ تىترەپ تۇرغان ئادەمگە كۆرۈنگەن ئوت يالقۇنىدەك سىرلىق تىللىرى بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىللىق قوينىغا يېڭىلمەس بىر كۈچ بىلەن چاقىرماقتىدى. ئۇ چېچىنى بېشىنىڭ چوققىسىغا تۇرۇۋالغان پەردىنىڭ قېپقىزىل كىيىم كىيىۋالغان چاغدىكى ۋۇجۇدىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە! دەپ ھېس قىلغانىدى تاھىر. ئاشۇ مەنزىرىنىڭ مەپتۇن قىلىش كۈچى تاھىرنىڭ زادىلا ھالىنى قويمىدى. ئۇ تاھىرغا خۇددى ئۆزىنىڭ بەخت نىشانىسىدەك كۆرۈنەتتى. سەن بەكمۇ ئېھتىياجلىق ھەرقانداق نەرسەڭدىن ئايرىلساڭ پەقەت شۇلا سېنىڭ بەخت نىشانىڭ بولىدۇ. تاھىر ئۇنىڭ مەپتۇن قىلىش كۈچىگە بەرداشلىق بېرەلمەي لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ ئېغىر تىناتتى. ۋۇجۇدى ياغاچتەك قېتىپ قالغانىدى.

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ ھەقتىكى بايانلارنى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي نۇرغۇن جايلارنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلار رەشىدەگە بەكمۇ يىرگىنچلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. بىراق، رەشىدە تاھىرنىڭ توي باغىقى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنى كېچىسى بولغان ئىشلارنى يازغان جايلىرىنى يەنىلا تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتى:

« بۈگۈن نېمە ئىش بولدى؟ ھېچ ئىش بولمىدى. ھېچ ئىش

بولماي ئۆتۈۋاتقان ھەممە كۈنلەرگە ئوخشاش بۈگۈنمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. بىراق، ئېڭىمدا ئەمەس، روھىمدا ئەمەس پەقەتلا تېنىمدە بىر خىل تامامەن تۈگىشىپ كېتىشكە ياتىدىغان ھاياجان قۇترىماقتا. مەن بۈگۈن زادىلا ئىشخانىدا ياكى ياتاقتا بىردەم قوڭۇمنى قويۇپ ئولتۇرالمىدىم. نېمە ئىشلارغىدۇر ئالدىرايتتىم، نېمە ئىشلارنىڭدۇ يۈز بېرىشىگە تەشنا ئىدىم. بىراق ھېچ ئىش يوق ئىدى. ھاۋا قاسقاندەك تىنجىق تۇيۇلاتتى. يۈرىكىم نېمە ئىشلارغىدۇر جىددىيلىشىپ، سىلىپ كېتىۋاتاتتى. كەچتە ئاخىرى ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي بەربات قىلىپ تاشلاش خىيالىغا كېلىپ قالدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن زادى قانداق قىلىش لازىم؟

ئاشۇ كۈنى كەچتە مېنىڭ ۋۇجۇدۇم بىردىنلا تەلۋىلەرچە قۇتراشقا باشلىدى، ئۇنى ئەقىل بىلەن كونترول قىلىش ناھايىتى تەس ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئېچىرقاپ كەتكەن تويماس بىر بوشلۇق ئىدى. ھېچقانداق شادلىق، ھېچقانداق بەخت ۋۇجۇدۇمنى ھۆركىرەتكەن بۇ بوشلۇقنى تولدۇرالمايدۇ. ئۇ خۇددى مەڭگۈلۈك تويماس بوشلۇقتەك ئېچىرقىماقتا. ئۇ كىشىلەرنى يۇتۇپ كېتىشنى ئويلايدۇ. بۇ ئېچىرقاش — تەننىڭ ئېچىرقىشى — روھىمنى ئۈزۈل - كېسىل بەربات بولۇش گىردابىغا ئېلىپ باراتتى. مەن ئاشۇ كۈنى پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى قايرىپ قويۇپ، ئەسەبىيلەرچە بۇزۇلۇشنى يەنى بەربات بولۇش خاراكتېرلىك بىر بۇزۇلۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كوچىغا چىقتىم. ئاشۇ چاغدا مەندە ئويغانغان ئۇنداق كۈچلۈك بۇزۇلۇش تۇيغۇسىنى ئەسلىسەم ھازىرمۇ تېنىم شۈركىنىپ كېتىدۇ.

مەن ئاستا قەدەملەر بىلەن كوچىغا چىقتىم، بىنالارغا ئېسىلغان ئېلان چىراغلىرى، كوچىلاردىكى رەڭگا - رەڭ نېئون چىراغلار ۋە چىراغ ئارىسىغا ئېلىنغان ۋىۋىسكىلار، رېستورانلارنىڭ بىر يېنىپ بىر ئۆچۈپ تۇرىدىغان نېئون چىراغلار بىلەن شەكىللەندۈرۈلگەن رەسىملىرى ... مانا بۇلار بۇ شەھەرنىڭ دەھشەتلىك گۈزەللىكى ۋە ھەشەمىتى. ئۇلار شەھەرنىڭ قايناق كېچىسىنى يالقۇنلىتىپ تۇرىدۇ. ئەنە ئاشۇ يالقۇنلار مېنى يۇتۇپ كەتمەكچى. ئاشۇ رەڭگا - رەڭ بىھېساب چىراغ دې-

گىزى خۇددى ئالۋاستىنىڭ قىپقىزىل تىللىرى بىلەن ئوت يېنىپ تۇرغان
كۆزلىرى . مەن خۇددى چاشتانى ئىلىكىبەگدەك تۆت كوچا دوقمۇشىدا
ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم . چاشتانى ئىلىكبەگ ئۇلار بىلەن جەڭ
قىلغانىدى ، بىراق مەن جان دىلىم بىلەن ئۇلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلد-
ىنشنى خالايمەن .

مەن بىردەم كوچا ئايلانغاندىن كېيىن ھاۋا بىردىنلا سۆرۈنلىشىپ
كەتتى . ئاندىن شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . مېنىڭ ئاشۇ كۈنى
بـۇزۇلۇشقا قاراپ قەدەم تاشلىشىم بىر ھېسابتا پۈتۈنلەي ئاشۇ يامغۇرنىڭ
كاساپىتىدىن بولدى . يامغۇر يەرگە تاراسلاپ قۇيۇلۇشقا باشلاپلا يەردىن
تۇپراقنىڭ نەم بولغان ئىسسىق ھىدى ئۆرلەپ چىقىپ ، كۆيدۈرگۈچ تە-
بـىئىتى بىلەن دىمىقىمغا ئۇرۇلدى . يامغۇر مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى ھايا-
جـاننى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىۋەتتى . نېرۋىلىرىم يامغۇرغا نىس-
بەتەن ناھايىتى سەزگۈر ئىدى . كىشىلەرنىڭ گەۋدىلىرى يامغۇر ئىچىدە
ھـېلىلا يوقاپ كېتىدىغان سايىدەك كۆرۈنەتتى . چىدىغۇسىز بىر خىل
تەشنالىق كەلتۈرۈپ چىقارغان جىددىيلىشىش بىلەن كوچىدىن ، يامغۇر
ئىچىدىن نېمىنىدۇر ئىزدەيتتىم . ئۇ نېمە بولۇشى مۇمكىن ؟ بەلكىم ئۇ بىر
ئايالنىڭ ( ئايىغىنى سېلىۋېتىپ يامغۇرلۇق يولدا يالاڭ ئاياغ ماڭغان بىر
ئايالنىڭ ) يالىڭاچ سۇپسۈزۈك پۇتلىرى . مۇزدەك سوغۇق يامغۇر تامچى-
لىرى قىزىپ كەتكەن پېشانىلىرىمگە ئۇرۇلاتتى ، بىراق پېشانەم سەگىپ
قالاي دېمەستىن ئاشۇ سوغۇق تامچىلار تۆپەيلىدىن تېخىمۇ قىزىپ كەت-
مـەكتە ئىدى . مەن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى كۆرگەن پەرىدەنىڭ پۇتلى-
رىدەك يالىڭاچ ۋە سۈپسۈزۈك پۇتلارنى چەكسىز يامغۇرلۇق يولدىن ئىز-
دىـدىـم . بىراق ئۇلار زادىلا ئۇچرىمىدى . كوچىلاردا ھەممىلا ئادەم ئۆز-
ىنىڭ ئالدىراشچىلىقى بىلەن يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى . مەن چىراغلارنىڭ
ئاستىدا ، بېكەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئاياللارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۆز
ئېـگىمدا شەكىللەنگەن ھېلىقىدەك ئاياللارنىڭ ئوبرازىغا ئوخشىتالمىدىم .

مـەن كوچىلاردا ناھايىتى ئۇزاق ئايلانغان بولسام كېرەك . مەن
ئاخـىر ئاغىنەم ئەركىننى ئەسلەپ قالدىم . بىردىنلا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ

بېقىش ئۈستىكى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئۆيى مېنى ئۆزىگە تارتقاندەك ھېس قىلدىم. كوچىدا ئادەم ئايىغى ئۈزۈلەي دەپ قالغاندا ئۇنىڭ ئۆيىگە چاقىرىلمىغان مېھمان بولۇپ بېرىپ ئۆي ئىچىگە لىق تولغان ئىس ئىچىگە كىرىپ كەلدىم. قويۇق تاماكا ئىسى ئارىسىدا ئىنتىك كىرگەن ئادەم ئۇ يەردە ئولتۇرغانلارنى بىر - بىرىدىن پەرقمۇ قىلالماي قالاتتى. مەن ئىس - تۈتەك ئىچىدە ئولتۇرغان كىشىلەر ئارىسىدا ئەركىننى تېپىۋېلىشتىن ئاۋۋال بىر مۇنچە قىزلارنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭمۇ بەزىلىرىنىڭ قولىدا تاماكا بار ئىدى. مەن خاتا كىرىپ قالدىممۇ نېمە دەپ ئويلاۋاتقان چاغدا بىردىنلا ئەركىننى كۆرۈپ قالدىم. ئەركىن ئۇ يەردە تاماكىنى بوراندەك شورىغىنىچە بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئېتىلىپ كېلىپلا مېنى قۇچاقلىۋالدى:

— ۋاي جېنىم ئاداش بارمۇ سەن؟ سېنى ئەجەب سېغىندىم، مېنى ئۇنتۇپلا قالدىڭ، ئىزدەپ كېلىپ قويايمۇ دېمەيسەن!

ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بۇنداق قىزغىنلىقى بىردىنلا مېنى تەمتىرىتىپ قويدى. چۈنكى، بىز پەرىدە ئارىمىزدا پەيدا بولغاندىن تارتىپ بىر - بىرىمىزگە بۇنداق قىزغىن بولۇپ باقمىغاندۇق. مەن ھەيران قېلىپ تۇرۇپ قالدىم.

ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ چاچلىرى پاخپايغان، كىيىملىرى كىر ئىدى. ئۇ شۇ كۆرۈنۈشتە كۆزۈمگە خۇددى ئەركىن ئەمەستەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن ئەزەلدىن ئەركىننىڭ بۇنداق ھالىتىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن خۇشال ۋە قىزغىن كەيپىياتتا قىلىپ كۆرسىتىشكە ھەدەپ تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى، بىراق ئۆزىنىڭ دىلىدىكى چەكسىز بىر خىل ئازابنى ھامان ئاشكارىلاپ تۇراتتى. ئۇ سورۇندىكى چىرايلىق قىزلار ئالدىدا ھەدەپ ئۆزىنى شوخ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى، بىراق ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ تۇرغان پىغان ھامان بىلىنىپ تۇراتتى. ئەڭ مۇھىمى گەرچە ئۇ بۇرۇندىن تارتىپلا شوخ ھېسابلىنىدىغان يىگىت بولسىمۇ، شۇ تاپ خۇددى ئەڭ مۆرىمەس بىر ئادەم يالغاندىن شوخ قىياپەتكە كىرىۋالغاندەك شوخلۇقنى قاملاشتۇرالمايتتى.

پەرىدە ئۇنى ئەنە شۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى . ئۇ ھەدەپ روھ-
كىنى تالىشىپ تۇرۇپ ھاراق ئىچەتتى .
— ھەي ، نىمە بولۇۋاتىسىلەر ، قۇيە ، قۇيمامسەن ھاراقنى ! ئە-
جەب پۈتۈن ھاراق زاۋۇتلىرى توختاپ كەتكەنىدەك ھاراقنى ئەتىۋار قى-
لىپ كەتتىڭغۇ ! — دەپ گاھى - گاھىدا ۋارقىراپ قوياتتى .
ئەركىن ئىككى قىزنى قۇچىقىغا چىقىرىۋالغانىدى . ئىككى قىز
ئەركىننىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر بىر گەپكە مەست بولغان ھالدا كۈ-
لەتتى . ئەركىن ئۇلارنى قۇچىقىدىن گاھ چۈشۈرۈۋېتىپ گاھ چىقى-
رىۋالاتتى . ئىككى قىز ئەركىنگە ئەركىلەيتتى . ئەركىنگە مەستلىكى كەل-
گەن ھالدا قارايتتى . ئۇلار ئەركىننىڭ ئەڭ ئازابلىق سۆزلىرىدىنمۇ يۇ-
مۇرنى ھېس قىلىپ تۇرسا كېرەك ، كۈلۈشۈپ ېرەتتى .
بىرەيلەن گىتار چېلىۋىدى ، ھەممەيلەن ئەركىننى ناخشا ئېيتىپ
بېرىشكە تەكلىپ قىلدى . ئەركىن بىردەم ياق دەپ تۇرىۋالغاندىن كېيىن
بىردىنلا مەن ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان ئەڭ رەسۋا ناخشىدىن بىرنى
ئېيتتى . بۇ ناخشىنىڭ مەينەتلىكى ھېلىقى قىزلارغا ھەجۋىيلىك بولۇپ
تۇيۇلغان بولسا كېرەك ، ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي ھەدەپ يالغاندىن
تېلىقىپ كۈلمەكتىدى .
ئەركىن تامامەن تۈگىشىپتۇ دەپ ئويلىدىم مەن . ئۇ ناخشا ئېيتى-
ۋېتىپ بىردىنلا شارقىرىتىپ قۇسۇپ تاشلىغاندا ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىق-
قان قۇسۇق مېنىڭ ئاياغلىرىمغىمۇ چاچراپ كەتتى .
ئۇنىڭمۇ تۈگىششى مەن ئۈچۈن تەسەللى ئىدى . مەن ئۇنىڭ
ئاشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلغانىدىم - ھە ! بىراق
ئۇ ئەمدىلا يەنى پەرىدە باشقا بىرەيلەنگە تەۋە بولۇپ بولغاندىلا ئاندىن
ئاشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى . شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا ئۇنىڭ ئاشۇ ھالغا
چۈشۈپ قالغىنىدىن خۇشال بولدۇم . پەرىدە بىلەن يۈرىۋاتقان چاغلاردا
ئەركىننىڭ چىرايى ماڭا شۇ قەدەر نۇرلۇق ، شۇ قەدەر غالىبانە تۇيۇلۇپ
كېتەتتىكى ، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرسەم خۇددى ئۆزۈم يەرگە كىرىپ كې-
تىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم . ئۇ قانچە نۇرانە بولسا مەن شۇنچە خۇنۈك

بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. مەن ئەركىننىڭ بۇگۈنكى ئاشۇ ھالىدىن خۇشال بولدۇم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نۇرانىلىك مەڭگۈلۈك ئۆچكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن ھەممە ئادەمنىڭ ئاشۇ ھالغا قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە شۇندىلا ھەممە ئادەم بابباراۋەر بولغان بولاتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى ھېچكىمدىن كەم ھېسابلىمايتتىم. باشقىلارنىڭ نۇرانە — مۇھەببەت بىلەن تولغان چىرايلىرىغا قاراشنىڭ ئازابىنى ھېس قىلمايتتىم. ئەركىننىڭ مەن بىلەن پاراڭلاشقۇدەك ۋاقتى يوقتەك قىلاتتى.

يېرىم كېچە بولۇپ كەتكەندە بەزىلەر مەست بولۇپ، بەزىلەرنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ بىر - بىرلەپ ئۇياق - بۇياققا قالايمىقان ئۆزىنى تاشلاپ يېتىشقا باشلىدى. مەنمۇ ھاراقنى خېلى ئىچكەنىدىم. قەيەردىدۇر بىر يەردە جايلىشىپ ياتتىم. ياتاق ئىچىگە قويۇلغان تۆت كارىۋاتتا لىق ئادەم كاللاپاي بولۇشۇپ ئۆزىنى تاشلاپ ياتاتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ كىملەرگە پۆتۈمنى قىلىپ كىملەرگە بېشىمنى قىلىپ ياتقىنىمنى بىلىپ بولغۇچە كىمدۇر بىرى چىراغنى تارتىۋەتتى. مەن يېنىمدا ياتقاننىڭ بىر ئايال ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتتىم - دە، بۇنى ھېس قىلىشىم بىلەنلا مەستلىكىممۇ تارقىلىپ ئۇيقۇممۇ قاچتى. ۋۇجۇدۇم تىترەشكە باشلىدى. قوللىرىم، تىزلىرىم جالاقلاپ تىترەيتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ جالاقلاپ تىترىشىم بىلەن خۇددى كارىۋاتمۇ قوشۇلۇپ تەۋرەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلغاندەك بولدۇم. مەن تۆكۈرۈكۈمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، تېزلىشىپ كېتىۋاتقان تىنىقىمنى كونترول قىلىشقا تىرىشىپ تىترەپ تۇرغان قوللىرىمنى ئۇنىڭغا سوزدۇم.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئېغىر - ئېغىر تىنىقلىرىمدىن خىجىل بولۇپ كەتتىم، بىراق پۇشۇلداشتىن زادىلا توختىيالمىدىم. قاراڭغۇلۇق قوينىدا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى، دېرىزىگە ھەم پەردە تارتىۋېتىلگەن بولۇپ، سىرتنى كۆرگىلى بولمايتتى. مەن ئۆزۈمنى خۇددى قاراڭغۇ گۆردە ياتقاندەكلا ھېس قىلدىم. بۇ قاراڭغۇلۇق ئەتراپنى چەكسىز كەڭلىككە ئىگە قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ پانىي ئالەمدە مېنىڭ يېنىمدىلا

ماڭا چاپلىشىپ ياتقان ئايالنىڭ غايەت زور كۆكسىدىن باشقا ھېچ نەرسە
مەۋجۇت ئەمەستەك تۇيۇلاتتى . مەن ئۇنىڭ باياتىنقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇر-
غان ئايالLarنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى شۇنچە پەرەز قىلىپمۇ جەزملەشتۈرەل-
مىدىم ، چۈنكى ئولتۇرۇشتىكى ئايالLarنىڭمۇ ھېچقايسىسىنىڭ چىرايى ئې-
سىمدە يوق ئىدى . ئەتە ئەتىگەندە مەن ئويغىنىشتىن بۇرۇن ئۇ ئورنىدىن
تۇرۇپ كەتسە ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ، يەنى بىر كېچە ئۆزۈمنىڭ كىم
بىلەن ياتقانلىقىمنىمۇ مەڭگۈ بىلەلمەسلىكىم مۇمكىن ، مەن شۇنداق بو-
لۇشنى ئارزۇ قىلدىم . مەن ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان بىر قىزغا سۆيگۈ ئىز-
ھار قىلغانىدىم ، ئەمدى بولسا ئىسمى تۈگۈل چىرايىنى كۆرۈپ باقماي بىر
قىز بىلەن بىللە بولۇۋاتىمەن . ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمىسەم
ئۇ مېنىڭ مېڭەمدە سانسىزلىغان تەسەۋۋۇرلارغا ئىمكان بېرەتتى ، مەن
ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۆزۈم خالىغانچە تەسەۋۋۇر قىلىۋالاتتىم ، شۇ
چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى چەكسىزلىككە ئىگە بولاتتى . مەن قاپقاراڭغۇلۇقتا
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەر قانداق گۈزەللىكنى ئۆز تەسەۋۋۇرۇم بىلەن تو-
لۇقلاپ ھېس قىلالايتتىم . كىچىك چاغلىرىمدا مېنى ئەسەبىيلەرچە مەپ-
تۇن قىلغان رىۋايەتلەردىكى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۈ-
زەل ساھىبجامالLarنىڭ ئېڭىمدا شەكىللەنگەن خىيالىي ئوبرازلىرىنى مەن
ئۇچۇن تامامەن ناتونۇش بولغان قۇچىقىمدىكى مۇنۇ تەنگە جەم قىلىپ،
ئۇنىڭدىن رىۋايەتلەردىكىدەك لەززەتلىنەلەيتتىم . بىراق ، تاڭ ئېتىشى بى-
لەن تەڭلا بۇنىڭ ھەممىسى كۆپۈككە ئايلاندى . كەيپىياتىم ئىنتايىن
ئوسال ھالدا ئويغانغانىدىم . ۋۇجۇدۇم خۇددى توگرا بېسىپ كەتكەن-
دەكلا مەينەت ۋە ئېغىر تۇيۇلاتتى . بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىۋاتاتتى . مەن
ئادەتتە ھاراق ئىچىپ غەرق مەست بولۇپ ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرالماي
قالغان چاغلاردىمۇ كەيپىياتىم بۇنداق ئوسال بولمايتتى . كەيپىياتىمنىڭ
ئوساللىقى ھاراقنى جىق ئىچىۋەتكىنىم بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى . بۇ
پەقەتلا بىر خىل چەكسىز ئازابنىڭ ۋە مەينەتچىلىكنىڭ بېشارىتى ئىدى .

كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام قىزلارنىڭ بەزىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ،
شىرە ئۈستىدىكى تۈنۈگۈنكى ئولتۇرۇشتىن ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى

يىغىشتۇرغىلى تۇرۇپتۇ . ھېلىمۇ ياخشى ئاخشامقى قىز يېنىمدا يوق ئې-
دى . مەن كۆزۈمنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىدىم . ياتاق ئىچى مالىماتاڭ
ئىدى . بەزىلەر تېخىچە ئورنىدىن تۇرالماي ياتاتتى . ئەركىن بىراۋنىڭ
پۇتىغا بېشىنى قىلىپ مىدىر ــ سىدىر قىلماستىن دوم ياتاتتى . قىزلار
بىرىپ دېرىزە پەردىسىنى ئېچىۋەتتى ، ئاندىن ھاۋانى يەڭگۈشلەش ئۇ-
چۈن دېرىزىلەرنىمۇ ئېچىۋەتتى . سوغۇق شامال ھېچ نەرسىگە تەسىر
قىلالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى .
مەن قىزلارغا قارىدىم . تۈنۈگۈن ئاخشام مېنىڭ تۆۋىمدە ياتقان
زادى قايسىدۇ ؟ دېگەن خىيال كاللامدا پەيدا بولاتتى . لېكىن ، ئۇنى زا-
دىلا بىلگۈم يوق ئىدى ، بۇنى بىلىش ماڭا ناھايىتى قورقۇنچلۇق تۇ-
يۇلاتتى . مېنىڭ قارىغىنىمنى كۆرۈپ قىزلار ئارىسىدىكى ئېگىز بويلۇق
قارامتۇل كەلگەن بىرسى ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى ، نېمە ئۈچۈن-
دۇر بۇ كۈلۈمسىرەش ھەر قانداق ئەركىشى مەڭگۈ كۆتۈرەلمەيدىغان ،
بىر ئۆمۈر جان جەھلى بىلەن سىر قىلىپ ساقلايدىغان بىر قېتىملىق ھا-
قارەتلىك كەچۈرمىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان كۈلۈمسىرەشتەك تۇ-
يۇلۇپ كەتتى . مەن ئۇنىڭدىن قاتتىق ھاقارەت ھېس قىلىپ ئىتتىكلا
باشقا ياققا قارىۋالدىم .
مەن بۇرۇن چىرايى قانداق قىزلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى
زادىلا بىلمەيدىكەنمەن . بەزى قىزلار بىرلا كۆرۈنۈشتە ئاجايىپ گۈزەل ،
خۇددى ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن ، ئۇنىڭ بەدىنىدىن قىلچىلىك ئېۋەن تېپىش
مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ ، چېچىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە ھەممە يېرى
شۇ قەدەر مۇكەممەل تۇيۇلىدۇ . بىراق ، كېيىن بارا ــ بارا ۋاقىت ئۆت-
كەنسېرى ئۇنىڭ چىرايىدا بەزى نۇقسانلار باردەك سېزىلىدۇ ، ئاندىن
سەن ھېس قىلغان نۇقسانلار بارا ــ بارا كۆپىيىپ ئۇنىڭ چىرايى خۇددى
نۇقسانلار بىلەنلا تولغاندەك ھېس قىلىسەن . ئاندىن ئۇنىڭ زادى نەرسىمۇ
باشتا ماڭا شۇنچە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتكەن بولغىيتتى ، دەپ ئويلاپ
قالىسەن . قانداقتۇر نۇقسانلار ئۇنىڭ ئوبرازىنى ئىگىلەپ ئۇنىڭ چىرايى-
دىكى دەسلەپ ساڭا ئەڭ گۈزەل كۆرۈنگەن بەزى ئالاھىدىلىكلەرمۇ بارا ــ

بارا نۇقساندەك تۇيۇلۇشقا باشلايدۇ .

رەشىدە ماڭا دەسلەپ شۇنداق گۈزەل تۇيۇلغانىدى ، بىراق كېيىنچە زادىلا ئۇنداق تۇيۇلماس بولۇپ كەتتى .

بەزى قىزلار بىرلا كۆرۈنۈشتە ئانچە چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ ، ھەتتا سەترەك كۆرۈنىدۇ ، بىراق سەن بارا - بارا ئۇنىڭ قەيەرلىرىدىندۇر بىر خىل گۈزەللىكنى بايقايسەن ، بۇ گۈزەللىك بارا - بارا روشەنلىشىپ ۋە كۈچىيىپ بارىدۇ ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ نەقەدەر گۈزەل قىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ ھەيران قالىسەن . سەن باشتا ھېس قىلغان نۇقسانلار نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ چىرايىدىن بارا - بارا غايىب بولۇپ ، بەزى نۇقسان بولۇپ تۇيۇلغان ئالاھىدىلىكلەرمۇ خۇددى ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدىغاندەك كۆرىنىدىكەن .

— ھۇي تاھىرجان ، قانداق قوپۇپسىز ؟

بەدىنىم چېپىلدام تەرلەپ كەتتى . ئورنۇمدىن تۇرۇپلا سىرتقا مېڭىشنى خىيال قىلىۋىدىم بىر قول كېلىپ يۈزۈمنى سىلىدى . مەن شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ شۈمشىيىپ كەتتىم . ئۇنىڭ قوللىرى بەكمۇ ئىسسىق بولۇپ تەرلەپ كەتكەنىدى ، يۈزلىرىمگە تەگكەن چاغدىكى سىزىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن . بۇ ئىنتايىن يىرگىنچلىك ھارارەت ئىدى .

مەن ئۇنىڭ قوللىرىغا قارىدىم ، ئۇنىڭ قوللىرى بەكلا چوڭ كۆرۈنۈپ كەتتى . خۇددى ئەرلەرنىڭ قولىغىلا ئوخشايتتى . مەن ئۆزۈمنى خالىمىغان ھالدا ئۇنىڭغا قارىدىم . ئۇ يەنىلا ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . مەن بۇ كۈلۈمسىرەشتىن چەكسىز خورلۇق ھېس قىلىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتىم . مەن شۇ تاپتا ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلماقتىدىم . شۇ تاپتا مەن ئۆزۈمنى ھەر قانداق نەرسىدىن پەس ، غېرىب ۋە قاتتىق ھاقارەت قىلىنىپ تاشلىۋېتىلگەندەك ھېس قىلاتتىم . مەن بۇ ھاقارەتلىك جايدا يەنە چىداپ تۇرۇۋېرىشكە ، ھېلىقى قىزنىڭ چىرايىنى كۆرۈشكە ئەمدى تاقەت قىلالمايتتىم ، مەن دەرھال ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم - دە ، سىرتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم ...»

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇۋېتىپ ھەيران قالدى. تا-ھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى مۇشۇ بايانلار ئۇنىڭغا خۇددى تاھىرنىڭ روھىي بەرباتلىق ھالىتىدە تۇرغان چاغلىرىدىكى خىيالىي سېزىمىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. رەشىدە بۇنى زادىلا چۈشىنەلمىدى.

« ... تـاڭ ئاتاي دەپ قالغان چاغدا ئەركىنىنىڭ ياتىقىدىن يېنىپ چىقتـتـم ... » تـاھـىـر خاتىرىسىنى ئەنە شۇنداق داۋاملاشتۇرغانى-دى ... « ئۇنىڭ ياتىقىدىن قايتىپ چىققاندا خۇددى ۋۇجۇدۇمنى دەھ-شەتلىك بىر مەينەتچىلىك قاپلاپ تۇرغاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم. ئاشۇ مەينەتچىلىك مېنى يول بويىدىكى دۆۋىلەپ قويۇلغان ئەخلەتلەرنىڭ ئا-رىسىغا قېتىۋەتكەندەك ھېس قىلىپ كەتتىم. تېخى كۈن چىقمىغانىدى. پۈتۈن چىراقلارنىڭ نۇرى تاڭ نۇرى تەسىرىدە ئاجىزلاشقان بولۇپ، تۈنۈگۈن كېچىدىكى سەلتەنەتلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغاندەك پۈتكۈل شەھەر ئىنتايىن خۇنۇكلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. »

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇۋېرىشنى خالىماي يېپىپ قويدى. ئۇ تاھىرنىڭ بۇنچىۋالا تۈگىشىپ كەتكەن ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. چۈنكى، ئۇ تاھىرغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تالانتىغا چوقۇنىدۇ. رەشىدەنىڭ ئىچى قاتتىق ئېچىشتى. ئۇ ئۆزىچە بۇ خاتىرىدىكى يېزىل-غانلارنى ئىنكار قىلىپ تاھىرنى ئۆز قەلبىدىكىدەك يۈكسەك ۋە پاك ئادەم قىلىپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۇرۇناتتى، بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى پاكىت ئىدى.

تاھىر خاتىرىسىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرغانىدى:

« بۇ كوچىلار، بۇ قاينام تاشقىن كىشىلەر ۋە بۇ چوڭ شەھەر مېنى تامامەن يۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك. مېنى ھەممە نەرسە ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالماقچى، ھەممە نەرسە مېنى يۇتۇپ كەتمەكچى. ئاخىر ھېس قىلىپ يەتتىمكى، ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالىشىنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئۆلۈۋېلىش! »

**3 - قسىم**

# ئەبەدىيلىك دەرۋازىسى

تۇغۇلىدۇ ئادەملەر ئايالاردىن ، ۋە يەنە —
ئازابلارغا گىرىپتار ئۆتەر قىسقا ھاياتى .
گۈلدەك ياشناپ ۋاقىتسىز خازان بولار ئاخىرى ،
سايىدەكلا بىر دەملىك ئۆتۈپ كېتەر سىماسى .

— « تەۋرات » ( جوبنىڭ خاتىرىسى 14 ـ باب ) دىن

ياسىدىڭمۇ ، ياسىدىڭمۇ ئۆزۈڭگە سەن ئۆلۈم كېمىسى ؟
ئاھ ، ياسا ئۆلۈم كېمىسىنى ، سەن ئاڭا موھتاج !

— D · H · لاۋرېنس « ئۆلۈم كېمىسى » دىن

« قۇياشمۇ مېنى يۇتۇپ كەتمەكچى بولغاندەك ئازابلىق نۇرىنى تىنىمسىز چېچىپ تۇرۇپتۇ . مەن شۇ تاپتا يەنىلا ئۆلۈم ھەققىدە خىيال قىلماقتىمەن ... »

تاھىر خاتىرىسىنى ئەنە شۇنداق داۋاملاشتۇرغانىدى :

« كىشىلەر ئۆلۈۋالغاندا خۇددى جىنايەتچىنى مەجبۇرىي ئۆلتۈرگەندەك ئۆزىنى مەجبۇرلاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدۇ ، چۈنكى ئۆلۈۋالماقچى بولغاندىن كېيىنكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش ئۆلمەي قېلىش .

قۇياش ئۇپۇقتا خۇددى كىرلىك ئۈستىدىكى قاچانلاردىدۇر قېلىپ قالغان قان داغلىرىدەكلا كۆرۈنىدۇ . ئۆرلەپ تۇرغان ئىسلار ھاۋادا تۈرۈم - تۈرۈم بولۇپ ئۇچماقتا . قۇياش ئۇنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى زەئىپ ۋە بىچارە ھالەتتە كۆرۈنىدۇ ... »

تاھىر ئۆزىدە پەيدا بولغان تۇيغۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى ، ھەر قانداق بىر دەقىقە ئىچىدىكى تۇيغۇنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىناتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ئادەم بۇ دۇنيادىن ئەنە شۇنداق تۇيغۇدىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيتتى . ئۇ قوياشقا بىر ھازا تىكىلىپ قاراپ تۇردى . ئۇ بۇنىڭ كۆزىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمەيتتى . ئۇ قۇياشقا قاراپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ كۆزىنى يۇماتتى . كۆز ئالدىدا بىر ھازاغىچە قۇياش قالدۇرغان قالدۇق تەسىرات يوقالماستىن يېشىل رەڭدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ كۆزىنى بىر نەچچە رەت قۇياشقا تىكىپ يەنە يۇمۇپ يەنە تىكەتتى . شۇنىڭ بىلەن كۆزىنى يۇمغاندا قاراڭغۇلۇقتا بىر نەچچە يېشىل قۇياش پەيدا بولاتتى . ئۇ كۆز ئالدىدىكى قۇياشتىن قالغان تەسىراتنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى . قۇياشقا نەچچە قېتىم تىكىلىپ نەچچە قېتىم كۆزىنى

يۇمۇۋالغان بولسا كۆز ئالدىدا شۇنچە قۇياشنىڭ دېغى قالاتتى. قوياش قىزىلدىن قارىغا، قارىدىن سېرىققا ئاندىن يېشىلغا ئۆزگىرەتتى.

كىشىلەر ئەزەلدىن ئۆلۈمنى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق قىلىپ تەسۋىرلەپ كەلدى. كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە دۇنيادا بەلكىم ئۆلۈملا ئەڭ قورقۇنچلۇق بولسا كېرەك، ئەمەلىيەتتە قورقۇنچلۇقى ئۆلۈم ئەمەس بەلكى ياشاش! مەشھۇر پەيلاسوپ سپىنوزا 17 ـ ئەسىردىلا ئىنتايىن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بۇنى ئاشكارىلىغان. ئۆلۈمنىڭ بىر خىل راھەت يەنى مۇتلەق ۋە تولۇق بولغان بىر قېتىملىق ئەبەدىيلىك قۇتۇلۇش ئىكەنلىكىنى پەقەت ئۇلا ساپ ئىلىمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىقى، بىلىم قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن ئىلاجسىز ئاشكارىلاپ سالغان. باشقا ھەممە ئادەملەر بۇنى بىلىپ تۇرسىمۇ قەستەن بىلمەسكە سېلىپ، پۈتۈنلەي يامان غەرەز يەنى ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۆلۈمنى ئەڭ قورقۇنچلۇق كۆرسىتىپ، بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىدۇ. ئۇلار ئۆلۈمنى باشقىلارنىڭمۇ سۆيۈشىدىن ئەنسىرەيدۇ، ئۇلار ئۆلۈمگە بولغان مۇھەببەتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولۇشىنى، ئۆلۈمدىن ئۆزلىرىگىنىلا يالغۇز لەززەتلىنىشنى ئويلايدۇ. خۇددى ئىنتايىن گۈزەل بىر قىزنى ھەممە يىگىتلەر بىر ـ بىرىگە « بۇزۇق قىز » دېيىش ئارقىلىق، باشقىلارنى ئۇنىڭدىن نېرى قىلىشقا تىرىشقاندەك، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىنى، ئوتتەك مۇھەببىتىنى توسۇش ۋە ئۇلارنىڭ رايىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن گۈزەل قىزنىڭ كەينىدىن خىلمۇ خىل ئۆسەك گەپلەرنى توقۇپ چىقىرىپ يۈرگىنىدەك، ئۇلار ئۆلۈمنىمۇ بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق قىلىپ تەرىپلىشىدۇ. مەن بۇنى بايقاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمنى تەرىپلىگەن چاغدىكى قىياپەتلىرىدىن بىر خىل قىزغىنىشنى ۋە چېكىدىن ئاشقان ئاچكۆزلۈكنى بايقىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس، بىراق كۆپىنچە ئادەملەر يەنى ئادەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بۇنى بايقىيالماستىن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمگە بولغان ئوتلۇق تەلپۈنۈشلىرىدىن ئالدانغان ھالدا ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرىپلىرى راست بولۇپ، مەن ئۆلۈمگە خاتا ھالدا مەپتۇن بولۇۋاتقان بولسام كې-

رەك ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ . ئۇلار ئۆلۈمنى قورقۇنچ ، روھىي ئازاب ۋە چەكسىز روھىي بېسىم بىلەن سۆيىدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ خىل تەلپۈنۈشنىڭ بەكمۇ چەكسىز ۋە بەكمۇ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىدا ، بۇ خىل چەكسىزلىك ۋە چوڭقۇرلۇق ئالدىدا قورقۇنچقا چۆمۈپ ، بۇ قەدەر مۇقەددەس ، بۇ قەدەر يۈكسەك نەرسىنى قوبۇل قىلىشقا پېتىنالماي قالىدۇ ، مانا بۇنى ئاخىرىدا ئۆلۈمدىن قورقۇش دەپ ئويلاپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈم توغرىسىدىكى ئىدىيىسى قالايمىقانلىشىپ ئۆزىنىڭ زادى ئۆلۈمنى سۆيىدىغان ، ئۆلۈمگە تەلپۈنىدىغان ۋە ياكى ئۆلۈمدىن جان – جەھلى بىلەن قاچىدىغانلىقىنىڭ زادى قايسىسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالىدۇ .

مەن دائىم ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ بىردىنبىر ۋە ئاخىرقى قۇتۇلۇش يولى بولمىغان بولسا قانداقمۇ قىلاتتىم دەپ ئويلاپ كېتىمەن ، شۇڭا مەن ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈ دەۋر قىلىنىشىنىڭ يەنى سانسارانىڭ مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن . ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىگە قانداقمۇ بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن ؟ مەن ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىزدەپ يۈرگەن قەدىمكى زالىم پادىشاھلارغا نەپرەتلىنىمەن ، ئۇلاردىن يىرگىنىمەن . ماڭا بىردىنبىر كېرىكى مەڭگۈلۈك يوقىلىش !

مەن ۋاقىتنىڭ سىرلىق دوزىخىغا مەھكۇم بولۇپ ، ئۇنىڭ چەكسىز قوينىغا قامىلىپ قالدىم . شۇ تاپتا مەن ئۈچۈن ھازىرلا مەۋجۇت ، كەلگۈسى مەۋجۇت ئەمەس ، ئۆتمۈشمۇ مەۋجۇت ئەمەس . مەن مەڭگۈلۈك ئاشۇ ھازىرقى زامانغا مىخلىنىپ قالدىم ، خۇددى قەدىمىي رىم ئىمپېرىيىسىدە جازالانغان جىنايەتكارلاردەك ، مەن ھازىرقى زامانغا خۇددى خىرىستوس ئىسادەك مىخلىنىپ ، ۋاقىتنىڭ مەڭگۈلۈك جازاسىنى تارتىۋاتاتتىم . مەن ئۇنىڭغا مەڭگۈ قۇتۇلالماس قىلىپ مىخلانغانىدىم .

ھەممە ئادەم ۋاقىت قوينىدا جان تالاشماقتا ، ۋاقىت كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك تىرنىقى بىلەن بوغماقتا . كىشىلەر ۋاقىتنىڭ ئىلكىدە ئازابلىق ئىڭرىماقتا . كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىن تارتىپلا ھامان ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشنىڭ غېمىدىلا يۈرىدۇ . ۋاقىتنى ئۆتكۈزەلمەي ھاراق ئىچىپ،

خۇدىنى يوقىتىش ئارقىلىق ۋاقىتنىڭ زادى قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى تۇيالماي قېلىشقا تىرىشىدۇ ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزەلمەي ئۇلتۇرۇشلارنى قىلىدۇ ، قارت ئوينايدۇ ، شاھمات ئوينايدۇ ، كىنو كۆرۈپ باقىدۇ ، كىتاب كۆرۈپ باقىدۇ ، كوچىلارنى ئايلىنىدۇ ، مۇھەببەتلىشىدۇ . ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل ھەرىكىتى پەقەت ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا ، كىشىلەر ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خىلمۇ خىل ئىشلارنى ئويلاپ تاپىدۇ . ئۇلار ۋاقىتتىن بىزار بولىدۇ ، ۋاقىتنى قارغىشىدۇ . ۋاقىت بىلەن ئېتىشىدۇ ، ئېلىشىدۇ . يەنە تېخى ۋاقىتنى سۆيىدىغان ساختا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ « ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت ! » دېگەندەك ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ ، ئۆزلىرىنى خۇددى ۋاقىتقا قىيالمايۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرگۈزۈۋېلىشىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتنى تېز ئۆتكۈزۈپ ئۆلۈمگە تېزرەك يېقىنلىشىشتەك ئارزۇسىنى خۇددى ئۇنداق ئارزۇ زادىلا مەۋجۇت ئەمەستەك جان ـ جەھلى بىلەن چەتكە قاقىدۇ . ئۇلار ۋاقىتنى سۆيىدىغان ۋە ناھايىتى قەدىرلەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ ... »

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇۋېتىپ. تۇيۇقسىز بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدى . بىر كۈنى ئۇ تاھىرنىڭ يېنىغا كىرسە ، تاھىر ئۆزى رەسىم سىزماقچى بولۇپ تەييارلاپ قويغان رەختكە تىكىلگىنىچە مىدىر ـ سىدىر قىلماستىن ئولتۇراتتى . رەشىدە كىرىپ كەلگەندە ئۇ ئۆرۈلۈپ قاراپمۇ قوياي دېمەي ئولتۇرۇۋەردى ، ھەتتا ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ مىت قىلىپ قوياي دېمىدى . رەشىدە ئۇنىڭغا بىر ھازا ئۈنسىز قاراپ ئولتۇردى .

تاھىرنىڭ قولىدىكى تاماكا كۆيۈپ تاكى ئۇنىڭ بارماقلىرى بىلەن تۇتقان جايلىرىمۇ كۆيمەكتىدى . بۇنى كۆرۈپ رەشىدە بىردىنلا قاتتىق چۆچۈپ كەتتى . تاماكىنىڭ چوغى ئۇنىڭ بارماقلىرىغا تېگىپ تۇراتتى . تاھىر بولسا بارماقلىرى ئوتتا كۆيۈۋاتقانلىقىنى زادىلا سەزمىگەندەك تاماكىنى تاشلىۋېتەي دېمەستىن قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى . بۇنى كۆرۈۋېرىپ رەشىدە ئاخىر چىدىيالماي ۋارقىراپ تاشلىدى :

— تاھىر ، بارماقلىرىڭىز كۆيۈۋاتىدۇ ! — تاھىر بۇنى ئاڭلاپ ئېرەڭسىزلىك بىلەن موخۇركىسىنى ئۆچۈردى ، بىراق ئەڭ دەھشەت يېرى

شۇكى، تاھىر موخۇركىنى يەرگە تاشلاپ ئەمەس يەنە بىر ئالقىنىغا بېسىپ تۇرۇپ ئۆچۈردى. رەشىدە ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ئالقانلىرىنى قولىغا ئېلىپ قارىدى. تاھىر سول قولىنىڭ ئالقىنىنى كۆلدان قىلىۋالغانىدى. رەشىدە ئۇنىڭ تاماكا چوغىنى دائىم بېسىپ ئۆچۈرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان ئالقىنىغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالقىنى يېرىڭلاپ ھېچ يېرىنى كۆرگىلى بولماس بولۇپ كەتكەنىدى. رەشىدە ئاشۇ ئالقاننى نەچچە كۈنگىچە كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى قىلىۋېتەلمىدى.

ئاشۇ چاغلاردا نېمە ئۈچۈندۇر تاھىر دائىم ئۆزىنى ساقايماس بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغاندەكلا ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر كېسەل مىكروپلىرىنىڭ توختىماي يەپ، تېنىنى قۇتقۇزۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغاندەك ھېس قىلاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھالسىزلىنىپ، گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمەي ئۇزاقتىن - ئۇزاق يېتىپ كېتەتتى. ئۇ ئۆز تېنىنى ئاستا سىلاپ باقاتتى. گاھى - گاھىدا ئۇنىڭغا پۈتۈن تېنىدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى، بىراق بىر ھازادىن كېيىن قايتا سىلاپ باققاندا بەدىنىدە تەر بارلىقىنى بىلەلمەيتتى، ئۇنداق ئەمەستەك قىلاتتى. بۇ خىل ئەھۋال بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. ئۇ چۈشى بىلەن رېئاللىقنىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرەلمەي قالدى. يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى سېزەتتى. بەدىنىنى سىلاپ باقسا قولىغا لىق تەر ئۇرۇناتتى. ئۇ ئەتىگەندە بۇنىڭ چۈشى ياكى رېئاللىق ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالماي قالاتتى. ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

ئۇ دوختۇرخانىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈتكۈزدى، بىراق دوختۇرلار ئۇنىڭ كېسىلىنى زادىلا ئېنىقلىيالمىدى، ئۇ بولسا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كېسەل ئەمەس دەپ دىئاگنوز قويغىنىدىن رەنجىپ يۈردى، نەگە بېرىپ تەكشۈرتسە نەتىجە ئوخشاش ئىدى. ئۇ دوختۇرخانىلارغا تولا بېرىۋېرىپ ئاخىرىدا دوختۇرلارغا كېسىلى توغرۇلۇق سۆزلەشتىنمۇ خىجىل بولىدى-

غان بولۇپ قالدى . ئۇ خاتىرىسىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازغانىدى :

« مەن يەنىلا توختىماستىن دوختۇرخانىمۇ دوختۇرخانا قاتراپ يۈرۈۋەردىم . بارلىق دوختۇرخانىدىكى دوختۇرلارنىڭ كېسىلىم شۇنداق ئېنىق تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا دىئاگنوز قويالماسلىقى ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە ئىش ئىدى ، ئۇلار مېنى نېمىشقا ساق دەيدىغاندۇ ؟ مەن بارا ـ بارا ئۆزۈمنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىمنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم . دېمەك ، ئۇلار مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ ، مېنى ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىمنى بىلىپ قالسا قاتتىق ئازابتىن خۇدىنى يوقىتىۋېتىدۇ دەپ ئويلاپ ، شۇڭا يالغاندىن سىزدە ھېچقانداق كېسەل يوق ، دەپ قويۇۋاتقاندۇ . چوقۇم شۇنداق ، بولمىسا شۇنچە ئېنىق كېسەلگىمۇ زادىلا دىئاگنوز قويالمامدۇ ؟ مەن ئۆزۈمدىكى ناھايىتى روشەن بولغان ، مېنىڭ تېنىمنى تامامەن ئىلكىگە ئېلىۋالغان كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ئۇلارغا ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈردۈم . بىراق ، ئۇلار پەرۋا قىلمىدى ، ئۆزۈمنىڭ دائىم كۆڭلۈمنىڭ ئېلىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ، ھەر قېتىم كۆڭلۈم ئېلىشسا تېنىمدە جان قالماي ، چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى ، بەزىدە تۈيۈقسىز تۇنجۇقۇپ تىنالماي ئۆلگىلى تاس قالىدىغانلىقىمنى ، پۇت ـ قوللىرىمنىڭ قاتتىق تىترەپ بەزىدە بىردىنلا يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقىمنى ئۇلارغا تالاي قېتىم سۆزلەپ ئۆتتۈم . بىراق ، ئۇلار مېنى يەنىلا ساق دەپ تۇرۇۋالدى .

مەن دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىردەم تۇردۇم . كۆزلىرىم دوختۇرخانىنىڭ ۋېۋىسكىلىرىغا ئالاھىدە ئەستايىدىللىق بىلەن تىكىلگەنىدى . خۇددى ۋېۋىسكىدىكى دوختۇرخانىنىڭ ئىسمى ئەمەس ئۇزۇن بىر پارچە ھېكايىدەكلا خېلى ئۇزۇنغىچە ۋېۋىسكىدىن نەزەرىمنى باشقا ياققا ئاغدۇرماي تۇردۇم . ۋېۋىسكىدىكى خەتنى ئوقۇشقا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كەتتى دېگەندىمۇ 3 ـ 4 سىكونت كېتەتتى ، بىراق مەن ۋېۋىسكىغا ئالاھىدە يېرىم سائەتتەك قاراپ تۇردۇم . بەلكىم مېنىڭ بۇنداق ئۇزاق قاراپ تۇرۇشۇم ھۆسن خەت يېزىشنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىندۇر . ۋې-

ۋىسكىدىكى خەتلەرنى خىلىلا چىرايلىق يېزىلغان دىيىشكە بولاتتى ، بىراق نېمە ئۈچۈندۇر مەن دوختۇرخانىنىڭ ۋىيۇسكىسىدىكى خەت بۇنىچىلىك چىرايلىق بولماسلىقى كېرەكتەكلا ھېس قىلدىم . قانداقلا بولىشىدىن قەتئىيىنەزەر دوختۇرخانىغا كەلگەن كىشىلەر دوختۇرخانىنىڭ ۋىيۇسكىسىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن كېلىدۇ .

مەن دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىن بىر نەچچە قېتىم كىرمەي ئۆتۈپ كەتكەنىدىم ، بۇ ھەرگىزمۇ كىرىشتىن خىجىل بولغانلىقىمدىن ئەمەس ئىدى ، چۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ خىجىللىق دەۋرى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇرۇن كىشىلەر پاھىشىۋازلىق قىلسا ياكى جالاپلىق قىلسا باشقىلارنىڭ بايقاپ قېلىشىدىن قورقىدىكەنمىش ، بىراق كېيىنچە پاھىشىۋازلار پاھىشىۋازلىق قىلالمايدىغان ياكى پاھىشىۋازلىق قىلىشنى خالىمايدىغان كىشىلەرنى ئوچۇق - ئاشكارا مەسخىرە قىلىدىغان ۋە كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كەتتى ، ھەتتا ھاقارەتلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى . ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسى ئازاد بولۇپ يېڭىدىن يېڭى ( بۇرۇن جىنايەت ھېسابلىنىدىغان ياكى جىنايەت ھېسابلىنىشقا تېگىشلىك ) قىلىقلارنى ئويلاپ تېپىپ ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ھاقارەتلەشلەرنىڭ دەسمايىلىرىنى توختىماي بەرپا قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇزۇقچىلىق توغرىسىدا ھېچكىم توختىمايدىغان بولۇپ كەتتى . ھەتتا ئوغرىلارنىڭ ئوغرىلىق قىلمايدىغانلارنى ئوچۇق ئاشكارا ھاقارەتلەيدىغان دەۋرلىرىمۇ ئۆتۈپ كونىلىق بولۇپ قېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ ، كىشىلەر باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاشتىن پەخىرلىنىپ يۈرگەن يەردە ، ئۆز بەدىنىڭدىكى ئەزالىرىڭنى خالىغانچە ئىشلىتىشتىن پەخىرلەنسەڭ بولمامدىكەن ؟

مانا مۇشۇنداق دەۋردە كېسەلگە گىرىپتار بولۇشتىن كىممۇ خىجىل بولىدۇ . ئەڭ مۇھىمى دوختۇرخانىنىڭ ۋىيۇسكىسىدىكى خەت خېلىلا چىرايلىق يېزىلغانىدى . مەن ۋىيۇسكىغا ناھايىتى ئۇزاق قاراپ تۇردۇم ، ئەجەبا بۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى جاينىڭ دوختۇرخانا ئەمەس

بولۇشىنى ئارزۇ قىلغىنىمىدۇ ؟ ئەگەر بۇ يەرنىڭ دوختۇرخانا ئەمەس بولۇشىنى ئارزۇ قىلسام ماڭا قەيەر دوختۇرخانا بولۇشى كېرەك ؟

قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن دوختۇرخانا ئىچىگە كىرىپ كەلدىم . نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلۈمنى بىر خىل بىسىپ بولغۇسىز پەرىشانلىق ئىگىلىۋالدى . بۇ ھەرگىزمۇ ئۆز كېسىلىمدىن قورقۇش تۇيەيلىدىن ئەمەس ئىدى . قانداقلا چاغدا بولسۇن دوختۇرخانىغا كىرسەملا كۆڭلۈم ئەنە شۇنداق غەش بولاتتى . كىچىك چاغلىرىمدا بىر نەچچە قېتىم كېسەل بولۇپ قېلىپ دوختۇرخانىغا كىرگەندىن بىرى بەلكىم كېسەل تۇيەيلىدىن دوختۇرخانىغا كىرمىگىنىمگە يىگىرمە يىللارچە ۋاقىت بولغاندۇ ، ئالتە ـ يەتتە ياش چاغلىرىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە يەنى 1994 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە ئاساسەن دوختۇرخانىغا كىرىپ تەكشۈرتكۈدەك كېسەل بولۇپ باقمىدىم ، بىراق نېمە ئۈچۈندۇر دوختۇرخانىغا ھەتتا دوختۇر ئاغىنىلىرىمدىن بىرەرسىنى ئىزدەپ كىرىپ قالسامۇ ، باشقا چاغلاردا مەندە ئەزەلدىن يۈز بەرمەيدىغان بىر خىل پەرىشانلىق ـــ غەلىتە بىر خىل غەشلىك قەلبىمنى چۇلغىۋالىدۇ .

دوختۇرخانا ئىچىدە ئادەملەر مىغىلداپ تۇراتتى . ئادەملەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرغۇدەك كۆپ ئىدى . ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ قەيەردىلىكىنى سوراپ باقماقچى بولدۇم ، بىراق ئادەم بەكمۇ كۆپ بولغاچقا ، بۇنى زادى كىمدىن سوراشنى بىلەلمەي ئاخىر ھېچكىمدىن سورىمىدىم . ئەڭ مۇھىمى ئادەملەرنىڭ بەكمۇ كۆپ ئىكەنلىكى ئەمەس بەلكى ھېچكىمدىن سوراشقا پېتىنالمىغانلىقىمدىن سورىمىدىم ، بۇنى بىراۋدىن سورىسام ئۇ مىردەم ئويلاپ تۇرۇپ كېتىپ سوئالىمغا جاۋاب بەرگۈچە ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەنىدىم ، نېمە ئۈچۈندۇر كېسەل كىشىلەرنىڭ چىرايىغا قاراشمۇ كۆڭلۈمنى بۆلەكچىلا غەش قىلىپ قوياتتى . بۇ يەردە مېڭىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئىچىدە كىم كېسەل ، كىم كېسەل ئەمەس بىلىپ بولمايتتى .

مەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئوڭ قول تەرەپكە شۇنداقلا قارىۋىدىم ، ئۇزۇن كارىدورنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئىشىك بېشىغا ئېسىپ

قويۇلغان « ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى » دېگەن سۆزگە كۆزۈم چۈشتى. قىزىل رەڭدە يېزىلغان بۇ خەتنى مەن يېغىرغا ئوخشاتتىم.

كاردور ئىچىدە كىشىلەر گويا كوچا ئاپتوبۇسى ئىچىدە قىستالغاندەكلا قىستىلىشىپ يۈرۈشەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ سانسىزلىغان كېسەل مىكروبلىرى بىلەن خۇددى قېرىنداشلاردەك يېقىن تۇرغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

رېئاللىقتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن باشقا يەنە بىر ئۇسۇلى ئۆزىنى تاشلىۋېتىش، يەنى رېئاللىققا پۈتۈنلەي ئۇيغۇنلىشىش، رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش، رېئاللىققا لايىقلىشىش. دوختۇرخانا ئىچىدىكى شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كېسەل ئىكەنلىكى بۇ رېئاللىق. سەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈڭنى كېسەل ئەمەس دەپ ھېس قىلساڭ بۇ سېنىڭ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمىغانلىقىڭ، رېئاللىققا ئۇيغۇنلىشالمىغانلىقىڭ ھېسابلىنىدۇ. رېئاللىققا ئۇيغۇنلىشالماسلىق كىشىدە خام - خىيال پەيدا قىلىدۇ، خام - خىيال دەل روھىي كېسەللىككە تۇتىشىدىغان ئۇزۇن كاردور ياكى روھىي كېسەلنىڭ باشلىنىشى؛ شۇڭا دوختۇرخانىدىكى شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى كېسەل ئەمەستەك ھېس قىلىشنىڭ ئۆزىلا كېسەللىك.

مەن كاردوردىكى كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە قاراپ ماڭدىم. كېسەل كىشىلەرنىڭ كېسەلچان چىرايىغا قاراپ كۆڭلۈمنى تېخىمۇ غەش قىلىۋالماسلىق ئۈچۈن، كاردوردىكى كىشىلەردىن نەزەرىمنى ھېچكىمنىڭ چىرايىدا بىرەر دەقىقىمۇ توختتاي دېمەستىن تىنىمسىز يۆتكەپ ماڭدىم. بەلكىم مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ بىر خىل خام - خىيالغا بېرىلىش كېسىلى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئاشۇ كاردوردىن مېڭىپ ئۆتكىچىلا كۆڭلۈمنىڭ غەش بولغىنىنىڭ ھېچقانچىلىك ئىش ئەمەسلىكى ماڭا ئايان ئىدى. ئادەم ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك. ھېچبولمىغاندا ئاشۇ كاردورنى بېسىپ ئۆتكۈچە بولسىمۇ مېڭەم قۇيۇقۇرۇق تۇرغىنىدىن كۆڭۈل غەش بولۇشتىن ئىبارەت بۇ جەريانىنى بولسىمۇ باشتىن كەچۈرگىنى ياخشىراق ئىدى.

مەن ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە كىرىپ بولغۇچە سۈرلۈك بىر ئادەمنىڭ ئوبرازى هامان كاللامدىن نېرى كەتمەي كۆز ئالدىمدا شەكىللىنىپ تۇردى . مەن ئۇ يەرگە كىرىپ بولغاندىن كېيىنلا خىيالىمنى ئىگىلەپ تۇرغان بۇ ئوبرازنىڭ كىمنىڭ ئوبرازى ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ يېتەلىدىم ، چۈنكى مەن كېسىلىمنى تەكشۈرتىدىغان ئايال خۇددى ئەرۋاھتەكلا ئورۇق بىر ئايال بولۇپ ، ئۇنىڭ مېنى كۈتۈۋالغان چاغدىكى سوغۇق نەزەرى بەكمۇ جانسىز بولغاچقا ، سوغۇق نەزەردەكمۇ بىلىنمەيتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى بۇ خىل ئىپادە ئۇنىڭ ئورۇقلۇقى بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى ئاجايىپلا بىچارە هەم ئېچىنىشلىق قىلىپ كۆرسىتەتتى . ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ بولۇپ ، ئورنىدىن تۇرۇپلا دېرىزە تۈۋىدىكى تېلېفون قويۇپ قويۇلغان شىرەنىڭ ئالدىغا بېرىپ تېلېفون بېرىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ چوكىدەك ئىنچىكە پۇتلىرى سىرتقا ئىگىلىپ كەتكەن بولۇپ ئۇنىڭ ئۆز فىگۇرىسىنىڭ گۈزەللىكىگە ئانچە ئەهمىيەت بەرمىگەنلىكىنى قاراپلا بىلىۋالغىلى بولاتتى . ئۇ ئۆزى دوختۇر بولغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ بەدىنىنىڭ گۈزەللىكىنى قانداق ئاسراشنى ئادەتتىكى بەزى ساۋاتسىز قىزلارچىلىكمۇ بىلمىسە كېرەك . مېنىڭ خىيالىمدىكى ئوبراز كۆكۈش رەڭدىكى بىر خىل ئوبراز بولۇپ ، مەن خېلى تەستە ئۇ ئوبرازنىڭ مەن قاچانلاردۇر بىر چاغدا ئوقۇغان سىگموند فىرېئۇد① نىڭ تەرجىمىهالى يېزىلغان بىر رومانىنىڭ مۇقاۋىسىدىكى ئوبراز ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتتىم . ئۇ رەسىم بەلكىم بەكمۇ ياخشى سىزىلغان رەسىم بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم مەن . چۈنكى ، ئاشۇ رەسىم ، ئاشۇ سۈرلۈك ئوبراز جىنسىيەتنىڭ ئىنسان هاياتىدىكى رولىنى ئادەتتىن تاشقىرى مۇهىم دەپ قارايدىغان بۇ كىشىنىڭ بارلىق نەزەرىيىلىرىنى ۋە خاراكتېرىنى ئىنتايىن ياخشى ئىپادىلەپ بەرگەندەكلا قىلاتتى . مەن ئۆزۈم روهىي كېسەل بولمىسامۇ بۇ روهىي كېسەللىكلەر دوختۇرى هەققىدە ئويلاپ كەتكىنىمگە هەيران قالدىم هەم ئاچچىقىم تۇتتى ،

---

① سىگموند فىرېئۇد — ئاۋسترىيىنىڭ نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرى ، پسىخولوگىيە ئالىمى .

چۈنكى يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى مەن دوختۇرخانىمۇ دوختۇرخانا قاتراپلا يۈرسەم باشقىلار مېنى روھىي كېسىلىڭىز بولسا كېرەك دەپ ھاقارەتلىدى . ئەمەلىيەتتە روھىي كېسەل بولۇپ قېلىش ھاقارەتلىك ئىش ئەمەس ، بىراق ئۇلار مېنى روھىي كېسەل دېگەن چاغدا بۇ سۆزنى مېنى ھاقارەتلەش ئۈچۈن ئىشلەتتى . دوختۇرلارمۇ بۇ گەپنى يۈزۈمدىن يۈزۈمگە دېدى . ئۇلارنىڭ قارىشىچە مەندە زادىلا كېسەل يوق ئىمىش . ئەجەبا مەن ئۆز تېنىمدىكى كېسەلنىمۇ يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرارمەنمۇ ؟ ئۆزۈمنى بىكاردىن بىكار ئۇلارغا كېسەل دېيىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ ئۇلار كېسىلىمنى تەكشۈرۈپ تاپالمايلا مېنى كېسەل ئەمەس دەپ دېئاگنوز قويۇشتى .

مەن دوختۇر ئايالغا يېلىندىم .

— دوختۇر ، مېنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىم ناھايىتى ئېنىق ، سىز ماڭا كېسەل دەپ دېئاگنوز قويۇپ بەرگەن بولسىڭىز .

دوختۇر ئايال ماڭا بىردەم ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاخىر ماڭا ئاچچىق بىلەن دېدى :

— ئۇكام ، دوختۇرخانىغا كەلگەن ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ساق بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىپ خۇدادىن مىڭ قېتىم تىلەپ تۇرسا ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ كېسەل بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىپ نېمە قىلىسىز ؟

— بىراق شۇنچە ئېنىق تۇرسا ...

ئايال چىچاڭشىپ سۆزلەپلا كەتتى . مەن ئاخىرى ئۇنىڭغا گەپ قىلىشنىڭ تامامەن ئارتۇقچە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا تولۇپ تۇرغان كېسەللىك مىكروپلىرىنى ئەگەشتۈرگىنىمچە دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقتىم . ئەمدى باشقا دوختۇرخانىلارغا بېرىپ بېقىشتىنمۇ ۋاز كەچتىم . »

تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇۋېتىپ رەشىدە ئۇنىڭ رەسىملىرى توغرۇلۇق خىيال قىلدى .

رەشىدە تاھىرنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈۋېرىپ ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق

روھىي دۇنياسىغا چوڭقۇر كىرىشىدىن بۇرۇن، ئۇنىڭ بىلەن قانداق تۇيغۇ ... ئۆزىنى

ئوبيېكتىپ دۇنيادىمۇ ئەمەس ، ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدىمۇ ئەمەس

بەلكى باشقا بىر ئەيلەننىڭ روھىي دۇنياسىدا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى ،

ئەمدى بۇ دۇنيادا رەشىدە قالمايۋاتاتتى ... رەشىدە بارا ـ بارا ئىزسىز غا-

يىب بولۇشقا يۈزلەنمەكتىدى ، ئۇنىڭ ئورنىنى تاھىرنىڭ قايتىدىن

قۇراشتۇرۇپ چىقىرىلغان ، ئابستراكت ھەم دەھشەتلىك سەنئەت دۇنيا-

سىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن ئوبرازى ئىگىلەپ ، رەشىدە بۇ ئوبراز تەرى-

پىدىن تامامەن ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتمەكتىدى . ئۇ ئاشۇ رەسىملەر

ئارقىلىق ئۆزىگە ھەرىكەت بەلگىلەپ بېرەتتى .

تاھىرنىڭ رەسىملىرى بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ كەتتى : ئۇ

رەسىملىرىدە دائىم ئۆلۈمگە خاس بولغان بىر خىل تېمىنى ، پەقەت ئۆلۈم

تۇيغۇسىلا ئادەمگە ھېس قىلدۇرالايدىغان بىر خىل تۇيغۇنى زادىلا يو-

شۇرماستىن قىيپالىڭاچ ئىپادىلەپ قوياتتى . ئۇنىڭ رەسىمدىكى ھەر بىر

رەڭ ۋە سىزىقلاردىن ئەسەبىيلىك ۋە تېررورلۇقتىن باشقا نەرسىنى تاپ-

قىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى . بىراق ، رەشىدە بۇ رەسىملەرنى ھامان ئەڭ

ئېسىل رەسىملەر قاتارىدا سۆيەتتى .

تاھىردا دائىم ئاجايىپ غەلىتە خىيالىي تۇيغۇلار پەيدا بولاتتى .

رەشىدە ئۇنىڭ خىيالىي تۇيغۇلىرىغىمۇ مەپتۇن بولۇپ كەتتى ، ئۆزىدە

ئۇنداق خىيالىي تۇيغۇلارنىڭ يوقلۇقىدىن ئېچىناتتى . چۈنكى ، ئۇ ئۆزى

چوقۇنىدىغان ئاشۇ تاھىرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ھەممىسىنى

خىيالىي تۇيغۇسىدىن كەلدى ، دەپ ئويلايتتى ، ئۇ تاھىرنىڭ خىيالىي

تۇيغۇ پەيدا بولغاندا قىلغان سۆزلىرى ۋە قىلىقلىرىدىن ھەم قورقۇنچ

ھېس قىلاتتى ھەم مەستلىكى كېلەتتى . ئۇ دەسلەپ تاھىرنىڭ بۇنداق

تۇيغۇسىنى سېزىپ يەتكەندە ۋۇجۇدى شۈركىنىپ قورقۇنچقا چۆمگە-

نىدى . بىراق ، كېيىنچە بۇ تۇيغۇغا مەپتۇن بولۇپ ئۆزىدىمۇ ئاشۇنداق

تۇيغۇنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى . بىر قېتىم تاھىر ياتىقىدا

ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان قانداقتۇر بىر

نەرسىگە ئالىقانلىرىنى ئېچىپ ئولتۇردى . دەل شۇ چاغدا تاھىرنىڭ خىيا-

لىي تۇيغۇسىدا ئۆي ئىچىدە قار ياغماقتىدى. بۇ بىر خىل قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى. بىراق، رەشىدە ئۆزىمۇ سەزمەستىن تاھىرغا ئوخشاش قولىنى سوزۇپ تۇردى، بىراق ئۇنىڭ قولىغا نە قار، نە يامغۇر تامچىسى ئۇرۇلمىدى.

— تاھىر نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— قار يېغىۋاتىدۇ ... نېمىدېگەن چەكسىز قار ...

ئۇنىڭ مېڭىسى ئازابلىق خىياللار بىلەن تولۇپلا تۇراتتى. شۇ قەدەر چەكسىز ئازابلىق خىياللارنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىگە قانداق سىغقانلىقىنى رەشىدە تەسەۋۋۇرمۇ قىلالماي قالاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىمۇ ئازابلىق تۇيغۇدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. مانا بۇ ئازابلىق تۇيغۇلار ئۇنىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى تېخىمۇ ئورۇق ھالغا كەلتۈرۈپ ئۇنى مۈكچەيتىۋەتكەنىدى. دائىملىق ئازابلار خىياللاردىن پەيدا بولغان چىراي ئىپادىلىرى ئۇنىڭ يۈزىدە ساقلىنىۋېرىپ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى مەڭگۈلۈك ئىپادە بولۇپ قېتىپ قالغانىدى. ئاشۇ ئۆزگەرمەس چىراي ئىپادىسى تۆپەيلىدىن ئۇنىڭ يۈزلىرى پۈرۈشۈپ ئەسلىگە قايتماس بولۇپ قالغان.

ئۇنىڭ چىرايى ھەر بىر قېتىم تۈرۈلگەندە پەيدا بولغان سىزىق ئاشۇ ئورنىدىلا خۇددى چوڭقۇر تارتۇقتەك ئويمان سىزىق بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئازابلىق ۋە يىرگىنچلىك خىياللىرى ئۇنىڭ چىرايىنىمۇ شۇنداق ئازابلىق ۋە يىرگىنچلىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. رەشىدە دەسلەپتە ئۇنى كۆرگەندە ئۇنى تولىمۇ قاملاشقان يىگىتتەك كۆرگەنىدى. بىراق، كېيىن ئۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى قانداق بولسا چىرايىمۇ شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. شوخ، خۇشال – خورام يۈرگەن، قەلبى غايە بىلەن تولغان كىشىلەرنىڭ چېھرىلىرىمۇ شۇنداق نۇرلۇق، شۇنداق غالىبانە! بىراق رەشىدەگە تاھىرنىڭ ئاشۇ زۇلمەتلىك چىرايىمۇ خۇددى ئۇنىڭ پۈتۈنلەي خۇنۈك رەڭلەر بىلەن سىزىلغان رەسىملىرىدەك خۇنۈك، بىراق قەيەرلىرىدىدۇر بىر كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگىدەك تۇيۇلاتتى. بەلكىم بۇ پەقەت رەشىدەلا ھېس قىلالايدىغان، باشقىلار ھېس قىلالمايدىغان ئالاھىدە بىر

ـىل جەلپ قىلىش كۆچى بولسا كېرەك . بۇ خىل جەلپ قىلىش كۆ-
چىنى پەقەت رەشىدەنىڭلا ھېس قىلالىشىدىكى سەۋەب بەلكىم ئۇنىڭ تا-
ھىر ياراتقان سەنئەت دۇنياسىغا شۇ قەدەر مەپتۇن بولۇپ كەتكەنلىكىـ
دىندۇر .

رەشىدەنىڭ تاھىرنىڭ خاتىرلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ مۇنداق بىر
پارچە شېئىرىنى ئوقۇغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىدە :

ئەجەبمۇ بىر ئوماق بالا ئىدىمەن ،
ساناقسىز قىزلارنى ئەيلىگەن مەپتۇن .
ئاھ ، بۇگۈن ۋۇجۇدۇم تەۋرەر شامالدا ،
چىرايىم سارغايغان شۇ قەدەر سولغۇن .

قانچىلاپ قىزلارنى ھەسرەتتە قويغان ،
لەۋلىرىم سۆيۈلمەي بولماقتا قاقشال .
بىلمىدىم باھارنىڭ ئىللىقلىقىنى ،
سەزمىدىم سۆيگۈنىڭ شېرىنلىكىنى ،
تەقدىرىم شۇ بەلكىم ، يوق مەندە ئامال .

ئەجەپمۇ بىر ئوماق بالا ئىدىمەن ،
بولدى سەن تاشلىۋەت ئاشۇ رەسىمنى !
يوقالدى دۇنيادىن رەسىمدىكى مەن ،
ئۇ رەسىم ئەمدى شاد قىلالماس سېنى .

چېھرىمگە قورۇقلار چۈشەر ئالدىراپ ،
ھەسرەتكە سالىدۇ بارچە ئەسلىمە .
ئۆزنەمەي ، تاشلىۋەت رەسىملىرىمنى ،
ھاياتتىن ئۆچسۇن ئىز ... بارچە خاتىرە .

تاھىر بۇ شېئىرنى ئاسىيەگە بېغىشلاپ يازغانىدى . ئەينى چاغدا
ئاسىيە ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە ئۇنى بەكمۇ كۆرگۈسى كەلگەنلىكىنى ئېيت-

تىپ، ئۇنىڭ بىرەر پارچە رەسىم ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. تاھىر ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەرگەن ئاشۇ رەسىمنى ئاسىيە ئالبۇمىنىڭ بىرىنچى بېتىگە سېلىۋالغانىدى.

— تاھىر، قارىغىنا بۇ رەسىمگە، — دېگەنىدى ئاسىيە نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن بىر قېتىم تاھىرغا ئاشۇ رەسىمنى كۆرسىتىپ: — نېمىدېگەن ئوماق!

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تاھىر تۇرۇپلا قالغانىدى. تاھىر ئۆزىنىڭ ئاشۇ سۈرىتىنى ئۇنتۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ سۈرەتكە بىر ھازا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭ چىرايىنىڭ نەقەدەر ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. شۇ چاغدا ئاشۇ شېئىرنى يېزىپ قويغانىدى.

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. ئۇنىڭغىمۇ ھەممە نەرسە بەربات بولۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ بۇ ئالەمدىكى ھېچقانداق يۈكسەك بىر نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا خۇددى تاھىردەكلا چۈشكۈن، خۇددى تاھىردەكلا ۋەيرانە بىلىنىشكە باشلىدى. بۇ چۈشكۈنلۈكنىڭ باش ئاخىرى يوق ئىدى. ھەممە ئادەم بۇ دۇنيادا سۆيگۈسىز ۋە ئۈمىد بولمىغان ھالدا قارىغۇلارچە تىمىسقىلاپ يۈرۈۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق بولغىنى بىلەن ھېچ نەرسىنى كۆرمەيۋاتقاندەك تۇيۇلدى. دۇنيانى پەقەتلا مۇھەببەت قۇتقۇزالايدۇ دەپ ئويلىدى ئۇ، لېكىن ئەگەر دۇنيادا مۇھەببەت مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ چىقسىچۇ؟

ئۇ تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى قويۇپ قويۇپ پەرىدەنىڭ تويى بولغان چاغلارنى ئەسلەشكە باشلىدى.

تويىنىڭ ھارپا كۈنى پەرىدە ئالبۇملىرىنى ۋاراقلىغىنىچە ئۇنىڭ ئىچىدىن بەزى رەسىملەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋەتتى. بۇلار ئۇنىڭ ئەركىن بىلەن قولتۇقلىشىپ ۋە قۇچاقلىشىپ چۈشكەن رەسىملىرى ئىدى. ئۇ رەسىملەرنى دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇ كۆيۈۋاتقان رەسىملەرنىڭ يالقۇنىغا ئۈن - تىنسىز تىكىلەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش

يالتراپ ، لىغىرلاپ تۇرغان ياش تامچىلىرىدا قىپقىزىل يالقۇنىنىڭ ئەكسى كۆرۈنەتتى . پەرىدە ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلايتتى :

ـ مانا بۇلار مېنىڭ بارلىق ياشلىقىم ، ئاشۇ ئوت يالقۇنىدا مېنىڭ ياشلىقىم ، ئەڭ گۈزەل دەۋرلىرىم كۆيمەكتە ، مېنىڭ ئالىي مەكتەپ هاياتىم ـــ هاياتىمنىڭ ئەڭ مۇهىم بىر قىسمى كۆيمەكتە . مېنىڭ ئەڭ ساپ ۋە بىردىنبىر ساپ مۇهەببىتىم كۆيمەكتە ...

ئەتىسى پەرىدەنىڭ تويى بولدى .

بىلەلمىدىم ...
بىلەلمىدىم نىمە ئۇ سۆيگۈ ،
كېچەلمىدىم ...
كېچەلمىدىم ، بىراق ئۇ ئازاب .
تېپىرلىدىم ...
تېپىرلىدىم قۇچىسمۇ ئىزگۈ ،
ئاھ ! ... يىغلىدىم
سۆيگۈ بىلەن تۇرساڭمۇ قاراپ .
مۇز ئىلكىدە ئوت ئالغۇدەك يۈرەك مەندە يوق ...
سۆيەلمەيمەن ...
سۆيەلمەيمەن قىينىما جېنىم
يوق مېنىڭدە سۆيۈشكە هوقۇق .

چۈشەنمەيمەن ...
چۈشەنمەيمەن باهارنىڭكى ئىللىقلىقىنى ،
مەست بولمايمەن ...
قىيىن مېنىڭ غەرق مەست بولمىقىم .
سۈرەلمەيمەن ...
سەن تۇتقان ئۇ شاراپ پەيزىنى .

تويدا ناخشا ياڭرىماقتىدى . رەشىدە بۇ تېكىستنى كىمنىڭ ياز-

غالىلىقىنى مەڭگۈ ئەسلىيەلمەيدۇ. بۇ ناخشا خۇددى پەردە ئۈچۈنلا ئىجاد قىلىنغاندەك تۇيۇلاتتى.

كەچتە ئاخىر توي تۈگىدى. ئۇلار پەردە بىلەن كامىلنى ئۇزىتىپ كەلدى. ھەممەيلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتكەندە ئۇلار ئىككىسى يالغۇز قالدى. ئۇلار چىقىپ كېتىۋاتسا پەردە ئۈمىدسىز كۆزلىرى بىلەن نىجادلىق ئىزدىگەندەك ئۇلارنىڭ يەنە بىردەم تۇرۇپ قېلىشىنى، قورقۇنچلۇق پەيتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كەينىگە سۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، يېلىنغاندەك قاراپ قالدى، ئۇلار يەنىلا چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى.

بۇ ئازادە ياسالغان ياتاق ئۆي بولۇپ كامىل قوش كىشىلىك كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ئايىغىنى سالماقتا.

پەردە دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ دېرىزىدىن قاپقاراڭغۇ سىرتقا تىكىلدى. سىرتتا شارقىراپ يامغۇر ياغماقتىدى. پەردە دېرىزىنى ئاچتى. يامغۇرنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى، كۈچىيىپ ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى. پەردەنىڭ پۈتكۈل سەزگۈلىرىنى ئىگىلىۋالدى. پەردەنىڭ بارلىق ئاڭلاش سېزىمى يامغۇرنىڭ شارىلدىغان ئاۋازى، ئىچىگە غەرق بولدى. يامغۇر ئارىسىدىكى ئادەمگە راھەت بەخش ئەتكۈچى سوغۇق ھاۋا ئۇنىڭ دىمىقىغا خۇددى گۈللەرنىڭ خۇش ھىدىدەك بىلىنمەكتىدى.

كامىل كېلىپ پەردەنى كەينىدىن قۇچاقلىۋالدى، پەردە بولسا خۇددى بۇنى زادىلا سەزمىگەندەك يامغۇر ئىچىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى، قوللىرىنى ئاستا سوزۇپ دېرىزىدىن سىرتقا چىقاردى. پەردەنىڭ قوللىرى ياكى سوغۇقتىن قىزىپ كەتكەچكە شۇنداق تۇيۇلدىمۇ ئۇنىڭغا خۇددى قىپقىزىل قان رەڭلىك يامغۇر چۈشۈۋاتقاندەك بىلىندى. پەردەنىڭ قوللىرى قىپقىزىل گۆش رەڭلىك ئىدى. ئۇ دېرىزىدىن بىپايان ئاسمانغا تىكىلدى. ئاسمان قاپقاراڭغۇ ئىدى، ئۇ پەردەگە ئەسلىدىكى چەكسىزلىكىنى يوقىتىپ كىچىككىنە بىر قازان ھالىتىگە كېلىپ قالغاندەكلا تۇيۇلدى. رەشىدە ئاشۇ توي كۈنىنى ئەسلىگەندە ئۇ كۈنى يامغۇر ياغقانلىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. بىراق، تاھىر بىلەن پەردەنىڭ ئېسىدا ئاشۇ توي كېچىسى يامغۇرلۇق بىر كېچە ئىدى. پەردە قولىنى

دېرىزىدىن سىرتقا سۇنۇپ يامغۇرنى خۇددى يېغىۋاتقان قاندەك قى-
زىل ھېس قىلغانلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدۇ . كامىل ئۇنى ئۈن ـ
تىنسىز قۇچاقلاپ قوش كىشىلىك كارىۋات تەرەپكە تارتقاندىمۇ ئۇ قولىنى
يامغۇر قويىنىدىن تارتالماي قالغانىدى . كامىل ئۇنى كارىۋاتقا بېسىۋالدى .
پەرىدەنىڭ گەۋدىسى ھېچقانداق سېزىمسىز ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا تاشلىنىپ
ياتاتتى . بارلىق ھەرىكەتلەرگە ئىنكاسسىز ئىدى . كامىل ئۇنىڭ بويۇنلى-
رىغا سۆيدى . ئۇ كۆزلىرىنى ئاستا يۇمۇپ غۇنچىدەك لەۋلىرىنى جىمجىت-
قىنا سوزدى . ئۇ خالاپ شۇنداق قىلدىمۇ ياكى خالىماي قىلدىمۇ بۇنى
مەڭگۈ بىلمەيدۇ . چىراغ ئۆچۈرۈۋېتىلدى . شۇ تاپتا پەرىدەگە ھەممە
نەرسە ئېرىپ قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك ، قاراڭغۇلۇقنىڭ تو-
مۇرلىرىدا ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدى تەرەپ ـ تەرەپكە قاندەك ئېقىپ كېتىۋات-
قاندەك تۇيۇلماقتىدى . قىلىنىۋاتقان بىر قاتار ئىشلارنىڭ ئۈن ـ تىنسىز-
لىكى كىشىنى ۋەھىمىگە سېلىپ ، بۇ ئىشلارنى قورقۇنچلۇق تۈسكە
كىرگۈزۈپ قويغانىدى .

ئەتىسى پەرىدە ناھايىتى بالدۇرلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . كا-
مىل بولسا يېرىم يالىڭاچ ھالدا كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ تاتلىق ئۇيقۇدا
ئىدى ، پەرىدەنىڭ نەلەرگىدۇر كەتكۈسى كېلەتتى . بىراق ، بارغۇدەك
ھېچ يەرنى ئويلاپ تاپالمىدى . ئۇنىڭ سىرتقا چىققۇسى بەكلا كېلىپ
كەتتى . ئۆيىنىڭ تۆت تېمى ئۆزىنى يۇتۇپ كېتىدىغاندەك ، ئۆيىنىڭ تام-
لىرى مۇز بىلەن قوپۇرۇلغاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇنىڭ قاتتىق دېمى سىقى-
لىپ كەتتى . ئۇ چىقىپ تۈنۈگۈنكى يامغۇر بىلەن تېخىمۇ ساپلىشىپ
كەتكەن ھاۋادىن بىر نەپەس ئالغۇسى كېلىپ كەتتى ، بىراق چىقالمىدى .
مانا بۇ ئۇنىڭ ئائىلە بىلەن ئەركىنلىك ئوتتۇرىسىدا جان تالىشىشىنىڭ
باشلىنىشى ئىدى . كامىل چۈشكە يېقىن ئاران ئورنىدىن تۇردى . پەرىدە
ئالدىراپ ئۇنى سىرتقا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى . ئۇلار ئاخىر سىرتقا
چىقتى ، ئۇ بىنادىن چىقىپلا قېنىپ ـ قېنىپ نەپەس ئېلىۋالدى ، شۇنىڭ
بىلەن ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ئېغىرچىلىقلار تارقاپ كەتكەندەك بولدى .
ئاشۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ياخشى ئىدى ، ھاۋا گويا شېرىن توي كېچى-

سىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان ياش قىزچاقنىڭ چېھرىدەك ئېچىلىپ كەتكەندى. بىراق، تاھىر مۇنچىدىن يۈيۈنۈپ سىرتقا چىققاندا ھاۋا ئۇنىڭغا زادىلا ئۇنداق تەسىر بەرمىدى. تاھىر ئاشۇ ۋاقىتنى ئەسلىگەندە، ئۇنىڭ ئېگىدىكى ئاسماندا بۇلۇتلار گويا كۆلچەكتە لەيلەپ يۈرگەن مۇز پارچىلىرىدەك كۆڭۈلسىز كېزىپ يۈرەتتى.

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى ئاشۇ كۈنگە ئائىت جايلارنى زادىلا ئوقۇپ چۈشىنەلمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بەربات بولغان روھنىڭ توقۇپ چىقارغان نەرسىلىرى ئىدى. ئۇنىڭدا تاھىرنىڭ ئېگىدىكى بارلىق پىكىرلەر ئۇششاق ـ ئۇششاق پارچىلىنىپ، خۇددى چۈشنى تەشكىل قىلغان پارچە ـ پۇرات ئوبرازلارنىڭ ئۆز ئارا يېڭى بىر تەرتىپتە ئۇلانغىنىدەك، خۇددى جۆيلىگەندەك بىر دۆۋە ئىماگلار ۋە يوشۇرۇن بېشارەتلەرنى تەشكىل قىلغانىدى. رەشىدە بۇنىڭدىن پەقەت تاھىرنىڭ ئاشۇ كېچىسى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە تونۇشۇپ قالغان ئايال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن دەھشەتلىك بىر جىنايى تۇيغۇغا چۆمۈلۈپ قالغانلىقى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەخلاقسىزلىقنى ئۆزىنى قاتتىق دەپسەندە قىلىش دەپ قاراپ قاتتىق ئازابلانغانلىقىنىلا چۈشىنەلىدى. بۇ خاتىرىدە تاھىرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئېسىللىك ۋە يۈكسەكلىك بىلەن ھايۋانىي تەبىئىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تىتىلىشى ۋە جان تالىششى ئىپادىلەنگەنىدى. ئاشۇ كۈنى ئەتىگەندە تاھىر ئۆيىدە يالغۇز ئىدى. بېتخوۋېننىڭ « تەقدىر » ناملىق مۇزىكىسىنى ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇ خاتىرىسىگە مۇنداق يازغانىدى:

« مۇزىكا ياڭرىماقتا. ئۇ مېنى تۈگەشتۈرمەكچى بولغاندەك جان ـ جەھلى بىلەن ياڭرىماقتا. بۇ بېتخوۋېننىڭ « تەقدىر » ناملىق سىمپونىيىسى. ئاھ! بۇ ئازاب ۋە جاسارەت بىلەن تولغان مۇزىكا نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر ئېسىل ۋە ھەشەمەتلىك ـ ھە! نەقەدەر گۈزەل كۈلپەت... نەقەدەر ھەشەمەتلىك كۈلپەت...

مەن بۇ مۇزىكىلارنى ئاڭلاۋاتقىنىمدا ئىنسانىيەتنىڭ سەلتەنەتلىك مەدەنىيىتىدە، تالانتىدا، گۈزەل ۋە ھەشەمەتلىك كۈلپەتلىرىدە مېنىڭمۇ

تېگىشلىك نېسىۋەم باردەك ئۆرۈمنى ئاشۇ كۆلپەتلىك گۈزەللىك دۇنياسىدا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن ـ دە، خاتىرجەم بولىمەن. ئۇنىڭ ئالغۇدا ياڭراپ تۇرغان ئاشۇ مۇزىكىلاردىن زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ جۇلالىرىنى، گۈزەللىكنىڭ مۇقەددەس نۇرلىرىنى كۆرگەندەك غۇۋا سەزگۈگە ئەسىر بولىمەن. پەقەت مۇشۇ چاغدىلا ھېلىلا يۈز بەرگەن يىرگىنچلىك ئىشلارنى ئۆزۈمدىن ناھايىتى يىراقتا ياكى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز باشقا بىر رېئاللىقتا يۈز بەرگەندەك ھېس قىلىپ، كۆڭلۈم سەل تەسەللى تاپقاندەك بولىدۇ. ئۇلارغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئۇ ئىشلار يۈز بەرمىگەندۇ...

ئۈنئالغۇ تۇيۇقسىز لېنتىنى چاينىۋەتتى. مۇزىكا ئاۋازى ئۈزۈن بىر سوزۇلدى ـ دە، خۇددى ئۇنىڭ نومۇسسىزلىق بىلەن ئەركىلەپ كۈلۈۋاتقان ئاغزىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ھاياسىز كۈلكىدەك ئۈزۈن بىر سوزۇلۇپلا توختاپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا قارىمىساممۇ بۇلارنى شۇ قەدەر ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىمغا ھەيرانمەن. كۆزۈمنى يۇمۇۋالساممۇ ئۇنىڭ ھاياسىز كۈلكىسى ھامان كۆزئالدىمدىن يوقالمايدۇ. گۈزەل بىر نەرسىنىڭ ئەمەس ئەڭ يىرگىنچلىك بىر نەرسىنىڭ ساڭا كۆرۈنگۈسى كەلسە كۆزۈڭنى يۇمۇۋالساڭمۇ بىكار ئىكەن. گۈزەل بىر نەرسىنىچۇ مىڭ قېتىم سىنچىلاپ قارىساڭمۇ تولۇق كۆرەلمەيدىكەنسەن...

ئۇنىڭغا مۇتلەق سىنچىلاپ قاراپ باقمىغان بولساممۇ، كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئۇنىڭ گەۋدىسىنىڭ ئالقانچىلىك يېرىنى لىپپىدە كۆرۈپ قالساممۇ ئۇ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمەن ـ دە، غىپپىدە باشقا ياققا قاراپ بۇرۇلۇپلا ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىۋالىمەن. خۇددى ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ داۋاملىق كۆزىتىپ كەلگەندەك، دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار ئارىسىدا پەقەت ئۇلا ماڭا تونۇشتەك ئاۋات بازارلاردا بىر ـ بىرىگە سۈركىلىپ، قىستىلىشىپ كېتىۋاتقان شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گەۋدىلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ گەۋدىسىنىڭ كىچىككىنە بىر يېرىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالسىملا ئۇ ئىكەنلىكىنى تونۇۋالىدىغان بولۇپ قالغىنىمغا ھەيرانمەن. ئۇ بەلكىم دۇنيادىكى ھېچبىر ئادەمگە ئوخشىمىسا كېرەك ياكى مەندىن باشقا

دۇنيادا ئاشۇ بىرەيلەنلا مەۋجۇتتۇر .
بىرىپ ئۇن ئالغۇدىن لىنتىنى چىقىرىپ بىر هازا ھەپىلىشىپ ئۇگىلىدىم ـ دە ، يەنە سېلىپ قويدۇم . مۇزىكا يەنە ياڭراشقا باشلىدى . بۇ مۇزىكا نەقەدەر يېقىملىق ـ ھە ! نېمىشقىدۇر ؟ نېمىشقا شۇنداقتۇ . ئاھ ! سەلتەنەتلىك مەدەنىيەت . جاۋغايدىن ئېقىپ تۇرغان شالدام . قۇيـ قۇرۇق ، ئۆلۈك كۆلكە . مەتۇ . يالتىراپ تۇرغان ئېگىز پاشنىلىق ئاياغلار ئۈستىدىكى قىپقىزىل پۇتلار . كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل تەنىنىڭ يېپىلماي قالغان ، كۆرگەن كىشىنى تەن ، قىپيالىڭاچ گۆش توغرىسىـ دىكى ئاچكۆز تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشقا ئۈندەيدىغان قىسىملىرى بىر خىل رىتىمدا رەڭگا رەڭ چىراغ نۇرلىرى ئۈستىدە نەپىس ھەرىكەتلەردە .
ئالـدى تەرىپىمدىكى شىرەگە كېلىپ ئولتۇرغان قىز ئېگىشىپ شىرە ئۈستىدىكى يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن قايسىدۇر بىرىگە قول سوزۇپ ئېگىشكەندە ، ئۇنىڭ ئاپئاق كۆكلىكىنىڭ مەيدىلىرىنى تولۇق يېپىۋالالمىـ غان كەڭ ياقىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭ سۈتتەك ئاپئاق ۋە تولغان كـۆكسىنىڭ بىر قىسمى لاپپىدە كۆزگە تاشلىنىپ ، يۈرەك قارتتىدە قىلاتتى ـ دە ، تۇكۇرۇكۇمنى كۈچ بىلەن ئىچىمگە يۇتقىنىمچە قاراپ قـالاتتىم . ئۇنىڭ يۈزلىرىمۇ سۈتتەك ئاق ۋە سۈزۈك ئىدى . يوغان بىر جـۈپ شەھلا كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى . لەپپىدە قارىغان بۇ كۆزلەردىن كىشى ئىختىيارسىز يەرگە قارىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ .
ئۇ : سىز تانسا ئوينىمايسىزغۇ ؟
مەن : ئۇقمايمەن .
ئۇ : قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز . ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان تۇرۇپ تانسا ئويناشنى بىلمەمسىز ؟
ـ ئۇقمايمەن ، ئۆگەنمىگەن .
ـ ئەمسە ئۆگىنىڭ .
ـ ئۇقـماي تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چۈشۈشۈپلىشتىن خىجىل بولىدىكەنـ مەن .
قىپقىزىل لەۋلەر ، چاقناپ تۇرغان كۆزلەر . ئويناپ تۇرغان رەڭـ

گارەڭ چىراغ نۇرلىرى نەقەدەر گۈزەل ـ هە ! بۇلاردىكى گۈزەللىك مۇزىكىلاردىكى هەر بىر تاۋۇشلار ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ ، مۇزىكىلارنى پايپاقسىز يالىڭاچ پۇتلاردا ، ئېگىز پاشنىلىق چىرايلىق ئاياغلاردا ، قىپقىزىل لەۋلەردە ، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مەيدىلەردە بار بولغان گۈزەللىككە ئىگە قىلماقتا . ئەگەر ئاشۇ مۇزىكا بىر شامال ياكى بوران بولسا ئىدى ، ئاشۇ بورانىڭ ئىچىدىنمۇ ئاشۇ گۈزەللىكنى هېس قىلىپ ، شامالغا مەپتۇن بولۇپ يۈرگەن بولغىيتتۇق بەلكىم .

ئالدىمدا ئولتۇرغان قىزنىڭ ئاۋازى : سىز قانداقمۇ سەنئەتكار بولۇپ قالغانسىز . مۇزىكىنى ياخشى كۆرمەمسىز ؟

بۇ مەن مەڭگۈ جاۋاب بېرەلمەيدىغان بىر سوئال ئىدى . مېنىڭ ياخشى كۆرگىنىم بەلكىم مۇزىكا ئەمەستۇر . ئاشۇ رىتىملىك تاۋۇشلار ئىچىدە مەن سۆيىدىغان نەرسىلەر ئەلۋەتتە ئايالالارنىڭ تېنى . بۇ خىيالىم خېلى كەسكىن ئىدى . تاۋۇشنىڭ ياخشى كۆرگۈدەك نەرى بولسۇن ؟ دۇنيا خىلمۇ خىل تاۋۇشلار بىلەن لىق تولغان . مېنىڭ ياخشى كۆرگىنىم پەقەتلا تاۋۇش ياكى رىتىم بولغان بولسا ، مەن ئۇلارغا لىق تويۇپ ، هەتتا هۆ قىلىپ قان قۇسۇپ ياتقان بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى . دۇنيا تاۋۇش بىلەن تولغان . هېس قىلغۇدەك قۇدرەت بولسىلا ئەسەبىيلەرچە چوقان بىلەن تولغان بۇ دۇنيادىكى تاۋۇشلارنى خالىغانچە رىتىمگە چۈشۈرگىلى بولىدۇ .

شىرە ئۈستىدە تۇرغان بىر ناننى كۆردۈم ـ دە ، قورسىقىمنىڭ قاتتىق ئېچىپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلدىم . چۈشلۈك تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قالغانىكەنمەن . ناننى قولۇمغا ئېلىپ بىر چىشلىدىم . قېتىپ قالغان نان چىشلىرىم ئارىسىدا كورسىلدىتىپ ئاۋاز چىقىراتتى . سەت بىر ئايال كاللامغا كىرىۋالدى .

نـانـنـى بـىـر چىشلەپ قويۇپ شىرە ئۈستىگە چۆرۈپ تاشلىۋەتتىم ـ دە ، كارىۋات ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ ، بېشىمنى بارماقلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن قوللىرىمنىڭ ئالقىنىغا قويۇپ ، تورۇسقا تىكىلىپ ياتتىم . بىردىنلا بىر قاتتىق نەرسىنىڭ بېلىمگە پاتقانلىقىنى

ھېس قىلدىم ـ دە ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىدىم . ئۇ بىر تال پىچاق ئى-
دى . پىچاق دېگەن بۇ سۆز « پ » ، « ى » ، « چ » ، « ا » ، « ق » دىن
ئىبارەت ئىشلىتىلىپ تامامەن ئادەت بولۇپ كەتكەن ئادەتتىكى 5 تاۋۇش-
تىن تۈزۈلگەن . كىشىلەرنىڭ بۇ سۆزنى ئاتىغان چاغدا ئارىسىغا قانداقتۇر
بۇرۇن مەۋجۇت بولغان ، بىراق ئىشلىتىلمىگەن بىر قورقۇنچلۇق تاۋۇشنى
قاتقۇسى كېلىپ تۇرىدىغاندەكلا ھېس قىلىمەن . مەن ئۇلارنىڭ بۇنداق
قىلىشىنى قىلچە خالىمايمەن . پىچاق يېقىملىق ۋە مېھرىبان نەرسە . مەن
پەقەت شۇ ئارقىلىقلا ھەممە نەرسىنى يوقىتىپ ، ھەممە نەرسىدىن ئارام-
بەخش مەھرۇم بولۇشقا ئېرىشەلەيمەن . ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولۇش
مېنى چەكسىز بەختكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ . ھەممە نەرسىدىن بىزار ب-
ولغاندا ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولۇش نەقەدەر بەخت ـ ھە !

يالتىراپ تۇرغان پىچاقنىڭ ئۈچ تەرىپى يۈرىكىمنى كۆرسىتىپ
تۇرىدۇ . كۆكسۈمگە مەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا تەشنا بولۇپ كەلگەن
بارلىق گۈزەللىكلەرنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەم بولغان گۈزەل ۋە قىپقى-
زىل گۈل ئۈنىدۇ . مەن ئۆز تېنىمدە بۇنداق گۈلنىڭ بولغانلىقىدىن
چەكسىز پەخىرلىنىمەن ۋە ئۇنى ئاۋايلاپ سىلاپ ، كۆكسىگە گۈل تاقال-
غان قەھرىماندەك مەغرۇرلۇق بىلەن ، ئۆزۈمنىڭ تېنىمدىن ئاستا ـ ئاستا
سىرىلىپ ، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلى-
مەن .

كۆز ئالدىم قىپقىزىللىق بىلەن تولغان . ھەممىدىن مەھرۇم بو-
لۇش ئۈچۈن بىپايان قىزىل رەڭنىڭ دەھشەتلىك ئازابىنى باشتىن كە-
چۈرۈشنى خالايمەن . ئارقىغا قاراپ ئاستا ۋە ئازادە لەيلەپ چۈشۈۋاتقان-
لىقىمنى ، چەكسىز بىر قاراڭغۇلۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا « ئاھ ! » دەپ يىقى-
لىۋاتقانلىقىمنى سېزىش نەقەدەر راھەت ! « ئاھ » دېگەن يېقىملىق سادا-
نىڭ ۋۇجۇدتىن يامراپ چىقىپ ، چەكسىز كائىنات قوينىغا قاندەك تارقى-
لىۋاتقانلىقىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ قان ۋە زۇلمەتكە تولغانلىقىنى كۆرۈش ،
بۇ دۇنيادا ئاڭلاپ باقمىغان ۋە بولۇشنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلىپ باقمىغان ،
مەۋجۇت بولالمايدىغان ئاجايىپ يېقىملىق كۈينىڭ ئادەمگە جىنسىي مۇ-

ناسۇتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدەكلا ھۇزۇر بېغىشلىيالايدىغان كۆيىنىڭ چەكسىز يىراقلىقتا تۇرغاندىمۇ، قولىقىم تۈۋىگە يېتىپ كەلگەندىمۇ ئوخشاشلا ھەممىدىن ئوچۇق ۋە گۈزەل ئاڭلىنىپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ جانغا تېگىدىغان، سۆگەكلەرنى غىدىقلاپ جاق تويغۇزىدىغان رەسۋالارچە كۈلكىسىنى ئەمدى ئەبەدىي كۆرمەيدىغان بولۇش، ئەبەدىي خىيال قىلالمايدىغان بولۇش، كەينىمدىكى ئاياغ تىۋىشىدىن مەڭگۈ مەھرۇم بولۇش، ۋەھىمە بىلەن كەينىمگە قاراش، بىرەر كىمنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقۇش، تېنىمنىڭ ئەيمىنىشى ھەممىسى يوق بولۇپ شۇ قەدەر خاتىرجەم بولىمەنكى، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل راھەت — ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئازادىلىك پەيدا بولىدۇ ...

مېنىڭ كۆكسۈمدە زور بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئۇ يەردىن قان ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئاشۇ قىپقىزىل يارا ئېغىزى خۇددى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان، ۋايىغا يەتكەن قىزىل گۈلگە ئوخشايدۇ.

مەن ئاشۇ چاغدا ئۆيىنى چىڭ تاقىۋېلىپ ئىچىدە يالغۇز ھالدا ئاشۇ ئىشلارنى، ئۆمرۈمدىكى يېنىۋېلىش ئەڭ مۇمكىن بولمىغان، ئەڭ كەسكىن ئىشنى قىلىمەن ...

مانا بۇلار مېنىڭ ئېڭىمدىكى «ئۆلۈۋېلىش» نىڭ ئەڭ ئوبرازلاشقان ھالدا شەكىللىنىشى. شۇ قەدەر ئېنىق، شۇ قەدەر كونكرېت، زادىلا خام خىيالغا ئوخشىمايدۇ ... خۇددى مەن بۇرۇن ئۆلۈۋېلىپ سىناپ باققاندەك ... ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرى خۇددى رېئاللىقتەكلا ئىنچىكە، رېئاللىقتەكلا تەپسىلىي ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە.

چىڭ تاقالغان ئىشىكنىڭ سىرتىدا بەلكىم بىرەيلەن، بىر نەچچەيلەن ياكى بىر توپ ئادەم ئۆي ئىچىدە مېنىڭ ئۆز – ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقانلىقىمنى ئاڭلاپ باشقا بىرسىگە بۇ ئاجايىپ غەلىتە ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ، بۇ ئادەمنىڭ مېڭىسىنى ئېلىشتۇرۇۋېتىدىغان ھېكايە ئىكەن دېيىشىپ، جۆيلۈگەندەك ئېيتىلىۋاتقان ھېكايىنىڭ داۋامىنى ئاڭلىۋېرىشكە تاقەت قىلىپ بولالماي ئۆيگە كىرىشكە ئۇرۇنۇپ يۈرگەندە ھېكايە تامام بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدىكى «ئاھ!» دېگەن سادادىن بۇ جىم-

جىت ، يېتىم ، بىچارە ۋە ئاددىي ھېكايىنىڭ ئېچىنىشلىق بولماستىن دەھشەتلىك يەنى دەھشەتلىك ھەجۋىي ھېكايە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ ، ئۆيگە خۇددى ئاشۇ ھېكايىنى يوقىتىۋېتەلەيدىغان غايەت زور قۇدرىتى باردەك ئۆكتەملەرچە ۋە تەلۋىلەرچە بۆسۈپ كىرىشىپ ھېكايىدىكى باش قەھرىمانىنىڭ مەيدىسىدىكى گۈلگە چەكسىز ئىنتىلىش ۋە بۇ ئىنتىلىشىدىن قورقۇش ھەم ئىچى تارلىق ھېسسىياتى بىلەن بىر ھازا قارىشىپ قېلىشى مۇمكىن . ئۇلار مېنىڭ كاللامدا ھامان مېنىڭ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئاشۇ ھالىتىمدىن رەشىك قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن قاتتىق ئازابلىنىپ كەتكەن ھالدا شەكىللىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز ئىشىمدىن قاتتىق پەخىرلىنىمەن . خۇددى « ئۆلۈم » مەندىن باشقا ھېچكىمدە يۈز بەرمەيدىغاندەك ، ئۆلۈم پەقەتلا ماڭىلا تەۋە بولغان نەرسىدەك پەخىرلىنىمەن .

مېنىڭ ئېڭىمدا شەكىللەنگەن ئۆلۈمنىڭ يالقۇندەك ئىللىق ئوبرازى بىلەن دائىم ھېلىقى سەتەڭ ئايال ۋە ئۇنىڭ ئېرىنىڭ قاتتىق ئېغىر تىنىشى ئۆز ئارا ئارىلىشىۋېلىپ مېنىڭ ئۆلۈمنى ئېيىپتى بۇزۇلمىغان قىزدەك پاك ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىپ ھۇزۇرلىنىشىمغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ . بارلىق تەسەۋۋۇر كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ ئۆلۈمنى ئەڭ پاك ھالەتكە كەلتۈرۈشكە تىرىشىمەن ، بىراق سەتەڭ ئايالنىڭ شەھۋانىي كۈلكىسى ئەينەككە قونغان توپا ـ چاڭغا ئوخشاش ئۇنى غۇۋالاشتۇرىدۇ .

ھايات بەكمۇ گۈزەل بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ، شۇڭا ئۇنىڭدا ياشاۋېرىشكە تاقىتىم قالمايۋاتاتتى . ئۇنىڭ گۈزەللىكى ياكى خۇنۈكلىكى توغرىسىدا ئويلىنىشىنىڭ ئەمدى ھاجىتى قالمىغانىدى . بۇ ھەممە نەرسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشى ۋە ئاخىرلىشىشى ئىدى ...

تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇۋېتىپ رەشىدەنىڭ مېڭىسى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى . ئۇ داۋاملىق ئوقۇۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي قالغانىدى . تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى تەلۋىلەرچە سۆزلەر ئۇنىڭ مېڭىسىنى قاتتىق قوچۇۋەتكەندەك بولدى . بىر تۇرۇپ ئۇ تاھىرنىڭ نېمىلەرنى

يازغىنىنى چۈشەنگەندەك بولاتتى، بىر تۇرۇپ ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي قالاتتى.

پەرىدە توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن ئەركىن پەرىدەنى پۈتۈنلەي باشقىچە ھالدا كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالغانىدى. ئاشۇ كۈنى ئۇ پەرىدەنىڭ «ئىش باشلاش مۇراسىمى» ئۈچۈن ئەۋەتكەن باغىقىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئۇ چاچلىرىنى ساپسېرىق بوياۋالغان، بولۇشىچە گىرىم قىلغان پەرىدەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، خۇددى ئۆزى چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان گۈزەل (گۈزەللىكى كىشىنى قورقۇتقۇدەك دەرىجىگە يەتكەن) بىر پەرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندەك ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتكەنىدى. پەرىدەنىڭ ئۆزى بۇرۇن سۆيگەن، باغرىغا باسقان ئاشۇ ساددا ۋە ئەقىللىق قىز ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. پەرىدە كەم كۈتىسىز، سىپپى ئۆزىدىن بىر ئاقسۆڭەك، ئېسىلزادە ئايالغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەركىنگە بۇ ئۇچرىشىش ناھايىتى ھار كەلگەندەك بولدى. ئۇ خۇددى پەرىدەنىڭ ئېسىلزادە ھالىتى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتىدى. ئۇ پەرىدەنىڭ ئالدىدا قاتتىق قورۇندى. بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كەتكۈسى كەلدى. پەرىدە ئۇنى خۇددى ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىنى كۆرۈپ ئىچى قايىنسۇن دەپ چاقىرغاندەكلا بىلىنىپ كەتتى.

پەرىدە ئاچقان «تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاشۇ ھەشەمەتلىك رېستورانغا كىشىلەر لىق تولغانىدى.

— مەن نۇرغۇن يىللاردىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن كۈن بۈگۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. مەن مىللىتىمىز ۋە دەۋرىمىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بىرەر ئىش قىلىشنى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم، بۈگۈن مېنىڭ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى ... مەن بۇنىڭ ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز بەدەللەرنى تۆلىدىم، — مىكرافۇننى تۇتۇپ سۆزلەۋاتقان پەرىدە بىر چەتتە، كىشىلەر توپىدىن ئايرىلىپ قورۇنغان ھالدا تۇرغان ئەركىنگە تىكىلىپ قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى: — شۇڭا بۇ خىزمەتنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ ئىشلەي-

مەن ! مېنىڭ تۆلىگەن بەدىلىمنى بەلكىم سىلەر تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالماسلىقىڭلار مۇمكىن ... شۇلارنى ئويلىغىنىمدا مەن بۇ ئىشلارنىڭ قانچىلىك تۈردە مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى سېزىپ يېتىمەن . قېنى دوستلار ئىشلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرەيلى .

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ پەردەگە ئالقىش ياڭراتتى .

ئەركىن پەردەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى . ئۇ مۆلچەرلىگۈسىز بەدەل دەپ زادى نېمىنى دەۋاتىدۇ ؟ ئۇ بۇنى چۈشىنەلمەيلا قالدى ، چۈنكى ئۇنىڭ نەزەرىدە پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى مەلۇم ئىش ئۈچۈن بەدەل قىلىپ تۆلىسە بولاتتىكى ، بىراق مۇھەببەتنى بەدەل قىلىپ تۆلىگىلى بولمايتتى .

بىر ئازدىن كېيىن پەردە كىشىلەرنى ئارىلاپ ئەركىننىڭ يېنىغا كېلىۋىدى ، ئەركىن ھودۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ پەردەنىڭ ئالدىدا ھودۇقۇپ يۈرگىنىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالدى . پەردە قاردەك ئاپئاق ، چىرايلىق نازۇك قولىنى ئەركىنگە ئۇزاتتى . ئەركىن بۇ قوللارنى سىقىشقا پېتىنالمىغاندەك تەمتىرەپ تۇرۇپ قېلىپ ئاندىن قولىنى ئۇزاتتى . پەردەنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆتكۈر ئەتىر ھىدى ئەركىننىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى .

— تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش مۇلازىمىتى نۆۋەتتە مىللىتىمىز ئارىسىدا تېخى بىر بوشلۇق ، — ئىبراھىم سۆزگە چىقىپ ئۆزىنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشكە باشلىدى ، — بىز ئىقتىدارلىق ياشلارنى قوللىشىمىز ، ئۇلارغا ئىلھام بېرىشىمىز لازىم . بىزنىڭ كۆپ قىسىم چەت ـ ياقا يېزىلىرىمىز تېخىچە قالاق ، ئىپتىدائىي بولغان ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ . دېھقان ۋە چارۋىچىلىرىمىز ئىشلەپچىقىرىشتا تېخىچە نوقۇل ئادەم كۈچىگە تايىنىدىغان سەۋىيىدە . ئۇلار پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرىدىن خەۋەر تاپالمايۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتە يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش ، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش مۇلازىمىتىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم . مەن « تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش مۇلازىمەت شىركىتى » نىڭ بۇ ھەقتە زور

نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ گۈللەپ ياشنىشىنى، روناق تېپىشىنى تى-لەيمەن.

ھەممەيلەن پەردىدەگە تەبرىك ۋە ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈ-رۈشتى. بىراق، ئەركىن بولسا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قېتىپ قالغاندەك تۇرماقتىدى. ئۇ ئاشۇ كۈنى ھېچ نەرسە دېيەلمەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن شىركەتنىڭ ئىشلىرى قاتتىق ھەيۋەت بىلەن باشلىنىپ كەتتى. پەردە قاتتىق ئالدىراشچىلىق ئىچىدىلا كۈنلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. جىنس، مۇھەببەت، تۇرمۇش دېگەندەك نەرسىلەر ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپلا قالغاندەك ئىدى. ئۇ بۇلار توغرىسىدا ئويلىنىشقا زادىلا ئېشىنالمايتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىنى شىركەتنىڭ ئاخىرى چىقماس چەكسىز ئىشلىرى ئىگىلەپ كەتكەنىدى. بۇ شىركەتتە دەسلەپىدىلا يېڭى تېخنىكا ئۈچۈر بۆلۈمى، تەرجىمە بۆلۈمى، كاتىبات بۆلۈمى، ئېلان بۆ-لۈمى ۋە مالىيە بۆلۈمىدىن ئىبارەت بەش بۆلۈم تەسىس قىلىنغانىدى. يېڭى تېخنىكا ئۈچۈر بۆلۈمىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى يېڭى كەشپىيات ۋە تېخنىكا ئۈچۈرلىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەش، تاللاش ۋە قوبۇل قىلىش بولۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ۋە خەلقئارادىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىش-كەن يېڭى تېخنىكىلارنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن ۋە شىنجاڭدا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىرىنى، بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدىغان-لىرىنى تاللاپ سېتىۋېلىپ، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزەتتى. پەردە بارلىق تېخنىكا ماتېرىياللىرىنى كىچىلىرى ئوخلىماي دېگۈدەك تاللاپ، تەرجىمە قىلىشقا ئويۇشتۇراتتى. تەرجىمە بۆلۈمى ئۇنى تەرجىمە قىلىپ چىقاتتى. ئېلان بۆلۈمى بولسا بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ ئېلان بېرەتتى. پەردە بۇ بۆلۈمگە رەشىدەنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. رەشىدە بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. پەردە شىر-كەتتە قولىدىن ئىش كېلىدىغانلارنى تاللاپ ئىشلىتىشكە دىققەت قىلغا-نىدى، شۇنداقتىمۇ بارلىق تېخنىكا ماتېرىياللىرى ۋە تەرجىمىلەرنى، ئېلانلارنى، ئۇقتۇرۇشلارنى بىر — بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ چىق-ماي كۆڭلى ئۇنىمايتتى. شىركەتنىڭ ئىشلىرى قىزغىن قانات يېيىپ

كەتتى . پەردە ئۆزىنىڭ خۇدىنى بىلمەي ، خۇددى ئۆزىنى خارلاش
كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىماردەك ئىشلەپ كەتكىنىگە ئۆزىمۇ ھەيران
قالاتتى . ئالدىراشلىقتا ئۇنىڭ ئۇھ دېگۈدەكمۇ ۋاقتى يوق ئىدى . مۇنا-
سىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش ئۈچۈن ئىدارىمۇ ئىدارە يۈگۈرەيت-
تى . باشقىلارنى مېھمان قىلاتتى . سانسىزلىغان ئاچكۆز كۆزلەرنىڭ ئۆ-
زىگە ھاياسىزلىق بىلەن تىكىلىشلىرىگە چىداشقا مەجبۇر بولاتتى . ھەتتا
بەزىلىرىنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن چاقچاقلىرىنىمۇ مەنىسىنى چۈ-
شەنمىگەن بولۇۋېلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە توغرا كېلەتتى . خىزمەتنىڭ ئې-
غىرلىقى ئۇنىڭغا زادىلا بىلىنمەيتتى ، بىراق كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسى-
ۋەتلەردىكى ئەنە شۇنداق ئىشلار ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كېلەتتى .
ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۇلارنىڭ شىركىتىنىڭ بەرگەن ئېلانلىرى
گېزىت ـ ژۇرناللارنى ۋە تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىنى قاپلاپ كەتتى ، شۇنىڭ
بىلەن بۇ شىركەت ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق بىر شىركەتكە ئايلاندى .
ھەممە ئىش ناھايىتى جايىدا كېتىپ باراتتى . شۇڭا ، پەردە بۇنىڭ
خۇشاللىقىدا ھېرىش ـ چارچاشنى بىلمەي ئىشلەپ كېتەتتى . بىراق ، ئۇ
يەنىلا تۇرمۇش بىلەن كەسپىنىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىشىدىن قېچىپ قۇ-
تۇلالمىدى . ئۇ ئىشخانىدا قاتتىق ئىشلەپ ياكى رېستورانلاردا باشقىلارغا
خۇشامەت قىلىپ كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلسە ، ئۆي ئىچى خۇددى بىر
ئەخلەتخانىغىلا ئوخشاپ قالاتتى . قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان ھاراق بو-
تۇلكىلىرى ، مېۋە ـ چېۋە شۆپۈكلىرى ، تاماكا قالدۇقلىرى قاتارلىق
نەرسىلەر ئۆي ئىچىنى بىر ئالغانىدى . ئۆي ئىچىدىكى ھاراق پۇرىقى ، تا-
ماكا ئىسىنىڭ كۆڭۈلنى ئاينىتقۇدەك پۇرىقى ۋە باشقا پۇراقلارنىڭ ئارى-
لىشىشىدىن شەكىللەنگەن بەدبۇي پۇراقتا ئادەمنىڭ مېڭىسى قېيىپ كې-
تەتتى . پەردە دائىم بۇلارغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ھارغىن
گەۋدىسىنى ساپاغا تاشلاپ ئىككى قولى بىلەن ئىڭىكىنى يۆلىگىنىچە خى-
يالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى . بەزىدە ھەتتا ئۆي ئىچىدە قالايمىقان
ئېغىناپ يېتىشقان مەستلەرنى كۆرەتتى . پەردە ئاشۇ ئىشلارنى رەشىدەگە
سۆزلەپ بەرگەندە رەشىدەنىڭ پەردەگە قاتتىق ئىچى ئاغرىغانىدى .

چۈنكى ، ئۇنىڭ نەزەرىدە ياسالغان ، ئازادە رەتلىك بىر ئۆي ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىدى ، شۇڭا پەردىنىمۇ شۇنداق ئويلايدۇ دەپ قاراپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى ، بىراق بۇلار پەردىگە ئانچە چوڭ ئىش بولۇپ تۇيۇلۇپ كەتمىگەنىدى ، بىراق كېيىنچە بۇ ئىش ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا تەسىر قىلىشقا باشلىدى .

كارىۋاتتا يېتىپ ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن كامىل پەردىنىڭ تىۋىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن بىر كۈنى پەردىگە قاتتىق تەگدى .

— مۇشۇ چاققىچە قەيەردە يۈردىڭىز ؟

كامىل كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ سورىدى . ئۇنىڭ تەلەپپۇزى خۇددى شىۋىرغاندەك سوغۇق ئىدى . بۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر زىمىستاننىڭ باشلىنىشىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى پەردە ئەينى چاغدىلا ھېس قىلىپ يەتكەنىدى .

پەردە ھارغىن ھالەتتە كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ جاۋاب بەردى :

— نەدە يۈرەتتىم ، شۇ شىركەتنىڭ ئىشى بولمامدۇ ؟! ئىش تۈگىمەي سەل ۋاقىچە قالدىم .

— توي قىلىپ تېخى بىرەر يىل ئۆتەر ئۆتمەيلا كېچىلەپ ئۆيگە كەلمەسلىكنى باشلىۋەتتىڭىز ، قانداقمۇ قىلىشارمىز .

— سىز بۇنى توغرا چۈشىنىشىڭىز كېرەك ، شىركەتنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كەتكۈچە مەن خېلى مەزگىل شۇنداق ئىشلەيمەن . بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ چوڭ ئىش ، شۇڭا ئۇنىڭغا بىپەرۋالىق قىلسام ، كۈچ چىقارمىسام بولمايدۇ . سىزمۇ بۇنىڭغا يول قويىسىڭىز ، بۇ سىزنىڭ ماڭا ياردىمىڭىز بولۇپ قالسا ، — ئۆتۈندى پەردە ، بۇ ئۇنىڭ سانسىزلىغان ئۆتۈنۈشى ۋە تۈگىمەس چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ باشلىنىشى ئىدى .

كامىل غۇدۇراپ تەتۈر قارىۋالدى :

— سىزنىڭ ئۆمرىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ئاشۇ شىركەت ... ھە ... ئەمدى بىلدىم ... ئائىلە ، تۇرمۇش دېگەنلەر ھېچ نەرسە ئەمەس ئىكەن ـ دە ! بىزنىڭ توي قىلىشىمىز چوڭ ئىش ئەمەسمۇ ؟ ئەجەبا توي ئادەمنىڭ ئۆمرىدە دائىم بولىدىغان ئىشمۇ ؟ بۈگۈن مېنىڭ تۇرغۇن ئاغد-

نـلرىم بىزنىڭ تويىمىزنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەپ كەلگەنىكەن ، ھەممىسى ئايالىڭ قېنى ، مۇشۇ كەمگىچە قەيەردە يۈرىدۇ ؟ دەپ مېنىڭ تازا جېنىمغا تەگدى . ئويلاپ بېقىڭا ، بۇ بىر ئەركىشى ئۈچۈن ئاھانەت ئەمەسمۇ ؟

— بۇ ئۆيدە كۈندە ئولتۇرۇش ، كۈندە ئولتۇرۇش . بۇگۈن توي قىلغانلىقىمىزنىڭ بىر يىلى بولسا ئەتە بىرسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولىدۇ ، يەنە بىر كۈنى بىر دوستىڭىز كېلىپ قالىدۇ . ئىشقىلىپ بۇ ئولتۇرۇشلارنىڭ ئىچىدە مۇھىم ئەمەسلىرى يوق . بۇ تۈگىمەس ئولتۇرۇشلاردىن ھەجەپ تويۇپ كەتتىم . كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى يوقمىدۇ ؟ ئەگەر مەنمۇ ئۇ قايىنامغا كىرىپ كەتسەم ئاخىر شىركەتنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ ... پۈتۈن ئۆمرۈمنى ئاشۇ قۇپقۇرۇق ئولتۇرۇشلار بىلەنلا ئۆتكۈزسەم ئاندىن رازى بولامتىڭىز ؟ بىز ئۆلىدىغان ۋاقتىمىزدا ئۆمرىمىزگە بىر نەزەر تاشلاپ چىقىپ بۇ ئۆمرۈمنى قانداق ئۆتكۈزدۇم ، دەپ ئۆزىمىزگە سوئال قويغىنىمىزدا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز ؟ ھېچ ئىش قىلماي ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزدۇق دەمدۇق ؟

كامىل غۇدۇراپ قويۇپ ئۇخلاپ قالدى . « كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى نېمىدېگەن قۇرۇق » دەپ ئويلايتتى پەرىدە دائىم « ئۇلار مەۋھۇملۇق ۋە بىمەنىلىك پاتقىقىغا نەقەدەر پېتىپ كەتكەن ـ ھە ! ئۇلار دۇنيادىن قەلبىدىكى ئاشۇ بوشلۇقنى تولدۇرغۇدەك يۈكسەكرەك بىر نەرسە تاپالمايدۇ ، ـ شۇنىڭ بىلەن ئىلاجىسىز قەلبىدىكى بۇ بوشلۇقنى ئولتۇرۇش ۋە ھاراق ئىچىش ئارقىلىق تولدۇرىدۇ . ئۇلار نېمىدېگەن بىچارە ـ ھە ! »

شىركەتنىڭ ئىشلىرى جانلىنىپ كەتكەنسېرى ، ئەسلىدىلا خېلى بەدەل تۆلەنگەن بۇ شىركەتكە يەنە نۇرغۇن بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىۋاتاتتى . شىركەتنىكى ئالغا سىلجىتىلغان ھەر بىر قەدەم ئۈچۈن تۇرمۇشتىكى بىر پالاكەتنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلەتتى . پەرىدە ھەر قانداق قىلىپمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرالمىدى . يەنە بىر كۈنى پەرىدە كەچ قېلىۋىدى ، كۆزلىرى ھاراق دەست-

دىن قىپقىزىل قىزىرىپ، كەتكەن كامىل ئۇنىڭغا كايىپلا سۆزلەپ كەتتى :

— شىركەت ... شىركەت ... سىز شىركەتتىن باشقا نەرسىنى ئويلىمامسىز ، سىز ئۈچۈن دۇنيادا شىركەتتىن باشقا نەرسە يوقمۇ ؟ سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە مەن ئادەم ئەمەسمۇ ؟ سىز مېنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈۋاتىسىز ! ئېيتىڭا ، مەن سىزنىڭ ئېرىڭىزمۇ ، ئەمەسمۇ ؟ مەن سىزنىڭ خىيالىڭىزدا بارمۇ ، يوقمۇ ؟ بۇ ئۆي خىيالىڭىزدا بارمۇ ، يوقمۇ ؟

پەرىدە گەپ قىلسىلا جېدەلنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنى بىلەتتى ، شۇڭا ئۈن چىقماستىن ئۆي ئىچىنى تۈزەشتۈرۈپ ، مەستلەر پەيدا قىلغان ۋەيرانچىلىقنى ئوڭشاشقا كىرىشىپ كەتتى . ئۇ كامىلنىڭ سۆزلەپ ـ سۆزلەپ ھېرىپ توختاپ قېلىشىنى كۈتۈشتىن باشقا ھېچ نەرسە قىلالمايتتى . ئۇ پات ـ پات قورقۇنچ بىلەن خۇددى ئاپقانغا چۈشكەن ئاھۇغا ئوخشاش بىچارە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ كامىلغا قاراپ ـ قوياتتى . كامىلنىڭ يۈزلىرى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ ، ئاچچىقتىن بويۇن تومۇرلىرى چىڭقىلىپ كۆپۈپ كەتكەنىدى . ئۇ زادىلا سۆزلەشتىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى :

— مەن توي قىلدىم دەپ زادى نېمىگە ئېرىشتىم ؟ ئېيتىڭا ، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز ؟ توي قىلغاندىن بېرى سىز بىرەر كۈن ئۆيدە تۇرۇپ ماڭا ئىسسىق بىرەر قاچا تاماق ئېتىپ بېرىپ باقتىڭىزمۇ ؟

توي قىلغاندىن كېيىن پەرىدە تۇرمۇش دېگەننى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشقانىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن ھېچقانداق لەززەت ئالالمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ بۇ توغرىدا ئارتۇقچە ئويلىنىپمۇ كەتمەيتتى . ئۇنىڭ قەلبىدە گويا مۇھەببەت دېگەن نەرسە تامامەن ئۆچۈپلا كەتكەندەك تۇيۇلاتتى . ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇلۇپ كەتتى . پەقەت كامىل دائىم ئۇنىڭ بىلەن جېدەل قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ نائىلاج تۇرمۇش دېگەنلەرنى يادىغا ئېلىپ قوياتتى ، بىراق ئۇنىڭغا ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمەيتتى . ئۇ يادىمغا ئالمايمەن دېسىمۇ ئىلاجىسىز ئىدى . چۈنكى ، كامىلنىڭ غەزەپلىك ئەلپازى ئۇنى بۇنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستايتتى . بۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا

مۇھىم نەرسە ئەمەس ئىدى ، بىراق كامىلنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى بۇنى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىش ئىدى . ھەممىدىن ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى ، ئۇ ھەتتا ئەركىنىنى ناھايىتى ئاز يادىغا ئالىدىغان بولدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى شۇنچە كۆچلۈك ، شۇنچە ئوتلۇق مۇھەببىتىنىڭ يالغان ، ساختا بولۇپ چىققىنىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى ، پەقەت پۈتۈن دۇنيا دەھشەتلىك تىمتاسلىققا چۆمگەندە ئۇ ئۈن - تىنسىز ئاستا قەدەملەر بىلەن دۇنيادىكى بىردىنبىر ئويغاق ، يالغۇز بولغان ئۆزىنىڭ شەپىسىگە قۇلاق سالغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ، ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەندىن كېيىن چىراغنى يورۇتقۇسى كەلمەي ئىشىككە يۆلىنىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئاۋايلاپ ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە ، يەرگە چېچىلىپ ياتقان ھاراق بوتۇلكىلىرى ئۇنىڭ ئاياغلىرى تېگىشى بىلەن بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ قاراڭغۇلۇق قوينىدا ئەنسىز سادا ياڭرىتىپ ئۇنى چۆچۈتىۋەتكەندە ، ئۇ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ قوش كىشىلىك كارىۋاتتا غەرق ئۇيقۇغا كەتكەن ھالدا خورەك تارتىپ ياتقان كامىلنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقتا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايىغا چۈشىنىكسىز بىر خىل ھېسسىيات بىلەن بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن نازۇك قوللىرىنى سوزۇپ كامىلنىڭ چاچلىرىنى سىلىماقچى بولغاندا ، كامىل خورەكتىن توختاپ ئىنجىقلاپ قويۇپ يانغا ئۆرۈلۈپ ، قوللىرى بىلەن پەرىدەنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ يەنە جىمجىت ئۇيقۇغا كەتكەندىلا پەرىدە ئەركىنىنى خىيال قىلاتتى . ئۇ شۇندىلا خۇددى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى يىتتۈرۈپ قويغان قىممەتلىك نەرسىسىنى ئەسلەپ قالغاندەك ھەسرەت بىلەن ئەسلەيتتى .

ئۇ كېيىملىرىنى سېلىۋېتىپ قىپيالىڭاچ بولۇپ كامىلنىڭ يېنىدا ياتاتتى . باشقىلارنى ساراڭ قىلىۋەتكەن ئاشۇ گۈزەل تەن ئۇنىڭ يېنىدا يېتىپ ئۇنىڭ بەدىنىگە تېگىششى بىلەنلا كامىل ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپ ، تەتۈر ئۆرۈلۈپ باشقا ياققا قارىۋېلىپ يېتىۋالاتتى . پەرىدە قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ تورۇسقا تىكىلگىنىچە بىردەم خىيال سۈرۈپ ياتاتتى . بىر كۆنلۈك قاتتىق ھېرىش دەستىدىن ياستۇققا بېشىنى قويۇپلا

ئۇخلاپ قالغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ ، زادىلا ئۇيقۇسى كەلمەي
قالاتتى . ئۇنىڭ كۆزى سەل ئۇيقۇغا ئىلىنغۇدەك بولسىلا ئۇ ئەركىنىنىڭ
قىزىق لەۋلىرىنىڭ بويۇنلىرىدا ، لەۋلىرىدە ۋە مەيدىلىرىدە ھارارەتلىك
سۆيۈشلەر بىلەن يۇگۈرەشلىرىنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ ئىتتىك كۆ-
زىنى ئېچىپ يان تەرەپكە قارايتتى . ياندا يەنىلا كامىلنىڭ ئاشۇ ھېسسى-
ياتسىز تېنىنى كۆرگەندە كۆڭلى ناھايىتى غەش بولۇپ كېتەتتى . بەزىدە
كېچىچە ئەركىنىنى چۈشەپ ۋۇجۇدى چوغ بولۇپ چىقاتتى . كامىل ئۇ-
نىڭ بىلەن ناھايىتى ئاز بىللە بولاتتى . بىر مۇنچە جېدەل - ماجىرالاردىن
كېيىنكى بۇنداق جىنسىي ئالاقىنىڭ ئۇ زادىلا لەززىتىنى ھېس قىلىپ يې-
تەلمەيتتى . خۇددى ئىنتايىن يىرگىنچلىك بىر لۈكچەك تەرىپىدىن باس-
قۇنچىلىق قىلىنىۋاتقاندەك پۈتمەس - تۈگىمەس خورلۇق ھېسسىياتىغا
غەرق بولاتتى . ۋۇجۇدى ئويۇشۇپ قالغاندەك بولاتتى . كېيىنچە ئۇ بۇ-
نىڭدىنمۇ لەززەتلىنىشنىڭ يولىنى تېپىۋالدى . ئۇ كامىلنى خىيالىي ھالدا
ئەركىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىرلا خىل ، زېرىكىشلىك
ھەرىكەتلىرىدىنمۇ ھۇزۇرلىنىدىغان بولدى . ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتەتتى .
چۈنكى ، چىراغ نۇرى ھەممە نەرسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئاشكارىلاپ
تۇراتتى . شۇنىڭ بىلەن بۇ قىيپالىڭاچ رېئاللىقنى ئۇنتۇلۇپ كېتىش ئىم-
كانىيىتى قالمايتتى . بۇ ئۇنىڭ رېئاللىقنى خالىغانچە خىيال قىلىپ مېڭى-
سىدە قايتىدىن ئۆز ئارزۇسى بويىچە قۇراشتۇرۇپ چىقىشىغا يول قوي-
مايتتى ، پەقەت چەكسىز قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرۈپ ھەممە نەرسە كۆز
ئالدىدىن بىردىنلا يىتكەن چاغدىلا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى ئاندىن قىيپالىڭاچ
رېئاللىقنىڭ ئالداش مۇمكىن بولمىغان ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ،
تويىنى ، رېئاللىقنى ، تۇرمۇشنى ، كامىلنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئەر-
كىننى ، مۇھەببەتنى ۋە جىنسىي لەززەتنى دەسسىتەلەيتتى ، ئۇ كامىلنى
ئەركىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلالايتتى ، كامىلنىڭ تىنىقى ، پۇشۇلداشلىرى
قاراڭغۇلۇق قوينىدا بارغانسېرى يىراقلىشىپ ئاڭلانماي قېلىۋاتقاندەك بى-
لىنەتتى . ئەرلەرنىڭ يالىڭاچ بەدەنلىرى ئوخشاشلا ئىدى ، شۇڭا ئۇ كا-
مىلنىڭ بەدىنىنى ئەركىننىڭ بەدىنى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىۋېرەتتى ، شۇ-

نىڭ بىلەن بۇ تەندىن لەززەت ئالالايتتى ، بىراق ئەركىنىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ئىپرىشكەن بۇ لەززەت يۇقىرى پەللىگە چىقاي دەپلا قالغاندا ، كامىل ئۇنى ئەركىلەتمەكچى بولۇپ بىرەر سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىپلا سالسا ئۇ خۇددى لەيلەپ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا ئوق يەپ يەرگە يىقىلغاندەك بولۇپ كېتەتتى . كامىلنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا خۇددى ئوق-تەك تېگەتتى . ئۇ ئاسماندىن يىقىلىپ چۈشكەندەك بولۇپ ، پۈتۈن ھېسسىياتى ئۆلگەن ھالدا ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۆزىنى تاشلاپ ياتاتتى . ئاشۇنداق چاغدا ئۇنىڭ نېرۋىسى قوداڭشىپ كېتەتتى . ئۇ چەكسىز بىر-قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەندەك ، تۇنجۇقۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كېتەتتى . بەزىدە ئۆزىنى بېسىۋالالماستىن كامىلنى ئۈمىد-سىزلىك بىلەن تىللاپ كېتەتتى .

ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارا - بارا جىددىيلىشىپ كېتىشكە باشلىدى . پەرىدە ھامان بۇ زىددىيەتتىن ئۆزىنى ئېلىپ چىقىشقا تىرىشاتتى . بىراق ، كامىل بولسا ئۇنى ھەدەپ جېدەلگە سۆرەيتتى . ئۇنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىشىغا يول قويماسلىققا تىرى-شاتتى . پەرىدە ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشنى پۈتۈنلەي ئەھمىيەت-سىز ئىش دەپ قارايتتى ، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ھېچ نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايتتى .

بىر كۈنى كامىل ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىۋالدى . دېرىزە ئەينەك-لىرىدىن ئاخىرقى شەپەق نۇرلىرى چۈشۈپ تۇرغان چاغدا پەرىدە دېرى-زىدىن چۈشكەن نۇردا چاچلىرى قىپقىزىل كۆرۈنگەن ھالدا شىرەدىن بېشىنى كۆتۈرمەي قاتتىق بېرىلىپ ئىشلىمەكتىدى .

— پەرىدە ، تېزرەك ئىشتىن چۈشسىڭىزچۇ ؟ ئۆيگە مېھمان كەل-مەكچىدى . بۈگۈن مۇشۇ بىر كۈن بولسىمۇ ئۇلارنى بىر قېتىم كۈتىۋې-لىپ بېقىڭا ، مەنمۇ توي قىلغاندەك ، ئايالىم باردەك بىر ھېسسىياتقا كې-لىپ قالاي ! ... تېز بولۇڭ ، ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى ، — كامىل ھەدەپ پەرىدەنى ئالدىرىتاتتى .

پەرىدە ئىلاجىسىز يىغلىنىش بىلەن :

— كامىل ، جىنىم خاپا بولمىسىڭىز ، ئالدىمدىكى ئىشلار چىر-چىمدىنمۇ كۆپ ، كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ ، دېگىنىزغا چۈشكەنلەر بىر - بىر-لەپ ۋەيران بولۇۋاتىدۇ ، مەنمۇ ئۇلاردەك ئۆمرۈمنى ۋەيرانچىلىقتا ئۆتكۈ-زۈشنى خالىمايمەن . ھازىر بىزنىڭ شىركەتنىڭ ھالقىلىق پەيتى ، بۇلارنى تاشلاپ قويسام شىركەتنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەيمەن ، — دەپ ھەدەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى .

— بۇگۈنلا بالدۇرراق ئىشتىن چۈشكىنىڭىزگە بۇ شىركەت ۋەيران بولۇپ كېتەرمۇ ؟ سىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزدىن قايسى بىرى ، قايسى بىر كۈنى مۇھىم ئەمەس بولۇپ باققان ؟

— بۇگۈن خاپا بولماي ئۇلارنى ئۆزىڭىز مېھمان قىلىپ تۇرسى-ڭىز .

— مەن سىزنىڭ ئېرىڭىزمۇ ، خوتۇنىڭىزمۇ ؟

مانا بۇ كامىلنىڭ نەزەرىدىكى مۇھەببەت دېگەن ئۇقۇمغا بېرىلگەن تەبىر ئىدى . بۇ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەنلەر چوقۇم بىرسى بىرسىگە بويسۇنۇش كېرەك ، بويسۇنۇش بولمىسا مۇھەببەت بولمايدۇ دېگەندىن باشقا گەپ ئەمەس ئىدى .

— كامىل ، بۇنىڭغا بۇنداق دەپ كېتىش ھاجەتسىزغۇ ، ئۇلار كەلگەن بولسا ئۆيدە مېھمان قىلمىسىڭىز بىرەر ئاشخانىغا ئېلىپ بېرىپ مېھمان قىلسىڭىز بولمىدىمۇ ؟

كامىل چېچىلىپ :

— مەندە پۇل قالمىدى ، — دېۋىدى ، پەرىدە يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ كامىلغا ئۇزاتتى :

— بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى مېھمان قىلىپ تۇرۇڭ .

ئاخىر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇزۇندىن بېرى يىرىڭ يىغىپ كەل-گەن جاراھەت بىردىنلا يېرىلىپ چىقتى . كامىل پەرىدەنىڭ ئۆزىگە پۇل ئۇزاتقىنىنى كۆرۈپ ، ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە غەزەپ بىلەن پەرىدەنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى :

— سىز مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز ؟ مەن ئەمدى سىزنىڭ قول-

گىزغا قاراپ قالدىمۇ ؟! سىز ئۆزىڭىزچە قالتىس ئادەم بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامسىز ، مەن دېگەن ئوغۇل بالا جۇمۇ ! ... سىز مېنى كىمگە ئوخشىتىپ قېلىۋاتىسىز ؟ بىلەمسىز ، سىزنى بۈگۈنكى مۇشۇ كۈنلەرگە ئېرىشتۈرگەن زادى كىم ؟ ئاخىرى سىز ھاقارەت قىلغۇدەك ئورۇنغا چۈشۈپ قالدىمۇ ؟ مەن سىزنى كوچىدا قالغاندا بۇ يەرگە ئېلىپ كىر-گەن ، بىلىپ قويۇڭ !

كامىل غەزەپ بىلەن سۆزلەۋاتقاندا پەرىدە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغاندەك ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇپ قالدى . كامىلنىڭ ھۆرپەيگەن چىرايى ئۇنىڭغا خۇددى ئەقلىگە سىغماي-دىغاندەكلا كۆرۈنەتتى . ئۇ بۇنچىۋالا غەزەپلەنگەن چىرايىنى زادىلا چۈ-شىنەلمەيتتى .

— كامىل ، سىز ئۆيگە كېتىۋېرىپ تۇرۇڭ ، ھازىر مەن بەك ئال-دىراش ، سىز بىلەن بىر نەرسە دېيىشىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتىم يوق ! — پەرىدە ئاخىر ئېغىز ئېچىپ شۇنداق دېدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى كامىلنىڭ ئەقلىگە سىققۇسىز ھالدا تىترەپ كېتىۋاتقان قانسىز لەۋلىرىدە ئىدى .

كامىل ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك سالدى ، پە-رىدە يۈزلىرىنى تۇتقىنىچە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ قالدى . بۇ كا-مىلنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇنى بىر تەستەك ئۇرۇشى ئىدى . پەرىدەنىڭ بۇ-نىڭ بىلەن قۇلىقى ئېتىلىپ قالغاندەك بولدى . مېڭىسى بىر ھازا ۋى-ڭىلداپ خۇددى ئىشلەشتىن توختاپ قالغاندەكلا بولدى . بۇ قاتتىق زەر-بىدىن ئۇنىڭ كاللىسى چايقىلىپ كەتكەنىدى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تى-نىق سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان شولىدەك ئارزۇ - ئارمانلىرىمۇ قاتتىق بىر چايقىلىپ كەتكەندەك بولدى . لېكىن ، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن كامىلدىن رەنجىمىدى ، ئۇ ئۆزىنى بۇنداق رەنجىشكە ھوقۇقسىز دەپ قارايتتى . چۈنكى ، كامىل ئۇنى ئۆي ئايالى قىلىمەن دەپ توي قىلغا-نىدى ، پەرىدەمۇ ھەم كامىلغا ئۆي ئايالى بولماسلىق ئۈچۈن تەگكەن ئىدى . شۇڭا بۇنىڭ كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان مەسىلە ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى ، پەرىدە پەقەت مۇشۇ توقۇنۇشتىن قېچىشتىن باشقا نەرسىنى ئوي-

لىمايتتى .

قانداقلا بولمسۇن پەردە يەنىلا كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدى ، ئۇنىڭ داڭقى ئەتراپقا تارالدى . ئۇنىڭ ژۇرنال يۈزىگە بېرىلگەن رەسىمنى كۆرۈپ باشقىلار بىرەر كىنو چولپىنى ياكى ئۇسسۇل چولپىنى بولسا كېرەك دەپ قالاتتى . مۇندەرىجە كەينىدىكى چۈشەندۈرۈشنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر كارخانىچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران قېلىشاتتى . كېيىنچە كىشىلەر ئۇنى پات ـ پات تېلېۋىزوردا كۆرىدىغان بولۇپ قالدى . مۇخبىرلار ئۇنىڭدىن خىلمۇ خىل سوئاللارنى سورايتتى ، ئۇ بولسا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بېرەتتى :

—— پەردە خېنىم ، ئىگىلىشىمىزچە خەلقىمىزنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ، پەن ـ تېخنىكا ۋە تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىقلارغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ كەمچىللىكى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن سىلەرنىڭ تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتىڭلار بەزىبىر ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كېلىۋېتىپتۇ ، يەنى شىركەتكە بۇنىڭدىن كىرىم يوق دېگۈدەك بولۇۋېتىپتۇ . مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سىزنىڭ بۇ خىل كەسىپتىن ۋاز كېچىشىڭىز ياكى باشقا تىجارەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كېتىشىڭىز مۇمكىنمۇ ؟

—— راستىنى ئېيتقاندا ، تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتىدىن بىزگە كىرىم بولمايدۇ . بۇ ماڭا ئايان ، شۇڭا بىزنىڭ بۇنىڭدىن زور پايدا ئېلىش نىيىتىمىز يوق ، زىيان تارتساقمۇ يەنىلا داۋاملاشتۇرۇۋېرىمىز ، چىقىم تارتىشتىن قورقماسلىقىمىز كېرەك ، بىزنىڭ نىشانىمىز پۇل تېپىش ئەمەس ، بەلكى مۇشۇنداق بىر كەسىپنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش . ئاخىرىدا ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق خەلقىمىزنى قالاقلىقتىن ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ، بىراق بۇنى يۈلەپ تۇرىدىغان زور بىر ئىقتىسادىي كۈچ بولمىسا بىز ئۇنى داۋاملاشتۇرالماي قالىمىز ، بىز مانا مۇشۇ مەقسەتتە روسىيە ، تاجىكىستان ، قازاقىستانلار بىلەن شېرىكلەشكەن بىر نەچچە شىركەتنى قۇردۇق . بۇ شىركەتلەرنىڭ ئەھۋالى ياخشى ، بۇ شىركەتلەرنى پەقەت تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا پۇل تېپىش ئۈچۈن

قۇردۇق .
— شىركەتلەرنىڭ ئىشلىرى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ سىز يەنە ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب يېزىۋېتىپسىز ، ئاڭلىساق ئۇ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەققىدە يېزىلغان زور ھەجىملىك كىتاب ئىكەن . سىز ئۇنى يېزىشقا قانداق ۋاقىت ئاجرىتالىدىڭىز ؟
— كېچىلىرى يازدىم ، بەزىدە ئۇخلىمايمۇ تاڭ ئېتىپ كېتىدۇ ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا يەنە شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا چاپىدىغان گەپ .
— سىز يازغان كىتابنىڭ ئىسمى نېمە ؟
— « ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەققىدىكى يۈز تەدبىر »
— سىز ھەقىقەتەنمۇ تۆمۈر ئايال ساچېر خانىمغا ئوخشايدىكەن-سىز .
— سىز شەخسىي تۇرمۇشىڭىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىسىز ؟
مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ، تۇرمۇشتىكى بەزىبىر قائىدە - يوسۇنلار ، كىشىلەر ئارىسىدىكى بېرىش - كېلىش ، ئۆلۈم - يېتىم ۋە باشقا مۇرا-سىملارغا تازا ئېشىنالماسلىقىڭىز مۇمكىن . باشقىلارنىڭ كەينىڭىزدىن گەپ قىلىشى تۇرغانلا گەپ . ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز دېگەن ئايال كىشى ...
— ئايال كىشى تۇغۇلىشىدىنلا ئايال بولۇپ تۇغۇلمىغان . مەن بۇ سۆزنى ئۆزۈمگە قىبلىنامە قىلغان . پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش ، يەنى كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە تۇتقان ئورنىمىز بىزنى ئايال بو-لۇشقا مەجبۇرلايدۇ . بىراق ، بىز ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا تىرى-شىشىمىز لازىم .
پەرىدە بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا! كامىل تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى . ئۇ قولىغا لىق ھاراق قويۇلغان رومكىنى ئېلىۋالغان بولۇپ ، پەرىدەنىڭ ئۆزى توغرىلىق نېمىلەرنى دېيىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى .
پەرىدە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
— مەن خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ئۆي ئىشلىرىغا تازا قارىيالمىدىم . بۇ يولدىشىم كامىلنىڭ سەل نارازىلىقىنى قوزغاپ

قويدى . ئۇ ئەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئاياللار بىزگە بويسۇنۇشى ، بىزنىڭ
خىزمىتىمىزنىلا قىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ . ئۇلار ئاياللارنىڭمۇ ئادەم
ئىكەنلىكىنى ، ئاياللارنىڭمۇ جەمئىيەتتە ئۆزىگە تۇشلۇق ئورۇنغا ئىگە ئىـ
كەنلىكىنى ، ئاياللارنىڭمۇ مىللەت ئۈچۈن ، جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە
قوشۇشىنى ئويلاپ قويمايدۇ ... مەن ئۆز نەتىجىلىرىم ئارقىلىق ئۇنى ئاخىر
قايىل قىلىمەن .
كامىل تويۇقسىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ قولىدىكى ئىستاكاننى تېلېۋىـ
زور ئېكرانىغا قارىتىپ ئاتتى :
— ۋاي ئاناڭنى ! سەن ھەرقانچە كارخانا چولپىنى بولۇپ كەتـ
سەڭمۇ ، مېنىڭ خوتۇنۇم سەن ! ماڭا سېنىڭ پۇلۇڭ ، سېنىڭ شۆھرىـ
تىڭ ، سېنىڭ كەسپىڭنىڭ كېرىكى يوق . ماڭا كېرىكى ئىللىق بىر ئائـ
ىلە . سەن ئادەم ئىكەنسەن ، مەن ئادەم ئەمەسمۇ ؟!

رەشىدە بارا ـ بارا تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى ئەڭ چۈشىنىكسىز
بولغان جايلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى . خاتىرىنىڭ ئاخىرقى قىـ
سىملىرى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋەتكۈدەك دەرىجىدە
چۈشىنىكسىز ۋە مالىماتاڭ ئىدى . پەرىدە بۇنىڭدىن تاھىرنىڭ بۇزۇلغان
نېرۋىلىرىدىكى قالايمىقانلىشىشنىڭ بارا ـ بارا ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى
ھېس قىلىشقا باشلىدى . خاتىرىنىڭ بۇ قىسمى پەرىدەگە غەربنىڭ ئاڭ
ئېقىمى يازغۇچىلىرىدىن جامېس جويىس ، ۋېرگىنىيە ۋولف ، ۋېلىيام فوـ
لېكنېرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەسلەتتى . بىراق ، تاھىر بۇ يەردە
قانداقتۇر ئاڭ ئېقىمىدا ئەسەر يازماقچى ئەمەس ئىدى ، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ
كاللىسىدا پەيدا بولغان بارلىق ھېس تۇيغۇلىرىنى ، خام خىيال ، چۈش
ۋە رېئاللىقنى ئايرىيالمىغان ھالدا ئەڭ ئىپتىدائىي ھالىتى بىلەنلا بىۋاستە
خاتىرىلەپ قالدۇرغانىدى . چۈنكى ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى روھىي جەھەتـ
تىكى تۈگىشىش ئەنە شۇنداق خام ـ خىيال ، چۈش ۋە رېئاللىقنى
بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلغانىدى . ئۇنىڭ
ئېڭىدا خام ـ خىيال ، چۈش ۋە رېئاللىق پەرق قىلغۇسىز دەرىجىدە ئارىـ

لىشىپ كەتكەنىدى .

تاھىر خاتىرىسىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرغانىدى :

« بۇ ئىش بەكمۇ تۇيۇقسىز بولۇپ قالدى ... مەن ئۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدىم . ئاشۇ بىر دەقىقە پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە نەرسە قېتىپ قالغاندەك بولدى . ئاشۇ بىر دەقىقە ۋاقىتنىڭ چەكسىزلىكى ئىچىدە مەڭگۈ ئاشۇ ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . چەكسىز كائىناتنىڭ ئىچىدە ئىككىمىزنىڭ گەۋدىسى تۇيۇقسىز بىر ـ بىرىگە سىڭىشقانىدى . مەن ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە ياتىقىدا بىردىنلا ئۇنىڭغا قولۇمنى سوزدۇم . بۇ بىر بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتى ئىدى . بۇ بىنا سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ بىر چېتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى ، بۇ كىچىك بىراق گۈزەل شەھەرگە چەكسىز ئاسماندىن سىم ـ سىم يامغۇر ياغماقتا ئىدى .

تاھىرنىڭ خاتىرىسىدە ئېيتىلغان بۇ قىز زادى كىمدۇ ؟ رەشىدە بۇ ھەقتە بىر مۇنچە ئويلانىدى . ئاخىر ئۇنى ئاسىيە بولسا كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كەلدى .

ئاشۇ كۈنى زادىلا سىم ـ سىم يامغۇر ياغمىغانىدى . تاھىر بولسا خاتىرىسىگە سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان كۈن دەپ خاتىرىلەپ قويغانىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئېڭىدىكى پەيدا بولغان خىيالىي سېزىمنى رېئاللىق دەپ ھېس قىلىپ قالغانىدى .

ئۇ كۈنى ئاسىيە ئۇنى ياتىقىغا ئىزدەپ بارغانىدى . ئاسىيە تاھىر بىلەن كۆپرەك سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى . ئاسىيە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تويغا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كەلگەنىدى . ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر تاھىرنىڭ ئاغزىدىن كۆپرەك سۆزلەرنى ئاڭلىغۇسى كېلىپ تۇراتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم سۆزلەر بولۇشى كېرەكتەكلا ھېس قىلاتتى ، بىراق ئۆزىنىڭ زادى قانداق سۆزلەرگە تەشنا ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . تاھىر كەچتە ئۇنى ياتىقىغىچە ئاپىرىپ قويدى . ئاشۇ كۈنى ئاسىيە ئۈچۈن ئىنتايىن

كۆڭۈلسىز بىر كۈن بولدى. ئۇ تاھىر بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشقاندەك قىلدى، بىراق ئۇنىڭغا تاھىر ھېچ نەرسە دېمىگەندەكلا تۇيۇلاتتى. تاھىر ئۇنى ياتىقىغا پىيادە ئاپىرىپ قويدى، چۈنكى ئاسىيە ئاپتوبۇسقا چىقىشقا زادىلا ئۇنىمىدى، ئۇ تاھىر بىلەن يول بويى پاراڭلىشىپ ماڭسا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۆزى تەشنا بولغان بىر سۆزلەر چىقىپ كۆڭلى سەل تەسكىن تاپىدىغاندەكلا ھېس قىلاتتى. بىراق، ئۇ ئاخىر بۇنداق سۆزلەرنىڭ پۇتۈن ئىنسانلاردىنمۇ چىقمايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ مەڭگۈ ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى سېزىپ يەتتى. كوچىلاردا بوران ھۇۋلىماقتىدى، قۇم ۋە ئەخلەتلەرنى ئۇچۇرۇپ، كېلىپ كۆزلەرگە تىقاتتى. ئۇنىڭغا ئاشۇ بوران گويا يۈرىكىگە بۆسۈپ كىرىپ ھەممە ئەخلەتنى يۈرىكىگە تىقىۋاتقاندەك، يۈرىكى خۇددى بوران ئۇچۇپ ھۇۋۇلداپ تۇرغان كونا خارابە ئۆيگە ئوخشاپ قالغاندەك تۇيۇلماقتىدى. شامال يىرگىنچلىك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىلايتتى. بۇ قول تۈك بېسىپ كەتكەن نومۇسسىز بىر قولغا ئوخشايتتى.

بىرلا ۋاقىتتا، بىرلا جايدا كېتىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى سىم - سىم يامغۇردا، بىرى كۆڭۈلسىز بوراندا كېتىۋاتاتتى. بۇ ئىككى ھالەت چەكسىز كائىنات قوينىدا مەڭگۈ بىرلىككە كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئاشۇ كۈن، ئاشۇ دەقىقە تاھىرنىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ بىر يامغۇرلۇق كۈن، ئاسىيەنىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ بىر بورانلىق كۈن بولۇپ ساقلىنىپ قالدى. تاھىر ھەتتا ئاشۇ كۈننى ئۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى بىر يامغۇرلۇق كۈن بىلەنمۇ ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتى.

— بولدى، پەردەنى ئۇنتۇلۇپ كەت، ئۇ توي قىلىپ بولدى، سېنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشىشىڭ تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس بولۇپ قالدى، — دېگەنىدى ئاسىيە تاھىرغا يەنە بىر قېتىم.

تاھىر ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەستىن باشقا بىر گەپنى قىلدى:

— ئاسىيە، بىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا، بىزنىڭ ئوغۇل ساۋاقداشلاردىن زادى قانچىسى ساڭا تەلەپ قويغانىدى؟

بۇ سوئال ئاسىيەگە سەل يېقىپ قالدى بولغاي، ئۇنىڭ غەمكىن

چىرايىدا سۇسقىنا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى . نېمە ئۈچۈندۇر ئوتتۇرا مەك-
تەپ ھاياتى تىلغا ئېلىنىسىلا ئۇنىڭ قەلبى دولقۇنلىنىپ كېتەتتى . ئۇنىڭ
پۈتكۈل ھاياتى ئاشۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغا-
نىدى . ئالىي مەكتەپ ھاياتى بىلەن خىزمەت قىلغان دەۋرلىرى ئۇنىڭغا
قۇپقۇرۇق تۇيۇلاتتى . ئۇ ئۆزىنى خۇددى ھازىرغىچە ئاشۇ ئوتتۇرا مەك-
تەپ دەۋرىدىلا ياشاپ كېلىۋاتقاندەك ۋە مەڭگۈ شۇنداق ياشايدىغاندەك
ھېس قىلاتتى . ئۇ بۇ شەھەردە پەقەت ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى
بىلەنلا ئارىلىشاتتى ، توي قىلماقچى بولغان يىگىتمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى
ساۋاقدىشى ئىدى .
— بىز بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى تەلەپ
قويغان ، بۇنى سەن بىلىسەنغۇ ؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇ خەت-
لەرنى سەن يېزىپ بەرگەن . مەن ھەر كۈنى سەن يازغان ئاشۇ مۇھەب-
بەت خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالاتتىم . بىراق ، ئاخىرقى بېتىدىكى خەت ياز-
غۇچىنىڭ ئىسمىغا قارىسام بىرسىمۇ سېنىڭ ئىسمىڭ بولۇپ چىقمايتتى ،
پەقەت سەنلا ماڭا تەلەپ قويمىغانىدىڭ . بىراق ھەممە خەتلەرنى سېنىڭ
يازغان تەكلىپىڭ ھېسابلاپ ئوقۇپ چىقاتتىم . تاھازىرغىچە پەقەت سەنلا
ماڭا تەلەپ قويۇپ باقمىدىڭ ، چۈنكى ، مەن پەقەت سېنىلا ياخشى كۆ-
رەتتىم .
— ساۋاقداشلار ھەممىسى بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالسا ماڭا
خەت يازدۇراتتى . چۈنكى مېنىڭ خېتىم چىرايلىق ئىدى .
— ئەڭ مۇھىمى ، مۇھەببەت خېتىنى پەقەت سەنلا ناھايىتى
ياخشى قىلىپ يازالايتتىڭ ، ئاشۇ خەتلەردىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى سې-
نىڭ سۆزلىرىڭ ئىدى ، مەن بۇلارنى ھېس قىلاتتىم . پەقەت ئاخىرىدىكى
باشقا بىراۋنىڭ ئىسمىنى كۆرگەندىلا كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولاتتى .
بىراق ، مەن يەنىلا ئۇلارنى سېنىڭ ماڭا قىلغان سۆزلىرىڭ دەپ ھې-
سابلايتتىم . سەن ھەممىسىدىن كىچىك ئىدىڭ ، بىراق مۇھەببەت سۆز-
لىرىنى ھېچكىم سەنچىلىك قاملاشتۇرالمايتتى . مەن دائىم ئاشۇ خەتلەر-
نىڭ ئاخىرىدىكى ئىسىمنىڭ سېنىڭ ئىسمىڭ بولۇپ چىقىشىنى كۈتەت-

تىم ، بىراق سىنىڭ قولۇڭ ئۇ يەرگە ھەممە ئىسمنى يېزىپ بولدى ، بىراق ئۆزۈڭنىڭ ئىسمىنى زادىلا يېزىپ قوياي دېمىدى ... چۈنكى مەن پەقەت شۇنىلا كۈتەتتىم .

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتقاندا تاھىردا ھېچقانداق تۇيغۇ يوق ئىدى ، پەقەت ئۇنىڭ ئېڭىدا دەل ئاشۇ چاغدا ، دەل ئاشۇ يەردە سىم – سىم يامغۇر ياغماقتىدى .

ئۇلار يولنى بىر ھازا ئۈن – تىنسىز داۋاملاشتۇردى . شامالدا ئاسىيەنىڭ ئۇزۇن كۆڭلىكى كۆكۈلسىز ئاۋاز چىقىرىپ لەپىلدەيتتى . شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇملار ئۇنىڭغا ئۇرۇلغاندا بولسا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىكەنلىشىپ كېتەتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا تاھىر بىلەن بىللە پاراڭلاشقاچ پىيادە مېڭىش خىيالىنى ئۆزگەرتمىدى . تاھىرنىڭ نەزەرىدە بولسا قانداق مېڭىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە ئۈن – تىنسىز يول ماڭدى .

ئاسىيەنىڭ ياتىقىغا يېقىنلاپ كېلەي دەپ قالغاندا تاھىر تۇيۇقسىز ئاسىيەدىن سورىدى :

— ئاسىيە ، سەن مېنى نېمىشقا ياخشى كۆرىسەن ؟

— ئۇقمايمەن ، — ئاسىيە قارىمايلا جاۋاب بەردى .

— سەن مېنى چىرايلىق يىگىت دەپ ھېس قىلامسەن ؟

— ياق ، زادىلا ئۇنداق ئەمەس .

— سەن مېنى بەك ئەخلاقلىق دەپ ئويلايسەن ، شۇنداقمۇ ؟

— ياق ، مەن سېنى ئەڭ ئەخلاقسىز ئادەم دەپ ئويلىسام ئويلايمەنكى ، ھەرگىزمۇ ئەخلاقلىق ، ياخشى ئادەم دەپ ئويلىمايمەن .

— ئۇنداقتا مېنى بىلىملىك دەپ ئويلاپ ياخشى كۆرىدىكەنسەن – دە !

— ئۇنداقمۇ ئەمەس !

— مېنى زادى نېمە سەۋەبدىن ياخشى كۆرىسەن ئاسىيە ؟

ئاسىيە بۇرۇلۇپ تاھىرغا قارىۋىدى ، تاھىر ئۇنىڭ كۆزلىرىدە لىق ياشنىڭ لىغىرلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ – تاڭ قالدى ۋە چۆچۈپ

كەتتى .

— تاھىر ، ھەقىقىي مۇھەببەت دېگەننىڭ سەۋەبى بولمايدۇ ، ئۇ پۈتۈنلەي قارىغۇلارچە بولىدۇ ، — دېدى ئاسىيە ، — مەن سېنى زادى نېمىشقا ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ، سېنىڭ قەيىرىڭنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى زادىلا بىلمەيمەن ، بەلكىم مەڭگۈ چۈشەنمەسلىكىم مۇمكىن ، پەقەت مەن سېنى ئۆزۈمگە دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن ئادەمدەك ھېس قىلىمەن ، مېنىڭ قەلبىمدىكى سېنىڭ ئورنۇڭنى پۈتۈن دۇنيادا ھېچقانداق بىر ئەر باسالمايدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ .

تاھىر خاتىرىسىدە بۇ سۆھبەتنى زادىلا يېزىپ قالدۇرمىغاندى . بەلكىم ئۇ ئاشۇ كۈنىلا ئۇنتۇلۇپ كەتكەندۇ ! ئۇنىڭ خاتىرىسىدە بۇ ھەقتە ھېچقانداق بايان يوق ئىدى . ئۇلار ئاسىيەنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئاسىيە تاھىر بىلەن خوشلاشماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىيۇ ، بىراق « خوش ئەمىسە ، سەن قايتىپ كەتكىن » دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى ھەم ئۇنى ياتاققا كىرىشكىمۇ تەكلىپ قىلىدىغان سۆزنى قىلالمىدى . تاھىر ئۈن - تىنسىز تەكەللۇپسىزلا بىنا ئىچىگە قەدەم باستى ، تاھىر بۇلارنىمۇ خاتىرە دەپتىرىگە يېزىپ قالدۇرمىغانىدى ، ئۇ پەقەت خاتىرىسىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرغانىدى :

« ئاياللارنى دائىملا كىيىملىرى بىلەنلا كۆرۈپ تۇرۇش كىشىدە ئاياللارنىڭ تېنىگە قارىتا بۇرمىلانغان تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويىدىكەن . ئاياللارنىڭ كىيىملىرىمۇ ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك كىيىملەرنى كۆرۈپمۇ يالىڭاچ تەننى كۆرگەندەك ھاياجانلىنىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى سېزىپ ھەيران قالدىم . ئۇ ياتىقىدا ئۇياق - بۇياقلارغا كىيىملىرىنى ئېسىپ قويغانىدى ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئىچ كىيىملىرى بولسىمۇ ئۇلارغا قاراپ خۇددى ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنىنى كۆرگەندەك ھاياجانلانماقتىدىم .

ئۇزاق مۇددەتلىك جىنسىي بېسىم قەدىمكى دەۋرلەردە جىنسقا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت غەيرىي نورمال جىنسىي مەدەنىيەت ھادىسىنى

شەكىللەندۈرگەن بولسا، ئەمدى ئادەتتىن تاشقىرى جىنسىي ئېچىۋېتىش كىشىلەردە زامان ئاخىرىغا خاس دەھشەتلىك بولغان، ھەممە نەرسىنىڭ ئاخىرلىششى ۋە گۇمران بولۇش ۋەھىمىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. پۈتۈن دۇنيا قەدىمكى بابىلغا ئوخشاپ قالماقتىدى. ساپسېرىق چاچلار ... سارغايغان غازاڭلار ... سارغايغان يۈزلەر ... مانا بۇ سارغىيىپ كېتىۋاتقان جەننەت ئىدى. پۈتۈن دۇنيا كۇمپەيكۇم بولۇش ئالدىدا ... بىراق مەن مۇشۇ ئاخىرلىشىشتىن قېچىپ چىقىپ كېتىدىغان بىر يەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم، بىراق نەلىكىنى بىلمەيتتىم. چىقىپ كېتىش ئۈچۈن سەرسان ئىدىم. مەن ئاشۇ يوچۇقنى تاپاي دەپلا قالغاندا ئۇنىڭ نازۇك قوللىرى مېنىڭ بوينۇمدىن كاپپىدە تۇتۇۋالدى. بۇ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس قوللار ئىدى. ئۇ مېنى تارتىپ سۆيدى. ياق مەن ئۇنى تارتىپ سۆيدۇم ... ياق ... زادى نېمە ئىش بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدىم ... زادى قايسىمىز بالدۇر قول سالدۇق؟ بۇ ماڭا قاراڭغۇ ... مەن خۇدۇمنى يوقىتاي دەپ قالغانىدىم ... بەلكىم ئىككىمىز تەڭلا بىر - بىرىمىزنى تارتقانىدىمىز ... »

تاھىر خاتىرىسىگە ئەنە شۇنداق يازغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئاشۇ چاغدا ئاسىيە غەلىتە بىر خىل تەبەسسۇم بىلەن تاھىرنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ پايپىقىنى سېلىپ تاشلىدى. ئۇ پايپاقنى ئاستا سېرىپ پەسكە چۈشۈرۈۋاتقاندا تاھىرغا گويا بىرقەۋەت تېرىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ بارغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تاھىر تۈكۈرۈكىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ نەزەرىنى ئاسىيەنىڭ ئاپئاق، پاكىز ۋە سۈزۈك پۇتلىرىدىن يۆتكەپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. تاھىر بىردىنلا ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن باشقىچە بىر نەرسىنى ھېس قىلىپ چۆچۈپ كەتتى. ئاسىيە كۆزلىرىدىن بىر خىل شەھۋانىي ھېسسىياتنى ئۇرغۇتۇپ تاھىرغا نازلىنىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى پايپاقلىرىنى سېلىپ تاشلىغاندىن كېيىنكى ئاپئاق ھاياسىز پۇتلىرىدىنمۇ يالىڭاچراق ئىدى. تاھىر بۇنى كۆرۈپ قاتتىق جىددىيلەشكىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئاندىن

تۇيۇقسىز خۇدىنى يوقاتقاندەك بىردىنلا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى . ئۇ شۇ چاغدا ئاسىيەنىڭ ئۆزىگە بىچارىلەرچە قاراپ تۇر- غان كۆزىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدى . ئۇ ئايالLارنىڭ بۇنداق ھايا- جانلانغان كۆزىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . بۇ كۆز چەكسىز ھەۋەس دەس- تىدىن ئاجايىپ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى . تاھىر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئاسىيەنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياجىنى قوينىغا غەرق بولۇپ كەتكىنىنى سېزىپ يەتكەنىدى . تاھىر ئۇنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشكە باشلىدى . ئۇ- نىڭ بويۇنلىرىغا ، چاچلىرىغا ئالدىغا كەلگەنلا يەرگە توختىماي سۆيەت- تى . قاتتىق ھاياجان دەستىدىن تاھىرنىڭ نەپسى جىددىيلىشىپ ، ھا- سىراپ ، پۇشۇلداپ كەتتى . ئاسىيەمۇ بۇ سۆيۈشلەرنىڭ ھاياجىنىغا بەرداشلىق بېرەلمەي بوش ئىڭراپ تاشلىدى . تاھىر يەنە تۇيۇقسىز بىر ھەرىكەت بىلەن ئاسىيەنى كارىۋات ئۈستىگە بېسىۋالدى . ئۇنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ يالىڭاچ يوتىلىرىنى سىلايتتى . ئۇ قوللىرىنى ئۇنىڭ ئىككى يوتى- سىدىن ئىچكىرىراق ھەرىكەتلەندۈرۈۋىدى ، ئاسىيە چۆچۈپ ئۇنىڭ قو- لىنى تۇتۇۋالدى . ئەمەلىيەتتە بۇ قارشىلىق ئەمەس ئىدى . ئۇ تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان ھاياجاندىن چۆچۈپ كېتىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغا- نىدى . تاھىر بۇ دەقىقىلەرنى خاتىرىسىدە مۇنداق يازغانىدى :

« تۇنجى رەت سۆيۈشكەن چاغدا ئوغۇلنىڭ كۆزىگە قىزنىڭ قورقۇنچ بىلەن پارقىراپ قارىغان كۆزلىرىدەك بىر كۆز دۇنيانىڭ قايسى- دۇر بىر چەتلىرىدە مەندىن نېمىنىدۇر ئىزدەپ ، قانداقتۇر بىر غەلىتە ئىشلارغا ئۇچراپ ، نېرۋىسى نورمال بولمىغان كىشىلەردەك ئەسەبىي ھە- رىكەتلەرنى قىلىشىمنى تىلەپ ، ماڭا قورقۇنچ ۋە تاماشا ئارىلاشقان نەزەر بىلەن تىكىلىپ تۇرغاندۇر بەلكىم ... ئۇ كۆزلەردىن چىققان ئوتتەك قىز- غىن نۇرلار مېنىڭ چوڭ مېڭەم ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ ، خىياللىرىمنى گاھ شىددەت بىلەن قايناتسا گاھ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندەك دولقۇنسىزلان- دۇرىدۇ ...

مېنىڭ سەزگۈلىرىمدە ۋاقىت دېگەن ئۇقۇم قاچانلاردۇر مەۋجۇت-

لۇقتىن قېلىپ قالغان ، شۇڭا مەن ئۈچۈن قېرىش ، ئۆلۈش دېگەندەك
ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرمۇ مەۋجۇت ئەمەس . بۇ يەردە پەقەت ھا-
ياتلا مەۋجۇت . مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتىي
كۈچىنى نامايان قىلماقتىمەن . مەن مۇشۇ ھاياتىي كۈچنى ئىپادىلەشكە
غەرق بولۇپ كەتكەن ، مەن ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە نەرسە بەر-
بىر ئىدى . مەن مەڭگۈ يەنىلا شۇ مەن ! ۋاقىت ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپا-
دىلىنىدۇ . ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ... مەيلى ماڭا چاپلىشىۋې-
لىپ ، مېنىڭ بولۇپ ھېسابلانغان مۇنۇ تەن قانداق قىياپەتلەرگە كىرىپ
قالسۇن ، مەيلى ئەتراپىمدىكى نەرسىلەر قانداق قىياپەتلەرگە قاراپ تە-
رەققىي قىلسۇن مەن ئۈچۈن بەربىر ! ... شۇڭا مەن قاچان ئىكەنلىكىنى
بىلمەيمەن . پەقەتلا ئويلىمىغان يەردىن دەھشەتلىك بىر روھىي ئازابقا
غەرق بولدۇم . ئىككىمىزنىڭ تېنىمىز بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندى ،
مەن ئاشۇ ھاياجانغا شۇ قەدەر بېرىلىپ كېتىپمۇ ئۈنئالغۇدا مۇزىكا قويۇ-
لۇۋاتقىنىغا دىققەت قىلغىنىمغا ھەيرانمەن . ئاسىيە ئاشۇ تۇيۇقسىز ھەر-
كەت پارتلاشتىن بۇرۇن ئۈنئالغۇ قويۇپ قويغان بولسا كېرەك . ئۈنئالغۇ-
دىكى ئاۋاز خۇددى ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقان تىنىقىقا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ
نەپسى بارغانسېرى جىددىيلەشمەكتىدى . ئىككى تەن بىر تەنگە ئايلىنىپ
كەتكەندەكلا تۇيۇلاتتى . خۇددى ئۇنىڭ بەدىنى ئۆزۈمنىڭ بەدىنىدەكلا
ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھەر بىر ئىنچىكە سەزگۈلىرىنىمۇ ھېس قىلالايتتىم ،
ھەر بىر ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرمۇ ماڭا بەك ئوچۇق بىلىنىپ تۇراتتى .
بىزنىڭ شۇ چاغدىكى تۇيغۇلىرىمىز ، سەزگۈلىرىمىز ئۆز ئارا كىرىشىپ ،
بىرىكىپ كەتكەندى . بىراق ، دەھشەتلىك بىر جىنايى تۇيغۇ مېنى قىي-
نىماقتىدى . قاتتىق ھاياجاندىن ئۇنىڭ تىنىقى ئىتتىكلەپ بارماقتىدى ،
مەن ئۆزۈمنى نېمە ئۈچۈندۇر ۋەھشىي قاتىلدەكلا ھېس قىلماقتىدىم . ئۇ
ماڭا خۇددى قاتتىق ئېغىر كېسەل بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ، ئېغىر كېسەل-
لىك دەستىدىن ئىڭراپ ياتقاندەك ، مەن بولسام ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە
تىرىشىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم . ئۇنىڭ تىنىقى قاتتىق ئىتتىكلەپ ، ئا-
خىر ئۇ خۇددى جان ئۈزگەندەك بىردىنلا ئۆزىنى تاشلاپ قىمىرلىماي

يېتىپ قالدى . مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق ھاياجانمۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىزسىز غايىب بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى چۈشىنىكسىز بىر خىل چۈشكۈنلۈك ئىگىلىدى ... »

تاھىر يۇقىرىقىلارنىڭ كەينىگە ئۇلاپلا مۇنداق يازغانىدى :

غۇۋا بىر سەھەر ئۆيگە بۆسۈپ كىرمەكتە . ئاستا ئاقىرىۋاتقان تاملارنىڭ نېمىگىدۇر بىر نېمىگە خۇددى قانسىراپ كەتكەن بەدەن قانغا ئېھتىياجلىق بولغاندەك ( باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ) تەشنا ئىكەنلىكىنى ، ئېچىرقاپ تۇرغانلىقىنى سەھەرنىڭ غۇۋا كۆلەڭگىسى سەزدۈرمەكتە . ئۆيدىكى ھەممە نەرسە شۇنداق بولسا كېرەك ...

ئۇيقۇ ئاسارىتىدىن تېخى تامامەن قۇتۇلۇپ بولالمىغان مېڭە ۋە مېڭىدىكى خىيال ئۆيدە لەيلەپ تۇرغان بولسا كېرەك . خىياللار بەكمۇ يەڭگىل ، يەڭگىللىكىدىن ھەتتا يوق دېيىشكىمۇ بولۇۋېرىدۇ . قاپقارا بىر نەرسە بىلەن بۇلغانغاندەك كۆرۈنىدىغان دېرىزە ئەينىكى ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلمەكتە ... بارغانسېرى خىيالغا ئوخشاپ كەتمەكتە ، شۇڭا ئۇنىمۇ يوقالماقتا دېيىشكە بولاتتى . خىيالمۇ ، دېرىزىمۇ بارغانسېرى قانسىراۋات- قاندەك ، ياكى ئۇسساپ كېتىۋاتقاندەك نېمىدۇر بىر نەرسىنى تەلەپ قىل- ماقتا ... ئۇنىڭغا نېمىدۇر بىر نەرسە قوشۇلسا بەك ياخشى بولاتتى ... ئۇن- ئالغۇ ... يېقىملىق ناخشا ... غۇۋا ۋە مەخسەتسىز ئازاب توغرا ، دەل مۇشۇ .

باشقىلار سالغان ئازابنى تارتىش بەك قىيىن ، ئەڭ ياخشىسى ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ئازابلىشى كېرەك . نېمىشقا شۇنداق بولىدىغاندۇ ؟ ... دازان ... ئا ! ... ئىنگىلىزچىكەنغۇ بۇ ناخشا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمىنداق تۇتۇق ... مەن ئىنگلىزچىنى تۈزۈك بىلمىسەم ، كونىراپ كەتكەن لېنتا ئىكەن . كاساپەت ! ئۇنئالغۇدىن چىقىۋاتقان ناخشا ساداسى يىراقتىن نا- ھايىتى كۈچىنىپ ، مىڭ تەسلىكتە سۆرىلىپ كەلمەكتە . ئاۋازنىڭ بىر بۆلىكىنى بوراندەك بىر نەرسە ئاللىقاياقلارغا چېچىپ ، ئۈزۈپ ، سۆرەپ ، سوزۇپ ئېلىپ قاچماقتا . ئاۋاز كېسەل بولۇپ قالغان ، دەرد ئېغىر . ناخ-

شىغۇ ئەسلىدە خۇشال ئېيتىلغان ناخشا بولۇشى مۇمكىنىدەك قىلىدۇ . چەت ئەل تىلىنى ئۆگەنمەك ئەجەپ تەس ئىكەن ... « ياخشى كۆرىمەن ... سۆيىمەن ... يارا ... » جاراھەت ؟

سۆيىمەن ؟ نېمىنى سۆيىدىغاندۇ ؟ يارا ؟ جاراھەت ؟ ئادەمنىڭ لەۋلىرى ؟

ئوھ ! ... بۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭى ئەجەپمۇ بىر نەرسىگە ئوخشاپ كەتتى ... نېمىگە ئوخشايدىغاندۇ ؟ بىر نەرسىگە ئوخشاپ كەتتى ... ئۇ ئۇنتۇلغۇسىز بىر نەرسە ... ياكى قىزىل ئەمەس ياكى رەڭسىز ئەمەس . ئاۋاز بوراندا كېسىپ تاشلىغاندەك ئۈزۈلمەستىن تارتىشىپ ، سوزۇلۇپ ، تەستە ئۈزۈلمەكتە . شۇڭا ، بەلكىم ئۇ شىلىمشىق بىر نەرسە بولسا كېرەك . سۇدەكلا سۇيۇق ... ئۇنىڭغا چىلانغان قول ئۇيۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ . بىراق ، ھەرگىزمۇ ئۇيۇپ قالمايدۇ ، ئەكسىچە ئازراق ھەتتا سېزىلمىگۇدەك دەرىجىدە سۇس قىزىللىق قالدۇرۇپ سۇدەك قۇرۇپ يوقاپ كېتىدۇ ... بۇ نەرسە خۇن . بۇ خۇن ئاياللارنى جاراھەت ئېغىزىدىن ئېقىپ چىقىدۇ . ئاياللار پات ـ پات ئەنە شۇنداق قاننى ئاققۇزۇپ تۇرىدۇ دەپ ئاڭلىغان .... بىراق ئۇنىڭ ئاشۇ تېشىلىپ كەتكەن يارىسى ئەنە شۇ ئىللىق خۇن بىلەن لىق تولغانىدى . بۇ تۆشۈكنىڭ بىر ئۇچىنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس . بۇ قان غىدىقلىنىپ ، چىڭدىلىپ ، قىزىپ كېتىۋاتقان تومۇردىن چىققانىدى . بۇ ئاياللارنىڭ جەۋھەر شىرنىسى !

سەگۇ تېرەكنىڭ پالتا تېگىپ كەتكەن يارىلىرى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا ئاياللارنىڭ ئاشۇ يارىسى بىلەن ئوپئوخشاش شەكىلگە كىرىدىكەن . بۇنىڭدىن شۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش قىيىن ئەمەسلىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئايال — پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئانىسى جەننەتتىن ھەيدىلىش يولىدا ، ئۆزىنى ئەقىل مېۋىسى يېيىشكە كۈشكۈرتكەن ئىلان ئۇچۇن ئۆز بەدىنىنى تېشىپ ئەنە شۇ يارا ئورنىنى پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن . شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 13 ـ 14 ياشلاردا بولسا كېرەك . شۇڭا ، قىزلارنىڭ يارىلىرىدىن مانا مۇشۇ مەزگىلدىن باشلاپ خۇن ئاقسا كېرەك . ئۇ ئۆزى تۇغقان

قىزلارنىڭمۇ ئەنە شۇنداق يارىسى بار بولۇپ تۇغۇلۇپ قېلىشىنى ۋە بۇنىڭ ئېرىسى ئالاھىدىلىك بولۇپ ئەۋلادلارغا مەڭگۈ قېلىشىنى بىلمىگەن بولغىيدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇپ كەتكىنى پەقەتلا شۇ يارا بولسا كېرەك.

ئەرلەرنىڭمۇ يارىسى بارمىدۇ؟ ماۋۇچۇ؟ ھە راست، مانا مۇشۇ بىزنىڭ يارىمىز بولسا كېرەك. ھاۋا ئانىنى كۈشكۈرتۈپ ئادەم ئاتىغا ئەقىل مېۋىسىنى يېيىشكە دەۋەت قىلدۇرغان، يىلانغان ئوخشايدىغان نەرسە ئەنە شۇ جاراھەت بولسا كېرەك. بۇ جاراھەت ئاياللارنىڭكىدىن بۇرۇن بولسا كېرەك.

ئەرنىڭ يارىسى قانداق پەيدا بولغاندۇ؟ بىر نەرسە قاتتىق ئۇرۇلغان بولسا كېرەك ... ئاھ، خۇدا ... ئىنسانلارنى ئەنە شۇنچىلىك جازالىغىنىڭ يەتمەسمىدى ... يەنە نېمىشقا جەننەتتىن ھەيدەپ چىقاردىڭ.»

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى كۆڭۈل قويۇپ، قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇيتتى. تاھىرنىڭ يازغانلىرى بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا ناھايىتى چۈشىنىشلىك تۇيۇلاتتى، بىراق ئۇ زادى نېمىلەرنى چۈشەنگىنىنى دەپ بېرەلمەيتتى. خاتىرىدىكى سۆزلەر ئۇنىڭغا مەنە ئەمەس پەقەت بىر خىل تۇيغۇ بېغىشلايتتى. غەلىتە ۋە ئازابلىق بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ ئېڭىغا تۇيدۇرماي سىڭىپ كىرەتتى.

ئۇ ئاشۇ كۈنى تاھىرنىڭ ئاسىيەنىڭ يېنىدا قونۇپ قالغانلىقىنى بىراق ئۇنىڭ بىلەن بولغان جىنسىي ئالاقىدىن قاتتىق روھىي ئازاب ھېس قىلغانلىقىنى سېزىپ يەتتى. ئۇ يەنە بۇ يەردە يارا دەپ زادى نېمىنى كۆزدە تۇتقاندۇ؟ بۇ ھەقتە رەشىدە ناھايىتى ئۇزاق ئويلاندى. ئۇ ئاسىيە بىلەن بىللە بولغىنىدىن نېمىشقا شۇنچىۋالا ئازابلىنىپ كېتىدۇ؟ رەشىدە چۈشىنىدۇ، تاھىرنىڭ روھى زەخىملەنگەن روھ، نورمال تەپەككۇر قىلىشتىن قالغان روھ. شۇڭا، ئۇ جىنسىنى باشقا كىشىلەردەك نورمال بىر خىل لەززەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇنى قوبۇل قىلىش ئۇنىڭدا پەرىشانلىق ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، خۇددى

ئانىزم كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈيغۇدەك . بىراق ، بۇ ئەھۋال زادىلا بۇنى قوبۇل قىلالمىغۇدەك خۇراپىيلىق ۋە چېكىدىن ئاشقان ئەخلاق تەربىيە-سىنىڭ سەۋەبىدىن بولۇۋاتقاندەك قىلمايتتى . تاھىر ئۇنداق خۇراپىيلىق ۋە ئەخلاق دېگەندەك نەرسىلەر مېڭىسىنى چىرمىۋالغان ئادەم ئەمەس ئىدى ...

تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى « يارا ياكى جاراھەت » دېگەن سۆزنى رەشىدە زادىلا چۈشىنەلمىدى ، بۇنىڭدىن پەقەتلا تاھىرنىڭ ئېڭىدا ئا-ياللارنىڭ تېنىگە بولغان تەسىراتنىڭ بەكلا بۇرمىلىنىپ كەتكەنلىكىنى سېزىۋالغىلى بولاتتى . ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدى ئۇنىڭ ئېڭىدا ئەسلى مەنە-سىنى تامامەن يوقاتقان بولۇپ ، باشقىچە بىر نەرسىگە ئۆزگىرىپ كەتكە-نىدى .

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى . تاھىر خاتىرىسىدە ئاشۇ كۈنى توي قىلىشنى خىيال قىلغانلىقىنى يازغانىدى . ئۇنىڭ ئالغۇدىن توي توغرىسىدا بىرەر سۆز چىقىپ قالغان بولسا كېرەك ، خاتىرە مۇنداق داۋاملاشقانىدى :

« ... توي ... تەنھا ... ناخشىچى بۇ يەردە زادى نېمە دېمەكچى بولغىيتتى ؟ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىم كېرەك ، شۇنداق قىلمىسام بول-مىغۇدەك ... توي كۈنى ئىختىيارسىز ھالدا قولۇمنى پۇراپ بېقىشىمدىن خۇدا ساقلىسۇن ، يەنىلا شۇ پۇراقنى ھېس قىلىشىم مۇمكىن ... تويدا ئا-دەم ... تەنھا بولسا ... پۈتۈن توي مۇراسىمىنى ئۆزى تەنھا ئېلىپ بارسا ... بارمىقىدا قانداقتۇر پۇراقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولمىسىمۇ بار دەپ گۇمانلىنىپ بۇرنىغا يېقىن ئەكىلىپ پۇراپ سالغاندا ھېچ كىشى بۇنى كۆرمىسە ... يىراق ئۆتمۈشكە قاراپ كېتىپ قالغان پۇراق كىشى قەلبىگە يوق بىراق بار دەپ قارالغان ئاشۇ پۇراقنى كىرگۈزمىسە — ھە !

ئۇ يىگىتنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويسا ... شۇنداق بولامدىغاندۇ ... ئاھ ! بۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق خىيال .

ئادەملەر ئەڭ دەسلەپتە نېمە ئۈچۈن كىيىم كىيىشنى ئۆگەنگەن

بولغىيدى . زادى نېمە زوْروْرىيەت بىلەن ؟ ئەڭ دەسلەپ نېمە كىيىشنى
باشلىغاندۇ بەلكىم كۇسساردۇ . كۇسسار بولۇشى ناتايىن ، ئەڭ دەسلەپ
بەلكىم يارىلىرىنى لاتا ياكى دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن ئوراپ تېڭىۋالغان
بولغىيتتى . ئاخىرىدا ئۆز يارىلىرىنىڭ مەڭگۈ ساقايماس يارا ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلغاندا جاراھەت تاڭىدىغان لاتىنى بىر كىيىمگە ئايلاندۇرۇۋالغان
بولۇشى ئېھتىمال . گاھىدا بەزى كىشلەر يارىنىڭ ئازابى قاتتىق چېكى-
دىن ئاشقاندا ، چىداش تولىمۇ قىيىن بولغاندا ئاغرىق مېڭىسىگىچە چى-
قىپ ، نېرۋىلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ ، مېڭىنى ۋە روھنى نېرۋىنىڭ
كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرغاندا يارىسىنى ئېچىۋېتىپ ، ئۆز يارىسىدىن پە-
خىرلەنگەندەك ، ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەننى يوقاتقان قەھرىماندەك مەغرۇر
ھالدا كىشلەر ئارىسىدا جىنايەتكارلارچە ، قاتىللارچە يۈرىدۇ . كىشلەر
ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ . ئۇ بولسا ئۆز ئازابىنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ ،
كىشلەردىن تەسەللى ئىزدىگەن . كىشلەرچۇ تەسەللى ئورنىغا ئۇنىڭ-
دىن يىرگىنىدۇ . يېقىن تۇغقانلىرى بولسا ئۇنى ئېلىپ قېچىپ ، يوشۇ-
رۇپ قويىدۇ . باغلاپ قويىدۇ . يارىسىنى تېگىپ قويىدۇ . شۇنىڭ بىلەن
ئۇ ئۆلىدۇ ... تۈگىشىدۇ . چۈنكى ، ئىنسانلار يارىغا كىمدىن داۋا ياكى
تەسەللى ئىزدەشكە ، يارىدىن ئازابنى سىقىپ چىقىرىۋېتىشكە قانۇن بەل-
گىلىگەن . بۇ قانۇندا بىر ئادەمگە دۇنيادا بىرلا مېھرىبان ئادەم بولۇش
بەلگىلەنگەن ... مېھىر ـ مۇھەببەت خارابە كوچىلارنى ، توپىلىق يوللار ...
ئېتىز ـ ئورمانلىقلاردا دەرۋىشلەرچە ، سەلتەنەتلىك ، مەشھۇر سەر-
گەرداندەك لاغايلاپ يۈرگەندىن كېيىن قەيەرگىدۇر ئاياغ تىۋىشىنىلا قال-
دۇرۇپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان دەۋرلەردە قانۇن تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم
قىلىنىپ ، كوچىلارغا تۇتۇش بۇيرۇقى چاپلىنىشتىن قورقۇش كېرەك ،
يارىنىڭ ئازابىنى پەسەيتىش ھەرىكىتى دائىم كېچىلىرى خۇپىيانە ھالدا
رەسۋالارچە ئېلىپ بېرىلىدۇ . نومۇسسىزلىق بىلەن نومۇسسىزلىق
ئۇچراشقاندا ئۆز ماھىيىتىنى يوقىتىدۇ ـ دە ، ئىنتايىن گۈزەل نەرسىگە
شان ـ شۆھرەتكە لەززەتكە ئايلىنىدۇ . »

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ جايلارنى ناھايىتى زورۇقۇپ ئۇقۇدى ، بۇ جايلار خۇددى تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم جايلاردەكلا تۇيۇلاتتى . بىراق ، بۇ يەردىمۇ ئۆزىنى ئەيىبلەش ۋە روھىي ئازابتىن باشقا نەرسىنى ھېس قىلماق قىيىن ئىدى . رەشىدە تاھىرنىڭ سىرلىق ئوردا شەكلىدىكى خاتىرىسى ئىچىدە چىقىش ئىشىكى تاپالماي قاتتىق ئېزىقىپ ، سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . بۇ يەر-دىكى سۆزلەر بەكمۇ ئەسەبىي ئىدى ، جۈملىلەر پۈتۈنلەي غەيرىي ئىدراكى بولۇپ لوگىكىلىك تەپەككۇزدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى .

يىگىتنىڭ پېشانىسىگە توي كۈنى سۆيۈپ قويىدىغان ئۇ كىم ؟ رەشىدە بۇ سۆزلەردىن تاھىردا ئاشۇ چاغدا پەيدا بولغان ئۆزىنى ئەيىب-لەش ۋە يىرگىنچ تۇيغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەنگەندەك بولدى . ئۇ بۇلارغا قاراپ تاھىرنىڭ پسىخىكىسىنى ئانالىز قىلدى . بەلكىم بۇ تا-ھىرنىڭ ئېڭىدىكى ئودىپوس تۈگۈنى[1] بولۇشى مۇمكىن . ئاشۇ كۈنى ئاسىيە بىلەن بىللە بولۇپ ئۇنىڭ يېنىدا ياتقاندا ، ئۇنىڭ ئېڭىدا بەلكىم ئۇنىڭ باللىق دەۋرلىرىدىكى ئەڭ ئازابلىق بولغان بىر قېتىملىق جىنسىي تەجرىبە يىرگىنچلىك كۆلەڭگىسىنى تاشلاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇ ئۆزى ئۇنتۇلۇپ كەتتىم ، دەپ ئويلاپ يۈرگەن بىراق ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئۆز پېتى ساقلىنىپ ئۇنىڭ ھاياتىدا مۆلچەرلەپ بولغۇسىز زور رول ئويناۋاتقان ئاشۇ يىراق ئۆتمۈشتىكى ئۇنىڭ باللىق

---

① ئودىپوس — قەدىمكى گرېك دراماتورگى سوفېكلىسنىڭ درامىسى « ئودىپوس پادى-شاھ » دىكى باش قەھرىمان . ئۇ تۇغۇلغاندا دادىسى پېرىخونلارغا پال سالدۇرسا پېرىخونلار ئاشۇ بالىنىڭ دادىسىنى ئاخىر ئۆلتۈرۈپ ، ئاپىسى بىلەن توي قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بې-رىدۇ . پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئوغلىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ . ئۇ ئوغۇلنى قۇللار چۆللۈككە تاشلى-ۋەتسە ، بىر پادىچى تېپىۋېلىپ بېقىپ چوڭ قىلىدۇ . ئۇ چوڭ بولغاندا پادىشاھنىڭ ئۆز دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ، ئاپىسىنى ئەمرىگە ئالىدۇ . بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كۆزىنى ئويۇۋېتىپ چۆللەرگە مەجنۇن بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ . روھىي كېسەللىكلەر ئالىمى سىگموند فرېيۇد ئىنسانلاردىكى ساراڭ بولۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم بىر ئامىل ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئاشۇ ئودىپوس پادىشاھقا ئوخشاش ئىنتىلىش ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي ئازاب دەپ قاراپ ، « ئودىپوس تۈگۈنى » دېگەن پسىخولوگىيە ئا-تالغۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان .

چاغلىرىدىكى بىر قېتىملىق جىنسىي تەجرىبە زادى نېمە بولغىيتتى ؟

ئۇ يىگىتنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويسا ... شۇنداق بولامدىغاندۇ ؟ ... ئاھ بۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق خىيال ... بۇ زادى كىم ؟ ئەجەبا ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىمىدۇ ؟ ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئودىپوس تۈگۈنى ئۇنى بۇگۈنكىدەك مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانمىدۇ ؟ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ بىر يالىڭاچ بەدەننى تەسۋىرلىگەنلىكى ئېنىق ئىدى . بۇ يالىڭاچ تەن ئۇنىڭ ئېڭىدا بۇرمىلانغانىدى . ئۇ كىشىلەرنىڭ كىيىم كىيىشىنى ناھايىتى ئازابلىق بىر ئىشتەك ھېس قىلغان بولۇپ ، ئىنساننىڭ ئەسلى قىياپىتىنىڭ بۇرمىلىنىشىغا بولغان بىر خىل ئۆچمەنلىك ئىپادىلەنگەنىدى .

« يېقىن تۇغقانلىرى بولسا ئۇنى ئېلىپ قېچىپ ، يوشۇرۇپ قويىدۇ ، باغلاپ قويىدۇ ، يارىسىنى تېڭىپ قويىدۇ . » بۇ دېيىلگەن زادى كىم ؟ رەشىدە بۇ ھەقتە كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دائىم كوچىلاردا يالىڭاچ چىقىپ كېتىدىغان بىر ساراڭ ئايال ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى . ساراڭ ئايالنىڭ يالىڭاچ تېنى ۋە ئۇ كۆرۈپ قالغان باشقا يالىڭاچ تەنلەر ئۇنىڭ تېخى يېتىلمىگەن ، بىغۇبار بالىلىق ئېڭىدا دەھشەتلىك ئازاب قالدۇرۇپ ، ئۇنىڭ يۇمران قەلبىنى يارا قىلغان . بۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ساقلىنىپ ئۇنى ئاشۇنداق مەنزىرىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلالماس قىلىپ قويغان .

رەشىدە بۇ ھەقتە تەپەككۇر يۈرگۈزۈۋېتىپ بىر نەرسە يادىغا يەتتى ـ دە ، ۋۇجۇدى قاتتىق شۈركىنىپ كەتتى . تاھىر خاتىرىسىدە ئۆزىنىڭ ئاسىيەدىن كىچىك ئىكەنلىكى ، دائىم ئاسىيەنى « ئاچا » دەپ چاقىرىدىغانلىقى ، ئاسىيەنىڭمۇ ئۇنى « ئۇكام » دەپ ئاتايدىغانلىقىنى يازغانىدى . بۇنى رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىنىڭ ئەڭ باشتىكى قىسىملىرىدىن ئوقۇغانىدى . تۆۋەندىكىسى يەنىلا تاھىرنىڭ خاتىرىسى :

« يارىنى قول بىلەن سىلاپ قويسىلا ئازابى يەڭگىللىمەيدۇ ... ئاھ ! بەكمۇ چۈشىنىكسىز ! مېڭىنى ئاغرىتىدىغان بۇنداق خىيالنى قىلـ

ماسلىق كېرەك ! بۇ خىيال چۇمۇلىدەك كاللا ئىچىدە پاتپاراق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ . بۇنداق خىيالنى قىلىش خەتەرلىك .

قول تاماق يەيدىغان نەرسە . قول تىترىسە بولمايدۇ ... ھەي قول ... قايسى ئادەم ، قايسى ساراڭ قول بىلەن ئاياللارنىڭ يارىسىنى سىدىلىغان ؟ بۇ ئەخمەقلىق .

قول ... ئاھ ! قول يوق بولسا نەقەدەر ياخشى ئىدى ـ ھە ! ... قول ... ئىللىق سۇيۇقلۇق ــ قان ! قانغا چىلانغان قول . ئىپلاس قان ، پاك قول ...

ئاناڭنى ... ماۋۇ ناخشىنىڭ مۇزىكىسى ــ ئۇيقۇدىكى ئايالنىڭ پۇشۇلدىشى . ۋاي ئاناڭنى ، بۇ تازا ھارامدىن بولغان مۇزىكا ئوخشايدۇ .

« ئوت ... » ئاۋۇ كۆز دېگەن گەپمىدۇ . ياق كۆز ئەمەس بولسا كېرەك . كۆزلەردىن ئوت يېنىپ تۇرۇشى مۇمكىنمىدۇ ؟

كاللام قۇيقۇرۇق . كۆيدۇرۇپ تاشلىۋېتىلگەن قەغەزدەك ، كۈلدەك ، ئۇ قەغەزگە نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ . ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ... شۇڭا ئۇنىڭغا نېمە يېزىلغان دەپ ئويلاشنى خالىسام ئۆز ئىختىيارىم ... ئەركىنلىكنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزەلەيدىغان نەرسە ــ يوقلۇق بولسا كېرەك ... ئۇنىڭ يوقالغانلىقى ئېنىق ، بىراق ئۇ يوق ئەمەس ئەسلىدە بار ئىدى .

ئوت يانغان كۆز ... كۆزدىن لاۋۇلداپ ئوت يېنىپ تۇرسا ، راستىنلا شۇنداق بولسا ( بۇ بىر ئوخشىتىش ، شائىرلارنىڭ بىر ۋېنتىسى كەم كاللىلىرى بۇنداق ئوخشىتىشلارنى خالىغانچە ئىشلىتىۋېرىپ ، تەكرارلىنىۋەرگەچكە خۇددى بۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىق ئوخشىتىش تېپىلمايدىغاندەك ھەممە ئادەم بۇنى ئىشلىتىۋېرىدۇ ) ، كۆزلىرىدىن لاۋۇلداپ ئوت يېنىپ تۇرغان بىرئادەم ئاستا يېقىنلاپ كەلسە بۇ ... بۇ ... نەقەدەر قورقۇنچلۇق ، بۇنداق قورقۇنچلۇق سۆزلەرنى ئەڭ دەسلەپ ــ يەنى ئادەملەرگە ناھايىتى يېقىملىق بىلىنىدىغان بولۇپ قېلىشتىن ئاۋۋال ــ قايسى بىر يۈرىكى قاپتەك يوغان ساراڭ ــ تەپەككۇرىنى كېسەللىك ۋە قوتۇر بېسىپ كەتكەن بىر تەلۋە ئىشلەتكەن بولغىيتتى تاڭ ؟! ئوت يېنىپ

تۇرغان كۆز. ئاھ خۇدا ئەنە شۇنداق كۆزگە ئىگە بىرەر ئوبرازنى بەربات بولغان نېرۋىلار توقۇپ چىقارغان جىنىنىڭ ئوبرازىدىن باشقا نەرسە دېگىلى بولمايدۇ.

لەيپىدە قارىغان بۇ بىر جۈپ كۆز ھەرگىزمۇ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆز ئەمەس، ئۇ كۆزلەردىن يانغان ئاجايىپ خۇنۇك ۋە يىرگىنچلىك نۇر يارا ئېغىزىدىن سىزىپ چىقىۋاتقان ئاشۇ خۇنۇك ۋە بىچارە، رەڭگىدىنمۇ زەئىپلىك چىقىپ تۇرغان خۇنۇك نەقەدەر ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئۇنىڭدىكى ئازابلىق لەنەت ـ نەپرەتنى ھېس قىلىشقا قارىغاندا ئوڭايدۇر بەلكىم، كۆزمۇ بىر يارا بولسا كېرەك. بۇ يارا مەڭگۈ ساقايماس يارا بولغاچقا ئاخىر ئەنە شۇنداق كۆز دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداقتا قۇلاقچۇ؟ توغرا بىر جۈپ قۇلاق بىر جۈپ شاخ — تۈۋىدىنلا كېسىپ تاشلانغان، قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئوزۇقلۇق تارقاتقۇچى پورى ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بەرگۈچى ئەمەس بەلكى قەلەندەرگە ئايلىنىپ، ئوزۇقلۇق مەۋجۇت بولمىغان دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن قىلچە ئوزۇقلۇق قىممىتى بولمىغان ئاۋازنى — كۆرگىلى تۇتقىلى بولمايدىغان مەۋھۇم بولغىنىغا قارىماستىن مەۋجۇدىيەتتىن ئۇستۇن ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالغان نەرسىنى تەشنالىق ۋە ئەسەبىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىدىغان تۆشۈكچىگە ئايلانغان، ئۆلۈمنىڭ ئاچچىق زەربىسى تۈپەيلىدىن قاغجىراشتىن باشقا ھېچ نەرسىسى قالمىغان شاخ بولۇپ، كېسىپ تاشلىنىش ئۇنى بىر جۈپ قۇلاققا ئايلاندۇرۇپ قويغان. «ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلەر ...» بۇ سۆز مېنىڭ بەكمۇ ئەرۋايىمنى ئۇچۇردى. كۆزلەردىن ئوت چاقناپ تۇرسا ئۇ نېمىگە ئوخشاپ قالىدۇ؟ كۆزلىرىمۇ ئوت ... چېچىمۇ ئوت ... قورقۇنچلۇق ئالۋاستى. بۇنداق قورقۇنچلۇق كۆزنى خىيال قىلىپ ناخشىغا قاتقان قايسى ساراڭ ئىكەن تاڭ! بۇنداق دەھشەتلىك مەنزىرە ساراڭلارنىڭ چۈشىدىلا بولىدۇ خالاس. ئۇ كۆز نانىنىڭ تېشىۋېتىلگەن ئوتتۇرىسىدىلا بولىدۇ. بۇ نانىنىڭ ئوتتۇرىسىنى يىلان تېشىۋەتكەن. ئۇ زەھەرلىك يىلان — ئەرلەرنىڭ يارىسى — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادىنى ئەقىل مېۋىسىنى يېيىشكە ئۆگەتكەن

يىلان .

ئوتتۇرىسى تۆشۈك نان ئۆزىنىڭ ئەڭ شېرىن ئەڭ مۇقەددەس ئارزۇسى ئۈچۈن تېشىلگەن . تېشىلىشكە رازى بولغان ، ئەسلىدە تېشىلىشنى خالايدىغانلىقى چوقۇم ، بىراق ئۇ يارىسىنى يوشۇرۇپ يۈرگەن . ئېرىشىشنى خالاشقا بولمايدىغان بىراق ئەڭ ئارزۇ قىلغان تۆشۈك .

نانىنىڭ يۈرىكى تېشىۋېتىلگەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈرەكتە ھېچنېمە قالمىغان ، يۈرەكنىڭ ئۆزىمۇ قالمىغان . ئۇنىڭ ئۈچۈن سوقۇپ تۇرغان يۈرەك كېرەك ئەمەس بولۇپ قالغان . ئۇ يۈرەكنى يارا بىلەن تېشىۋەتكەن . مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ۋۇجۇدىغا — ۋۇجۇدىنىڭ يېرىمىغا قايتقان ، پۈتۈنلەشكەن . پۈتۈن بولۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىسىنى يوقاتقان . يۈرىكى تەلپۈنگەن نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تەلپۈنۈشنى پەيدا قىلغان يۈرىكىنى — جىنايەتكار يۈرىكىنى يوقاتقان .

نانىنىڭ يارىسىنى باشقىلارغا جاكارلاش مۇقەددەس يارىغا قىلىنغان ھاقارەت ! ... »

تاھىرنىڭ خاتىرىسى يوشۇرۇن بېشارەت ، دارىتمىلاش ۋە سىمۋوللار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ ، بۇ سىمۋوللار غەلىتە ۋە سىرلىق ئىدى . ئۇ بۇلارغا ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش بەرمىگەنىدى ، چۈنكى ئەينى چاغدا تاھىرنىڭ ئۆزىدىمۇ بۇنى چۈشەندۈرگۈدەك ئىقتىدار قالمىغانىدى ، ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئەقلىيلىكنى يوقاتقان بولۇپ ، ئۇ خاتىرىسىگە ئۆز تەسىراتلىرىنى ۋە ئېڭىدا پەيدا بولغان كۆرۈنۈشلەرنى ئەقلىدىن ئىبارەت بىر يىپقا رەتلىك تاللاپ ، تىزىپ ئاندىن بايان قىلغان بولماستىن ، قەغەز يۈزىگە ئاڭ پائالىيىتىنى ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتتە بىۋاسىتىلا تۆككەنىدى . يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ساپ تەسىرات ۋە ئىنتايىن ساپ تۇيغۇ ئىدى .

رەشىدە نۇرغۇن ئويلاندى . كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان ئۇ كىم ؟ بۇ تاھىردا پەيدا بولغان خىيالىي تۇيغۇ بولسا كېرەك ، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئاشۇ ئەڭ ئاددىي بىر ئوخشىتىش نېمىشقا ئۇنىڭغا شۇنچە

غەلىتە تۇيۇلغان بولغىيتتى؟ بەلكىم بۇلارمۇ ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئەسلىمىسىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ئايالنىڭ كۆزىنى ئەنە شۇنداق تەرىپلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولغىيدى.

رەشىدە ئوقۇپ «ئوتتۇرىسى تۆشۈك نان» توغرىسىدىكى جايلارغا كەلگەندە بىردىنلا يۈرىكى سىيلىپ كەتتى، ئۇ تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىكى ئاشۇ ئىماگلار ۋە سىمۋوللاردىن شەكىللەنگەن مۇرەككەپ سىرلىق قەسىرنىڭ چىقىش ئىشىكىنى بايقىۋالغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبى لەرزىگە كېپكەتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر خىل ئۆرپ ـ ئادەتنى ئەسلەتتى. توي كۈنى توي قىلغان قىز قىز چىقماي قالسا، يىگىت ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇدۇل قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا ئوتتۇرىسى تېشىپ قويۇلغان توقاچ ناندىن بىرنى قويۇپ قوياتتى، بۇ «سىلەر تەربىيىلىگەن بۇ قىزنىڭ ئىپپىتى بۇرۇنلا بۇزۇلغانىكەن» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇراتتى. ئاندىن يىگىت قايتىپ بېرىپ كېلىنچەكنى تالاق قىلىۋېتەتتى. بۇنى رەشىدە كىچىك چاغلىرىدىلا باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدى. بىر قېتىم ئۇ سەھەردىلا ئاپىسىنىڭ غەلىتە ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كېتىپ، قورقۇنچتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدا يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقىپ ئاپىسىنىڭ ئوتتۇرىسى تېشىلگەن بىر تال ناننى تۇتقان ھالدا يەردە ھوشسىز ياتقىنىنى كۆرگەنىدى. ئاشۇ چاغدا ئوتتۇرىسى تېشىۋېتىلگەن نان ئۇنىڭ قەلبىدە بىر دەھشەتلىك شۇملۇقنىڭ بېشارىتى تەرىقىسىدە ساقلىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئۇ ناھايىتى خۇشال ھالدا ئاجايىپ ئاۋات توي مەنزىرىسى ئىچىدە ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈننى ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ ئۆز تەڭتۇشلىرىغا ئۆز ئۆيىدىكى ئاۋاتلىقنى كۆز ـ كۆز قىلغانىدى. بىراق، ئۇ ئوتتۇرىسى تېشىلگەن ناننى كۆرۈپ ھايال ئۆتمەيلا ئاچىسى چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنىدى.

ئۇ تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىن تاھىر بىلەن بىللە بولغان ئاشۇ كۈ-

نى، ئاسىيەنىڭ قىزلىقىنى باشقىلارغا بېرىپ بولغانلا بولماستىن، ئەرلەر
بىلەن بىللە يېتىپ، ئادەتلىنىپ كەتكەن بىر ئايال ئىكەنلىكىنى سېزىپ
يەتتى. تاھىرنىڭ خاتىرىسىدە يېزىلغان نان دەل مانا مۇشۇ-
نىڭدىن بېشارەت بېرەتتى.

ئاشۇ كۈنى سەھەردە تاھىر خىيال سۈرگەن ھالدا ئاسىيەنىڭ يا-
لىڭاچ تېنىنىڭ يېنىدا ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. ئۇ سىرتقا قارىدى، سىرت
بارا - بارا ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پەردىنى تېخىمۇ
ھىم قىلىۋەتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ تاڭ سۈزۈلگەننى كۆرۈش ئازابىغا
چىدىغۇچىلىكى قالمىغاندەكلا ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۈنئالغۇدا ناھايىتى كو-
نىراپ كەتكەن بىر لېنتىنى قويۇپ قويدى. بۇ ئاۋاز ئاسىيەنى ئويغۇتۇ-
ۋەتتى. ئاسىيە بېشىنى كۆتۈرۈپ تاھىرنى سۆيۈشكە تەمشەلگەندىلا تاھىر
ئاندىن ئۇنىڭ ئويغانغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. دېرىزە پەردىسى
ھىم ئېتىپ قويۇلغاندىن كېيىن تاڭ ئاتقىنى زادىلا بىلىنمەي قالدى. ئۆي
ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى.

— مەن پۈتۈنلەي تۈگەشتىم — پىچىرلىدى تاھىر.

ئاسىيە بىر ھازا جىم بولۇپ كەتكەندىن كېيىن سورىدى:

— نېمىشقا؟

— نېمىشقىلىقىنى سەنمۇ بىلىسەن.

— بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس، مەن بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئول-
تۇرۇشنى خالىمايمەن. بىراق، بۇ سەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

— بىرىنچىسى كىم؟

— نېمە بىرىنچىسى؟ — ئاسىيە تاھىرنىڭ نېمىنى نەزەردە تۇ-
تۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ سورىدى.

— تۇنجىسىنى كىمگە بەردىڭ؟

— بۇنىڭ سەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، — ئاسىيە
جاۋاب بېرىشنى رەت قىلدى.

ئۇلار بىر ھازا سۈكۈتكە چۆمۈپ كەتتى. بۇ سۈكۈت تاڭ ئالدى-
دىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن بىرگەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، سەھەر-

دەك ئېغىر ۋە مۇڭلۇق ئىدى.

— بىز توي قىلايلى! — دېدى تاھىر بىردىنلا.

ئاسىيە ھەيرانلىق بىلەن تاھىرنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان گەۋدىسىگە تىكىلدى. بىر ھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن تاھىر ئۇنى ئاڭلىماي قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغاندەك گېپىنى قايتا تەكرارلىدى:

— بىز توي قىلايلى، مەن توي قىلمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن دەسلەپتە مۇھەببەت ئازابىدىن بەكمۇ لەززەت ھېس قىلغانىدىم، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭ ئازابىغا چىدىيالماي قالدىم. بەلكىم توي قىلسام ئۇنى بۇنداق تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرۈشتىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلارمەن.

— سېنىڭ پۈتكۈل خىيالىڭ پەردىدە، ھەر بىر ھەرىكىتىڭ پەردە ئۈچۈن، ھەتتاكى مەن بىلەن توي قىلىشىڭمۇ پەردە ئۈچۈن، شۇنداقمۇ؟

تاھىر ئۈن چىقماستىن ئاسىيەنىڭ گەۋدىسىگە ئۇزاقتىن ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى.

— مەن سەن بىلەن توي قىلىشنى خالىمايمەن.

ئاسىيەنىڭ سۆزى تاھىرنى چۆچۈتىۋەتتى.

— نېمىشقا؟!

— مەن سېنى بۇرۇنلا ياخشى كۆرەتتىم. بىراق، سەن زادىلا ھېس قىلمىدىڭ. قىزلار بەكمۇ ئاجىز، سىلەر ئەرلەرغۇ خالىغانچە تەلەپ قويالايسىلەر، قوغلىيالايسىلەر، بىراق بىزچۇ؟ بىز پەقەتلا كۈتىمىز... كۈتىمىز... ئۇزاقتىن ئۇزاق كۈتۈشلەر... بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى ھېسسىيات مەڭگۈ سىر پېتى ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن! مەن بۈگۈن بۇ سىرىمنى ساڭا ئاشكارىلىدىم. ماڭا شۇ يېتەرلىك، مەن سېنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن سەن بىلەن توي قىلىشنى خالىمايمەن!

تاھىر ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ تورۇسقا تىكىلدى. ئاسىيە نازۇك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى.

— سەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەت .
— بۇ مۇمكىن ئەمەس .
— ئۇنىڭغا قىزلىقىڭنى بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈنمۇ ؟
— ياق ، ئۇ بىرىنچىسى ئەمەس . تاھىر بىلەمسەن ، مەن بۇ يىل 27 ياشقا كىرىپ كەتتىم . بۇ چاغدا قىزلارنىڭ ھەر بىر كۈنىنىڭ قانچىلىك تەستە ئۆتىدىغانلىقىنى سەن چۈشىنەلمەيسەن .
— باشقىلارغا كۆڭلۈڭنى بېرىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا مەن بىلەن ياتىسەن ؟
— مەن بايا ئۆزۈمنىڭ سېنى بۇرۇندىنلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىمغۇ ، مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىدىم ؟ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا ! مەن ئاشۇ ئېرىشمەكچى بولغانلىرىمغا ئېرىشسەملا بولمىدىمۇ ؟ توي قىلىشتىن مەقسەتمۇ شۇغۇ .
تاھىر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك قىمىرلاپمۇ قويماي ياتاتتى . ئۇنىڭ پېشانىلىرىدىن تەر قۇيۇلدى . ئۇ بوش ئاۋازدا ئېيتتى :
— مەندە غەلىتە بىر خىل سېزىم بار . بۇ غەلىتە بىر خىل جىنايى تۇيغۇ ، مەن باياتىن سەن بىلەن بىللە بولۇشقا ئۆزۈمنى قاتتىق زورلىدىم . بۇ ھەرگىزمۇ بىردەملىك ھاياجاننى باسالماي قىلىپ قىلغان ئىش ئەمەس ، مەندە باشتىنلا ھېچقانداق ھاياجان يوق ئىدى ... پەقەتلا بىر خىل جىددىيلىشىش ۋە جىنايى تۇيغۇ ، شۇنداقتىمۇ مەن ئۆزۈمنى سەن بىلەن بىللە بولۇشقا زورلىغانىدىم .
ئاسىيە پەقەتلا :
— بولدى كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ! — دەپ قويدى ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر نەرسە دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ پاراڭنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈنلا شۇنداقلا دەپ قويغانىدى ، بىراق بۇ سۆز تاھىرغا بەكمۇ ئەستايىدىل تۇيۇلۇپ كەتتى . تاھىر ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى :
— مەن بىلىمەن ... ئۇ بىر ئالۋاستى ... ئۇ ئىبلىسنىڭ ئۆزگەرگەن گەۋدىسى ... ئۇ مېنى تامامەن ئىگىلەپ بولغان ئوخشايدۇ ... ئۇ قان ئىچەر ئالۋاستى ئايال ! مەن ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلسام بولاتتى ! مەن بۇ

دۇنيادا ئادەمدەك ، بىر ئەركىشىدەك ياشىشىم كېرەك ئىدى ...

تاھىر خاتىرىسىدە بۇ ئىشلارنى يازمىغانىدى . ھەممىدىن بەكرەك رەشىدەنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى ، ئۇ خاتىرىسىدە ئادەمنى دەرەخ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرۇپ يازغانىدى . دەرەختە قالغان پالتا ئىزى بەلكىم ئۇ دېگەن ھېلىقى يارىغا ئوخشىسا كېرەك :

« ئادەم ئەسلىدە دەرەخ بولۇپ ، كېسىپ تاشلانغان ، ھەممە يېرى يارا بىلەن تولغان ، يارىسىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى قالمىغان ، ئۆز يارىسىنى تولىمۇ كۆيۈنۈپ ، ئاسراپ ، ئەتىۋارلاش نەتىجىسىدە ئاخىر ئۆزىمۇ يارىغا ، قەھرىمانلارچە سەلتەنەت ھېس قىلىپ ، باتۇرلۇق ۋە ئىختىيارسىزلىق ئىلكىدە ئۆزىنى تەقدىم قىلىپ ، ئۆزىمۇ يارىغا ئايلىنىپ كەتكەن .

ھەي ! ... خىياللار نېمىشقا قانچە بىمەنە ۋە ئازابلىق بولسا ئادەمنى ئۆزىگە شۇنچە مەپتۇن قىلىدىغاندۇ ؟ ئاھ ! يېقىملىق ۋە لەرزان مۇزىكا ، سىم ـ سىم يامغۇر ، جاننى ياشارتىدىغان ، ئادەمنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قوينىدا ناتىۋان قىلىپ كۆرسىتىپ ، يۈرەكنى پاك ۋە يېنىك ھالغا كەلتۈرۈپ ، نەمخۇش بولۇپ ، سىم ـ سىم يامغۇرنىڭ تاتلىققىنا سانچىلىشلىرىنىڭ پەيزىنى سۇرگۈزۈپ ، خۇددى روھ تەندىن ئاجراپ چىقىپ تەننىڭ ، ھەر بىر ئەزانىڭ ــــ يارىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلغاندەك غېرىب ۋە مەسۇم قىياپەتتە لەيلىتىپ قويىدىغان يامغۇرنى ئەسلىتىپ ، زوكام دەستىدىن ئېغىرلاشقان مېڭىنى سەگۈ تېزەكلەر قاتار ۋە چەكسىز كەڭلىكتە ئۆسكەن ئورمانلىققا ئېلىپ كېتىۋاتقان مۇزىكا . شۇ قەدەر يېنىك قەدەملەر نەم توپىنىڭ ئۈستىدە ئەتراپنى چۆمكەپ تۇرغان ساپسېرىق غازاڭلارنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ۋە توپىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ، ئاددىي ـ ساددا ھەم مەنىسىزلىكى بىلەن يېقىملىق تۇيۇلىدىغان نەملىكنىڭ پۇرىقى ئارىسىدا يىراقلارغا قاراپ كېتىۋاتماقتا . ئاھ ! تاتلىققىنا كەلگەن غېرىبلىق ۋە مەسۇملۇق تۇيغۇسى ! ئورمانلىق ئىچىگە قاراپ چەكسىز سوزۇلۇپ كەتكەن يول !

مۇزىكا ــــ ئاۋازغا ئايلانغان روھ ! تىرناقلىرىغا قىپقىزىل لاك

سۇرتۇلگەن نازۇك ۋە چىرايلىق بىر جۈپ قولدىن روھ سىم ـ سىم ياما-
غۇرغا ئوخشاش لەرزان ھالدا پىئانىنونىڭ تىللىرى ئۈستىگە چۈشۈپ
ئاندىن مۇڭلۇق ۋە يېنىك ئاۋازغا ئايلىنىپ كەتمەكتە . مۇزىكا ئاۋازى يەنە
بىر روھ ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ ، خىياللارنىڭ چەكسىز قوينىدا كۆز
يەتكۈسىز خىلۋەت ۋە گۈزەل ئورمانغا ، سىم ـ سىم يامغۇرغا ، خام خى-
يالدەك ياكى چۈشتەك يېپىلىپ ياتقان قارىداشقا باشلىغان يوپۇرماقلارغا
ئايلانماقتا . بۇ مەنزىرە تۈيۈقسىز ئۇرغان شامالدا چايقىلىپ كەتكەن
كۆلچەكتىكى سۇدا ئەكس ئېتىۋاتقان مەنزىرىدەك قاتتىق بىر
چايقالدى ـ دە ، شامال ئۈنى بىرلا سۇزۇپ ئاندىن ئۈزۈپ ئېلىپ كەتتى .
ۋاي ئاناڭنى ، خېلى ياخشى مۇزىكا ئىكەندۇق . لېنتىنى ئۈنئالغۇ چايند-
ۋەتتى ـ دە . داۋالغۇپ تۇرغان تىپتىنچ ئورمانلىق سۈكۈت ۋە غېرىبلىققا
چۆمگەن يىراقلارغا سوزۇلۇپ كىرىپ غايىب بولغان يول ـــ ھەممىسى
كۆز ئالدىمدىن توزۇپ يوقالدى . ئاسماندا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قاتار
سەگۈ تېرەكنىڭ غولىدىكى جاراھەت ئېغىزى قارىغان ھامانلا كىشىگە ئا-
ياللارنىڭ يارىسىنى ، ھىملىشىپ ، پۈتىشى مەڭگۈ مۇمكىن بولمىغان يا-
رىدىن شەكىللەنگەن گۆشلۈك بىر جۈپ لەۋلەرنى ئەسلىتىدۇ . ئاھ ! بۇ
يارا ئەجەپمۇ پەيدا بولۇپ قالغانىكەن ـ ھە ! ئەنە ئاشۇ يارىدىن سانسىز-
لىغان ئادەملەر ، پۈتۈن ئىنسانىيەت بارلىققا كەلگەن ، ئىككى يارىنىڭ بىر
ـ بىرىگە تەسەللى بېرىپ ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز ئارا بىر گەۋدىگە
ئايلىنىپ ، بىر بىرىنىڭ دەردىگە ئۆز دەردىگە دەرمان بولغاندەك ياكى ئا-
رىلىقتىكى دەردنىڭ كىمگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالالمىغۇدەك دەرىجىدە
دەرمان بولۇشى پۈتۈن ئىنسانلارنى ۋە دۇنيانىڭ ھازىرقى ھالىتىنى بار-
لىققا كەلتۈرگەن . دۇنيا بىر تال ناھايىتى چىرايلىق ، خۇشپۇراق ۋە تەم-
لىك ئالما ئىدى ، ئەنە شۇ دەردمەنلىكنىڭ ۋە دەردلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن
قۇرتلاپ كەتتى . قۇرتلىغاندىمۇ شۇ قەدەر غالجىرلىق بىلەن قۇرتلىدىكى ،
ئاخىرىدا ئالما تۈگەپ كېتىپ پەقەت ئالما شەكلىدىكى بىر توپ قۇرتلار
توپىغا ئايلىنىپ كەتتى . ھازىر قېپقالغىنى دۇنيا ئەمەس پەقەت بىر توپ
قۇرت توپى ـــ دەردمەن ۋە سەرگەردان قۇرت توپى ...

ئاشۇ كۈنى رەشىدەنى تاھىرنىڭ خاتىرىسى ناھايىتىمۇ گاڭگىرى-
تىۋەتتى . ئۇ تاھىرنىڭ شۇ قەدەر ئابستراكت رەسىملىرى ئالدىدىمۇ
بۇنداق گاڭگىراپ قالمىغانىدى . خاتىرىنىڭ يوقىرىقى بۆلىكىنىڭ تاھىر-
نىڭ ئاشۇ كۈندىكى كەچۈرمىشلىرى بىلەن نېمە ئالاقىسى بارلىقىنى رە-
شىدە زادىلا چۈشىنەلمىدى .

ئاشۇ كۈنى ئاسىيەنىڭ سۆزلىرى تاھىرغا زادىلا ئازاب ئېلىپ كې-
لەلمىدى ، ئاسىيە بولسا ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى . ئۇ
تاڭنىڭ ئاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ دېرىزە پەردىسىنى قايرىۋەتمەكچى بو-
لۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا بېرىۋېدى ، تاھىر ۋارقىراپ :

— ئاسىيە پەردىنى ئاچما ! — دېدى .

— تاڭ ئېتىپتۇ .

— مەن قاراڭغۇلۇقنى ياقتۇرىمەن . پەقەت قاراڭغۇلۇقلا مېنىڭ
دىلىمغا ئارام بېرەلەيدۇ .

— نېمىشقا ؟

— مەن ئۆزۈمنىڭ رەسۋالاشقان چىرايىمنى باشقىلارغا كۆرسى-
تىشنى خالىمايمەن .

. . . . . . . . . . . . . .

رەشىدە ئاشۇ ئىشلاردىن بىر نەچچە كۈن كېيىنلا پەردەنىڭ يې-
نىغا بارغانىدى ، ئۇ پەردەنى ناھايىتى كەيپىياتى تۆۋەن ھالدا كۆردى .
ئۇ پەردەنىڭ بۇنچىۋالا غەمكىن ھالىتىنى بىر قېتىملا ، يەنى تاھىر ئۆ-
زىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇپ بالنىتسىدا جىددىي قۇتقۇلدۇرۇلۇۋاتقاندا
كۆرگەنىدى . ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى غەمكىنلىك كۆرۈشۈش بىلەن تەڭلا
خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلدەك رەشىدەگىمۇ يۇققاندەك بولۇپ تۇيۇلغانى-
دى . رەشىدەنىڭمۇ ناھايىتى كۆڭلى غەش بولۇپ كەتتى . ئۇ ئاخىر
بۇنداق كۆڭۈل غەشلىكىگە چىدىيالماي پەردەدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى
سورىدى .

پەردە ئاشۇ كۈنى ئويلىمىغان يەردىن بىر پارچە خەت تاپشۇ-

رۇۋالدى . ئۇ خەت تولىمۇ ئاددىيلا بىر خەت ئىدى . گويا ئىنسانىيەت
ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈدەك مەزگىللىرىدە توقۇپ چىققان ئەپسانىلىرىگە ئوخ-
شاش كىشىنى ھەيران قالدۇرالايتتى . ئۇ خەتنى ئادەتتە ھېكايە ياكى رو-
مانلارنى ئوقۇپ ئادەتلەنگەن تولىمۇ ئاددىي ۋە جانسىز ھېسسىيات ئىچىدە
ئوقۇپ چىققانىدى . خەتنى ئوقۇپ بولۇپ نېمشقىدۇر بىردىنلا بۇ خەت-
نىڭ ھېكايە ياكى ئەپسانە ئەمەس ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالدى ــ دە ، بىر-
دىنلا يامان چۆش كۆرۈپ ئەقلىنى يوقىتىپ قويغاندەك گاراڭلا بولۇپ
قالدى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ياكى چۆش ياكى رېئاللىق ئەمەس غەلىتە بىر
دۇنيادىن كەلگەن قاتتىق ۋە خۇنۇك سېزىم گويا كىشىنى ساراڭ قىلى-
ۋېتىدىغان كېسەللىك تۇيغۇسىدەك مەھكەم ئورىۋالغانىدى . ئادەمنى
دۈتلەشتۈرىدىغان قانداقتۇر بىر سېزىم ۋۇجۇدىدا ھەدەپ يامراۋاتاتتى .
ئادەتتە ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن دائىم دېگۈدەك
نۇرغۇنلىغان خەتلەر كېلىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تېخنىكىلار
توغرىسىدا مەسلىھەت سورىغان خەتلەر بولۇپ ، شەخسىي خەتلەر ئاسا-
سەن يوق ئىدى . ئۇ دائىم خەت تاپشۇرۇۋېلىپ كۆنۈپ قالغاچقا ، ھېچ-
قانداق بىر خەت ئۇنى ھەيران قالدۇرالمايتتى . شۇڭا ، ئۇ باشتا بۇ خەتكە
ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەنىدى .
« پەرىدە ، مەن ئۆلۈۋالماقچى بولۇۋاتىمەن ! »
خەتنىڭ دەھشەتلىكلىكى شۇ يەردىكى ، ئۇ بۇنداق قورقۇنچلۇق
سۆزنى خەتنىڭ ئاخىرىدىراق ، يەنى ئۇنى ئاستا ــ ئاستا كۆندۈرۈۋالغان-
دىن كېيىن تۇيدۇرماي ئېيتاي دېمەستىن ، خەتنىڭ بېشىدىلا بىردىنلا
ئېيتقانىدى . پەرىدە ئوقنىڭ بەدىنىگە تۇيۇقسىز ئەمەس ، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ
كېلىپ تېگىدىغانلىقىدىن ئاستا ــ ئاستا بېشارەت بېرىپ قويۇپ ، ئۇ قې-
چىشقا ئىلاجسىز قالغاندىلا ، « ئۇھ ! » دەپ ماجالىدىن كەتكەندىلا تې-
گىشىنى خالايتتى . بىراق ، خەت ئەنە شۇنداق باشلانغانىدى . خەتنىڭ
شۇنداق باشلانغانلىقى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىت ئىدى . ئۇ دەر-
ھال خەتنىڭ ئاخىرقى بېتىگە قارىدى ، خەت تاھىردىن كەلگەنىدى .
ئۆلۈم توغرىسىدىكى سۆزلەرنىڭ بۇ قەدەر توغرىدىن توغرىلا ، قىپيالىڭاچ

هالدا بىۋاسىتە ئىپتىلىشى پەردەنى نىمە ئۈچۈندۇر دەپسەندە قىلىنغاندەك
ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدى . ئۇنىڭغا ئۆلۈمنى بىۋاسىتە ئىپتىزدىن چەـ
قىرىش نورمال ئەھۋال بولۇپ تۇيۇلمايتتى . چۈنكى ، كىشىلەر دائىم ئۆلۈم
تـوغرىسىدىكى سۆزلەرنى خۇددى جىنس توغرىسىدىكى سۆزلەرگە ئوخـ
شـاشلا ياپتا سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ ئادەتلەنگەنىدى . چۈنكى ، ئۇلار
كـىشلەر بىۋاسىتە تىلغا ئېلىشتىن ئەيمىنىدىغان مۇقەددەس نەرسىلەر
ئىدى . پەقەت بىنورمال ئادەملەرلا بۇ سۆزلەرنى توغرىدىن توغرا ئىپتىزـ
دىـن چىقىرالايتتى . چۈنكى ، ئۇلار ئۆلۈم ۋە جىنسقا يېتىپ بارىدىغان
يوللاردىكى بارلىق توسالغۇلاردىن ئازاد بولۇپ ، ئۆلۈمگە ۋە جىنسىيەتكە
باشقا ھەممە ئادەملەرگە قارىغاندا يېقىن ئىدى .
« پەقەت ئۆلۈم ۋە جىنسىيەتكە ئەڭ يېقىن ئادەملەرلا بۇ توغرىدا
توغرىدىن توغرا ئىپتىز ئېچىشقا ھوقۇقلۇق » دەپ تاھىر خاتىرىسىگە ناـ
ھايىتى ئېنىق يازغانىدى . تاھىرنىڭ خاتىرىسىنىڭ قايسىدۇر بىر يېرىدىن
شۇنداق جۈملىنى ئوقۇغانلىقى رەشىدەنىڭ ئېنىق ئېسىدە .
تـاھىر ئۇزۇن مەزگىل ئۆز ۋۇجۇدى بىلەن قاتتىق ئېلىشتى .
بـىراق ، ئاخىر يېڭىلدى . بۇ قېتىمقى يېڭىلىش ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر
ھالاكەت گىردابىغا ئىتتەردى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەسەبىيلىك ئۇنىڭ
تـۇنجى قېتىم ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن چاغلىرىدىنمۇ بەكرەك قۇـ
تـىراپ ، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئىدارە قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ
قويىدى : شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرقى قېتىم پەردەگە ئاشۇ خەتنى يازغاـ
نىدى .

يىراقتىن پايانسىز دېڭىزدەك دولقۇنلاپ كېلىۋاتقان بىر سىرلىق
بېشارەتنىڭ سوغۇق ساداسىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ قېچىپ
كەتمەكچى بولغاندەك ، قاچاندىن باشلاپ تېپىرلاشقا باشلىغانلىقىم ماڭا
قـاراڭـغۇ ... بىراق ۋۇجۇدۇم ئۇيۇشۇپ مەندىن ئاجراپ كەتكەندەك
قىلاتتى ، قاتتىق قارا باسقاندەك مىدىرلىيالمايتتىم .
ئاھ ! ... بۇ ... سا ... دا ...

مەن ئۆلۈۋالىمەن ! چوقۇم ئۆلۈۋالىمەن ...

مېنىڭ دۇنيادا بار ياكى يوق بولۇشۇم پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەر بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز !

پەرىدە ، بىلەمسىز ، سىز پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتىڭىز ، مەن قايسى كۈنى سىزنى كۆرگەندە مەن بۇرۇن شۇ قەدەر ئاشىق بولغان ، گۈزەل پەرىدەنىڭ مەڭگۈ يوقالغانلىقىنى ھېس قىلدىم . سىز ھازىرمۇ ناھايىتى گۈزەل ، بىراق سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز بۇرۇنقى گۈزەللىكىڭىز بىلەن زادىلا ئوخشىمايدۇ . بۇرۇن سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز ھەقىقىي ، چىن ۋە ساددا گۈزەللىك ئىدى . سىز ماڭا ۋۇجۇدىدا قان ئۇرغۇپ تۇرغان ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن مەڭگۈلۈك ئاياللىق جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ، بىر تىرىك ۋە گۈزەل جان بولۇپ تۇيۇلاتتىڭىز . ھازىر بولسىڭىز باي ، قېتىۋالغان بىر ئېسىلزادە ئايال . سىزنىڭ يۈزلىرىڭىز سۇپسۇزۇك بولۇپ كېتىپتۇ . بەلكىم ھۆسن تۈزەش قىلدۇرغانسىز ، مېنى ھەممىدىن بەكرەك ئازابلىغىنى شۇ بولدىكى ، سىزنىڭ قېشىڭىزنىڭ سول تەرىپىدىكى ھېلىقى كىچىككىنە ئىز يەنى ئويمان بولۇپ قالغان جاي ھازىر يوقاپ كېتىپتۇ . بۇرۇن مەن ئاشۇ يەرگە قاراپلا ئاندىن سىزنى بىر تىرىك ئايال سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلالايتتىم . سىزنى مۇشۇ دۇنيادا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا خۇددى باشقا سانسىزلىغان ئاياللارغا ئوخشاشلا تىرىك ياشاۋاتقان ، يېقىنلاشقىلى بولىدىغان بىر مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە ئويلىيالايتتىم . سىزنىڭ تۇتقىلى ، سەزگىلى بولىدىغان ئايال ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلالايتتىم . ئەمدى بولسا مېنى ئاشۇنداق ھېسسىياتقا ئىگە قىلغان نەرسىلەر سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن تامامەن يوقىلىپ كېتىپتۇ . پۈزۈر ياسىنىشىڭىز . بويىۋالغان چاچلىرىڭىز سىزنى مەندىن بەكمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى . سىز مەن بىلەن بىر دۇنيادا ، بىر شەھەردە ، كۆز ئالدىمدا باشقا سانسىزلىغان ئاياللارغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ تۇرسىڭىزمۇ بىراق ماڭا خۇددى يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان ، تۇتقىلى بولمايدىغان بىر خىيالىي جىسىمدەك ، خۇددى مەۋجۇت بولمىغان خىيالىي تۇيغۇم توقۇپ چىقارغان خام ـ خىيالدەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدىڭىز . سىزدىكى قورقۇنچلۇق ئاشۇ چېكىدىن ئاش-

قان گۈزەللىك سىزنى مېنىڭ نەزىرىمدە بىر تىرىك ئايال ئەمەس بەلكى بىر ئېزىتقۇ جىسمىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى . سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز رېئاللىقتىن بەكمۇ ھالقىپ كەتتى . شۇڭا ، مەن ئۆلۈۋالماقچى .

مەن سىزنى قولىدا يانفوننى تۇتقان ھالدا ، ئالىي دەرىجىلىك قاپقارا ھەشەمەتلىك پىكاپتىن نازۇك پۇتلىرىڭىزنى سوزۇپ ئاستا چۈشۈۋاتقان ھالدا كۆرگەن ۋاقتىمدا خۇددى تۇيۇقسىز ئوق يېگەندەك ئورنۇمدا تۇرۇپ قالدىم . ئەرلەر سىزگە ھەمراھ ئىدى ، سىز بىرنەچچە ئەر بىلەن قىزغىن پاراڭلاشقان ھالدا رېستورانغا كىرىپ كەتتىڭىز . ئاشۇ ئەرلەر سىزگە ھەدەپ خۇشامەت قىلاتتى . سىزنىڭ گۈزەل ۋۇجۇدىڭىز شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق دەرىجىدە گۈزەللىكتە مۇكەممەللىشىپ كەتكەن ئىدىكى ، مەن ھەتتا مۇشۇ دۇنيادىكى ماڭا ئوخشاش تىرىك جان بولغان بارلىق ئەرلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ سىزگە يېقىنلىشالىشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالماي قالدىم . بىراق ، ئاشۇ بىر نەچچە ئەر سىز بىلەن يېقىن كېتىپ باراتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ مېنىڭ نەزىرىمدە يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان ، بۇ رېئاللىققا خاس بولمىغان خىيالىي ئېزىتقۇ جىسىم بولۇپ تۇيۇلدى . شۇ چاغدا ۋۇجۇدۇم ئۇيۇشۇپ كەتكەن ھالدا مەن سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىن قاراپ ھەيكەلدەك قاتقىنىمچە تۇرۇپتىمەن . ئاشۇ چاغدا غەلىتە خىياللار زىددىيەتلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئازابىدا قىينالماقتىدىم . بۇ خىياللار بارلىق نېرۋىلىرىمنى ئۆزىنىڭ سۈرلۈك نۇرلىرى بىلەن چىرماپ جىسمىمنى تېخىمۇ قاتتىق قاتۇرماقتىدى .

مەن ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن .

مەن تۈنۈگۈن تولىمۇ سۆيۈملۈك بولغان بىر خوش خەۋەرنى ئاڭلىدىم ... بۇ خەۋەر ئۈمىدسىزلىنىشكىمۇ ھالى يوق ... ئۈمىد پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ ، كۆيۈپ كۈل بولۇپ بولغان ، يەنى تامامەن بەربات بولۇپ بولغان يۈرىكىمگە ئۈمىد ۋە ئىلھام ئاتا قىلدى ... مەن قاتتىق قورقۇپ كەتتىم . مەن بۇرۇن ئۆزۈمنىڭ بۇنداق مۇقەددەس ۋە نۇرلۇق بولغان قورقۇنچلۇق ئۈمىدنى بايقىۋالمىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ ، ئازاب بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىم ئۈچۈن قاتتىق ئېچىندىم ... مەن ... مەن ... ئۆزۈمنى

پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىپتىمەن ... ئۆزۈمنى گويا يات بىر كىشىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن ... شۇڭا ئۆزۈم ماڭا شۇ قەدەر يات ۋە ناتونۇش بولۇپ كېتىپتۇكى ، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش پۈتۈنلەي ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن چاتىقىم بولماپتۇ . بۇ ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىپتۇكى ، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا ھەممىدىن قۇتۇلۇش ... ھەممىدىن خالىي بولۇشنىمۇ ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك قىلىمەن ...

مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈمگە بارا ـ بارا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىمنى دائىم ھېس قىلىپ تۇرماقتىمەن . ئۆلۈمگە يېقىنلىشىش سىزگە يېقىنلىشىشقا قارىغاندا ئاسان ، ئۆلۈمگە يېقىنلىشىش بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئادەمگە يېقىنلىشىشتىن ئاسان . چۈنكى ئۆلۈم ئەمدى مەن ئۈچۈن زادىلا سىرلىق ئەمەس ! ... »

« ھەي ! بۇ خەتنى ئوقۇمىغان بولسام بوپتىكەن . ئاھ ! ئۇ بىر پارچە توقۇپ چىقىرىلغان ھېكايە ، ھېچبولمىغاندا رېئال دۇنيادا مەۋجۇت بولۇشى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان تارىخىي بىر شەخسنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان تەرجىمىھالى بولسا ئىدى ... بۇنداق غەلىتە ۋە رەھىمسىز ھېسسىياتقا چۆمۈلمەس بولغىيدىم » دەپ ئويلىدى پەرىدە ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان شەك ـ شۈبھىسىز رېئاللىق ئىدى . بىۋاستە ھالدا ئۇنىڭغا ـــ ئۇنىڭ يۈرىكىگە قارىتىپ يېزىلغان خەت ئىدى . خەتتىكى ھەر بىر جۈملە ئۇنى ئەندىكتۈرىۋەتتى . پەرىدە تاھىرنىڭ خېتىنى دەسلەپتە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىپلا تامامەن چۈشەنگەنىدى . ئەمدى بولسا ئۇ توغرىدا قايتا ـ قايتا ئويلاپ خەتنى تەھلىل قىلغانسېرى چۈشىنەلمەي قېلىۋاتاتتى ، خەتتىكى سۆزلەر قىزىتمىسى ئۆرلەپ جۆيۈلۈۋاتقان ئادەمنىڭ سۆزلىرىدەكلا تۇيۇلاتتى . خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خەتنى تۇتقان قولى خۇددى ئوق تېگىپ يىقىلغان ئۆلۈك ئادەمدەك شىرە ئۈستىگە ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن پاققىدە چۈشتى . ئۇ بۇ خەت توغرىسىدا قايتا ـ قايتىلاپ ئويلايتتى . ئۇ بىر نەچچە يىل ئاۋۋال ئاڭلىغاندەك كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى . تاھىر راستتىنلا

يەنە ئۆلۈۋالارمۇ ؟!

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىن ئاشۇ خەتنى يازغان چاغلارغا ئايان بايانلارنى ئوقۇدى . بۇ يەر تاھىرنىڭ خاتىرىسىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۆلۈۋېلىش خىيالىغا ئوخشاپ كېتەتتى . ئۇ چاغدا تاھىر بىر نورمال ، ئەڭ بولمىغاندا بىرقەدەر نورمال ئادەم ئىدى . ئەجەبا ئاشۇ چاغدا يازغىنى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چاغلاردا تامامەن بەربات بولغان چاغلىرىدا يازغىنى بىلەن ئوخشاش ئىكەنا ! رەشىدە بۇنىڭغا ھاڭ ـ تاڭ قالدى . بەلكىم ئۆلۈم توغرىسىدىكى خىيال ھەر قانداق چاغدا ئوخشاش بولسا كېرەك ! تاھىر خاتىرىسىگە مۇنداق يازغانىدى :

« يول بويىدا ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن . ھەر بىرقەدىمىم ئۆلۈمگە قاراپ تاشلانغان قەدەم . بۇنىڭدىن باشقا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . بۇ يولدا قاچانغىچە مېڭىشىمنى ئۇقمايمەن ، بىراق چوقۇم ئۆلۈۋالىمەن !

ئۆلۈۋالىمەن ... ئۆلىمەن ... بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا نېمە پەرق بار بولسۇن .

ئۆلۈۋېلىش ھايات تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىق ئەمەس ، بەلكى ھاياتنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتۇر . مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ غايىسى كۆپىنچە غەلىبە قىلغۇچىنىڭكىدىن ئۇلۇغ ۋە يۈكسەكرەك بولۇشى مۇمكىن . شۇڭا ، مەن بىر نەچچە قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدىم . بىراق ، بۇ قېتىم غەلىبە قىلالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن . ھەممە ئادەم مەڭگۈلۈكنى قوغلىشىدۇ ، چەكسىزلىكنى ئىزدەيدۇ ، بىراق ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدۇ . مەن ئۇنى بايقىۋالدىم . پەقەت ئۆلۈملا مەڭگۈلۈككە ئىگە ، پەقەت ئۆلۈم ئارقىلىقلا چەكسىزلىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ .

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قۇياشنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا تىكىلدىم . ئۇ ئەمدى ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى . »

« مەن چوقۇم ئۆلۈۋالىمەن ! »

تاھىر خېتىنى ئەنە شۇنداق داۋاملاشتۇرغانىدى .

« پەردە ، سىز ھېلىقى كۈنى ھېلىقى ئەرلەرگە يەنىلا ئاشۇ بۇلاقتەك كۆزلىرىڭىز بىلەن ، كىشىنى قاغجىرىتىدىغان كۈلكىلىرىڭىز بىلەن كۈلدىڭىز ، بىراق بۇ كۈلكىلىرىڭىز مەن سىز بىلەن ئەڭ دەسلەپتە ئالىي مەكتەپتە ئۇچراشقان چاغدىكى كىشىنى قاغجىرىتىدىغان كۈلكىگە ئوخشىمايتتى . مەن كۈلكىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم .

مەن خېلى بۇرۇنلا ئۆز خىيالىمنى رېئاللىق ئورنىغا دەسسىتىۋالغانىدىم . چۈنكى ، مېنىڭ رېئاللىقىم بىر قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشايتتى . ئۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلىك ، ئازابتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيتتىم . مېنىڭ تېنىم كۈچلۈك ھەۋەس ئوتىدا پۇچىلىنىپ رېئاللىقنىڭ چۆلىدە بىر ئاجىز ئۆسۈملۈكتەك قاغجىراپ ، ھالاكەتكە يۈزلەنگەنىدى . ئۇنى رېئاللىقتا قاندۇرۇش مۇمكىن بولمىغاچقا ، مەن چۈشۈمدە خىياللىرىمدىن پايدىلىنىشقىلا مەجبۇر بولغانىدىم ...

ھېچ كىشىگە ئېيتمىغان ئەڭ يىرگىنچلىك سۆزلىرىمنى ، سىرلىرىمنى سىزگە ئاشكارىلاپ قويىدىغان بولدۇم . لېكىن ، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن خىجىل بولمايمەن . چۈنكى ، مەن شۇ تاپتا ئۆلۈم ئالدىدا تۇرۇپتىمەن . ئۆلگەندىن كېيىن مەن تامامەن باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىمەن . ئۇ ئىشلارنى ئۆزۈمنىڭ قىلغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەيمەن . شۇڭا ، خىجىل بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟! شۇڭا گېپىمنى سىزگە ئۇدۇللا ئېيتىۋېرەي ... مەن ئۆز ئۆزۈمنى رازى قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغانىدىم . بىراق ، كېيىن مېنى سىزنىڭ ۋەسلىڭىزگە قاندۇرىدىغان ئاشۇ ئۇسۇلۇمنىڭ قانچىلىك دەرىجىدىكى بىچارىلىك ۋە پاجىئە ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتتىم . مەن دەسلىپىدە ئۆزۈمنى زور ئىشەنچ بىلەن ئالدىيالايتتىم . بىراق ، ئاخىر مېنىڭ بەدىنىم خىيالىم ئارقىلىق رېئاللىقنى ئۆزگەرتىۋېلىشىمغا ئالدانمايدىغان بولۇپ قالدى . شۇڭا ، ئەمدى مەن بۇنداق بىچارە تەسەللى بىلەن ئۆزۈمنى ھەسرەتلىك لەززەتكە چۆمۈلدۈرۈپ يۈرمەيمەن . چۈنكى ، ھەقىقىي لەززەتكە ئېرىشىشىمگە تامامەن ئۈمىد بار . شۇڭا مەن چوقۇم ئۆلۈۋالىمەن ! ... مەن ئاشۇ نىيەتكە كېلىپ ئۆزۈمگە

ئاللىقاچان قەسەم قىلدىم ...
مەن ھەممىنى ئاڭلاۋاتىمەن . يىراقتىن بىر دولقۇن گويا قاباھەت-
لىك چۈشكە ئوخشاش مېنىڭ سەزگۈلىرىمگە قاراپ يېقىنلاپ كەلمەكتە .
ئۆلۈم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك تەنلىرىم جۇغۇلدىماقتا ... شۇر-
كەنمەكتە ... تىترىمەكتە ... بۇ نەقەدەر سىرلىق ۋە زۇلمەت رەڭلىك ھا-
ياجان ــ ھە !
بىر سادا ... بىر سادا ... ئاھ ، رەھىمسىز سوغۇق سادا ... بۇ ...
سادا ... ئۆ ... لۈم ... »

يۇقىرىقىلار تاھىرنىڭ خېتىدىكى سۆزلەر ... سىرلىق ۋە دەھشەت-
لىك ! گوياكى قاتىلنىڭ چۈشىدەك . خەت مۇنداق داۋاملاشقانىدى :
« شۇ تاپ ئۆلۈۋېلىش ئالدىدا سىزگە خەت يېزىۋاتىمەن . سۇر-
لۇك ۋاقىت زەھەرلىك يىلاندەك ۋىژىلداپ سوزۇلۇپ ئۆتمەكتە . سوغۇق
جىسمى بىلەن يۇرىكىمگە سۇركەلمەكتە . بۇ ئۆلۈم ئالدىدىكى ۋاقىت ...
مەن شۇ تاپ سىزگە خەت يېزىۋېتىپ نېمە ئۈچۈندۇر ئويلىمىغان
يەردىن ئالدىمدىكى ئەينەككە قاراپ خىيال سۇرۇپ تۇرۇپ قالدىم . ئەي-
نەكتىن ئۆزۈمنىڭ يوغان ـ يوغان بىر جۈپ كۆزۈمنى كۆرۈپ تەنلىرىم
شۇركىنىپ كەتتى . بۇ كۆزلەر ماڭا ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغاندەكلا كۆ-
رۈنۈپ كەتتى . بۇ كۆزلەر مېنىڭ روھىمدىكى بەربات بولۇشنىڭ دەستى-
دىن ئۆزگىرىپ شۇنداق قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى . بۇ كۆز ... زادى ...
كىمنىڭ كۆزى ؟ ... بىلمەيمەن . بۇ تولىمۇ ناتونۇش كۆز . ئەگەر مەن
قاراپ تۇرغان ئاشۇ ئەينەكتە كۆرۈنگەن كۆز مېنىڭ بولسا ئىدى ، ئۇ-
نىڭدىن چىققان نۇر شۇ قەدەر ھەسرەتلىك بولاتتىكى ، ئاشۇ ئەينەكمۇ
ئاشۇ نۇر تەسىرىدىن مۇزلاپ كۆكىرىپ ، ئازاب بىلەن پاراسلاپ يېرىلىپ
كەتكەن بولار ئىدى . بۇ بىر جۈپ كۆز بولسا مېنىڭ ئالدىمدا ... ئاھ ،
جىمجىت ئۆلۈك نۇر ... بۇ نۇر جىسمىمغا سىڭىپ كىرىپ قاتتىق ئۈمىد-
سىزلىكنى تومۇرلىرىمدا ئاقتۇرۇپ ... سۆڭەكلىرىمدىن تارتىپ ئۈمىد-
سىزلەندۈرمەكتە .

خۇنۇك ، بۇرۇقتۇرما ، ئازابلىق ۋە سوغۇق چىراي . بۇ چىراي مەن تۇغۇلۇشۇم بىلەن تەڭلا مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمغا قەھرىتان قىشتەك ياكى قىشتىكى كۆزنى ئاچقىلى قويمايدىغان يىرگىنچلىك بوراندەك ئاجرالماس بولۇپ چاپلىشىۋالغان . ئۇ ئۆلۈم كەبى كەسكىن ۋە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماس پالاكەت بولۇپ ... بۇرۇن بۇنى قىلچىمۇ ھېس قىلمىغانىكەنمەن . كېيىن ھېس قىلىپ يەتكەندە بىچارىلىك ، ئىلاجسىزلىق مېنى تولۇقتۇرغۇدەك ... بۇ تۈگىمەس بەختسىزلىك ئىدى . پەقەت ھازىرلا بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپتىم . بۇ شۇ قەدەر تۇيۇقسىز بولدىكى ، مەن بۇ توغرىدىكى خوش خەۋەرنى ئاڭلاپ قورققىنىمدىن خۇدۇمنى يوقىتىپ قويدۇم . قورقۇنچلۇق ئۈمىدنىڭ مۇزدەك سوغۇق قىزغىنلىقى مېنىڭ بالىلىقتىكى سەبىي ئىستەكلىرىمنى بىردىنلا ئويغىتىپ مېنى چۆچۈتىۋەتتى .

مەن كىچىك چاغلىرىمدا چۈشنىڭ قانداق ھادىسە ئىكەنلىكى توغرىسىدا بەكمۇ كۆپ خىيال قىلاتتىم ... ھەر كېچە مېنىڭ روھىم ۋۇجۇدۇمنى مۇزدەك يوتقانغا تاشلاپ قويۇپ ، ئۇنىڭ رەھىمسىز چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان ھالدا دۇنيادا بىر كېچە باشقىچە بىر تۇرمۇش كەچۈرەتتى ... مەن بۇنى ھەرگىزمۇ بىر قۇرۇق خىيالنىڭ شېرىن ئاقىۋىتى دەپ ئويلىماستىن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تېنىنى تاشلاپ قويۇپ ، باشقا جايلاردا سەيلە قىلسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم . ئېيتقىنا ! بۇ راستتىنلا بالىلارچە ساددا خىيالمۇ ياكى قەدىمكى زامان ئەپسانىلىرىدەك سىرلىق بېشارەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان ، ئىدراكتىن ھالقىغان تالانتمۇ ؟!

ئويلىسام چوڭ بولغانسېرى دۆتلىشىپ ، ياۋۇزلىشىپ كېتىپتىمەن . ماڭا رېئاللىق ئاتا قىلغان بۇ رەھىمسىز ياۋۇزلۇق مېنى ئۆزۈمگە نىجاتلىق يولى ئىزدىمەيدىغان قىلىپ قويغانىكەن . مانا بۇ مېنىڭ ياۋۇزلۇقۇم . پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا قاراپ چىقساق ئەنە شۇلارنى ھېس قىلماي قالمايمىز . ئاھ ! قايتقىلى بولمايدىغان بالىلىق دەۋر ! ... ھە راست ! ساڭا چۈش توغرىسىدا سۆزلەۋاتاتتىم ـ ھە ! ھېلىقى خوش خەۋەر ئاشۇ سىرلىق ، يالقۇنلۇق خوش خەۋەر ئەنە شۇ چۈشكە ئوخ-

شايدۇ . مەن شۇنىڭ بىلەن چۆرۈپ تاشلىۋېتىلگەن بىچارە ئۆزۈمنى قو-
لۇمغا ئالدىم .

ئاھ ! سۆيۈملۈك ئۆلۈم !

بۇ قىيتىملىق ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى مېنىڭ روھىم ئۈس-
تىدىن ئەڭ ئاخىرقى دۈشمەنلىكنى قىلماقتا .

ھېلىقى خوش خەۋەر ، بۇ قېتىملىق زۇلمەتلىك ھاياتىمنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى ۋە تۇنجى خوش خەۋىرى — قەلبىمنى تىترىتىۋاتقان ، ئېغىر ۋە
ئوتلۇق ... ئۆلۈم ... ساداسى ... »

رەشىدە تاھىرنىڭ خاتىرىسىدىن ئۇنىڭ پەرىدەگە خەت يازغان
چاغدىكى خىياللىرى يېزىلغان جايلارنى ئوقۇۋاتاتتى . تاھىر خاتىرىسىگە
مۇنداق يازغانىدى :

« مەن بۇ قېتىم چوقۇم ئۆلۈۋالىمەن . ئۆلۈش بىلەن ئۆلۈۋېلىش-
نىڭ نېمە پەرقى بار ؟ ھەممىسى بەرىبىر ! ئادەملەرنىڭ دۇنيادىن ئېلىۋا-
لىدىغىنى ئوزۇقلۇق بولغىنى بىلەن قالدۇرۇپ كېتىدىغىنى پەقەتلا ئەخ-
لەت دۆۋىسى بىلەن پوق .

ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنتۇلۇش ئەڭ ئاسان بولغان ، بىراق ئىنسانلار-
نىڭ ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتىدە قىلچە بوشلۇق قالدۇرماستىن ئۆزىنى
كۆرسىتىدىغان ۋەھىمە . كىشىلەر ئاخىر ھامان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ،
شۇڭا بۇ توغرىدا غەم قىلىسمۇ ، غەم قىلمىسىمۇ بەرىبىر ئىكەنلىكىنى
بىلگەچكە ، خۇددى دۇنيادا ئۆلۈم مەۋجۇت ئەمەستەك ، ئۆلۈم بىلەن ئۆ-
زىنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ . ئۆلۈم دېگەننى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ . ئۇنى ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ . ئۆلۈم
توغرىسىدا ئويلانماسلىق ئەمەلىيەتتە ئۆلۈم تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان-
لىقتۇر .

مەن ھازىر ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم ... ھازىر پەقەتلا خىيا-
لىمنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىپ ، قىزغىنلىقىمنىڭ سۇسلىشىپ ، ئۆزۈمنى
ئۆلتۈرۈۋالالماي قېلىشتىن ... مۇنۇ سىرلىق ھاياتنىڭ رەھىمسىز رىشتىگە

باغلىنىپ قېلىپ ، رەھىمسىز قولىدىن قۇتۇلالماي قېلىشىمدىن ئەنسىرەۋاتىمەن ...

بۇلارنى ئەپسانە دەپ ئويلاپ قالماڭ ! ئىنسانلار قۇتۇلۇش ئەڭ تەس بولغان پالاكەتكە ئۇچرىغاندىلا ئاشۇ سىرلىق ئەپسانىلەر قوينىدىن نىجادلىق ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدۇ ... دۇنيا ئەسلىدىلا ئەپسانىلەردىن قۇرۇلغان ... مۇنۇ ئۆي ... ئاۋۇ دەل ـ دەرەخ ، ئاۋۇ ئۆتۈپ كېتىشىۋاتقان ... ساراڭلاردەك قاتراپ يۈرۈشكەن ئادەملەرنىڭمۇ ھەممىسى ئەپسانە ... تاملار ... دەرەخ غوللىرى ... بەدەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەپسانىلاردىن تۈزۈلگەن .

ئۆلۈشمۇ بىر ئەپسانە ... لېكىن مەن ئىشىنىمەنكى ، مەن تەۋەككۈل قىلىپ قەدەم باسقان ئەپسانە بارلىق ئەپسانىلارنىڭ تامامەن ئەكسىدۇر . »

تاھىر خېتىدە يەنە مۇنداق يازغانىدى :

« پەرىدە ، مەن تۈنۈگۈن ناھايىتى سۆيۈملۈك بىر خوش خەۋەرنى ئاڭلىدىم . مەن كوچىلارنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ بىر پالچى موماينى كۆردۈم ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ پال ئاچقۇزدۇم . ئۇ ماڭا ئاخىرقى كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بەردى . شۇنىڭ بىلەن مەن ھەممە نەرسىدىن قۇتۇلغاندەك ، ئازادلىققا چىقىپ قالغاندەك بولدۇم .

مەن سىزنى دائىملا بايۋەچچە ئەرلەر بىلەن بىللە قاۋاقخانىلاردا ، رېستورانلاردا بىللە يۈرگەن ھالدا كۆرىمەن . سىز ئۆز گۈزەللىكىڭىزنى دۇنيادىكى ھەممە ئەرلەردىن ئايىمايسىز ! ۋۇجۇدىڭىزدىكى گۈزەللىكنىڭ چەكسىزلىكىگە ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قاندۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنسىڭىز كېرەك . سىز گۈزەللىكىڭىزنى پۈتۈن دۇنيادا پەقەت مەندىنلا ئايايسىز . چۈنكى ، مەن سىزنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئادەم . باشقىلار بولسا سىزنى ئېرىشىپ بولۇپلا تاشلىۋېتىدۇ . سىز دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئۇلۇغ جالاپ .

گويا بىرەر نەرسىنى كۆرۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىممۇ ياكى كۆزۈم ئۆزى ئېتىلىپ قالدىمۇ ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ...

ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدىم . پۈتۈن دۇنيانى قاپقارا بىر دولقۇن قاپلىغان .

ئاھ ! ... بىر ... سادا ... يىراق بىر روھىي دۇنيادىن شىددەت بىلەن مېنىڭ روھىمغا قاراپ يېپىلىپ كەلمەكتە ... مەن ئۇ سادانىڭ نەقەدەر زۇلمەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق پارقىراپ تۇرغان قاپقارا جىسمىدىن كۆرىۋاتىمەن ... بۇ سەگەكلىكىمنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى .

دولقۇننىڭ دەھشەتلىك ساداسى بوغۇق بىر چۇشكە ئوخشاش يېيىلىپ كەتكەن ئوتاندەك قوپال ۋە قاتتىق قوللىرى بىلەن مېنىڭ روھىمغا نېمىدۇر بىر نەرسىلەرنى سىزماقتا ... ياق ... بەلكىم يېزىۋاتىدۇ ...

بۇ ... بۇ ... سا ... دا ... — ئۆ ... لۈم ... سا ... دا ... سى ! »

پەرىدە خەتنى ئوقۇپ بولۇپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى ، قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ خەتنى ئۆلۈم توغرىسىدىكى بىر خەت ئەمەس بەلكى بىر رەھىمسىزلىك بىلەن قىلىنغان چاقچاق دەپ ئۆزىنى ئىشەندۈرەلمىدى . تاھىر خېتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى :

« پەرىدە ، مەن سىزنىڭ ئادەمنى سەۋرسىزلىك بىلەن ئاچكۆزلەشتۈرىدىغان ئاپپاق ، سۇپسۇزۇك تېرىلىرىڭىزنىڭ كەينىدە باشقا كىشىلەرنىڭكىدەك گۆش ۋە قان بولماستىن ، قانداقتۇر ئادەمنى قانماس تەشنالىققا گىرىپتار قىلىدىغان سىرلىق تىلسىماتلىق بىر نەرسە باردەك بىر تۇيغۇ مېنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋاتاتتى . سىز بىر ئېزىتقۇ ، بىر مەۋھۇملۇق ئىدىڭىز ... مەن تۈنۈگۈن پالچى ئايالدىن مۇشۇ توغرىدىكى بېشارەتنى ئاڭلىدىم . ئۇ سىزنىڭ يەنى بىر ئېزىتقۇنىڭ مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى پال بىلەن ئوخشاش ئىدى . پالچى مۇماي ماڭا مەن كۈتكەن ئاشۇ ۋاقىتنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى . بۇ ئاخىرقى ۋاقىتلار ئىدى . ئىبلىس سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا ئۆزىنى زاھىر قىلماقتا ، مەن ئۆزۈم خالىغان ھالدا ئاشۇ ئىبلىسقا قاراپ يۈزلەنمەكتىمەن . بىز بىر گەۋدە بولۇپ كېتىمىز ، سىز مېنى قۇربانلىق قىلىسىز !

ئۆلۈم دېگەننىڭ ھەممىسى كونا ، ئۆلۈش ئۇسۇللىرىنىڭمۇ يېڭى-

سىنى تاپماق تەس، بىراق مېنىڭ ئۆلۈمۈم يەنىلا يېڭى بولىدۇ، چۈنكى مېنىڭ روھىم پۈتۈن دۇنيادىكى ھېچ كىشىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان خاسلىقتا ئىگە، شۇڭا ھېچ كىشى مەندەك يېڭىچە ئۆلۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ.

مەن ئۆز - ئۆزۈمگە خىتاب قىلىمەن:

ئۆلۈۋېلىش بولسىمۇ ئۆز ئىلكىڭدە بولسۇن، رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ ئاستا - ئاستا قىرىتىپ ئۆلتۈرۈشىنى كۈتمە! سەن ئۆزۈڭلا ئۆلۈۋال، تەبىئەتنى، رىئاللىقنى مەسخىرە قىل، ئۇنىڭغا بويسۇنمايدىغانلىقىڭنى كۆرسىتىپ قوي! ساڭا ئۆزۈڭ خالاپ بۇ دۇنياغا تۇغۇلماستىن، باشقىلارنىڭ سېنى مەجبۇرىي تۇغۇپ قويغىنىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

تۇغۇلۇشنىڭ ئۆزىلا بىر خاتالىق، بىراق بۇ مېنىڭ خاتالىقىم ئەمەس، تۇغۇلمىغان بولسام بەلكىم ئەڭ بەختلىك بولار ئىدىم، سۆيۈش ئازابلىق ۋە قىيىن بولغان قۇياشنى، ئاقىرىپ تۇرغان تاتىراڭغۇ زېمىننى بىلمەيتتىم. مەن مەۋجۇت بولمىسام مەن ئۈچۈن پۈتۈن كائىنات قۇپقۇرۇق بوشلۇق بولاتتى.

مېنىڭ بارلىق جىنايىتىمگە سەۋەبچى بولغان سىزنىڭ شۇ قەدەر گۈزەل بولۇشىڭىز ۋە ھەرقانچە قىلىپمۇ سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشەلمەسلىكىم، بۇ دۇنيادا سىزدەك گۈزەل ئاياللارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى زادى كىمنىڭ سەۋەنلىكى، مېنىڭ سەۋەنلىكىممۇ؟! مېنىڭ ئاياللارنىڭ گۈزەل چېھرىنى، سىرلىق كۆزلىرىنى، تولغان كۆكسىنى ۋە ساغرىلىرىنى كۆرىدىغان كۆزلىرىمنىڭ بولۇشى، ئۇلارنىڭ رەھىمسىز كۈلكىلىرىنى ۋە لىۋەن ئاۋازلىرىنى ئاڭلايدىغان قۇلىقىمنىڭ، ئۇلارغا چەكسىز ھەۋەس بىلەن تەلپۈنىدىغان قەلب ۋە شېرىن خىياللار بىلەن تولغان تەپەككۇرۇمنىڭ، ئۇلارنى سۆيۈش ئىستىكىدە كۆيۈپ يانىدىغان لەۋلىرىمنىڭ بار بولۇشى ھەممىسى مېنىڭ سەۋەنلىكىممۇ؟! بۇ زادى كىمنىڭ سەۋەنلىكى؟!

مەن نۇرغۇن ئويلىنىشلار ئارقىلىق ئاخىر ئۆلۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى تاپتىم، بۇ بولسىمۇ سىزنىڭ قولىڭىزدا ئۆلۈش، مېنى سىز ئۆلتۈرۈشىڭىز كېرەك، مەن پەقەتلا سىزنىڭ قولىڭىزدا ئۆلۈشنى خالاي-

مەن .

ناھايىتى ئېنىق يادىمدا، تۇنجى قېتىم ئۆلۈۋالماقچى بولغان چېغىمدا بەزىلەر مېنى ئەيىبلەشكەنىدى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بىر قىز ئۈچۈن ئۆلۈۋېلىشتىنمۇ ئەھمىيەتسىز ئىش يوق ئىكەن. بىراق، مەن باشقا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلارنىمۇ كۆپلەپ سۈرۈشتۈرۈپ چىقتىم. باشقىلار تېخىمۇ ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن ئۆلۈۋالىدىكەن، بەزىلەر كىچىككىنە پۇلنى دەپ ئۆلۈۋالىدىكەن، بەزىلەر بىراۋدىن يامان گەپ ئاڭلىسا ئۆلۈۋالىدىكەن، بەزىلەر سودىدا زىيان تارتىپ كېتىپ ئۆلۈۋالىدىكەن، ئەجەبا ئۇلارنىڭ ئۆلۈۋېلىشى ئەھمىيەتلىكمىكەن؟ مەن ئاخىرى بايقىۋالدىمكى، ئۆلۈۋېلىش كىشىلەردە كەم بولسا بولمايدىغان ئېھتىياج ئىكەن. خۇددى كىشىلەر باشقىلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئېھتىياجلىق بولغاندەك. ئەھمىيەتلىك ياكى ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى بىز ئۆلۈمنىڭ سەۋەبىدىن ئىزدىمەسلىكىمىز لازىم، چۈنكى پەقەت ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئۆزىلا ئەھمىيەتلىك ... مەن سىزنىڭ قولىڭىزدا ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىمەن، مەن ئاشۇ كۈننى كۈتىمەن ... »

تاھىر خېتىدە ئەنە شۇلارنى يازغانىدى. پەرىدە شىرە ئۈستىدىكى خەتكە تىكىلگىنىچە ئازابلىق خىياللارغا پاتقان ھالدا ئولتۇراتتى. ئادەمنى دۆتلەشتۈرىدىغان قانداقتۇر بىر ھېسسىيات ئۇنى قاتتىق گاڭگىراتقانىدى. بەلكىم چۈش كۆرۈۋاتقاندىمەن ... ياق چۈش كۆرۈۋاتقان بولسام ئالدىمدىكى مەنزىرىلەر نېمە ئۈچۈن قالايمىقان ... سۈس ... لوگىكا ۋە ئەقىلنىڭ ئىدارە قىلىشىدىن قۇتۇلغان ھالدا قالايمىقان كۆرۈنمەيدۇ؟ ... مەن نېمىشقا ئۇنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيمەن؟ دەپ ئويلايتتى پەرىدە، بەلكىم بۇ چۈشتۇر، بەلكىم چۈش كۆرگەن ئادەم ئەنە شۇنداق چۈشنى كۆرۈشنى خالىغانىكەن، ئالدىدىكى مەنزىرىلەر ھەرقانچە نورمالسىز بولسىمۇ ... چۈشكۈچىگە ئاشۇ نورمالسىز ھېسسىيات قەلبىنى ئوراپ تۇرغان بولغاچقا، دەل شۇ چاغدا چۈشى ئۆزىگە رېئاللىقتەك رەتلىك ۋە ئوچۇق تۇيۇلىدىغاندۇ ... لېكىن ئادەم ئۆزى خالىمايدىغان چۈش-

نىمۇ كۆرەمدىغاندۇ ؟ پەرىدە شۇلارنى خىيال قىلىپ ئالدىدىكى شىرەگە قارىدى ، خەت يەنىلا بىر خىل ھالەتتە ئۇنىڭ ئالدىدا — شىرە ئۈستىدە ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە تاشلىنىپ تۇراتتى .

تاھىر بۇ ئىشلارنى خاتىرىسىگە يازمىغانىدى . بەلكىم ئۇ يېزىشنى خالىمىغاندۇر .

بىركۈنى ئەركىن پەرىدەنى ئىزدەپ ئۇدۇل پەرىدەنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى . شۇ چاغدا پەرىدە ناھايىتى بىچارىلەرچە ھالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . ئەركىن ئۇنىڭ ئىشخانا ئىچىدىمۇ قارا كۆزەينەك تاقىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . پەرىدە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەشكە تىرىشاتتى ، بىراق زادىلا قاملاشتۇرالمىدى .

— پەرىدە سىزگە نېمە بولدى ؟ — سورىدى ئەركىن ۋە پەرىدەنىڭ كۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆك چۈشۈپ قالغان جايىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىۋىدى ، پەرىدە يۈزىنى ئېلىپ قېچىپ باشقا ياققا بۇرىۋالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى . ئەركىن ئۇنىڭ مۈرىسىنىڭ توختاۋسىز تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى . ئەركىن كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ ئۇنى ئۆزى تەرەپكە قارىتىشقا ئۇرۇنۇۋىدى ، پەرىدە بىردىنلا ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى . ئەركىن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى . پەرىدە بىر ھازا قېنىپ يىغلىۋالغاندىن كېيىن كۆز ئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ ئەركىنگە قارىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى تاياق دەستىدىن ئىششىپ كەتكەنىدى . بۇ يارا پەرىدەنى ئەركىنگە ناھايىتى يېقىملىق قىلىپ كۆرسەتتى . ئۇ شۇ تۇرقىدا كىچىككىنە مەسۇم قىزلارغا ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ ئېسىلزادە ئاياللارغا خاس قاتقان ، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق گۈزەللىكى ساددا ۋە يېقىملىق گۈزەللىككە ئۆزگىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى . ئەمدى ئۇ قېتىۋالغان ئېسىلزادە باي خېنىمغا ئوخشىماي قالغانىدى . ئەركىننىڭ ئېڭىدا ۋاقىت گويا ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىكى ئاشۇ دەۋرلەرگە قايتىپ بارغاندەك ، ۋاقىت قايتىلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

ئۇ ئىگىزدا بىر نەچچە يىل بۇرۇنقى ۋاقىت بىلەن بۇگۇنكى ئاشۇ دەقىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغانىدى . ئۇ پەرىدەنىڭ ياش بىلەن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ بىردىنلا ئۇنىڭ لەۋلىرىگە لەۋلىرىنى ئېلىپ باردى . پەرىدە بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ چۆچۈپ ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى ـ دە ، تېزلىك بىلەن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى .

ئەتراپىنى سۇس تۇمان باسقانىدى . پەرىدە چوڭ يولدا يۇگۇرگەندەك تېز ماڭدى . ئەركىن ئۇنىڭغا قاراپ سۆيۈش ئۇچۇن لەۋلىرىنى سوزغاندا ئۇنىڭ يۈرىكى قارتىندە قىلىپ كەتكەنىدى ، قاتتىق جىددىيلىشىشتىن تا هازىرغىچە خۇددى تۇنجى رەت سۆيۈشكەن چاغدىكىدەك ۋۇجۇدى تىترىمەكتىدى . ئۇنىڭ قەدىمى يۇگۇرگەندەك تېز ئىدى ، گويا ئاشۇ قورقۇنچلۇق تەلپۈنۈشنىڭ ئۆزىگە سوزۇلۇۋاتقان مۇدھىش قولىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئۇرۇنىۋاتقاندەك قىلاتتى . تۇمان ئىچىدە ئۇنىڭ گەۋدىسى خۇددى سايىدەك كوچىلارغا سىڭىپ كىرمەكتىدى . سۇس تۇمان بىنالار ئارىلىرىدا لەيلەپ تۇراتتى . ئۇيۇق كېچىچە ئۇخلىماي چىققان ئادەمنىڭ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىدەك قىزارغان بولۇپ ، قۇياش گويا ئۇنىڭ ياش لىغىرلاپ تۇرغان قارچۇقىدەك زەئىپ هالدا قاراپ تۇراتتى .

بىراق پەرىدە شۇنىڭ بىلەنلا قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى . بەلكىم تەقدىرنىڭ ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈۋەتكىنى شۇنداق بولسا كېرەك .

خۇدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جىنسىي پەرق بار ئىككى بۆلەككە بۆلدى ، بۇنىڭ بىرى ئەر ، يەنە بىر ئايال جىنسلىق هەۋا بولۇپ ئەسلىدە ئۇنىڭ بىر قىسمى ئىدى . بۇ ئەسلىدىكى ئىككى جىنسلىق ئادەم ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ، مۇھەببەت ئۇلارنى قايتا بىر گەۋدە بولۇشقا تەشنا قىلىدۇ . بۇ خىل تەشنالىق بارلىق جىنسىي لەززەتنىڭ بۇلىقى ، جىنسىي لەززەت بولسا بارلىق جىنايەتنىڭ باشلىنىشى . قەدىمكى يەھۇدىي پەيلاسوپى فىبىرو جىنسىي هاياجاننىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق توختىلىپ شۇنداق دېگەنىدى . ئادەم تەگرىنىڭ بۇنداق يارىتىشىدىن قانداقمۇ قۇتۇلالىسۇن ؟! پەرىدە تەگرىنىڭ ئۆزىنى جىنايەت يولىغا ماڭدۇرغان قى-

لىپ يارىتىپ قويۇشى بىلەن ناھايىتى قارشىلاشتى. بىراق، ئۇ ئۆزىنى ھاياسىز ھالدا ئەركىنىنىڭ قۇچىقىدا ياتقان ھالەتتە كۆرگەندە بولسا، ئۆزىنىڭ تامامەن يېڭىلگانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئاشۇ كۈنى ئەركىن يەنە ئەھۋال سوراپ پەرىدەنىڭ ئىشخانىسىغا ئىزدەپ كىرگەنىدى. پەرىدە بولغان ئىشلارنى ئەركىنگە سۆزلەپ بەردى.

كامىل ئۈنى قاتتىق ئۇرغانىدى.

— ھەممىسى ئۆزۈمدىن كەتتى، — دېدى پەرىدە، — كامىلدىمۇ ئانچە ئەيىب يوق، ھەممە ئەيىب ئۆزۈمدە، راست ئەمەسمۇ، ئۇ مەن بىلەن توي قىلىپ نېمىگە ئېرىشتى؟ مەن ئۆزۈمنىڭ ئاياللىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم. دائىم ئۆز ئىشلىرىم بىلەن ئالدىراش يۈردۈم، ئۇ مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ لېكىن ئۇنى يەنىلا قوبۇل قىلالمايدۇ. تۇرمۇش ئەنە شۇنداق، ھەر بىر ئادەم باشقىلارنى ئۆزى ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا تىرىشىدۇ، پەقەت باشقىلارنى قۇربان قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلەيدۇ. سىز بۇ رېئاللىقتا ئىكەنسىز، سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىز ھامان باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ، بىز پەقەت بۇ توقۇنۇشلارنى كاۋاپىمۇ كۆيمەيدىغان، زىقمۇ كۆيمەيدىغان قىلىپ ئۆز ئارا كېلىشتۈرەلىگەندىلا ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالايمىز، ياكى گۈزەل تۇرمۇش يارىتالايمىز، لېكىن مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. مەن ھامان ئۆزۈم ئۈچۈن باشقىلارنى قۇربان قىلدىم. چۈنكى، مېنىڭ ئالدىمدىكى توقۇنۇش كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان توقۇنۇش بولۇپ تۇيۇلدى. مەن ياكى مۇھەببەت ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن كېچىشىم كېرەك، ياكى كەسىپ ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن كېچىشىم كېرەك، ياكى تۇرمۇش ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشىم كېرەك، مەن ئۇلاردىن بىرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلىرىنى قۇربان قىلمىسا بولمايدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلدىم، بىراق باشقىلارمۇ مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. مەن مانا مۇشۇلار ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈردۈم.

— ھەممە ئادەم شۇنداق ، — دېدى ئەركىن ، — ھەر بىر ئادەم ئۆز غايىلىرى بىلەن رېئاللىق ئارىسىدا جان تالىشىدۇ .

— مەن كامىلنى كۆپ جەھەتتە رەنجىتىپ قويدۇم ، شۇڭا ئۇنىڭ مېنى ئۇرۇشى بەلكىم ھەقلىقتۇر .

پەرىدە ئەركىنگە كامىل بىلەن بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى . ئاشۇ كۈنى پەرىدە ئىشخانىدا قاتتىق ئالدىراش ئىدى . شىركەتنىڭ ھېسابلاتىدا چاتاق چىققاچقا ھېسابات تەكشۈرۈۋاتاتتى . ئاشۇ كۈنكى ھېسابات تەكشۈرۈش شىركەت ئۈچۈن ھالقىلىق بىر ئىش ئىدى . بىراق ، قېرىشقاندەك كامىل ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى پەرىدەنى چاقىرىپ كېلىشكە تۆت قېتىم ئەۋەتتى ، بىراق پەرىدە زادىلا ئىشخانىسىدىن ئايرىلالمىدى . ئۇ كەچتە ئىشنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە كامىل قاپاقلىرىدىن بوران ئۇچۇرۇپ ساپادا ئولتۇراتتى ، ئۇ پەرىدەنى كۆرۈش بىلەنلا چالۋاقاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— سېنىڭ نەزەرىڭدە بۇ ئۆي بارمۇ ، يوق ؟ سەن مېنى زادى نېمە كۆرىۋاتىسەن ؟!

— سىزگە نېمە بولدى ؟ — دېدى پەرىدە سوغۇققانلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ .

— سەن ئىشخانىدا زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ؟

— شىركەتنىڭ ئىشلىرى بولمامدۇ .

— شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى قىلماي ، باشقا بىر ئىش قىلىۋاتىدۇ دەۋاتقىنىم يوق ، شۇ شىركەتنىڭ ئىشلىرى قانداق ئىشلار دەيمەن ؟

كامىل ھەر قېتىم ئەنە شۇنداق ئۇنىڭدىن ھەربىر ئىشنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى .

— ۋاي - ۋۇي بولدى چېچىلماڭ ، نېمانچە چېچىلىپ كېتىسىز . مەن ھېرىپ - ئېچىپ ئاران كەلگەندە سىزنىڭ چېچىلىشلىرىڭىزنى كۆتەرگۈچىلىكىم يوق ، ئىشلىرىم بەك جىق ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ بەرسەممۇ سىز چۈشەنمەيسىز ، ھەممىسى كەسپىي ئىشلار ، ئۇنى سىزگە چۈشەندۈرىمەن دېسەم بىر نەچچە يىل شۇ توغرى-

سىدا سىزگە دەرس ئۆتسەم بولىدۇ .

بۇ سۆز كامىلنىڭ ئويلىمىغان يەردىن يېغىرىغا تېگىپ كەتتى .

— ۋۇ ئاناڭنى ، سەن مېنى ساۋاتسىز دېمەكچىمۇ ؟!

كامىل پەرىدەنىڭ ئالدىغا ئۇرىدىغاندەك دىۋەيلەپ كەلدى . پەرىدە كامىلغا قاراپ هاڭ ـ تاڭ قالدى ، كامىل ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي يات بىر كىشىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇ ئۇنىڭ قىياپىتىگە هەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى ، بۇرۇن ئۇ ئۇنى ئۆزىگە تونۇش بىر ئەر هېسابلايتتى ، بۈگۈن ئۇنىڭ چىرايى پەرىدە ئەزەلدىنلا كۆرۈپ باقمىغان بىر قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى . ئۇ ئالدىدا ئۆزىگە غەزەپ بىلەن دىۋەيلەپ تۇرغان ئەرنىڭ كۈندە ئۆزى بىلەن بىللە ياتىدىغان هېلىقى ئەر ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەي قالدى . ئۇ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ سۆزلەيتتى . سۆزلىگەندە بويۇنلىرى قىزىرىپ ئىنچىكىلەپ ، ئۈزىراپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . يۈزلىرى قورۇلۇپ ، تىترەپ تۇرغان كالپۇكلىرى ئالدىغا بۆرىنىڭ تۇمشۇقىدەك ئۇچلىنىپ چىقاتتى . چۈجىنىڭ بېشىدەك بېشى تېخىمۇ كىچىكلەپ قاتتىق تۈرۈلگەن مۇشتقا ئوخشاپ قالاتتى ... ئۇ كىم ؟ پەرىدە زادىلا تونىيالماي قالدى .

— هە ، بۇزۇق ، نېمە مېنىڭ ساۋاتسىزلىقىم بىلەن قالدىڭ ، ئەممىنى سەنلا بىلىسەن . هەممە ئىشنى سەنلا چۈشىنىسەن ، سەن دېگەن ئالىم ، بىراق شۇ يادىڭدا بولسۇنكى ، سەن ئاسمانغا چىقىپ كەتسەڭمۇ يەنىلا مېنىڭ ئاستىمدا ياتىسەن !

پەرىدە بىر هازا هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن :

— هەجەپمۇ تويۇپ كەتتىم ، — دەپ غۇدۇراپ قويۇپ سومكىسىنى بىر بۇلۇڭغا چۆرىۋېتىپ ساپادا ئولتۇردى .

— نېمە سەن تېخى تويۇپ كەتتىم دېدىڭمۇ ؟ مەن تويۇپ كەتمەي ، ئۆزۈڭ خالىغاننى قىلىپ كېچىلەپ ئۆيگە كىرمەي كوچىلاردا جالاپ خوتۇندەك يۈرۈپ ، يەنە سەن بۇ تۇرمۇشتىن تويۇپ كېتىپ بارامسەن ؟!

— كامىل ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلىڭ ! كىم جالاپ-

كەن ؟ جالاپ دېگەن قانداق بولىدۇ ، بىلەمسىز ؟
— ئۆيگە كىرمەي كوچىدا يۈرگەن ئايالنى جالاپ دېمەي نېمە دەيمىز ؟
— ئۆيگە كىرمەي يۈرگىنىم بىلەن خىزمەتنى دەپ يۈرۈۋاتىمەن . سىز مەندىن گۇمانلىنىۋاتقان ئوخشىمامسىز تېخى ، ھازىر شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي جېنىم چىقىۋاتسا باشقا ئىشلارغا نەدىكى چول !
— نېمە ، گۇمانلانغۇدەك بىرەر ئىشىڭ بار ئوخشىمامدۇ ؟ — كامىل بىگىز قوللىرىنى پەرىدەنىڭ پېشانىسىگە نوقۇپ تۇرۇپ دېدى ، — مەن سەندىن زادىلا گۇمان قىلىپ باقمىدىم ، ئەگەر گۇمانىمنى قوزغىغۇدەك بىرەر ئىش سېزىلىپ سەندىن گۇمان قىلىپلا قالسام ... خاتىرجەم بول ، ئۇنىڭ راست - يالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا سېنى بوغۇزلىۋېتىمەن ، مەن سەندىن زادىلا گۇمان قىلىپ باقمىدىم . ئەگەر گۇمان قىلىپ قالسام ... مېنىڭ سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى شۇنىڭدىن بىلىپ قوي ... ئۆلتۈرۈۋېتىمەن .
— شۇنداق ئىش بولۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز رازىمەن . — دېدى پەرىدە كەسكىنلىك بىلەن ، — مەن ئۆلسەممۇ ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايمەن !
پەرىدە ئۆزىنى ئاقلاپ بىر مۇنچە سۆزلىدى ، بىراق ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى كامىلغا خۇددى شۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار-دەكلا تۇيغۇ بېرىپ قويغانىدى . پەرىدە ئۆزىنى قانچە ئاقلىسا ئۇنىڭدىكى ئاشۇ تۇيغۇنىڭ كۈچىيىدىغانلىقىنى سېزىپ يەتتى .
— خۇدايىم ساقلىسۇن ئۇنداق رەسۋاچىلىقتىن ، — دېدى كامىل ، — ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا مەن سېنى بوغۇزلاپ قىپيالىڭاچ قىلىپ كوچىغا ، ئادەملەر ئەڭ كۆپ ئۆتىدىغان جايغا تاشلاپ قويىمەن .
بۇ گەپنى ئاڭلاپ پەرىدەنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى . ئۇ خۇددى ئۇنىڭدىن قاچماقچى بولغاندەك ئىتتىك ئۆرۈلۈپ سىرتقا مېڭىۋىدى ، كامىل ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى :
— نەگە بارىسەن ؟!

ئويلىمىغان يەردىن پەردەنىڭ ئاغزىدىن يامان گەپ چىقىپ كېتىپ قالدى :

— چوڭ ئۆيگە بارىمەن ، سەن ئاغزىڭغا كەلگىنىچە تىللاپ ئادەمنى ئىتتەك تالىساڭ ، بۇ ئۆيدە قانداق تۇرغۇسى كېلىدۇ كىشىنىڭ ؟!

كامىل ئۆزىنى بىسۋالالماي پەردەنى ئۇرۇپ كەتتى . تۇيۇقسىز تەگكەن بىر مۇشت پەردەنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىتىۋەتتى ، ئۇ بىر بۇلۇڭغا ئۇچۇپ چۈشتى . كامىل ئۇنى يەنە بىر مۇنچە ئۇردى .

ئاشۇ كۈنى پەردەنىڭ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى . تاڭ سەھەرگە يېقىن ئۇنىڭ ئۇگە ـ ئۇگىلىرىدىكى ھارغىنلىق تۇيغۇسى بارا ـ بارا كېڭىيىپ مېڭىسىدىكى ھارغىنلىق بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ خۇددى مۇزىكىدەك ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مېھرىبان قوللىرى بىلەن سىلاشتۇرۇپ قاتتىق ئۇيقۇغا ئۆزگىرىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى ، ئاشۇ تۇيغۇ ئۇنىڭ مېڭىسىدە بارا ـ بارا كېڭىيىپ شەھەرنىڭ ئاۋات دوقمۇشىغا ئايلاندى ، ئۇ يەردە كىشىلەر بىر جايغا توپلىشىۋېلىپ نېمىنىدۇر كۆرمەكتىدى . پەردە ئۆزىنىڭ سانسىز كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قىيپالىڭاچ ھالدا ئولۇپ ياتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ قاتتىق چۆچۈپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى . بۇ سەھەردە كۆرگەن چۈش ئىدى ، شۇڭا پەردە بىر كۈن زادىلا ئېسىگە كېلەلمەي خۇددى ئاشۇ چۈش مۇھىتىدىن چىقىپ كېتەلمىگەندەك چەكسىز ھاقارەتلىك تۇيغۇدا يۈردى . قېرىشقاندەك ئىشقا كېلىۋاتسا ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىلا ئەركىنگە ئۇچراپ قالدى . ئەمدى بولسا ئەركىن ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئىزدەپ كەلگەنىدى .

— كامىل ئادەتتە نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدى ئەركىن .

— ھېچ ئىش قىلمايدۇ . ئەڭ چاتاق يېرى شۇ ! ئەگەر ئۇ بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولغان بولسا ئۇنچىۋالا كۆزۈمگە كىرىۋالماس بولغىيتتى . ئۇ ھېچ ئىش قىلىشنى خالىمايدۇ . ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىتاب تولۇقلۇم ھەتتا تېلېۋىزورمۇ كۆرمەيدۇ .

— ئۇ نېمىگە قىزىقىدۇ زادى ؟

— مەندىن باشقا ھېچ نەرسىگە قىزىقمايدۇ . ئويلاپ باقسام مەن بىلەن توي قىلىش ئۇنىڭغا پاجىئە بوپتۇ ، بۇرۇن ئۇ ھېچبولمىغاندا چىرايلىق قىزلار ئۇچرىشىپ قالسا ئۇلار بىلەن مۇھەببەتلىشىش تەمەيىدە بولسىمۇ كۆڭلىنى ئۆتكۈزەتتى ، ئەمدى تۇرمۇشتا ئۇنى جەلپ قىلىدىغان شۇنچىلىك ئىشلارمۇ يوق .

ئۇلار بىر مۇنچە پاراڭلاشتى ، ئەركىن خۇددى ئاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك بۇرۇنقىدەكلا ئوچۇق - يورۇق ئىدى ، پەرىدە بۇنداق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى .

— پەرىدە ھازىر سىز مەقسىتىڭىزگە يەتتىڭىز . ئەمدى سىز ئۆز تۇرمۇشىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئارزۇيىڭىز بويىچە تاللىسىڭىز بولىدىغۇ ! — دېدى ئەركىن .

— ئەركىن ، مەن ئۇنىڭدىن قورقىمەن ، بىلەمسىز ، ئۇ دېگەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل . ئۇ مېنىڭ خېتىمنى بېرىشكە ئۆلسىمۇ ئۇنىمايدۇ . شۇڭا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ھازىر ئاسان ئەمەس .

— سىزنىڭ ھازىر جەمئىيەتتە ئورنىڭىز بار . ئابرويىڭىز بار . سىز ھازىر ئىككى - ئۈچ يىل ئاۋۋالقى پەرىدە ئەمەس . نېمىدىن قورقى-سىز ؟ ھازىر سىزنىڭ ئۆز تۇرمۇشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرغۇچىلىكىڭىز بار . سىزدە ھازىر شۇنچىلىك ھوقۇق بار پەرىدە !

— بولدى ... ئەمدى ئامال يوق . ئىككىلىمىزنىڭ يۈرىكىدە مەڭ-گۈلۈك يارا قالدى . ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس . بىزنىڭ ئاشۇ دەۋرلىرىمىز كائىناتنىڭ چەكسىز زامانلىرى قوينىدا مەڭ-گۈلۈك يوقالدى . مەن ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتسەم يەنە بىر ئۆزۈم ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم بىلەن توي قىلىمەن . نەتىجە يەنىلا ئوخ-شاش .

ئۇلار پاراڭ بىلەن چۈش بولۇپ كەتكىنىنى ئۇنتۇلۇپ قالغانىدى .

— چۈشتە قايتامسىز ؟

— ئاشۇ ئۆي كۆزۈمگە بەكمۇ سوغۇق كۆرۈنىدۇ . قايتىپ بې-رىشقا ئۆزۈمنى زورلىساممۇ بارغۇم كەلمىدى . بوپتۇ ، كەچتە بالدۇرراق

كېتەرمەن.

— تاماق يېدىڭىزمۇ؟

— بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. گېلىمدىن بىر نەرسە ئۆتمىدىغاندەك ئەمەس.

— خىزمەت بىلەن ئارام ئېلىشنى بىرلەشتۈرمىسە بولمايدۇ. چۈشتە مەن سىزنى ئىنتايىن ياخشى بىر جايغا باشلاپ باراي، كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ.

پەرىدە قانداقتۇر بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولۇپ ئەركىننىڭ كۆزىگە يالتىيىدە بىر قاراپ قويدى، بىراق ئەركىننىڭ بۇنداق دېيىشىدە باشقا بىرەر مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن تاپالمىدى، ئەركىندە باشقىچە خىيال باردەك كۆرۈنمەيتتى.

— ياق، مېنىڭ رېستۇران ياكى كىنوخانىلارغا بارغۇم يوق، — دېدى پەرىدە.

— ياق رېستۇرانغا بارمايمىز. شەھەرنىڭ سىرتىدا ئىنتايىن مەنزىرىلىك بىر جاي بار. شۇ يەرگە بېرىپ بىردەم ئايلىنىپ كەلسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ. تەبىئەت دۇنياسى ئەڭ ياخشى دورا.

پەرىدە چىرايى ئېچىلىپ:

— بۇ دېگىنىڭىزغۇ بولىدۇ، بىراق مەن شوپۇرۇمنى چۈشتە ئۆيگە قايتمايمەن دەپ كەتكۈزۈۋېتىپتىمەن، — دەپ باھانە كۆرسەتتى.

— تاكسىغا ئولتۇرىمىز.

— ئىككىمىز يالغۇزلا بارساق باشقىلاردا باشقىچە گۇمان پەيدا قىلىپ قويىمىز.

— ئەنسىرىمەڭ، قورسىقىڭىزنىڭ ئاغرىقى بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما دەپتىكەن.

پەرىدە ئاشۇ كۈنى ئەركىننىڭ تەكلىپىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىشىم كېرەك دەپ ئويلىغانىدى، بۇنىڭغا بىرەر باھانە تېپىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، بىراق ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۇنى رەت قىلمىغانلىقىنى ئۇ تاكى ھازىرغىچە چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇلار بىنانىڭ ئالدىغا چىقىپ كەلگەندە

شىركەت بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كاۋاپخانىدا شىركەت بىناسى تەرەپكە كەيىننى قىلغان ھالدا تاھىر كاۋاپ يېگەچ پات ـ پات كەينىگە قاراپ قويۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىردىنلا بىنانىڭ ئىشىكىدىن چىقىۋاتقان پەرىدە بىلەن ئەركىننى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار قەستەن ئايرىلىق قويۇپ بىر ـ بىرىدىن يىراق ماڭاتتى، بۇ ئەھۋال تاھىرغا تېخىمۇ چاندۇرۇپ قويۇۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ تاھىرنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى.

ئاشۇ كۈنلەردە تاھىرنىڭ ئېڭىدا ۋاقىت بىر نەچچە يىل بۇرۇنقى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلار بىلەن ئايرىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ دائىم پەرىدەنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇ ئىشلەيدىغان بىنانىڭ ئالدىدا ئۈنى ئۈن ـ تىنسىز ۋە تامامەن ئۈمىدسىزلىك بىلەن ساقلاپ تۇرغان ۋاقتىدا ئۆزىنى تامامەن ئاشۇ بۇرۇنقى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان دەۋرلىرىدە تېخىچە ياشاۋاتقاندەكلا ھېس قىلاتتى.

ئەركىن قولىنى كۆتۈرۈپ بىر تاكسىنى توسۇۋىدى، تاكسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ئەركىن بىلەن پەرىدە تاكسىغا چىقىپ مېڭىپ كەتتى.

تاھىر تېزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ كاۋاپچىغا ئۇزاتتى.

— مەن مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن بىرەر ئامال قىلمىسام بولمىدى، سەن ئالۋاستى ئايال ... سېنىڭ ۋەسۋەسەڭ ئەمدى مېنى يۇتۇپ كەتتى، مەن بۇ ۋەسۋەسىنىڭ ئالدىدا ئىلاجىسىز قالدىم. — تاھىر ئۆز ـ ئۆزىگە بوش ئاۋاز بىلەن پىچىرلىدى.

تاكسى شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتكەن چوڭ يول بويىدا توختىدى، پەرىدە بىلەن ئەركىن قويۇق ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى. ئۇلار بۆك ـ باراقسان ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ يوقالدى. ئورمانلىق خۇددى قورقۇنچلۇق خىيالغا ئوخشاش قويۇق بولۇپ قۇياش نۇرى چۈشمەيتتى. پەرىدە ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئۆزىنى خۇددى بىر ھاڭغا

چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەكلا ھېس قىلاتتى ، بىراق ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى ، ئۇ قەدىمنى زادىلا توختىتىۋالاي دېمەيتتى . ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر كەيپىيات ئورىۋالغاندەك ھېس قىلىپ ، بۇ تۇيغۇدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى ، ئۇنىڭغا خۇددى ئۇ ئىچىلىپ - يېيىلىپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلسىلا ھەممە نەرسە ئوڭشىلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلغانىدى .

— بـۇ خـېـلـى چـوڭ ئورمـانلىق ئىكەن - ھە ! — دېدى پە-رىدە ، — مەن شەھەر ئەتراپىدا بۇنچىلىك چوڭ ئورمانلىقنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن .

ئورمانلىقنىڭ ئاستىدا ئوت - چۆپلەر قويۇق ئۆسۈپ كەتكەن بو-لۇپ ، ئاياغلارغا ۋىش - ۋىش ئاۋاز چىقىرىپ تىگىپ ئۆتەتتى . پەرىدەگە كەيپىياتنى سۇرلۇكلەشتۈرۈۋېتىپ بارغىنى دەل مۇشۇ ئاۋازدەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇلار ئورمانلىققا خېلى ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن بىر جايغا كېلىپ توختىدى ، ئەركىن قولىدىكى قارا سومكىدىن گېزىتلەرنى چىقىرىپ چۆپلۈك ئۈستىگە سېلىپ ئاندىن پەرىدەنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى .

- بۇ يەر بىكار بولسا كېلىپ كۆڭۈل ئېچىپ كەتسە بولىدىغان يەر ئىكەن - ھە ، — دەپ قويدى پەرىدە ئولتۇرۇۋېتىپ .

— مەن بۇ يەرگە پات - پات كېلىپ تۇرىمەن .

- قىزلارنى ئېلىپ كېلىدىكەنسىز - دە ! — چاقچاق قىلدى پە-رىدە ، لېكىن بۇ چاقچىقى ئۆزىگە زادىلا قاملاشمىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

ئەركىن كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلماي سومكىدىن يەيدىغان ئۇش-شاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئوتتۇرىغا قويدى ، ئاندىن يولدا كەلگۈچە سېتىۋالغان توخۇ گۆشىنى قولى بىلەن پارچىلاپ پەرىدەنى يې-يىشكە تەكلىپ قىلدى .

ئۇلار يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە باشلىغاندىلا پەرىدەگە ھەممە ئەتراپ سەل يېقىملىق تۇيۇلۇشقا باشلاپ ، روھىي ھالىتىدە سەل ئازادى-لىك پەيدا بولدى ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ياتسىراش ھېسسىياتى سەل

سۈسلىشىپ ئەتراپقا قاراپ قويدى، ئورمانلىق ئەمدىلا ئۈنىڭغا يېقىملىق تۇيغۇ بېغىشلاشقا باشلىدى:

— بۇنداق ھاۋاسى ساپ يەردە جان ياشىرىدۇ - دە! مەن بۇرۇن ھەر بىر قېتىم كەلگەن ۋاقتىمدا سىزنىڭمۇ يېنىمدا بىللە بولۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلىپ كېتەتتىم، — دېدى ئەركىن گەپ باشلاپ.

ئەمدىلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەن پەرىدەنىڭ چىرايى بىردىنلا ئازابلىق قىياپەتكە كىرىپ قالدى - دە، قولىدىكى توخۇ گۆشىنى قويۇپ قويدى.

— بولدى ئەركىن، ئادەمنى ئازابلايدىغان گەپلەرنى قىلىۋەرمەڭ، — دېدى ئۇ، — ئۆز يۈرىكىمىزنى ئۆزىمىز يارا قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى. سىزنى ھەر بىر قېتىم كۆرسەم يۈرىكىمنىڭ ئېچىشقانلىرىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

— ھەممە ئازابنى پەيدا قىلغان ئۆزىمىز، راست، نېمىشقا سىز دېگەندەك ئۆز يۈرىكىمىزنى ئۆزىمىز يارا قىلىمىز؟

— بىز بۇنىڭغا ئىلاجسىز.

پەرىدە بىر نەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، بىراق تۇيۇقسىز بىر ئىش يادىدىن كەچكەندەك بولۇپ توختاپ قالدى. ئۇ ئۈنى دەيمەن دەپ كەسكىن ئىرادە قىلغانىدى، بىراق نېمە ئۈچۈن توختاپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئېسىدىن كەچكەن ئىش بەكمۇ ئابستراكت بولۇپ غىل - پاللا ئۆتۈپ كەتكەنىدى، شۇڭا زادىلا ئەسلىيەلمىدى.

— ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق، مۇھەببەت، ھېسسىيات دېگەنلەر گويا بىر يېشىل رەڭلىك كۆزئەينەككە ئوخشاش پۈتۈن دۇنيانى باھاردەك يېشىل قىلىپ كۆرسىتىدىكەن، ئۇ بولمىسا دۇنيانىڭ ئەسلى قىياپىتى ئاشكارا بولۇپ ھەممە يەر بوران ھۇۋلاپ تۇرغان قاقاس چۆل ياكى زىمىستان قىشقا ئايلىنىپ قالىدىكەن. مەن ھازىر چۆللۈكتە قاغىجىراپ تۇرۇپتىمەن، بىر تەرەپتىن زىمىستان مېنىڭ بەدىنىمنى توڭلاتماقتا ... بۇ دۇنيا ئادەملەر بىلەن تولۇپ تۇرغان بولسىمۇ ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن پۈت سىغقۇدەك جاي تېپىلمىسىمۇ ماڭا ئادەمسىز بىر جەز-

ڕىدەك تۇيۇلدۇ ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەن سۆيگەن ۋە مېنى سۆيگەن پەرىدە يوق .

— ئەركىن ، بولدى ئۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭ ، — بىچارىلەرچە ئۆتۈندى پەرىدە ، — بىز بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتەلمەيمىز .

— ياق ، بىزنى ھازىر ھېچكىم تونۇسالمايدۇ ، بۇ يەردە مۇشۇ ئورمان ۋە ساپ ھاۋادىن باشقا ھېچ نەرسە يوق .

پەرىدە بىرنەرسىنى تۇيغاندەك بولۇپ ۋەھىمە بىلەن جىددىيلەشكەن ھالدا ئەركىنگە يالتىندە قاراپ قويدى :

-- ياق بۇ مۇمكىن ئەمەس ، — دېدى ئۇ ، بۇ ئاۋاز تىترەپ ئاران چىقتى . ئۇلار بىر - بىرىگە غەلىتە بىر خىل تەرىزدە قارىشىپ قوياتتى . ئارىنى جىمجىتلىق باستى ، بۇ بىر خىل ۋەھىملىك جىمجىتلىق ئىدى . پەرىدە ئەركىنگە قارىدى . ئۇ يەنىلا شۇ ئەركىن ئىدى — پەرىدەنى سانسىز قېتىملاپ خالىي جايلاردا قانماي سۆيگەن ، ئوتتەك قىزىق ئالقانلىرى بىلەن ۋۇجۇدىنى سىلىغان ئەركىن شۇ ئىدى ، بىراق شۇ تاپتا پەرىدە بولسا گويا زادىلا مۇھەببەتلىشىپ باقمىغان بىر قىز ناتونۇش بىر يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە دۇچ كېلىۋاتقاندەك جىددىيلەشمەكتىدى . دەل شۇ چاغدا ئەركىننىڭ قولى تۇيۇقسىز كېلىپ ئۇنىڭ بېلىكىدىن تۇتتى ، پەرىدە قاتتىق ئەندىكىپ بوشقىنا ئىڭراپ تاشلىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەركىنگە قارىغىنىچە قېتىپ قالغانىدى ، ئەركىن كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنى ئالدىغا بىر تارتىپلا قۇچاقلىۋالدى . قاتتىق جىددىيلىشىشتىن پەرىدەنىڭ تىزلىرى تىترەپ تېنىدە جان قالمىغانىدى ، ئۇ قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك ماجالى يوق شۇنداق قىلدىمۇ ياكى قارشىلىق قىلىش نىيىتىگە كېلەلمىدىمۇ تا ھازىرغىچە ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ ، ئۆزىنى بىردىنلا ئەركىننىڭ قۇچىقىغا تاشلىۋەتتى . ئەركىن ئۇنى سۆيۈشكە باشلىدى . بىر ئازدىن كېيىن پەرىدە تۇيۇقسىز ئېسىنى تاپقاندەك بولۇپ ئەركىننى ئىتتىرىۋېتىپ ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدى - دە ، ئۆزىمۇ ئۇقمايدىغان بىر ھەرىكەت بىلەن ئەركىننىڭ تەستىكىگە چاڭگىدە بىرنى سالدى . ئۇلار بىر - بىرىگە بىر ھازا ئۈن - تىنسىز بىر خىل جىنايى تۇيغۇ بىلەن قاراپ تۇ-

رۇپ قىلىشتى.

پەرىدەنىڭ يوغان كۆزلىرى ئەركىنگە ئەيىبلەش ۋە بىر خىل نومۇس بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئەركىن بۇ كۆزلەردىكى مەنىلەرنى بىۋاستە هالدا هېس قىلىپ تۇراتتى، بىراق چۈشىنەلمەيتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر پەرىدەنىڭ يىغلاپ تاشلىشىنى ئارزۇ قىلىپ قالدى، بەلكىم ئۇ شۇنداق بولغاندىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قىلىپ قويغان ئاشۇ ئىش پەيدا قىلغان روهىي بېسىمدىن قۇتۇلالايدىغاندەك هېس قىلغاندۇر. « يىغلا » دەيتتى ئۇ ئىچىدە، « جېنىم پەرىدە بىر يىغلىۋەتكىنچۇ! نېمىشقا كۆزلىرىڭگە ئېتىلىپ چىقاي دەپ تۇرغان ياشلارنى ئاققىلى قويمايسەن؟! »

ئاخىر ئۇنىڭ كۈتكىنى بولدى. پەرىدەنىڭ كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چىقتى، ئۇ بىردىنلا يۈزلىرىنى قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى. بۇ خۇددى تۈنجى قېتىم ئۆز ئېيىپىنى ئۆزىمۇ تۇيمىغان هالدا بىر ئەرگە بېرىپ سالغان قىزنىڭ يىغىسىغىلا ئوخشايتتى. ئەركىن ئۇنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمىگەندەك ئورنىدا تۈرۈپلا قالغانىدى. ئۇمۇ ئۆزىنى كەچۈرەلمەيدىغان بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك بېشىنى سالغانىدى.

پەرىدە كۆزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، توساتتىن ئەركىنگە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى، ئەركىن بۇ تۇيۇقسىز هەرىكەتتىن مەڭدەپ قالغانىدى، پەرىدە ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ، هەممىنى ئۇنتۇغان هالدا ئۇنى سۆيدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى پۇرىدى، ئۇلار يەردە يومىلاقلىشىپ كەتتى.

يەنىلا شۇ تەن، يەنىلا شۇ تىنىق، يەنىلا شۇ پۇراق ... بۇ يەنىلا شۇ پەرىدە ئىدى. ئەركىن دەسلىپىدە خۇددى ئۆزى ئەزەلدىن سۆيۈپ باقمىغان بىر قىزنى سۆيگەندەك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى، ئەمدى بولسا پەرىدەنىڭ بەدىنى ئۇنى بۇرۇنقى چاغلارغا ئېلىپ كەتتى.

مۇهەببەت ئىككى روه ئىگىسىنى بىر-بىرىگە مەهكەم باغلىۋەتكەن مۇقەددەس زەنجىردۇر. ئۇ زەنجىر شۇ قەدەر كۈچلۈك ۋە قاتتىق ئىكەنكى، سەن ئۆزۈڭنى تۈرمىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندەك هېس قىلىسەن! ئۇ نېمىشقا شۇنداق تۇيۇلىدۇ، چۈنكى سەن مۇهەببەتنىڭ

كىشىنى بىھوش قىلىدىغان دەھشەتلىك ھاياجانلىرىدىن قورقۇپ تېپىرلاپ يۇلقۇنىسەن ! قورقما ، ئۇ گۈزەل ، ئۇنىڭ ئاشۇ شېرىن زىندانلىرىغا قەدەم باسقىن !

پەرىدە ئاشۇ كۈنى شۇنداق ئويلىغانىدى ، بىراق ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ كامىلنى كۆرۈپلا ئەندىكىپ كېتىپ ، خىجالەت ئىچىدە ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەي باشقا تەرەپكە قارىۋالغان ۋاقىتىدىلا ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغان ئىشلىرىغا ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلىدى . بۇ ئۇنىڭدىن خۇددى مەڭگۈ يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان نومۇسلۇق ئىشتەك ، ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى روھىي جەھەتتە خارلىنىش ئېلىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

پەرىدە ئاشۇ كۈنى دائىم ئاشۇ نومۇسلۇق ئىشلار ئۆزىنىڭ بىر يەرلىرىدىن ھېلىلا كامىلغا بىلىنىپ قالىدىغاندەك كامىلنىڭ نەزەرىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپلا يۈردى .

ئۇنىڭ قەلبىنى سىرلىق بىر خىل جىنايى تۇيغۇ ۋە ۋەھىمە ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى . ئۇنىڭغا ھېلىلا بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك ، ھېلىلا خەلقى ئالەم ئالدىدا تۈگىمەس ئاھانەتكە قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چۈشىدە كۆرگەن — سانسىز ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا قىپيالىڭاچ ھالدا ياتقان مەنزىرە گەۋدىلىنىپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قاتتىق سۈر باساتتى . تېنى شۈركىنەتتى . ئۇ گويا ھېلىلا بىر بۇلۇڭدىن قورقۇنچلۇق بىر نەرسە ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپقا قارايتتى . ئۇنىڭغا گويا پۈتۈن دۇنيا بىردىنلا سۆيۈملۈك ۋە تونۇش ھالەتتىن قورقۇنچلۇق ۋە ناتونۇش ھالەتكە كېلىپ قالغاندەك سېزىلەتتى .

ئۆي كارىۋات ، دېرىزە ، گۈللەر ... ئۇلاردا ھېچقانداق بىرەر ئۆزگىرىش بولمىسىمۇ بىراق ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر ياتلا بىر قىياپەتكە كىرىپ قالغاندەك تۇيۇلدى . گويا ئۇ ئەمدى ئاشۇ گۈللەرنى خۇشال ـ خۇرام پۇراپ ئوينىيالمايدىغاندەك ، بارلىق روھىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغاندەك ھېس قىلدى . ئۆزىنىڭ ھەر كۈنكى خۇشال ۋە خاتىرجەم ھالىتىگە قايتىشقا شۇنچە تىرىشىپ باقسىمۇ ئامال بولمىدى .

ئاشۇ كۈنى ئۇ كامىلغا ياخشى كۆرۈنۈشنى ئويلىدىمۇ ئەيتاۋۇر

شۇنچە كۆپ ئىشلىرى ئىشخانىدا ئۇنىڭ ئىشلىشىنى كۈتۈپ تۇرسىمۇ، تاشلاپ قويۇپ ئۆيىگە بالدۇر قايتقانىدى. ئۇ ئۆيىگە كىرەلمەي ئىشىك ئالدىدا بىر ھازا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ روھىي كەيپىياتىنى تەڭشىۋالغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆيگە كىرگەنىدى، بىراق كاملىنى كۆرۈپلا يەنىلا ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ كاملىغا قارىسىلا كۆزىدىن ھەممە نەرسە بىلىنىپ قالىدىغاندەك قارىيالماي يۈردى. ئۇنىڭ ئۆيىگە بالدۇر قايتىپ كېلىشى قېرىشقاندەك كاملىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى.

— ھوي، بۈگۈن قاياقتىن كۈن چىقتى، — دەپ قويدى ئۇ، — ئەجەب بالدۇرلا قايتىپ كەپسەنغۇ؟

كاملىنىڭ بۇ گېپى بىلەن پەرىدەگە خۇددى ئۇ بىلىپ قالغاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. دۇدۇقلاپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ كاملىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى، ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالماستىن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ يەردە ئۇ توختىماي قولىنى يۇياتتى، ھەرقانچە يۇسىمۇ قولى پاكىزلانمايدىغاندەك، قولىدىكى قانداقتۇر بىر مەينەتچىلىكنى مەڭگۈ يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ قولىنى ئۇزاقتىن ئۇزاق يۇيدى. ئۇ ئاشخانىدا مەڭگۈ تۇرۇپ قېلىشنى، قولىنى ئەنە شۇنداق مەڭگۈ توختىماي يۇيۇشنى، كاملىنىڭ ئالدىغا مەڭگۈ قايتا چىقماسلىقنى خىيال قىلىپ كەتتى.

پەرىدە ئەمدى ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايمەن دەپ ئويلىغانىدى، بىراق بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئەركىنىنىڭ كاملىنىڭكى بىلەن زادىلا ئوخشىمايدىغان ئوتلۇق تىنىشلىرى ۋە ئەركىلىتىشلىرى ئىگىلىۋېلىپ، يۈرىكىنى پۇچىلاپ زادىلا ئارام بەرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈرىكى ئوغرىنىڭكىدەك سالغان ھالدا، باشقۇرالماي قالغان قەدەملىرىنى ئەركىن تەرەپكە قاراپ ھەرىكەتلەندۈردى.

ئۇلار يەنە شۇ ئورمانلىق ئىچىگە كەلدى. پەرىدە قانداقتۇر بىر كۆز ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرغاندەكلا ھېس قىلىپ ئەيمىنىش ئىچىدە ئەتراپقا قاراپ ئاشۇ كۆز يوشۇرۇنغان جاينى ئىزدەيتتى.

ئورمانلىق ئىچىدە يەرگە سېلىپ قويۇلغان ئەدىيال ئۈستىدە ياتقان

پەرىدە كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن بېشىنى ئەركىننىڭ يالىڭاچ مەيدىسىگە قويۇپ بوش ئاۋازدا شىۋىرلىدى :

— سىز بىلەن بىللە بولغاندا پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ خۇشاللىق ئىچىگە غەرق بولىمەن ، بىراق ئۆيگە قايتىشنى ئويلىسام بېشىمغا تاغدەك غەم چۈشىدۇ . مەن بۇنداق رەسۋالارچە ھالەتتە ، بېشىمنى كۆتۈرەلمەي ياشاۋېرىشكە تاقەت قىلالمايدىغاندەك تۇرىمەن ، مۇشۇنداق ئۆتىۋېرىمىزمۇ ؟

ئەركىن ئۈنچىقمىدى ، ئۇ تاتلىق خىيالغا چۆمگەن ھالدا ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى . ئۇ پەرىدەنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندەك ئەمەس ئىدى . پەرىدە تۇتۇۋېلىنغان بىلىقتا ئوخشاش چەكسىز ھەۋەس بىلەن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەركىننىڭ لەۋلىرىگە سۆيدى ، بەلكىم ئۇ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئەركىننى « مەن گەپ قىلىۋاتىمەن » دەپ ئەسكەرتىش بېرىپ قويغاندۇ . ئۇ بىردىنلا قەتئىي نىيەتكە كەلدى ، ئۆزىدىكى بۇ قەتئىيلىك شۇ قەدەر تېز بولدىكى ، ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران قېلىپ چۆچۈپ كەتتى .

— ئەركىن ، جېنىم ... بىز توي قىلايلى ، مەن ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتىمەن !

— نېمە ؟ — ئەركىن ھەيرانلىق بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ پەرىدەگە تىكىلدى .

— مەن بارلىق ئاماللىرىمنى ئىشقا سېلىپ كامىل بىلەن ئاجرىشىپ كېتەي ، ئاندىن ئىككىمىز توي قىلساق قانداق ؟

ئەركىن بېشىنى يەرگە قويۇپ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى . پەرىدە ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ كۆزلىرىگە بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ جاۋاب كۈتۈپ قارىدى . ئەركىن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى ، بىر ئازدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ پەرىدەگە بوشلا قىلىپ :

— يۈرۈڭ كېتەيلى ، — دەپلا قويدى .

پەرىدە بىر ھازا ئەينەككە قاراپ گىرىم قىلىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈردى ، ئۇ بۇ سۆزنى ئەركىن ئاڭلىسا قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىدۇ

دەپ ئويلىغانىدى . گىرىم قىلغۇچە ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇ قەدەر ئاستا بولدىكى ، قوللىرى بەكمۇ جانسىز بولۇپ گىرىم قىلىشنى يېرىم يولدىلا توختىتىپ قويىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇ ئاخىر گىرىم قىلىپ بولدى ، ئەركىن يەنىلا بىر نەرسە دېمىدى ، پەرىدە ئۈچۈن بۇنىڭ ئۆزىلا جاۋاب ئىدى ، بىراق شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا ھېس قىلىپ قالغان بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىپ ئەركىنگە سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى . ئەركىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچاتتى .

ئۇلار ئاستا قەدەملەر بىلەن ئورمانلىقتىن چىقتى .

— ئەركىن ، گەپ قىلمايسىزغۇ ؟ — پەرىدە ئاخىرى پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ تۇرۇپ سورىدى .

— پەرىدە ، ئازراق رېئاللىققا يۈزلىنىڭ ، — دېدى ئەركىن ئاخىر خىجالەت ئىچىدە ئېغىز ئېچىپ .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ — پەرىدە ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ ، ئۆزىنى زورلاپ تۇرۇپ چۈشىنەلمىگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ ئاندىن سورىدى .

ئەركىن ئۈنچىقمىدى ، پەرىدە مېڭىشتىن توختاپ ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇردى ، ئەركىن ئاخىر كېسىپلا ئېيتتى :

— پەرىدە ، ئويلاپ بېقىڭ ، مەن تېخى توي قىلمىغان يىگىت ، سىز بولسىڭىز بىر قېتىم توي قىلىپ بولغان ئايال . مەن توي قىلمىغان يىگىت تۇرۇپ بىرئەردىن چىققان ئايالنى ئالسام قانداق بولىدۇ ؟

پەرىدە ئەركىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇيۇقسىز بىر كالتەك يېگەندەك سىلكىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئازاب بىلەن ئەركىنگە قادالدى . ئەركىن بولسا يەنىلا ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن نەزەرىنى ئېلىپ قاچتى .

— مەنمۇ سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن ، سىزنىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىڭىزنى دۇنيادىكى ھېچقانداق ئايال زاتى بېسىپ كېتەلمەيدۇ ، مەن سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن ، بىراق سىز بىلەن تويمۇ قىلالمايمەن . رېئاللىق شۇنداق ، رېئاللىققا بويسۇنماي بولمايدۇ ، سىزمۇ بۇنى چۈشىنىسىز ... مۇشۇنداق ئۆتۈۋەرسەك بولىدىغۇ ...

پەرىدەنىڭ چىرايى غەزەپلىك قىياپەتكە كىردى ، بۇ ناھايىتى ئېچىنىشلىق غەزەپ ئىدى ، بۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كەلگەن غەزەپ ئىدى . ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇ ئىپادە غەزەپلەنگەندىن كۆرە يىغلىغانغا بەكرەك ئوخشاپ كېتەتتى .

— سىز مېنى پەقەتلا ئاشنام بول دېمەكچىمۇ ؟ بۇ گەپ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىقىۋاتامدۇ ؟ سىز مېنى ئاشۇنداق پاسكىنا ئايال كۆرىۋاتامسىز ؟!

— سىز كامىل بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ يۈرگەن چاغدا مەن سىزگە قانچىلىك يېلىنىپ كەتتىم . سىز زادىلا پىسەنت قىلمىدىڭىز . مېنىڭ شۇ چاغدا تارتقان ئازابلىرىمنى سىز چۈشەنمەيسىز ؛ مۇھەببەت ئازابىنى پەقەت قەلبىدە مۇھەببەت بار بولغان كىشىلا چۈشىنەلەيدۇ ، ئەمدى سىزمۇ ماڭا يېلىنىپ بېقىڭ ! ...

— سىز مەندىن ئۆچ ئالماقچىمۇ ؟

— ياق ، مەن ئۆچ ئالمەن دېمىدىم ، بىراق بۇ ئۆتنە جاھان ، ئىشلار ئۆزلۈكىدىن شۇنداق بولۇپ توغرىلىنىپ قالدۇ .

پەرىدە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى . بىرنەرسە گېلىدىن قاتتىق سىقىۋاتقاندەك بولۇپ بوغنۇقۇپ كەتتى . ئۇ قاتتىق بىر يىغلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەتتى ، بىراق ۋۇجۇدى قېتىپ قالغاندەك ھەرقانچە قىلسىمۇ كۆزلىرىگە ياش كەلمىدى . ناھايىتى ئۇزۇندىن كېيىن ئۇ سەل ئېسىنى يىغىپ ، ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد بىلەن ئەركىنگە يېلىندى :

— بوپتۇ ، سىزمۇ مەندەك بىر ئەردىن چىققان ئايال بىلەن توي قىلماڭ ، ئاۋۋال بىرقىز بىلەن توي قىلىڭ ، ئاندىن سىزمۇ بىر ئايال بىلەن توي قىلىپ ئاجراشقان بولۇڭ .. شۇ چاغدا توي قىلساققۇ بولار ...

پەرىدە ئۆزىنىڭ بۇنداق بىر گەپنى ئويلاپ تاپالىغىدىن ئۆزىمۇ ھەيران قالدى . بىراق ، نېمە ئۈچۈندۇر شۇ چاغدا تاھىر بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋالدى ، ئۇ نېمىشقا تاھىرنى ئەسلەپ قالغانلىقىنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيدۇ . بەلكىم ئۆزىنىڭ ئەركىنگە بىچارىلەرچە يېلىنغان ھالىتى تاھىرنىڭ ئۆزىگە يېلىنىشلىرى بىلەن ئوخشاپ كەتكەندۇ . دەل ئاشۇ

چاغدا ئۇ بىر خىل بىئۋاستە سېزىم بىلەن خۇددى تاھىر قەيەردىدۇر ئۆ-زىگە قاراپ تۇرغاندەك ھېس قىلىپ كەتتى - دە . بۇرۇلۇپ يان تەرەپكە قارىدى . ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى .

— توي قىلىشقا مېنىڭ پۇلۇم يوق ، — دېدى ئەركىن قوپاللىق بىلەن .

— قانچىلىك پۇل كەتسە مەن چىقىراي ، تويىنىڭ ھەممە چىقى-مىنى مەن كۆتۈرەي . بىراق ، سىز توي قىلىپلا ئاجرىشىشىڭىز كېرەك .

ئەركىن كۈلۈپ كەتتى . بۇ كۈلكە قانداق كۈلكە پەرىدە زادىلا ھېس قىلالمىدى ، پەقەت ئەركىن ئۆزىنىڭغا بەكمۇ ياۋۇز كۆرۈنۈپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ ئەركىننىڭ كۈلكىسىنى بەلكىم بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىش دەستىدىن كۈلكىلىك گەپلەرنى قىلىپ سالغاندىمەن ، دەپ چۈشەندى .

— سىزغۇ ھازىر بىر ئېسىلزادە باي ئايال ، — دېدى ئەركىن تاكسى بىلەن قايتىپ كېلىشىپ يولدا ، — بىراق مېنى پۇلخۇمار دەپ خاتا چۈشىنىپ قالماڭ .

— ياق كېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ ، — دېدى پەرىدە چۈ-شەندۇرۇپ ، — قانداقلا بولمىسۇن مېنىڭ ھازىرقى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم سىز بىلەن بىرگە ئۆتۈش ، مەن ئاشۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئېشىپ قالسى-كەن دەپ شۇنداق دېدىم .

— نېمىلا بولمىسۇن مەن سىزدەك بىر ئايال بىلەن توي قىلماي-مەن ، — دېدى ئەركىن ئۇزۇۋېلا ، — سىز بىلەن توي قىلىپ ئادەم خا-تىرجەم ياشىيالامدۇ ؟ سىز بىر ئېرى بار ئايال تۇرۇپ ، مەن بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈردىڭىز ؟ مەن بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنمۇ سىز شۇنداق ئىشلارنى باشقىلار بىلەن قىلماي قالامسىز ؟!

ئاشۇ كۈنى پەرىدە خېلىلا كەچ ئۆيگە قايتتى . نېمىشقىدۇر ئۆزى-نىڭ ئەپتىنى ناھايىتى رەسۋالىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ يۈزلىرىنى توختىماي يۇياتتى ، ئۇ ئاخىر مۇنچىغا كىرىپ ناھايىتى ئۇزاق يۇيۇندى ، يۇيۇنۇپ چىقىپمۇ بەدىنىنى ناھايىتى ئېغىر ، خۇددى قىغ بېسىپ كەت-كەندەك ھېس قىلدى . ئۇ ھەرقانچە يۇيسىمۇ ئەركىننىڭ بەدىنىگە تەگ-

كەن تىنىقلىرىنى، ئەركىنلىكنىڭ پۇراقلىرىنى مەڭگۈ يۇيۇپ چىقىرىۋېتەلمەيدىغاندەكلا ھېس قىلاتتى.

كەچتە ئىلاجىسىز ئۆيىگە قايتىپ بارغاندا كامىلنىڭ ئۆيىدە يوق بولۇپ چىقىشىنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىپ كەتتى. ئۆيىدە كامىل يوق بولسا، ئۇ غىپپىدە چىراغنىمۇ ياقماي كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپلا يېتىۋالسا، ئۇخلاپ قوپسا بۇ ئىشلارنىڭ زىممىسىدىكى يۈكى سەل يەڭگىللىگەندەك بولۇپ قالار ئىدى. تەلىيىگە ئۆيىدە كامىل راستىنلا يوق بولۇپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق بىر تىنىۋالدى. لېكىن ھايال ئۆتمەيلا كامىلنىڭ گەۋدىسى ئىشىكتە پەيدا بولدى. ئىشىك قاتتىق يېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدىكى ھاۋا قاتتىق سىقىلىپ كەتكەندەك، ئۆينىڭ ھاۋاسى قاتىلنىڭ كۆزلىرىدەك دەھشەتلىك ۋە كەسكىن قىياپەتكە كىرىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ بىردىنلا نەپەسى توختاپ قالغاندەك بولۇپ كامىلغا چۆچۈپ قارىدى.

كامىل بىر ئولتۇرۇشتىن چالا مەست قايتىپ كەلگەنىدى. كامىل ئۇنىڭغا ئولتۇرۇشتىكى ئىشلار توغرىسىدا بىر مۇنچە سۆزلەپ بەردى، پەرىدەنىڭ بولسا ھېچنەرسە قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ بۈگۈن ناھايىتى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ پەرىدەگە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ بەردى، شۇندىلا پەرىدە ئۇنى ھېچ نەرسىنى تۇيماپتۇ دەپ ئويلاپ يۈرىكى سەل ئېزىغا چۈشكەندەك بولدى.

ئادەم دېگەن غەلىتە مەخلۇق. بەزىلەر ئۆزىگە تولىمۇ ئاددىي بولغان، لېكىن باشقىلاردا ئانچە كۆرۈلمەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ، خۇددى ئۆزىنىڭمۇ بۈيۈك بىر ئىجادىيىتى باردەك يۈرىشىدۇ. بەزى ئادەملەر پەقەت مۇشۇنداق ئادەت بىلەنلا باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، پەقەت شۇنداق ئادەت بىلەنلا باشقا ئادەم بولۇپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. كامىلمۇ شۇنداق ئىدى، دائىم بىرەر ئېغىز سۆز قىلسا گېپىنى قىرىپ قوياتتى. دائىم بىرەر ئېغىز سۆزنى شۇنچە ئاددىي ۋە دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇشىغا قارىماستىن «... ھە... نېمە دەيمىز؟... توغرا...» دېگەنلەرنى قوشۇپ دەيتتى.

بۇنى پەقەت خوشلۇقى تۇتۇپ كەتكەن چاغدىلا ئەڭ كۆپ ئىشلىتەتتى .
— سەن بۇگۈن ئەجەپ ھېلىقى ... نېمە دەيتتۇق ؟ ... ھە ... شىركەتتىن ... مەندىن بۇرۇن قايتىپسەن ـ ھە !
كامىلنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكى ئەنە شۇ ئىدى . پەرىدە ئۇنى خۇددى ئاشۇ ئادىتىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ، دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە ئادەمدەك ھېس قىلىپ كەتتى . ئۇنىڭ كامىلغا قاراپ نېمە ئۈچۈندۇر قاتتىق يىغلىغۇسى كېپكەتتى . قايساپ كەلگەن يىغا بوغۇزىغا قاپلىشىۋالدى . بۇ كامىلغا ئىچى ئاغرىش سەۋەبىدىنمۇ ياكى ئۆزىگە ئىچى ئاغرىپ كامىلغا دەردىنى تۆككۈسى كېلىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىنمۇ بۇ تا ھازىرغىچە پەرىدەگە قاراڭغۇ .

رەشىدە پەرىدەنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى چەككەن چاغدا پەرىدەنىڭ « ۋەي ... ۋەي ! ... » دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ، پەرىدە ئىشخانا ئىچىدە بار ئىدى ، بىراق چىقىپ ئىشىكنى ئاچاي دېمىدى . ئۇ ئىشىكنى خېلى ئۇزاق چەكسىمۇ كار قىلمىدى . ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران قالغانىدى . ئىشخانا ئىچىدىن تاۋۇش چىقمايتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تېلېفون جىرىڭلىۋىدى ، پەرىدە ئوخشاشلا تېلېفوننى ئېلىپ يەنىلا ئەنسىزلىك بىلەن ۋارقىرىدى :
— ۋەي ... ۋەي ! ...
ئاشۇ كۈنى ئەتىگەندە پەرىدە ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپلا ئىشىكنىڭ قىسىلىچىدىن كىرگۈزۈۋېتىلگەن بىر كونۋېرتنى كۆرۈپ قولىغا ئېلىپ ئاچتى . كونۋېرت ئۈستىگە ھېچقانداق ئادرېس ياكى ئىسىم يېزىلمىغانىدى ، ئىچىگە بىر ۋاراق قەغەز سېلىنغان بولۇپ پەقەتلا تۆت قۇر خەت يېزىپ قويۇلغانىدى :
« 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سائەت 12 يېرىمدىن سائەت 3 كىچە سىز قەيەردە ؟ 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سائەت 2 دىن سائەت 6 گىچە سىز قەيەردە ؟ ئەگەر قەيەردىلىكىڭىزنى ئۇنتۇلۇپ قالغان بولسىڭىز مەندە شۇ كۈنى ئاشۇ يەردە تارتىلغان رەسىم بار ، ئۇ ھەممىنى ئېسىڭىزگە سېلىپ

قويدۇ ! »

خەت پەقەت شۇلا ئىدى . ئاخىرىغا ھېچقانداق ئىسىم يېزىلمىغا-نىدى . پەرىدەنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى . ئۇ خۇدىنى يوقىتىپلا قويغاندەك بولۇپ قالدى . بىر ئازدىن كېيىن خەتنى قويغان يېرىنى بىلەلمەيلا قالدى . خۇددى قارا باسقاندەك ھېس قىلىپ ئويغىنىپ كېتىشكە ھەر قانچە تىرىشىپمۇ ئويغىنىپ كېتەلمىدى . ئۇ ماغ-دۇرسىزلانغان بەدىنىنى ساپاغا تاشلاپ قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ . ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇگەشتىم دېگەن بىرلا خىيال كىرىۋالغا-نىدى . زادى قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئۇ بۇ توغرىدا كاللا قاتۇرۇپ ئويلانىماقچى بولاتتى . بىراق ، تەپەككۇرى چېچىلىپ ھېچ خىيالنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايتتى . مېڭىسى خۇددى تەپەككۇر قىلىشتىن توختاپ قالغاندەك قىلاتتى ... بىر چاغدا تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇ ئالاقىزادىلىك بىلەن تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ ۋارقىرىدى :

— ۋەي ... ۋەي ...

تېلېفون ئادەتتىكى بىر تېلېفون بولۇپ چىقتى . تېلېفوندىكى گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەرىدەنىڭ يۈرىكى سەل ئورنىغا چۈشتى . بىراق ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈدەك ماجال يوق ئىدى . ئۇ گەپ قىلماستىن جانسىز قوللىرى بىلەن تۇرۇپكىنى ئاستا قويۇپ قويدى . پەرىدە ئېسىنى يىغىپ كونۋېرتقا ۋە خەتكە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى . ئۇنىڭغا بۇ پۈچۈركا ناھايىتى تونۇش بىلىنىپ كەتتى . بىراق كاللىسى بەك قېيىپ كەتكەچكە زادى كىمنىڭ يازغىنىنى پەرەز قىلالمىدى .

ئاشۇ بىر كۈن پەرىدە ئىشخانىنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ ئورنىدا قىمىرلىماي ئولتۇردى . ئۇ بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسىنى كۆ-رۈشنى خالىمايتتى . ئۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەر ئۆزىنى يۇتىۋەت-مەكچى بولۇۋاتقاندەكلا تۇيۇلماقتىدى . تېلېفون پات - پات جىرىڭلاپ تۇراتتى . پەرىدە تېلېفوننى ئېلىپلا ئاشۇ خەت بىلەن ئالاقىسىز بولسىلا قويۇۋېتەتتى . ئۇنىڭ ھېچكىمگە گەپ قىلغۇسىمۇ كەلمەيتتى . بىراق ،

ئۇنىڭ پاراڭلاشقۇسى كەلگەن ئادەم بىر نەچچە قېتىم تېلېفون بەردىيۇ گەپ قىلمىدى. پەرىدە تېلېفون جىرىڭلىغان ھامانلا قولىغا ئالدى ۋە «ۋەي!» دەپ ۋارقىرىدى. قارشى تەرەپ بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

— ۋەي ... ۋەي، گەپ قىلسىڭىزچۇ! — ۋارقىرىدى پەرىدە؛ قارشى تەرەپ ئۈن - تىنسىز ئىدى، بىراق بۇ قېتىم تېلېفوننى ئۇنداق تېز قويۇۋەتمىدى.

— ۋەي سىز كىم ئېيتىڭا! — يېلىندى پەرىدە، — ئۆتۈنۈپ قالاي تېلېفوننى قويۇۋەتمەڭ! ئۆتۈنۈپ قالاي ...

پەرىدەنىڭ يىغلامسىراپ چىققان ئاۋازى سەل تەسىر قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر قارشى تەرەپ تېلېفوننى خېلىغىچە قويۇۋەتمىدى.

پەرىدەنىڭ مېڭىسىدە تۇيۇقسىز چاقماق چاققاندەك بولدى. ئۇ باياتىنقى خەتنىڭ پۇچۇركىسىنى تونۇيالمىغانلىقىغا ھەيران قالدى. ئۇنى سانسىز قېتىم بىزار قىلغان، ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆرۈش ئەڭ ئازابلىق ۋە كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ھېلىقى پوچۇركا شۇ ئەمەسمىدى!

— سىز كىم؟ ئېيتىڭا، سىز زادى كىم؟ ئۆتۈنۈپ قالاي تېلېفوننى قويۇۋەتمەڭ! ... سىز زادى نېمە قىلماقچى؟ ... ھە، ... مەن بىلدىم ... سىز تاھىر، شۇنداقمۇ؟

قارشى تەرەپتىن ئاخىرى زۇۋان چىقتى:

— سىز رەسىملىرىڭىزنى كېلىپ كۆرۈپ باقامسىز؟

— نېمە رەسىم؟

— سىزنىڭ ئورمانلىقتا باشقىلار بىلەن بىللە ياتقان رەسىمىڭىز.

پەرىدە گەپ قىلاي دېگۈچە تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى.

پەرىدە ئۇدۇل تاھىرنىڭ ياتىقىغا باردى. ياتاقتا تاھىر رەسىم سىزىپ ئولتۇراتتى. ئۇ خاتىرىسىگە ئاشۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغانىدى:

« مەن ئۇنىڭ ئىزدەپ ياتىقىمغا كېلىشىنى پەرەز قىلىپ، ياتاقتىن

چىقماي كۆتۈپ تۇردۇم . ئۇنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەر مىنۇت ھەر سېكۇنت ھېس قىلىپ تۇرماقتىدىم . شۇنىڭ بىلەن بىرگە مېنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىممۇ ئاستا- ئاستا يېقىنلاپ كەلمەكتىدى . يېقىنلىششتا دىنىي سىياقىنىكى سۈر ۋە ئەپسانىۋى سىرلىقلىق بار ئىدى . مېنىڭ قېنىم جۇش ئۇرماقتا ، يۈرىكىم تېپچەكلىمەكتە . ئۇ بۈگۈن مېنى چوقۇم ئىز- دەپ كېلىدۇ . مەن ئۇنى كۈتمەكتىمەن . گويا يۈرىكىم ئىشىككە ئېسىپ قويۇلغاندەك ياكى ئىشىك بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك ھەر بىر قېتىم ئىشىك غىچىرلىسا يۈرىكىم تەۋرەپ كېتەتتى . بۇ بىر مۇقەددەس كۈتۈش ئىدى . مەن ئىبلىسنى ۋە ئاخىرقى كۈنلەرنى كۈت- مەكتىدىم ... »

پەردە كىرىپ كەلگەندە تاھىر ئۇنىڭغا كىم كىرگەندۇ دەپ بولسىمۇ ئۆرۈلۈپمۇ قاراپ قويماي دېمىدى ، ئۇ پەردەنىڭ كىرىپ كەلگەن- لىكىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھېس قىلماقتىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭغا ئۆ- رۈلۈپ قاراش ھاجەتسىز ئىدى . ئۇ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرماقتىدى .

— تاھىر ، باياتىن تېلېفون بەرگەن سىزمۇ ؟

تاھىر ئۈندىمىدى .

— گەپ قىلىسىڭىزچۇ ؟ مەن ئاۋازىڭىزدىن تونۇپ قالدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئىشنى سىزدىن باشقا ھېچكىم قىلمايدۇ .

تاھىر يەنىلا ئۇنچىقماي ئالدىغا قاراپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ پېشانى- لىرىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلماقتىدى . ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ جىددىيلىشى- شىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن رەسىم سىزىشنى داۋاملاشتۇرماقتىدى .

— تاھىر سىز بۇنداق قىلىپ نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى ؟

تاھىر بىردىنلا پەردەگە قايرىلىپ قارىدى - دە ، كەسكىن ھالدا بۇيرۇق قىلدى :

— كىيىملىرىڭىزنى سېلىۋېتىڭ !

پەردە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى . ئۇ

بۇنى زادىلا كۈتمىگەنىدى .

— تاھىر ، سىز نېمە قىلماقچى ؟! — پەرىدەنىڭ ئاۋازى چىرقىرىغاندەكلا چىقىپ كەتتى .

— بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە ئىجاد قىلغان ئەڭ بۈيۈك ئەسىرىم . ھەقىقىي سەنئەت دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ .

تاھىرنىڭ بۇ يەردە نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى .

— ئەڭ بۈيۈك ئەسەر — رېئاللىق ، مەن رەھىمسىز بىر رېئاللىقنى ئىجاد قىلدىم .

— تاھىر ، سىز بۇنداق قىلىپ نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى ؟

— كىيىملىرىڭىزنى سېلىڭ ! بۇ مېنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىم ، ئەجەپ ئېنىق بولمىدىمۇ ؟ سىزگە بەلكىم سانسىزلىغان ئەرلەر شۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، بۇ سۆزگە كۆنۈپ قالغانسىز ، ئەجەبا بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك تەمتىرەپ تۇرىسىزغۇ ؟!

تاھىر ھەم ئەسەبىيلەشكەن ھەم نومۇسسىزلاشقان ئىدى . بۇ نومۇسسىزلىق ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنىڭ ۋە بەربات بولۇپ بولغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى . تاھىر تامامەن ئاخىرلىشىپ بولغانىدى .

— تاھىر ، سىز ساراڭ بوپسىز !

— ساراڭ بوپسىز ؟ ! — تاھىر ئەسەبىيلەرچە قاقاقلاپ كۈلدى ، — سىزنىڭ مەندەك مەجنۇن بولالىشىڭىز ناتايىن . ھېچكىم مەندەك ساراڭ بولالمايدۇ . ساراڭلىقمۇ ئاسان ئەمەس ، ئۇنىڭغىمۇ نۇرغۇن جۈرئەت ۋە قەھرىمانلىق كېتىدۇ .

— ماڭا ئۇنداق گەپ قىلىدىغان نېمە ھەددىڭىز ؟

— ئۇنداقتا مەندىكى رەسىملەر ئەتىلا ئېرىڭىز ، قېيىنئاتا ، قېيىنئانا ۋە باشقا بارلىق دوستلىرىڭىز ، تونۇش بىلىشلىرىڭىزنىڭ قولىغا يېتىپ بولىدۇ .

— تاھىر سىز نېمە دېسىڭىز مەن قىلىپ بېرەي ... ھەرگىز ئۇنداق قىلىپ سالماڭ ... مەن ئۆتۈنۈپ قالاي ... — يىغلامسىرىغان ئاۋاز

بىلەن يىپلىندى پەردە .

— مېنىڭ تەلىپىم شۇ بىرلا ، باشقا ھېچ نەرسىنى تەلەپ قىلمايمەن . ماڭا سىزنىڭ بەدىنىڭىز كېرەك . باشقىلار ھۇزۇرلىنالايدىغان بۇ گۈزەل تەندىن مەنمۇ ھۇزۇرلىنىپ باقاي ...

— تاھىر ، ئاشۇ نومۇسسىز گەپلەر قانداقمۇ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىقىۋاتىدۇ ؟ سىز دېگەن بىر سەنئەتكار ، ئالىيجاناب يىگىت ! ... سىز پەقەتلا شەھۋانىي ھەۋىسىڭىز ئۈچۈن بۇنداق رەزىل ۋاستىلەرنى قوللانسىڭىز قانداق بولىدۇ ؟ گەپلىرىڭىزگە ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ .

— پەردە ، سىز مېنىڭ ھېسسىياتىمنى چۈشەنمەيسىز ، مېنى ئۇنداق ئەيىبلىمەڭ ! مەنمۇ ئىلاجسىز . سىز مېنى تامامەن بەربات بولۇشقا قىستىدىڭىز . مېنىڭ شۇنداق قىلىشتىن باشقا ئىلاجىم يوق . سىزمۇ قولىڭىزدىن كەلگەن ۋاستىلەرنى قوللىنىپ مەقسىتىڭىزگە يەتتىڭىز ، ئەركىنمۇ مەقسىتىگە يەتتى ، كاملمۇ دادىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆز مەقسىتىگە يەتتى . مەنچۇ ؟ مەنلا بىر ئۆمۈر ھەسرەتتە ئۆتۈپ كېتەمدىم ؟ مانا ئەمدى ماڭىمۇ ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان يول تېپىلدى ، مەن بۇنىڭدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن . بۇ دۇنيا رەزىللىك بىلەن تولغان دۇنيا . ھەممە ئادەم ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ئۇسۇلنى قوللىنىۋاتىدۇ ، مەن نېمىشقا قوللانمايدىكەنمەن ؟

— تاھىر ، ئۆتۈنۈپ قالاي سىز مېنى بۇنداق قىستىماڭ ! سىز مېنى خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلسىڭىز نېمە پايدىسى ؟

— مېنىڭ تەلىپىم سىز ئۈچۈن ھېچقانچىلىك ئىش ئەمەس ، ئورۇندىغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەسقۇ ، سىزدىن كەتسە نېمە كېتىدۇ ؟!

— مەن ئۆزۈمنى بۇلغىدىم ، يەنىلا بۇلغاۋېرىشنى خالىمايمەن !

— ماقۇل دېسىڭىز نېمە زىيان تارتىسىز ؟

— مەن بۇنىڭدىن چەكسىز خورلۇق ۋە روھىي ئازاب تارتىمەن . مەن ئۈچۈن دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق زىيان تارتىش بولمايدۇ ! مەن بۇنداق زور بەدەل تۆلەشكە چىدىمايمەن ... سىز بىلەمسىز ؟ سىز مېنى بۇزۇق ئايال ئورنىدا كۆرۈۋاتامسىز ؟ مەن ئۇنداق ئەمەس . مەن يەنىلا

پاكلىقنى ، ئەخلاقنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدىغان ئايال !

— ئۇنداقتا ئېرىڭىز بار تۇرۇپ ئاشنا تۇتۇشىڭىزنى نېمە دەپ چۈشەندۈرىسىز ؟

— ئۇ مېنىڭ ئاشنام ئەمەس ! سىز بىلىسىزغۇ ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن . رېئاللىق مېنى ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىدى . مەن بۇزۇق ئايال ئەمەس . مەن پەقەت رېئاللىقنىڭ قۇربانى ، مەن پەقەت قاتمۇ قات گاڭگىراش ئىچىدە قالغان ئايال ! مەن كەسىپ بىلەن ئەخلاق ، ئەخلاق بىلەن سۆيگۈ ، يەنە ئىنسانغا خاس تەلەپ ئوتتۇرىسىدا جان تالاشقان بىچارە ئايالمەن . مەن بىر تراگېدىيىلىك ئادەم . مەن ئادەم ! ئادەم بولۇپ ياشىغانلىقىم ئۈچۈن پەقەت ئادەمگە بىرلا كېلىدىغان بۇ ھاياتتا ئۆز غا- يەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشمىسام بولمايدۇ . ئادەم بولغانىكەنمەن ، ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مېنىڭ قەلبىمدىمۇ سۆيگۈ — مۇھەببەت بار . مەنمۇ ھەممە ئادەمگە ئوخشاش ئۆز قەلبىمدىكى مۇھەببەت تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى ئىزدەيمەن . بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ تەبىئىتىدە ئەسلىدىلا بار بولغان ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ تۆپكى ئىستەك ، بىراق بۇلار مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا ئۆز ئارا توقۇنۇشۇپ قالدى . مەن بولسام ئۇلارنىڭ ھېچقايسىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايمەن . مەن بۇلار ئارىسىدا ئەڭ ئازابلىق بولغان جان تالىشىشنى باشتىن كەچۈردۈم ... ئاھ خۇدا ... كىممۇ مېنى چۈشىنەر ؟

پەردەنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى . ئۇلار بىر — بىرىگە قاراشقىنىچە خۇددى قاتقان ھەيكەلدەك قىمىرلىماي ناھايىتى ئۇزاق تۇرۇشتى . ئۆي ئىچىگە بارا — بارا قاراڭغۇلۇق چۈشۈشكە باشلىدى . ئۇلارنىڭ قاتقان گەۋدىلىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق بولۇپ غۇۋالىشىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەممە گەپ تۈگەپ بولغاندەك قىلاتتى . ھەر ئىككىيلەن زۇۋان سۈرمەيتتى .

ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرغان تاھىر بىردىنلا ئېتىلىپ بېرىپ پەر- دەنى قۇچاقلىۋالدى . پەردە بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن چۆچۈپ نېمە قىلى- شىنى بىلەلمەي قالدى . ئۇ ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە تاھىر ئۇنى سۆرەپ

كارۋاتقا ئېلىپ باردى. كىمنىڭدۇر پۇتى تىكلەپ قويۇلغان رەسىم جاھازىسىغا تېگىپ كېتىپ جاھازىنى ئۆرۈۋەتتى. يەنە بىر مۇنچە نەرسىلەرنىڭ يەرگە چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. تاھىرنىڭ خاتىرىسىدە بۇ ئىشلار ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم پەرىدەگە ئېسىلىشى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەندى. ئۇ ئاشۇ چاغدىكى تۇيغۇسىنى يەنە بىر قېتىملىق جىنسىي ئالاقە بىلەنمۇ ئارىلاشتۇرۇپ قويدى. پەرىدە قانداق قىلدى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى تاھىرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ ئىشىك تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى.

تاھىر بوشاشقان ھالدا ئورنىدا ئۆزىنى تاشلاپ بېشىنى سالغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۇزۇنغىچە چىراغنىمۇ ياندۇرمىدى.

پەرىدە شۇنىڭدىن بېرى خۇدىنى يوقىتىپلا يۈردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چەكسىز بىر خىل ئەنسىزلىك چىرمىۋالغانىدى. قويغان تۇتقىنىنى بىلمەيتتى، چۆچۈپلا تۇراتتى..ئۇ بۇنداق كۈنلەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالماي قالدى. ئۇ ھامان قورقۇنچلۇق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن باشقا ھېچ ئىشقا كاللىسىنى ئىشلىتەلمەي قالغانىدى. شىركەتتە ئىشلىرى زادىلا قولاشماي قالدى. ئىمزا قويسا دائىم خاتا ئىمزا قويۇپ قوياتتى. ھەممە ئىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ قاچاتتى. ئۆيىگە كەلگەندە دائىم ئەنسىز كۆزلىرى بىلەن قورقۇنچلۇق بىر ئىشنىڭ قانداق تەرىزدە يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغان ھالدا يەر تېگىدىن سىنچىلاپ قاراپ، كامىلنىڭ ھەر بىر ئىنچىكە ھەرىكىتى ۋە چىراي ئىپادىلىرىگىچە كۆزىتىپ تۇراتتى. يولدا پىكاپ بىلەن كېتىۋېتىپ نەچچە قېتىم خىيالچان ھالدا ئەينەكتىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرغاندا، بىردىنلا پىيادىلەر يولىدا كېتىۋاتقان تاھىرغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ گەۋدىسىنى كۆرۈپ قالسا قاتتىق چۆچۈپ، ئۇنىڭغا قادىلىپ قاراپ قالاتتى.

تېلېفوننىڭ ھەر بىر جىرىڭلىغان ئاۋازى پەرىدەنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋېتەتتى. ئۇ چۈشلىرىدىمۇ تېلېفون ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. يولدا تاھىرنىڭ گەۋدىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان

بىرەر گەۋدە ئۇچراپ قالسا ئۇنى ئۆز ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قورقۇپ كەتسە ، تېلېفون كەلسە تاھىرنى تېلېفوندا كامىلغا بىر نەرسە دەپ قويارمىكىن دەپ يۈرىكى سۇ ئىدى . بىر كۈنى ئۇ ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتاتتى ، كامىل بولسا كەلگەن مېھمانلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى ، ئۇ تېلېفون جىرىڭلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئەندىكىپ كەتتى ـ دە ، يۈگۈرۈپ چىقىپ تېلېفونغا قاراپ ئېتىلدى . ئۇنىڭ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتايلا دەپ قالغان بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ، ھەممەيلەن ھاڭ ـ تاڭ قالدى . كامىل تېلېفوننىڭ يېنىدىلا ئولتۇرغان بولغاچقا پەردە كېلىپ بولغۇچە تېلېفوننى ئېلىپ بولغانىدى ، پەردەنىڭ يۈپيۈمىلاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى ۋەھىمە بىلەن چەكچەيگىنىچە كامىلغا تىكىلگەنىدى . ئۇ ئۆزىدىكى جىددىيلىششىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشقانسېرى چاندۇرۇپ قويۇۋاتقاندەك ھېس قىلماقتىدى .

— ۋەي ... ۋەي ! ... — كامىل ئاچچىقى بىلەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويدى ، — قانداق بىر ساراڭ بۇ ! بىرسى ئېلىشىپ قالدىمۇ نېمە ، كەچكىچە تېلېفون ئۇرىدۇ ، تېلېفوننى ئالساملا گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالىدۇ .

پەردىگە خۇددى تاھىر كامىلغا ھەممە ئىشنى دەپ قويغاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى ، كامىل قەستەن ئۇقمىغانغا سېلىپ ، ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈپ پەردەنى قىيناۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى .

پەردە ئاشخانىغا قايتىپ كىردى ، ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ بولۇپ بېشىنى چىقىرىپ كامىلغا قاراپ باقتى ، كامىل ھېچ ئىش بولمىغاندەك مېھمانلار بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى . پەردە ئاشخانىدا قولى ھېچ ئىشقا بارماي پىچاقنى قولىغا ئالغىنىچە تۇراتتى . مېھمانلارنىڭ قىزغىن پاراڭلىرى ، كۈلكە ـ چاقچاقلىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى ، ئۇلار خۇددى ئۇنىڭ ساراسىمىگە چۈشكەن ھالىدىن كۈلۈۋاتقاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى .

يەنە بىر قېتىم تېلېفون جىرىڭلىغاندا كامىل مېھمانلارغا ھاراق قۇيۇۋاتاتتى ، ئاڭغۇچە پەردە يۈگۈرۈپ كېلىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى :

— ۋەي ... ۋەي ... مەن پەرىدە ...

پەرىدە ئۆزىدىكى ئالاقزادىلىكنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن تېلېفوندا سۆزلەشكەندە تام تەرەپكە قارىۋېلىپ سۆزلەشتى.

— مەن تاھىر، — بىر ھازادىن كېيىن تېلېفوندىن ئاۋاز چىقتى. پەرىدە چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئەھۋال سورىدى:

— ھە، قانداق ئەھۋالىڭىز ... ھە ... ھە ... مەنمۇ تىنچ ... ئامان تۇرۇۋاتىمەن.

— مەن سىزدىن ئەھۋال سورىمىدىم، — دېدى تاھىرنىڭ زېمىستاندەك سوغۇق ئاۋازى ۋە ئارقىدىنلا سورىدى، — ئېيتىڭا بىر قارارغا كەلدىڭىزمۇ ؟

— ھە، ئەتە ئىشخانىغا كېلىڭ، ئىشخانىدا پاراڭلىشايلى، — پەرىدە شۇنداق دەپ قويۇپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى، — بىر سودىگەر تىجارەت توغرىسىدا پاراڭلاشماقچى ئىكەن، — دەپ قويدى ئۇ ئۆزىگە ھەيران قېلىپ قاراپ تۇرغان كامىلغا.

ئەتىسى تاھىر بىلەن پەرىدە ئىشخانىدا سۆزلەشتى.

— تاھىر، ئۇنداق قىلماڭ ... مەن ھازىر قورقۇنچتىن ئېسىمنى يوقىتىپ تۇگىشەيلا دەپ قالدىم، ماڭا ھەرقانچە بولسىمۇ ئازراق ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز ساراڭ بولۇپ قالىمەن.

تاھىرنىڭ چىرايى مەغرۇرلۇق بىلەن قاتقانىدى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم پەرىدەنىڭ ئالدىدا غالىبانە تۇرۇشى ئىدى.

— مەن دۇنيادا يالغۇزلا ساراڭ بولۇپ قالماي، مەن ھەممە ئادەمنىڭ ساراڭ بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن! مېنى ساراڭ قىلغان نەرسە زادى نېمە؟ ... ئۇ باشقىلارنىڭ نورماللىقى! كىشىلەرنىڭ نورمال خىياللىرى، نورمال ھەرىكەتلىرى مېنىڭ بەكمۇ ئوغامنى قايىنىتىدۇ! نورماللىق دۇنيادىكى بارچە گۈزەللىكنى بىتچىت قىلىپ تاشلايدىغان كۈچ!

پەرىدە ئەلەمدىن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتكەنىدى.

— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! — دەيتتى ئۇ تىترەك ئاۋازدا.

— ماڭا كىمنىڭ ئىچى ئاغرىغان؟ — دېدى تاھىر، — سىز

تېخى ماڭا مەن سىزگە يېلىنغانچىلىك يېلىنىپ باقمىدىڭىز .
— نېمە دېسىڭىز قىلىپ بېرەي .
— مېنىڭ ئاشنام بولۇڭ .
تاھىر شۇ قەدەر تۇگىشىپ كەتكەنكى ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ھەتتا ئىستېلىستىكا دېگەن نەرسىلەرمۇ قالمىغانىدى . ھەر بىر سۆزنى توغرىدىن توغرا ئېيتىۋېرەتتى ، ھېچ نەرسىنى يوشۇرمايتتى .
— بىراق مەندىن ئۇنى تەلەپ قىلماڭ ، باشقا ...
— نېمىشقا ؟ ! — تاھىرنىڭ گۈلدۈرماماسدەك پارتلاپ چىققان ئاۋازى ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى .
— بۇنى مېنىڭ ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ ، ئۆلۈشكە رازىمەنكى ، بۇ تەلىپىڭىزنى ئورۇندىيالمايمەن !
بۇ سۆز تاھىرنىڭ قاتتىق ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى .
— مەن ئىشىنىمەنكى ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى سىزگە شۇنداق تەلەپنى قويسا سىز ھەممىسىنى قوبۇل قىلىۋېرىسىز . سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىكى گۈزەللىك تەڭداشسىز گۈزەللىك ، بۇنىڭ بىرلا ئادەمگە تەۋە بولۇپ كېتىشىگە ھېچكىم چىدىمايدۇ . سىزدىكى بۇ گۈزەللىك پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ھوزۇرلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا كېرەك ، شۇڭا سىز ھەممە ئەرلەرنىڭ تەلىپىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىسىز ، پەقەت ... پەقەت بۇ دۇنيادا بىرلا مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلامسىز ؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىشىلەرنى ئېچىرقىتىدىغان كۆلكىلىرىڭىز بىلەن ھەممە ئەرلەرنى سەۋدايى قىلىۋېتەلەيسىز ، ئېزىتقۇدەك ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ھەممە ئەرلەرنى ئەسىر قىلىپ تويماس نەپسىڭىزنى قاندۇرىسىز .
— تاھىر ، بولدى ! — ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىراپ تاشلىدى پەرىدە ۋە بىر ھازا ئاچچىقىدا گەپ قىلالماي بوغۇلۇپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن تۇكۇرۇكىنى ئىچىگە يۇتنۇۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ يېلىنىپ تۇرغانلىقىنى ئاران يادىغا ئالغاندەك بولۇپ ، يەنە بىچارە ھالىتىگە قايتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — سىز مېنى نېمىشقا شۇنداق بۇزۇق ئايال دەپ

ئويلايسىز ؟ مەن ئەزەلدىن ئۇنداق يامان ئىشلارنى قىلىپ باققىنىم يوق ، مەن ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا سىزنىڭ خەتلىرىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ ، سىزنىڭ مېنى نېمىشقا بۇزۇق دەپ ئويلايدىغانلىقىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلـ مەيتتىم . « قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق » دەپ ماڭا تەلەپ قويۇپ كـەينىمدە يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى چىدىماي كەينىمدىن گەپ تېپىپ يـۈرسـە ، مەن تېخى سىزنى شۇلارنى ئاڭلاپ خاتا ھالدا مېنى شۇنداق دەپ قـاراپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم . سىز تاكى ھازىرغىچە مېنى شۇنداق دەپ قارايدىكەنسىز ، مەن ئاخىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزۈمنى ئاقلىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم ، لېكىن بىلىشىڭىز كېـرەككى ، مەن بىر پاك ئايال .

— پاك ئايالمىش ! — دىمىقىنى قاقتى تاھىر ، — سىزنىڭ ماڭا ئۆزىڭىزنى ئاقلاپ بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ، مەن سىزنىڭ قانداق ئېكەنلىكىڭىزنى ئەزەلدىن بىلىمەن ! سىز بىر جالاپ ، ئەگەر ئۇنداق بولـمىغان بولسىڭىز مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغان بولاتتىم . مەن پەقەت شۇنداق بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ھەم ھازىرغىچە ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن ، سىزدەك گۈزەل ئايال چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك ، بولمىسا بۇ دۇنيانىڭ تەڭسىزلىكىگە چىداپ تـۇرغىلى بولمايدۇ ! سىزدەك گۈزەل ئايالغا پەقەت بىرلا ئادەم ئېرىشىپ باشقىلار ئېرىشەلمىسە بۇ تەڭسىزلىككە كىممۇ چىدىيالىسۇن ؟ ئۇنداقتا كىشىلەرگە بۇ دۇنيا بەكمۇ قاراڭغۇ بولۇپ قالىدۇ .

— تاھىر ، سىز كېسەل ، سىز دوختۇرغا بېرىپ كۆرۈنۈشىڭىز كېرەك ... سىز داۋالىنىشىڭىز كېرەك ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ كېسەل ئىكەنلىـكىڭىزنى ھېس قىلالمايسىز ....

— مەن ھېس قىلالايمەن ، بىراق مەن شۇنداق بولۇشنى خالايـمەن ، ساق ئادەم بولغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى ؟!

— مەن بىر پاك ئايال ، سىزنىڭ مېنى بۇزۇق دەپ ئويلاپ قېلىـشىڭىز تامامەن سىزدىكى خىيالىي سېزىمدىن بولغان ، سىز شۇنداق دەپ مەجبۇرىي ھالدا بۇ خىل ئىدىيىنى ئۆزىڭىزگە زورلاپ تاڭغان ، ئاندىن

ئۇنىڭغان ئىشەنگەن، بۇ پسىخولوگىيىدە مەجبۇرىي ئىدىيە دېيىلىدۇ. مەن سىزنىڭ خەتلىرىڭىزدىن بۇنى سەل ھېس قىلىپ يەتكەندەك بولغانىدىم، سىزدە پەيدا بولغان مەجبۇرىي ئىدىيە ئېڭىڭىزدا دائىم رول ئويناپ تۇرغاچقا مېنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىم سىزدە ئەنە شۇنداق ھېستىرىيىلىك گۇمان پەيدا قىلغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ھەر بىر سۆزۈم، ھەر بىر ھەرىكىتىم سىزگە بۇزۇقچىلىق بولۇپ تۇيۇلغان ... ئۆتكەندە يۈز بەرگەن ئىشنى ياخشىراق ئويلانسىڭىز ئۆزىڭىز چۈشىنەلەيسىز...

— ياق! — كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى تاھىر، — سىز بۇنداق دېيىش ئارقىلىق مېنىڭ قەلبىمدىكى ئاشۇ مېنىڭ روھىم ياساپ چىققان قەدىمكى بابىلنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى ئەڭ بۈيۈك جالاپلارنىڭ ھەيكىلىدەك مۇقەددەس ئوبرازنى، ئەڭ ئۇلۇغ گۈزەللىكنى بىتچىت قىلماقچىمۇ؟! مەن بۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايمەن، ھەرگىز! سىز مېنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئەسىرىم، مەن سىزنى پۈتۈن ھاياتىمنى سەرپ قىلىپ ئىجاد قىلدىم، سىز مېنىڭ روھىمدىكى بۇ گۈزەل ئوبرازنى ۋەيران قىلسىڭىز بولمايدۇ!

پەرىدە چەكسىز نائىلاجلىق ئىلكىدە تاھىرغا ھەم ھاڭ-تاڭ قالغان، ھەم غەزەپلەنگەن، ھەم ئېچىنغان، ھەم يىرگەنگەن ھەم نەپرەتلەنگەن ھالدا قاراپ تۇرۇپ قالغانىدى.

— مەن سىزگە بىر ھەپتە ۋاقىت بېرىمەن، ئالدىمىزدىكى ھەپتىنىڭ بۈگۈنكى كۈنى يەنى سەيشەنبە كۈنى كەلگۈچە ياكى مېنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلىسىز ياكى بولمىسا رەسىملەر كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ بولىدۇ.

تاھىر شۇنداق دەپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىۋىدى، پەرىدە:

— ئۇ رەسىملەرنى مەن كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ — دەپ ئۇنى مېڭىشتىن توختاتتى.

— سىز باشقىلاردىن كۆرىۋېلىڭ، — دېدى تاھىر، پەرىدە ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى.

ۋەھىمىلىك كۈنلەر يەنىلا پەرىدەنىڭ گېلىدىن سىرتماقتەك سى-

قىشقا باشلىدى، تاھىر ئېيتقان قورقۇنچلۇق سەيشەنبە كۈننى مىنۇتلاپ، سېكونتلاپ يېقىنلاپ كەلمەكتىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا چۈشكەن سىرتماق تېخىمۇ تارىيىۋاتقاندەك ئۇنىڭ نەپسى سىقىلماقتىدى. ئۇ كامىلغا چاندۇرماسلىققا تىرىشقانسېرى چاندۇرۇپ قويۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئەتىسى جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى، بىراق كەچتە كامىل بىلەن بىللە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپلا ئىشىكنىڭ ئاستىدىن كىرگۈزۈپ قويۇلغان بىر كونۋېرتنى كۆرۈپ چۆچۈپ ۋارقىراپ تاشلىدى:

— پەرىدە نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى كامىل ھەيرانلىق بىلەن.

پەرىدە ئالمان ـ تالمان كونۋېرتنى ئېلىپ سومكىسىغا سېلىۋالدى ۋە ئالاقزادە ھالدا ياتاق ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى. كامىل ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ ئىشىكنى ئىتتىرىپ، مۇشتىلىدى.

— پەرىدە، نېمە ئىش بولدى؟ ئىشىكنى ئاچ!

پەرىدەنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى زادىلا قولاشماي قالدى. ئۇ ئاران تەستە كونۋېرتنى ئېچىپ خەتنى ئوقۇدى، خەت باشقا بىرەيلەندىن كەلگەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىردىنلا بوشىشىپ، جانسىز گەۋدىسى ئىشىككە يۆلىنىپ قالدى. ئاندىن ئۇ ھالسىز قولى بىلەن ئىشىكنى ئاچتى. كامىل ئۇنىڭ قولىدىن كونۋېرتنى يۇلۇپ ئېلىپ سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

پەرىدەنىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈدەك ھالى قالمىغانىدى. ئۇ كامىلنىڭ ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

— قانداق تېخىچە بىر قارارغا كەلمىدىڭىزمۇ، — دەپ سورىدى ئەتىسى تاھىر ئۇنىڭ يانفونىغا تېلېفون بېرىپ، پەرىدە ئاشۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قارا رەڭلىك «مېرسېدېس» ماركىلىق ماشىنىسىدا شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنى ئارىلاپ كېتىۋاتاتتى. پەرىدە يانفوننى تۇتقىنىچە ئۈن چىقارماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ شوپۇرغا ماشىنىنى توختىتىشنى بۇيرۇق قىلدى، ئاندىن ماشىنىدىن چۈشۈپ شوپۇرنى شىركەتكە بېرىپ تۇ-

رۇشقا بۇيرۇدى ، ئۆزى بولسا شوپۇر كەتكەندىن كېيىن تاكسىدىن بىرنى توسۇپ ئۇنىڭغا چىقتى ۋە ئۇدۇل تاھىرنىڭ ياتىقىغا باردى . ئۇنىڭ قولىدا مەخپىي نومۇرلۇق كىچىك چامادانىدىن بىرسى بار ئىدى . ئۇ تاھىرنىڭ ياتىقىدا چامادانىنى تاھىرنىڭ ئالدىغا قويۇپ سورىدى :

— تاھىر سىزنىڭ مائاشىڭىز قانچە ؟

— 411 يۈەن 50 فۇڭ ، — جاۋاب بەردى تاھىر . ئۇنىڭ چىرايى پۈتۈنلەي ئىپادىسىز ئىدى . خۇددى تامدەك جانسىز بولۇپ ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭغا بىرەر ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

— تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقمۇ ئادەمنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىدۇ ، شۇ تاپتا سىزگە كەڭرى ، ئازادە ئۆيدىن بىرى كېرەك . بۇ ياتاقنىڭ شارائىتى سىزنىڭ تالانتىڭىزنى بوغۇپ قويىدىغاندەك تۇرىدۇ ، رەسىم سىزىدىغان كەڭرى ئۆي بولسا چوقۇم روھىڭىز كۆتۈرۈلۈپ ، قالايمىقان خىياللار سىزنى ئىسكەنجىسگە ئېلىۋالالمايتتى . سىز پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن رەسىم سىزاتتىڭىز . بۇ يەر تار ھەم مالىماتاڭ ئىكەن ، بۇ سىزگە بېسىمدەك تۇيۇلىدۇ .

— سىز نېمە دېمەكچى ؟ — سورىدى تاھىر .

— مەن سىزگە ياردەم قىلاي .

ئۇ مەخپىي نومۇرلۇق چامادانىنىڭ نومۇرلىرىنى توغرىلاپ ئاچتى ، چامادان ئىچىدە لىق پۇل بار ئىدى .

— مەن سىزگە 50 مىڭ يۈەن ياردەم قىلاي ، سوۋغام بولسۇن .

تاھىر پۇلغا قاراپمۇ قويماي ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سىرتقا ، يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر سېلىپ قاراپ تۇردى .

— كىم نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى ئەڭ مۇھىم دەپ ئويلايدۇ . سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە ئەڭ مۇھىم نەرسە پۇل . بىراق ، مەن ئۇچۇن ئۇنداق ئەمەس ! مېنىڭ مائاشىم كۈن ئۆتكۈزۈشۈمگە يېتىشىدۇ ، ئارتۇق پۇلنىڭ كېرىكى يوق . شۇ تاپتا مېنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىم سىزگە ئەڭ ئايان .

پەرىدە ئۆزىنى بېسىۋالالماي ۋارقىرىۋەتتى :

— مەن سىزنى ئەسلى كاللىسىدا بىرەر تاسقام بار دەپ ئويلاپ قالغانىكەنمەن ، ئەمەلىيەتتە سىز يۈزدە ـ يۈز پىرسەنتلا كېسەل ئىكەنسىز ! ساراڭ ئىكەنسىز ، ۋاي خۇدايىم ! ...

ئارىنى بىر هازا سۈكۈت باستى . ئۇلار ئىككىسى قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى .

— مەن ئۆلۈۋالىمەن ! — دېدى پەردە تۇيۇقسىز ، — مېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يولۇم قالمىدى . مەن ئەمدى ...

— ئۆلۈۋالىمەن ! ... هاھ ... هاھ ... هاھ ... — تاھىرنىڭ مۇزدەك سوغۇق ، زۇلمەتلىك هەم قورقۇنچلۇق كۈلكە ئاۋازى ئۇنىڭ سۆزىنى چـورتلا ئۈزۈپ قويدى ، — قارىغا ، بۇ گېپىڭىزنى ، سىزنىڭ قولىڭىزدىنمۇ ئۆلۈۋېلىش كېلەمدۇ ؟ ئۆلۈۋېلىش هەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس ! سىز بۇلغانغان ئىپلاس تېنىڭىزگە تەۋە بولغان ئاغزىڭىزدىن « ئۆلۈم » دىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس سۆزنى چىقارماڭ ! سىز ئۇنى ، دۇنيادىكى ئاشۇ ئەڭ پاك ، ئەڭ بۈيۈك نەرسىنى بۇلغاۋاتىسىز . بۇنداق پاكلىقنىڭ سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىز بىلەن بىرلىششىنى زادىلا خالىمايمەن !

— بەكمۇ ياۋۇز ئىكەنسىز .

— دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسى بىچارىلەردۇر . ياۋۇزلەشىش ، ۋەھشىيلىشىش بۇ بىچارىلىكنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى . شۇڭا ، كىشىلەرنىڭ هەممىسىگە هېسداشلىق قىلىش كېرەك . بارلىق جىنايەتنىڭ مەنبەسى بىچارىلىك ، بۇ بىر خىل جان تالىشىش ، جىمجىتلىق بولسا جانمۇ تالاشماي هالاك بولۇشتۇر . كىچىك چاغلىرىمدا ئاشىق ـ مەشۇقلارنى تەسۋىرلىگەن « غېرىب ـ سەنەم » دېگەن درامىنى بەك كۆپ قېتىم كۆرگەنىدىم . باشقىلار هەممىسى غېرىب بىلەن سەنەمگە هېسداشلىق قىلاتتى ، مەنچۇ ، مەن بولسام ئابدۇللا شاتىرغا هېسداشلىق قىلاتتىم . غېرىب بولسا سەنەمنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن ، ئابدۇللا شاتىرغا قارىغاندا كۆپ تەلەيلىك ئادەم ، بىراق ئابدۇللاچۇ ؟ ئابدۇللا هېچ نەرسـىگە ئېرىشەلمىدى . ئۇ ئاشۇ ئەسەردىكى ئەڭ بىچارە ئادەم ، بۇ بىچارى

لىك ئۇنى ۋەھشىيلەشتۇرگەن . كىشىلەر سەنەم بىلەن غېرىبنىڭ تەق-
دىرى ئۈچۈن قاتتىق ئېچىنىشاتتى ، مەن بولسام ئەسلى ئېچىنىشقا تې-
گىشلىك ئادەم ئابدۇللا دەپ قارايتتىم . كېيىن ئويلىسام كىشىلەر ئەسلى-
دىنلا بەختسىز ئادەمنى ئۆچ كۆرۈپ ، بەختلىك ئادەملەرگە ھېسداشلىق
قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىكەن . مەن كىشىلەردىن ئابدۇللانى ئۆچ كۆ-
رۈشىدىكى سەۋەبنى سورىدىم . ئۇلار ئابدۇللانى سەنەم ياخشى كۆرمە-
گەنلىكى ئۈچۈن ئۆچ كۆرىدىكەن . ئەجەبا غېرىب سەنەمنى ياخشى
كۆرسە بولىدىكەنۇ ، ئابدۇللانىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى جىنايەت-
مىكەن ؟ بۇ نېمە دېگەن تەتۈرلۈك !

تاھىر ئۆز روھىنىڭ ئەتراپىغا ئۆز ئىدىيىسى بىلەن ئەنە شۇنداق
مۇستەھكەم سېپىل سېلىۋالغانىدى . پەرىدە بۇ سېپىلدىن ھەر قانداق قى-
لىپمۇ ھالقىپ كىرگىلى بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ يەتتى .

— تاھىر ، پەيلىڭىزدىن يېنىڭ ، مەن جېنىمدىن تويۇپ كەتتىم ،
ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن ! — دېدى پەرىدە نالە قىلىپ .

— ماڭىمۇ ھېچكىمنىڭ ئىچى ئاغرىمىغان .

— تاھىر ئويلىنىپ بېقىڭ ، سىز ئۆزىڭىزنى زادىلا ياخشى كۆر-
مەيدىغان ئادەمنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە بولۇشقا زورلىسىڭىز بۇنداق زور-
لۇق ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان جىنسىي ئالاقىدىن قانچىلىك لەززەت ھېس
قىلالارسىز ؟ سىز بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئازاب ھېس قىلمامسىز ؟ روھىي
جەھەتتىن تېخىمۇ تۇگىشىپ كەتمەمسىز ؟

— مەن پۈتكۈل ئازابلارنىڭ تەمىنى تېتىپ باقماقچى ، دۇنيادا
ئاشۇنداقمۇ بىر ئازاب مەۋجۇت ئىكەن ، مەن ئۇنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ
باقمىسام ئارماندا قالماسدىم . بىزنىڭ بۇ دۇنيادىن ئالالايدىغان سەزگۈلى-
رىمىزنىڭ ھەممىسى قىممەتلىك ، چۈنكى بىز بۇ دۇنيادا سەزگۈدىن بۆ-
لەك ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيمىز ، قىيپالىڭاچ تۇغۇلغان ، قىپيالىڭاچ كې-
تىمىز ، بىزنىڭ بۇ چەكسىز دۇنيادىن ئېلىپ كېتەلەيدىغىنىمىز زادى نې-
مە ؟ پۇل ، مال دۇنيا ھەممە نەرسە قالىدۇ ، پەقەت بىز سەزگۈگىلا ئې-
رىشەلەيمىز . شۇڭا ، مەن ئۆزۈم ئېرىشكەن سەزگۈلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ

ۋە تېخىمۇ مول بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن . شۇڭا ، مەن مەيلى ئازابلىق بولسۇن ، مەيلى ھاياجانلىق بولسۇن ھەرقانداق سەزگۈنى قەدىرلەيمەن . بولۇپمۇ سەزگۈ قانچە ئازابلىق بولسا ئۇنى كىشى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۇنتۇيالماي ، ئۇنىڭ لەززىتى تېخىمۇ ئۇزاق بولىدۇ ... مەن ھازىر ناھايىتى رەزىل يىرگىنچلىك بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم ، شۇنداقمۇ ؟! بۇنى مەنمۇ ھېس قىلىپ تۇرىمەن .

— تاھىر ، ئۇنداق دېمەڭ ، ئۆتۈنۈپ قالاي ، سىز يىرگىنچلىك ئادەم ئەمەس ، سىز پەقەت كېسەل . مەن سىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىمەن ... سىز بۇنىڭدىن غەيرەت قىلسىڭىزلا قۇتۇلالايسىز . بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇھىتىڭىزنى بىر يېڭىلاپ بېقىشىڭىز كېرەك ئىدى ... سىز ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇپ كېلىشنى بەك ئارزۇ قىلاتتىڭىزغۇ ، سىز ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇپ كېلىڭ ، مەن سىزگە ياردەم قىلاي ... پۇلدىن غەم قىلماڭ ... سىز ئۆزىڭىزنىڭ سەنئەتتىكى تالانتىڭىزنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇشتۇرۇشىڭىز كېرەك ، بۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئۆگىنىپ تالانتىڭىزنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشىڭىز لازىم .

— مېنىڭ تالانتىم يېتىپ ئاشىدۇ ! ئەمدى ماڭا ئۆگىنىشنىڭ كېرىكى يوق . مەن دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ سەنئەتكار ، — دېدى تاھىر كىشىنىڭ ئەقلى يەتكۈسىز بىر خىل ئۆزىگە ئىشىنىش بىلەن ، — چۈنكى بۇ دۇنيادا ئازابتىن مەنچىلىك لەززەتلىنەلەيدىغان ئادەمدىن يەنە بىرى يوق ! ...

تاھىر بۇ گەپنى ناھايىتى مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى ، بىراق پەرىدە ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ تىترەپ ۋۇجۇدىنىڭ خۇددى ئۆكسۈپ يىغلىغاندەك تەۋرەۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى . تاھىر سۆزىنى تۈگىتىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا مېڭىپ كەتتى . پەرىدە ئۇنىڭ كەينىدىن قاتتىقنىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى .

شۇ كۈنى كېچىسى پەرىدە غەلىتىلا بىر چۈش كۆردى . چۈشىدە يوغان بىر يىلان ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى . ئۇ ئىلاننىڭ بېشىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى . يىلان بەكمۇ سىلىق بولۇپ ئۇ شۇنچە چىڭ تۇتسىمۇ ئۇنىڭ

قولىدىن سىيرىلىپ چىقىپ كېتىپ يەنە ئېتىلدى . ئۇ يەنە تۇتۇۋالدى ، شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدى ، ئىشىك چېكىلگەن ئاۋاز بەك يىراق ، بىراق بەكمۇ كۆچلۈك ئىدى . ئۇنىڭ مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى . يىلانىنىڭ سىيلىق بېشى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ھاياجانلاندۇرماقتىدى ، بىراق ئۇ ھەم قورقۇنچقا پاتقانىدى ، قورقۇنچ بىلەن ھاياجان بىرلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ، ئىشىكنى ئېچىشى بىلەنلا ئۆي ئىچىگە قىپقىزىل قان قىيان بولۇپ ئېتىلىپ كىردى . ھەممە يەر قان بىلەن تولۇپ كەتتى . ھەممە ئەتراپ چەكسىز قىزىللىق ئىچىدە ئىدى ، ئۇ قان ئىچىگە چۆكۈشكە باشلىدى . ئۇ ئىشىك تەرەپكە قارىۋىدى تاھىرنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى ، ئۇ ئەسەبىيلەرچە كۈلۈۋاتاتتى . تاھىرنىڭ قولىدىن سانسىزلىغان رەسىملەر لەيلەپ ئۇچۇپ چۇشمەكتىدى . خۇددى سېرىكچىلەر قۇرۇق قولىرىدىن توختىماي قارت چىقارغاندەك تاھىرنىڭ قوللىرىدىن رەسىملەر توختىماي لەيلەپ چۇشمەكتىدى .

پەرىدە ئۇيقۇلۇق تولغىنىپ ، ئىڭراپ ئويغاندى .

ۋاقىت بىر – بىرلەپ ئۆتمەكتىدى ، پەرىدەنىڭ ھەر قانداق سۆزى تاھىردا ئازراقمۇ تەۋرىنىش پەيدا قىلالمايتتى . بىراق ، ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى ، پەرىدە شۇنىڭدىن كېيىن تاھىرنى زادىلا ئۇچرىتالمىدى ، تاھىر ئۇن – تىنسىز يوقىلىپ كەتتى ، يا تېلېفون بەرمىدى يا ئۇنى ئىزدەپ كەلمىدى . بۇنداق ئۇنىسىز يوقىلىپ كېتىش ئۇنىڭ تېلېفون بېرىپ ياكى ئىزدەپ كېلىپ سالغان ھەرقانداق تەھدىدىنىمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق تەھدىد بولۇپ تۇيۇلدى . بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ ۋەھىمىگە چۆكۈپ كەتتى .

— ئاھ ، خۇدا ، مەن نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم – ھە ! ئاھ ، بۇ نېمىدېگەن نومۇس ، نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق ، مەن گۇناھ پاتقىقىغا پاتتىم ... — دەپ زارلاندى پەرىدە ئىشخانىسىدا ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن ئەركىنگە .

— سىزگە نېمە بولدى ؟ — سورىدى ئەركىن ھېچ نەرسىنى سەزمىگەندەك خاتىرجەم ھالەتتە . ئۇنىڭ بۇ ھالىتى پەرىدەنىڭ تېخىمۇ

جىنىغا تەگدى ، — يېقىندىن بېرى خۇدىڭىزنى يوقىتىپلا يۈرگەندەك قىلىسىز ، ئاڭلىسام شىركەتنىڭ ئىشلىرى بىلەنمۇ چاتىقىڭىز يوق بولۇپ كېتىپتۇ . سىزگە زادى نېمە بولدى ، باشقىلار سىزنى ئىشكىنى تاقىۋېلىپ كۈن بويى ئىشخانىدىن چىقمايدۇ يا بىرەرسىنى كىرگۈزمەيدۇ دەيدۇ . بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا جۇدەپ كېتىپسىز ، چىرايىڭىزمۇ تاتىراڭغۇ ...

پەرىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىدە مەنىسىز كۈلۈشتىن پەيدا بولغان سىزىقلارغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ قويۇپ دېدى :

— بولدى ، سىز ماڭا كۆڭۈل بۆلمەڭ ، سىزگە قارىسام تېنىم تىكەنلىشىدۇ ، مېنى بىردەم بولسىمۇ ئارامىمدا قويۇڭ !

— ۋاي – ۋۇي ، ئۆتكەنكى ئىشقا شۇنچىۋالا قىلىپ كېتىۋاتامسىز ؟ ھازىر جەمئىيەتتە ئاشنا تۇتۇش دېگەن مودا ، كىشىلەر ئاشنىسى بارلىقىدىن پەخىرلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئاشنا تۇتالايدىغانلىقىنى كۆز – كۆز قىلىشىپ يۈرىشىدۇ . سىز شۇنچىلىك ئىشتىنمۇ نېمانچىۋالا روھىي ئازاب چېكىپ كېتىسىز ؟ ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز دېگەن پۇلدار ئايال ، ھازىر پۇل تاپقان كىشىلەرنىڭ پۇلدار بولۇپ بىرىنچى قىلىدىغان ئىشى نېمە ، بىلەمسىز ؟ ... ئاشنا تۇتۇش . سىزنىڭ بۇنچىۋالا ئازابلىنىپ كېتىشىڭىزنىمۇ توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ . سىز يېزىدا چوڭ بولغان ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسى ۋە دىنىي تەربىيە سىزنىڭ ئېڭىڭىزنى ئىگىلىۋالغان ، شۇڭا كىچىككىنە ئىشلارنىڭمۇ سىزدە كەچۈرگىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلىدىغان غايەت زور جىنايى تۇيغۇ پەيدا قىلىشى تەبىئىي ئەھۋال ، بىراق سىز بىر ئالىي تەربىيە كۆرگەن ئايال ، ئۆزىڭىزدىكى ئاشۇنچىلىك جىنايى تۇيغۇ ئۈستىدىن غالىب كېلەلمىسىڭىز قانداق بولىدۇ ؟

پەرىدە ئاخىر چىدىيالماي غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ تاشلىدى :

— ئەركىن ، بولدى ! تولا كاپشۇەرمەڭ ، كۆزۈمدىن يوقىلىڭ ! ئەركىن مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ سەل سالماقلاشتى .

— پەرىدە مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، مېنىڭ سىزگە بولغان

مۇھەببىتىم ئەزەلدىن سۇسلىشىپ باققان ئەمەس ، بۇ مېنىڭ چىن يۇرىكىمدىن چىققان گەپ .

— سىز گەپنى ھەقىقىي يۇرەك قېتىڭىزدىن چىقىرىپ ئېيتىۋاتىسىز ، لېكىن مەن ئىشەنمەيمەن ، يۇرەكتىكى ۋەدىنىڭ ھەممىسى راست بولىۋەرمەيدۇ !

— مەن سىزنى سۆيىمەن .

پەرىدە ئەركىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەسكىنىپ كەتتى .

— ئەركىن ، مەندىكى ھازىرقى سەسكىنىشمۇ يېتىپ ئاشىدۇ ، سىزنىڭ چىرايىڭىزنى كۆرسەم نومۇستىن ئۆلۈۋالغۇدەك بولۇپ كېتىمەن ، بىلەمسىز ، سىزنى كۆرسەم سەسكىنىپ قۇسقۇم كېلىدۇ ! ماڭا ھازىر مۇھەببەتنىڭ كېرىكى يوق ! پۈتۈن دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن سەسكىنىپ كەتتىم . تېز كۆزۈمدىن يوقىلىڭ ! سىزنىڭ رەزىل چىرايىڭىزغا قاراپ تۇرۇۋېرىشكە تاقىتىم يوق !

پەرىدە تاھىر توغرىسىدا ھېچكىمگە گەپ قىلىشنى خالىمايتتى ، ھەتتا بۇ ئىشلارنى ئەينى چاغدا رەشىدەگىمۇ دەپ بەرمىگەنىدى . تاھىر نېمە ئۈچۈندۇر بۇ بىر قاتار ئىشلار توغرىسىدا خاتىرىسىگە بىر جۈملىمۇ يېزىپ قالدۇرمىغانىدى . پەقەت خاتىرىسىگە مۇنۇلارنىلا يېزىپ قويغانىدى :

« ۋاقىت ئۇقۇمىنى تەن پەيدا قىلىدۇ ... روھنىڭ ئۆزىدە ۋاقىت مەۋجۇت ئەمەس . پەرىدەنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۆز تېنىدە ، ئۇ پەقەت تېنى ئارقىلىقلا كىشىلەرنى ۋەيران قىلالايدۇ ۋە خۇشال قىلالايدۇ ، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ تېنىگە چۆكۈپ ، تەنىنىڭ گۇناھلىق پاتقىقىغا پېتىپ ياشايدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت مەۋجۇت ، مەن بولسام ئۆز روھىمغا چۆكۈپ ، ئۆز روھىمنىڭ كىشەنلىرى بىلەن كىشەنلەنگەن ، شۇڭا مەن ئۈچۈن ۋاقىت مەۋجۇت ئەمەس ! مەن پەقەت ئاشۇ مۇقەددەس ئىشنىڭ ئالدىدىلا ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇرىمەن ، مەن ئۇنىڭغا قاراپ كېتىۋاتىمەن ، ئۇ مېنى كۈتمەكتە . ئۇ مېنى ۋاقىتنىڭ سىرتىدا كۈتمەكتە . ئۇ

شۇنداق بۈيۈك بىر دەقىقە ئىكەنكى ، مەن پەقەت ئاشۇ دەقىقىنىلا ھېس قىلىپ تۇرىمەن ، ئۇنىڭدىن باشقا ئېڭىمدا ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك ھېچ نەرسە يوق . قانداقتۇر بىر دەقىقە ماڭا يېقىنلاپ كەلمەكتە . بىراق ، مەن بۇنىڭ زادىلا نېمە ئىش يۈز بېرىدىغان دەقىقە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن ، مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئۇ ئىنتايىن مۇھىم دەقىقە ، مېنىڭ ھاياتىمدا ئەڭ مۇھىم ! ... »

تاھىرنىڭ ئۈن ـ تىنسىز يوقىلىپ كېتىشى پەرىدەنى تېخىمۇ كۆچلۈك ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى ، ئۇ ئىلاجسىز ئاشۇ قورقۇنچلۇق پەيتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتكەنىدى . كۈتۈش ئېلىپ كەلگەن دەھشەتلىك جىددىيلىشىش دەستىدىن ئۆلگۈدەك بولدى . ئاخىر تاھىر يەرگەن مۆھلەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىمۇ كېلىپ قالدى ، تاھىردىن يەنىلا ھېچقانداق سادا يوق ئىدى . پەرىدە قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى . ئۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا تاھىرنى ئىزدەپ باردى ، بىراق تاھىر يوق ئىدى . ئۇ تاھىرنىڭ تەلپىگە قوشۇلغان بولۇپ ، تاھىر تارتىۋالغان سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسىنى پىليونكىسى بىلەن قوشۇپ ئېلىۋېلىشنى ئويلىغانىدى ، بىراق تاھىر يوق ئىدى . ئۇ تاھىرنى كۆپ ئىزدىدى ، بىراق ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلىدىغان ھېچكىم چىقمىدى . يەنە بىر كۈندۈز ئۆتۈپ كەتتى . كەچ كىرىپ ئۇ كاملىنىڭ قوينىغا كىرىپ ياتقاندىلا ئاندىن بەلكىم تاھىر نىيىتىدىن يانغان بولسا كېرەك دېگەن يەرگە يەتتى . بىراق ، ئۇنىڭ يۈرىكى بىر نېمىنى تۇيۇپ تۇراتتى . ھەممىدىن غەلىتە يېرى شۇكى ، پەرىدە ھەر كۈنى ئۇيقۇسى كەلمەي يېرىم كېچىگىچە خىيال سۈرۈپ ، قانداق قىلىپ تاھىرنىڭ تۇگىمەس تەھدىتىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى ، بىراق ئاشۇ كۈنى كاملىنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇشى بىلەنلا ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەڭ دەھشەتلىك كۈندە ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك خاتىرجەم ھالدا شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغانلىقىنى ئەسلەپ ھاڭ ـ تاڭ قالدۇ . بۇ بىر غەپلەت ئۇيقۇسى ئىدى . ئۇ ئاشۇ كۈنى بەلكىم سائەت توققۇز ياكى ئونلاردا

ئۇخلاپ قالغاندۇ. كامىل بىلەن بىللە بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ ئازاب ئىدى. بولۇپمۇ ئاشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ۋەھىمىدىن تۈگۈلۈپ كەتكەن ۋۇجۇدىدا جىنسىي لەززەتنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلغىلى بولمايتتى، بىراق ئاشۇ كۈنى ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر كامىل بىلەن ئۆزى خالاپ تۇرۇپ بىللە بولدى. ئۆز تېنىنى ھەر قانداق چاغدىكىدىن ئەركىن قويۇۋېتىپ ھۇزۇرلىنىپ ياتتى. ئۇ نېمىشقا شۇنداق بولغانلىقىنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيدۇ. بىراق، بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئۇ قانداقتۇر بىر جىددىيلىشىش ئىچىدە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ھېچقانداق چۈش كۆرمىگەنىدى. ئويغىنىپ كەتكەندە ئۇيقۇسىغا پۈتۈنلەي قانغان بولۇپ كاللىسى پۈتۈنلەي سەگەك ئىدى. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تېخى تاڭ ئاتمىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە سەگەك ئويغىنىپ كەتكىنىگە قاراپ تاڭ ئاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چۈشىنىكسىز بىر خىل جىددىيلىشىش بار ئىدى. قانداقتۇر بىر بىۋاستە سېزىم ئۇنى دېرىزە تۈۋىگە ئېلىپ بېرىپ ئۇنى سىرتقا قاراشقا ئۈندەيتتى. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ بىردىنلا يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالدى، ئۇ ئاۋازسىز ئىڭراپ تاشلىدى. پەستە تاھىرنىڭ گەۋدىسى خۇددى گۇمانغا ئوخشاش غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ چەكچىيىپ كامىلغا قارىدى، كامىل قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇ ئاشۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئۇقالمايلا قالدى، بەلكىم ئەسەبىيلەرچە بىر ھەرىكەت بىلەن ئېتىلىپ ئاشخانىغا كىرگەندۇ، ئاندىن ئۇنىڭ قوللىرى قاراڭغۇلۇقتا تام ئىشكابىدا يالتىراپ تۇرغان پىچاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ سېپىنى چىڭ سىقىمداپ تۇرغاندۇ، بەلكىم لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىگەن، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا كۆزلىرىنى مىتمۇ قىلىپ قويماي سىرتقا قاراپ ماڭغاندۇ.

تاھىر كېلىپ ئىشىكنى چەككەندە ئۇ ئىشىكنىڭ تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغانىدى. ئىشىك ئېچىلغاندا تاھىر كۆزلىرى چەكچەيگەن، چاچلىرى چۇۋۇلغان پەرىدەنىڭ گەۋدىسىنى كۆردى. ئۇ بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئاندىن بىردىنلا قاتتىق سىلكىنىپ، يۈزلىرى ئازابتىن دەھشەت-

لىك تۇرۇلگەن ھالدا چەكچەيگەن كۆزلىرى بىلەن پەردەگە قادىلىپ قېتىپ قالدى ، ئاندىن قورسىقىغا سانچىلغان پىچاقنى قامالاپ تۇتقىنىچە يەرگە غۇلاپ چۈشتى . پەردە پۈتۈنلەي خۇددى يوقاتقان بولۇپ كۆز-لىرى قاراڭغۇلاشقاندى . ئۇ يەردە ياتقان تاھىرنى كۆرگەندىلا ئاندىن ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ قويغانلىقىنى چۈشەندى .

قورسىقىنى چىڭ تۇتقىنىچە يەردە دومىلاۋاتقان تاھىر ئۇتتەك بىر خىل سېزىمنىڭ ئۆز بەدىنىگە ئاستا يامراۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىدى . بۇ سېزىم شۇ قەدەر سۈس ئىدىكى ، ئۇنىڭغا بوشقىنا ئىگراش كېرەكلە-گىنىمۇ ھېس قىلدۇرالمايۋاتتى . بۇ سېزىم ئوتتەك قىزىپ كەتكەن قومغا تۆكۈلگەن ئازغىنا سۇدەك ھېلىلا كۆيۈپ تۈگەيدىغاندەكلا ، ئۇنىڭ قاغ-جىراپ تۇرغان بەدىنى بۇ سېزىمنى ئۆز تەشنالىقىغا ھېلىلا قۇربان قىلى-ۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇنىڭ ئېڭىدىكى ۋاقىت سېزىمىدە بەلكىم ئىككى ، ئۈچ يۈز يىل ئۆتۈپ كەتتى ... ئۇ خېلى ئۇزاقىچە ياتقاندىن كېيىن شۇنى ئاران ھېس قىلالىدى . ھېلىقى سېزىم گويا چۆلدىكى سەراپتەك گاھ يېقىنلاپ گاھ يىراقلاپ ، ئاياللارنىڭ نازىدەك گاھ شېرىن گاھ ئاچچىق قىياپەت بىلەن يىراق ئۇپۇقتا جاراڭلايتتى . بۇ سېزىم ئەمدى خېلىلا كۈچىيىشكە باشلىغانىدى . ئۇ شۇندىلا بۇنىڭ ئەسلى شې-رىن بولماستىن بەدەنگە قىزىتىپ يېقىلغان تۆمۈردەك ئازابلىق ئىكەنلى-كىنى ھېس قىلدى .

ئىككى ، ئۈچ يۈز يىل ئۆتۈپ كەتتى دەپ ئويلىدى ئۇ . ئاندىن ئاچچىق ، بىراق سۈس ئىگرىدى . بۇ ئىگراش ئۇنىڭ بارلىق قان تومۇر-لىرىنى چىرمىۋالغان ھېلىقى سېزىمنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ سىغماي قالغان قىسمى ئىدى .

بۇ سېزىم ، بۇ ئازابلىق سېزىم — جان ئىدى ! مانا شۇ جاننى — شۇ ئازابنى سۆيۈش ، قەدىرلەش كېرەك ئىدى .

تولىمۇ يىراق بولغان بىر جايدا تولىمۇ سۇس بولغان بىر سادا بوغۇق ھالدا ياڭراۋاتاتتى . بۇ سادا قەدىمىي ئەپسانىلەردەك سادا ، تو-مۇردا ئېقىپ تۇرغان قېنىدەك تونۇش ۋە يېقىملىق ئىدى ...

سىزىم ئۇنىڭ بەدىنىنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بوغۇق ۋە سۇس بولغان ھېلىقى سادامۇ بارغانسېرى ئوچۇق ۋە ياڭراق ھالەتتە ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنى ئىگىلەشكە باشلىدى.

بىر ھازادىن كېيىن ئۇ تولىمۇ تەستە ھوشىغا كەلدى. ئۆز بەدىنىدىكى سىزىمنى جىمجىت تىڭشىدى. ئۇنىڭ مېڭىسى قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. تولىمۇ دەھشەتلىك بىر نەرسە قاتتىق ئۇرۇلۇپ ياردار قىلىۋەتكەندەك قىلاتتى. زادى قانداق بىر نەرسە ئۇنىڭ كاللىسىنى بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاندۇ. ئۇ ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمىدى. ئويلىيالمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئۇزۇن ۋە ئاپئاق بىر نەرسە پەيدا بولدى. ئۇ بىر نەرسە گاھ يىلاندەك تۈگۈلۈپ، يۇمىلاق قىياپەتكە كىرىپ، گاھ دۈشمەنلەرچە قىياپەت بىلەن سوزۇلۇپ، سوغۇق ئاق نۇر چاچاتتى. مانا شۇ نەرسە ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ ئارىسىنى چورتلا كېسىپ تاشلىۋەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان نۇر قۇيقۇرۇق بوشلۇقتا ئوخشاش ئاچكۆز ۋە نومۇسسىزدەك قىلاتتى.

ئۇ بار كۈچىنى يىغىپ بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولدى. بىراق بېشى مىدىرلىشى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇق دەھشەت بىلەن تەۋرەپ، ھەممە كۇمپەيكۇم بولىدىغاندەك تىترەپ كەتتى.

ھەممە ئەتراپ پايانسىز قاراڭغۇلۇق ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ يەنە ئېسىنى يىغىپ، ئاشۇ قاراڭغۇلۇقنى قانداق يېرىپ چىقىشنى خىيال قىلدى. نېمىدۇر بىر نەرسىگە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇنىڭ ماغدۇرى ئۈزۈلەي دەپ قالغاندا بىردىنلا ئالدىدا چەكسىز يورۇقلۇق پەيدا بولدى. ئۇ ئۆزى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بۇ يورۇقلۇقتا ھەيران بولۇپ قارىدى.

يەنە خېلى ئۇزاق ياتقاندىن كېيىن ئۇ كۈچىنىپ بېشىنى كۆتۈردى. ئاندىن يېقىنلا يەردىن ياڭراۋاتقان بىر ساداغا قۇلاق سالدى. بۇ قانىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئىدى.

قانىنىڭ ساداسى ئۇنىڭ بەدىنىگە يۈگۈرەۋاتقان سىزىم يەنى جان

بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇمۇ جانغا ئوخشاش ئازابلىق،
سوغۇق، سىرلىق ۋە غەزەپ ئارىلاشقان بولۇپ، بىر قېرى جاننىڭ ئا-
خىرقى ئىڭرىشىغا ئوخشايتتى.

پەرىدەنىڭ يۈزلىرىگە قىپقىزىل قان چاچراپ كەتكەنىدى، ئۇ
تاھىرنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاقتۇرۇپ تاھىر ئېيتقان ھېلىقى رەسىملەرنى يەنى
ئۇنىڭ رەسۋالارچە ھالدا ئەركىن بىلەن يالىڭاچ ياتقان چاغدا تاھىر تار-
تىۋالغان رەسىمنى تاپماقچى بولۇپ ئاۋارە ئىدى. بىراق، ئىزدەپ تاپال-
مىدى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن يۈگۈرگىنىچە پەلەمپەي بىلەن تۆۋەنگە چۈ-
شۈپ كەتتى، ئۇ تاھىرنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋالغانىدى.

تاھىر يەردە جان تالىشىپ ئۆملىمەكتىدى. ئۇ تىرناقلىرى بىلەن
يەرنى كوچەپ تاتىلايتتى. ئۇ يەردە ئۆمىلەۋاتقاندا قاتتىق سېمونت يەر
ئۇنىڭغا خۇددى ئاياللارنىڭ كۆكسىدەك يۇمشاق تۇيۇلماقتىدى. ئۇ ئۆزى-
نىڭ مۇزدەك سوغۇق سېمونت يەر ئۈستىدىن يۇملاۋاتقانلىقىنى ياكى بىر
ئايالنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى زادىلا پەرق قىلالماي قالدى. ئۇ چەكسىز
قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكمەكتىدى. ئۇ خۇددى چوڭقۇر بىر يەرگە چۆ-
كۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتىدى، بەلكىم ئاياللار بۇنداق چاغدا
خۇددى ھاۋادا لەيلەۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغاندۇ، ئۇ لەيلىسە، بۇ ئۇنىڭ
ئۈستىدە چۆكسە بەلكىم شۇندىلا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكىلى بولى-
دىغاندۇ. ھەممە ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى، قاراڭغۇلۇق بارغانسېرى كۆ-
چىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەتراپنى كۆرمەكچى بولاتتى،
بىراق بىر نەرسە توسۇۋالغاندەك ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالغانىدى.

بۇ كۆزلەرنىڭ لىغىرلاپ تۇرغان يۈزىنى توسۇۋالغىنى ناھايىتى
قېلىن ۋە دەھشەتلىك بولغان كېسەللىك — پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بالايىئا-
پەت ئېلىپ كېلىدىغان، بالايىئاپەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەئى بولغان
ۋاراقلاپ قايناپ تۇرغان، ئەزەلدىن تونۇشلۇقىغا قارىماستىن يەنە مەڭگۈ
غەلىتە ۋە يات تۇيۇلىدىغان كېسەللىك. بۇ كۆزلەر پۈتۈن زېھنى ۋە نۇ-
رىنى يىغىپ قارىغانسېرى ئالدىدىكى مۆلدۈرلەپ تۇرغان، قورقۇنۇچتىن
دۈگىلىنىپ كەتكەن، جىنسىي لەززەتنىڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىشىنى كۆ-

تۇۋاتقاندەك بىچارىلەرچە قارىيىپ، بارلىق نۇرىنى ۋەھىملىك يېغىۋاتقان
كۆزلەرنى قىلچىمۇ كۆرەلمەيدۇ. شۇ تاپ ئۇ كۆزلەرنىڭ ئالدىدا ھېچ
نەرسە-مەۋجۇت ئەمەستەك قىلاتتى. تاتىرىپ كەتكەن يۈزلەر ھېلىلا يې-
رىلىپ كېتىدىغاندەك لىپىلداپ، دەممۇ دەم تارتىشىپ تۇراتتى. بۇ
چىرايلاردىكى قىيپالىڭاچ ئەسەبىي ھېسسىيات تەننى شۈركەندۈرەتتى.
ئۇنىڭدا پۈتۈن دۇنيادىكى مەۋجۇدىيەتنى ۋە ئۆزىنىمۇ ۋەيران قىلىش بار
ئىدى. ئۇنىڭ يوغان بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن چىقىۋاتقان نەپىسىمۇ
ۋەيران بولۇش ئالدىدا دەھشەتلىك تىمتاسلىققا چۆمۈپ، غالجىرلىق بى-
لەن تىنىۋاتقان دۇنياغا ئوخشايتتى. قانسىز بىر جۈپ لەۋ تىترىمەكتە.
يۈزلەر لىپىلداپ تارتىشماقتا. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ لەۋلەردىن سادا چىقماي-
دۇ، پەقەت ئاشۇ تىترەشلا دۇنيادىكى ھەر قانداق سادانى بېسىپ چۈ-
شىدىغان سادا. تىمتاسلىق ھەر قانداق سادادىن قورقۇنچلۇق. تارتى-
شىپ، سۆڭەكلىرى غەلىتىلا غىرسىلاپ كېتىۋاتقان قوللار سوزۇلماقتا.
سوزۇلماقتا ... سوزۇلماقتا. قوللار قېتىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئاخىر گۈ-
زەل ۋە تولغان يەلكىلەرگە تەگكىنى ... كىم بىلىدۇ بەلكىم بۇ قول ئە-
مەستۇر. سوزۇلغان قوللار ئۈن - تىنسىز ھالدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان بول-
سىمۇ يەنىلا قېتىپ قالغاندەك (سۈكۈنات ئۇنى مۇتلەق مىدىرلىمايۋاتقان-
دەك ھېس قىلدۇراتتى) نازۇك بەللەردىن قۇچاقلىدى. ئۇ ئايالنىڭ لەۋ-
لىرىمۇ تىترەيتتى. جىمجىتلىق كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى. بىراق، نەپەس
شىددەت بىلەن تېزلىشىپ باراتتى. سوزۇلغان قوللار ئايالنىڭ تېنىگە
مەڭگۈ يېتىپ بارالمايدىغاندەك قىلاتتى. سوزىلاتتى. سوزىلاتتى. مەڭگۈ
مەڭگۈ، قول بىلەن تاپانچىنىڭ ئارىلىقىدا مەڭگۈلۈك يىراقلىق باردەك
قىلاتتى.

ئۆيدىن ئۇنىڭ ۋەھشىيلەرچە پۇشۇلدىشى تىنىمسىز ئاڭلىنىپ
تۇراتتى. تاتلىق ۋە لەززەتلىك ئىڭراشلارنى ئاشۇ پۇشۇلداش بېسىپ
كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دېيىشىنى تەسەۋۋۇر قىل-
غىلى بولمايتتى، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دېمەسلىكىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بول-
مايتتى. ئۇنىڭغا شۇ تاپ كېرىكى ھاياتمۇ ياكى ئۆلۈممۇ؟ بىلىپ بول-

مايتتى. ۋەھشىيلەرچە جىمجىت پۈشۈلداش — گۇمران بولۇش ئالدىدىكى پۈشۈلداش، دەھشەتلىك تىمتاسلىق، دەھشەتلىك پۈشۈلداش، ئۆلۈم ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تىنىق ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك، گۇمران بولۇش ئالدىدىكى — دۇنيانىڭ پارتلاپ، كۆيۈپ، كۆيۈپ، كۆيۈپ غايەت زور كۈل دۆۋىسىگە ئايلىنىشتىن ئاۋۋالقى تىنىق، پارتلاش ئالدىدىكى سۈكۈنات — ئەڭ قاتتىق سۈكۈنات ئۆلۈم دار ساڭگىلاپ تۇرغان ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا سىرتماق قىلىپ چىگىلگەن. نەپەس، پۈشۈلداش ئەڭ ئاخىرقى پۈشۈلداش ھەر قانداق چاغدىكىدىن تېز، ھەر قانداق چاغدىكىدىن ۋەھشىي! پۈتۈن دۇنيا رېئاللىق سىغىمچانلىقى ئاجايىپ زور نەپەسنى شەكىللەندۈرۈپ نەپەس يوللىرىدىن ئۆتمەكتە. پۈتۈن بەدەندىكى روھ بىرلا كىرگۈزۈش بىلەن تەننى تاشلاپ چىقىپ كەتمەكتە. پۈتۈن دۇنيا رېئاللىق نەپەس يوللىرىدىن بىر توپ كۈل دۆۋىسىدەك شىددەت بىلەن بىرلا نۆۋەتتە ئۆتۈپ كەتمەكتە. قارىغا ئېلىنغان تاپانچىنىڭ ستۋولى پاسكىنىلىق بىلەن قارىداپ دەھشەتلەشكەن. گۇمران بولۇش ئالدىدا ھەممە نەرسە ئەنە شۇنداق. پۈتۈن دۇنيادىكى نومۇس ۋە پاسكىنىلىق يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ «گۇم» قىلغان ئاۋازنى شەكىللەندۈرمەكتە. بۇ — غايەت زور نەپەسنىڭ ئۇيۇپ قېتىپ كىچىكلەپ سىقىلىشتىن قۇتۇلۇپ ئۆلۈم ئالدىدا بىردىنلا پارتلىشى. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ پېتىشى مۇمكىن ئەمەس!

قۇراڭغۇلۇق ئۇنى يۇتۇپ كەتمەكتىدى. بۇ دۇنيادا قاراڭغۇلۇقتا تەڭدىشى يوق بىر قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرمەكتىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاشۇ مىسلىسىز قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە پەرىدەنىڭ نازۇك گەۋدىسىنى كۆرۈپ تۇراتتى. بىراق، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ گەۋدىگە يېقىن بارالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بەكمۇ يىراق ئاشۇ مۇزدەك سوغۇق گەۋدە ناھايىتى يىراق بىر ئالەمدە تۇرۇپمۇ مۆجىزىدەكلا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يۈزلىرىنىڭ تېرىسىدىكى ھەر بىر سىزىق ئۇنىڭ يۈزلىرىنى كېسەللىكتەك چىرمىۋالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا كېسەللىكتەك ئوينايتتى. بىر نەرسە قاتتىق ئىتتىرىپ ئۇلاردىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىپ بارغاندەك قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ يۈزلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى. يەر پىرقىراۋاتاتتى. ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز يېرى شۇكى، ئاشۇ نازۇك ۋە گۈزەل گەۋدە يەرنىڭ يۈزىدىكى تەكشىلىكنى بۇزۇپ بىر تەرەپنى بېسىپ كېتىۋاتاتتى. تەكشىلىكنىڭ بىر تەرىپىنى بېسىپ تۆپتۈز تەگسىز گىرداۋغا ئايلاندۇرۇۋېتىپ باراتتى. ھەممە نەرسە چەكسىز قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چۆكۈپ كېتىپ پەقەت تارغىنا بىر يوچۇقلا قالدى. بەلكىم بۇ پەلەمپەيلىك كارىدورنىڭ دېرىزىسىدۇر. ئۇ يەردىن يولتۇزلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى... يۇلتۇزلار بەكمۇ كىچىكلەپ كېتىۋاتاتتى. دەھشەتلىك قاراڭغۇلۇق... پۈتۈن كائىنات نۇرىنى يوقاتقان. كائىناتتا قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. يولتۇزلارمۇ ئاشۇ چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولۇپ كەتتى.

تاھىر ئۆملەپ كېلىپ پەلەمپەيدىن پەس تەرەپكە قاراپ دۈملاپ كەتتى. ئۇ يىراقلىشىپ كەتكەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

ئاغرىق — جان، جان — ئاغرىق.

سەزگۈلەر پەيدا بولماقتا. غۇۋا ئاغرىق تەن ئىچىدە سەزگۈلەرنى پەيدا قىلماقتا. ناھايىتى يىراقلاردىن تەنگە قاراپ ئۆركەشلەپ كېلىۋاتقان ئاغرىق ھەر بىر تومۇر ۋە ھۈجەيرىلەرگە جان بولۇپ تارقىماقتا. ناھايىتى يىراقلاردىن — باشقا بىر ئالەمدىن لۆمشۈپ كېلىۋاتقان جان ئاۋۋال بەدەننىڭ قايسىدۇر بىر يېرىگە يىغىلىپ ئاندىن باشقا جايلارغا تارقىماقتا. سەزگۈلەرنى سۈس تىترەتمەكتە. قاراڭغۇلۇق بىلەن لىق تولغان سەزگۈلەر مەۋجۇدىيەتكە ئايلىنىپ تەننى قايتىدىن كونترول قىلماقتا. ئاھ! جان دېگەن ئەسلىدە ئاغرىقنىڭ ئۆزىلا ئىكەن-دە، ئاغرىق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە — جان پۈتۈن بەدەننى ئىگىلەپ بولغاندا ئادەمنى كۆندۈرۈۋېلىپ، ئادەتتىكى نەرسە ھېسابلىنىپ، دىققەت قىلىنمىغاندا، تەندە چوقۇم بار بولۇشى كېرەك، دەپ تامامەن ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشىپ تەننىڭ بىر قىسمى بولۇۋاتقاندا، كىشى ئۇنى ھېس قىلىپ يەتمەيدىكەن. تەننىڭ قايسىدۇر بىر قىسمى جاندىن قۇتۇلماقچى بولۇپ بۇزۇلسا، سېسىسا، ئۆلسە تەننىڭ باشقا جايلىرى بىلەن سېلىشتۇرما بولۇپ

ئاغرىقنى ھېس قىلدۇرىدىكەن . ئاھ ... ئاھ ... ئاھ ... ۋايجان ! ۋايجان !

— ۋايجان ! ۋايجان دېگەن سۆز ئېغىزدىن ئاسانلىقچە چىقمايدۇ جۇمۇ ، — بۇ لەۋلىرىنى يىمىرىپ ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە ھاراق رۇمكىسىنى سۇنۇۋاتقان بۇرۇتلۇق ئادەمنىڭ سۆزى .

— خوشياقاقاندا دەيدىغان گەپ بۇ ( ساپسېرىق كىچىك يۈزلەرچىلىك تۈگۈلگەن بىر تال مۇشتقا ئوخشايدۇ ، بىراق كۈلۈشمۇ بار )

ئاغرىق ھەدەپ كۈچەيمەكتە . ئاغرىقنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ دۇنياغا نۇر تارقىماقتا . بۇ نۇر بەكمۇ غۇۋا ، يۇلتۇزلار ئاستا ـ ئاستا روشەنلەشمەكتە . پۈتۈن دۇنيا ئاسمانغا ئايلىنىپ كەتكەن . تەنىنىڭ ئاغرىق ھەدەپ ئېگىلەپ كونترول قىلىۋاتقان يېرىدىن بىر ئېگىراش سۇس لەيلەپ چىقماقتا . يۇلتۇزلار ئىنتايىن خىرە ۋە سوغۇق كۆكۈش نۇرىنى چېچىپ تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ نۇرى ئەتراپتىكى قاپقاراڭغۇ قويۇق زۇلمەتتىنمۇ نەچچە ھەسسە نۇرسىزدەك تۇيۇلماقتا . شۇ تاپ ئۇنى بەلكىم ئەڭ زۇلمەتلىك نۇرسىزلىق دېيىشكە بولار . ئاسمانغا ناھايىتى خىرە ، كۆكۈش خۇنۇك نۇر قويۇق ئىسقا ئوخشاش يېيىلماقتا . خۇددى تەنگە سىڭىپ كىرىۋاتقاندەك ئاشۇ خۇنۇك نۇرنىڭ بىر قىسمىدەك ئاشۇ خۇنۇك سوغۇق نۇرنىڭ ھاۋاغا يېيىلىشىغا ماسلىشىپ كەتكەن . بۇ ئۆلۈممىدۇ ، تىرىلىشمىدۇ ؟

قاتتىق جان تالىشىش پەيدا قىلغان خىيالىي سېزىم ئاخىرى يوقىلىپ تاھىر خۇددى ۋۇجۇدى توزۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى . ئۇنىڭ جەسىدى قاراڭغۇ كارىدورغا تاشلىنىپ ياتاتتى . ئۇ ھەممە نەرسە ئاخىرلاشتى دەپ ئۆزىنى تاشلاپ ياتاتتى . ئۇ بىچارە تەن ئەمدى پۈتۈن ئەسەبىيلىكتىن مەھرۇم بولغانىدى .

ئاشۇ چاغدا پەرىدە ئۇچقاندەك تېزلىك بىلەن يۈگۈرگىنىچە شەھەرنىڭ يېرىم كېچىدىكى ئادەمسىز كوچىلىرىدىن يالاڭ ئاياغ ھالدا مېڭىپ ئۆتۈپ تاھىرنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ ياتاقنى كېچىچە ئاقتۇرۇپ چىقتى . بىراق ، ھېلىقى قورقۇنچلۇق رەسىملەرنى زادىلا ئىزدەپ تاپالمىدى . ئۇ ئاخىر تاھىرنىڭ بىر خاتىرە دەپتىرىنى تاپتى .

خاتىرە دەپتەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا تاھىر مۇنداق يېزىپ

قويغانىدى :

« مەن ئۇنىڭ ئوبرازى ئېچىگە چۆكۈپ غايىب بولۇپ كەتتىم . مەن ئۇنىڭ قىپيالىڭاچ تېنىنى كۆرگەنىدىم . ئۇ باشقىلارنىڭ ئاستىدا ياتاتتى . ئۇنىڭدىكى دەھشەتلىك گۈزەللىك دەستىدىن خۇدۇمنى يوقاتقانىدىم . ئۇ ئاشۇ چاغدا قاتتىق هاياجانلانماقتىدى ، مەنمۇ قاتتىق هاياجانلانماقتىدىم . ئورمانلىقمۇ قاتتىق هاياجاندا ئىدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاشۇ ئېزىتقۇ هاياجان — ئالۋاستىلارنىڭ پادىشاهى ئىبلىسقا تەۋە بولغان ئاشۇ هاياجان مېنى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ۋە ئورمانلىق بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى . ئەگەر قولۇمدا رەسىم ئاپپاراتى بولغان بولسا ئۇنى رەسىمگە تارتىۋېلىپ دائىم كۆرۈپ هاياجانلىنىپ تۇرغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ هە ! ئاھ ، ئىسىت ، هەر ئىككىلا قېتىمدا بۇ مېنىڭ يادىمغا يەتمىگەنىدى ، بىراق مەن پەرىدەنى مەندە شۇنداق بىر رەسىم بار دەپ تەهدىت سېلىشىم لازىم . ۋاي ئاناڭنى جالاپ ! بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇسۇلۇم . بۇ ئۇسۇل مېنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن بىر گەۋدە بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ . مەن ئۇنىڭ ئېزىتقۇ جىسمى تەرىپىدىن يۇتۇلۇپ كېتىمەن . ئۇ مېنى يۇتۇپ كېتىدۇ ... »

تاهىرنىڭ خاتىرىسى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشقانىدى . پەرىدە ئۆزىنى شۇنچىۋالا ئالاقزادە قىلىۋەتكەن رەسىملەرنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن يۈرىكىدە چەكسىز بىر بوران ۋە هۇۋۇلداش هېس قىلدى . ئۇ يۈزلىرىنى كاچاتلاپ ، چاچلىرىنى بىر هازا يۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ئەسەبىيلەرچە كۈلۈشكە باشلىدى .

رەشىدە تاهىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاستا يېپىپ قويۇپ ، قاتتىق هاياجان دەستىدىن چىڭقىلىپ كەتكەن مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئاستا مېڭىپ سىرتقا چىقتى .

پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا ئۆزگىرىپلا كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . دەرەخلەر ، يوللار ، بىنالار ، يەنىلا شۇ دەرەخلەر ، يەنە شۇ يوللار ، يەنە شۇ

21500008153

بىنالار ... ئىبراھ ئۇنىڭغا نىمىشقا ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇ-
يۇلىدۇ . بۇنى بىلىپ بولمايتتى .

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قوياشقا قارىدى . قۇياش خۇددى سەكراتتا ياتقان ئادەمنىڭ چىرايىدەك تاتىراڭغۇ ئىدى .

— ئاھ ، سۆيۈش قىيىن بولغان قۇياش ! مەن ئەمدى سېنى سۆيەلمەيمەن ، مېنى كەچۈرگىن ، ئەمدى سېنىڭ ئاشۇ ئىزىتقۇ نۇرلىرىڭ مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلالمايدۇ ، ئۇ مېنى داۋاملىق ياشاشقا مەجبۇر قىلال-مايدۇ . مەن ئەمدى سېنى سۆيەمەسلىكنى ، ساڭا مەپتۇن بولماسلىقنى ئۆگىنىۋالدىم .

رەشىدە ئۆزىنىڭ شۇنداق دەپ پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ تاھىرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئۆگىنىۋالغان-دەك قىلاتتى . چوقۇم ئۆلۈۋېلىشىم كېرەك دەپ ئويلىدى ئۇ .

1987 ـ يىل 5 ـ سىنتەبىردىن 1989 ـ يىل ئىيۇلغىچە
بېيجىڭدا باش قىسمى يېزىلدى . ئاخىرى 1994 ـ يىلدىن
1996 ـ يىل 7 ـ ئاپرىلغىچە ئۈرۈمچىدە يېزىلدى .

**图书在版编目(CIP)数据**
毁灭的爱:维吾尔文/法尔哈德·土尔逊 著。— 乌鲁木齐:
新疆人民出版社,1999.6
ISBN7—228—05258—7
Ⅰ.毁… Ⅱ,法… Ⅲ.长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语
(中国少数民族语言)Ⅳ.I247.5
中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第25719号

**毁灭的爱** (维吾尔文)

法尔哈德·土尔逊 著

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 16.25印张 2插页
1999年6月第1版 1999年6月第1次印刷
印数:1——5,000

---

ISBN7—228—05258—7/I·1947 定价:18.50元